

زوردۇن سابىر

# ئاۋرال شاماللىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخەت ھاشىم


ئاۋرال شامالىرى
زوردۇن سابىر
(رومان)
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 18.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1980 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 4 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 11,000 — 7,001
ISBN7 — 228 — 04600 — 5 / I・1714
باھاسى: 20.00 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ روماندا 1962 ـ 1963 ـ يىللاردىكى تارىخىي ۋەقەلەر يېزىلغان.
«قاۋانلىق» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى قومۇشلۇق ئېلى رايونىدىكى مەلۇم يېزىنىڭ يەرلىرىنى كاردىن چىقىرىدۇ. زەي كاساپىتىدىن شۇ يېزا مەلۇم كىچىك ئەترىتى يەردىن ئايرىلىدۇ، ئۆيلىرى ۋەيران بولىدۇ، ئاشلىق ۋە كىرىمسىز قالىدۇ. «قاۋانلىق» نىڭ ھۆجۈمىنى چەكلەپ، يەرلەرنى، كىچىك ئەترەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ياكى يەرلەرنى تاشلاپ بېرىش، ئەترەتلەرنى تارقىتىۋېتىش ـ ناھىيە، يېزا، چوڭ ئەترەت رەھبەرلىكى ئالدىدىكى جىددىي بىر مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. روماندا مانا مۇشۇ جىددىي مەسىلە مەركەز قىلىنىپ، توغرا لۇشيەن ۋەكىللىرى بىلەن ئىنتايىن «سول» لۇشيەن ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا جىددىي كۆرەش قانات يايدۇرۇلىدۇ. جاپالىق كۆرەش قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادنى گۈللەندۇرۇش يولى بىلەن خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ «قاۋانلىق» نى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىغان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە دېھقانلارنىڭ يارقىن ئوبرازى بىلەن ئىنتايىن. «سول» سىياسەت ئىجرا قىلىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ھەرخىل تۈرىچىلەر، سۈيىقەستچىلەر، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ پايدا تاپقۇچىلار، ئۆزۈمچىل ـ شەخسىيەتچىلەر، ئىنقىلاب تونىغا ئورىلىۋالغان ئىككى يۈزلىمىلەرنىڭ ئوبرازى سىلىشتۇرۇلىدۇ. شەخسلەرنىڭ

ئىچكى دۇنياسى زىددىيەت، كۈرەشلەر داۋامىدا ئېچىلىدۇ. ئاخىرىدا توغرا لۇشيەنىنىڭ غەلىبىسى، كۈرەشنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

ئوبرازلارنىڭ جانلىقلىقى، قىزىقارلىقلىقى ۋە كۆپ خىللىقى، سېلىشتۇرمىلارنىڭ روشەنلىكى — بۇ رومانىنىڭ ئالاھىدىلىكى. روماندا ئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەت ۋە ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى خېلى ئوچۇق سۈرەتلەنگەن. تىلى راۋان - جانلىق ۋە ئاممىباپ. شۇ يىللاردىكى يېزا ھاياتى بىلەن تونۇشۇشتا ئەھمىيىتى زور.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب........................................ 30
ئۈچىنچى باب ........................................ 51
تۆتىنچى باب ........................................ 71
بەشىنچى باب ........................................ 90
ئالتىنچى باب........................................ 112
يەتتىنچى باب........................................ 126
سەككىزىنچى باب ........................................ 147
توققۇزىنچى باب........................................ 179
ئونىنچى باب ........................................ 196
ئون بىرىنچى باب ........................................ 215
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 236
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 261
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 274
ئون بەشىنچى باب ........................................ 290
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 308
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 324
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 343
ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 359
يىگىرمىنچى باب ........................................ 376
يىگىرمە بىرىنچى باب ........................................ 399
يىگىرمە ئىككىنچى باب........................................ 421

يىگىرمە ئۈچىنچى باب ..................................... 447
يىگىرمە تۆتىنچى باب ..................................... 464
يىگىرمە بەشىنچى باب ..................................... 485
يىگىرمە ئالتىنچى باب ..................................... 505
يىگىرمە يەتتىنچى باب ..................................... 527
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ..................................... 542
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ..................................... 564

## بىرىنچى باب

1962 ـ يىل...

تۈنجى قاردىن كېيىنكى هاۋا شۇنچە سۈزۈك، شۇنچە ساپ. بۇ يەردە بولسا كۈنچىقىش تەرەپتىن ئاۋرال شامىلى ئۇرۇپ تۇرغاچقا هاۋا سوغۇق، كەچمەك كۆلچەكلەردىكى سۇلار نېپىز مۇز تۇتقان. قاش دەرياسىنىڭ خوپلا تارتىلىپ كەتكەن سۈزۈك، شوخ سۈيىمۇ قىرغاقلىرىدا چاۋاتتەك نېپىز قېيىندىلارنى توڭلىتىپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن جەنۇبقا قاراپ ئاقماقتا. دەريا بويىدىكى توقايلىقلار يالىڭاچلانغان، توشقان ـ جەرەنلەر تاللارنىڭ يۇمران شاخلىرىغا بويۇنلىرىنى سوزماقتا...

يۇمشاق قار بىلەن كۆمۈلگەن داللار كۆزنى چېقىپ جىمجىت ياتىدۇ. بۇ يەرلەردە يازدىن بېرى داۋام قىلغان دېھقانلارنىڭ تىنىمسىز هەرىكىتى ئەمدى توختىغان. قىرلاردىكى ئۆششۈكتىن قارايغان ئوتلارغا ئېگىشىۋالغان ئات ـ كاللار ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىدۇ.

قاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئاۋرال تېغى بۇ كەڭ ئىلى ۋادىسىغا قويۇلغان چارچىماس قاراۋۇلدەك چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبقا ۋە شىمالغا سوزۇلغان ئېتەكلىرى بەئەينى پۈتۈن ئىلى ۋادىسىغا يېيىلغان بىر جۈپ قانات، بۇ قامەتلىك تاغ شۇ قاناتلىرى بىلەن هازىرلا ئۇچىدىغاندەك هەيۋەت كۆرۈنىدۇ.

كۈن غەربكە قىيسايغان. تىيانشاننىڭ سار تاغ تىزمىلىرى ۋە ئۇنىڭ تاغىل كاللىنىڭ دۆمبىسىدەك يول ـ يول قارىغايلىق قاپتاللىرى، ئاپئاق بۇلۇتلارنى بېشىغا قوندۇرۇۋالغان كۆمۈش باشلىق چوققىلىرى كەچكى شەپەق بىلەن نۇرلانغان بۇ نۇرلاردىن هاسىل بولغان شولىلار گويا شەرقتىكى ئاۋرالدىن ۋە جەنۇبتىكى

سار تاغ تىزمىلىرىدىن ئېلى ۋادىسىغا كۆمۈش ئېقىن بولۇپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئاشۇ ئالتۇن شولىلارغا چۆمۈلگەن جىمجىت تۇزلەڭلىكتە ئىككى ئاتلىق ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار ئاتلىرىغا سىڭايان ئولتۇرۇۋشۇۋېلىپ ئېمىنىدۇر تالىشاتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى سېمىز جەرەن بايتال مىنگەن، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ئىنچىكە بۇرۇتلىرى سىلىق ۋە چىرايلىق يۈزىگە ياراشقان چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم، يەنە بىرسى بولسا چېچەن چىلان تورۇق ئاتقا مىنگەن، قارا كۆتمەك بۇرۇت، كەڭ يۈزلۈك، ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى قازاق يىگىت — ئەبىلغازى.

بۇ ئىككى ئادەم بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، بىر - بىرىنى تازا ياخشى بىلىشىدىغانلار. چىرايى ۋە مىجەزىدىكى پەرقنى — ئاسىمنىڭ ئالتە - يەتتە ياش چوڭلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ ئىككى ئادەمنىڭ سەرگۈزەشتىسى، ھاياتىدا بېسىپ ئۆتكەن يولى ئوخشاپ كېتىدۇ — ئىككىلىسى كونا جەمئىيەتتە مالاي بولغان، مالايلىقتىن گومىنداڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان، 1945 - يىلى قىشتىن باشلاپ قولىغا قورال ئېلىپ گومىنداڭغا قارشى جەڭ قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن بولسا، يېزىنىڭ تۇنجى ئاكتىپلىرى ھېسابلىنىپ پارتىيىگە بىللە كىرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئۆز يېزىسىنىڭ بارماق بىلەن سانىلىدىغان يولباشچىلىرىدىن بولۇپ كەلمەكتە.

— شۇنداق دېگىن، — دېدى ئەبىلغازى سول يېنىغا سىڭايان بولۇۋېلىپ، — چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغىنىڭ ئۈچۈن كېلەر يىلنىڭ غېمىنى يەۋاتىسەن، لېكىن....

— سەن «لېكىن»نى قوي! — دېدى ئاسىم سەل ئاچچىقلاپ، — كېلەر يىلى نەگە تېرىقچىلىق قىلىسىلەر، ئاشلىق تېرىمىغان دېھقاننىڭ شورى قۇرۇسۇن! 96 تۇتۇنلۇق كىچىك ئەترەتكە نېمە لازىم؟ ئاشلىق، ماي، كۆمۈر، كىيىم - كېچەك... بۇنى

بىرنېمە قىلىشقا پۇل كېرەك. قىش كەلدى. بۇنىڭ يولىنى نېمە قىلىمساڭ، ھەي.....

— زادى سەن، كىچىك ئەترەتنى «قاۋانلىق»قا تاشلاپ بېرىپ كۆچۈڭلار دېمەكچىمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق، سەن تولا نېمە قىلما!

ئۇلارنىڭ گەپ تالىشىشى ئۈزۈلۈپ قالدى، چۈنكى ئالدىدىنلا بىر كىيىك چىقىپ، ئاۋۋال تەرەپكە قاراپ قاچقانىدى. ئىككى ئاتلىق بىر بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، كىيىككە قارىتىپ تەڭلا ئاتلىرىنى دېۋىتتى. ئاتلار كىيىكنىڭ كەينىدىن ئوقتەك ئۇچتى.

كىيىك ئېرىقلاردىن سەكرەپ ئۆتۈپ، بىردىنلا ئايلىنىپ جەنۇب تەرەپتىكى قويۇق قومۇشلۇققا قاچتى. ئىككى ئاتلىق تەڭ دېگۈدەك كېلىۋاتاتتى، ئۇلار چوڭ قارا سۇغا دۇچ كەلدى. ئاسىم جەرەن بايتالنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئەبلغازى بولسا ئايغاشقىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئايغاشقا بەش - ئالتە مېتىر كەڭلىكتىكى ئۆستەڭدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاسىم كېچىك بىلەن ئۆتكىچە ئەبلغازى چىغىر يوللار بىلەن «قاۋانلىق» دەپ ئاتىلىدىغان قومۇشلۇققا كىرىپ كەتتى. ئاسىم ئەلەم بىلەن غودۇڭشىدى: «ياخشى ئات ئەر قانىتى دېگەن شۇ - دە!»

ئاسىم «قاۋانلىق»قا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بوغۇزلانغان كىيىكنىڭ يېنىدا كۈلۈشۈۋاتقان ئادەملەرنى كۆردى. بۇلار ئەبلغازىدىن باشقا يەنە يېقىندا ھەربىيدىن كەلگەن ياش يىگىت ئەكبەر ۋە چوڭ ئەترەتنىڭ مىنبىڭ لىيەنجاڭى ئەخمەتجان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشى لايغا مىلەنگەن، لېكىن نېمىگىدۇر خۇشال ئىدى.

— قېنى چۈش ئاسىمكا، كاۋاپ يەيمىز! — دەپ تەكلىپ قىلدى ئەخمەتجان، — ئەكبەر تەسەللاسىغىلا ئېتىۋىدى، ئوق جان كېسىپ تېگىپتۇ ۋار!

ئەخمەتجان قاۋۇل بىلەكلىرىنى شىلتىپ سۆزلەيدىغان،

ئېگىز بوي، ئاق يۈزلۈك يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ قوندۇزدەك يالتىراپ تۇرىدىغان قاشلىرى گەپ قىلغاندا ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاغىنىسى — ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، كونا ھەربىي كىيىمى كىيىپ، بېلىنى تاسما بەلباغ بىلەن باغلىۋالغان، پۇتىغا ئۇزۇن قونجىلىق رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋالغان يىگىت ئىدى، ئۇ قانغا مىلەنگەن قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى. دە:

— تەلىيىڭلار بار ئىكەن، بايا سىلەرنى قوغلىتىپ ھارغۇزغان كىيىك مۇشۇ، — دېدى.

ئۇلار ئاتلارنى ئېگەر باشلىرىغا قاڭتۇرۇپ قويۇپ، ھۆل تالدىن زىق ياساپ، كاۋاپ قىلىشقا تەييارلىنىشتى. ئەبلغازى بېشىنى كۆتۈرمەي كىيىكنىڭ قارنىنى يېرىش بىلەن بەنت ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن قىزىرىق شاخلاردىن گۈلخان پەيدا بولدى، ئۇلار تۆتى كۈلكە. چاقچاقلار بىلەن تۇزسىز ۋە لازىبسىز كاۋاپنى زىقچىلاردىن سىيرىپ ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى.

— ھەۋەس دېگەن ھە، — دېدى ئەبلغازى، — مۇنۇ ئاسىم مۇردىنى تاشلاپ قويۇپ، جەرەن قوغلايدىغانلاردىن جومۇ! كىيىكنى كۆرۈپ، مېنىڭ بىلەن تالىشىۋاتقان گېپىنى ئۇنتۇدى. تۈنجى قار ياغقان كۈنى ئاسمىنى ھۆددىگە جاڭگالدىن تاپسەن، نېمىشقا دېمەڭ. . . ھا. ھا. ھا. . .

— ئۇنداق بولسا ئۆستەڭدىن ئات سەكرىتىپ، ئۆلە. تىرىلىشىگە باقماي ئات چاپقاننى نېمە دېسە بولىدۇ؟ — ئاسىم ئەبلغازىغا قاراپ قويۇپ كۆپچىلىكتىن سورىدى.

— بۇمۇ ھەۋەستىن، — دېدى ئەخمەتجان، — ئەبلغازىنىڭ ئاستىغا ئات چۈشتىمۇ، بولدى، تۈز يول تۇرسىمۇ ئېرىق. ئۆستەڭگە چاپىدۇ، بۇمۇ بىر خۇي.

— راست، — دېدى ئەبلغازى ئىقرار بولۇپ، — تۈز يولدا ماڭسام ئۇخلاپ قالىمەن، ھېچ بولمىسا بىرەر ئېرىقتىن ئات

سەكرەتمىسەم ئات مىنگەندەك بولمايمەن.

— ساڭا قالسا يول ياساتمايدىكەنسەن - دە! — دېدى ئەكبەر كۈلۈپ، — بۇ، خوي ئەمەس، ئەيىب ئىكەن...

— ھا - ھا - ھا...

ئۇلار تۆتى يەنە زوق بىلەن كۈلۈشتى.

— ھە، ئەمدى قورساق تويدى، يىگىتلەر، مۇنۇ كىيىمنىڭلاردىكى لايىنى ئەمدى چۈشەندۈرۈڭلار! — دېدى ئاسىم ئەكبەر بىلەن ئەخمەتجانغا قاراپ.

— قاۋانلىقنى ئارىلاپ چىقتۇق، — دېدى ئەخمەتجان، — مۇنۇ ئەكبەرنىڭمۇ جەك قىلمىسا تۇرالمايدىغان خويى بار ئىكەن، قاۋانلىق بىلەن بىر ئېلىشسام دەيدىغۇ!

— ھەربىيدە ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپسەن، ئەمدى بىرىنچى دەرىجىلىكنى كۆرسەتمەكچى دەپسەن - دە! — دېدى ئەبلغازى خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي كۈلۈپ.

— «قاۋانلىق» كېڭىيىۋېتىپتۇ. ھازىرغىچە تۆت - بەش مىڭ مو يەرنى ئۆزىگە قوشۇۋاپتۇ.

— تۆت - بەش مىڭ؟ — ئاسىم چۆچۈپ سورىدى، — بۇنچە ئەمەستۇ؟

— مەن ناھىيىدە لى شۇجى بىلەن مۇشۇ توغرىلىق سۆزلەشكەندە، ئۇ، تۆت - بەش مىڭ مو يەرنىڭ كاردىن چىققانلىقىنى، مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ماڭسا يەنە 10 يىلدا پۈتۈن يېزىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەخمەتجان ئىككىمىز ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى تەكشۈرسەك راستىنلا شۇنداق، ئەھۋال ئېغىر ئىكەن.

ئاسىم قامچا سىپى بىلەن يەرنى سىزىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئادەتلىرى بويىچىلا چوڭ ئەترەتنىڭ جىددىي ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار

بىر بىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەندەك قىزغىن، تەمكىن ۋە جىددىي سۆزلەشمەكتە ئىدى.

مانا، گۈلخان ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئاپئاق كۈلىنى كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ئۇچۇرۇپ كەتتى، ئېشىپ قالغان كىيىك گۆشى قېتىشتى، ئىگىلىرىنىڭ كېلىپ مىنىشىنى كۈتۈۋاتقان ئىككى ئات تالاي قېتىم يەر چاپچىپ، تالاي قېتىم پۇرقىدى، لېكىن تۆت ئادەمنىڭ گېپى تۈگىمەيتتى. . .

قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئاتلىقلار كەتكەندىن كېيىن ئەكبەر بىلەن ئەخمەتجان نېپىز قار باسقان ئېتىز ئارىسىدىكى چىغىر يوللار بىلەن مەھەللىگە قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار يەنىلا بايىقى «قاۋانلىق» توغرىسىدىكى گەپنى باشلىغانىدى.

ئەبلغازى كاڭدا سۇنايلىنىپ ئۇزاق ياتتى. ئۇ بۈگۈن ئەكبەر، ئەخمەتجانلار بىلەن قىلىشقان گەپلەرنى ئويلىدى. ئاسىم بىلەن ئۆز خىيالىدا تالىشىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ، گەپ - سۆز قىلماستىن چىشى ئاغرىغان ئادەمدەك بىر ئالىتىندا ئېڭەكلىرىنى تۇتۇپ ياتاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆچۈشكە باشلىغان تاماكىسىنى تارتىپ قوياتتى. كۆكۈش ئىس، شالاڭ، سارغايغان چىشلىرى ئارىسىدىن ۋە بۇرنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقاتتى. . .

ئۇ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ياپىلاق يۈزى جىددىيلەشتى، قويۇق قارا بۇرۇتلىرى لامپا يورۇقىدا بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى، ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىدى. . .

— ھە، نەگە؟ يەنە قامچىغا تۈكۈرۈپ. . .

ئۇ ئاش سوزۇۋاتقان ئايالىغا مانا شۇ چاغدىلا كۈلۈمسىرەپ قارىدى:

— بىلىپ تۇرۇپ سورايسىنا، كىچىك ئەترەت مۇنۇ ھالدا تۇرسا مەن يەنە باشقا نېمە ئىش قىلاتتىم! — دېدى - دە، قىسقا

جۇۋىسىنى كىيدى. مەزمۇت گەۋدىلىك، ئۇزۇن چاچ، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان ئايالى جەننەتقان ئەبلغازىنىڭ ئالدىنى توسۇپ مېھرىلىك كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— كاڭغا چىقىڭ، ئەكىلىڭ جۇۋىڭىزنىڭ يېڭىنى تارتىپ قوياي، تاماق يەۋېلىڭ، مۇشۇ چىقىپ كەتكىنىڭىزچە يېرىم كېچىسىز قايتمايسىز، مەن ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن، تاماق يېمىسىڭىز رەنجىيمەن، — دېدى.

ئەبلغازى ئايالىنىڭ گېپىنى قىيالمىدى.

جەننەتقان بىلەيزۈكلىرىنى قىپقىزىل، مايلىق جوزىدا تاراق - تۇرۇق قىلىپ ئاش سوزۇۋېتىپ، ئەترەت ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ يىل كۈزگىنىغۇ باشقا ئەترەتلەرنىڭ يەرلىرىگە چۆكۈرۈۋالدۇق، ھەر يىلى يەر سورايمىزمۇ. بىر يىل زەيكەش چاپساق يەرلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولارمۇ؟ بولسىغۇ بىزنىڭ دېگىنىمىز توغرا بولار، گۈڭ بىكارغا كېتىپ قۇتقۇزغىلى بولماي قالسا يەنە كىرىم، ئاشلىق بولمىسا، بولغان زىياننى سىلەرگە دۆڭگىسە، مانا ئەبلغازىنىڭ ئەقلى، بۇ يىل يەنە بىر دان يوق، يېزىچە تۆككەن تەرىمىز شامالغا كەتتى، دەپ سىزنى يامان ئاتلىق قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. . .

— سەن قارا، نەچچە مىڭ مو يەرنى زەي يەپ، قۇمۇش بېسىپ كەتتى، بۇ يىل بۇ يەرلەرنى تاشلىساق، كېلەر يىلى يەنە بىرنەچچە يۈز، ھەتتا مىڭ مولىغان يەرلەرنى تاشلايمەن، ھەر يىلى تاشلاۋەرسەك پۈتۈن چوڭ ئەترەت بىرنەچچە يىلدا تۈگىمەمدۇ؟ بۇ يولغا ماڭغىلى بولمايدۇ. بىز بىر نەچچىمىز مەسلىھەتلەشتۇق، يەرلەرنى قەتئىي قۇتقۇزۇپ قالىمىز، كەلگۈسىدە «قاۋانلىق»نى ئۈزۈل - كېسىل قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىمىز زىيان تارتساق، يامان ئاتلىق بولساق مەيلى دېيىشتۇق.

ئۆتكەندە مۇشۇ ئىشتا يېڭىلدۇق، زىيان تارتتۇق، مېنى ئەترەت باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلىدى، مەيلى، كۆپچىلىكنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھەرقانداق زىيان. مۇشكۇلات تارتىشقا تەييار بىز!...

ئەبلغازى ئۆيىدىن چىقىپ ئۇدۇل جەنۇبقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئالدىراپ ماڭاتتى، ئايىغى ئاستىدىكى نېپىز قار غىچىرلايتتى. ئاچچىق شامال يۈزلىرىگە قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇراتتى، جىمجىت باغلار، كوچا - قورولار — ئەبلغازى ھەر قېتىم ئىشقا ماڭغىنىدا خوشلىشىپ قالىدىغان قەدىناس ھەمراھلار بۈگۈنمۇ ئۇنىڭغا مەدەت تىلەپ: «تاشلىماڭلار، بىزنى تاشلىماڭلار» دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. كۆزدىن باشلاپ يەر توڭلىغىچە بولغان بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئاشۇ باغلار، قورولاردا! تالاي كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بەردى: چۈنەكلەردىنمۇ زەي چىقىپ كەتتى. گەمىلەر بەلگىچە سۇ بىلەن تولدى. تاملار زەيدىن ئۆرۈلدى. نۇرغۇن ئۆيلەرگە غوجا تام ياكى تېرەكلەر ياندالدى. ئۆيلەر زەيلىشىپ بەل ئاغرىقى بار قېرىلارنىڭ جېنىغا تەگدى.

— مەھەللىنىڭ يېنىغا شال تېرىغاندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ، مانا ئەمدى شالمۇ يوق، مەھەللىمۇ... — دېيىشتى بەزىلەر.

— ياق، زەينى ھەيدىۋېتىمىز، مەھەللىنى ساقلاپ قالىمىز! — دېيىشتى مەھەللىنىڭ ئاكتىپلىرى. ئۇلار زىيانغا ئۇچرىغان ئەزالارنىڭ ئۆيلىرىنى ياساشتى، قىشلىق كەم - كۈتىسىنى قامدىۋېلىشقا يار - يۆلەك بولۇشتى، ئەزالارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ھەقىقىي ياردەمدە بولىدىغانلار مانا مۇشۇ ئاكتىپلار ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشتى، لېكىن ئەترەتنى مۇشۇنىڭ بىلەن ساقلاپ قېلىشقا ئۇلارنىڭ تازا ئىشەنچىسى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈنلەردە ئاكتىپلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى يۈك ھەممىدىن ئېغىر ئىدى.

ئەبلغازى ئەنە شۇ ئاكتىپلارنىڭ بىرى. ھەر بىر كىچىك

ئەترەتتە شۇنداق ئادەملەر بار، ئۇلارنىڭ گېپىنى كۆپچىلىك ھېچقاچان يىرمايدۇ، سەۋەبى ئۇلار ئۇزۇن يىل مۇشۇ يېزىلاردا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كوللېكتىپ ئۈچۈن ئىشلىگەنلەر، ئۇلارنىڭ ھالال نىيىتى كۆپ قېتىم ئىسپاتلانغان، ئۇلار نېمىلا قىلمىسۇن مۇشۇ مەھەللىدىكى كۆپچىلىكنىڭ پايدىسىغا سۆزلەيدۇ، ئىشلەيدۇ. نەدە جاپالىق ئىش بولسا ئۇلار شۇ يەردە. ئۇلاردىن بىرەرسى ئېتىزدىن قايتىشقا توغرا كەلسە، يولدا كەلگىچە ئېتىز سۇلىرىنى قىنىغا سالىدۇ، ئېتىز تەرەپكە ماڭغان بىرەر مالنى ھەيدىگەچ، بىرەر يېرىم باش قوناق ياكى ئوت-چۆپنى قولتۇقىغا قىسقاچ ماڭىدۇ-دە، ئۇنى ئەترەتنىڭ ئىسكىلاتىغا تاپشۇرىدۇ. مىسالى يەنە ئەترەتنىڭ ھارۋىسى پاتقاققا پېتىپ قالسا ئۆزى ئوقنىڭ تېگىگە كىرىپ، ئوڭدا يېتىپ چاققا پىشاڭ بولىدۇكى، ئاتنى بىھۇدە دۇمبالىمايدۇ... ئۇلار ئاددىي ئادەملەر، قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئۇششاق ئىشلار، لېكىن ئۇلار ئەنە شۇ ئىشلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، ھەرقاچان يېزىلاردىكى مۇھىم ئىشلاردا خەلق شۇلارغا قاراپ قەدەم تاشلايدۇ.

ئەبلغازى ئەنە شۇ ئاكتىپلارنىڭ بىرى بولغاچقا، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلىشى لازىم. ئۇ، ئۆز جۆرىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەترەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئامال تېپىشقا كېتىپ بارىدۇ...

ئەبلغازى ئۇدۇل كىچىك ئەترەت ئىشخانىسىغا كەلدى.

بايلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان يوغان دەرۋازىلىق، دېرىزىلىرى قاپقاقلىق، خىش بىلەن كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينىڭ سارىيى كىچىك ئەترەت ئىشخانىسى ئىدى، ئىشخانىنىڭ كوچىغا قارىغان دېرىزىلىرىدىن پانار يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. ئەبلغازى كىرىپ كەلگەندە قېرى ئات باققۇچى، چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى روزاخۇن بوۋاي ئۇزۇن

ياستۇق مەشكە قۇرۇق يېرىنىدىلارنى سىلىۋاتاتتى. بوۋاينىڭ قاپقارا ساقاللىق قىزىل يۈزىدە بىرخىل جىددىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ئەبلغازىغا قاراپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ كىچىك ئەترەتتە مۇشۇ ئىككىلا پارتىيە ئەزاسى بار ئىدى، ئۇلار بىر بىرسىنى ياخشى چۈشىنىشەتتى.

— باشقىلار تېخى كەلمەپتۇ - دە، — دېدى ئەبلغازى، — زۇبىرشاغا ئېيتقانمىدىڭ؟

— ئېيتتىم، ئۇ ۋاقتىدا بولسىلا بارىمەن دېدى.

— نېمىگە شۇنچە ئالدىراش ئىكەن؟...

— ھازىر سۆزلىشىمىز، — دېدى روزاخۇن بوۋاي بىر يېرىنىدىنى تېزى بىلەن دىسلاپ تۇرۇپ، — ئاسىم يەنە يېڭى يولىيورۇق ئەكەپتۇ، ئۇنىڭدا: سەككىزىنچى ئەترەتنى قەتئىي كۆچۈرۈش كېرەك، ۋاقتىنچە ئەزالار خوسۇسىي ئوقەت قىلىپ تۇرمۇشىنى قامدىسۇن، دەپتۇ.

— ھەر كىم بىلگەن سەنەمگە دەسسىگىلى تۇرسا، كوللېكتىپنىڭ كۆچىنى كۆرسەتمىسە بۇ قانداق بولغىنى؟ ئەزالار باش قېتىمچىلىقتا قالغاندا! ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىماي ئۆز جېنىڭنى ئۆزۈڭ ئال دېسە، كەمبەغەل بولساڭ ئوغرىلىق قىل دەپتۇ - دە! شەخسىي قىلغان ئوقەتنى كوللېكتىپ نېمىشقا قىلالمايدىكەن!

— ۋاقتىلىق شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بوپتىمىش!

— ياق، روزاخۇنكا بۇنداق قىلىشقا بولماس، يەرلەرنى زەي بېسىپ كەتتى دەپ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتسەك، ۋاقتىلىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىمىز دەپ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى چۇرۇۋەتسەك بىزدەك پارتىيە ئەزالىرى كىمگە كېرەك! روزاخۇنكا، ھازىردىن باشلاپ ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ، ئەزالار بىلەن پاراڭلىشايلى، قېنى قانچىلىك ئادەم ئۇلارنىڭ دېگىنىگە ماقۇل دەركىن!

— كېلىدىغانلار كەلسۇن، بىر قارارغا كېلىپ ئەلۋەتتە مۇشۇ كېچىدىن قالماي ھەرىكەتكە ئۆتەيلى!

ئۇلار كۆتكەن ئاكتىپلار بىر بىردىن كىرىپ كېلىشتى. بىرىنچى بولۇپ، پاكار بويلۇق، مەزمۇت گەۋدىلىك ئىمىر كىرىپ كەلدى. ئۇ مىجەزى چۇس، تېز ھاياجانلىنىدىغان، سېرىق كۆتمەك بۇرۇتلىرى چوڭ قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرمىسا، گۆشلۈك يۈزىدىن تېخى بالىلىق ئالامەتلىرى كەتمىگەن، يېشى 30 دىن ھالقىغان ساددا يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن كىرگەن ئايال ئەترەت باشلىقى — ۋىجىك، ئەمما تېتىك، قاش - كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، يېشى 40 قا يېقىنلىشىپ قالغان تۇل ئايال دىلەيساخان ئىدى. بۇ ئايال ئىشچانلىقى، ئۇچۇق پىكىرلىكلىكى ۋە بەدەن قورۇلۇشىنىڭ تەتۇرسىچە غەيرەتلىك ۋە قەيسەرلىكى بىلەن پۈتۈن يېزىدا داڭلىق. «دىلەيساخان 22 ياغاچلىق تامدىن بىر كۈندە ئىككى يېرىمنى سوقۇپتۇ، دىلەيساخان 80 مېتىر قىر سوقۇپتۇ، دىلەيساخان چالغا تۇتۇپ توققۇز مودىن سۈلۈ چېپىپتۇ، دىلەيساخان سوقا تۇتۇپتۇ، سۇ تۇتۇپتۇ، خامان تېپىپتۇ...» دېگەن گەپلەر كەڭ تارالغان. ئىش قىلىپ قەدىمدىن تارتىپ ئاياللار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى دىلەيساخان تۇنجى قېتىم قىلىپ كۆرگەن، قىلغاندىمۇ كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرغان، يەنە بۇ ئايالنىڭ كۆڭۈل ئاياپ ئولتۇرمايدىغانلىقىمۇ مەھەللىدىكىلەرگە ئايان.

مانا، يېزا ئوقۇتقۇچىسى پاتىمە كىرىپ كەلدى. ئاق سېرىق، چاچلىرى دولقۇنلىنىپ تۇرغان، شىرىق چاپان كىيىپ، يىپ ياغلىق چېگىۋالغان، دېھقان قىزلىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ قىز ئاۋۇ روزاخۇنكامنىڭ بېقىۋالغان قىزى. ئۇ بۇ يىل 26 دە، تېخى ياتلىقمۇ بولمىدى. خۇشخۇي، تىنىم تاپماس بۇ يېزا ئاكتىپى ھازىرغىچە بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ قايسى بىرىدە كۆپنىڭ ئالدىدا ماڭمىغان دەيسلەر؟

ۋوخەندىن چېگرا رايونغا ياردەمگە كېلىپ مۇشۇ كىچىك ئەترەتتە ئىككى يىلدىن بېرى ئەزا بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئېگىز، ئورۇق، كۆز ئەينەكلىك يىگىت شياۋلى بىلەن پاكار، چاچلىرى كۆزىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان كەم سۆز يىگىت شياۋدۇڭمۇ كىرىپ كەلدى. يەنە بىرنەچچە قېرىلار ۋە ياشلار كىرىشتى... ئۇلار ئورۇندۇقتىن، تام تۈۋلىرىدىن، كۆتەكلەردىن ئورۇن ئېلىشتى. بۇ كىشىلەر نە كىچىك ئەترەتنىڭ، نە چوڭ ئەترەتنىڭ كادىرلىرى ئەمەس، يېزىنىڭ دېھقانلىرى. ئۇلار ئۆز كىچىك ئەترىتىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن، ئەترەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزلىكىدىن ئوتتۇرىغا چىققانلار.

روزاخۇن بوۋاي ھەربىر سەبدىشىغا بىردىن قاراپ چىقتى. چىددىي چىرايلارغا قاراپ بۇ ئادەملەرنىڭ ئويلىرىنى، ئارزۇلىرىنى چۈشەندى. ئۇ ئىنچىكە، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى:

— قىيىنچىلىق ئېغىر. بۇ يىل ئاشلىقتىن ھوسۇل ئالالمىدۇق. يەرلىرىمىزدىن سۇ چىقىپ كەتتى. زەي بىزگە چىددىي ھۇجۇم قىلماقتا. يەرلەر قولدىن كەتتى، ئەمدى بۇ زەي ئۆي - جاي، باغلارغا يېيىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزالارغا يېيىش ئۈچۈنمۇ ئاشلىق يوق، تەقسىم قىلىپ بېرىشكە پۇلمۇ يوق. باش قېتىمچىلىق ئېغىر بولىۋاتىدۇ. راست گەپنى ئېيتساق زەي جېنىمىزدىن باشقىسىنى ئېلىپ بولدى. باشقا ئەترەتلەرنىڭ يېرىگە ئاز تولا بۇغداي چۈكۈرۈۋالدۇق، لېكىن بۇنىڭ بىلەن كىچىك ئەترەتنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئەمدى بىزگە ئىككىلا يول بار. بىرسى، چوڭ ئەترەتنىڭ بەزى رەھبەرلىرىنىڭ پىكرى بويىچە ھەربىر ئەترەتتىن ئاجرىتىپ بەرگەن يەرلەرنى ئېلىپ، ئەتىيازدىن باشلاپ ئۈستەڭنىڭ يۇقىرىسىغا كۆچۈش، مۇنۇ مەھەللىنىمۇ «قاۋانلىق» قا تاشلاپ بېرىش، بۇ ئاسان يول، دەرھال جان باققىلى بولىدىغان يول، لېكىن بۇ يولنىڭ تېگى

قارائىغۇ! يەنە بىر يول «قاۋانلىق» قا ھۇجۇم قىلىش. بىرنەچچە يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ زەيكەش چېپىش. يەرلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىش يولى، بۇ يول جاپالىق يول، ھەربىر قەدەمگە ناھايىتى جىق كۈچ كېتىدىغان يول، لېكىن بىزگە نان بېرىدىغان يول. گەپنىڭ بولار يېرى شۇ. كىچىك ئەترەتنى بىز قۇرغان. ئۇنىڭ جېنى بىزنىڭ قولىمىزدا. پۈتۈن ئەزالارنىڭ قولىقى بىزدە، بىز نەگە باشلىساق ئەزالار شۇ ياققا ماڭىدۇ. قېنى، قايسى يولنى تاللايمىز؟ مانا بۈگۈن مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلىمىز.

— چوڭ ئەترەت بىلەن يېزىنىڭ پىكرى قانداقكىن؟ — بومبا ساقاللىق بىر ئادەم سورىدى.

— لى شۇجى دوختۇرخانىدا ئىكەن، — دېدى روزاخۇن بوۋاي، — ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بار — ئۆتكەندە لى شۇجى يەتتە كۈن ياتاق كېچىپ قاۋانلىقنى ئارىلاپ چىققان. دوختۇرخانىغا كىتىش ئالدىدا: بىردىنبىر يول «قاۋانلىق»نى ئۆزگەرتىش، قانچىلىق چىقىم كەتسىمۇ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، بۇ سارلىقنى ئۆزۈل - كېسىل قۇرۇتۇش، شۇنداق قىلمىساق «قاۋانلىق» بىزنىڭ بىرنەچچە چوڭ ئەترىتىمىزنى كاردىن چىقىرىدۇ دەپتىكەن...

— ھازىرقىلارنىڭ پىكرىچۇ؟ — بايىقى ئادەم يەنە سورىدى.

— چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىمنىڭ دېيىشىچە، ئەتىيازدا توڭ كېتىش بىلەن باشقا ئەترەتلەرگە كۆچىدىكەنمىز. سەككىزىنچى ئەترەت تارقىلىدىكەن.

— بايا قايسى يولنى تاللايمىز دېدىڭىزغۇ، — دەپ سۆز باشلىدى ئىمىر قاپىقىنى تۈرۈپ، — مەن ئاشۇ كېيىنكى جاپالىق يولغا تەييار. ئۆيلىرىم ئۆرۈلۈپ چۈشسە گەمە كولايمەن، سۇدا ياتسامۇ، لايغا مىلەنسەممۇ، ئاخىرقى كۈچ - قۇۋۋىتىمنى سەرپ قىلىپمۇ «قاۋانلىق» بىلەن ئېلىشىمەن. ھېچ يەرگە كۆچمەيمەن! — ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا

باشلىدى.

— گەپ سىنىڭ بىلەن مېنىڭ جېنىمىزنى پىدا قىلىش - قىلماسلىقىمىزدا بولسا، بۇنىڭ كارى چاغلىق، — دېدى ئەبلغازى بۇرۇتىنىڭ بىر ئۇچىنى چىشلەپ تۇرۇپ، — گەپ مۇنۇ 96 تۇتۇننىڭ پىكرىنى بىر تۇگۇچكە كەلتۇرۇشتە. كۆرۈۋاتىسەن: ھېلىتىن كۆچۈۋاتقانلارمۇ، ياغاچ - تېشىنى كېسىۋاتقانلارمۇ، باشقا مەھەللىلەردىن ئۆي - جاي ئوقۇشۇۋاتقانلارمۇ بار، ئەزالاردىن ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوق، نېمىشقا دېسەڭ كوللېكتىپتىن ئۈمىدى بولمىغاندىن كېيىن جان ساقلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ - دە! بىز بىر ياخشىراق ئامال تېپىپ بېرەلىسەك ھېچكىم كىندىك قېنى تۆكۈلگەن.ماكانلىرىنى تاشلاپ كەتمەيدۇ. نان بېرىدىغان ئامال كېرەك. ئەلۋەتتە يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقنى قوترىتىۋاتقانلارمۇ، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىپ كۈلۈۋاتقانلارمۇ بار. بىز ئۆزىمىز ئۇستىدىلا ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ نىيىتىنى بىر تۇگۇچكە كەلتۇرۇش ئۇستىدە سۆزلەيلى. «قاۋانلىق»قا بىز ئالتە - يەتتە ئادەم ئەمەس، مىڭلىغان ئادەملەر بىلەن ھۇجۇم قىلغاندا ئىش پۈتىدۇ، مېنىڭچە بىرىنچى مەسىلە ئەزالار ئىچىدە خىزمەت ئىشلەش.

— دۇرۇس، دۇرۇس، — دېدى روزاخۇن بوۋاي، — ئەزالارنىڭ قۇلىقى بىزدە، كۆزى بىزدە. كىچىك بالا ئانىسىدىن پاناھ تىلىگەندەك ئەزالار بىزدىن پاناھ تىلىمەكتە. ئەزالارغا ئۆي، نان، چاي - تۇز، كىيىم - كېچەك، خىراجەت قىلغىلى پۇل كېرەك. بىز بىر ئامال قىلىپ مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتىمۇ ئەزالارنىڭ تۇرمۇشىنى بۇلتۇرقىدىن ناچارلاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداق قىلمىساق ئەزالار كوللېكتىپنىڭ نېمىسىنى ئارزۇلايدۇ؟ كوللېكتىپنىڭ پايدىسىنى مۇشۇنداق چاغدا كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

— ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، — دېلەيساخاننىڭ ئىنچىكە ئاۋازى جاراڭلىدى، ئۇنىڭ قايرىما ياقىلىق، چاڭلى تاشلىق پاختىلىق چاپان ئىچىدىكى گەۋدىسى ھازىرلا يەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك جىددىي مىدىرلايتتى، — شۇمۇ گەپمۇ، ھەدېسىلا كۆچۈڭلار، يەرنى تاشلاڭلار دېيىشكىنى نېمىسى! تۈنۈگۈنلا ئاياللاردىن بىر گەپ ئاڭلىدىم. بىرسى: ھېيتەك پومبىشچىك غوجا تۇخۇمى، يېرىنى مۇسادىرە قىلىۋېدى مانا بۇيرۇمىدى، غوجىلارنىڭ روھىغا ئاتاپ يەتتە كېچە - كۈندۈز زەراخەتمە قىلمىسا مۇشۇ پۈتۈن چوڭ ئەترەت گۈمۈرۈلۈپ چۆشۈپ بىر چوڭ كۆل پەيدا بولغۇدەك، دەپتۇ. ھەقىچان بۇ گەپنى شەرىخان تارقاتتى دەپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرسەم ئىللا - بىللا مەن تارقاتمىدىم، مەنمۇ كىشىلەردىن ئاڭلىدىم دەپ تۇرىۋالدى. بۇ گەپنىڭ ئىگىسىنى چىقىدۇ، لېكىن بۇ گەپتىن كۆرگىلى بولىدۇكى، «قاۋانلىق» بىلەن بىللە دۈشمەنلەرمۇ بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى خەلق يېزىسىنى ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈش، كوللېكتىپنى يەككىلىككە باشلاش! بىز چېكىنسەك دۈشمەنگە يەم بولىمىز، بىزگە ھۇجۇم قىلىشتىن باشقا يول يوق!

— كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ياكى ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش ياكى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈش — مانا بۇ يېزىلاردىكى ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، — گېزىتتىن مۇشۇ گەپلەرنى ئوقۇدى پاتمە ۋە ئوقۇپ بولۇپ كۆپچىلىككە بىر قاراپ چىقىپ سۆزىنى باشلىدى، — كۆچۈش ياكى كۆچمەسلىك، تارىۋاقتا ئىككى خىل چارىدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن چوڭقۇر ئويلىساق مۇشۇ مەسىلىدە سوتسىيالىزم يولى لازىممۇ - ئەمەسمۇ دېگەن مەنا بار. كىچىك ئەترەتنى تارقىتىۋېتىش ياكى كۆچۈرۈۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلار: ئۈچ يىل تەبىئىي ئاپەت بولدى، ھازىرچە «قاۋانلىق»قا ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ يوق، بىزدە

يەر دېگەن جىق، بىر - ئىككى مىڭ، ھەتتا تۆت - بەش مىڭ مو يەرنى تاشلىۋەتسەكمۇ يەردىن قىينالمايمىز، دېيىشىدۇ. قارىماققا ئۇلار خەلققە كۆيۈنگەندەك، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەترەتلەرنى قۇتقۇزۇشنىڭ كويىدا بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ چارە بىلەن ئۇزاققا بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىنى يوق. بىر قىسىم كادىرلار، بىر قىسىم ئەزالارمۇ چۈشىنىپ يەتكىنى يوق. ئۇلار بىزدىن: ئاسان يول ئالدىڭدا تۇرسا ھارۋىنى قىيىن يولغا بۇراۋاتىسىلەر، دەپ ئاغرىنىۋاتىدۇ. ئۇلار دەل مۇشۇ قىيىن يولنىڭ قۇتۇلۇش يولى، داغدام يول ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئەكبەركام بىلەن ئەخمەتجان ئاكام يېزىغا بېرىپ سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپتۇ. بۆلۈم باشلىقى چىن دېگەن كىشى سىنىپىي كورەشنى چىڭ تۇتۇڭلار دەپ يولىيورۇق بېرىپتۇ. مېنىڭ پىكرىم: ئەزالار ئىچىدە كەڭ تەشۋىق قىلىش، ھەرگىز مۇرەسسە قىلماسلىق، مانا بۇ بىزنىڭ ھازىر قىلىدىغان ئىشىمىز!

— قىندەك گەپ قىلدىڭ قىزىم. — دېدى روزاخۇن بوۋاي قىزىغا، — سوتسىيالىزم يولىنىڭ، كوللېكتىپ يولىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك. قۇرۇق گەپ بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىمىز كېرەك. بىزدە ھازىر كۈچ بارمۇ؟ راستىنى ئېيتساق يوق. مەن بايا سۇلايمان بوغالتىرلار بىلەن پاراڭلاشتىم. بۇلتۇرقى ئومۇمىي كىرىم 110 مىڭ يۈەن بوپتىكەن. چىقىم 24 مىڭ يۈەن ئىكەن، بۇ يىلچۇ؟ بۇغداي، زىغىر، قوناق تېرىدا يېرىم كېمەيدى. شال ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇمچە كىرىممۇ بولمىدى. بۇ يىل ئومۇمىي كىرىم 37 مىڭ يۈەن ئىكەن. چىقىم 41 مىڭ يۈەن ئىكەن. ئاشلىق ئۈچ قالدۇرۇشقا يەتمەيدىكەن. تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىمۇ زىيانغا جىق ئۇچراپتۇ. 10 ئات، ئالتە ئۆكۈز ئۆلۈپتۇ. ھارۋىلاردىن يەتتىسىلا كارغا كېلىدىكەن. قالغان 11 ھارۋا كاردىن چىقىپتۇ،

ئىسكىلاتتا يان ياغاچ بولغۇدەك تەييار ياغاچمۇ يوقكەن. ساڭلاردا چاشقان يېگۈدەكمۇ دان يوقكەن. ئېغىر كېسەللەرنى دوختۇرغا ئاپىرىشقىمۇ بىر يۈەن نەق پۇل بېرەلمەيمىزكەن. . . — بوۋاي بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قىسقىسى قىيىنچىلىق ناھايىتى ئېغىر. بۇنى يوشۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەزالارنى چىرايلىق گەپ بىلەن ئالداشقا بولمايدۇ. راست گەپنى ئېيتساق ئەترەتنى تارقىتىشقا قوشۇلىدىغانلار كۆپچىلىك. ئۇلار ئىككى خىل ئادەملەر: بىر خىلى قولىدا بارلار، يەنە بىر خىلى قىيىنچىلىقى ئېغىرلار. قولىدا بارلار مەسىلەن، ھەيدەر، زۇۋرشالار تېخىمۇ بېيىش ئۈچۈن ئەترەتنى تارقىتىمىز دەيدۇ. قىيىنچىلىقى بارلار جان ساقلاش ئۈچۈن ئامالسىز ئەترەتنى تارقىتىمىز دەيدۇ. . .

ئاكتىپلارنىڭ بېشى چۈشتى. ئەترەتنى ساقلاپ قېلىش راستىنلا ناھايىتى قىيىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىدىن باشقا يەنە پۇل لازىم ئىدى. ئۇ پۇل قېنى؟ پۇلنى نەدىن تاپىدۇ؟

- روزاخۇنكامنىڭ پىكرى ناھايىتى توغرا، - دېدى شياۋدۇڭ چېچىنى قولى بىلەن كەينىگە تاراپ تۇرۇپ، - پۇل تېپىش كېرەك. بۇ پۇل نەدە؟ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇنچە جىق ئىقتىساد توپلىغىلى بولامدۇ؟

— بىرىنچى قەدەمدە سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئىغىۋالىرىنى پاش قىلايلى. ئۈيمۇ - ئۆي كىرىپ خەلقنى قوزغايلى، ئاندىن كېيىن ئەزالارنى خىلمۇ - خىل چارىلەر بىلەن پۇل تېپىشقا تەشكىللەيلى، مەسىلەن، قومۇش ئورۇپ ساتايلى، خاك كولايلى، بورا - سېۋەت توقايلى، ئىش كۆتۈرە ئېلىپ ئىشلەيلى. . . قىسقىسى. . . — شياۋلى شياۋدۇڭغا قوشۇمچە قىلدى.

— قۇرۇق گەپ ئەمەن تېتىيدۇ، — دېدى بىر بوۋاي، — كۆرەش، كۈرەش دەپ ۋارقىرىغانغا قورساق تويامدۇ، ئەكبەرنىڭ نىيىتى ياخشىدۇ بەلكى، لېكىن بىزگە ئاشلىق، پۇل كېرەك.

ئاكتىپلار ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن سۆزلىشىپ يېرىم كېچىگىچە مەسلىھەتلەشتى، ئۇلار ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىنىمۇ كېلىشىۋېلىشتى، ھەر بىرسىگە ۋەزىپىمۇ تەقسىم قىلىندى.

ئەبلغازى يىغىندىن ھاياجان بىلەن قايتتى. ئۇ تۆت كوچىغا كەلگەندە ھويلىدىكى قاراياغاچنى قونداق قىلىۋالغان قىزىل خوراز ئەنسىز قانات قېقىپ چىللىدى. قار بىلەن چۈمكەلگەن يېزا ئۇيقۇدا. نەلەردىندۇر ئىتنىڭ ھاۋشىشى، ھارۋىنىڭ غىچىرلىشى، ھارۋىكەشنىڭ ناخشىسى ئاڭلىناتتى. مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان دېھقان ئۈچۈن يېزا كېچىسىنىڭ بۇ ھالەتلىرى شۇنچە ئۇز، يېقىملىق... ئۇ ئىختىيارسىز ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئاشۇ ياقتا — مەھەللىنىڭ چېتىدە بۇلتۇر ئەبلغازى ئەزالارنى قوزغاپ چاپقۇزغان زەيكەش، ئۇنىڭ نېرىسىدا يېيىلىپ ياتقان 50 — 60 مىڭ مو يەردە قەدىمىي قۇمۇشلۇق بار. بۇ يەر قەدىمدىن تارتىپ ياۋا تۈڭگۈزلارنىڭ ماكانى بولۇپ كەلگەچكە «قاۋانلىق» دەپ ئاتالغان. ئاكتىپلارنىڭ «قاۋانلىق»نى باش ئەگدۈرمەكچى بولغانلىقى، ئاتا - بوۋىسى قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلماقچى بولغانلىقى، نەچچە يۈز يىللىق قەدىمىي قۇمۇشلۇققا ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىلىرى ئۇنى ھاياجانلاندۇرغانىدى. ئاقارغان يەرنى ئاي يورۇقى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئەبلغازى مەھەللىدىن چىقىپ «قاۋانلىق»قا كېتىدىغان ھارۋا يولى بىلەن خېلى ماڭدى.

مانا ئۇ دەسسەپ تۇرغان يەر، يەر ئىسلاھاتىدا پومېشچىكلاردىن مۇسادىرە قىلىۋېلىنغان. پۈتۈن ئۆمرىدە ئالقاندەك يەرگە زار بولغان نامرات دېھقانلار، پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا يەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ توپىسىنى كۆزىگە سۈرتمىدىمۇ؟ «بىزنىڭ يېرىمىز!» دەپ چۇقۇرۇشۇپ كەمبەغەل باللىرى بۇ يەرنىڭ چىمەنلىرىدە موللاق ئېتىشىپ

ئېغىناشمىدىمۇ؟ ئەبلغازى ئاشۇ يەر ئۇچۇن خۇشال بولغانلارنىڭ بىرسى. . . خەلق يېزىسى قۇرۇلغان يىلى، يەنى بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى مۇشۇ شاڭغا شۇنچىلىك چوڭ خامان ياسالدى. ئۇن نەچچە هارۋىغا مارجاندەك بۇغداينى بېسىپ، هۆكۈمەت سېڭىغا ئېلىپ ماڭغاندا، مۇشۇ ئەبلغازى كارۋان بېشى بولۇپ، هارۋىسىغا قىزىل بايراقنى قاداپ ماڭغان. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە پاتمىغانىدىغۇ! «ئەمگەكچىلەر ئۆز هۆكۈمىتىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېشى تاپشۇرماقتا» دېگەن ماقالا بىلەن ئەبلغازىنىڭ قامچا ئوينىتىپ كۈلۈپ تۇرغان سۈرىتىمۇ گېزىتە بېسىلغان ئەمەسمىدى! شۇندىن باشلاپ ئەبلغازىلار يىلدىن يىلغا مول هوسۇل ئالدى، سەككىزىنچى ئەترەت ئىلگىرىلەۋەردى. لېكىن 1960 - يىلدىن باشلاپ بۇ مۇنبەت يەرلەردىن زەي ئۆرلىدى. 6 - ئاينىڭ بېشىدىن تارتىپ 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يەردىن سۇ قورۇمايدىغان بولدى. مانا بۇ «قاۋانلىق» نىڭ كېڭىيىشكە باشلىغانلىقى ئىدى. 1960 - يىلى كوزدە چوڭ ئەترەت شۇجىسى مەنسۇر ئەزالارنى زەيكەش چېپىشقا تەشكىللىدى. لېكىن «قاۋانلىق» قا قايتۇرما هوجۇم قىلىشقا ئۈلارنىڭ كۈچى يەتمىدى. 1961 - يىلى بۇ يەرلەرگە كوزگى بۇغداي تېرىلدى. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا بىردىنلا يەر ئۈستىنى زەي سۈيى بېسىۋالدى، يېڭىدىن ئۈنۈپ چىققان بۇغداي مايسىلىرى سۇ ئىچىدە قالدى. مىڭ مو كوزگى بۇغداينى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەنسۇر يەنە ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرىنى زەيكەش چېپىشقا تەشكىللىدى. شۇ كۈنلەردە يېزا باشلىقى تۇرسۇن مەنسۇرنى يېزىغا چاقىرىپ، باشقا يەرلەردە مۇشۇنداق يەرگە شال تېرىپ ياخشى هوسۇل ئالغانلىقىنى ئېيتتى. مەنسۇر يېزىدىن قايتىپ كېلىپ ئەزالار بىلەن بىرنەچچە كۈن مەسلىھەتلەشتى، كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى: بۇنداق يەرلەر كۆچىسىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزلىكى داڭزا ياساپ چىقىپ،

قىشچە مو بېشىغا ئون ماڭ جىڭدىن مال ئوغۇتى بېرىش كېرەك، 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، شال چېچىلغاندىن كېيىن، شالغا سۇ قويۇلۇپ، مايسا كۆتۈرۈلگەندە خىمىيە ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش كېرەك. يېرى ياخشى تەڭشەلسە، سۇيى ياخشى باشقۇرۇلسا، كەم بولغاندا، مو بېشىغا تۆت - بەش يۈز جىڭدىن شال ئېلىشقا بولىدۇ. . . ئەزالار مۇزاكىرىلىشىپ ئاخىرى يەتتە يۈز مو يەردىكى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان بۇغداينى بۇزۇپ، شال تېرىشنى قارار قىلدى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن بۇغداينى كۆرۈپ: «ئەي بولغان تەقدىردىمۇ ئۇرۇقى ئاران چىقىدۇ، شال ئۇرۇقى يۆتكەشكە هارۋا، 15 — 20 تونىندەك خىمىيە ئوغۇتقا پۇل تەييارلاڭلار» دېدى. ئەزالار قىشچە قوتانلاردىن ئوغۇت توشىدى. يەردىن نەم كېتىش بىلەن تەر - ئايال قوزغىلىپ بۇغداينى بۇزۇپ، شال ئۈچۈن داڭزا - كەيزىلەرنى ياسىدى. شال ئۈچۈن سەككىزىنچى ئەترەت خەلقى ئاز تەر تۆكتىمۇ؟ ئەبلغازى ئۇ كۆنلەردە نەچچە كېچە ئۇخلىمىدى، لېكىن يەنە ئىش ئۈگىدىن كەلمىدى. 1962 - يىلى ئەتىيازلىقى قاش دەرياسىنىڭ سۇيى يىلدىكىدىن ئازىيىپ كەتتى. شال ئۇرۇقى چېچىلىپ تىرىك سۇ بېرىلىدىغان چاغدا ئۆستەڭدە سۇ بولمىدى. مەنسۇر شۇجى پۈتۈن ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆستەڭ چېپىشقا، سۇ باشلاشقا سالدى، لېكىن ئۆستەڭگە كەلگەن ئاز - تولا سۇ سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ شاللىقىغا ئاشمىدى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن بۇ چاغدا: هازىرچە قارا سۇ قويۇپ تۇرۇڭلار، دەريا سۇيى كۆپەيگەندە تىرىك سۇنى ئالماشتۇرساڭلار بولىدۇ، دېدى. نەم توپىدىن ئۈنۈپ چىققان شال مايسىلىرىغا قارا سۇ بېرىلدى. مانا شۇنىڭ بىلەن بالايى - ئاپەت باشلاندى، شاللىقتا قارا سۇ بىلەن قومۇش، يېكەن، تۈگمۈز ئوتى، پىيمەزەك ئوتلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى ئېقىپ كىرىپ، شالنى ياۋا ئوت بېسىپ كەتتى. پۈتۈن ئەزالار قوزغىلىپ ئوتىغان، پېتىغدىغان بولسىمۇ ئۈنۈم بەرمىدى، بېرىشكە تېگىشلىك خىمىيە

ئوغۇتنى بولسا كىملەردۇ بىرسى بەرگوزمىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن سەككىزىنچى ئەترەت بىر تالمۇ شال ئالالمىدى، ئەكسىچە زەي مەھەللىگە قاراپ تېز كېڭىيىشكە باشلىدى. مانا مۇشۇ ئىش ئۇچۇن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى بۆلۈم باشلىقى چىن، يېزا باشلىقى تۇرسۇنلار قاتتىق غەزەپلەندى، مەنسۇرنى شۇجىلىقتىن ۋاقتىنچە توختاتتى.

شۇنداق قىلىپ ئەبلغازى «قاۋانلىق» نىڭ زەربىسىگە قاتتىق ئۇچرىدى. شۇ «قاۋانلىق» ئۇلارنىڭ مۇنبەت يەرلىرىنى كاردىن چىقاردى، شۇ «قاۋانلىق» نىڭ ياۋا چوشقىلىرى ئەبلغازىلارنىڭ ئۇچ ئوتىغىدىن چىققان بولۇق قوناقلىرىنى تىلغاپ تاشلىدى. خەندەك كولاپمۇ، ئېتىپمۇ ياۋا چوشقىلارنى تۈگىتەلمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ «قاۋانلىق» خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ «ئۈمىد» لىرىگە مەلھەم بولماقتا. خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرىگە زىيان يەتكۈزمەكتە. شۇنىڭ ئۇچۇن ئەبلغازىلارنىڭ «قاۋانلىق» قا بولغان غەزىپى ھەممىدىن كۈچلۈك. «قاۋانلىقنى ئۆزلۈك - كېسەل قۇرۇتۇش» توغرىسىدا گەپ بولغاندا ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، يۈرىكى ھاياجاندىن تېز - تېز سوقىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىر ئوت يالقۇنجايدۇ! . . . بۈگۈنمۇ ئەبلغازى ئاشۇ يالقۇنجاۋاتقان ئوتنىڭ كۈچى بىلەن ئىختىيارسىز «قاۋانلىق» قا قاراپ ماڭدى. مانا ئۇ «قاۋانلىق» نىڭ گىرۋىكىگە كەلدى.

چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇق سەھەردە باشلىنىدىغان ئاۋرال شامىلىدىن دېڭىزدەك دولقۇنلىناتتى. نەلەردىدۇر ياۋا چوشقىلار خارتىلدايتتى، ئۇركۈگەن ياۋا غازلار غاقىلدايتتى، قىرغاۋۇل خورىزى چىللايتتى. ئەبلغازى گويا «قاۋانلىق» قا ھازىرلا ھۇجۇم باشلايدىغاندەك ھاياجان بىلەن قارا سۈنى ياقىلاپ مېڭىۋەردى.

— ئۇر، ئۇر! قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋەت، قوپمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي!

— ئى! ئى! ئى! مانا يېتىۋېلىك، مانا جاجىڭىز!

قارا سۇنىڭ ئۇ چېتىدە ئىككى ئادەم بىر نەرسىنى ئۆرۈۋاتاتتى. ئەبىلغازى قارا سۇنىڭ تار يېرىدىن سەكرەپ ئۆتتى ـ دە، سازلىقتا پېتىپ قالغان، قومۇش باسقان هارۋىنى، يېتىۋالغان ئۆكۈزنى كالتەك بىلەن دۇمبالاۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆردى. ئۇ يالىڭاچلانغان ئىككى ئادەمنى ئېنىق تونۇدى — بۇلار سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەزالىرى — بىرسى پاكار بويلۇق، بىر كۆزىدە ئېقى بار روزىمەت، يەنە بىرسى گەۋدىلىك، قارا ساقاللىق ئادەم هەدىلشا ئىدى. روزىمەت بولسا ماگىزىنچى هىكمەتنىڭ ئوغلى، ئىشنىڭ ئاسىنىغا يۈگرەيدىغان، پۈتۈن يازنىڭ تولىسىنى شەهەردە ئۆتكۈزىدىغان سۆزمەن، ئالىقاپلىقتا داڭقى بار، 25 — 26 ياشلارغا كىرگەن يىگىت، هەدىلشا بولسا هېيتەك پومېشچىكنىڭ ئېتىلغان ئاكىسىنىڭ ئوغلى، ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئۇ جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغان، كېيىن قويۇپ بېرىلگەن، 1958 ـ يىلى، يېزىلىق هۆكۈمەت قۇرۇلغان يىلى ئىبغۇا تارقىتىپ يەنە قولغا ئېلىنىپ تۆت يىل كېسىلگەن، تۈرمىدىن تېخى بۇ يىل چىققان، ئىچىدىن زەهەر قاينايدىغان ئادەم. ئۇلار ئىككىسى ئەبىلغازىنى كۆرمىدى. ئۆكۈزنى ئۇرۇپ تاياقلىرى سۇنغاندىن كېيىن، ئۆكۈزنىڭ ئالدىغا بىر باغ قومۇشنى تاشلاپ ئوت ياقتى. مۇشۇنداق قىلىپ ئۆكۈزنى تۇرغۇزماقچى بولۇشتى:

— ئۆلسە چاتاق! — بۇ هەدىلشانىڭ ئاۋازى.

— ئۆلسە ئۆلۈكىنى قوزغۇن يېسۇن! — روزىمەتنىڭ ئاۋازى.

ئەبىلغازى ئۆزىنى هەرقانچە قىلىپمۇ تۇتۇۋالالمىدى. ئەترەتنىڭ ئۆكۈزىنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇزۇن يىل ئەترەت باشلىقى بولۇپ، ئەترەتنىڭ بىر تال پاخلىنىمۇ كۆز قارچۇغىدەك ئاسراشقا

ئادەتلەنگەن ئادەم ئۇنىڭغا چىداپ تۇرالىسۇنمۇ!
ئەبىلغازى ئۆزىنى ئاتتى، بارغان پېتى كۆيۈۋاتقان قومۇشنى كۆچ بىلەن تەپتى، قومۇش يەردىن كۆتۈرۈلۈپ بېرىپ ھېدىلشانىڭ مۇرىسىگە چۈشتى.
— ھۇ، كۆڭلى قارا گەكسىلەر! بىلىپ قوي، سەنلەرگە چوقۇلاشقا تۇڭگۇز پاچىقىمۇ قويمايمىز!
— كىچىك ئەترەت باشلىقى ئۆزى قومۇش ئورۇپ سېتىشقا رۇخسەت قىلدىغۇ، ئۈكۈزگىمۇ ئەترەت باشلىقى خەت قىلىپ بەرگەن! — روزىمەت غوڭشىدى. ھېدىلشا بولسا بەدىنىدىكى كۆيۈندىلەردىن قۇتۇلۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.
— تولا غىڭىلدىماي قومۇشنى چۈشۈر! — ئەبىلغازى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.
— چوڭ ئەترەتتىن رۇخسەت قىلغان تۇرسا... — دېدى روزىمەت يەنە كوتۇلداپ.
— چۈشۈرەمسەن، يوق! — ئەبىلغازى تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى.
— چۈشۈرسەك چۈشۈرەيلى... — ھېدىلشا ئارغامچىنى يېشىشكە باشلىدى. روزىمەتمۇ ئامالسىز قومۇشنى چۈشۈرۈشكە تۇتۇندى.
ئۇلار ئەبىلغازىنى ياخشى بىلىشىدۇ، ئۇلار يولسىز ئىش قىلىپ قويۇپ نەچچە قېتىم ئەبىلغازىنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار، ئۇلارنىڭ ئەبىلغازىغا ھەرقانچە ئوغىسى قايىنىسىمۇ لام - جىم دېيەلمەيدۇ، سەۋەبى ئەبىلغازى ھازىر ئەترەت باشلىقى بولمىغىنى بىلەن كىچىك ئەترەت ئاكتىپلىرى نامىدىن سۆزلەۋاتىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ ئەبىلغازىنىڭ دېگىنىنى قىلماي ھەددى ئەمەس ئىدى.
«ھوي لەنىتى زامان، پۇت - قولۇمنى چۈشەپ قويغان زامان، ئاتا - بوۋىسى ئېغىللىرىمىزدا چىرىپ ئۆلگەن مالچىغا مېنى خار قىلغان زامان... سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن، سەۋر

قىلاي، سەن ئەبلغازىنىڭمۇ ئاۋازى ئۆچمىگەن كۈنلەر كېلەر» — دەپ ئويلايتتى ھىدىلشا ئۇن - تىنىسىز قومۇش چۇشۇرۇۋېتىپ.

«سۆلىلىك ئاشقا چۈشكەن چېۋىن كەينىمىزدىن ماراپ يۈرۈۋېتىكەنسەن - دە! مەيلى ھازىرچە چۈشۈرەي، سەن بەربىر تەرسالىق قىلىسەن، سېنىڭ بىلەن مەن قاچان تەڭ بولالىغان، مۈرىتىنى كەلتۈرۈپ سېنى بىر سىرغاڭغا تايغۇزاي. مۇنۇ ئۆكۈزدەك قوپالماسقا بىراقلا يات!» دەپ پىچىرلىدى روزىمەتمۇ ئىنجىقلاپ قومۇش چۈشۈرۈۋېتىپ.

«ئۇلارنىڭ كوللېكتىپقا زىيان سېلىپ كېچىلەپ بۇ يەرگە كېلىشى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ ئۆكۈزنى كىچىك ئەترەت بېرىپتۇدەك، مۇشۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلىپتۇدەك. . . مۇنداق ھارام نىيەتلەر پۇل تاپالايدۇ - قىمار ئويناشقا، نەشە چېكىشكە، خەجلەشكە پۇل تاپالايدىكەن؟ ئەزالارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا پۇل تاپالمايمىزمىكىن؟ بۇلارنىڭ يانچۇقىغا كىرىۋاتقان پۇل نېمىشقا كوللېكتىپنىڭ يانچۇقىغا كىرمەيدىكەن؟ ياق، مەن ھازىرلا ئەترەت باشلىقى زىيۇرشاغا مۇشۇنداقلارغا قىلىدىغان ئىلتىپاتلارنى چەكلەشنى ئېيتىمەن. بۇگۈنلا، ھازىرلا شۇنداق قىلىمەن!»

ئەبلغازى تاماكىسىنى قاتتىق شوراۋېتىپ شۇنداق ئويلايتتى.

— ھارۋىنى چىقىرىش!

ئۇلار ئىككىسى ھارۋىنى چىقاردى.

— ھارۋىنى سۆرەپ ئاپىرىپ ئىمىرغا تاپشۇرۇش!

ئەبلغازى ئۆكۈزنى ئالدىغا سېلىپ مەھەللىگە ھەيدەپ كەتتى. ئۇلار ئىككىسى قۇرۇق ھارۋىنى سۆرەشكە تۇتۇندى. . .

يەرگە يېقىدىن يورۇق چۈشكەندە ئەبلغازى ئۆكۈزنى ھەيدەپ مەھەللىگە قايتىپ كىردى. سەھەرنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. ئۇ ئۆكۈزنى ماخوغا ھەيدەپ كەلدى. تاڭ سەھەردە ئات ئايىقىنى تازىلاشقا تۇتۇنغان

روزاخۇن بوۋاي چاقىسىنى ئاچتى. ئەبلغازى شۇ چاغدىلا روزىمەتنىڭ ئۆكۈزىنى ئۇن تارتىشقا ئەترەت باشلىقى قەغىزى ئارقىلىق ئالغانلىقىنى بىلدى. چاقىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، بۇ ئىككى پارتىيە ئەزاسى پىكىرلەشتى. . .

ئەترەت باشلىقى زۇۋىرشا بىلەن ئەبلغازى بۇرۇندىنلا چىقىشالماي كەلگەن، بولتۇر شال تېرىش ئىشىدا زۇۋىرشا ئەبلغازىلارغا قارشى چىققان. ئەبلغازى ئەترەت باشلىقلىقىدىن ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن زۇۋىرشا ئەترەت باشلىقى بولغان بولسىمۇ بۇ كىچىك ئەترەتنىڭ ئادەملىرىنىڭ تولىسى يەنىلا ئەبلغازىنى ھىمايە قىلاتتى. زۇۋىرشا ئۆز كۆڭلىدە تۇۋەندىكى نارازىلىقلارنىڭ سەۋەبچىسى ئەبلغازى دەپ بىلىپ، مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئەبلغازىغا باتناپ يۈرەتتى. ئەبلغازىغا ئىشمۇ تەقسىم قىلمايتتى، گەپمۇ قىلمايتتى. ئەبلغازىنىڭ ئەترەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرگىنىگە بولسا قاتتىق نارازى ئىدى.

— خىزمەتتىن قالدۇرۇلدىمۇ، بولدى، يەنە نېمىشقا ھەممىگە قول سالىدۇ! — دەيتتى باشقىلارغا داد ئېيتىپ.

— ئۇ دېگەن پارتىيە ئەزاسى، ئارىلىششقا ھەققى بار! — دەيتتى بەزەنلەر.

— ئۇنداق بولسا ئەترەتنى ئىككىگە بۆلەيلى، قېنى ئەبلغازىغا تويمىغانلار ئۇنى ئەترەت باشلىقى قىلىۋېلىڭلار! — دەپ دوق قىلاتتى زۇۋىرشا ئۇنداق دېگۈچىلەرگە.

سەككىزىنچى ئەترەتنى كۆچۈرۈش توغرىسىدا گەپ چىققاندىن كېيىن بولسا زۇۋىرشا بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئەزالار ئىچىدە كۆچۈشنىڭ پايدىسى بىلەن كۆچمەسلىكنىڭ زىيانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ سۆزلەپ يۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن

سۆزلىشىش لازىم ئىدى. كىم سۆزلىشىدۇ؟

— ئۇكام ئەبلغازى، ئاداۋەتنى قايرىپ قويۇپ سەن سۆزلەشكىن، ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن كۆچمەيلى، بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ مۇنۇ زەيىنى نېرى ھەيدىۋېتەيلى دېگىن، — دېدى روزاخۇنكام.

ئەبلغازى زۇبەرشاغا ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئىچىدە يەنە بىر تەكرارلاپ زۇبەرشانىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. بۇ چاغدا قۇياش بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەن، باغلاردىكى دەرەخلەر بولسا ئاپئاق قىراۋغا چۈمكەلگەنىدى.

ئۇ، دەرۋازىنىڭ تۇڭگىسىنى تۇتتى. ھويلىدىكى ئىككى ئادەم كۈلۈشۈپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى، ئەبلغازى يۆتەلدى. دەرۋازىدىن چىقىپ كەلگەنلەر ئەترەتنىڭ ما[illegible]رىنچىسى ھىكمەت بىلەن زۇبەرشا ئىدى. ئۇلار ئەبلغازىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قېلىشتى. لېكىن ھىكمەت دەرھال قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇ، چا بۇرۇت. ئېگىز بوي، يوغان كۆز ئادەم ئىدى. ئۇ، ئەبلغازىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— يارايسەن ئەبلغازى، يارايسەن! ئەترەت باشلىقىغا قول قانات راسا لازىم بولغاندا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتىڭ. مانا قارا، تاڭ سەھەردە بىكارغا كەلمىدىڭ، ئەلۋەتتە ئەترەتنىڭ غېمى! ھا - ھا...

— شۇنداق، ئەترەتنىڭ غېمى، — دېدى ئەبلغازى كۈلۈمسىرەپ، — زۇبەرشا، سەن قاچساڭ بىز قوغلايمىز، ئەترەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن سېنى قوغلاپ يۈرۈپ پىكىرلىشىمىز. مەن سېنىڭ بىلەن ئەترەتنىڭ ئىشى ئۈستىدە سۆزلەشكىلى كەلدىم.

زۇبەرشانىڭ ئۇزۇن سېرىق بۇرۇتلىرى مىدىرلاپ كەتتى، مىس يىڭنىلەردەك ساپ - سېرىق كىرپىكلىك كۆزلىرىمۇ ئىختىيارسىز چىمىلداپ توختىدى. لېكىن گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ

ئورنىغا يەنە ھېكمەت جاۋاب بەردى:

— دېمىدىممۇ ئەترەت باشلىقى زىۋىرشا، ئەبلغازىلارنىڭ قەلبى تازا، ئەترەتنىڭ ئىشىنى ئاقسىتىدىغانلار بۇلار ئەمەس، باشقىلار. رەھمەت ئەبلغازى، ساڭا رەھمەت. راستىنى ئېيتسام مېنىڭمۇ ئەس - يادىم مۇشۇ ئەترەتتە. ئەزالارنى خاتىرجەم قىلمىساق، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغىچە كەم - كۆتىمىزنى غەملىۋالمىساق، كېلەر يىلى قانداق قىلىپ بولمىسۇن قەددىمىزنى رۇسلىۋالمىساق، ھەي... باياتىن مەن زىۋىرشاغا بىلگەن مەسلىھەتىمنى بەردىم... قېنى، ئىككىڭلار سۆزلىشىڭلار، مەن بېرىپ ماگىزىننى ئاچاي، ھا - ھا - ھا...

ھېكمەت ئاجايىپ ئاۋاز چىقىرىپ كۈلدى. ئۇنىڭ ئېگىز، لېكىن سەل دومچەكرەك گەۋدىسى كۈلكىسى بىلەن تەڭ سىلكىندى. يوغان كۆزلىرى كۈلكىسى بىلەن تەڭ پىرقىرىدى.

.. ئۇ سوكنا تاشلىق قىسقا سەنسەن جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ماگىزىن تەرەپكە ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

ئەبلغازى زىۋىرشادىن جاۋاب كۈتتى، لېكىن جاۋاب بولمىدى. زىۋىرشا جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، زۇۋان سۈرمەي تۇراتتى.

— مۇشۇ يەردە گەپلىشىمىزمۇ، — دېدى ئەبلغازى ئۈيىگىمۇ تەكلىپ قىلمىغان زىۋىرشاغا زەردە قىلىپ ۋە دەرۋازا سۇپىسىغا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ.

زىۋىرشا يەنە گەپ قىلمىدى.

— كىچىك ئەترەتنى كۆچۈرىدىكەن دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانسەن؟ — زىۋىرشا «يالت» قىلىپ قارىدى ۋە سوغۇقلا قىلىپ دېدى:

— ئاڭلىغاچقا ئەزالارنى كۆچۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتىمەنغۇ!

— مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلساق ياخشى بولارمىكىن.

— يوقىرىنىڭ يولىيورۇقىنى مەسلىھەت قىلمايدۇ، ئىجرا قىلىدۇ!

— ئەزالار يىغىنىنى ئېچىپ ئېلان قىل، چوڭ ئىشلارنى چوقۇم ئەزالار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىشلەش لازىم.

— مەسلىھەت قىلساڭمۇ، قىلمىساڭمۇ كېلەر يىلى تېرىيدىغانغا يەر يوق، ئەتىيازلىققا مۇنۇ مەھەللىنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا كىمنىڭ كۆزى يەتمەيدىكەن؟

— تام ئۆرۈلسە تامنى ئادەملەر سوقىدۇ، يەرنى زەي باسسا ئۇنى ئادەملەر جۆندەيدۇ!

— سىلەرنىڭ قانداق جۆندەيدىغىنىڭلارنى كۆردۇققۇ، مىڭ مو يەرنى «قاۋانلىق»قا قېتىپ بەردىڭلار!

ئەبلغازى ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى تىك - تىك بولۇپ، قېلىن كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— سەن زىيۇرشا، خەلق يىرىسىنىڭ ئەزالىرى، ئەترەت باشلىقسەن! بىلىپ قوي: كوللېكتىپنى كۈچەيتىش يولىدا، كۆپچىلىككە پايدىلىق ئىش قىلىش ئارزۇسى بىلەن قىلغان ئىشىمىز بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. سەن بۇ ئوڭۇشسىزلىقنى ئۆزوڭنىڭ توغرىلىقى قىلىۋالساڭ ئاخىرى لەت بولىسەن! بىز پۈتۈن «قاۋانلىق»نى قورۇتۇشقا بەل باغلاۋاتىمىز، سەن شۇ چاغدىكى چوڭ غەلىبىنى كۆرۈپ ئېيتقىنا، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭنى يېزا ئەزاسى دېيەلەيسەن!

— ماڭا كېيىنكى قويرۇقتىن ھازىرقى ئۆپكە ئەلا، شۇ چاغدىكى غەلىبە سېنىڭ بولسۇن، ھازىرچە مەن ئەزالارنى كۆچۈرىمەن، كىچىك ئەترەتنى قۇتقۇزىمەن.

— سەن بۇ يول بىلەن قۇتقۇزالمايسەن؛ ھەممىنى ۋەيران قىلىسەن!

— ھەرقانچە ۋەيران قىلسامۇ سىلەرچىلىك قىلماسمەن،

پىكرىڭ بولسا چوڭ ئەترەتكە ئېيت، مەن چوڭ ئەترەتنىڭ پىكرىنى ئىجرا قىلىمەن!

— شەخسلەرگە ئەترەتنىڭ مېلىنى بېرىسەن، كوللېكتىپ پۇل تاپايلى دېسە يول قويمايسەن، كۆرەش قىلىشقا بەل باغلىغانلارنىڭ ئالدىنى تورايسەن، سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭ كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە خىلاپ، بىز سېنى قەتئىي چەكلەيمىز، قېنى يامان بولساڭ سەن بىزنى توغرا يولدىن تايدۇرۇپ باق!

ئۇلار ئىككىسى ئەمدى قاتتىق ۋارقىرىشىشقا باشلىدى. زۇۋرشا جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيتتى، بايىلا ھېكمەت ماگىزىنچى قومۇشنىڭ بىر بېغىنى 25 پۇڭدىن ئالىدىغان يەرنى تېپىپ قويغانلىقىنى ئېيتقاندا پەيدا بولغان خۇشاللىقى مامكاپ توزغۇقىدەك توزۇپ كەتتى. قىشىچە قومۇش ئورۇپ پۇل تاپىلىسا ئەتىيازلىققا ئۆي - جاي سېلىشقىمۇ ئاسان، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىچىك ئەترەت كۆچكەندىن كېيىن مۇنۇ باغلارنى چېقىپ، تۈزلەپ چىگە تېرىسا، ھېكمەت ماگىزىنچى توشۇڭنىڭ كىلوسىنى ئىككى يۈەن 70 پۇڭدىن سېتىپ بېرىشكىمۇ ۋەدە قىلغان، ئاشلىق بولمىغان بىلەن كىرىمى يىلدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئاشاتتى... بۇ ئىشلىرى تېخى باشلانماي تۇرۇپلا مانا قارشىلىققا ئۇچرىماقتا...

ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى، ئەبىلغازى تېخىمۇ ۋارقىراپ سۆزلەيتتى:

— كۆپچىلىك جان قايغۇسىدا، سەن بولساڭ ماي قايغۇسىدا...

## ئىككىنچى باب

ئەكبەر ھەربىي سەپتىن قايتىپ ئۆز يېزىسىغا كەلگەن كۈندىن تارتىپ ھازىرغىچە مەيلى ئوغۇت چىقىرىۋېتىپ بولسۇن ياكى جاڭگالدىن تال كېسىشكە بېرىپ كېلىشتە بولسۇن ياكى شۇ تاللاردىن چاققان - چاققان قىلىپ قىزلار ئوغۇت توشۇيدىغان سېۋەتلەرنى توقۇۋېتىپ بولسۇن، ئۈچرىغانلار بىلەن ئۆزاقتىن - ئۆزاق پاراڭلىشاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈچىلەرمۇ قورسىقىدىكى گەپلىرىنى ئاياپ ئولتۇرمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئەكبەر مۇشۇ يۇرتتا بالىلىقىنى ئۆتكۈگەن، ئەكبەردەكلەرگە سىرتماق تەڭلەپلا يۈرگەن كونا جەمئىيەتتە ئۇ مۇشۇ ئادەملەر بىلەن مۇڭدىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇچاغلاردا: بورانلىق كۈنلەردە توغان - بۇلۇڭلاردا دۈگدىيىپ ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ قىش كېچىلىرى تونۇر باشلىرىدا سامان ئوتىنى چۇقچىلاپ ئولتۇرۇشۇپ، كەچكۈز قىراۋلىق كېچىلەردە خامانلاردا گۈلخان يېقىپ، كاۋا كۆمۈۋېتىپ قىلىشقان ئارمانلار مانا بۈگۈن راستقا ئايلاندى، لېكىن ئارمان دېگەننىڭ چېكى بولمايدۇ - دە!

مانا ھازىرمۇ ئۇلار ئارمانلار ھەققىدە كۆپرەك سۆزلىشىدۇ. ئۈچىنچى ئەترەتتىكىلەرنىڭ كۆزى يەتكەن ئارمانلىرىدىن بىرسى مەھەللە يېنىدىكى «قاۋانلىق» دېيىلىدىغان قەدىمكي قومۇشلۇقنى قۇرۇتۇپ ئاشلىق تېرىش، دېھقان ئۈچۈن ئاشلىق تېرىش ھەممىدىن مۇھىم ئىش. بۇ ھەقتە گەپ ئېچىلسا ئۇ يەۋاتقان تامىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

ئۆتكەن ئاخشام ئەكبەرنىڭ تاغىسى كېۋىر توغاينىڭ ئۆيىدە تۈن يېرىمىغىچە قىزىق پاراڭ بولدى. ئەكبەرنىڭ كىچىك ئانىسى قەرىخان ئىسسىلىك كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئاق پىشماق ئايال چاي

كۆرىسىدا پاراڭچىلار ئۈچۈن ئۈچ قېتىم چاي ئەتتى. ئۆينىڭ ئىچى تاماكا ئىسى بىلەن تولۇپ، كېچۈرنىڭ ئېگىز بوي، كۆزلىرى يوغان، كالپۇكى سەل قېلىن، پومىلاق قىزى ئاززىگۈل دېرىزىنى ئۈچ قېتىم ئېچىۋەتتى. «ساھىبخان كېچۈر توغاي-يالتىراپ تۇرىدىغان بورۇتى قولىقىدىن ئاشىدىغان، ئىككى مەڭزى قىزىل قاچا ئۆرۈكتەك، 60نىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان قاڭشالىق ئادەم بۇرنىنىڭ ئۈستىدىكى تەپچىرەپ تۇرغان تەرنى قولياغلىقى بىلەنمۇ، كەڭ ئاق كۆينىكىنىڭ يېڭى بىلەنمۇ توختىماي ئېرتتى ۋە ھېلىدىن-ھېلىغا:

— ھە، ھە، تازا يوناق كەپتۇ-دە، تازا يوناق كەپتۇ! — دەپ قويىاتتى.

ئۇن نەچچە دىاكەش دېھقانىنىڭ «قاۋانلىق» توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى ھېكايىگە ئايلاندى: قەدىمكىي قومۇشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭ ئېلىش ئۈچۈن ئىسلام ھاجى ئىسىملىك مىڭ بېگى دېھقانلارنى ئىككى يىل پاتقاقتا مىلىگەن. بىر بەيگىلىك يەرگە ئۆستەڭمۇ ئېلىنىغانۇ، لېكىن ئۇنى ياۋا چوشقىلار بىر كېچىدىلا تىلغاپ تىندۇرۇۋەتكەن. كەتكەن گۆش، چىققان چىقىم دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە سېلىق بولۇپ چۈشۈۋەرگەن...

«قاۋانلىق» يېنىدىكى خالىڭ يولىدا پېتىپ قالغان باينىڭ ھارۋىسىنى چىقىرىمەن دەپ ئۈستىگە يىرتىق يالاڭ پەرىجە، تىزلىرى ئۈچۈق ماتا ئىشتان، پۇرۇم چوقاي كىيىۋالغان بىر دېھقان ئاشۇ «قاۋانلىق» يېنىدا توڭلاپ قالغان. ئۇنىڭ جەسىتىنى «قاۋانلىق»نى ماكان قىلىۋالغان بۆرىلەر يەپ كەتكەن.

«قاۋانلىق»نىڭ چوشقىلىرى زىرائەتلەرگە كۈن بەرمىگەن...

مانا ھازىر بولىسا ئاشۇ «قاۋانلىق» دېھقانلارنىڭ يەرلىرىگە، باغلىرىغا، ئۆيلىرىگە ھۇجۇم قىلماقتا، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالماقتا...

ئەكبەر بۈگۈن يەرگە يورۇق چۈشمەستە ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ ئالدىراپ كىيىنىۋېتىپ يۇقىرىقىلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى كۆپچىلىكتىن ئاڭلىغانلىرى، «قاۋانلىق» ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى ۋە سەككىزىنچى كىچىك ئەترەت ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە بىرسى بىلەن ئوبدانراق پاراڭلاشماقچى ئىدى.

ئۇ، بۇ يىل ھەربىيدىن بوشاپ مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا نېمىلەرنى ئويلىمىدى؟ بىرنەچچە يىل جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، «قاۋانلىق»نى ئۆزلەشتۈرسە، تېرىلغۇ كۆلىمى بىرنەچچە ھەسسە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرسا بىر ئەترەتنىڭ دۆلەتكە قوشىدىغان تۆھپىسى ئاشامدۇ، ئۇ بەزىدە يېزا توغرىسىدا خىيال قىلاتتى. ئۇ خىيالىدا:

سالا - سالا ئېتىزدا گۈركىرەۋاتقان تراكتور، كومبايىنلار-نى، ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى، ماشىنىدا توشۇلۇۋاتقان ئالتۇن دانلارنى. . . ئاۋات يېزىلارنى، قاتار - قاتار كوچىلارنى، بۈك - باراقسان باغلارنى، كېچىنى كۈندۈز قىلىپ، ياپيېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن نۇر چېچىپ تۇرغان ئېلېكتر چىراغلىرىنى، يېزىنىڭ تۈنجى كۈلۈبى ئالدىدىكى رەتلىك ۋە پاكىزە كىيىنگەن شوخ ياشلارنى كۆرگەندەك، ھەتتا ئۇلارنىڭ شاتلىققا تولغان ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى. . . بەزىلەر ئۇنىڭغا خالى جايلاردا سىرداشقان بولۇپ: «ھەربىيدە خىزمەت كۆرسەتتىڭ، ليەنجاڭ بولدۇڭ، ئەمدى خىزمەت تەلەپ قىلساڭ ئاقىدۇ، كەم بولغاندا بىر يېزىغا شۇجى بولسەن» — دەيتتى.

ئەكبەر كۈلۈمسىرەپ:

— دېھقان بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپ قوياتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئەكبەرنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئاددىي دېھقان بولغىنىغا، دېھقان بولغاندىمۇ تىنىم تاپماس دېھقان بولغىنىغا قوشۇلمىغانلارمۇ بولدى.

بىر كۈنى چوڭ ئەترەتنىڭ ماگىزىنچىسى ھېكمەت ئەكبەرنى

يوقلاپ كەلدى.
— سالام ئىنىم، پاھ، قوللىرىڭىز نېمانچە قاتمال! چۈيۈندىن بۇيرۇتۇپ ياسىۋالغان قولمۇ - نېمە؟ چوڭ ئەترىتىمىزگە مانا بۇنداق قوللار بەرىكەت ياغدۇرىدۇ ئۇكام، — دېدى ئەكبەرنىڭ قوللىرىنى قىسىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ. ئەكبەر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
— يېزىدا يۇمشاق قول كۆلكە قوزغايدۇ، تومۇزدا جۇۋا كىيىۋالغاندەك غەلىتە تۇرىدۇ. تاشلىق يەردە ئۆسكەن دەرەخنىڭ غولى پورپاڭ بولمايدۇ -دە! — دەپ چاقچاق قىلدى.
ھىكمەتباي ئۆز نۆۋىتىدە:
— ئىنىم، سىزگىمۇ بۇ كۈن بار، دېھقانلار سىزنى كۈتۈرىدۇ، ئۇنىمىغىنىڭىزغا قارىماي سىزنى يۇقىرىغا ئېپچىقىپ قويىدۇ، شۇ چاغدا قوللىرىڭىزنى يەنە بىر تۇتۇشقا نېسىپ بولسا تېخى، ھا - ھا - ھا... — دەپ جاۋاب بەردى.
كېۋىر توغاي گەپ قاتتى:
— ياغاچنىڭ گېپى بولۇپ قالدى ھىكمەتباي، قاراڭ، يارامىلىق دەرەخ ئاسمانغا قانچىلىك ئۆسسە يەرگىمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ، قاپاق تېرەكنىڭ بويى ئېگىز، يىلتىزى قىسقا، قارىياغاچنىڭ ئەتۇرسىچە. راست ئېيتىسىز، دېھقان خەق ياخشىنى قەدىرلەيدۇ، لېكىن يىلتىزىغا قارايدۇ -دە!
بۇ گەپلەردىن ئەكبەر شۇنى چۈشەنگەن: ھىكمەتتەكلەر ئەكبەرنىڭ كادىر بولۇپ بۇ چوڭ ئەترەتتىن كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مۇنو تاغىسى كېۋىردەكلەر بولسا ئۇنىڭ ئارزۇسىنى چۈشۈنىدۇ: ئۆمۈر بويى دېھقان بولۇپ، ئاتا - بوۋىسى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان دېھقان مەھەللىلىرىنى پەيدا قىلىپ چىقىش تولىمۇ قەدىرلىك، خۇشاللىنارلىق، پەخىرلىك ئىش! ... دەپ قارايدۇ.
ئىشنىڭ ئېچىلىش بىلەنلا ئەكبەرنىڭ خىيالى بۆلۈندى.

— ئاززىگۇل، ماۋۇ سۇنى گەجگەمدىن قۇيۇڭ، — دېدى ئەكبەر كۆڭلەكچان ھويلىغا چىقىپ. ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئىچىگە تىقىپ، ئېگىشىپ تۇردى. سىڭلىسى ئاززىگۇل يېرىم چېلەك مۇزدەك سۇنى قۇيۇشقا باشلىدى. ئۆيدىن قەرىخان چىقتى. ئاززىگۇل:

— ئەندىكمەيسىزا، خۇش يېقىۋاتامدۇ، نېمە؟ — دېدى.

— بالام، بۇ ئاكاڭنىڭ مىجەزى غەلىتىكەن: كاچكۆلگە چۈشۈپ پاقام ئەتىسمۇ ئەندىكمەيدىغان ئوخشايدۇ. تېۋۋا، راھەت پۈتلىشىپ يۈرسىمۇ كۆز قىرىنى سالماي جېنىغا جاپا ئىزلەپ يۈرىدىكەن، ئاخشىمى بولسا ئېغىر ئەل ياتقۇدىن كېيىن يېتىپ، توخۇ بىلەن تەڭ تۇرىدىكەن، تېخى بىرمۇ نومۇرنى ئىزلىمەيدىكەن ھا - ھا . . . تۇۋۋا، ئاجايىپ بىر ئادەم بولۇپ چوڭ بولىۋاتىسەن — ھوي؟

ئانىسىغا قوشۇلۇپ ئازىگۇلمۇ، بېشىنى ۋە گەدەنلىرىنى سۈرتىۋاتقان ئەكبەرمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

ئاززىگۇل ئاكىسىنىڭ تۇرقىغا زوقلىنىپ قارىدى. ئەكبەر گەدەنلىرىنى قىزارغىچە سۈرتۈپ تۇرۇپ، تىيانشان تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلەتتى.

قەرىخان بولسا ئەكبەر توغرىسىدا يەنە ئاللىنېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ تەمشەلدى - يۇ، بىراق قىزى بار، دېيەلمىدى. قەرىخاننىڭ راستىنلا ئېيتىدىغان گەپلىرى بار ئىدى: ئەكبەر كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ قولىمۇ قۇرۇق ئەمەس، كېيۈر توغايلارنىڭ ئەكبەرگە ئاتاپ بېقىۋاتقان ماللىرىمۇ، گۆرۈچ، ئۇن، مايلىرىمۇ بار. ئەكبەردە پۇلمۇ بار. قەرىخان كېيۈرگە بىرنەچچە قېتىم:

— مەھەللىگە بىر قېتىم چاي بېرەيلى، ئىشنىڭ يولىمۇ شۇ، ئاندىن كېيىن لايىقىنى تېپىپ ئەكبەرنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويايلى، — دەپمۇ كۆردى. لېكىن كېيۈر پىسەنت قىلمىدى.

ئېرىنىڭ سەرىمەي يۈرگىنىگە قەرىخاننىڭ ئىچى پۇشتى، ئۆزى ئەكبەر بىلەن سۆزلىشەي دېسە ئۇ كەلگەن كۈندىن تارتىپ ئۆيدە كەم بولدى. ئەكبەر زەربىدارلارغا قوشۇلۇپ ئېتىزغا ئوغوت توشۇيتتى. يېقىندىن بېرى سەككىزىنچى ئەترەتكە بېرىپ يۈرىدۇ، كۆپىنچە شۇ ياقلاردا قونۇپ قالىدۇ. نېمىلەرنى قىلىۋاتقىنىنى قەرىخان بىلمەيتتى. قەرىخان ئالدىرىغانسېرى نە ئەكبەر، نە كېۋىر ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمەيتتى؛ بۇ يىل ئاتلىسا ئەكبەر 28 ياشقا كىرىدۇ، ئۆي - ئوچاقلىق بولمىسا قانداق بولغىنى؟ كۆڭۈلگە پۈككەن بىرنەچچە يەرلەر بار، ھەممىدىن قۇرۇق قالمىغىدۇق، دەپ ئەنسىرەيتتى قەرىخان.

— سەن ئارزىگۇل، يۈگۈر بىر قۇچاق مەڭگەن ئەكىرگىن، — دېدى ئۇ قىزىغا، ئەكبەر بىلەن يالغۇز قېلىش ئۈچۈن. قىز باغلاقتىن بوشىغان موزايدەك قىيغېتىپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

قەرىخان ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي ئەكبەر، دۇنيادىن يالغۇز ئۆتەمسەن؟ شۇنىلا ئېيتقىنا: مەنسۇرنىڭ قىزىغا ماڭايلىقمۇ، مەزىننىڭكىگىمۇ؟

— ھا - ھا - ھا. ھا. . . — ئەكبەر قاقاقلاپ كۈلدى،

— ئالدىرىما كىچىك ئاپا، ھازىر ئىشلار قاتىلاڭ، ئويلاشقا ۋاقىت چىقىپ قالار! — ئۇ چاپىنىنى كىيىپ تالاغا ماڭدى.

— سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن قىزى بار ئادەملەر. . . ھەي توختا، گەپنى ئۈزۈۋەت. . .

ئەكبەر قورۇدىن غورۇدىن ئاتلاپ چىقىپ كەتتى.

قەرىخان پېشايۋاندا تۇرۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ كۆتۈرۈلۈپ ۋارقىرىدى:

— ئەكبەر، ھەي ئەكبەر! ھېچ بولمىسا ناشتا قىلىۋېلىپ ماڭساڭچۇ!. . .

ئەكبەر قولاقچىسىنى غىجىملاپ تۇرۇپ يىراقتىن جاۋاب بەردى:

— كېلىمەن، چايغىچە ئايلىنىپ كېلىمەي...

قەرىخان ئۈمىدسىزلەندى. سەۋەبى بۇنداق ئايلىنىپ كېلىشنى ئۇ ياخشى بىلىدۇ. ئەكبەر كەلگەن كۈندىن باشلاپلا بۇ ئىشنى باشلىغان: ئۇ ياكى بىرسىنىڭ ئۆگزىسىنىڭ قارىنى ئاتىدۇ ياكى كىچىك ئەترەت كادىرلىرىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىدۇ. يە بولمىسا بىر يەردىن ئوغۇت چىقىرىدۇ، ھېچ بولمىغاندا ياشلارنىڭ كېلەر يىلقى مول ھوسۇللۇق ئېتىزىغا ھارۋا بىلەن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئوغۇت ئاپىرىپ تۆكىدۇ. بۇ ئىشلارغۇ مەيلى. قەرىخانغا ئەلەم قىلىدىغىنى بەزىدە راسا ياخشى تاماق تەييار بولۇۋاتقاندا «ئايلىنىپ كېلەي» دەپ چىقىپ كېتىپ كەلمەيدۇ. قەرىخان سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ سەۋەبىنى كېيىن بىلىۋالىدۇ. سەككىزىنچى ئەترەتتىكى بىرەر ئەزانىڭ زەيدىن ئۆرۈلگەن ئېغىللىرىنى يېپىش ئۈچۈن جاڭگالدىن ياغاچ ئەكەلگىلى كەتكەن ياكى كېسىكىنى توشۇشۇپ بەرگەن بولۇپ چىقىدۇ...

مانا ھازىر تېخى ئادەملەر كوچىغا چىقماستا يېزا كوچىسىدا ئەكبەر ئالدىراپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇ كىچىك ئانىسىنىڭ ئۆزى توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلاپ قالغىنىنى ئويلايتتىمۇ؟ ئۇنىڭ خىيالى سەككىزىنچى ئەترەتتە ئىدى.

ئۇنىڭ بالىلىقى ھازىرقى سەككىزىنچى ئەترەتتە ئۆتكەن. مەھەللىنىڭ ھەربىر سوقما تېمى، ھەر تۈپ قېرى ياغىچى، ئېتىز-باغلىرى ئۇنىڭغا دوستىنىڭ مىجەزىدەك ئۆز ئىدى. ئۇ ئاشۇ قەدىناس يېزىسىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلاندى. ئۆزىنىڭ بۇ يېزىلار توغرىسىدىكى شېرىن خىياللىرىنىڭ بوشقا كېتىۋاتقىنىغا چىدىيالمىدى. «سەككىزىنچى ئەترەتنى قوتقۇزۇپ قېلىش كېرەك» دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇلار ئازچىلىق ئىدى. يېزا بىلەن چوڭ ئەترەت رەھبەرلىكى سەككىزىنچى ئەترەتنى تارقىتىش، ئەزالارنى

كۆچۈرۈشنى ياقلايتتى. ئەكبەرنىڭ مانا بۇ توغرىدىمۇ ئۆز ئالدىغا پىكرى بار ئىدى. ئۇنىڭ پىكرى ھېلىقى ئازچىلىق بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۇنىڭغا نەرىخان:

— ئارىلىشىپ نېمە قىلىسەن، بىرىنچى ئەترەتنىڭ ئەزاسى بولغاندىن كېيىن مۇشۇ ئەترەتنىڭ ئىشىنى ئويلا. ۋاي - ۋۇي بىر ئەقلىڭ قايسى بىرسىگە يېتەتتى سېنىڭ؟ — دەپ كايىغاندا ئەكبەر كۈلۈپ:

— ئۆز مەيلىممۇ كىچىك ئانا؟ خىيالىمغا كىرىۋالسا قانداق قىلىمەن؟ مەن يېزىلار گۈللىنىدۇ دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. پۈتۈنسۈرۈك بىر مەھەللىنىڭ بىكاردىنلا زەيلىككە يەم بولۇپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ كۆرمەپتىكەنمەن، — دەيتتى.

ئەكبەر خېلى مېڭىپ چوڭ ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

چوڭ ئەترەت باشلىقى ئالدىراش ئادەم، سەھەرلىكى ئۆيدىن تاپمىسا ئۇ ئاتلىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. چارۋا ئەترىتىگە ياكى يېزىغا، ناھىيىگە كېتىپ قالسا ئىككى - ئۈچ كۈن كەلمەيدۇ. ئاڭغىچە بەزىلەر «چوڭ ئەترەت باشلىقىنىڭ رۇخسىتى» دەپ ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق قىلمىشقا سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەترەت باشلىقى زۇۋىرشاغا قارىغاندا، شۇ ئەترەتنىڭ ئامبارچىسى سۇلايمان گۆر - گۆر ناھايىتى ئۇستا...

راستلا چوڭ ئەترەت باشلىقى سەھەردە ئات توقۇۋاتاتتى. ئۇ ئەكبەرنى كۆرۈپ ھويلىسىدىن چىقىپ كەلدى. ئاسىم كۆيۈمچانلىقى، ئىشچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغان...

ئۇ ئۆزىمۇ ئەكبەردەك كۆپچىلىك ئۈچۈن سۆزلەيدىغان ئادەملەرنى، كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان، ئىشچان، قىزغىن ئادەملەرنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئەكبەرنى

كىچىكىدىن بىلىدۇ: ئاسىم شەھەر شاھاجىلارنىڭ قورۇسىدا ئۆكۈز قوشى تۇتۇپ، يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەندە ئەكبەر شۇ باينىڭ قويچىسى ئىدى. بىر باينىڭ مالايلىرى — بىر ئاشخانىنىڭ بىر چىنە قايناقسۇيىغا جىرىس ناننى بىللە چىلاپ، ھېجىرلاردا چاي ئىچىپ، ئەسكى پالازدا دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ بىللە دەرد تارتقانلارنىڭ ئارىسىدا قىلىشمايدىغان پاراڭلىرى قالسۇنمۇ؟... ئۇلار نۇرغۇن قېتىم سىرداشقانلار.

ئەكبەر كەلگەندىن كېيىن ئاسىم خۇشال بولدى. ئۇنىڭ ئاددىي ئەزا بولۇشنى تاللىۋالغىنىغا ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ: «يارايسەن، كىملىكىڭنى ئۇنتۇماپسەن» — دەپ ماختىدى. ئۇلار يەنە مۇشۇ يېقىنقى كۈنلەردە بېرىش - كېلىشنەردە بىللە بولۇشتى، بىر بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشتى، بىر بىرىنىڭ ئارزۇلىرىنى ئاڭلاشتى. لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقماي قالدى. بۇ پىكىرلەر سەككىزىنچى ئەنرەتنى كۆچۈرۈش توغرىسىدىكى قارار بىلەن «قاۋانلىق» نى ئىچىش توغرىسىدىكى پىكىرلەر ئىدى. ئاسىم: «بۆلۈم باشلىقى چىن، يېزا باشلىقى تۇرسۇنلاردىن سورىدىم. كىچىك ئەترەتنى كۆچۈرمەي قوتقۇزغىلى بولمايدىكەن» دېسە، ئەكبەر: «مەن يېزا پارتكوم شۇجىسى يولداش لى زۇڭخۇا بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇنداق قىلىش ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئەمەس» دەيتتى. ئاسىم: «ھازىر قاۋانلىقنى ئاچقۇدەك كۈچ يوق، كەلگۈسىدە ھۆكۈمەت ياردەم قىلسا بىر گەپ بولار» دېسە، ئەكبەر: «بۇ يىل ئەتىيازدىن باشلاپ يۈرۈش قىلساق قانداق؟ قىشچە پىلانلاپ چىقىشنى بىزگە تاپشۇرۇڭلار، يەرلەرنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولى مانا مۇشۇ» — دەيتتى.

بۇ ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئايرىم سۆھبەتلەردىن تالاش - تارتىشلارغا ئۆتتى. نەق مۇشۇ ئىشلاردا ئاسىمدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن كادىرلار، ئەزالار ئەكبەرنى قوللاپ ئاسىمنى ئوسال ھالغا

چۈشۈرۈپمۇ قويدى. ئاسىم بەزى كېچىلىرى ئۇخلىماي ھېسابلاپمۇ كۆردى، قانداق ھېسابلىسىمۇ شۇنچە كۆپ ئەمگەك كۈچى، خىراجەت سەرپ قىلىپ «قاۋانلىق»تىن يەر ئېچىشقا كۆزى يەتمىدى. ئەكبەر بىر كۈنى بىر يازما ماتېرىيال كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ماتېرىيالدا «قاۋانلىق»تىن ئۈچ مىڭ مو ئەتراپىدا يەر ئېچىشقا بولىدىغانلىقىنى، بۇ ئېچىلغان يەرنىڭ 70 — 80 پىرسەنتىگە شۇ يىلى شال تېرىش مۇمكىنلىكى، بىرنەچچە يىللىق جاپالىق كۆرەش ئارقىلىق «قاۋانلىق»نى تامامەن يەپ بولغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغانىدى. ئاسىم ئېچىلىدىغان، قۇتقۇزۇۋېلىنىدىغان يەر، ئېلىنىدىغان شال توغرىسىدىكى رەقەملەرنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. بىراق ئىشقا ئاشمىسا قانداق بولدى، كەتكەن خىراجەت ئۈچۈن كىم جاۋاب قىلىدۇ، مەنسۇرنى جازالىغاندەك مېنى جازالىسىچۇ!. . . دېگەن پىكىرلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىققاندەك بولدى. ياق، ئاسىم بۇ تەۋەككۇل ئىشقا يول قويمايدۇ، ئاسىم ئاسان يول بىلەن مۇنۇ كىچىك ئەترەتنى قۇتقۇزىدۇ: ئەترەتلەرگە پۇل تېپىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارغا تېرىشقا يەر، ئولتۇرۇشقا ئۆي - جاي تېپىپ بېرىدۇ — بولدى! يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا مەسلىھەت سېلىپمۇ كۆردى، يېزا باشلىقى تۇرسۇن يەنىلا ھازىرچە مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسىمنىڭ قۇلىقىغا: «ئەكبەرلەرنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشسا، چوڭ ئەترەتنىڭ پۈتۈن ھوقۇقى ئەكبەرنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ!» — دېگەن پاراڭ كىرىپ قالدى. «ئەكبەر راستلا ھوقۇق كويىدىمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئاسىم، — ياق، كادىر بولمىغان دېسە ئۇنىڭغا كەممۇ، بىز ئېرىشەلمىگەنگە ئۇ ئېرىشەلەيدىغۇ. . . بەلكىم ئېغىشىۋادۇر. . .» ئۇ يېقىن ئادىمى ھېكمەت ماگىزىنچى بىلەن بۇ توغرىدا سۆزلىشىۋېدى، ھېكمەت: «ئەكبەر ئەقىللىق يىگىت، ئىشنى پۇختا قىلىدىكەن. ئويلاڭا،

چوڭ ئەترەتتە ئاشۇ پىلانى ئىشقا ئاشسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىيدە كۆرسەتكەن خىزمىتى قوشۇلسا بىرىنچى يىلى چوڭ ئەترەتكە شۇجى. ئىككىنچى يىلى يېزىغا، بەش - ئالتە يىلدىن كېيىن گەپ يوق ناھىيىگە شۇجى بولۇپ ئۆسەلەيدۇ. بۇ ئورۇنغا ئادەتتىكى كادىرلىق ئورنى بىلەن ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ. ليەنجاڭ، ئاددىي ئەزا... ئاندىن... «مانا مۇشۇ يول بىلەن پەللىگە يېتەلەيدىغىنىنى ئۇ تازا بىلىدۇ...» — دېدى. ئاسىم ئۇنىڭ بۇ مۇلاھىزىسىگە راستلا قايىل بولدى. «ياق، ئەكبەرنىڭ پىلانى قەغەز يۈزىدىلا قالىدۇ» — دېدى ئۇ. «نېمە قىلىسىز تارلىق قىلىپ، — دېدى ھېكمەت، — بەربىر ياشلارغا قالىدۇ بۇ ئىش. مانا بىزمۇ ياشلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ مال سېتىپ يۈرىمىزغۇ، قولىڭىزدىن كەلگەن ياردەمنى ئۇنىڭغا ئايىماڭ!» لېكىن بۇ گەپلەر ئاسىمنىڭ دىلىدىكى غەشلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى...

ئاسىمنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ يەنە: «سەككىزىنچى ئەترەتتە ئاسىمغا قارشى ھەرىكەت قوزغىغان ئەكبەركەن، ئەترەتتە سۇلايماننىڭ خىيانەتلىرى دېگەن نېمىنى قوزغىغانمۇ ئەكبەركەن، ئەكبەر ئاسىمنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن مەنسۇرنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتۈپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى. ئاسىم بۇ گەپلەرگە دەرھال ئىشەندى. «مەنسۇرنىڭ دادىسى ئەكبەرنىڭ دادىسى بىلەن جاندوست ئۆتكەن، ئەكبەر ھازىر كېچەيۇ - كۈندۈز مەنسۇرلار بىلەن بىللە، دېمەك، مېنى ئاغدۇرۇشقا كىرىشىپتۇ، ياق، مەن ئۇڭايلىقچە باش بېرىپ قويمايمەن» — دەپ ئويلايتتى ئاسىم.

ئاسىم شۇ خۇلاسىگە كەلگەندىن كېيىن مانا ھازىر ئەكبەر بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئالدىدا يالاڭ ھەربىيچە چاپان كىيگەن، يۈزلىرى سوغۇقتا يېرىلغان، بېلىنى تاسما پوتا بىلەن چىڭ باغلىغان ياش يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— سالام ئاسىمكا، نەگە ئاتلاندىڭ شۇنچە سەھەردە؟

— ئىككى قورا قوي تېخى قىشلاقتا كۆچۈپ كەلمىدى. ئوت-چۆپلىرى قانداق، بىرنىمە قىپ كەلگىلى ماڭدىم.

ئەكبەر كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى ئاسىمغا ئېيتماقچى، ئىلاجى قىلىپ سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنى ساقلاپ قېلىش، ئەزالارنى تەشكىللەپ قىشلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ئەتىيازلىقتا «قاۋانلىق»قا يۈرۈش قىلىپ يەرلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكلىپ تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاسىملارنىڭ خىزمىتىگە ياردەم قىلماقچى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خۇشال ھالدا:

— ئاكا، سېنىڭ بىلەن سەككىزىنچى ئەترەت توغرىسىدا پاراڭلىشىشنى ئويلاپ كەلگەنىدىم. ئەترەت تارقىتىلىدىكەن دېگەننى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئەسكى بولدى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىمىز كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ زەيگە چۆكۈۋاتسا بۇنى كۆرۈش ئازاب ئىكەن ئاكا. بىر ئامالىنى قىلىپ مەھەللىنى، ئەترەتنى ساقلاپ قالايلى، مېنىڭ تەكلىپىم بار، ۋاقتىڭ بولسا. . .

— مەن ئۈچ كۈنسىز قايتمايمەن، — دېدى ئاسىم چىۋىلاڭنى تارتىۋېتىپ، — راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ ئىشىم تولا، ئۆلۈكنىڭ قولىنى ئۆتنە ئالغۇدەك بولۇۋاتىمەن، يا مەنسۇرنىڭ ئورنىغا بىرسىنى شۇجى قىلىپ سايلىمىدى ھەم چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشى ھەم ياچېيكىنىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەككىزىنچى ئەترەتتىكى ئەبلەغازىلارنىڭ غۇدۇراپ كەتكىنى. . . ئەترەتنى تارقاتمايمىز دەمدۇ، كۆچمەيمىز دەمدۇ، ئىشقىلىپ ئاسىمنىڭ نېمىنى قىلغىنىنى نېمە قىلمايمىز دەمدىكىن. . . ۋاي-ۋۇي. . .

— ئۇ يەردە راستلا مەسىلە جىق ئىكەن، — دېدى ئەكبەر گەپنى ئوچۇق قىلىپ، — ئەزالار ئىككىگە بۆلۈنۈۋاپتۇ.

— ئۇلارنى دەيدىگە سىلىقلىۋاتقانلا بار.

— بەزى ئىشلارنى دەرھال ھەل قىلمىسا بولمايدۇ، ئىسمىكا، چارۋا ئەترەتنىڭ ئىشلىرىغا باشقا بىرسى ماڭسۇن. سەن چوڭ ئەترەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتمىساڭ بولماس.

— قايسى چوڭ ئىشنى دەيسەن؟ بۇ يەردە قانچىلىك چوڭ ئىش بار ئىدى؟ ئاشلىق، مال - چارۋا، ئوت - چۆپ مانا مۇشۇ، نېمە قىلىدىغان يەنە نېمە بار دەيسەن. . .

— پومبىشچىكلار ئاشكارىلا ئۆي دەۋاسى، مۈلۈك دەۋاسى قىپتۇ. يېگەن - يېگەننىڭ، ئالغان - ئالغاننىڭ بولۇۋېتىپتۇ! ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان ئىشلار بار ئىكەن! سىنىپىي كۈرەش مۇرەككەپ. بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن كۆرۈشتۇق. سىنىپىي كۈرەشنى تۇتۇڭلار، ئىككى يول كۈرۈشىنى تۇتۇڭلار، — دېدى.

چوڭ ئەترەت باشلىقى ئىسىم قامچا سېپى بىلەن قولاقچىسىنى يۇقىرى ئىتتىرىپ قويۇپ:

— ئالدىرىما ئۇكام. قول سەل بوشىسۇن. ھېدىلشانىڭ ئۇكوزنى ئورغىسىنى ئاڭلاپ غەزىپىڭ راسا ئۆرلەپتۇ - دە! قار قىلىن چۈشكەندە قىلارغا ئىش قالمايدۇ، شۇ چاغدا ئۇنى نېمە قىلىمىز.

ئەكبەر گەپنى ئوچۇقراق ئېيتىشقا ئۆتتى:

— شەخسلەر تاپالىغان پۇلنى كوللېكتىپ نېمىشقا تاپالمايدىكەن؟ ئەزالارنى قىشلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەشكە نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئەترەتنى تارقىتىش، ھايانكەشلىك قىلىش، خىيانەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار پۇتلىشىپ يۈرسە، بۇلارنى نېمىشقا تۇتمايمىز؟ زىۋۇرشا باشلامچى بولۇپ شەخسىي ئوقەت قىلىۋاتىدۇ، سۇلايمان گۇر - گۇر ئەترەتنىڭ ئىقتىسادىنى بۇزۇپ چېچىۋاتىدۇ، يەنە. . . سەككىزىنچى ئەترەتنى قوتقۇزۇپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى

سىنىپىي كۆرەشنى چاڭ تۇتۇش. بۇ ئىشنى تۇتمىساق ھېچ ئىشنى
باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز.
— ۋاي - ۋۇي... ئەھۋاللارنى تازا ئىگىلەپسەن - دە؟ —
دېدى ئاسىم گەپنى بۆلۈپ ئاچچىقلاپ، — بۇ دېگەن يېزا، دېھقان
دېگەننىڭ خۇسۇسىي ئىشى بولىدۇ، قالاق ئەزامۇ، كادىرمۇ
بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىشلار بىزنى ئاغدۇرۇۋېتەر دەمسەن، قىشچە
تەربىيە بېرىمىز. يومبىشچىكلارنى كۆرەش قىلىمىز،
قومۇش ئورۇشنى دەمسىنا؟ بۇنى مەن يېزىنىڭ
يولىيورۇقى بىلەن قىلدىم.
— كىمنىڭ يولىيورۇقى بولسىمۇ توغرا ئەمەس، — دېدى
ئەكبەر، — ئويلىغىنا، زىۋىرشالار ئۈچ ئوغلى بىلەن قومۇش
ئورۇپ، ئەترەتنىڭ ئات - ھارۋىسى بىلەن شەھەرگە توشۇپ
سېتىپ، كۈنىگە 20 — 30 يۈەندىن پۇل تاپسا، كۆپچىلىك
ئەزالار چاي - تۇزغىمۇ پۇل تاپالمىسا، ئۇلار قومۇش ئورۇپ ساتاي
دېسە نەگە سېتىشنى بىلمىسە...
— زىۋىرشالار ساتقان يەرگە ساتسۇن.
— زىۋىرشانىڭ نەگە ساتقىنىنى كىم بىلسۇن!
ئەزالار ئەترەتنىڭ ئات - ھارۋىسىنى كاردىن چىقىرىشنى
ھەم خالىمايدۇ - دە!
ئاسىم گاڭگىراپ قالدى، ئۇنى دېمىسىمۇ سەككىزىنچى
ئەترەتتە گەپ ئاڭلايدىغان ئەزالار بىر پۇڭمۇ پۇل تاپالمىدى،
زوراۋان، بۆسكەكلەر بولسا قاقتى - سوقتى قىلىپ پۇل
تېپىۋاتىدۇ، بېيىۋاتىدۇ. بۇ بېيىشنى بەزىلەر كاپىتالىزم خاھىشى
دەۋاتىدۇ. مۇنۇ ئەكبەرنىڭ پىكرىمۇ شۇنداقكەن. ئەزالارنى
بىلگىنىڭنى قىل دەپ قويۇۋەتسە ئەترەتنىڭ ئات - ئۆكۈز،
ھارۋىلىرى ئۈچ كۈندىلا تۈگەيدۇ. قويۇپ بەرمەي دېسە ئەترەتنىڭ
ئەزاغا ياردەم قىلغۇدەك تۆت تەڭگە پۇلى يوق، كوللېكتىپ
ئىشلەپ پۇل تاپسۇن دېسە بۇنىڭ ئېغى بىلەن بېغى يوق ئىش.

. . مانا بۇ قالايمىقانچىلىقتىن ئەبلغازىلار پايدىلانماقتا. ئۇلار بۇ ئىشلارنى زىۋىرشا، ئاسىملارنىڭ ئەيىبى قىلىپ سۆزلىمەكتە. . .

ئەترەت باشلىقى ئاسىم شۇلارنى ئويلاپ ئىچىدە پىچىرلىدى: «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشتۇ بۇ! مېنىڭ ئەيىبىمنى ئىزلەشكە باشلىغان چېغى. ياق، مەن قارارىمنى ئۆزگەرتمەيمەن. . .»، ئۇ بىردىنلا ئېتىغا مىندى ۋە ئاچچىقلاپ:

— سەن، ئۇكام تېخى يېڭى كەلدىڭ. ئەھۋالنى تولۇق ئۇقمايسەن. ئالدىرمايراق ئىش قىلغىن. كېيىنچە بىلىپ قالىسەن! مېنىڭ ئورامنى كولاۋاتقانلارمۇ بار، — دېدى-دە، ئېتىغا بىر قامچا ئۇردى.

— ئاسىمكا! — ئەكبەر ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى، — سەن بىر پارتىيە ئەزاسى. نېمىشقا قورسىقىڭدىكىنى ئوچۇق ئېيتمايسەن!

لېكىن ئاسىمنىڭ يورغىسى قار تۇزۇتۇپ بىراقلاپ كەتتى.

«ئورامنى كولاۋاتقانلارمۇ بار. . .» ئەكبەر بۇ گەپنى تەكرارلىدى. «ئەجەبا، بىزنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن مەسلىھەتلىرىمىز، پىكىر ۋە تەنقىدلىرىمىز «ئورا كولاش» بولۇپ تۇيۇلدىمىكىنە؟ خەلققە كۆيۈنۈشى لازىم ئىدىغۇ؟ كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا باش قاتۇرۇش لازىم ئىدىغۇ؟ پارتىيىمىزنىڭ بىر ياچېيكىسىغا شۇجى بولغان ئادەم پارتىيىنىڭ ۋەكىلى. خەلقنىڭ پارتىيىگە ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ياخشى ئاڭلاپ، ياخشى ھەل قىلىش لازىم ئەمەسمۇ؟ ھەممىلا ياچېيكا شۇجىلىرى ئاسىمكامدەك پىكىرنى ئاڭلىماي، پەشنى قېقىپ كېتىۋەرسە دۆلىتىمىز نېمە بولىدۇ؟ پارتىيىمىز نېمە بولىدۇ؟ ياق، ئۇنىڭغا بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتىش كېرەك. مەسىلە بولسا، قىيىنچىلىق بولسا مەسلىھەت قىلىشقا، ياردەم ئېلىشقا ئىنتىلىش كېرەك. . . پارتىيە ئەزاسى بولغان ئادەم مۇشۇنداق ۋاقىتتا كارغا كەلمىسە، قايسى ۋاقىتتا كېلىدۇ؟

. . . ئۇنىڭ كالىلىسىدا يالغۇزلا پۇل بار، سىنىپىي كۈرەش ئېڭى

تۆۋەن. . . ئۇ خىيال قىلىپ كېتىپ بارغاندا يولدا ھېكمەت ئۇچرىدى. ھېكمەت ئۇنىڭ قوللىرىنى قىستى:

— ئۇكام ئەكبەر، مەن يېزىغا بىر ئىش بىلەن بارغانىدىم. يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭغا مەن: قارىماسىز، بىزنىڭ ئەترەت باشلىقى ئادەملەرنى خۇسۇسىي ئوقەتكە قويىۋەتتى، بۇ قانداق بولغىنى، كاپىتالىزمنى نېمىشقا چەكلىمەيمىز، دېدىم. يېزا باشلىقى تۇرسۇن: يۇقىرىنىڭ بولىيورۇقى بار، بۇ يىل قىشتىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇغىچە ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتتە سوتسىيالىستىك تەربىيە يۈرگۈزىمىز، — دەيدۇ، مانا بۇ خوش خەۋەرنى ئاڭلاپ. ھە دېسىلا كاپىتالىزم يولىغا يۈگرەيدىغان ھەيدەر، سونۇردەك ئادەملەرنىڭ بىر قۇر نوخۇلىسىنى ئېلىپ قويمىسا بولمايدۇ - دە!

— يېزا باشلىقى يەنە نېمىلەرنى دېدى؟ — دەپ سورىدى ئەكبەر.

— يەنىمۇ؟ قوشۇمچە - پوشۇمچە دېمەي شەخسلەرگە قويۇپ بېرىڭلار، بىزنىڭ شارائىتىمىزدا قىشتا يەككە ئىش قىلسىمۇ بولىدۇ، دېدى دەڭا. . . قاراڭ ئۇكام، بىزغۇ بىلمەيمىز، ئىچكى جەھەتتە بىرەر ھۆججەت بار ئوخشايدۇ، مېنىڭمۇ كاللامدىن ئۆتمىگەن، يېزا باشلىقى تۇرسۇن يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى بار دېگەندىن كېيىن بىر نېمە دېيەلمىدىم. . . يەنە بىر گەپ ئۇكام، ماگىزىنغا پوكۋاي ياغلىق، دوخاۋا كەلدى، قەرىخىندەمگە ئېيتىپ قويارسىز، ھەدىمىز سىزنىڭ غېمىڭىزدە، ھا - ھا - ھا. . . ئەتىگەندە دۇكان ئاچاي دەيمەن، بىر سائەت بولسىمۇ كۆپرەك سودا قىلاي، خەير، سالامەت بولۇڭ ئۇكام!. . .

ئەكبەر بۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن قاراپ بىرئاز توختاپ تۇردى - دە، ئاجايىپ ئادەم ھە، ئەترەتنىڭمۇ، ئەزالارنىڭمۇ غېمىنى يەيدۇ، . . بەلكىم كۆڭلى ياخشىدۇر، دەپ پىچىرلىدى ۋە ئالتىنچى كىچىك ئەترەتكە قاراپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

ئەخمەتجان تېخى ناشتا قىلمىغان. هويلىسىدىكى دۆۋىلەكلىك قىغنى قورۇ سىرتىدىكى «ئوغۇت ئورىسى»غا توشۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ دۈگىلەك يۈزىگە ياراشقان يۇمشاق قارا بۇرۇتى، قۇندۇز تۈكىدەك يالتىراپ تۇرىدىغان قويۇق قارا قاشلىرىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى جىمىرلايتتى. ئۇ ئەكبەردىن ئىككى ياش چوڭ، 1953 - يىلى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن بىرىنچى قېتىم يېڭىچە توي قىلغان. هازىر ئۇنىڭ تۇنجى قىزى ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇيدۇ. كەينى - كەينىدىن تۇغۇلغان ئۈچ ئوغلىمۇ ئانىسىدەك دۇمىلاق، كۈنگە قاقلىنىپ پىشقان ئاپروت ئالمىدەك مەغزى قىزىل. بۇ بالىلار شوخ، تېتىك، يېتىرقاشنى بىلمەيدىغان بالىلار. ئۇلار ئەكبەرنى كۆرۈپ چۇرقىرىشىپ يۈگرەشتى:

— دادا — دادا، ئەسكەر ئاكام كەلدى!

— بىزمۇ هارۋا سورىدۇق تازا!

ئەكبەر بالىلارنىڭ ئىككى كىچىكىنى ئىككى قولىدا كۆتەردى. چوڭى بولسا ئەكبەرنىڭ تاسما پوتىسىغا ئېسىلدى. ئەخمەتجان تەرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ قاقاقلاپ كۈلدى:

— ئۆيگىلا ماڭ، چاي تەييار، — دەپ پېشايۋاننى شەرەت قىلدى. ئەكبەر هويلىدىن بالىلارنى كۆتۈرۈپ سۈپىغا چىقتى. دالان ئىشىكنى ئەخمەتجاننىڭ ئايالى خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئاچتى:

— ۋەي چۈشۈڭلار، ئاكاڭلارنىڭ ئەگلىنى بۇلغاپسىلەر، — دېدى ئايال بالىلارنى تارتىپ.

— بۇلغانغۇدەك نېمىسى بارىكەن، — دېدى ئەكبەر، — بۇنداق بالىلار ئۈچۈن هەرقانچە ئېسىل كىيىملەرنىمۇ چۈشەك قىلىپ بېرەرمەن!

ئەخمەتجانمۇ، ئايالىمۇ، بالىلارمۇ كۈلۈشتى ۋە ئەكبەرنى

كاڭغا ئېپچىقىشتى، ئەڭ كىچىككى ئۇنىڭ تىزىغا جايلاشتى.
يېڭى داستىخان سېلىنغان جوزىغا دېھقان قىزىنىڭ يۈزىدەك
يالتىراپ ۋە مايلىنىپ پىشقان، جوزىغا بىرلا كېلىدىغان ئاق
نانلارنى قويغاندىمۇ، ئەكبەرنىڭ ئالدىدىكى ئاپقۇرغا ساھىبخان
چىنىلەردە ئۇشتۇلغان نانلارنى سېلىۋاتقاندىمۇ، ئەكبەر
پېشانىسىدىكى تەرنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ،
ئىككىنچى ئاپقۇر ئۈچۈن ھۇزۇرخالىق ئېيتىۋاتقاندىمۇ ئەكبەر
بىلەن ئەخمەتجان ئەترەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار
توغرىسىدىكى پاراڭنى توختاتمىدى:
— ئۇنۇم بېرىدىغان چارە تاپايلى، — دېدى ئەكبەر، —
ئاما بىزنى ھە دېگەندىلا قوللىماسلىقى مۇمكىن. ھە دېگەندە 60
پىرسەنتى قوللىسىلا بولدى. مېنىڭچە بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن. بىز
قىشلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇشقا ئەزالارنى
تەشكىللەيلى. بىرىنچى ئەترەتنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتەيلى.
ئۈلگىنى كۆرمىگىچە سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرى ئويغانمايدۇ.
ئاندىن كېيىن «قاۋانلىق»نى ئېچىش - ئاچماسلىق
توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلسۇن، مېنىڭچە كۆپچىلىك
جەزمەن ئېچىشنى قوللايدۇ.
— بۇنىڭدا گەپ يوق، — دېدى ئەخمەتجان بېشىنى
ئېرغىتىپ، — بۇگۈن چوڭ ئەترەتكە بېرىپ پاراڭلىشايلى،
ئاسىكام يوق بولسىمۇ كەچتە پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئاچايلى.
يىغىننى مەن باشقۇراي، ماتېرىيال ئۆگىنەيلى، ئىككىنچى
قەدەمدە ئاسىكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چوڭ ئەترەت بويىچە
كىچىك ئەترەت كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە چوڭ ئەترەت
كادىرلىرى قاتناشقان چوڭ يىغىن ئاچايلى. بۇ يىغىندا
مەسىلىلەرنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويايلى، كۆپچىلىك
مۇزاكىرىلەشسۇن. ئاخىرىدا بىر قارارغا كېلىپ
پارتكومغا سۇنايلى.

— مۇھىمى پارتىيە يىغىنىدا پارتىيە ئىچىدىكى خاتا خاھىشلارنى ئېچىپ تاشلايلى، ئەگەر خاتا ئىدىيىلەرنى ئېچىپ تاشلىمىساق، ئىدىيىۋى كۈرەشنى يولغا قويمىساق، ئۇ ھالدا ھەقىقىي ئىتتىپاقلىققا ئېرىشەلمەيمىز. مېنىڭچە ئاسىمكام بۈگۈن كەچتە ئېچىلىدىغان پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىغا جەزمەن قاتناشسۇن. ئۇ پارتىيە ئىچىدە ئۆز كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويسۇن.

— سەن ئەكبەر ھەدېسىلا سىنىپىي كۈرەش، ئىدىيىۋى كۈرەش دەيدىغان بولۇپ قاپسەن، — دېدى ئەخمەتجان چاقچاققا يۆلەپ تۇرۇپ، — بىلىپ قوي بۇ يەر يېزا، ھەربىي سەپ ئەمەس. ھەربىيلەرنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى جەڭ قىلىش. دېھقاننىڭ ئاشلىق تېرىش. سەن مىلتىق توغرىسىدا ئاز سۆزلە، كەتمەن توغرىسىدا جىقراق سۆزلە. شۇ چاغدا دېھقانلار سېنى ياقلايدۇ!

— دۈشمەن ھەممىلا جايدا بار، — دېدى ئەكبەر ئەخمەتجاننىڭ تەنقىدىگە نارازى بولۇپ.

ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە سۆزلىشىپ چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىغا يېتىپ كېلىشتى.

چوڭ ئەترەت ئىشخانىسى پومېشچىكلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان چوڭ دەرۋازىلىق قورۇغا جايلاشقان. كۈنگەيگە قارىتىلغان پېشايۋان ئاستىدا ئۇزۇن سۇپا، سۇپىنىڭ يۇقىرىسىدا قاپقىلىق قاتار دېرىزىلەر ۋە گۈللەر چېكىلىپ ياسالغان قوش قاناتلىق ئىشىكلەر تۇراتتى. چوڭ ئەترەت كاتىپىنى كۈتۈپ بىرنەچچە ئادەم سۇپىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇلار ئەكبەرنى كۆرۈپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئېگىز بوي، كەڭ كۆكسى يېرىم ئوچۇق يىگىت ئايرىلىپ چىقىپ ئەكبەرنىڭ مۈرىسىگە تاشلاندى:

— ھال سوراپمۇ باراي دېمەيسەن، ئۆيۈم ئۆرۈلۈپ چۈشتى

دېدى، تاپقان ـ تەرگىنىمنى تېرەك قىلىپ يۆرۈپ ئارانلا تۆت تېمىمنى دەم تۇرغۇزۇۋالدىم.

— ئاڭلىدىم سونۇر ئاداش، سېنىڭ ھالىڭنىمۇ، كىچىك ئەترەتنىڭ ھالىنىمۇ ئاڭلىدىم. موزاي ئاغرىسا ئانىسىنى داۋالاش كېرەك. يوپۇرمىقى سارغايغان دەرەخنىڭ يىلتىـزىدا دەردى بولىدۇ. مانا گەپ شۇ يەردە. كىچىك ئەترەتكە نەچچە رەت باردىم. ئەترەتنى دەپ پايپېتەك بولىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە سېنىڭ قارىڭ كۆرۈنمىدى. . .

ئەكبەرمۇ شۇ گەپلەرنى دېدى ـ دە، ئەخمەتجان بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. بايىقى سونۇر ئىسمىلىك يىگىت ئېڭىكىنى سىلاپ، خىيال سۈرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئىككى قوۋۇزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، كەمتۈك ئېغىزلىق، چا ساقال ئادەم پىخىلداپ كۈلدى ۋە پەرىجىسىنى قېقىپ تۇرۇپ دېدى:

— سەن سونۇر، ئاغىنەڭنىڭ گېپىنى چۈشىنەلىدىڭمۇ؟ ياغاچ سېتىشقا خەت ئالىمەن دەپ كەلگىنىڭنى بىرلا قاراپ بىلىۋاپتۇ. كىچىك ئەترەتنىڭ غېمىنى يېمەي ئۆزۈڭنىڭ پاشىسىنىلا قورۇيسەن، دەپ سېنىڭدىن ئاغرىنىۋاتىدۇ. خى ـ خى. . .

— ۋاي ـ ۋۇي. . . مۇنۇ پۇرۇمچوقاينىڭ مەمەدانلىقىنى، — دېدى سونۇر قىزىرىپ، — سېنىڭ تىلماچلىقىڭ قىرچاڭغۇنىڭ قاتىرىشىدەك خويما جېنىمغا پاتتا!. . .

— ئۇنى دېمىسىمۇ راستتە! — دېدى يەنە بىر كىشى، — موزاينىڭ قورسىقى ئاغرىسا ئانىسىغا ئاداپ بېرىپ ئىچىنى تازىلىساڭ جۆندىلىدۇ. دەرەخنىڭ يىلتىـزىغا ئوغۇت بېرىپ، ۋاقتىدا سۇغىرىپ تۇرساڭ يوپۇرمىقىمۇ تەڭگىدەك يالتىـراپ تۇرىدۇ. كىچىك ئەترەتنىڭ ئىشى جۆندەلسە، سەن سونۇرنىڭ ئۆيىمۇ قىيسايمايدۇ ـ دە!

سونۇر بۇ قېتىم ھومايدى، ئالدىراپ موخۇركا ئوراشقا

تۇتۇندى. بۇ گەپلەر بىلەن ئاخشام يېزا ئوقۇتقۇچىسى پاتمەنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى بىر يەردىن چىققاندى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سونۇرنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش كويىدا يۈرۈپ، ئەترەت ئاكتىپلىرغا كۆز قىرىنى سالمىغانلىقى يېقىنلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. ھەممىدىنمۇ مۇنۇ ئەكبەرنىڭ سۆزلىرىدىن سونۇر نۇرغۇن مەنىلەرنى چۈشەندى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كالىنى مىسالغا ئېلىشى ئۇلارنىڭ كىچىككىنە بىللە پادا باققانلىرىنى، دەرەخنى مىسالغا ئېلىشى سونۇرنىڭ ھازىر ياغاچ سېتىپ ئۆي ئېلىش كويىغا چۈشكەنلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئىدى. سونۇر ئەكبەرنىڭ سۆزلىرىدىن مۇنداق خۇلاسە چىقاردى: «سەن ھەمراھلىرىڭدىن چەتنەۋاتىسەن، بۇ چەتنىگىنىڭ يولدىن ئازغىنىڭ!...»

ئۇ خەت ئېلىشتىن يالتايدى، راستىنى ئېيتقاندا ئىشخانىغا كىرسە بايىقىدىنمۇ ئاچچىق سۆزلەرنى ئاڭلايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ كەچ كىرگىچە شۇنىلا ئويلىدى: ئەترەتكە زىيانلىق ئىش قىلمىدىم، باشقىلار قىلمىغاننى قىلغىنىم يوق، مېنىڭ خاتالىقىم يوق، ئەكبەرنىڭ دارىتما گەپ قىلغىنى نېمىسى - ھە؟...

شۇ كۈنى ئاخشىمى پۈتۈن ئەترەت بويىچە پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى. بىر ئاتلىق ئادەم چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسمنى باشلاپمۇ كەلدى. پارتىيە ئەزالىرى تاڭ ئاتارغا يېقىن تارقىلىشتى. يىغىندا نېمىلەر دېيىلگەنلىكىنى ئەلۋەتتە سونۇر بىلمەيدۇ. ئۇ ئەتىسى سەھەرلىكى ئىككى ئادەمنى كۆردى. ئۇنىڭ بىرسى ئەكبەر — ئۇ ئالدىراپ سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەترەت باشلىقى زۇۋرشانىڭكىگە كىرىپ كېتىپ باراتتى، يەنە بىرسى چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسم — ئۇ قولاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ يېزا تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ باراتتى...

# ئۈچىنچى باب

چوڭ ئەترەت ماگىزىنى ئادەملەر دىدارلىشىدىغان، قىزىق پاراڭلار بولىدىغان، يېڭىلىقلار پۈتۈن مەھەللىگە تېز تارقىلىدىغان جاي.

ماگىزىن چوڭ ئەترەتنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. مەھەللىلىرى ئۈزۈك - ئۈزۈك بۇ تارقاق يېزىدا مۇشۇ بىرلا ماگىزىن بار. بۇ ماگىزىننىڭ ئالدىدىكى سەيناغا موما ياغاچلار بېكىتىلگەن، بۇ ياغاچلارغا دېھقانلارنىڭ ئات - ئۆكۈز، ئېشەكلىرى باغلىنىدۇ، پېشايۋان ئاستىغا ئۇزۇن تاختايلاردىن بەندىڭلەر ياسالغان، بۇ يەردە پاراڭچىلار ئولتۇرۇشۇۋېلىپ پاراڭلىشىدۇ. مانا بۇ موما، بەندىڭلەرنى ماگىزىنچى ھېكمەت ئۆزى ياساتقان. ماگىزىنچى خېرىدارلارنى كۆزدە تۇتۇپ سىڭدۈرگەن بۇ ئەمگەكلىرى بىلەنمۇ، سىپىلىق، خۇشخۇي مۇئامىلىسى بىلەنمۇ، بۇ يېزىلاردا كەم ئۇچرايدىغان ئاجايىپ كۈلكىسى ۋە چاقچاقلىرى بىلەنمۇ، چوڭغا - چوڭچە، كىچىككە - كىچىكچە، ئۆز يولى بىلەن قىلىدىغان ئۆلپەتچىلىكى بىلەنمۇ ئادەملەرنىڭ ئېتىبارى ۋە رازىلىقىغا ئىگە. بۇ ماگىزىندا شۇنداقمۇ ئىشلار بولىدۇ: بىرەر ئايال سېۋەتكە لىقمۇ - لىق تۇخۇم سېلىپ ئەكىلىدۇ، ھېكمەت ئۇنى بەشتىن - بەشتىن سانىۋېلىپ پۇلىنى ھېسابلايدۇ، خېرىدارنىڭ پۇلىغا چاي، سوپۇن، كېرسىن، كەمپىت، تۈگمە... قاتارلىق نەرسىلەرنى ھېسابلاپ بېرىدۇ. خېرىدار ئايال خۇشال بولۇپ قايتىدۇ. ئەتىسىلا سەھەردە ھېكمەت ئۇلارنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولىدۇ - دە:

— كېچىچە قايتىدىن ھېسابلاپ باقسام سىزنىڭ يەنە سەكسەن پۇڭ پۇلىڭىز قاپتۇ، — دەپ نەق پۇل بېرىدۇ. خېرىدار نېمىلا

بولمىسۇن ھېساب ئىشى بولغاندىن كېيىن رەھمەت ئېيتىپ پۇلنى ئالىدۇ ۋە ماگىزىنچىنىڭ لىللالىقى ئۈستىدە ھېكايىلەر توقۇلىدۇ. بۇنداق ئىشلار پات - پات بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ بەزىدە ئاق قەغەزگە ئەنە شۇنداق «ئاشقان پۇللار» توغرىسىدا ئېلان چىقىرىپمۇ تۇرىدۇ...

— كۆڭلىدە كىرى يوق، نەپسىنى يىغىۋالغان ئادەمكەن، — دەيدۇ بەزىلەر.

— كىم بىلىدۇ، تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بارمۇ تېخى، — دەيدۇ يەنە بەزىلەر.

ئىشقىلىپ ماگىزىنچىنىڭ زىيىنىنى كۆرگەنلەر تېخى كۆرۈلمىگەچكە ئۇنى يامان دېگۈچىلەر يوقنىڭ ئورنىدا.

بۈگۈن يېزا ماگىزىنى بازارغا ئايلاندى. موما ياغاچلاردىكى ئات - كالىلارمۇ، بەندىڭ ۋە پوكەيلەردىكى ئادەملەرمۇ كۈندىكىدىن كۆپ. ھىكمەت بولسا قولى - قولىغا تەگمەي سودا قىلماقتا. قولاقچىسىنى تەتۈر كىيگەن، كىچىك كۆزلىرى قىزىرىپ، لەۋلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغان، ئورۇق، ئېگىز ئادەم ئاغزىنى بوزۇپ، قىسىلىپ ئۆتۈپ، پوكەيگە پوكىنىنى قويۇپ مۇكچەيدى ۋە تۆش يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇل چىقىرىپ سانىمايلا ماگىزىنچىغا تەڭلىدى.

— مە، ھەي. مانىڭغا ھاراق بەرگىنە!

— كىچىككىنە تەخىر قىل ئىنىم، — دېدى ماگىزىنچى كۈلۈمسىرەپ.

— ھوي، نەپسىم تاقىلداپ كېتىۋاتسا تەخىر قىل دەيسىنا؟ بەرمىسەڭ تولۇق - پۇتۇك بىلەن كۆتۈرۈپ ماڭىمەن جومۇ!

ماگىزىنچى كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ھەي سۇلايمان، باشقىلارنىڭ سېنىڭدىن قاقشىغىنى بىكار ئەمەسكەن - دە، قارا بۇنىڭ نەپسىنى!

كەينىدىن بىرسى ۋارقىرىدى. سۇلايمان گۇر - گۇر قارىماي

تۆرۈپلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى ۋە:

— يېسەم ئاناڭنىڭ ساندۇقىدىكىنى يېمىدىم، ئىككى بېنەكنىڭ كۆچى! — دەپ ۋارقىرىدى.

— زىغىرنى هاراقتا تېگىشىپ ئىچىپ بولدى دېگەن گەپ راستكەن . دە، مانا قارا!

— ئاناڭ راست! — سۇلايمان ئۇنىمۇ تىللىدى.

— هەي گۆر . گۆر، ئەمدى قومۇشىمۇ ساتالمايسەن، هاراقىنىمۇ ئىچىپ بولدۇڭ، ئەمدى جاجاڭنى بېرىدىغۇ!

سۇلايمان بۇ قېتىم كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇ سۆزلىگۈچىگە ئالايدى. بۇ سۆزلىگۈچى سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەزاسى ئىمىر داپچى ئىدى.

— ۋۇي، تىلىڭ ئېقىپ چۈشسۇن، — دېدى سۇلايمان قېلىن يۇڭلۇق قىسقا جۇۋىسىنى كەينىگە سىلكىپ، — بىلىپ قوي، مەن زىۋىرشا ئەمەس، مەن سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئامبارچىسى سۇلايمان گۆر . گۆر! قېنى كىم ماڭا چېقىلىدىكەن، ئۇتتۇز ئىككى چىشىنى ئالقىنىغا ساناپ بېرىمەن!

— هەي، بىكار گۆركىرىمىسەڭچۇ، — دېدى ماگىزىنچى ئۇنىڭ پۇلىنى ساناپ، — ئالىدىغىنىڭنى ئېلىپ يوقالغىنا، كىمنىڭ چىشىنى چاقالايسەن، ئىمىرنىڭ گېپى راست، هوشۇڭنى تاپ، خوسۇسىي قومۇش سېتىپ ئوقەت قىلىشنى توختات، سەن كاپىتالىزم يولىدىن تېز قايت . هە!

— سەنمۇ شۇنى دەمسىنا، ماقۇل، قېنى كۆرەيلى. قاچام يوق، ئاۋۇ چەينەككە قۇيغىنا، يامىنى كەلسە چەينەكنىڭ ئۇچۇنىمۇ ئاقچا ئالارسەن! — دېدى سۇلايمان هىكمەتنى ئالدىرىتىپ.

پۇكەيدىكىلەرنىڭ دىققىتى سۇلايماندا. بۇ يەرلەردە مۇنداق ئاشكارا هاراق ئىچىپ يۈرىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا بولغاچقا بەزىلەر نەپرەت بىلەن، بەزىلەر بولسا بىرەر قىزىق ئىش چىقىسكەن، دەپ ئۇنى چۆرىدىۋالدى ۋە ئۇنى گەپكە سېلىش

ئۇچۇن ئاغزىنى ئاتىلايدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى:
— سەن كاپىتالىزم يولىغا راستىنلا ماڭدىڭمۇ - ھەي،
ئۇنداق بولسا خەيرلىشىۋالايلى!
— سۇلايمان، ئەترەتنىڭ تارقالغىنىغا خاپا بولۇپ
ئىچەمسەن، ياكى يېڭى جاينىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈنمۇ؟
— ئەلۋەتتە خۇشاللىقى ئۈچۈن - دە، ئەترەتنى
تارقاتسا بۇنىڭ يېگىنى يېگەن، چاچقىنى چاچقان بولۇپ
ھەممىسى سالۋاتقا كېتىدۇ!
— ئەترەتنىڭ تارقالغىنىمۇ، يېڭى ئۆيگە
يېتىشكىنىمۇ بۇنىڭغا خۇشاللىق ئىكەن - دە، بىراق
بۇنىڭ مەنسىپى كىمگە قالىدۇ؟
سۇلايمان قايسىبىرىسىگە جاۋاب بەرسۇن؟ ئۇ چەينەكنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇمىكىدىن غورت - غورت قىلىپ ھاراق
ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىككى جاۋغىيىدىن ھاراق سىرغىپ
ئېقىپ، جۇۋىسىنىڭ ياقىسىغا تامچىپ تۇراتتى.
— بولدى ھوي! — ئىمىر ئۇنىڭ قولىدىن
چەينەكنى يۇلۇۋالدى.
— ئەكە دەيمەن، ھەي باخشى! — دەپ ئۇنىڭغا قولىنى
سوزدى سۇلايمان، — ئامبارچىلىقىمنى ئالساڭمۇ ئال، چەينەكنى
ئەكەل!
ئىمىر ئۇنىڭغا چەينەكنى تۇتقۇزدى - دە، غەزىپى ئۆرلەپ:
— ھوي، سېنىڭ قەيىرىڭ ئەترەت كادىرى؟ قارا،
خىزمەتنى ھاراققا تەڭ قىلمايۋاتقىنىڭنى! — دەپ سىلكىدى.
ھېكمەت ماگىزىنچى سودا قىلىۋېتىپ ۋارقىرىدى:
— ھوي گۆر - گۆر، سېنى ھەيدىگىلى نىكەم، نېمىگە
ئەزمەڭنى ئېزىپ يۈرسەن، قارا سېنى، بىرلا تەبقىد بىلەن
ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتكىنىڭنى! بىلەمسەن، تەنقىد ساڭا دورا، ھاراق
خۇمارى بولغىچە، تەنقىد خۇمارى بولساڭ بولماسمىدى؟ ماڭ

يوگور، يولوڭدىن قالما!

سۇلايمان ماگىزىنچىنى ھۆرمەت قىلغانلىقتىنمۇ ياكى ئۇ ئادەم ئورۇنلۇق گەپ قىلغانلىقتىنمۇ ئادەملەر ئارىسىدىن قىسىلىپ چىقىپ چەينىكنى پولدۇڭلىتىپ، سەنتۈرۈلۈپ ئېتىغا قاراپ ماڭدى...

ھېكمەتنىڭ «تەنقىد» دېگەن سۆزىدىن ئادەملەر: ئاخشام سۇلايمان تەنقىد يەپتۇ، دېگەن مەنىنى چۈشەندى ۋە سۇلايماننىڭ كەينىدىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— سۇلايماندەكلەرگە تەنقىد كار قىلامدۇ؟ دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ قىلمىغانلىرى ئاز قالدى!

— ئوتنى پۈلىسە تۇتۇشىدۇ، سۇنى قىنسا ماڭىدۇ. چېكىنىۋەرگەن بىلەن «قاۋانلىق» بېسىپ كېلىۋېرىدۇ. بۇ يىل سۇلايمانلارنى قوغلىغان بولسا، كېلەر يىلى بىزنى قوغلايدۇ. خەلق ئىچىدە «قاۋانلىق» بىلەن بىر ئېلىشاق دېگەن ئارمان بار ئىدى. ئېلىشاق دېگەنلەر بىلەن چېكىنىۋېرەيلى دېگەنلەر بىر تالاش - تارتىش قىلىشىپ باقسۇن، ئەمما مەن ئېلىشاق دەيدىغانلارنىڭ قاتارىغا تىزىلىمەن جۇمۇ!

— زىۋەرشا، سۇلايمان دېگەنلەر «قاۋانلىق»تىن قېچىش ئۈچۈن كادىر بولغان تۇرسا، «قاۋانلىق» بىلەن ئېلىشىمىز دېگەن گەپ ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا خۇش ياقاتتىمۇ!...

بۇ گەپلەرنى سونۇر تولۇق ئاڭلىدى. ئۇ بىر نېمىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئالدىراپ ئۆيىگە ماڭدى.

ئۇنىڭ ئۆيى سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ قومۇشلۇققا تۇتاشقان تەرىپىدىكى ئارقا كوچىدا ئىدى، بۇ ئۆي بېغى بىلەن يەر ئىسلاھاتىدا غەلىبە مېۋىسى قىلىپ سونۇرغا بۆلۈپ بېرىلگەن. بۇ قورودىكى ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ئىككى ئېغىزى تاختايلىق، دېرىزىلىرى كۈنگەيگە قاراپ تۇرىدۇ. باغنىڭمۇ تېرەك، قارىياغاچلىرى قويۇق تەرىپى سونۇرغا تەگكەندى. سونۇر بۇ

چوڭ قورۇدا تەنها ئۆزى تۇراتتى، ئۇ بۇ يىل ئۆيلىنىش نىيىتى بىلەن ئۆگزىگە لاي سالدى، ھەتتا تاملىرىنىمۇ سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاپ چىقتى. قورۇق تاملىرىنىمۇ چىتلاپ، شاخ - شۇمبىلىرىنى پۇتاپ چىقتى. كۈتۈلمىگەندە مەھەللىگە زەي يېتىپ كەلدى. قىرىشقاندەك تېخى سونۇرنىڭ كوچىسىدىن باشلاندى. سونۇرنىڭ يان قوشنىسى ئالىقاچان ئۆيىنى تاشلاپ كۆچۈپ كەتتى. كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قوشنىسى شەرىخان ئىسىملىك تۇل ئايال ئۆيىگە تېرەكلەرنى قويغۇزۇپ تېخىچە ئولتۇرۇۋاتىدۇ.

لېكىن سونۇرنىڭ بۇ زەيگە بولغان غەزىپى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن كۈچلۈك. سەۋەبى بىرىنچىدىن، سونۇر بۇ يىل مۇشۇ ئۆيدە توي قىلماقچى ئىدى، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ جايى بولۇپ باقمىغان، پەقەت كومپارتىيىنىڭ شەپقىتى بىلەن مۇنداق تاختايلىق جاي، باغ، مال - ۋاران ۋە ئۆي - ئەنجامغا ئىگە بولغان سونۇردەك ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قورۇسىدا توي قىلىش ھاياتىدىكى چوڭ ئىش، ئۆزگىرىش، يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. ئىككىنچىدىن، سونۇرنىڭ قورسىقىدا نۇرغۇن پىلانلىرى بار ئىدى: پات يېقىندا، ئوقۇتقۇچى پاتىمە بىلەن توي بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ قورۇنى ئاۋات قىلىپ چۇرۇقلىشىدىغان باللىرى بولىدۇ، سونۇر مۇنۇ دەرۋازا ئالدىدىكى بىكار يەرگە قورۇق چۇرۇپ مەخسۇسلا ئالما ئۆستۈرىدۇ. باغنىڭ شىمال تەرىپىدىكى چوڭ قوي قوتىنىنى تۈزلەپ ئۈزۈم تىكىدۇ، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا سۇپا چىقىرىپ يازلىق چايخانا قىلىدۇ، چايخانا ئالدىغا قىزىلگۈل، ئەتىر گۈل، سىرىن گۈللەرنى تىكىۋېتىدۇ. بېغىدىن بۇلبۇل، كاككۇكلارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ گۈپۈلدەپ گۈل پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. سونۇر قالغان ئۆمرىنى پاتىمە ۋە باللىرى بىلەن مۇشۇ قورۇدا باياشات، پاراۋان، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدۇ. . .

لېكىن مۇنۇ زەي ئۇنىڭ شېرىن خىيالىنىمۇ، كۆزى يېتىپ

تۇرغان پىلانلىرىنىمۇ نېرى ھەيدىۋەتتى. سونۇر بەزى كۈنلىرى ھېلىقى يازلىق چايخانا چۈشىدىغان جايغا بېرىپ خىيالغا بېرىلگەندە، جۈپ كېپىنەكلەرنى قوغلاپ رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئارىسىدا يۈرگەن بالىلىرى خۇددى ھاياتتەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى، ھەتتا بۇلبۇلنىڭ چاڭقىلدىغان ئاۋازى قۇلىقىغا ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. سونۇرنىڭ قارىشىچە بۇلار خىيال ئەمەس، يېقىن كەلگۈسىدىكى ھاياتى ئىدى.

مۇنۇ زەي ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھاياتىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. سونۇرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. .

لېكىن سونۇرغا ئۇزاق غەم قىلىشقا توغرا كەلمىدى. توققۇزىنچى كىچىك ئەترەتتە خۇددى مۇشۇ جايدەكلا خالى، ئازادە، چوڭ بىر قورو چىقىپ قالدى. قورۇنى بولسا ھېكمەتنىڭ ئوغلى روزىمەت تېپىپ كەلدى. سونۇر خۇشال بولۇپ پاتىمەگە مەسلىھەت سېلىۋىدى، پاتىمە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— دېھقاننىڭ ئائىلىسى يېزا. ئۇنىڭ خۇشاللىقىمۇ، قايغۇسىمۇ مۇشۇ چوڭ ئائىلە بىلەن بىللە بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئۆي - ئوقەتمۇ كېرەك. بەزىلەر كىچىك ئەترەتنى تارقىتىمىز دەپ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقاندا سىز باشلامچى بولۇپ كۆچۈپ بەرسىڭىز ئەمەلىيەتتە كىچىك ئەترەتنى تارقىتىمىز دېگۈچىلەر تەرىپىدە تۇرغان بولىسىز. . .

— بىزگە بەرىبىر ئۆي كېرەكقۇ، — دېدى سونۇر ئاچچىقلاپ، — مەن سىزدىن باشقا ياردەم تەلەپ قىلمايمەن، كۆچىدىغان ئۆينى كۆرۈپ بېقىڭ دەيمەن!

— ئەترەت قىيىنچىلىقتا تۇرغاندا سىزگە چۈشەك بولۇۋالغان ئۇنداق ئۆيىنىڭ لازىمى يوق! — دېدى پاتىمە ئاچچىقلاپ.

— بوپتۇ، — دېدى سونۇر بۇرۇلۇپ مېڭىپ، — سىزدىن كەلگەن ۋاپا شۇنچىلىك بولسا؟!

— سونۇر!

لېكىن سونۇر كەينىگە بۇرۇلۇپمۇ قويمىدى ۋە ھېچكىمگە مەسلىھەتمۇ سالماي ھېلىقى جاينى ئېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ بۈگۈن بايىقى «ئۇلار قېچىش ئۈچۈن كادىر بولغانلار تۇرسا. كۆپچىلىكنىڭ پىكرى قۇلىقىغا خۇش ياقاتتىمۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ قايتىشىمۇ ئەنە شۇ جاي ئۈچۈن ئىدى.

ئۇ تاملىرىغا تېرەكلەر تېرەلگەن جاينىڭ دەرۋازىسىنى كۆڭۈلسىزلا ئاچتى. دەرۋازىنى ئېچىشى بىلەن ھويلىدىن كاڭشىپ بىر قانجۇق ئېتىلىپ چىقتى، سونۇر تۇيۇقسىز چىققان ئىتتىن چۆچۈپ دەرۋازىغا يۆلىنىپ قالدى، ئۇ قانجۇقنىمۇ، ئۆزىنى مۇشۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچار قىلغان زەيىنىمۇ تىللىغىنىچە ئۆيىگە كىردى. ئاشخانا ئۆيىگە قارىۋىدى، بۇلۇڭلىرى ئاجراپ كۆك ئاسمان كۆرۈنۈپ قاپتۇ. سارىيىنىڭ تېمى بەل يېرىمىغىچە زەي، مەزمۇت تاختايلىرىغا قارىۋىدى، تاختايلارمۇ نەمدىن مەڭدەشكەن، ئۆينىڭ ئىچىدىن گۆپۈلدەپ زەي پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ دالان ئۆيىگە چىقىپ داگۆرغا ئىلىقلىق تۇرغان كالا گۆشىنى ئېلىپ پالتا بىلەن چاناپ پارچىلىدى ۋە قازانغا تولدۇرۇپ سالدى - دە، مەشكە كۆمۈر سالدى. ئۇ روزىمەتنى باشلاپ كېلىپ، چۈشتە گۆش بىلەن مېھمان قىلىپ، ئىككىسى بىللە ياغاچ ھەرىدىمەكچى ئىدى. ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، بىرسى ئىشىك ئىلغۇرىنى شاراقلاتتى. سونۇر دالانغا چىقتى - دە، قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەزىزخان ئىسىملىك ماشىنىچى چوكان تۇراتتى.

— قېنى ئۆيگە، — دېدى سونۇر ھودۇقۇپ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى چوكان كالىچىنى سېلىۋېتىپ، — دېمىسىڭىزمۇ مېھمان بولغىلى كەلدىم!

سونۇر نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئەزىزخان شەھەردىن چىققان ماشىنىچى ئىدى. ئۇ ھېكمەت ماگىزىنچىنىڭ خوتۇنىغا

تۇغقانمىكىن، بۇ تەرىپى سونۇرغا قاراڭغۇ. لېكىن بۇ چوڭ
ئەترەتتە بۇ چوكاندەك ئۇستا ماشىنىچى يوق. ئۇنىڭ سىيلىق
مۇئامىلىسى، باھا تالاشماسلىقى، ئىشنى چىرايلىق ۋە سىڭىشلىك
قىلىشى، ئۆزىنى تۇتۇشى، پاكىزە - چىرايلىق ھۆسنى - جامالى
مەھەللىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىناتتى. بۇ ئايالنىڭ ياخشى گېپىنى
سونۇر كۆپ ئاڭلىغان. «ئەرنى باي قىلىدىغان خوتۇن دېگەن
مۇشۇ - دە» دەپ ئويلايتتى سونۇر بۇ ئايال توغرىسىدىكى
ماختاشلارنى ئاڭلاپ.

ئەزىزخان سونۇردىكى ئوڭۇشسىزلىقنى بايقىدى. ئۇ كۈلۈپ
قويۇپ، كېلىپ تۇۋاقنى ئاچتى:

— پاھ، تازا ۋاقتىدا مېھمان بولۇپ كەپتىمەن - دە!
يۇگۇرۇك، بېرىپ پاتىمە مۇئەللىمنى باشلاپ كېلىڭ، ئۆيىمىزدە
بىللە مېھمان بولايلى، — دېدى ئايال شىرىق چاپىنىنى
سېلىۋېتىپ. سونۇر گەدىنىنى سىيلىدى:

— پاتىمەمۇ؟ ئىشى ناھايىتى ئالدىراش...

— ۋىيەي، سىز بىر بويتاق، مەن بىر تۇل ئايال قانداق
مېھمان بولىمەن ئەمىسە؟

— خالىسىڭىز شەرىخان چوڭنامنى چاقىرىپ قويay، —
دېدى سونۇر تالاغا مېڭىپ.

— توختاڭ! — دېدى ئەزىزخان سونۇرنىڭ چاپىنىدىن
چىمدىپ تۇتۇپ، — مەن سىز بىلەن بىر ئىش توغرىسىدا
سۆزلەشكىلى كېلىۋېدىم.

— نېمە ئىش؟

— ھېلىقى جايىنى ئالمايدىغان بولغان ئوخشايسىز، راست
شۇنداق بولسا مەن ئالاي دېۋېدىم.

— بىر جېنىڭىزغا شۇنچە چوڭ قورۇنىمۇ؟

— ئايال قاقاقلاپ كۈلدى:

— سىزمۇ بىر جانغۇ، سىزگە ئارتۇقلۇق قىلمىغان جاي

ماڭىزە. . .

— پۇلىڭىز نەقمۇ؟ ئۆي ئىگىسى نەق پۇل دەيدۇ!

— نەق پۇلسىز جاي ئالغىلى بولاتتىمۇ؟ — دېدى ئايال ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق. مەن مۇشۇ يېزىغا كۆچۈپ چىقىۋالماقچىمەن. جايىنى كۆرۈپ كۆيۈپلا قالدىم. سىز ئالمىسىڭىز ھازىرلا پۇلىنى تۆلەيمەن.

سونۇر خىيال سۈرۈپ قالدى. «ناھايىتى ئون كۈنلا قومۇش ساتسام كەم ئاقچىسى تولاتتى، خەپ، مۇنۇ ئايالنىڭ بەسلىشىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان! . . .»

— ئۆزىڭىزنىڭ ئالغۇڭىز بارمۇ ـ يە؟

— ئوتتەك ئالغۇم بار. — سونۇر راست گەپنى ئېيتتى. — ئازراقلا ياغاچ ـ تاش بىلەن قومۇش ساتسام كېمى تولاتتى. ئون كۈن تەخىر قىل دېسەم ئۆي ئىگىسى زادىلا كۆنمىدى.

— قومۇش سېتىشتىن ئۈمىد قىلماڭ، — دېدى ئەزىزىخان، — ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ كىم قومۇش ئورۇپ ساتسا مۇسادىرە قىلغۇدەك، ياغاچ سېتىشقا چوڭ ئەترەتمۇ قەغەز بەرمىگۇدەك، ئاخشام ئەزالارنى كۆچۈرۈش، كىچىك ئەترەتنى تارقىتىش توغرىسىدىكى قارار كۆچىدىن قالدۇرۇلۇپتىغۇ!

— قومۇشنى ئورۇپ قويغان، ياغاچنى كېسىپ قويغان، مېنىڭ ئۆيۈم ئۆرۈلگىلى باشلىدى، ئەتىيازغىچە كۆچمىسە بولامدۇ، قارىمامسىز؟

— راست، سىزنىڭ ئۆيىڭىز توگەپتۇ. قاراڭ مۇنداق قىلايلى بولمىسا، قانچىلىك پۇلىڭىز كەم، مەن سىزگە ئۆتنە بېرىپ تۇراي، جايىنى سىز ئەتىلا ئېلىۋېلىڭ، پۇلنى ئاستا ـ ئاستا تۆلىۋېتەرسىز. . .

— سونۇر خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— راستىما. ئۇنداق بولسا ماڭا 400 يۈەن بېرىپ تۇرالامسىز، بىر ئايدىن كېيىن نەقلا قايتۇرىمەن. . .

— بولىدۇ، بۇگۈنلا ئېلىڭ، ئەمما باشقىلارغا تىنماڭ. پاتىمە قىلالمىغان ياخشىلىقنى مەن بولسامۇ قىلىپ قوياي، ئۇنداق دېسەم ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىۋاتىدۇ، دەپ قالماڭ. ئاڭلىسام، پاتىمە سىزنىڭ جاي ئېلىشىڭىزغا قوشۇلماپتۇ... مەن مۇنداق ئويلايمەن: تۇرمۇشنى چۈشىنىشتە پاتىمە بىلەن ئىككىڭلار ئىككى باشقا ئىكەنسىلەر، قاراڭ، ئۆي بىساتىڭىز نېمىدېگەن مول! ئۆي تۇتقۇسى بار قىز سىزنى بېشىغا ئېلىپ قەدىرلىسە بولىدۇ. مەن ئەمدى چىقاي... — دېدى - دە، ئەزىزخان كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ سونۇرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.

سونۇر ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى: «مانا ئايال دېگەن! بۇنداق ئايال ئەرگە قانات بولىدۇ - دە، خەپ...» دەپ پىچىرلىدى ۋە هويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى، لېكىن ئەزىزخان يوق ئىدى. سونۇر قورۇق تام كەينىدىن ھەجىيىپ كېلىۋاتقان روزىمەتنى كۆردى.

— يارايسەن سونۇر، سارىيىڭغا قارلىغاچ كەپتۇ، ئەزىزخان تۈيغۇن ئايال ئىكەن، پاتىمە ساڭا يۈزسىزلىك قىلىۋىدى، دەرھال كېلىپ ساڭا قانات ياپقىنىنى قارا!

— يوقىلاڭ گېپىڭنى قويە، — دېدى سونۇر قاپىقىنى تۈرۈپ.

— خىخ، — دېدى روزىمەت يالغۇز كۆزىنى ئوينىتىپ، — سەن شۇ پاتىمەنى قوي، ساڭا ئاش بولمايدۇ. ئويلاپ باقمامسەن؟ ئۇ بىر ئەپەندى تۇرسا، سەن بولساڭ بىر قارا قورساق دېھقان، بۇ چېلەككە قەئەزدىن ياماق سالغاندەكلا بىر ئىش! قوي، تىنكىشى توختىمايدىغان ئىشنى...

— سەن نەدىن بىلىسەن بىزنىڭ ئىشىمىزنى؟

— خاپا بولمىساڭ ئۆز گۇمانىمنى ئېيتاي، ئاڭلاپ قۇيقا چېچىڭ تىك بولۇپ كەتمىسۇن يەنە. ئويلىغىنا، پاتىمە ئاۋۋال

بىر ئوبدان ئىدى. نېمىشقا ئەكبەر كەلگەندىن كېيىنلا قوشقونغا ئولتۇرۇۋالدى؟ سەنمۇ كۆردۈڭ، ئەكبەر روزاخۇننىڭ ئۆيىگە نېمانچە تولا كېلىدۇ؟ تېخى ئۇلار كېچىلىرى يالغۇز مېڭىشىدىكەن. . .

— يوقىلاڭ گەپنى قوي، ئورۇنسىز گۇمان، — دېدى سونۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ئەكبەرنىڭ تولا كېلىشىنى كىم بىلمەيدۇ، كىچىك ئەترەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن.

— ئۇ يە چوڭ ئەترەت باشلىقى، يە كىچىك ئەترەت باشلىقى بولمىسا!

— ئۇ دېگەن پارتىيە ئەزاسى. سەن سوخرۇن نېمىنى بىلىسەن؟ پارتىيە ئەزاسى دېگەن ھېلىغۇ بىر چوڭ ئەترەتكەن، ھەتتا يېزىدا، ناھىيىدە ناھەق ئىش كۆرۈلسە ئارىلىشىدۇ. بەزىلەر بىزنىڭ كىچىك ئەترەتنى تارقاتماقچى، ئەكبەر بۇنى ناھەق دەيدۇ. روزاخۇنكاممۇ، ئەبلىغازىكاممۇ پارتىيە ئەزاسى بولغاچقا مۇشۇ ناھەق ئىشقا ئارىلىشىۋاتىدۇ. سەن سوخرۇن ياخشى ئىشتىن يامان مەنا چىقىرىپ ئۆگەنگەن. دە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇششۇقنىڭ دارى تۈگىمىگەندەك سېنىڭ گۇمانىڭ تۈگىمەيدۇ.

— ھەرنېمە دېگىنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى ئوقۇمۇشلۇق، ئاكتىپ، بىر بىرىگە تازا لايىق. . . سەن بولساڭ ئاداش. . .

— بولدى قىل! — دېدى سونۇر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئەمدى تىلىڭنى چاينىساڭ، جېنىڭ بىلەن ھېسابلاش!

روزىمەت سونۇرنىڭ راستىنلا غەزەپلەنگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلدى، خور - خور ئۆكۈز بىلەن ئويناشقاندەك پاكا روزىمەت ئېگىز، گەۋدىلىك سونۇرنىڭ مۇرىلىرىگە، پەشلىرىگە ئېسىلىشقا باشلىدى:

— ياغاچ كېسىشىپ بەرگىلى كەلدىم، بۈگۈن كېسىپ تەييارلاپ قويايلى، ياغاچ ئالىدىغان ماشىنا ئەتىگەنلىككە چىقىپ، بېشىپلا ماڭىدۇ، تونۇشتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئەتىگەنلىككە

ئىككىمىز ھارۋىدىن بىرنى ئىگىلىدىلى، زىۋىرشاكام كىچىك ئەترەتنىڭ ئورۇپ قويغان قومۇشلارنى ئات ھارۋىسى بىلەن سىتىۋېلىشقا رۇخسەت قىپتۇ. . .

بۇ «خۇش خەۋەر» لەر سونۇرنىڭ بايىقى خاپىلىقىنى يۇيۇپ تاشلىدى. ئۇلار ھەرە، پالتىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ باغقا مېڭىشتى. . .

باغدىن غارت - غۇرت ھەرە ئاۋازى، تاك - تاك پالتا ئاۋازى كېلىشكە باشلىغاندا سونۇرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بىرىنچى ئەترەتنىڭ شوئار يازىدىغان قىزلىرى كەلدى.

— ئەسلىمىزنى ئۇنتۇمايلى دەپ يازساقمىكىن، — دېدى ئېگىز قىز ئارزىگۈل.

— ياق، ئەكبەركام يېزىپ بەرگەن شوئارلاردىن بىرنى يازايلى، — دېدى ئۇتتۇرا بوي، قىزىل مەڭىزلىك، ئۇزۇن كىرپىكلىرى قايرىلىپ تۇرىدىغان ئاينۇر دوستىغا قوشۇلماي.

ئىككى قىزنىڭ قولىدا پەلەي، بوياق چىلانغان چېلەك، يوغان يۇڭ قەلەم ۋە ئورۇندۇق بار ئىدى.

— بۇ سونۇركام پاتمە ھەدەمنىمۇ خاپا قىلدى، نەسىھەت ئاڭلىمايدۇ، ھە دېسىلا خۇسۇسىي ئىش، پۇل، ئۆي، مال، ياغاچ، قومۇش. . . ئەسلىنى ئۇنتۇش دېگەن مۇشۇ - دە؟ كىچىك ئەترەتنى تارقىتىش كېرەك دەپ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقانلارنىڭ بىرسى يەنە شۇ ئادەم!

— شۇنداق بولسىمۇ ئۇنداق يازمايلى، ئەكبەركام ئېيتتىغۇ، پارتىيە سىياسەتلىرىنى يازايلى.

ئاخىر ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى!» دېگەن شوئارنى يازدى.

دەل شۇ چاغدا باغدىن سونۇر بىلەن روزىمەت چىقىشتى. سونۇر بىلىنى تۇتۇپ روزىمەتكە دېدى:

— ئوقۇغىنا، قىزلار نېمە دەپ يازدىكىن؟

روزىمەت ئوقۇدى، سونۇر كۈلۈمسىرىدى.

— ياخشى گەپ يېزىپسىلەر، بۇ تامغا ئىككىنچى قېتىم شوئار يېزىلىشى، — دېدى.

— بىرىنچى قېتىم نېمە دەپ يېزىلغان؟ — دەپ سورىدى ئاينۇر قىزىقىپ.

— مەن ئۇ خەتنى يادلىۋالغان، — دېدى سونۇر، — يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋاقتىدا كادىرلار مۇشۇنداق قىزىل رەڭ بىلەن: «قەد كۆتۈرگەندە كومپارتىيىنى ئۇنتۇمايلى» دەپ يازغانىدى. ئۇ شوئارلار خېلى يىللارغىچە تۇردى، تېخى ئالدىنقى يىلىلا سۈۋۈۋېتىپتىمەن.

— سىز ئۇنتۇپ قالغان-دە، — دېدى ئارزىگۈل سۆزنى نەقلا ئېيتىپ، — بۇ قېتىم شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە «ئۇنتۇمايلى» دېگەن سۆزنى يازدۇق.

قىزلار يىراقلاپ كەتكەنىدى، سونۇر ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇنىڭغا قىزلارنىڭ گەپلىرى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى: «سىز ئۇنتۇپ قالغان» دەيدۇغۇ؟ ئەكبەرمۇ يوپۇرماق سارغايسا دەرەخنىڭ يىلتىزىنى پەرۋىش قىلىش كېرەك دەيدۇ. مەن راستىنلا بىرەر خاتاغا يول قويدۇممىكىنە؟ پارتىيە بىزگە سوتسىيالىزمنى قۇرۇپ بەردى. بۇ تازا كەمبەغەللەر بەخت كۆرىدىغان زامان، غورىبەتچىلىك ئاتا-بوۋام بىلەن تۈگىگەن. باياشاتراق ياشاشقا يول ئىزلىسەم، بۇنىڭ نەرى خاتا، بۇ مېنىڭ سوتسىيالىزمنى خالىغىنىم بولماي نېمىكەن؟...

— مانا كۆردۈڭمۇ، نېمىدېگەن گەپچى قىزلار! پاتمەنىڭ ئۆزى ساڭا ھەرگىز گەپ بەرمەيدۇ. بۇنداق قىزلار بىلەن ئۆي تۇتىدىغان بولساڭ كۆڭۈلگە تامىقىڭدىن مىڭ قېتىم ئىللىنىسەن. شۇڭلاشقا دەۋاتىمەنغۇ، شۇ پاتمەرىڭنى قوي...

— يۈر ئاداش، ھاراق ئىچىمىز، — دېدى سونۇر روزىمەتنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — قازاندىكى گۆش مەي

بولۇپ كەتتى، مەن زادى باشقا ئەترەتكە كۆچۈپ كەتمىسەم بولمىدى.

— ھىم... تېز كۆچ. بىزمۇ كۆچىمىز. بۇ مەھەللە تۇگىسە گويا دۇنيانىڭ ئىسكەتتى تۇگەيدىغاندەك ئەجەبمۇ كۆچمەيمىز، چېكىنمەيمىز دېيىشىدىكىنا! كۆچمىگەنلەر لايىغا مىلىنىپ يۇرۇۋەرسۇن، بىز بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىمىزگە تېگىل راھىتىنى قولدىن بەرمەيلى.. — روزىمەت توختىماي سۆزلەپ سونۇرنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى. ئۇلار ئەمدىلا ئولتۇرۇپ گۆش يېيىشكە تۇتۇنغاندا دەرۋازا تاراقلاپ، كىملەرنىڭدۇر گودۇڭشىغانلىقى ئاڭلاندى. سونۇر قولىدىكى يوغان ئۇستىخاننى تۇتقىنىچە پېشايۋانغا چىقتى. ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ يوغان تىرەك لىمنى مۇرىسىگە سېلىپ، باغدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى-دە، سۈپىدىن سەكرەپ چۈشتى:

— بۇ كىرپىلا كۆتۈرۈپ ماڭىدىغانغا ۋەخپە يەرمىدى ئاغىنىلەر، ياغاچنى قويۇڭلار!

ئالدىدىكى پاكار، غوللۇق ئادەم سىڭايان قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— خۇشال بولساڭ بولىدۇ ھەي تۆگە، ياغىچىڭ بولسىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ماخوسىغا ئىشلىسۇن.

— قوي دەيمەن، ھەي ئىمىرداۋىلەك! — دېدى سونۇر ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، — مۇنۇ ياغاچنى مىلك تەسلىكتە راسلىمدىم.

ئۇ كەينىدىكى ئادەمنىڭ مۇرىسىدىن لىمنى چۈشۈرۈۋالدى. ئالدىدىكى ئىمىرمۇ ياغاچنى دەرۋازا سۈپىسىغا ئاستا قويدى-دە:

— قوي دېگىنىڭ نىمىسى، تېخى يەنە تۆت تال ئالىمىز، — دېدى.

— تولا جىبىنىمغا تەگمىگىنە! — دېدى سونۇر ئۆڭۈپ، — ئەترىتىڭدە 170 يۈەن پۇلۇم بار، تېخى بىرەي دېيىشتە

يوق، يەنە ئالغۇدەك!

— ئەترىتىڭدە دەيسىنا! — دېدى ئىمىر سونۇرنىڭ كۆزىگە قادىلىپ، — سېنىڭ ئەترىتىڭ ئەمەسما؟ سېنىڭ راستىنلا كۆڭلۈڭ بۆلۈنۈپتۇ - دە! مۇنۇ ئۆي - جاي، ياغاچ - تاش داداڭدىن مىراس قالمىغان، ساڭا پارتىيە بەرگەن. بەش ئالتە تال ياغىچىڭنى ئەترەتكە لازىم قىلايلى دېگەنگە شۇنچە گۆرەنلىرىڭ كۆپۈپ كەتتىما؟

— بوزەككىنە مېنى تاپقۇچە ئاۋۇ ھەيدەر خەسسىتەك ئادەملەردىن چىرقىرىتىپ تۇرۇپ يۇلۇۋالساڭ بولمامدۇ؟

— سونۇر، كىچىك ئەترەتنىڭ ئىگىسى سەن بىلەن بىز، كىچىك ئەترەتنىڭ ئۆكۈزلىرى ئۈچۈن لاپاس ياسايمىز. ئويلىغىنا: ئەترەتتە بىر تىيىن خىراجەت قالمىدى، ئەكبەر ئۆزىنىڭ بەش يۈز يۈەن پۇلىنى بۇغا - جاۋەن رېمونتىغا خىراجەت قىلىڭلار دەپ ياردەم قىلدى. ئۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ ئەترەتكە قەرز ھېسابىغا نەق پۇل، مال، ياغاچ - تاش بەرگىلى تۇردى. ھازىرغىچە ئىككى مىڭ يۈەنلىك پۇل ۋە نەرسە يىغىلىپتۇ. بىزنىڭ خوتۇن چېغىدا ئۆزىنىڭ ئالتۇن ھالقىسىنى ئەترەتكە ياردەم قىلىشقا بېرىۋېدى، ئەترەت ئالغىلى ئۇنىمىدى. مۇشۇنداق قىلىپ بىز ئەترەتنى ساقلاپ قالماقچى. كۆپچىلىكنى كۆچۈشتىن توسۇپ قالماقچى. سەنمۇ كوپېراتسىيە، خەلق يېزىسى قۇرۇشتا ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ بىرسى ئىدىڭ، بىز سېنى ئەترەتنىڭ ئىگىسى، بارماق بىلەن سانىلىدىغانلاردىن ھېسابلايمىزۇ، سەنزە سايغاق كالىدەك ئۆزۈڭنى قاچۇرسەن!...

سونۇر جىمىپ قالدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەتتا باشقا ئەترەتتىكى ئەكبەرنىڭ بەش يۈز يۈەن ياردەم قىلغىنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قىيىنچىلىقتا قالغان ئەترىتى ئۈچۈن بىرخىل مېھرى - مۇھەببەت ئوتى تۇتاشتى.

— تېپىلمىنى نەچچىدىن ھېسابلايسەن

ئەمىسە؟ ــ دېدى بوشاپ.

ــ ئەل قاتارى باھا. تىرەك لىملىرىنىڭ ئون يۈەندىن، بەش تال ئۈچۈن مانا تالون. مەن ساڭا 50 يۈەنگە ھۆججەت يېزىپ بېرىمەن، ئاداش.

ــ 75 يۈەن زىيان تارتتىم. مەن بىرسىگە تېلىنى 25 يۈەندىن سۆزلىشىپ قويغان، بوپتۇ ئەترەتكە قىلغان ياردىمىم بولار، ئەمما ئىنچىكىلىرىنى باس، جۇمۇ!

ئۇلار شۇنداق قىلىپ بەش تال ياغاچنى دىشلۇ ھارۋىغا باستى. ئىمىر ھارۋىغا چىقىپ سونۇرغا:

ــ ياغاچ كېسىشنى توختات، مەھەللىنىڭ ئىسكەتىنى بۇزما، ساڭا دوستلۇق ئۈچۈن ئېيتىپ قوياي: بىز مەھەللىنى بۇزمايلى، زەينى يوقىتىمىز، «قاۋانلىق»نى ئاچىمىز ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئاكتىپلار ھازىر پۈتۈن چوڭ ئەترەت ئەزالىرىنى بۇ ئىشقا قوزغاۋاتىدۇ. پۈتۈن چوڭ ئەترەت قوزغالسا زەي يوقالماي نەگە باردۇ! ئەمدى جاي ئالىدىغىنىڭنى قوي، بىز بىلەن بىللە مۇنۇ «قاۋانلىق»نى يوقىتىشقا بەل باغلا، سەن چەت ياقىلاپ يۈرۈۋەرگىنىڭ بىلەن بەرىبىر بىر قىناققا كېلىسەن، يە ئوڭغا، يە تەتۈرسىگە ئاقىسەن، گەپنىڭ بولار يېرى شۇ، ۋاقتىدا يول تاللا، كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن. . .

ئىمىرلارنىڭ ھارۋىسى تاراقلاپ يۈرۈپ كەتتى. سونۇر بولسا 50 يۈەنلىك تالوننى مىجىپ تۇتقىنىچە ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ خىيالىدا بىردە ھېلىقى چىرايلىق قورو، ئەزىزىخاننىڭ ئۇ جايغا كۆيۈپلا قالدىم دېگەن سۆزلىرى؛ بىردە بولسا پاتىمەنىڭ، بايىقى قىزلار ۋە مۇنۇ ئىمىرنىڭ سۆزلىرى كېلەتتى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىشىكىگە ئاتقا سىڭگايان ئولتۇرۇپ سۇلايمان گۇر ــ گۇر كەلدى. ئۇنىڭ غانجۇغىسىدا ھېلىقى چەينەك تېخىچە تۇراتتى.

ــ ئىككىنچى قېتىم چەينەكنى تولدۇرۇپ كەلدىم، ھەي

دارازا. يۇر. ئۆيۈڭگە باشلا. بىر قوزاڭنى يېمەي كەتمەيمەن، — دېدى سۇلايمان ئاتتىن تەستە چۈشۈۋېتىپ.

شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن قار ياغدى. كۈنپېتىشتىن چاپقىداپ شامال ئۇرۇپ تۇراتتى، تېز ۋە قويۇق يېغىۋاتقان قار كۆز ئاچقۇزمايتتى، مەھەللىدە ئادەم ئايىغى ئۈزۈلگەن؛ سونۇر «ئەتىلا جايىنى ئالىمەن» دېگەن نىيەتتە ئەزىزخاننىڭ تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى دىلەيساخانلارغا قوشنا بولغان ئۆيىگە پۇل ئالغىلى كەلدى. ئۇ بۈگۈنكى هاراقتىنمۇ، ئۆز ئىززىغا چۈشۈۋاتقان ئىشتىنمۇ ناهايىتى خۇشال ئىدى، ئۇ ئەزىزخاننىڭ ئۆيىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ، تۆت يۈز يۈەن پۇلنى ئېلىپ چىقتى - دە، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۆيىگە قايتتى. لېكىن ئۇ بۇ خۇشاللىقى پاتىمە ئۈچۈن قانچىلىك روهىي ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى.

ئەتىگەن پاتىمەنىڭ ئانىسى: شەرىخاننىڭ ئېيتىشىچە، ئەزىزخان ماشىنىچى سونۇر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغۇدەك، دەپ پۈرتتۈدى، پاتىمە ئاڭلىماسقا سالدى.

ئەمما تۈنۈگۈن چۈشكە يېقىن پاتىمە ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سونۇرنىڭ هويلىسىدىكى ئوغۇتنى چىقىرىش ئۈچۈن كىرىپ، ئەزىزخاننىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنىنى ئاڭلاپ قالدى. بىر هازادىن كېيىن راست دېگەندەك سونۇرنىڭ ئۆيىدىن ئەزىزخاننىڭ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆردى.

«بۇ غەلىتە بېرىش - كېلىشقۇ!» دەپ ئويلىغانىدى پاتىمە ئۇ چاغدا. بۈگۈن ئاخشام پاتىمە ئاياللارنى تەشكىللەش توغرىسىدا دىلەيساخان بىلەن مەسلىهەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. تۇيۇقسىز بۇ كېچىدە سونۇرنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە شۇنىڭ بىلەن سونۇرنىڭ يېقىندىن بېرى نېمىشقا يىراق مەهەللىدىن ئۆي ئېلىش كويىغا چۈشكەنلىكىنى، پاتىمەگە قىرىچە - يېنىچە تېگىشىپ قوپاللىق قىلغانلىقلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەنگەندەك

بولدى. . .

قىزنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئەزىزىخان بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشى، قاقاقلاپ كۈلۈشى قىزغا تېپىشماق ئىدى. قىز كىتابلاردا ۋە تۇرمۇشتا مۇنداق ۋاپاسىزلىقلارنى كۆپ كۆرگەن. ئەزىزىخاندەك چىرايلىق ۋە ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئاياللارنىڭ سونۇردەك تېخى ھېچ ئىش كۆرمىگەن، ساددا يىگىتلەرنى يولدىن چىقىرىۋېتىشى قىيىن ئىش ئەمەسقۇ. لېكىن، بۇ خوتۇن ئۇچۇن ئويۇنچۇق تويۇلۇۋاتقان ئىش پاتىمەنىڭ ساپ قەلبى ئۈچۈن قانچىلىك چوڭ پاجىئەلەرنى كەلتۈرىدۇ - ھە؟. . . ياق، پاتىمە سونۇرغا ئىشىنىدۇ، ئۇنى ھېچكىم يىگىلدۈرۈپ كېتەلمەيدۇ. شۇنداقمۇ بولسۇن دېگەندە «بۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق بىر ئورتاق خۇشاللىق بولۇشى مۇمكىن؟ ئەزىزىخان نېمە ئۈچۈن سونۇرغا يېقىنلىشىدۇ؟ . . .» مانا بۇ سوئاللارغا پاتىمە نېمىلا قىلمىسۇن باشقا جاۋاب تاپالمايتتى.

— سىڭلىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، مېنىڭ پەمىمچە سونۇر كۆڭلى قارىلىق قىلغان. بولمىسا بىر ياش تۇل ئايال بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغىنىنى سىزگە نېمىشقا ئېيتمايدۇ؟ ئىككىلا قېتىمدا سىز كۆرگەن، سىز كۆرمىگەن يەنە نەچچە قېتىمى باردۇ، بوپتۇ، نېمىشقا ياش تۆكىسىز سىڭلىم، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى شەخسىي تۇرمۇشتا ئەمەس، جەمئىيەت ئىشىدا ئىكەن. ھەممىنى ئۇنتۇپ كۆپچىلىكنىڭ ئىشىغا قاتنىشىڭ، بىۋاپانىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. مەن يېزا باشلىقى تۇرسۇن بىلەن نامرات، ھېچنەرسىمىز يوق ۋاقتىتا ئۆزىمىز خالىشىپ، بىر بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلغان، توينىڭ ھارپىسىدا شاڭيۇ مېنى توقاللىققا ئېلىشقا تەمشەلگەن، مەن بۇنى سېزىپ، جېنىمنى قولۇمغا ئېلىپ قېچىپ، ياقا يۇرتتىكى يىراق تۇغقىنىمىزنىڭ قاراڭغۇ ھۇجرىسىدا بىر چىنە داغ سۇغىلا توي قىلغان. ئىر يىلدىن كېيىن يالغۇز

ئوغلۇم تۇغۇلدى، ئازاد بولدۇق، تۇرسۇن ئۈستى، ئۇ باينىڭ
بىر قىزىنى دەپ بالىسىدىنمۇ، مېنىڭدىنمۇ يۈز ئۆرىدى. . .
هازىر ئۇ يېزا باشلىقى، مەن بالام بىلەن قانداق قىلدىم؟ پۈتۈن
كۈچۈمنى خەلقنىڭ ئىشىغا سەرپ قىلدىم. ئائىلەمدە تاپالمىغان
لەززەتنى جەمئىيەتتىن تاپتىم، ئىسۇ - خىيالىم كۆپچىلىكنىڭ
ئىشىدا بولدى. . . هەي سىڭلىم، ۋاپاسىزنى دەپ ياش تۆككەن
ئايال ئېخىمۇ بەختسىز بولىدۇ. مۇهەببەت دېگەن نېمە؟ ئۆزىنىڭ
قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئالىدىغان لەززەت. ئاشۇ لەززەت سىزدە
خەلق ئىشىغا هەقىقىي مۇهەببەت ئويغىتىدۇ. يۈرىكىڭىز،
يالقۇنجاپ يانىدىغان بولىدۇ. مەن هازىر شۇنداق. . .

پاتىمەنىڭ سونۇر توغرىسىدىكى گۇمانلىرىنى ئاڭلاپ
دىلەيساخان ئاشۇلارنى دېدى.

پاتىمە كۆزىدىكى مۆلدۈر - مۆلدۈر ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ،
دىلەيساخاننىڭ ئورۇق، قاتمال قوللىرىنى چىڭ تۇتتى ۋە بېشىنى
ئاستا ئۇنىڭ كۆكسىگە قويدى. دىلەيساخان قىزنىڭ يۇمشاق،
سارغۇچ چاچلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— بەلكىم بۇ يەردە باشقىمۇ سىر باردۇ؟ بۇ ئىشنى
چوڭقۇرراق ئويلايلى، — دېدى.

پاتىمە بېشىنى كۆتۈرۈپ، دىلەيساخاننىڭ يوغان
كۆزلىرىگە قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى پاتىمەگە جىددىي
ۋە نۇرلۇق كۆرۈندى. . .

# تۆتىنچى باب

چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم يېزىدىن كېچىلەپ قايتتى، ئۇ روھلۇق، مەغرۇر ئىدى. . . تونۇگۈن ئاخشامقى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدىن بولسا روھى چۈشۈپ قايتقانىدى. ئۇنىڭ چۈشكۈنلىكى بۈگۈن يېزا باشلىقى بىلەن كۆرۈشكەندە تۈگىدى. ئۇ ھازىر ئېتىنى يورغىلىتىپ، بۆشۈكتە تەۋرىتىلگەندەك راھەتلىنىپ، يېزا باشلىقىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىمەكتە. . . يېزا باشلىقى ئۇنىڭ ئالدىدا قولىنى كەينىگە قىلىپ، ياپما قاپاقلىرىنى سوزۇپ ئالدىرىماي سۆزلەيتتى:

— ئاسىم، مەن يېقىندا ناھىيە شۇجىلىرىغا يېزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتىم. ئادىلجان شۇجى ئاماللا بولسا ئەزالارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىڭلار، كوللېكتىپ ئوقەت، شەخسىي ئوقەتنىمۇ كەڭرى يولغا قويۇڭلار دېدى. لى شۇجىنىڭ كۆز قارىشىمۇ شۇنداق. ئاسىم، ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرىنىڭ دېگىنىنى قىلساڭ خاتالاشمايسەن، ئاسان يولنى تاللا، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭگە ۋە باشقىلارغا مۇشكۇلات تېپىپ بەرمە. «قاۋانلىق»نى قويۇپ بەرگىن، ئەزالار سېتىپ يېسۇن، ئوت قويۇۋەتمىسىلا بولدى. ئەترەتنىڭ ئىشىنى دەمسەن؟ قىشتا نېمە ئىش بولسۇن، قىشتا شەخسىي ئىشلەپ ئەتىيازلىقتا يەنە كوللېكتىپقا ئىشلىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. كوللېكتىپ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش دەمسىنا؟ قوي بۇ گەپنى، ئاتا - بوۋىمىز قىلىپ كۆرمىگەن ئىش. يەر تېرىشنى بىلىمىز، سودا قىلىشنى بىلمەيمىز دېگىن. قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتا ئاساسىمىز يوق، سەككىزىنچى ئەترەتنى دەمسەن؟ تارقات. ئۆزىنى دايالمىغان ئەترەتنى ساقلاپ نېمە قىلىسەن، تارقىتىۋەت، ئەزالىرى خالىغان يەرگە بېرىپ

ئورۇنلاشسۇن. . . يەككە بولسا نېمە بولاتتى، يەككە بولمىسا يېزا نەدىن بولىدۇ. قورقما، قويۇپ بەر، بىر ئىككى ئەترەتلا ئەمەس، پۈتۈن ئەترەت قومۇش ئورۇپ ساتسىمۇ بولىدۇ. 25 پۇڭدىن ئالىدىغان جاي تېپىلدى دېدىڭما، ئۇنداق بولسا بۇ ئامەت! بىر ئەزا بىر كۈندە 20 باغ قومۇش ئورۇپ ساتقاندىمۇ كۈنىگە بەش يۈەن تاپتى دېگەن سۆز. قىشچە بىكار يۈرگىچە كۈنىگە بەش يۈەندىن پۇل تاپسا، تۇرمۇشىنى ياخشىلىسا، بۇ قوللاشقا تېگىشلىك ئىش. قورقماي ئىشلە!

— ، ئاخشام پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدا بۇنداق قىلىشنى كوللېكتىپنى چۆرۈۋېتىش، كاپىتالىزم يولى دېيىشتى، — دېدى ئاسىم.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن تارتمىسىدىن سىرتىدا قىزىل خېتى بار ھۆججەتنى چىقاردى - دە، سۆزلەشكە باشلىدى:

— مانا بۇ 1962 - يىلى، مۇشۇ يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەركەزدە ماقۇللانغان ئەڭ يېڭى ھۆججەت، مانا ساڭا ئوقۇپ بېرەي. بۇ ھۆججەتنىڭ بەشىنچى — بابى يېزا ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشى ئۈستىدە يېزىلغان. شۇ بابنىڭ 40 - ماددا 4 - تارمىقىدا مۇنداق گەپلەر بار، ئاڭلا ئوقۇپ بېرەي: تال - چىغ توقۇمىچىلىقى، تىككۈچىلىك ۋە كەشتىچىلىككە ئوخشاش ئائىلە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇش كېرەك. . . 5 - تارمىقىدا يەنە مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن: بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، پىلە، ھەرە بېقىش. . . ئەمدى ئويلا، تال - چىغ بىلەن قومۇشنىڭ نېمە پەرقى بار؟ يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىدە ھەر بىر ئۆسۈملۈكنى ساناپ ئولتۇراتتىمۇ. . . يەنە ئاڭلىۋال، بايىقى 5 - بابنىڭ 42 - ماددىسىدا مۇنداق گەپلەر بار: خەلق يېزىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى ئەزالارنىڭ ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قالايمىقان ئارىلاشماستىن، تېگىشلىك دەرىجىدە يېتەكچىلىك

قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى لازىم... مانا ئەمدى قاناتلاندىڭمۇ، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئېنىق — بېرىنچىدىن، يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم بېرىش، ئىككىنچىدىن، قالايمىقان ئارىلاشقانلارنى چەكلەش.

چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم بۇ ھۆججەتنىڭ سىرتىدىكى قىزىل خەتلەرگە قايتا - قايتا كۆز سالدى. راست، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتى ئىدى. ئۇ ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ بۇ ھۆججەتكە ئويغۇن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى. دېمەك خاتالاشماپتىمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە مەمنۇنىيەت بىلەن «بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە» دەپتىكەن، تۇتقان يولۇم توغرا بولغاندىن كېيىن قورقماي ئىشلەي، بۈگۈن بىرىپلا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا كۆنمىگەننى يۇقىرىغا يوللاي، قېنى ئاسىمنىڭ گېپىنى يېرىدىغانلارنىڭ بېشى ئۇنىمىسكىن!... ئۇ، يۇقىرىقىلارنى يەنە بىر ئويلاپ، يېنىك نەپەس ئالدى - دە، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

ئۇ، زىنۇرشانىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە زىنۇرشا ئايدىڭدا قومۇش بېسىۋاتاتتى. ئۆكۈز ھارۋىسىدىن ھەيدەر ئىسىملىك ئادەم ئۇنىڭغا قومۇش سۇنۇپ بېرىۋاتاتتى:

— ئوتتۇز... تۆت، ھېئتى... ئوتتۇز بەش... ئۇھ ۋايىيەي، نېمانچە يوغان باغلىغانسەن زىنۇرشا! بىرسىنى ئىككى باغ قىلساڭ بولىدىكەن، شۇنداق ھېسابلىغاندا يەتمىش باغ، يىگىرمە پۇڭدىن ئون تۆت يۈەن، باز، يەنە ئۈچ يېرىم يۈەن... ئون يەتتە يېرىم يۈەن مانا پۇل، «قاۋانلىق»نى ئاچمىز دېگەننىڭ تىلى كۆيسۇن. قىپقىزىل ئاقچىغا سەرەڭگە ياقمەن دېگىنى - دە! ئاشلىق تېرىمىساق نېمە بولاتتى ئۆزى... پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا. قومۇشنى ئورۇپ يېسەك بولمامدىمۇ! ھەي ئەجەب زامانلارەي! يۈز باغ قومۇش ئەكىرسەڭ بىر چاغلاردا ئارانلا بىر بۇلۇڭ چاي كېلەتتى. مانا قارا، بىر ھارۋا قومۇش بىر قوي!

گەزلىمە ئالسالڭ يەتتە . سەككىز مېتر بەرقۇت . . . ھى - ھى .
. زىۋىرشا ئىنىم، ماڭا قويۇپ بەرسە «قاۋانلىق» نىڭ ئىچىگە
كەپە تىكىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، قومۇشچىلىق قىلاتتىم . .
ھى - ھى . . بۇ ئۆزى . . .
ئۇ گەدىنىگە چۈشكەن قومۇش يوپۇرماقلىرىنى تېرىۋېتىپ،
كۆزىگە چۈشۈپ تۇرغان، قاسقانلىرى چۈۋۈلۈپ، پاختىسى
چىقىپ قالغان دوپپىسىنى تېخىمۇ چۆكۈرۈپ كىيىۋېتىپ،
ساپىبرىق شالاڭ چىشلىرىنى كۆرستىپ ھىجايدى. ھىجىيىش
ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا كەم ئۇچرايدىغان ھال، دوپپىسىنىڭ
ئەستىرىنى ياشقىلارغا كۆرسەتمىگەندەك كۈلكىسىنىمۇ
كۆرسەتمەيتتى. ئۇ مانا بۇگۈن مۇشۇ يىلقى تۇنجى كۈلكىسىنى
كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىغان ئاسىم ئىچىدە: «ھەيدەر
خەسىس جېنىدا خۇشال بوپتۇ. بىزنىڭ بىرمۇ ئىشىمىزدىن رازى
بولمىغان خەسىس، قومۇش سېتىشقا يول قويغىنىمىزدىن رازى
بوپتۇ - دە، ياخشى . . .» دەپ ئويلىدى.
— ھە ھەيدەركا، قومۇشچىلىق قىلىشنىڭ پايدىسىنى
ئەزالارغا سۆزلەپ بىر قىپ بەرسىڭىز، قارىڭا، كىچىسىمۇ
ئۇيقۇڭلار كەلمەپتۇ! — دېدى ئاسىم مىيىقىدا كۈلۈپ، — پاھ
نېمە قىپ كەتكىنىڭلارنى . .
— ئەسىلامۇ ئەلەيكۇم، ئاسىمجانمۇ سىز، قەدىمىڭىزدىن
ئۆرگۈلەي! سىزنى بىزگە باشلىق قىلسىكەن دەپ تىلەپ
يۈرەتتىم، ھۆكۈمەت ئادەم تونۇيدىكەن. مانا ئىشنىڭ يولى ئۆزى،
قازانمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ماي، نىيىتى يامانلار بار ئاسىمبەگ،
قومۇشقا ئوت قويۇۋەتسە نېمە دېگىلى بولىدۇ، كوزەتكە ئادەم
قويساق، مەيلى كۆپچىلىك ئۈچۈن مېنى قارانچۇق بول
دېسەڭلارمۇ خۇشال بولىمەن ئۆزى. .
ئۇ ئەسلى رەڭگى كىشىلەرنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتكەن
ئۆزۈن پەرىجىسىنىڭ پەشلىرىنى قايرىپ هارۇدىن چۈشتى ۋە

ئىككى قولىنى ئاسمانغا سوزدى. ئاسىمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ياغاق جوۋا كىيىۋالغان زۇۋرشامۇ ئۆگزىدىن داتلىغىنىچە چۈشتى:

— قارىمامسەن ئاسىم، ھۇقۇشتەك كىچىسى مىدىرلايدىغان بولۇپ قالدۇق. يەنە شۇنىڭدىمۇ يۈرەك سۇ، ئەبلغازى، روزاخۇنكاملار پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدىمۇ، بۈگۈنكى ئەترەت كادىرلىرى يىغىنىدىمۇ مىنى تىلغا ئالدى. بۈگۈنكى يىغىندا كوللېكتىپ ئورۇپ ئەترەتكە كىرىم قىلىش، نومۇرىغا قاراپ تەقسىم قىلىش، قومۇشنى ئۆز ئالدىغا سېتىشقا يول قويماسلىقنى قارار قىلدى. يەنە تېخى قومۇش سېتىپ ئەزالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېڭىمىز، ئەترەتنى تارقاتمايمىز، ئەزالارنىڭ كۆچۈپ كېتىشىگە يول قويمايمىز، ياغاچ - تاش سېتىشقا رۇخسەت قىلمايمىز دېگەندەك گەپلەر بولدى. ئۇلار ئەتىيازلىقتا «قاۋانلىق»نى ئاچقۇدەك، مەن ئۆز بېشىمغا ئېلىپ سېنىڭ يوليورۇقىڭنى ئىجرا قىلاي دەپ شەخسلەرنىڭ سېتىشىغا ئات - ئۇلاغ بېرەي دېسەم روزاخۇن قېرى بىرمۇ ئات بەرمىدى، مېنىڭ بىر ماخوچىغا كۈچۈم يەتمىدى!

ئاسىمنىڭ ئاچچىقى كەلدى. قامچىسىنىڭ بولدۇرگىسىدىن تۇتۇپ پىرقىرتىپ:

— سەن دېگەن ئەترەت باشلىقى، گەپكە كىرمىسە يەڭگۈشلە، ئورنىغا گېپىڭگە كىرىدىغاننى قوي! — دېدى.

— ھىم. . — دېدى ھەيدەر بېلىگە باغلىغان خام تاسمىسىنى چىڭىتىپ تۇرۇپ، — جاجىسى شۇ. . .

— ئۇلار دېگەن پارتىيە ئەزاسى، — دېدى زۇۋرشا، — ئەزالار شۇلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىكەن ئەمەسمۇ!

— پارتىيە ئەزاسى بولسا يۇقىرىنىڭ دېگىنىنى قىلسۇن، ئەتىدىن باشلاپ شەخسلەرگە ئات - ئۇلاغ بەرگىن، روزاخۇن يەنە بىرنېمە دېسە يۇتكىۋەت. ئىش تەقسىم قىلىش ئەترەت

باشلىقنىنىڭ ھوقۇقى، ئەبلغازىغا ئېيت، ئەترەتنىڭ ئىشىغا قول تىقىش ھوقۇقى يوق، نېمە قىلغۇدەك بولسا ماڭا دە...

— ھەي، ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەكبەر مۇشۇ ئەترەتتىن كەتمەيۋاتىدۇ.

— ساڭا ھوقۇقنى ئىشلىتىشكە بەرگەن. باشقىلارغا يالۋۇرۇشقا بەرمىگەن! — دېدى ئاسىم ئاچچىق بىلەن ئېتىنى دېۋىتىپ. ھەيدەر خەبىس ئۇنىڭ كەينىدىن قولىنى سوزدى:

— ماڭا ئىككىلىك خەت قىلىپ بەرسىڭىز، بىر ئات ھارۋا ئېلىۋالسامىكىن!

ئاسىمنىڭ ئورنىغا زىۋىرشا جاۋاب بەردى:

— خەتنى مانا مەن بېرىمەن، ھوقۇقنى ئىشلەتكەننى ئەمدى كۆرۈڭ!

چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم بايىقى ئاچچىقى بىلەن ئۇدۇل چوڭ ئەترەتكە كەلدى. ئۇ يېزا باشلىقى تۇرسۇندىن ئاڭلىغان بايىقى ھۆججەتتىكى سۆزلەرنى بۈگۈنلا چوڭ ئەترەت كادىرلىرىغا دەپ، ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپتتى.

ئۇ ئالدىرىغىنىچە ئېتىنى تۇۋۈرۈككە باغلاپ چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىغا كىردى. ئىشخانىدا ئەكبەر بىلەن ئەخمەتجان 1 - يىلى چېپىلىدىغان زەيكەشلەرنىڭ پىلانى ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتاتتى. ئەكبەر ئاسىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— كەلگىن ئاسىمكا، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭ، بىز «قاۋانلىق»نى ھازىردىن باشلاپ پىلانلاشنى كۆزلەۋاتىمىز، — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ، لېكىن ئاسىم قاپىقىنى ئاچمىدى.

— قاراڭ ئاسىمكا، مۇنۇ ئەكبەرنىڭ سىزغان خەرىتىسىگە، — دېدى ئەخمەتجانمۇ كۈلۈمسىرەپ.

ئاسىم بىردىنلا قامچىسىنى بولدۇرگىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ئاچچىقى بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

— نېمىنى پىلانلايسىلەر؟ قاساپ ماي قايغۇسىدا، ئۇچكە

جان قايغۇسىدا. سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرى پۇل، ئاشلىق، ئۆي قايغۇسىدا. سىلەر قۇرۇق خىيال بىلەن ئاۋارە. مەن بۈگۈن يېڭى يولىيورۇق ئالدىم. شۇنى ئىجرا قىلىشنى بىلىمەن!

— قانداق يولىيورۇق؟

— سىلەر «قاۋانلىق» نى ئاچىمىز دېگەن گەپنى قويۇڭلار، ئاۋارە بولماڭلار، مەن بەربىر نىم قىلمايمەن، مەن يۇقىرىنىڭ دېگىنىنى قىلىمەن، مەن بۈگۈن ھۆججەت كۆردۈم. قىلغان ئىشىمدا خاتا يوقكەن!

ئاسىم قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەپ كەتتى. ئەكبەر ئورنىدىن تۇرىدى - دە، سالماقلىق بىلەن:

ئاسىمكا، سەن ھۆججەت كۆردۈم دەيسەن، يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى دەيسەن، قېنى مەزمۇنىنى ئېيت، بىز پۈتۈن كوچىمىز بىلەن ساڭا ياردەم قىلىپ بىللە ئىجرا قىلايلى، — دېدى.

ئاسىم توختىدى. ئۇ خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ، ئاۋۋال ھۆججەتنىڭ نومۇرىنى، ئاندىن 1962 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، دەپ ۋاقتىنى ئوقۇدى.

— بۇ بىزگە يەتكۈزۈلگەن ھۆججەتقۇ، — دېدى ئەخمەتجان ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز دەل مۇشۇ ھۆججەتنى ئىجرا قىلىمىز دەۋاتمايمىزمۇ!

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاڭلار، — دېدى ئاسىم مەغرۇر قىياپەتتە بايا يېزىۋالغان گەپلەرنى ئوقۇپ: «... ئەزالارنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قالايمىقان ئارىلاشماستىن، تېگىشلىك دەرىجىدە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش لازىم...»

ئەخمەتجان جىمىپ قالدى، ئۇ ئەكبەرگە قارىدى، ئەكبەر ئوخشاشلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۆي جىم بولغاندىن كېيىن ئاسىم «قانداق؟» دېگەندەك قىلىپ بىرقانچە قېتىم قارىغاندىن

كېيىنلا ئەكبەر گەپ باشلىدى:

— ئاسىمكا، سېنىڭ يۇقىرىنىڭ ھۆججەتلىرىگە سادىق بولغىنىڭ، كەم - كۈتىسىز ئىجرا قىلىمەن دېگىنىڭ ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ياخشى تەرىپىڭ، بۇ سېنىڭ پارتىيىگە، خەلققە سادىقلىقىڭ!

ئاسىم ئىچىدىن خۇشال بولدى.

— بىراق، — دېدى ئەكبەر ئاسىمنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقلىرىنى بۇرمىلاشقا، ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغۇ ئاكا!

ئاسىم ئۇچۇپ كەتتى - دە، ئالدىراپ:

— مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، ئۆز قولۇم بىلەن كۆچۈرۈۋالدىم ئۇكام، بۇرمىلايدىغان، ئۆزگەرتىدىغان مېنىڭ بېشىم ئۇنمۇ! — دېدى.

— ياق. سەن ئۆزگەرتمىدىڭ، بۇرمىلىمىدىڭ، ساڭا چۈشەندۈرگەن ئادەم ھۆججەتنىڭ 5 - بابىدىكى ئاساسىي گەپنى، ئالدىنقى شەرتنى ئېيتماي ئۇيەر، بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ، قۇراشتۇرۇپ چۈشەندۈرگەن. ئۇ ھۆججەت مانا، — دېدى ئەكبەر ئەخمەتجاننىڭ تارتمىسىدىن ئېلىپ، — بىز بىللە ئوقۇيلى، بىللە ئىجرا قىلايلى. ھازىرچە مەن ساڭا ئاشۇ 5 - بابنىڭ بېشىنى ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلىغىن!

«. . . خەلق يېزىسى ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشى — سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ زۆرۈر بولغان قوشۇمچە قىسمى. ئۇ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك بىلەن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىككە بېقىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياردەمچىسى. كوللېكتىپ ئىگىلىكنى پائال ياخشى يولغا قويۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا

دېھقانلارنىڭ ئارتۇق ۋاقىت ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا رۇخسەت قىلىپ ۋە ئىلھام بېرىپ ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلارنى كۆپەيتىشى، ئەزالارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇشى ۋە يېزا-بازارلىرىنى جانلاندۇرۇشى لازىم...»

«دەخلى يەتكۈزمەسلىك»، «مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا» دېگەن سۆزلەرنى ئەكبەر ئۈنلۈك قىلىپ ئوقۇدى.

ئاسىم ئەكبەرنىڭ قولىدىكى ھۆججەتكە يېنىشلاپ-يېنىشلاپ قارىدى ۋە ئۇنى قايتا-قايتا ئوقۇدى، «كوللېكتىپ» دېگەن بۇ سۆز ھۆججەتكە سىڭگەنىدى. ئاسىم ئويلىدى: يېزا باشلىقى بۇ «كوللېكتىپ»نى قانداق شەرھىيلەيدۇ-ھە؟

ئەكبەر ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەندەك قوشۇمچىلىدى:

— بىزگە ئەزالارنىڭ تۇرمۇشىمۇ زۆرۈر ئاسىمكا، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى چۆرۈپ تاشلاپ قويۇپ، پاراۋان تۇرمۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

توغرا، ئەكبەرنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىدى. ئاسىم بۇنى ھېس قىلىدۇ، ئۆز تەجرىبىسىدىمۇ ئىسپاتلىغان. لېكىن ئۇنىڭ قارىشىچە نېمىلا بولمىسۇن، ئەزالارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولسىلا خۇشۇسىي ئوقەت قىلىسىمۇ، كوللېكتىپ ئوقەت قىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇنىڭدا گەپ يوق. لېكىن بۇ ئىشنى ئەكبەر ئەمەس، ئاسىم قىلىشى لازىم. ئاددىي بىر ئەزا ئەمەس، چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى، ئەترەتنىڭ ۋاقىتلىق شۇجىسى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. نېمىلا بولمىسۇن ئەكبەرنىڭ چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششى ئورۇنسىز ئىدى. ئەگەر چەكلىمىسە ھەر بىر ئىشتا ئاسىمغا چەكلىمە قويۇلاتتى، ئاسىم خالىغان تەرەپكە غول لاچ ئاتالمايتتى. بۇنداق بولغاندا قانچىلىك ئابرۇيى قالسۇن، ئاز كۈندىلا قولىدىكى ھوقۇقتىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغۇ..

ئاسىم ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ئەكبەرگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ قارىدى. لېكىن ئەكبەر گويا: «خاتىرجەم بولغىن، مېنىڭ نىيىتىم باشقا، سېنىڭ ئورىڭنى كولاپ نېمە قىلاتتىم...» دەۋاتقاندەك. گويا ئۇنىڭدا خالىس ياردەمدىن باشقا نىيەت يوقتەك كۆرۈنەتتى. ئاسىمنىڭ ئۇنى چەكلەش توغرىسىدا سۆزلەشكە تىلى بارمىدى.

— ئاسىمكا، ياخشى ئويلان. قارىماققا پۇل تاپساڭ ئىشلىرىڭ تېز يۈرۈشىدىغاندەك، ئوڭاي بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، بىزگىمۇ پۇل كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھازىر ئىنتايىن مۇھىم... لېكىن نېمىلا بولمىسۇن بىز ھەرگىزمۇ ئەزالارنى يەككە ئىشلەپ پۇل تېپىڭلار، يېزىدىن چىقىڭلار دەپ دەۋەت قىلالمايمىز. سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىش ئارقىلىقلا ئەزالارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

ئەكبەر ئۆيىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ، ھەربىر گەپنى دانىمۇ - دانە قىلىپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئاسىمغا چۈشەندۈردى.

ئاسىم بايا يولدا ئويلىغانلىرىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. ئەكبەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆزى قورغان، ئۆزى ماڭلاي تەرى ۋە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن گۈللىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان خەلق يېزىسىغا مۇھەببەت تۇيغۇسى يالقۇنجىدى. لېكىن ئۇ ئەكبەردىن «سىياسىي دەرس» ئاڭلاشنى خالىمايتتى. ئەكبەرنىڭ خاھىشى بويىچە بولغاندا ئاسىم كىملەرگىدۇر زەربە بېرىشى، كىملەرنىدۇر كۆرەشكە تارتىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئاسىم بۇنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ پۇل تاپسا، ئەزالارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىسا بولدى. ئۇ ئەكبەرنىڭ سۆزلىرىدىن زېرىكتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ئۆتۈكىنىڭ قونجىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

— ئۇكام ئەكبەر، بۇ دېگەن يېزا، بۇ يەردە ئۈنچىلىك

قورقۇنچلىق دۈشمەن يوق. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز كەمبەغەلچىلىك. مۇشۇ كەمبەغەلچىلىكنى نېمە قىلىۋەتسەكلا بولدى! — دېدى - دە، تالاغا ماڭدى.

— نەگە ئاسىمكا؟ — دېدى ئەكبەر. ئاسىم چىقىپ كېتىپ بېرىپ غودۇڭشىدى:

— نېمىنى... نىم قىلىۋېتىپ كېلەي...

ئەكبەرمۇ، ئەخمەتجانمۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن ھېچنېمىنى چۈشۈنەلمىدى.

ئاسىم بولسا ئۆتتۈر كېلىپ ئېتىغا مىندى - دە، دەرۋازىدىن چىقىپلا يورۇپ كەتتى.

ئەكبەر ئەخمەتجاننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ ئۆز پىكرىنى ئېيتتى:

— مېنىڭچە بىز يېزىغا بارايلى، يېزىدىن مەيلى كىم يولىورۇق بەرگەن بولسۇن، بەرگەن يولىورۇقى توغرا ئەمەس، بىرىنچىدىن «قاۋانلىق»نى ئېچىش ئورنىغا كىچىك ئەترەتنى «قاۋانلىق»قا تاشلاپ بېرىشنى قارار قىلغان، ئىككىنچىدىن، مانا بۈگۈن يەككە ئىشلەش توغرىسىدا يولىورۇق بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىنىڭ يولىورۇقىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن. بىز بۇ ئۈچ ئىشنى خاتا دەپ قارىغان ئىكەنمىز، ئاددىي يېزا ئەزاسى سۈپىتىمىز بىلەن يېزىغا، پارتكومغا ئىنكاس قىلايلى. خاتانى تۈزىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرەيلى!

ئەخمەتجان ئەكبەرنىڭ گەپلىرىگە كۆڭلىدە قوشۇلمىدى. ئەخمەتجاننىڭ قارىشىچە ئەزالار قىشچە خۇسۇسىي ئۇقەت قىلغانغا جەمئىيەتنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتمەيتتى، كاپىتالىزم يامراپمۇ كەتمەيتتى:

— بىزنىڭ يېزىمىزدا ئىككى يول كۈرىشى كۈچلۈك دەيسەن، مېنىڭچە سوتسىيالىزمغا ئىنتىلىش كۈچلۈك. نېمىشقا دېسەڭ ئەزالار باي بولۇشقا ئىنتىلىدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ

ئەۋزەللىكى باي بولۇشتىغۇ؟

ئەكبەر دوستىنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلمىدى. ئەخمەتجان بىلەن بولغان تالاشنى داۋاملاشتۇردى...

چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئۆز پىكىرلىرىنى ئوچۇق ئېيتىپ سىر دىشىدىغان ئادەم دەپ ھىكمەت ماگىزىنچىنى تاللىدى. ئاسىمنىڭ قارىشىچە، ھىكمەت ھۆكۈمەت ئىشىغا ئۆزۈن يىل ئارىلاشقان، گېزىت كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۆزى ئوقۇمۇشلۇق، تەجرىبىلىك ئادەم. ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، خىزمەتتىن چېكىنىپ يېزىغا چىقىۋالغىنى بولمىسا يارامىلىق كادىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر چاغدا يېزا باشلىقى تۇرسۇن: ھىكمەت بىلىملىك ئادەم، مېنىڭ كونا ساۋاقدىشىم، كۆرۈۋاتىسەنغۇ، ھارام ئىش قىلمايدىغانلىقىنى... دېگەنىدى. مۇنۇ بۇگۈنكى ئىش توغرىسىدا شۇ ئادەم بىر نېمە دېيەلەيدۇ، مانا شۇنىڭ مەسلىھەتى ھازىر كېرەك...

ئاسىم مۇشۇ خىياللار بىلەن سەككىزىنچى ئەترەت بىلەن يەتتىنچى ئەترەت ئارىسىدىكى بوك دەرەخلەر ئارىغا ئالغان چوڭ قورونىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قورونىڭ دەرۋازىسى كۆن چىقىشقا قارايتتى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە پاكار تاملار سوقۇلۇپ، تېرەك، جىگدە ۋە ئۆرۈك تىكىلگەن. ئاسىم ئاتتىن چۈشمەيلا دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئىتتىرىپ ئاچتى - دە، ھويلىغا كىرىپ، قېرى ئۈجمىگە ئېتىنى باغلىدى. كۆڭگىگە قارىغان بەش ئېغىز ئۆينىڭ پېشايۋىنى ئالدىدا ھىكمەت پەيدا بولدى:

— ئوھۇي، ئاسىمجان، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز، ھازىرلا سىزنى ئويلاپ ئولتۇرۇۋېدىم... — دېدى ئۇ ئاسىمنى قولتۇقلاپ تۇرۇپ، — مەرھەمەت، كالاچنى دالانغا سالىمىز، قېنى ئۆيگە.

دالاندا ھېكمەتنىڭ خوتۇن - بالىسى بىلەن ئەزىزخان ماشىنىچى رادىئو ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

ئاسىم ئۇلار بىلەن تىنچلىق سورىشىپ ئىچكىركى سارايغا كىردى. ساراي ناھايىتى ياسىداق ئىدى. كىگىز ئورنىغا بوسۇغىغىچە گىلەم سېلىنغان، سىم كارىۋات ۋە باشقا ئۆي جاھازىلىرى تېخى بۇ يېزىلاردا يوق ئىدى.

ئاسىمنىڭ ئاستىغا قېلىن كۆرپىلەر سېلىنىپ، ئىككى كىشىلىك كىچىك جوزا قويۇلدى. ئاسىم دائىم بۇ ئۆيدە شۇنداق كۈتۈلەتتى. ناۋۇز، ئۈزۈم، ئالمىلار كەلتۈرۈلدى، مانا كىچىك كومزەكتە مۇسەللەسمۇ كەلتۈرۈلدى...

— توغرا ئويلاپسىز، بۇ نازۇك يېرىكەن، — دېدى ھېكمەت ئاسىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — بۇ ياققا تارتسا ھارۋا ئۆرۈلىدۇ، ئۇ ياققا تارتسا ئۆكۈز ئۆلىدۇ. يېزا باشلىقىنىڭ دېگىنىنى قىلمىسا يەنە بولمايدۇ، قىلاي دېسە، سىزنى توساۋاتقان ئادەملەر بوش كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆزلىرى يوللۇق، ھەم، راسا ئويلىشىپ ئىش قىلىدىغان يېرىكەن...

— نېمە قىلماق تەسكەن ھېكمەت، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى...

— شۇنداق بولىدۇ. سىز ئويلاڭ، مۇشۇ ئەكبەرجان، مېنىڭچە بۇنداق ئەزا بولۇپ قېلىۋەرمەيدۇ، ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ تىزىمىدا بار ئادەم. سەن ئارىلاشما دېگەن گەپنى قىلماق ئاسان، پوسۇقىدا ئۇنىڭ دېگىنى توغرا چىقىپ، لىپلا قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ يېزا شۇجىسى، ناھىيە شۇجىسى بولۇپ قالسىچۇ! ھەي ئاسىم، ئىشىنىڭ بولغىنىدىن بولىدۇسى يامان. مۇشۇ «بولىدۇ» سىغا جىقراق ئېھتىيات لازىم. قېنى بىللە ئويلايلى، بەلكىم بۇ تۈگۈشىنىمۇ يېشىپ ئالارمىز. ھى - ھى، توخۇ جىنىدا پۇتىنى باغلاپ قويسىڭىز ئۇياققا، بۇياققا چوقۇپ يۈرۈپ ئاخىر يېشىۋالىدىغۇ... بىز دېگەن ئىككىڭىزتەك چوڭلا

ئادەم تۇرساق...

ئۇلار سىردىششقا باشلىدى، چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم ئۆزىنىڭ ئويلىرىنى، چوڭ ئەترەتتىكى ئەھۋاللارنى ۋە يېزا باشلىقىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى بىرمۇ بىر ئېيتتى. ھىكمەت زېھنى بىلەن ئاڭلىدى ۋە ئاسىمغا مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى...

چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم زۇۋرشاغا قانداق يوليورۇق بەرگىنىنى ھەيدەر خەسىس ئاڭلىدى، ئۇ شۇ كېچىسىلا ھەرىكەتكە ئۆتتى، زۇۋرشا ئىمىز - چىمىر يېزىپ بەرگەن قەغەزنى كۆتۈرۈپ ماخوغا كەلدى.

ئاسىم ھىكمەتنىڭ ئۆيىدىن قايتىشتا ماخو ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ روزاخۇن بىلەن ھەيدەرنىڭ ماجىرالىشۋاتقىنىنى ئاڭلىدى.

سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ ماخوسى يېزا بويىچە ئېكىسكۇرسىيە قىلىنغان ماخو. ئۇنىڭ سىيلىق سۇۋالغان ئوقۇرىمۇ، خورازنىڭ تاجىسىدەك تىزىلغان ئۆگزىدىكى بېدىلىرىمۇ، نوختا - چولۋۇرلىرى مايلانغان سېمىز ئاتلىرىمۇ باشقا ماخولاردىن ئالاھىدە. پەقەت مۇشۇ ماخودىلا بېدىلەر ئوگزىدەك ئۆششاق توغرىلىدۇ. ئات ئايقىدا يىرگىدەپ چىقىرىلغان بىر تال بېدە ئۇۋىقى كۆرۈنمەيدۇ. بۇ ماخونىڭ ئاتلىرى گويا ياسىداق سارايدا بەھوزۇر ئولتۇرۇشقان مېھمانلاردەك ھەرقايسىسى ئۆز ئوقۇرىدا ئەدەب بىلەن ئوت - يەم يەيدۇ. دۇمبىسى، كۆكسى يېغىر بولغان ياكى سەرى كۆتەڭگەي بولغان ئاتلار بۇ يەردە يوق. بۇ يەردە تەرتىپ مۇستەھكەم — ئات مىنگۈچى خالىغىنىچە ئاتنى يېتىلەپ ئۆيىگە ئەكەتمەيدۇ، بەلكى ئىگەر - توقۇمنى كۆتۈرۈپ ماخوغا كېلىدۇ ۋە ماخو باشلىقى روزاخۇن بوۋاي ئىگەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، توقۇم ۋە ئىشمەكلىرىنىڭ قېلىن - نېپىزلىكىنى تەكشۈرۈپ توقۇشقا

رۇخسەت قىلغاندىن كېيىنلا ئات توقۇلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاتلىرى ماندان، قىرچاڭغۇ، ماڭقا قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كۆرمەيدۇ. ئاتلار ئۈچۈن بىر كىچىك ساندۇق مەخسۇس يەرلىك دورىلار — كۆكتاش، كۈچۈلا، سۇ ماي ھەتتا نەشتەر، ئۇستۇرىلار ساقلانغان. ئاتلار چىلە دەسسىمەيدۇ. ئاتلارنىڭ ئايىقى كۈندە ئىككى قېتىم تازىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماخۇنىڭ ئاتلىرى 16 — 18 ياشلارغا كىرسىمۇ ئۆزىنى قويۇپ بەرمەيدۇ ۋە كۈچ ئىشلارغا ياراۋېرىدۇ. يېزا قۇرۇلغاندا كىچىك ئەترەتكە كىرگەن ئاتلاردىن بىرسىمۇ ئۆلگىنى ۋە كۆتەرمە بولغىنى يوق. ئۇ ئاتلار ئۆز ئىسىملىرى بىلەن — مەسىلەن، چىلان تورۇق، قاراتاي، ئىبراھىم قاشقا، كېرىم جەرەن، شەپشەك، ساپساپچى، تورگۆن قۇلا، كورەڭ بورتە، ئاي قاشقا، چوڭ قارا، كىچىك ئالا دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ھازىرمۇ ئەزالارغا شۇنچە ئۆز.

ماخۇغا ئاتلار توپلانغان كۈندىن باشلاپ مۇشۇ ماخۇنىڭ يۇقىرىقى تەرتىپلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى يارىتىپ كېلىۋاتقان روزاخۇن بوۋاي پۈتۈن يېزىغا داڭلىق، كۆپ قېتىم نەمۇنىچى بولۇپ ناھىيە ۋە ئوبلاستلارغا بارغان. بۇ ئادەم توغرىسىدا ئەل ئىچىدە سۇلۇ ئاتنى قانداق قىلىپ يەمخور قىلغانلىقى، قىشتا تەرى قۇرىمىغان ئاتنى ئۆز يوتقىنى بىلەن يوپۇغداپ سوۋۇتقانلىقى، بېدىنى ئۈچ سانتى ئۇزۇنلۇقتا توغراپ يىلىغا نەچچە مىڭ باغ بېدە ئىقتىساد قىلغانلىقى توغرىلىق ھېكايىلەر ئېيتىلىدۇ...

روزاخۇن ئاتچى، روزاخۇن نەمۇنىچى، روزاخۇن ماخۇچى ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان بۇ پەخىرلىك سۈپەتلەر بوۋاينىڭ مۇكاپىتى. كىچىكىدىنلا بايلارنىڭ ماللىرى ئايىقىغا چىرمىلىپ، ئۆمرىنىڭ تولىسى ساپان تۇتۇش، ھارۋا ھەيدەش، جۇۋاز ھەيدەش، ئات يارىتىش، ئات داۋالاش بىلەن ئۆتكەن، لېكىن شۇ ئۆتۈپ كەتكەن 40 — 50 يىل ئىچىدە ئۆزىدە يەر دەسسەپ

تۇرغىنىدەك سارۇمۇ بولۇپ باقمىغان بۇ ئادەم يېزا قۇرۇلغاندىن باشلاپ ۋۇجۇدىنى كوللېكتىپ ئىشىغا بېغىشلىغانىدى. ئات — ئۇنىڭ جېنى، ماخو — ئۇنىڭ جەڭ مەيدانى. كىمدە ـ كىم ئۇنىڭ ئورناتقان تەرتىپلىرىنى بۇزىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ!

مانا بۈگۈن شۇ بوۋاي، يەنى 60 تىن ئاشقان، لېكىن ساقاللىرى قاپقارا، قاتما، قوللۇق، يۈزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان ئادەم ئېلىشماقتا. ئۇ، زىغىرىق قىرغاقلىق يۇمشاق شالۋۇر ئىچىگە پېشىنى پۈكتۈرۈۋالغانىدى، كۆرەك جۇۋا ئىچىدىكى ۋىجىك ئەمما مەزمۇت گەۋدىسى غەزەپتىن تىترىمەكتە، ئۇ ئاچچىقلانغاندا قارا ساقىلىنى چىڭ سىقىمداشقا ئادەتلەنگەن. مانا ھازىرمۇ ساقىلىنى غىجىملاپ تۇتۇپ ۋارقىراپ سۆزلىمەكتە، ئۇنىڭ زىل ئاۋازى ماخونىڭ ئېگىز تاملىرىدىن ھالقىپ يىراقلارغا كەتمەكتە:

— ھەيدەر خىسىس، ساڭا ئات تۇرماق ئۆكۈزمۇ يوق! سېنىڭ چاشقاندەك ئۆزۈڭگە ئوزۇق توپلىشىڭغا بۇ ماخودىن دان چىقمايدۇ!

— مەن ئۈچ ئات، ئىككى ئۆكۈز ئۆتكۈزگەنمەن ئۆزى، بەرمەي ھەددىڭ ئەمەس!

— ھە، ئۆزۈڭچە بۈگۈن تازا سونۇ كەلدى دەپ، يېزىغا ھۇجۇم قىلىۋاتامسىنا؟ كىچىككىنە تەتۈر شامال شىلدىر قىلسىلا سەكرەپ چىقىش سەن بۆرگىنىڭ جولدا كەتكەن خويۇڭ! بار، يوقال!

— سېنىڭ تىلىڭغا خۇدا بەس كەلمىسە، مەن بەس كېلەلمەيمەن! مەن كېچىنى كېچە دېمەي ئۇ دوسكىلاپ يۈرۈپ ئورغان قومۇشۇمنى سېتىپ پۇل قىلالمايمەنمۇ؟

— ئۆزۈڭچە ئەترەت باشلىقى ئالماشتى، ماخونىڭ تەرتىپى بۇزۇلدى دەمسىنا تېخى!

— سەن نەنىڭ ھوپپېكىيى ئۆزى! ئۆز مېلىمغا ئۆزۈمنى ئىگە قىلمامسەن؟

— بۇ سېنىڭ پېخسىق داداڭدىن قالغان ئات ئېغىلى ئەمەس، يېزىنىڭ ماخوسى!

— سەن قايسىبىر قاتقان تەلىقاتىڭغا شۇنچە كېرىلىسەن؟

— سەن يېزىغا ئۈچ ئات بەرگەن بولساڭ، مەن جېنىمنى ئاتىغان! سەن يېزىنى خېمىغا يانىدۇ دەپ خام خىيال قىلما ھەيدەر!

— مەن سەندىن ئات سوراۋاتىمەن، ئات! ئۆز ئېتىمنى ئىشلىتىشكىمۇ يول قويمامسەن!

— بۇ يەردە ساڭا ئوخشىغانلارنىڭ ئېتى يوق، بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ بەربىمىز!

— ئەترەت باشلىقىنىڭ خېتىنى ئىلىك ئالامسىنا؟!

— تۆز يولدا ماڭمىغاندىكى، ئۇنىڭ خېتى بىر تىيىن!

— مانا ئەترەت باشلىقىمۇ كەلدىغۇ!

ئەمدى ئاسىم زۇۋرشانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— بايا چوڭ ئەترەت باشلىقى ئېيتتى، — دەيتتى زۇۋرشا، — مەن خەت قىلىپ بەرگەن ئادەملەرگە ئات — ئۆكۈز بېرىسەن!

— كىچىك ئەترەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى كۆپچىلىك قارار قىلىدۇ. ئاتلارنى تارقىتىۋېتىشنى ئەزالار ئوتتۇرىسىغا سال، قارار قىلسۇن، ئاندىن كېيىن بېرىمەن، بولمىسا بەرمەيمەن!

— سەن ئەترەت باشلىقى، مېنىڭ گېپىمنى نېمىشقا يىرىسەن؟

— يولسىزلىق قىلىدىكەن، ماڭا سەن تۇرماق داداڭمۇ بىر تىيىن!

— ئانداق بولسا چىق ماخودىن!

— مېنى ماخودىن ھەيدىيەلمەيسەن!

— مېنىڭ ئىش تەقسىم قىلىش ھوقۇقۇم بار. ماخونى روزىمەتكە ئۆتكۈز!

— مېنى ئەزالار چوڭ يىغىنىدا سايلىغان، مەن ساڭا ماخونى بەرمەيمەن!

— يۈز ئەممە، يامان بولساڭ چوڭ ئەترەتكە يۈرمەمسەن! — دېدى زىۋىرشا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ.

ئاسىم ئەنسىرىدى. بۇلار چوڭ ئەترەتكە بارسا، ئاسىمنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ. بايىلا ھىكمەت مەسلىھەت بەردىغۇ: ئەكبەر بىلەن يۈزمۇ - يۈز تۇتۇشۇشنىڭ ھاجىتى نېمە. كىچىك ئەترەت باشلىقلىرىغا بۇيرۇق بېرىپ دېگىنىمنى قىلغۇزىۋەرمەيمەنمۇ. كىچىك ئەترەت باشلىقلىرى گەدەنكەشلىك قىلسا، يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى دېسەملا گەپ تۈگىدىغۇ... ئۇ جاڭجاللىشىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا ئاتلىق كەلدى.

— مانا ئاسىممۇ كەلدى، — دېدى زىۋىرشا كۆرەڭلەپ، — ئېيتقىنا ئاسىم، مەن ماخوچىنى باشقۇرالايمەنمۇ - يوق؟

— باشقۇرسەن. ئەترەت باشلىقى بولغاندىكىن باشقۇرسەن! — دېدى ئاسىم، ئېتىغا سىڭايان ئولتۇرۇپ.

— ئاسىم. بۇلار ئاتلارنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ، بىلەمسەن؟ دېدى روزاخۇن جاقىلداپ تىترەپ، — بۇلار ئىشنى خېمىغا ياندۇرۇغلىۋاتسا، سەن يەنە بۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتىسىنا!

— خېمىغا ياندۇرغىنى يوق، ھازىر يولىيورۇق شۇنداق، — دېدى ئاسىم، — ئەزالارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىشىغا ئەترەت ياردەم قىلمىسا كىم ياردەم قىلىدۇ؟

— بۇ قانداق ياردەم؟ بۇ دەرەخنىڭ غولىنى كېسىۋېتىپ شاخلىرىغا سۇ قۇيغانلىق ئەمەسمۇ؟ غول قۇرىسا شاخ كۆكەرگەن نەدە بار؟ — دېدى روزاخۇن ئاسىمغا تىكىلىپ، — سەن مېنى مۇشۇ 40 — 50 ئات، ئۆكۈزگە قاراشنىلا بىلىدۇ، دەپ ئويلىساڭ خاتالىشىسەن، مەن مۇنۇ ماخودا كوللېكتىپنىڭ بىر قوغدىغۇچىسىمەن. كىمدە - كىم ئىشنى تەتۈرسىگە بۇرايدىكەن، مەن ئۇنىڭغا تېتىتىپ قويىمەن، يول قويمايمەن!

— كىم بۇراپتۇ، كىم بۇراپتۇ، بۇراۋاتقان ئۆزۈڭ! — زۇھرىشا بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىرىدى.

— مەنمۇ ئەمىسە؟ — قىزىشتى بوۋاي، — ھەي ئاسىم، ئاڭلىغانسەن، ھەيدەر بايىلا ئۆز ئېتىم، ئۆز مېلىم دەپ ۋايسىدىغۇ! نىيىتىنى بىلگەنسەن، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار كىملەرگە ياقانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر. ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە شۇنداقلارنىڭ تەرىپىنى ئالساڭلار، مەن سىلەرگە ھەرگىز يول قويالمايمەن! ھەرگىز يانتاياق بولالمايمەن.

ئاسىم يەنە ئوڭايسىزلاندى. بايىقى «ئەكبەرنى قايرىپ قويۇپ، ئەترەت باشلىقلىرىغا بۇيرۇق بېرىۋېرىمەن» دېگەن خىيالىنىڭ ئىشقا ئاشماسلىقىغا كۆزى يەتتى. مۇنۇ روزاخۇنكامدەك ئادەملەرنى نەگە قايرىپ قويغىلى بولسۇن؟ مانا بۇلار ئەترەتنى ئەترەت قىلىۋاتقان ئادەملەر، بۇلار نېمە دېسىمۇ ئاقىدۇ...

ئۇ ئېتىنى يورۇتۇپ ئۆيىگە قايتتى. كېچىچە ئۇياققا - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىرلا سوئال پىرقىرايتتى: «مېنىڭ قىلىۋاتقىنىم خاتامىدۇ - ھە؟ دېھقانلارغا يار - يۆلەك بولايلى، دەپ قىلىۋاتقان ئىش ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىكقۇ، يەنە نېمىشقا شۇنچە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرايمەن؟...»

ئۇ ئەتىسى ئاڭلىدى: زۇھرىشا روزاخۇننى ماخودىن ھەيدەپ چىقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن، لېكىن بوۋاي كەتمىگەن. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ماخوغا ئەترەت ئاكتىپلىرى يېتىپ كەلگەن، ئەبلغازى، ئىمىرلارمۇ ماخونى قەتئىي قوغداش ئۈچۈن مەيدانغا چىققان. زۇھرىشا ئاخىر ئاچچىقلاپ: ئال خىزمىتىڭنى، دەپ باتناپ يېتىۋالغان، سەككىزىنچى ئەترەت باشلىقسىز قالغان...

# بەشىنچى باب

ئەكبەر يېزىغا كۈن چىقىش بىلەن تەڭ يېتىپ كەلدى. يېزا تۆرۈشلۈق مەھەللە دۆڭگە جايلاشقان، ئەكبەرلەرنىڭ يېزىسى دەريا تەرەپتە — پەستە. ئەكبەر يېزىلىق پارتكومىنىڭ قوروسىغا كىرىشتىن بۇرۇن مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دۆڭدە ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى. ئۇ، ئۆز مەھەللىسى تەرەپكە قايرىلىپ قارىدى: بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن مەھەللىلەر ئاپئاق قىراۋ ئىچىدە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. گويا ئىلى ۋادىسىنى باھار چېچەكلىرى قاپلىغاندەك، تىيانشاننىڭ ئاپئاق چوققىلىرىدىن بۇ ۋادىغا كۆمۈش ئېقىپ چۈشۈۋاتقاندەك. . . سەھەر مەنزىرىسى گۈزەل ئىدى.

ئەكبەر «قاۋانلىق»قا قارىدى، چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇق يىراقتىن ئاقۇش تۇمان ئىچىدە ئاستا داۋالغۇماقتا. . . ئەكبەر ئورنىدىن تۇرىدى: «ياق، قاۋانلىق ئەمدى ساڭا تىنچلىق يوق، سەن ئەمدى بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە بولىسەن» دەپ پىچىرلىدى.

ئۇ پارتكوم قوروسىغا كىرگەندە، پارتكومنىڭ كۆنگەيگە قارىتىلغان تاختايلىق ئۆيلىرىنىڭ دېرىزە قاپقاقلىرى ئېچىلمىغان، ئىشىكلىرى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. مېھمانخانا قىلىپ ئىشلىتىدىغان كۆنچىقىشتىكى تۆت ئېغىز ئۆينىڭ تورخۇنلىرىدىن قويۇق ئىس تىك چىقىپ، دەرەخلەرنىڭ ئاپئاق قىراۋلۇق شاخلىرىنى يالاپ ئۆتۈپ، سۈزۈك ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

مېھمانخانا ئىشىكى ئېچىلدى، سېرىق سارجىدىن تاشلانغان قۇندۇز ياقىلىق جۇۋا يېپىنچاقلاپ، قىسقا بويۇن، سېمىز بىر ئادەم چىقتى. ئەكبەر ئۇنىڭغا قاراپ مېڭىۋىدى، ئۇ ئادەم ئەكبەرنىڭ ياماق چۈشكەن كىيىملىرىگە بىر قۇر كۆز تاشلاپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى - دە:

— ھە. يولداش ئەكبەر تازا ۋاقتىدا كەپسىز، — دېدى ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، — ئاڭلىدىم، سىزنىڭ چوڭ ئېلىشىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم. ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ ئىسسىق ماكانى، سىز ئۇ يەرگە سىنىپي كۆرەشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى باشلاپ ئەكىرىڭ!

بۆلۈم باشلىقى چىن ئەكبەرنى ئۆز ياتىقىغا ئېلىپ كىردى. ئەكبەر بۆلۈم باشلىقى چىنغا ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى «كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ ھۇجۇمى» توغرىسىدا يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. بۆلۈم باشلىقى چىن ئەكبەرنىڭ سۆزلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى ۋە بارلىق كۈچى بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۆلۈم باشلىقى چىن ئەكبەرگە سىياسەت ۋە خىزمەتتە يېتىلگەن، ئۆزى كۆرگەن رەھبەرلەر ئىچىدە قابىلىيەتلىك ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى بار بىر ئادەم بولۇپ تۇيۇلدى.

ئۇ بۆلۈم باشلىقى چىننى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۆزىنى قوللىغۇچىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ خوشلاشتى.

ئۇ بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن خوشلىشىپ، پارتكوم قوروسىنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەن ئالمىلىق باغقا ماڭدى. ئىككى چېتى پاكار قارىياغاچلىق يول بىلەن مېڭىپ ئارقا كوچىغا چىقىپ كادىرلار ئۇچۇن سېلىنغان ئاددىي ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئېگىز بويلۇق، جۈدەڭگۈ، سول قولتۇقىغا ھاسا تايانغان ئادەم پىيما كەيگەن پۇتىنى ئاۋايلاپ بېسىپ ئۆيدىن چىقىپ، پارتكوم ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇچىسىدا ياماق چۈشكەن كۆك پاختىلىق چاپان، بېشىدا قولاقچا بار ئىدى، بېلىنى بولسا قارا پوتا بىلەن باغلىۋالغانىدى.

ئەكبەر ئىككىلەنمەي ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا باردى:

— سالام لى شۇجى، سالامەت قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟

لى زۇڭخۇا دەرھال قولىنى سۇندى:

— بىرلا قاراپ تونۇدۇم، سەن ئەكبەرغۇ!

— ھەئە، مەن ئەكبەر. مەن سىزنىڭ پۈتىڭىز توغرىسىدا ئاڭلىغان...

لى زۇڭخۇا قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇ ئەكبەرنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ:

— ناھىيىلىك پارتكومدا سىنىڭ پارتىيىگە كىرگىنىڭ ئېنىق بولدى. گاۋ شۇجى بىلەن ئادىلجان شۇجى سىنىڭ ئاددىي دېھقان بولۇشقا بەل باغلىغانلىقىڭنى، كېيىنچە «قاۋانلىق» قا نەزەر سالغىنىڭنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. يۈر، ئۆيگە كىر، پاراڭلىشىمىز، سىنى چاقىرتايلى دەپ تۇراتتۇق. كەلگىنىڭ بەك ياخشى بولدى.

ئەكبەر لى زۇڭخۇا بىلەن بىللە ئۆيگە كىردى.

لى شۇجىنىڭ ئۆيى ئاددىي، پاكىز، ئۈچ ئېغىزلىق ئىدى. سارىيىغا سۇپا چىقىرىلغان، سۇپىغا ئىككى پارچە يېڭى تىكمەت سېلىنغان، ساندۇقلار ئۈستىگە ئورۇن - كۆرپىلەر تىزىلغان، دېرىزىلەرگە قاچا گۈللەر، ئىككى دېرىزە ئارىلىقىغا يەشكىتە تال گۈل قويۇلغان، كىتاب، گېزىت - ژۇرناللار جاي - جايىدا تۇراتتى.

لى زۇڭخۇا ھاياجانلانغانىدى. ئۇ ناھىيىلىك پارتكومدا ئەكبەر توغرىسىدا بولۇنغان گەپلەرنى يەنە بىر قېتىم ئېسىگە ئېلىپ، ئەكبەرگە ھەۋەسلىنىپ قارىدى.

ئەكبەرمۇ ھاياجانلانغانىدى. پۈتۈن يېزا ئەزالىرى قەدىرلەيدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئاددىيلىقى، كەمتەرلىكى ۋە قىزغىنلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئەكبەر لى شۇجىنىڭ كارۋىتى بېشىدىكى سىزما خەرىتىگە قارىدى. يېشىل، سېرىق، كۆك، ئاق، قىزىل... بوياقلار بىلەن بويالغان، بەزى يەرلىرىگە بەلگىلەر قويۇلغان يېزا

خەرىتىسى توغرىسىدا ئەكبەر ئاڭلىغان: لى شۇجى بىر گۇرۇپپا تەكشۈرگۈچى - ئۆلچىگۈچىلەرنى باشلاپ، بىر ئايدىن جىق ۋاقىت پىيادە يۈرۈش قىلىپ بۇ يېزا خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. خەرىتىدە مەھەللىرى تارقاق، بىر چېتى ئېلى دەرياسىغا، يەنە بىر چېتى قاش دەرياسىغا، قالغان ئىككى چېتىمۇ باشقا يېزىلارغا تۇتۇشىدىغان بۇ يېزىنىڭ تېخى تېرىلمىغان سازلىقلىرى، تېرىلىۋاتقان مۇنبەت ئېتىزلىرى، دەريا ياقىلىرىدا بۇك - باراقسان جاڭگاللىرى، چىغ - تۇۋلۇغلۇق بوز يەرلىرى، چېپىشقا، ئېلىشقا تېگىشلىك ئۆستەڭلىرى. تۈزلىنىدىغان دۆڭلىرى، بىنا بولغۇسى باغلىرى كۆرسىتىلگەن. بۇ يەرلەردىن بۇ پارتكوم شۇجىسىنىڭ قەدىمى تەگمىگەن يەر قالمىغان، قىرلاردا، چىمەنلىكلەردە قالغان سانسىز ئىزلىرىنى سانىمىغاندىمۇ يالغۇز «قاۋانلىق» نىڭ قويۇق قومۇشلۇقلىرى، ئادەم ئايىقى باسمىغان، سېسىق گاز بىخسىپ تۇرىدىغان چوڭقۇر لاتقىلىق سازلىقلىرى ئىچىدە پارتكوم شۇجىسىنىڭ قانچىلىك تەرى ئاققانلىقى، قانچىلىغان ئىزى قالغانلىقى ۋە قىيىندىلار بەرگىدە قالغان قان داغلىرى. . . توغرىسىدا ئەكبەر نۇرغۇن ئاڭلىغان. پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىككى پۇتى ئاشۇ «قاۋانلىق» نى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن كاردىن چىققان. ئۇزۇن ۋاقىت زەيدە يېتىپ، بەلگىچە سۇ كېچىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە رېماتىزم كېسىلى كۈچەيگەن. . . لېكىن پارتكوم شۇجىسى كۆپچىلىككە پايدا كەلتۈرۈش يولىدا ئۆزىگە كېلىدىغان خېيىم - خەتەرنى ئويلاپ ئولتۇرمىغان. . . ئەكبەر ئەنە شۇ لى شۇجىنىڭ تەكشۈرۈپ يازغان ماتېرىيالىغا ئاساسەن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە يانداش تەرەپتىن «قاۋانلىق» قا ھۇجۇم باشلاشنىڭ پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئەكبەر لى شۇجىنىڭ ھاسا تايىقىنى چىڭ تۇتتى:

— لى شۇجى، ھازىر ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرى سىز

باسقان يوللارنى بىسىپ ئۆتۈشكە، يېزىمىزدىن زەي ئاپتىنى ھەيدەپ چىقىرىشقا، «قاقالىق»نى قۇرۇتۇشقا بەل باغلىدى!

— ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرى بۇرۇن قوزغىلىپتۇ، — دېدى لى زۇڭخۇا، — مېنىڭ تەكشۈرگىنىمنىڭ سىلەرگە ئاز - تولا ياردىمى تەگكەن بولسىلا مەنمۇ بىكار يول ماڭماپتىمەن.

لى زۇڭخۇانىڭ ئايالى كورىدا ئەتكەن چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ مەشىنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئىككى ئاق نان ۋە ئۈچ توقاچ كۆتۈرۈپ كىرىپ، جوزىغا داستىخان سالدى. چىنىلەرگە چاي قۇيدى:

— سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىغىلى خېلى بولدى. قارىماسىز، ئاكىڭىزنىڭ ئاغرىقى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بېرىپ ھال سوراپمۇ كېلەلمىدىم، — دېدى ئۇ تولۇق ئۇيغۇر تىلىدا.

ئەكبەر تولۇق، ئاق يۈزلۈك، 40 ياشلاردىكى ئۇزۇن چاچلىق بۇ ئايالنىڭ ئىلتىپاتىغا چىن قەلبىدىن خۇرسەن بولدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە قىپقىزىل پىشقان قاپاق چۆمۈچتە چاي قۇيۇشى، مۇنۇ نان - چايلىرى ھەتتا ياغلىق تېڭىشلىرى، ئۆي تۇتۇشلىرىمۇ ئەكبەردە قىزغىن ھېسسىيات قوزغىغانىدى. ئەكبەر ئويلىدى: «دېمەك شۈجىنىڭ پۈتۈن ھاياتى، تۇرمۇشى، ئوي - خىيالى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بېغىشلانغان ۋە شۇنىڭغا ماسلاشقانىكەن. ياق، مەن تېخى لى شۈجىنىڭ ئىزى بىلەن ئەمدىلا ماڭدىم، بۇ سەپەرنى ئاخىرىغىچە، ھاياتىم ۋە پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىم، پەم - پاراسىتىمنى سەرپ قىلىپ ماڭىمەن. . .»

ئۇلار پارتكوم قوروسىغا قايتىپ چىققاندا، پارتكوم كاتىپى دېرىزىلەرنى ئاچقان، قۇياش نۇرى ھويلىنى نۇرلاندۇرۇپ، قورودا كۆڭۈللۈك مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى. . .

— ئەكبەر پارتكوم ئىشخانىسىغا لى زۇڭخۇانىڭ كەينىدىن

كىردى. پارتكوم كاتىپى — ئىنچىكە بويلۇق خۇيزۇ يىگىتى ئەكبەرنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى:

— سىزگە خوش خەۋەر كۆپ، مەن ئالدىڭىزغا باراي دېگۈچە ئۆزىڭىز كەپسىز، — دېدى.

— سەن ئەكبەرنىڭ «قاۋانلىق»نى ئېچىش پىلانىنى نېمىشقا ئاخشام ماڭا بەرمىدىڭ؟ — دېدى لى زۇڭخۋا كاتىپقا.

— تۈنۈگۈن كەلدىڭىز، ئاخشام پارتكوم يىغىنى كەچ تۈگىدى، — دېدى كاتىپ، — سىزگە بۈگۈن سەھەر بېرىشنى لايىق كۆرۈۋىدىم...

— سەن مېنى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمىدى، ئارام ئېلىشقا تەسىر يېتىدۇ، دەپ ئويلاپسەن-دە؟ سەن پىلاننى بەرگەن بولساڭ مەن تېخىمۇ ياخشى ئارام ئالاتتىم، — دەپ كۈلدى لى زۇڭخۋا.

كاتىپ تارتمىدىن ئەكبەرنىڭ پىلانىنى ئېلىپ لى شۇجىغا سۇندى. لى شۇجى پىلاننى ئېچىپ ۋاراقلاپ كۆردى-دە، ئۇنىڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دېرىزە ئالدىغا باردى ۋە «قاۋانلىق» تەرەپنى شەرەت قىلىپ دېدى:

— ۋاقتى يەتتى! قىشتا دەسلەپتە ئاشۇ مىڭ مو يەرنىڭ قومۇشىنى ئورۇپ تاشلاپ، زەيكەشلەرنىڭ ئورنىنى ئۆلچەپ، قوزۇق قېقىپ تەييارلىۋالساڭلار، توڭ كېتىشى بىلەن يورۇش قىلساڭلار بولىدۇ. «قاۋانلىق» ئۆزىچە ھۇجۇم قىلىپ باقتى. ئەمدى خەلقنىڭ ھۇجۇمىنى كۆرۈپ باقسۇن، دۇنيادا خەلقنىڭ ھۇجۇمىدەك قۇدرەتلىك كۈچ يوق! — ئۇ خۇشاللىقتىن غۇلاچلىرىنى كېرىۋىدى، خۇددى ئۇچۇشقا تەييارلانغان بۈركۈتكە ئوخشاپ كەتتى...

— ھا-ھا-ھا...، — قاقاقلاپ كۈلگىنىچە بۆلۈم باشلىقى چىن كىرىپ كەلدى، — لاۋلى، بۈگۈنمۇ مەندىن بۇرۇن كېلىۋاپسىز-دە!

— لاۋچىن، مۇنۇ ئەكبەرنىڭ «قاۋانلىق»قا يۈرۈش قىلىش پىلانىنى بۈگۈن كەچ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتسەك قانداق؟

— قېنى كۆرەرمىز! — دېدى ئۇ لى زۇڭخۇاغا ۋە گەپنى باشقا ياققا ئېلىپ قاچتى، — دېمەك شۇنداق قىلىپ ئەكبەرنىڭ مىنبىگلارغا دوكلات بېرىدىغان ئىشىنى ئېيتتىڭىزمۇ؟

— ياق، تېخى ھېچنەرسە دېمىدۇق، — دېدى لى شۇجى،

— سىلەرنى كۈتتۇق، دەقەمتە ئولتۇرۇپ دەيلى دېدۇق.

— قېنى ئەمىسە دېگەچ تۇرۇڭ، — بۆلۈم باشلىقى چىن سائىتىگە قاراپ، — يېزا باشلىقى تۇرسۇن بۈگۈن چۈشكىچە كېلەلمەيدۇ. تۆتىنچى چوڭ ئەترەتكە كېتىۋىدى.

لى زۇڭخۇا رەسمىي گەپكە ئۆتۈپ، ئاخشام يېزىلىق پارتكومدا بولغان يىغىننىڭ روھىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى، ئەكبەر ئۆز قولىقىغا ئىشەنمىگەندەك، تېخىمۇ زەن قويۇپ ئاڭلاشقا باشلىدى. لى شۇجى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— يىغىندا بىز ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. بىرنەچچە قارار قوبۇل قىلدۇق، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ياخشى مۇزاكىرە قىلىپ، ئورۇنلاشقا كىرىشىڭلار: بىرىنچى قارارىمىز، سەن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا بەلگىلەندىڭ. مەنسۇرنىڭ ئىشى تېخى بىر تەرەپ بولمىدى. دېمەك سەن ياچېيكا خىزمىتىگە مەسئۇل. چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم ياچېيكا خىزمىتىنى ساڭا ئۆتكۈزىدۇ، ئۆزى چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئاتقۇرۇۋېرىدۇ. ئىككىنچى قارارىمىز، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، بىز ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە بۇ يىل قىشتىن كېلەر يىل ئەتىيازغىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بارماقچى. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە خىزمەت گۇرۇپپىسى بارىدۇ، ئاساسەن پارتىيە ياچېيكىسى يېتەكچىلىك قىلىدۇ. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ

باشلىقى يېزا باشلىقى تۇرسۇن. ئۇ، ياچېيكىنىڭ شۇجىلىغىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتەپ تۇرىدۇ. مۇئاۋىنى سەن. يېزىلىق پارتكومدا بۇ ئىشنى ئوتتۇشقا لاۋچېن مەسئۇل. ئۇگىنىدىغان ماتېرىياللارنى، يۇقىرىنىڭ ھۆججەتلىرىنى پارتكوم كاتىپى بېرىدۇ. بۇ ئىشنى ناھىيىلىك پارتكومدىن يولداش ئادىلجان ئۆزى ئوتتۇۋاتىدۇ. ئاساسىي نۇقتا سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىنى، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن كوللېكتىپ مەبلەغنى كۆپەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، بولۇپمۇ زەي ئاپىتىگە ئۇچراپ باشلىق ئاالىمىغان ئەترەتلەرنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتۇش، خەلق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ياخشىلاش ئاساسىدا ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ يېزا ئىگىلىكىدە كېلەر يىلى مول - ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس يارىتىش!...

— قانداق، يولداش ئەكبەر، ياچېيكا خىزمىتىنى ئىشلەشكە پىكرىڭىز بارمۇ؟ — ھازىر يېزىلاردا ئۆتكۈر ۋە كەسكىن سىنىپىي كۈرەش يۈز بەردى. بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە سىنىپىي كۈرەش ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە كەسكىن. سوتسىيالىستىك تەربىيە ئاساسەن سىنىپىي كۈرەشنى سىناق قىلىش بولىدۇ. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا بىزگە دوكلات قىلىپ تۇرۇڭ. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇشۇ، — دېدى بۆلۈم باشلىقى چىن قوشۇمچە قىلىپ.

— پىكرىم يوق، — دېدى ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپە مۇشكۇل، ئەمما شەرەپلىك، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە پارتىيە ماڭا مۇشۇ ئىشنى تاپشۇرغانىكەن، مەن تىرىشىپ پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى

ئاقلايمەن!

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى لى زۇڭخۇا ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — ئەلۋەتتە چۈشىنىمەن. نېمە ئۈچۈن بۇ يىل قىشتا سوتسىيالىستىك تەربىيىنى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە سىناق قىلىمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى «قاۋانلىق» قا بىرىنچى بولۇپ سىلەر توپ ئاتتىڭلار. قىشچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ئەزالارنىڭ ئېڭى ئۆسىدۇ. بىز ئەتىيازلىققا «قاۋانلىق» قا يۈرۈش قىلىشتا كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولالايمىز.

ئەكبەر ھاياجانلاندى. بۆلۈم باشلىقى چىنىنىڭ سىنىپىي كۆرەش توغرىسىدىكى، لى زۇڭخۇانىڭ تەبىئەتكە قارشى كۆرەش قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرى ئەكبەرنى ئېلىشىشقا، ئىشلەشكە رىغبەتلەندۇرگەن ئىدى.

— بولىدۇ، — دېدى لى زۇڭخۇا، — «قاۋانلىق» نى ئېچىش توغرىسىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقى بار. گەپ ئەمەلىيلەشتۇرۇشتە، مېنىڭچە ئەمدى بۇ ئىشنى. كەينىگە سورۇشقا بولمايدۇ. ئەتىيازلىققا قەتئىي يۈرۈش قىلىش لازىم. سوتسىيالىستىك تەربىيە بۇ ئىرىسلەرنى ھەل قىلىدۇ.

بۆلۈم باشلىقى چىن بېشىنى لىڭشىتىپ، لى زۇڭخۇانىڭ پىكىرلىرىنى قوللىدى...

ئەكبەر چۈشتىن كېيىن يېزىلىق پارتكومدىن چىقىپ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە قايتتى. ئۇ ھاياجانلانغان، روھلانغان ئىدى. پارتكوم بىر ئاددىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئىنكاسلىرىغا شۇنچىلىك ئەستايىدىل قارىدى. ئامىنىڭ تەلىپىگە، ئارزۇسىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن پارتكوم قانچىلىك مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى — ھە! كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق يېزىسىنى مۇستەھكەملەش، پۈتۈن كۈچ بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېرىلغۇ مەيدانىنى

كېڭەيتمش، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئەزالارنىڭ كىرىمىنى يىلدىن يىلغا ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى يىلدىن يىلغا ياخشىلاش، مۇشۇ ئارقىلىق سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىش، ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تۈپ ئاساسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈش — ئەكبەر نەچچە كۈندىن بېرى ئويلاۋاتقان، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان ئىشقۇ!

ئۇ چوڭ يولدىن «قاۋانلىق» قا كېتىدىغان چىغىر يولغا بۇرۇلدى. چەكسىز دالا ئاپئاق قار بىلەن چۈمكەلگەن. تىيانشاننىڭ ئالا - تاغىل قاپتاللىرىمۇ هازىر كۆمۈش رەڭگىدە، ئاۋۇالنىڭ سۈترەڭ ئېتەكلىرى گويا سۈس قارا يىپەكتىن نېپىز پەرتۇق تارتىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى...

ئۇ «قاۋانلىق» تەرەپكە ماڭدى. بۇ يەرلەر ئۇنىڭغا شۇنچە تونۇش، شۇنچە ئۆز: ئاۋۇ غوژمەك - غوژمەك چىغلار، تېۋىلغىلار ئۇنىڭ قويلىرى تومۇز ئىسسىقىدىن قېچىپ سايىۋەن قىلىدىغان يەرلەر، بويىنىغا نان خالتىسىنى ئېسىپ، يالاڭئاياغ، پىخىلداپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بۇ يەرلەردە مال تورىغان، دەرەڭگە ئاسقان قاشقاق كالىنى قورۇغداپ، ئاپئاق توپىلار ئاستىدا قالغان كوكات ۋە قاغداللارنى گورسۇلدىتىپ دەسسەپ مالچىلىق قىلغان بالىلىق چاغلىرى ئۇنىڭ ئېسىدە...

ئالتە تال چوڭ شېخى ئالتە تەرەپكە كېرىلگەن، هور قايناپ تۇرىدىغان، چوڭ كۆتەكى يېنىدا چۆمۈلە دۆمچىگى بار يوغان قارىياغاچمۇ هازىر يالىڭاچ هالدا تۇرۇپتۇ. قېنى ئۇنىڭ قان ئىزى چۈشكەن شاخلىرى؟...

1945 - يىلى يازلىقى، مۇشۇ يەرلەرنىڭ غوجىسى روزىخى باي يامۇل يايىسىنى ئەگەشتۈرۈپ قورغوي ئوۋلاپ يۈرەتتى. ئۇلار پادىچىلارنىڭ يېنىغا كەلدى. روزىخى قالپىقىنى كۆزىگە كىيىپ، ئات ئوينىتىپ، يايى ئۇنىڭ كەينىدە شوق قارا ئايغىرنى ئارانلا

باشقۇرۇپ، ماشكىلارنى ئەگەشتۈرۈپ كېلەتتى، بوزدا پادىسىنى
ياتاق قىلىپ ئويۇپ، ئۆزلىرى غول ئېرىق كېچىكىدىكى قېرى
ئۆژمە تۈۋىدە ئېقىن سۇغا جىرىس نان چە—لاپ ئولتۇ—رۇشقا
—ان جۇل - جۇل كىيىملىك پادىچىلار ئۇلارنى كۆرۈپ
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. رۇخسى چېقىراق ئاۋاز بىلەن
ۋارقىرىدى:

— ۋۇ كۆزۈڭگە، قارا...

ياغاق شالۋۇر، دولىسى يىرتىق، ماتا كۆينىكى لەپىلدەپ
تۇرىدىغان 10 ياشلاردىكى قارا كۆزلۈك بالا كالتىكىنى
پىرقىرىتىپ يۈگۈردى. يايى بالىنىڭ تۆشۈك بۆكىدىن چىقىپ
تۇرغان يىرىك چاچلىرىنى، يىرتىق كۆينەكتىن چىقىپتۇرغان،
قاپ - قارا بولۇپ كۆيگەن دولىسىنى كۆرۈپ تۇردى. بالا
شۇنچىلىك تېز يۈگۈردىكى، ئۆسكىلەڭ ئوتلار قويۇندا
يەلپۈنگەندەك تۇيۇلاتتى. غول ئېرىقتىن ئەمدىلا ئۆتۈپ تاختا
بولغان سۇلۇدىن بىر كاپامدىن يالماشقا ئۇلگۇرگەن ئىككى تايىنچا
پادىچىنىڭ كالتىكىنى كۆرۈپ ياتاققا قاراپ قاچتى. لېكىن
رۇخسىنى تىترەك باستى. ئۇ جەدە يۇرغىسىنى بىرلا دىۋىتتى-
دە، بالىنى قوغلاشقا باشلىدى...

بالا ئېرىق ئاتلاپ، ئەسكى تاملارنى چۆگىلەپ ئۇزاق قاچتى،
تومۇز ئىسسىقى ئاچ قوساق بالىنى ئورىتىدى، ئۇچى كاللەك
ئاغامچا تېگىۋەردى، تاياق بالىنىڭ گۆشسىز بەدىنىنى كۆكەرتتى،
ئۇ قېچىش بىلەن ئۆز قارشىلىقىنى بىلدۈردى، ئۇزاق قېچىش
ئۇنى هالىدىن كەتكۈزدى. بالىنىڭ بېشى قايدى، كۆزى
تورلاشتى. پۇتلىرى تىترىدى. ئۇ ئاخىرقى غەيرىتىنى سەرپ
قىلىپ، قولىدىكى تايىقى بىلەن ئاتنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئات
كېيىنگە ئۇردۇيدى رۇخسى باي ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى.

خوجايىنغا قول ياندۇرۇش — مانا بۇ مالاي ئۈچۈن قانچىلىك
چوڭ جىنايەت. هە! قاراڭغۇ جەمئىيەتنىڭ بۇ هۆكۈمى كۈچىنى

كۆرسەتتى. يايى بىلەن باي مالايلارنىڭ قارشىلىقى، مالچىلارنىڭ تىللاشلىرى، نامرات ئاياللارنىڭ نالىلىرىغا قارىماي. ئەكبەرنى ئېتىز ئارىسىدىكى مۇشۇ قېرى قارىغاچقا ئاستى ۋە ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك ئازابقا چىداشلىق بېرەلىشىگە پىسەنت قىلماستىن ئۇنى قامچىلىدى. . .

ئەكبەر ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن، ئۇ، كۆزىنى ئارانلا ئاچقىنىدا بېشىدا كېۋىر، قەرىخان، ئانارخانلار مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. . .

ئەنە شۇ چاغدا ئەكبەرنى ئاشۇ قارىياغاچقا ئاسقان ئىدى. ئۇنىڭ ساپ، بىگۇناھ قانلىرى مۇشۇ ياغاچنىڭ شاخلىرىنى بويىغان ئەمەسمىدى؟ . . .

ئۇ چىغىر يول بىلەن «قاۋانلىق»قا قاراپ ماڭدى. مانا مۇنۇ يەرلەر تۆتىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ يەرلىرى، بۇ يەرلەرنىمۇ «قاۋانلىق» ئۆزىگە قوشىۋالغان، قەدىمكى شۇۋاق ئۆسىدىغان بوز يەرلەر ئەمدىلىكتە قوشۇملۇققا ئايلانغان. ئەكبەر بىلىدۇ: قومۇشلۇق تۆت تەرەپكە كېڭەيمەكتە. تۆتىنچى چوڭ ئەترەت، بەشىنچى چوڭ ئەترەت. . . يەنە ئۇ چېتىدە باشقا يېزىلارمۇ بار. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا «قاۋانلىق»تىن ئازار يېمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن «قاۋانلىق»نى يوقىتىش ئىشى يالغۇز ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن يېزىنىڭ پۈتۈن ناھىيىنىڭ تەلىپى. . .

«مەن بۈگۈن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا جاۋابكار، مېنى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمىتىگە قويۇشتىكى مەقسەت، ئەلۋەتتە ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنى پارتىيىمىزنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى بىر كىچىك جەڭگىۋار قورغىنىغا ئايلاندۇرۇش. بۇ قورغان نېمە قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە سىنىپىي دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىدۇ. بولۇپمۇ باشلىقى چىن توغرا ئېيتىدۇ: ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى ئاساسىي ئىش سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ قايتا تىرىلىش، قايتۇرما ھۇجۇملىرىغا

زەربە بېرىش. مەنسۇر كامىنىڭ قارشى بىر تەرەپلىمە. ئۇ ھازىرقى ۋەزىپە پۇل تېپىش، دېھقانلارنى باي قىلىش دەيدۇ. كاپىتالىزمغا يول قويۇش بىلەن پۇل تاپسىمۇ مەيلىمۇ؟ ياق، بۇنىڭغا يول قويغىلى بولمايدۇ...

ئۇنىڭ خىيالى ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى ئىشلارغا كۆچۈۋېدى، ئالدىدىن مورەككەپ ۋە چىگىش ئەھۋاللار بىرمۇ بىر ئۆتۈشكە باشلىدى...

تۆتىنچى چوڭ ئەترەت تەرەپتىن خالتار ئېتىنى ئويناقلىتىپ بىر كىشى چىقىپ كەلدى، بۇ يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئىدى. يېزا باشلىقى سۆكنى پالشوپكىسىنىڭ سۇسەر ياقىسىنى كوتۇرىۋالغان. بوينىغا قېلىن يۇڭ شارپا ئورىغان. بېشىغا مەرىيە تېرىدىن تىكىلگەن قولاقچا ۋە پۇتىغا پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈك كىيگەن ئىدى. ئۇ خىيال بىلەن كېلەتتى.

— سالام تۇرسۇنكا. — دېدى ئەكبەر تار يولنىڭ قىرغىقىغا چىقىپ، تۇرسۇن ئېتىنى توختاتتى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ:

— ۋۇي، ئەكبەرئۇسەن، — دېدى ئات ئۈستىدە يېنىچە ئولتۇرۇپ، — تېخىچىلا «قاۋانلىق» ئۈستىدە پىلان تۈزۈپ يۈرەمسەن. سەن ھەربىدە خىزمەت كۆرسەتتىڭ، كېلىپلا دېھقان بولۇشقا بەل باغلىدىڭ، ئىشتا قىزغىنلىقىڭ ياخشى. سېنىڭ ئەھۋالىڭ توغرىسىدا مەن پارتكومدا تەكلىپ قويدۇم، سەن ئەمدى ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدۇڭ. ئاسىمغا ياردەم قىل، تەمتىرەپ قالدى. يەنە تۆت-بەش كۈندىن كېيىن مەنمۇ كېلىمەن، قىشچە ئەزالارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— مەن ھازىر يېزىدىن كېلىۋاتىمەن، — دېدى ئەكبەر، — لى شۇجى بىلەن بۆلۈم باشلىقى چىن قىلىدىغان ئىشلارنى ئويدان ئېيتىپ بەردى. سىز پاتراق كەلسىڭىز ياخشىدى، سوتسىيالىستىك تەربىيىنى باشلىۋەتسەك بولاتتى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن يالغۇز يەردە ئەكبەرنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن:

— ئاڭلىسام ئاسىم بىلەن چىقىشالمايۋېتىپسەن، ئۇنىڭ ساڭا خېلى پىكرى بار ئىكەن. ئەمدى ئىككىمىز ياچېيكىنىڭ خىزمىتىنى بىللە ئىشلەيدىغان بولدۇق. ياخشى ياردەم قىل، ئۇكام لېكىن چىقىشايلى.

— ئاسىمكام بىلەن مۇشۇ قاۋانلىقنى ئېچىش توغرىسىدىلا ئىككى خىل پىكىردە بولۇپ قالدۇق. ئۇ يەنە ئەزالارنى قىشتا يەككە ئىشلەشكە قويۇپ بېرىش توغرىسىدا گەپ تارقاتقان. ئىدىيىسىدە كاپىتالىزم خاھىشى ئېغىرراق ئادەمكەن!

— ھەي بالا، — دېدى تۇرسۇن قاپىقىنى سەل تۈرۈپ، — بىزدە نېمە تولا يەر تولا. ھەر بىر چوڭ ئەترەتتە 30 — 40 مىڭ مودىن يەر بار. كەلگۈسىدە كۈچ يېتىشسە «قاۋانلىق» بار تاماققۇ! ھازىرچە قومۇشنى يېسەكمۇ نەق پۇل، كېيىنكى قۇيرۇقتىن ھازىرقى ئۆپكە ئەلا.

ئەكبەر يېزا باشلىقىغا تىكىلىپ قارىدى. «قۇيرۇق بىلەن ئۆپكە» توغرىسىدىكى گەپنى ئاسىمدىنمۇ، زىئۇرشادىنمۇ ئاڭلىغان ئىدى. مانا ھازىر يېزا باشلىقىدىن ئاڭلاۋاتىدۇ!

— يېزا باشلىقى، تۇرسۇنكا، — دېدى ئەكبەر خالتار ئاتىنىڭ يايلىنى تۇتۇپ، — مەن سىزگە مۇشۇ توغرىدا خېلىدىن بېرى پىكىر بېرەي دەۋدىم، يېڭى يولدا مېڭىۋاتىمىز، قانچىلىك قەدەم تاشلىساقمۇ يارىشىدۇ. سازلارنى قۇرۇتىدىغان، قاش دەرياسىنى تىزگىنلەيدىغان، بىنەملەرگە سۇ باشلايدىغان ۋاقىت مانا مۇشۇ. بىزنىڭ ناھىيىدە، يېزىمىزدا يەر، سۇ مول، لېكىن بىرلىك مەھسۇلات، تېرىقچىلىق ئۇسۇلىمىز تۆۋەن. دۆلەتكە قوشۇۋاتقان تۆھپىمىز تېخى ئاز. ئالدىمىزدا ھەممە ئىمكانىيەت بار تۇرۇقلۇق بىز نېمىشقا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا تۇتۇش قىلمايمىز؟

يېزا باشلىقىغا ئەكبەرنىڭ سوئالىمۇ، يالغۇز يەردە ئەيمەنمەستىن پىكىر بېرىشىمۇ ياقمىدى. ئۇ تېخى ئەكبەر بىلەن تۈزۈك پاراڭلاشمىغانىدى. ھە دېمەيلا بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاش يېزا باشلىقىغا ئەلەم قىلدى:

— سەن ئۇكام، ھەربىدىن يېڭى كەلدىڭ، ئەھۋالنى، بىزنىڭ قىيىنچىلىقلىرىمىزنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىدىڭ؛ نىيىتىڭ ياخشى، خەلق مەنپەئەتىنى ئويلايسەن، لېكىن ئۇكام، سالغا تېشى بىلەن كىيىك ئوۋلايمەن دېگىلى بولمايدۇ، كىيىك دېگەن سەگەك، يۈگۈرەك، قاۋۇل نەرسە ئۇكا، كەلگۈسىنىڭ ئىشىنى ۋاقتى كەلگەندە ئويلايلى. ھازىرقى ئىش: سەككىنچى ئەترەتنى تارقىتىۋېتىش. بىزنىڭ كۈچىمىز مانا مۇشۇنىڭغىلا يېتىدۇ.

. .

ئەكبەر بۆلۈم باشلىقى چېنىنىڭ تاپشۇرمىسى بويىچە كونكرېت ئىشلاردا يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ يوليورۇقىنى ئاڭلىشى لازىم ئىدى. گەرچە مەنسۇر تۇرسۇن توغرىسىدا ئەكبەرگە بەزى ئەسكەرتىشلەرنى بەرگەن بولسىمۇ بۆلۈم باشلىقى چېنىنىڭ يېزا باشلىقى تۇرسۇننى ئالاھىدە ماختىشى، تونۇشتۇرۇشى ئەكبەرنىڭ ئېڭىدىكى ناتوغرا قاراشلارنى چىقىرىۋەتكەن. ئۇ ھازىر مەنسۇردىن ئاغرىنىپ: «دېمەك ئاداۋەت بىلەن ماڭا يامانلاپ بەرگەن ئىكەن — دە، مەنسۇركامنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، مەسلىگە دېھقان ئېڭى بىلەن قارىغانىكەن» دەپ ئويلىدى.

مانا، ئەكبەر «قاۋانلىق» نىڭ چېتىگە يېتىپ كەلدى: قويۇق قومۇشلۇقنىڭ چۆرىسىدىكى ئۇششاق قومۇشلۇقتا كالىلار، ئاتلار ئوتلىشاتتى. قومۇشلۇققا كىرىپ كەتكەن يالغۇز ئاياغ يوللارنىڭ ئىككى قاسنىغىدىكى قاردا قىرغاۋۇل، چىل ئىزلىرى... ئەكبەر يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ماڭدى. ھېلىدىن - ھېلىغا ئۈركىگەن توشقان، توپى بىلەن ئۇچقان چىل، ئۆدەك، ئارىلاپ

ياۋا چوشقىلار توپى ئۇچراپ قالاتتى. . . ئەكبەر ئىچكىرىلەپ مېڭىۋەردى. ئۇ مانا هارۋا يولىغىمۇ چىقتى. قارا سۇنى ياقىلاپ كەتكەن يول «قاۋانلىق» نىڭ ئىچكىرىسىگە، قويۇق قومۇشلۇققا باراتتى. ئۈچ مىڭ مو دەپ ئايرىلغان چېگرا شۇ ياقتا. ئۇلار قايسى كۈنى بۇ يەرلەرنى ئۆلچىگەن، ياشلار بەزى يەرلەردە بەلگچە سۇ كېچىپ يۈرۈپ سەرجان سالغان. تېخى بۇرناكۈنلا بىرىنچى ئەترەتنىڭ ئەزالىرى سابىق ياچېيكا شۇجىسى مەنسۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاشۇ چېگرىنىڭ قومۇشنى ئورۇشقا چىققانىدى. ئەكبەر شۇلار تەرەپكە كېتىپ بارماقتا. ناخشا ئاۋازى، مانا قىقاس. . .

بىرىنچى ئەترەتنىڭ ياش - قېرى، ئەر - ئايال ھەممە ئەزاسى مۇزاكىرە قىلىشىپ: بىز كوللېكتىپقا قومۇش ئورۇپ مەبلەغ توپلاپ، ئەتىيازلىققا «قاۋانلىق»نى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن تراكتور ئېلىشقا ھەرىكەت قىلايلى، دېگەن قارارغا كېلىشكەن ۋە بۈگۈن ھۇجۇم باشلىغا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ياۋا چوشقىلار قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قاچتى، مەرگۈچ، بېلىق ئالغۇچ ۋە باشقا ساز قۇشلىرى ئەنسىز جارقىرىشاتتى، ئۇلار گويا: «مانا بىزنىڭ ماكانىمىزغا ئىنسانلار ئاياغ باستى، ئىنسان دېگەن كارامەت كۈچ، بىرلا قىقاس بىلەن بىزنىڭ تالاي ماكانلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. . .» دەپ نالە قىلىشقاندەك قىلاتتى.

ئەكبەر بىرىنچى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئەر - ئايال ئەزالار تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراشتى:

— كەل ئەكبەر، بىر - ئىككى ئوغاق سېلىۋال!

— كەلگىنە، پاراڭلاشقاچ بىردەم ئىشلەيلى!

— قانداق، زېۋىرشا بەيگىدىن كېلەمدۇ، بىزمۇ؟

— يوپۇق يېپىپ تاڭشۇرۇلغان ئات بەيگىدىن كەلمەيدۇ، بەيگى دېگەندىن جۇۋازغا قاتقان قاتمال ئات كېلىدۇ!

مەنسۇر كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ چىقتى ـ دە، ئەكبەرنىڭ يېنىغا كەلدى. خىزمەتتىن توختىغان بولسىمۇ جانىۋازلىقتىن قالمىغان سابىق ياچېيكا شۇجىسى خۇشخۇي ئىدى. ئۇ قاۋۇل پۇتلىرى بىلەن مۇز ۋە قىيىندىلارنى غاراسلىتىپ دەسسەپ ئەكبەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ـ دە:

— سەككىنچى ئەترەتنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى ئاۋۇ ياقتا قومۇش ئورۇۋاتىدۇ. ئەترەتنىڭ ئات هارۋىسىنى قوشۇپلا نەدىدۇر بىر يەرگە بېغىنى يىگىرمە بەش پۇڭدىن سېتىۋاتىدۇ. بىزنىڭمۇ بەزى ئەزالار قىزىقىپ: پۇل ئاۋۇيدىكەن، بىزمۇ ساتايلى، تراكتور كەلگۈدەك پۇل تېزلا قولغا كىرىدىكەن، دېيىشمەكتە. سېنىڭ قاۋانلىقنى ئۆزگەرتىمىز دېگىنىڭگە بىزنىڭ ئەترەت بىرىنچى بولۇپ ئاۋاز قوشتى، ئاڭلىسام يېزىغا بېرىپسەن، لى شۇجىنىڭ دېگىنىنى قىلىڭلار، هەرگىزمۇ تورسۇننىڭ ياغلىما گەپلىرىگە ئېرىپ كەتمەڭلار، — دېدى.

مەنسۇر 45 ياشلاردىكى غوللۇق، ئوتتۇرا بوي، قويۇق قارا بورۇتلۇق، ساغلام ئادەم. ئۇ ئەكبەرنىڭ دادىسى بىلەن كونا جەمئىيەتتە بىر بايغا مالاي بولۇپ ئىشلىگەن. ئەكبەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يەرلىكىنى ئۆز قولى بىلەن كولىغان. غېرىپ يوپېقى ئىچىدىكى تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ هازا قىلغان، يالغۇز قالغان ئەكبەرگە بولسا قېرىنداشىدەك كۆيۈپ ـ پىشىپ، بېشىنى سىلىغان ئادەم. شۇ ئادەم يەنە ئازادلىقتىن تارتىپ هازىرغىچە كۆپنىڭ ئىشىنى دەپ ئۆزىنىڭ قاۋۇل بەدىنىدىكى بارلىق كۈچىنى، ئەقلىنى، قان ـ تەرىنى سەرپ قىلىپ كەلمەكتە. هازىر ئۇ ياچېيكا شۇجىسى ئەمەس، لېكىن كۆپچىلىكنىڭ ئىشىدىن بىر كۈنمۇ قول ئۈزگىنى يوق. ئەكبەر «قاۋانلىق»نى بويسۇندۇرۇش توغرىسىدا گەپ ئېچىۋىدى، مەنسۇر ئەكبەر بىلەن بۇ توغرىدا نەچچە ئاخشام پاراڭلاشتى. ئۆزىنىڭ هەممە پىلان، پەرەز ۋە خىياللىرىنى ئورتاقلاشتى. چوڭ ئەترەتتە ئېچىلغان يىغىنلاردا

ئۆز تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقىلار بىلەن تالاشتى، چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم ئۆز ۋىندىن بىرى مەنسۇر بىلەن چىقىشالماي كەلگەن، بولتۇر يېڭى باشلىقى تۇرسۇن مەنسۇرگە شال تېرىش تەكلىپىنى بەرگەندىن كېيىن، بۇ تالاش - تارتىش تېخىمۇ كۈچەيدى؛ شال ئۆلدى، مەنسۇر خىزمەتتىن قالدۇرۇلدى. لېكىن مەنسۇر خاپا بولمىدى، بوشاشمىدى. بارلىق خەلققە پايدىلىق ئارزۇلار ئىشقا ئاشىدۇ، پەقەت بۇنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسىلا بار خالاس... دەپ قارىدى.

سەككىزىنچى ئەترەتنى تارقىتىش، مەھەللىنى قاۋانلىققا تاشلاپ بېرىش يولىغا ماڭغىلى تۇرغاندا، مەنسۇر بىرىنچى ئەترەت ئەزالىرى ئىچىدە سەككىزىنچى ئەترەتكە ياردەم بېرىش، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ زاپاس ئاشلىقىنى ئۆتنە بېرىش، قومۇش ئورۇپ تاپقان پۇلىدىن ياردەم بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئەكبەر ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى ياقتۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلۇم باشلىقى چىن يېڭى باشلىقى تۇرسۇننىڭ مەنسۇردىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدىكى ئەسكەرتىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ پارتكومنىڭ قارارىنى ئېيتتى:

— مەنسۇركا، ياچېيكا شۇجىلىقىنى پارتكوم ماڭا تاپشۇردى.

مەنسۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ئۇ كۆڭلىدە «ئەمدى نۇرغۇن ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىغان بولدى، مەن قىلالمىغان ئىشلار ئەمدى ئورۇنلىنىدىغان بولدى، قولۇمدىن كەلگىنىچە ياردەم بېرەي، مۇنۇ كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى تېزرەك تۈگىتىپ، ئەزالارغا يېڭى جەمئىيەتنىڭ كونا جەمئىيەتتىن نۇرغۇن ياخشى ئىكەنلىكىنى، باياشاتچىلىق، بەخت - سائادەت مۇشۇ جەمئىيەتتە ئىكەنلىكىنى تېزرەك ئىسپاتلاپ كۆرسىتەيلى» دەپ ئويلىدى.

مەنسۇر قاۋۇل قولىنى ئەكبەرنىڭ مۈرىسىگە قويدى:

— پارتىيىگە رەھمەت... مېنىڭ تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆز، كۆڭلۈمگە پۈككەن بۇ نىيەت بۈگۈن قارارغا ئايلىنىپتۇ. ئىشلە ئىنىم، پۈتۈن ئۈمىدىمىز سېنىڭدە، ياردەمگە كەلسەك. مېنىڭ پارتىيىدىن، خەلقتىن ئايىغۇدەك ھېچنەرسەم يوق. خەير، قالغان گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى!

ئەكبەر مەنسۇرنى كۆرگەندىن كېيىن ئوڭايسىزلاندى. ئۇنىڭ يادىغا يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ «مەنسۇردىن چەك - چېگرا ئاجرات، ئۇ بۇرژۇئا مەنسۇر ئەمەس» دېگەن سۆزى كەلگەن ئىدى. مەنسۇر بولسا ئەكبەرنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ: «ئۇ ماڭا كۈيئوغۇل بولماقچى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھودۇقۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى - دە، ئۇنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سەككىزىنچى ئەترەت توغرىسىدا گەپ باشلىدى:

— مۇنۇ ئۆز ئالدىغا قىلىنىۋاتقان پارچە - پۇرات ئىشنى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش قىلىپ ئويۇشتۇرسا، تاپقان پۇلنى ئەزالارغا تەقسىم قىلىپ بەرسە مېنىڭچە سەككىزىنچى ئەترەتنى بۇ يول بىلەن قوغداپ قالغىلى بولىدۇ.

— سىنىپىي كۆرەشنى تۇتمىغانلىقتىن سەككىزىنچى ئەترەت ۋەيران بولۇپ كەتتى، — دېدى ئەكبەر يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — ساقلاپ قېلىشنىڭ يولى كاپىتالىزم كۈچلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىش!

مەنسۇر ئۇنىڭغا چۆچۈگەندەك يالت قىلىپ قارىدى. مەنسۇر ھەر قېتىم بۆلۈم باشلىقى، چىن، يېزا باشلىقى تۇرسۇنلار بىلەن سۆزلەشكەندە مۇشۇنداق گەپنى ئاڭلايتتى. مەنسۇرنىڭ قارىشىچە بەزىلەر «كاپىتالىزم كۈچلىرى» دېيىلىدىغان بۇ ئاتالما بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەۋاتقان ئەزالارنى، ئەترەتنى باي قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كادىرلارنى قامچىلايتتى. بۇ كەلسە - كەلمەس دۆمبالارغا مەنسۇر قاتتىق نارازى ئىدى:

— بۇ گېپىڭ ئېيتىلىشقا ياخشى، لېكىن بەزىلەرنىڭ

دېگىنىدەك ئاشۇرۇۋەتسەڭ نان بەرمەيدۇ، بېرىپ - بېرىپ قولۇڭدىكى بىر پارچە ناندىنمۇ قۇرۇق قويىدۇ! — دېدى مەنسۇر ئەكبەرگە كەسكىن قىلىپ، ئەكبەر ئۇنىڭغا قارىدى، لېكىن گەپ قىلمىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سۆزدە ئۇتتۇلغانلىقى ئەمەس، بەلكى بولغۇسى قېيىنئاتىسى ئۈچۈن كۆرسەتكەن ھۆرمىتى ئىدى.

ئەكبەر سەككىزىنچى ئەترەتكە يېتىپ كەلگەندە كۈن ئولتۇرغانىدى. ئۇ روزاخۇن بوۋاينى ياچېيكا يىغىنىغا چاقىرىش ئۈچۈن ماخوغا باردى. روزاخۇن بوۋاي يوق ئىدى. قارا ساقاللىق يەنە بىر ماخوچى ئالدىرىماي ناسۋال ئېتىۋېلىپ، مۇنۇلارنى دېدى:

— بىچارە بوۋاينى رەنجىتتى. زىۋەرشا: روزاخۇن بوۋاي ماخودىن يۆتكەلدى، ئورنىغا روزىمەت بەلگىلەندى، دەپ ئېلان قىلدى. روزاخۇن بوۋاي كېتىشكە ئۇنىمىدى. زىۋەرشا ئىلاج قىلالماي ئاسىمنى باشلاپ كەلدى، ئاسىم بىلەن ۋارقىراشتى - دە، بۈگۈن چۈش بىلەن ئەرز قىلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كەتتى. روزاخۇن كېتىۋىدى، مانا ماخودا بىرمۇ - ئات - ئۆكۈز قالمىدى. ھەتتا بەزىلەر بىدىلەرنىمۇ ئېلىپ كەتتى. ھەيدەر خەسىس ئۈچ ئېتىنى يېتىلەپ كەتتى. تېخى ئۆكۈزلەرنىمۇ ئېلىپ كېتىمەن دەيدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت تارالغۇدەك دېيىشىدىغۇ! تارالسا بىزدەك ئات - ئۇلىقى يوقلارنىڭ ھالىغا ۋاي. ئات - ئۇلاق بولمىسا بىر تىيىنلىق ئوقەت قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇكام يە پۇل، يە ئاشلىق، يە ئوتۇن - ياغاچ بولسا! ھەي باشنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى. ئايالىم ئېغىر ئاغرىق، دوختۇرغا ئاپىراي دېسەم پۇل يوق . .

— غەم قىلماڭ ئاكا، — دېدى ئەكبەر ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ، — ئاپەت بولدى، قىيىنچىلىق تارتىپ قالدىڭلار. مەڭ مۇنۇ 30 يۈەن پۇل بىلەن ئايالىڭىزنى داۋالىتىپ تۇرۇڭ. قالغان قىيىنچىلىقلارنى مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىمىز، — ھېلىقى

ئادەم تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پۇلنى ئالدى.

— رەھمەت ئۇكام، يازلىققا تۇخۇم سېتىپ بولسىمۇ تۆلىۋېتىمەن. قومۇش ساتاي دېسەم توققۇز جانغا مەندىن باشقا قارايدىغان ئادەم يوق. بالىلىرىمنىڭ تېخى قولى ئىشقا تەگمىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت تارقالسا بىزدەكلەرگىلا بولىدۇ - دە، بىرسىگە چاكار ئىشلەشتىن باشقا نېمە چارە بار بىزگە!

— تارقالمايدۇ! — دېدى ئەكبەر كەسكىن قىلىپ، — خاتىرجەم بولۇڭ!

— خۇداغا مىڭ شۈكرى!...

— روزىمەتچۇ؟ — ئەكبەرنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى.

— ئايقاشقىنى توقۇپ مىنىپ نەگىدۇ چىقىپ كەتتى.

— ئېيتىپ قويۇڭ، روزىمەت كەلسە چوڭ ئەترەتكە بارسۇن.

ئەكبەرنىڭ يانچۇق ئىچىدىكى قوللىرى تىترىدى.

ئۇ ئۆزى ئاچىدىغان تۇنجى ياچېيكا يىغىنىنى تېز ئېچىش، ياخشى ئېچىش ۋە دەرھال بىرنەچچە مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىش ئۈچۈن ئالدىراپ چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان ھەم ئوخشىمايدىغان چوڭ ئەترەت رەھبەرلىرى گەۋدىلەندى: ئاسىم بىلەن مەنسۇر ھەر ئىككىلىسى ئەترەتنى باي قىلساق، دەيدۇ. ئاسىم قىشتا يەككە، يازدا كوللېكتىپ ئىشلىسۇن دەيدۇ. ئۇنىڭ نىيىتى ياخشى. سەككىزىنچى ئەترەتنى قۇتقۇزۇش. لېكىن ئۇنىڭ دېگىنىچە بولسا سەككىزىنچى ئەترەت يوقىلىدۇ. ياق، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. مەنسۇرچۇ؟ ئۇ بارلىق كۈچ بىلەن ئەترەتلەرنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىنى يولغا قويۇش، پۇل تېپىش كېرەك دەيدۇ. لېكىن سىنىپىي كۆرەشنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى پۇل تېپىش يولى بىلەن سەككىزىنچى ئەترەتنى قۇتقۇزۇش كېرەك دەيدۇ.

لېكىن ئەكبەر ئۇلارنىڭ كەمچىل يېرىنى تولدۇرىدۇ. پۇلمۇ تاپىدۇ، سىنىپىي كۆرەشنىمۇ قىزىتىدۇ. مەيلى شەخسلەر، مەيلى ئەترەتلەر كاپىتالىزم يولىغا ماڭىدىكەن، بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. مەنسۇر، ئاسىملاردىن پايدىلىنىدۇ، لېكىن ئەگەشمەيدۇ: «سىنىپىي كۆرەشنىڭ كەسكىنلىكى، كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ غالجىرلاشقانلىقى، بۈگۈن بىر ئەترەتنى تارقىتىشقا ئازلا قاپتۇ. ياق، دەرھال ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك، سوتسىيالىزم يولىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ...» دەپ ئويلىدى ئۇ ھاياجان بىلەن.

# ئالتىنچى باب

روزاخۇن بوۋاي غەزەپتىن تىترەيتتى، ئۇ يېزىغا پىيادە بېرىپ، پىيادە قايتتى. پارتكوم كاتىپى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى ۋە مۇنۇلارنى دېدى:

— بېرىڭ ئاكا، تېز بېرىڭ، مۇشۇنداق ئىشلارنى ياخشى ھەل قىلسۇن دەپ يېزىلىق پارتكوم ئەكبەرنى ياچېيكىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلىپ بېكىتتى. چوڭ ئەنرەت جەزمەن بۇ ئىشنى توغرا ھەل قىلىدۇ!

روزاخۇن بوۋاي خۇشاللىقىدا يۈگۈردى. ئۇ خۇددى تاتلىق خىيالى بىردىنلا راستقا ئايلانغان بالىدەك خۇشال بولدى. لېكىن ماخوغا كېلىپلا خۇشاللىقى غەزەپكە ئايلاندى. مۇھىم ئىشلارغىلا بېرىلىدىغان مىنىشلىك ئات - ئايغاشقا چىلىق - چىلىق تەرلىگەن. تەرى قۇرۇمايلا ئىگىرى ئېلىپ تاشلىنىپ تۆۋرۈككە قاڭتۇرۇپ قويۇلغانىدى. ئات بوۋاينى كۆرۈپ كىشنىدى. بوۋاي ھېچنەرسىگە قارىماي جۇۋىسىنى سالدى - دە، ئاتقا يوپۇق قىلىپ ياپتى. ئاتنى يېشىۋېلىپ يېتىلەشكە باشلىدى. ئۇ ئايغاشقىنىڭ ياڭاقلىرىغا يۈزىنى ياقتى، قولاق تۈۋىلىرىنى سىلىدى، كۆزلىرىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتتى. بوۋاينىڭ قارا ساقىلى تىترەپ كالپۇكلىرى لىپىلداپ كەتتى: «مانا، سوغۇق قولنىڭ كاساپىتى، مانا بەدنىيەتنىڭ زىيىنى!»

تالادىن ئىككى ئاتنى يېتىلەپ ئەبلغازى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى - دە، ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ماخودا ياتىمەن، روزاخۇنكا سەنمۇ يات، قېنى ئۇلارنىڭ بىگىسىنى كۆرەيلى!

روزاخۇن بوۋاي كۆكسىدىن ۋە بىقىنلىرىدىن ئاپئاق شور

ئۆرلەپ كەتكەن ئىككى تورۇق ئاتنى كۆرۈپ:
، — بۇلارغىمۇ قول ساپتۇ - دە! پاھ، قارا، بۇ زىۋىرشانىڭ ھەددىدىن ئاشقىنىنى! — دېدى غىزەپلىنىپ.
لېكىن ئۇ زىۋىرشانىڭ ھازىرقى ھالىدىن بىخەۋەر ئىدى.
بۈگۈن ئەتىگەن زىۋىرشاغا روزىمەت جۈپ تورۇق ئات قوشۇلغان دىشلۇنى ئەكېلىپ بەردى. زىۋىرشا كەچقۇرۇن قاۋانلىقتىن قومۇش بېسىپ كەلدى. ئۇ مەغرۇر ھالدا ھارۋىنىڭ ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرۇپ، ئاتلارنى ھەيدەپ مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. مەھەللىگە كىرىدىغان تار كوچىدا ئۇنىڭ قارشىسى تەرىپىدىن ئەبلغازى چىقىپ قالدى. زىۋىرشا ئاتلارغا قامچا سىلكىدى:
— چۇ، جانىۋارلار!
— توختات!
زىۋىرشا ئاڭلىماسقا سالدى.
— توختات دەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئەبلغازى.
— ئۆت، نېرى ئۆت دەيمەن! — دېدى زىۋىرشا ھارۋىنىڭ ئالدىدا توپ - توغرا تۇرۇۋالغان ئەبلغازىغا.
— توختا! — دېدى ئەبلغازى جالاقلاپ تىترەپ، — ياخشىلىقچە گەپ ئاڭلا!
— يول بوشات! — دېدى زىۋىرشا سېرىق بۇرۇتلىرى تىك - تىك بولغان ھالدا، — بىكار چەيلىتىۋېتىمەن!
ئەبلغازى ئىككى ئاتنىڭ بوجىسىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ سۆزلىدى:
— سەن پۈتۈن بىر ئەترەتنى خاراپ قىلماقچى! پۈتۈن ئەزالارنى مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىي ئىش قىلىشقا، كىچىك ئەترەتنى تارقىتىشقا قۇترىتىۋاتىسەن، سەن كۆپچىلىك بىلەن قارشىلىشىۋاتىسەن، سەن... سەن!

زۆھرشا ئاتلارنى قامچىلىدى. ئەبلغازى دەرھال ئىككى ئاتنىڭ بېشىنى تامغا توغرىلاپ قويدى. زۆھرشا:
— قوي دەيمەن ئاتنى! — دېدى.
— خوسۇسىي ئىشىڭغا بېرىدىغان ئات يوق، ئۇقۇۋاتامسەن!
— بىكار يامان بولۇشۇپ قالمايلى!
— دېدىمغۇ، مەن ساڭا ئات بەرمەيمەن!
زۆھرشا ھارۋىدىن سەكرىلىپ چۈشتى - دە، جۇۋىسىنى سالدى، ئۇنىڭ ئۆزىدىن كۆڭلىدە توپلىنىپ قالغان نارازىلىقى مۇنۇ ئىش بىلەن قوشۇلۇپ، تېخىمۇ غەزىپىنى كەلتۈردى. ئۇ ئەبلغازىنىڭ كارنىيىغا قول سالدى.
— قولۇڭنى تارت! — دېدى ئەبلغازى ئۆزىنى تۇتۇپ، — گەپ بولسا يولىدا قىل، ئۆكتەملىك قىلما!
— مانا ئەمىسە!
زۆھرشا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەبلغازىنىڭ كارنىيىدىن بوغدى ۋە بېشىنى ئەبلغازىنىڭ مەيدىسىگە قويۇۋېلىپ كۆكەملىك قىلىشقا باشلىدى:
— ئۇر، ئۆلتۈر، يامان بولساڭ ئۇرە!
زۆھرشا كۈچ بىلەن بوغدى، ئەبلغازىمۇ ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى. ئۇلار بوغۇشۇشقا باشلىدى. ئىمىر بىرنەچچە كىشى بىلەن يېتىپ كەلگەندە زۆھرشانىڭ بۇرنى قانىغان، ئۇلار بوغۇشماقتا ئىدى.
— تۇت ئىمىر، مېنىڭ قېرىنداشىم بولساڭ مۇنۇنى تۇت! — دېدى زۆھرشا خىرىلداپ. ئىمىر زۆھرشانىڭ قوللىرىنى قايرىشتۇرۇپ ئاجراتتى ۋە:
— ساڭا ئوخشاش قېرىنداشىم يوق. كىم سېنى يولدىن چىق دەپتۇ! — دېدى.
زۆھرشا قانغا بويالغان يالاڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋېتىپ:

— بىرلىشىپ ئۇر، ماڭىمۇ ئىگە چىقار، قېنى كۆرىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئاخىرى دەۋا قىلىش ئۇچۇن چولڭ ئەترەتكە كەتتى. . .

ئەبلغازى ماخوغا ئەكىرگەن ئاتلار ئەنە شۇ ئاتلار ئىدى.

ئەبلغازى قىسقىلا قىلىپ بۇ ھېكايىنى توگەتتى.

— دەستىيار ئىزلەپ كەتكەن بولسا بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، — دېدى روزاخۇن بوۋاي ئەبلغازىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — يوپۇتقان بىلەن ئىش تاڭاتمايدۇ، بىراقلا ئېچىپ تاشلايلى، كىمنىڭ نېمىنى خالايدىغانلىقى، كىمنىڭ قاياققا كېتىپ بارغانلىقى ئوچۇق بولغىنى ياخشى. مەن بۇگۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئەھۋاللارنى ئېيتتىم. ئەمدى راسا تۇتىشىدىغان ئوخشايمىز؛ ئەكبەرنى مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ بېكىتىپتۇ. قىشچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بارغۇدەكمىز. مانا ئەمدى كۆرۈڭ: ھارۋىنى ئېلىپ قاچقان ئات يە ھارۋىنى ئۆرۈيدۇ، يە ئۆزىنى بىر يەرگە ئۇرىدۇ. بەرىبىر ياخشى ئىش يوق. زىۋىرشا، ھەيدەرلەرمۇ شۇ، ئۇلار ھەرقانچە جوۋا تاراقشىتىشىپمۇ شامال چىقىرالمايدۇ!

ئەبلغازىمۇ روزاخۇن بوۋايدەك خوشال بولدى ۋە ئاتلارنى بوۋايغا بېرىپ چىقىپ كەتتى.

روزاخۇن بوۋاي ئايغاشقىنى يېتىلەپ كوچىغا چىقتى. ئاتنى مۇشۇنداق يېتىلىمىسە ئات كېسەل بولاتتى.

كېچە، جىمجىت ئايدىڭ كېچە. باغلارمۇ، داللارمۇ ئاپئاق قارغا چۆمكەلگەن. روزاخۇن بوۋاينىڭ پىيما كىيگەن ئايىغى ۋە ئايغاشقىنىڭ ياپلاق تاقىلىق ئايىغىدىن بىر خىل تەكرارلىنىشتا چىقىدىغان ئاۋازىدىن سىرت بۇ ئەتراپتا تىنىق يوق. بوۋاينىڭ مېڭىسىدە ھەر خىل سوئاللار توغۇلماقتا، ئۇ بولسا شۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزلىمەكتە:

. . . نېمە ئۇچۇن بەزى ئادەملەر كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ

يەككە ئىشلەشكە قىزىقىدۇ؟ بۇ يىل ئەتىيازدىن باشلاپ پارتىيە ئەزالىرىغا، كادىرلارغا، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا زەربە بېرىدىغان بىر خىل شامال پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ شامال نەدىن كەلدى؟

مەنسۇر، ئەبىلغازى ۋە مەن خىزمەتتىن قالدۇرۇلدۇق، بىز نېمە قىلغان؟ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، كوپىراتسىيە. . . بۇ زور ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدىدا مېڭىپ، كۆپچىلىككە يول باشلاپ كەلگەن ئادەملەر ئىدۇق، ئەجەبا ئەمدى ياراقسىز بولۇپ قالدۇقمىكىنە؟

تۈنۈگۈنكى بىر ئىش ئۇنىڭ يادىغا چۈشتى:

كونا ئاكتىپلاردىن ھاشىم بوۋاي قازا تاپتى، يۇرت قېرىلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە باردى. ئۇلار قايتىپ تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە ياخشى ئىگەرلەنگەن، كۈمۈش شالدىرىملىق يۈگەن سېلىنغان، سىمىز شوخ ئېشەككە مىنىپ، ھېيتەك پومبىچەك يان كوچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۈچىسىغا سۇسەر ياقىلىق ئېسىل جۇۋا كىيىۋالغان، قولىدا تەسۋى سىرىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئىگەردە ئولتۇراتتى.

— پاھ، يۈرۈگۈم جىغلا قىلىپ قالدى، — دەپ پىچىرلىدى ئالتىنچى ئەترەتتىكى بىر ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان يېنىدا كېتىپ بارغان قېرى موللىغا، — روھى قۇرۇنمىسۇن، رەھمەتلىك ئىسلام ھاجىمىكىن دەپتىمەن، قاراڭ كۆتمۇ ـ كۆت ئۆزى. . .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ تۇيۇقسىزلا سالام قىلدى ھېلىقى ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان.

ھېيتەك دەرھال ئېشىكىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

ھېلىقى ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ئۆزىمۇ سەزمەي ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى، قولىنى ھېيتەكنىڭ قولتۇقىغا ئۇزىتىپ بولۇپ دەرھال تارتىۋالدى. ھەيدەر خەسىس ھېيتەكنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى:

— يەرلەرنى ئايلىنىپ چىقتىڭىزمۇ؟ جاڭزىدىن نەچچىسى قاپتۇ؟ ھى - ھى . . . ئەجەب كۆنلەر . . .

— خۇدانىڭ ياخشى كۆنلىرى بارغا ئوخشايدۇ، — دېدى ھېيتەك سىرلىق قىلىپ ساقىلىنى سىپاپ.

روزاخۇن بوۋاينىڭ غەزەپتىن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. پومېشچىك تېخى «ئەتىرەت تارقالدى، ئات - كالىلارنى ئىگىلىرى ئېلىپ كېتىشتى، ئەمدى يەرلىرىم قولۇمغا كېلىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە! چۆچۈرىنى خام ساناۋاتىسەن، ئالقاندەك قارا بۇلۇتتىن سەل ياغىدۇ دەپ ئويلىما، ھەممىلا ئىش سېنىڭ پايداڭغا ماڭىدىغان چاغلار ئەمدى قايتىپ كەلەيدۇ، — دەپ ئويلىدى.

روزاخۇن بوۋاينىڭ مۇشتلىرى ئىختىيارسىز تۈگۈلدى، ئۇ ئايغاشقىنى يېتىلەپ ھازىر پومېشچىك ئولتۇرۇۋاتقان، ئۆز ۋاقتىدا بايلارنىڭ قويچىلىرى تۇرغان قورۇغا قاراپ ماڭدى. بۇ قورۇنىڭ كەينىدىكى باغ شورىلار ئارقىلىق ماخونىڭ كەينىدىكى چوڭ باغقا تۇتىشىپ تۇراتتى.

بوۋاي بۇ ئارقا كوچا تەرەپتىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ھېيتەكنىڭ دېرىزىسىگە يىراقتىن قارىدى، دېرىزىدىن سۇس يورۇق چۈشەتتى.

بوۋاي ئايغاشقىنى يېتىلەپ ماخوغا قايتىپ كىردى. ماخوغا يېڭى ئاتلار، تەرلەپ - پىشىپ، ھالىدىن كەتكەن ئاتلار، قۇلاقلىرى سالپىيىپ قالغان ئۆكۈزلەر كەلگەنىدى. بۇلارمۇ ئايغاشقىدەك كىملەرنىڭدۇ ئازابلىشىغا ئۇچرىغان ئات - ئۆكۈزلەر . . .

روزاخۇن بوۋاي ئايغاشقىنى تاڭشۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىگە — مەخسۇس ئوقۇرغا ئاپىرىپ قاڭتۇرۇپ قويدى. باغلاغلىق ئاتلارنىڭ كۆكسىنى سىلاپ، بەزىلىرىنىڭ نەپەس ئېلىشىنى تىڭشاپ كۆرۈپ، بەزىلىرىنى ئوتقا قويدى، بەزىلىرىنى قاڭتۇردى . . .

ئۇ ماخونىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە قاراپ چىقتى، بىر كۈندىلا ماخو قالايمىقانلاشقان: باغلاقسىز بايتاللار قۇلۇنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھويلىدا يۈرەتتى، بۇلار ئاۋۇ ئايرىم ئېغىلدا تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئۆكۈزلەردىن بەزىلىرى تام ياقىلىرىدا پۇشۇلداپ ياتاتتى، بۇلار ئاۋۇ قوتاندا تۇرۇشى لازىم ئىدىغۇ! ئۇ بىدىلەرنى تۇتۇپ كۆردى، يىرىك ۋە چالا توغرالغان، ئاتلارنىڭ ئايىغىدا چىلە ۋە يىرىكدەلگەن بىدىلەر تولۇپ تۇراتتى. بوۋاي ئاتلارنى ساناپ چىقتى، يەنە يىگىرمە نەچچە ئات يوق ئىدى، غورۇلار سىلىنمىغان، چاقىسلار قومۇرۇلغان، ھەتتا ئوقۇر بېشىدىكى قوزۇقلار سۇغۇرۇلغان... يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇلغاندىن كېيىن سېتىۋېلىنغان ئاتلار، كېيىن تۇغۇلغان غونان - دونەنلەرلا باغلاقسىز يۈرۈشەتتى... ماخو خۇددى بومباردىمان قىلىنغان شەھەردەك خارابىغا ئايلانغانىدى... بوۋاي خۇددى ئۆزىنىڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنچۇقىنى يات بىرسى مالىماتاڭ قىلىۋەتكەن بالىدەك خاپا بولۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەي ئېست، ھەي ئېست! بۇ روزىمەت ماخوغا ئات باقىلى كىرمەپتۇ، بوزۇشقا، ۋەيران قىلىشقا كىرىپتۇ!

بوۋاي ئاتخانىدىن ئالدىراپ چىقتى، روزىمەتنى ئويغىتىش ئۈچۈن ھوجرىدىكى كارىۋاتنى سىپىدى. ئۇ يوق. ئۇنىڭ سەنەن جۇۋىسىمۇ، پىيمىسىمۇ يوق ئىدى، بوۋاي دەرھال ماخونىڭ دائىم قۇلۇپلاغلىق تۇرىدىغان ئارقا ئىشىكىگە باردى. يۇمشاق قار ئۈستىدە روزىمەتنىڭ پىيما ئىزى تۇراتتى. بوۋاي ئىز قوغلاپ باغ بىلەن ماڭدى. قارلىق باغدىكى چىغىر يول قۇرۇق تاملاردىن، شورىلاردىن ئۆتۈپ، توپ - توغرا ئارقا كوچىدىكى خىلۋەت مەيدانغا چىقتى. مەيدانىنىڭ ئۇ چېتىدە ھېيتەك پومېشچىكنىڭ پەنجىرىسى خىرە يورۇق كۆرۈندى. روزاخۇن بوۋاي مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ شۇ ياققا قاراپ ئۇزاق تۇردى. روزىمەت ئىپلاس، پومېشچىكنىڭ قوينىغا ئۆزۈڭنى ئېتىپسەن-

دە! تېخى بالدۇر، دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، لېكىن ئۆينىڭ ئىچىدىكىلەرنى كۆرمىدى.

مەشىنىڭ يېنىدا 60 نىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان، چاساقال، دوغىلاق، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، قويۇق ۋە ئۇزۇن قاشلىق ھېيتەك مۇكچىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ سۆزلەۋاتاتتى:

— قىزى تالاق زامانىڭ ئېتەكنى ياقا، ياقىنى ئېتەك قىلىۋەتمىگەن بولسا، مەن بۇ ئەختەكنىڭ شۇمتىكى ئەكبەرنى قوي باققۇزۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم. مانا ئەمدى تاتقۇلۇق! دۇمبىمىز ئاپتاپ كۆرەرمىكىن دېۋىدىم، يەنە يېغى كەپتۇ - دە!

— «قاۋانلىق» نى ئاچماقچىكەن، ئەتىيازغىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بارىدىكەن، تەربىيە دېگىنى نېمە، ئاني قالغان بەش - تۆتىڭلار بار، شۇلارنى يەنە يۆگزىلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن توگىسە مەيلىدى، قاۋانلىقنى ئاچسا ئۇ چاغدا بىز چاجۇپقا چىقتۇق دېگەن شۇ!

— ئاچالمايدۇ، قاۋانلىق بۇلارنى يۇتۇدۇ! كېلەر يىلى كۆرىسەن، ئېتىزلىرىدىن زەي چىقىپ، ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ، خەلق پىتىراپ كېتىدۇ. ئۈچ يىلغا قالماي بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى سۇنىڭ تېگىدە قالىدۇ. يېزا - يېزىلىق ھۆكۈمىتى بىراقلا توگەيدۇ! — دېدى ھېيتەك توگۇلۇنۇۋېلىپ.

— مەن تىڭ - تىڭلاپ كۆردۇم، بۇ ئەكبەر دېگىنىنى ناھىيىنىڭ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شۇجىلىرى قوللىغۇدەك، قېرىشقاندەك بىزنىڭ ئەترەتكە ئەكبەر ئۆزى كەپتۇدەك... كىچىك ئەترەتنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇش، خەقلەر قايتۇرۇۋالغان تەئەللۇقاتنى كىچىك ئەترەتكە يەنە ئېلىش بىلەنلا ئىش توگىمەيدىغان ئوخشايدۇ. كونا - يېڭى ھېسابقا بىراقلا چۇشۇدىغاندەك. ھازىرچىغۇ بەزىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشمەيۋاتىدۇ، ئالىمهادىس ئۇلارمۇ ئەكبەرنىڭ كەينىدىن يەڭ شىمايلاپ ماڭسا،

ئۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولسا ھېيتۇاقى ھاجىم ئىش تەس بولىدۇ. . .

— ھېدىلشانى تۇتۇپ بەرسەك، شۇنىڭ بىلەن تۈگىمەسمۇ؟

— قانداقچىسىغا؟

— سەنمۇ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى پاش قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بىر ئۇكوزنى. . . ئىككىڭلار بىرلىشىپ قىلغان ئوغرىلىقنىمۇ ئۇنىڭغا ئارتقىن. ماۋۇ سۇپىنىڭ تېگىگە ئېپكېلىپ تىققان ئاشلىقنى بىزمۇ پاش قىلايلى، ھېسابى شۇنداق بولسۇن. . . ھېدىلشانىڭ ئۆزىلا مۇشۇ جىنايىتى بىلەن بىر قىش چوقىلاشقا يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دىققىتى ئاشۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار قوزغالغىچە ئەتىدىن باشلاپ سىلەر پاش قىلىڭلار، سەن باشلامچى بولۇپ يىغىندا سۆزلە! . . .

— ھىم. . .

ئۇلار ئەمدى پىچىرلاشقا ئۆتتى. قىيسىق چاقسا غىچىرلىمىسا، قوتۇر ئالا قانجۇق ئەنسىز كاڭشىمىغان بولسا، سېۋەتباش دېگەن لەقىمى بار چوقۇر، ئالغاي خوتۇن قاتتىق چۆشكۈرمىگەن بولسا. ئۇلار يەنە قانچىلىك پىچىرلىشاتتىكىن؟ . . . ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. پاختا كۆز روزىمەت چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، سەنسەن جۇۋىسىغا يۆركەندى. تالادىن قاپ - قارا كۆمۈرگە مىلەنگەن، كۆرەك جۇۋىغا يۆگەلگەن ھېدىلشا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ سوغۇقتىن دارداغان لەۋلىرىدىن ئاقۇش چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغىنى بولمىسا كۆمۈرگە مىلەنمىگەن يېرى يوق ئىدى. سېۋەتباش خوتۇن كايىشقا باشلىدى:

— ۋاي لايغەزەل، تەلەتىڭنى بولسىمۇ ئوڭشاۋراق كىرەرمىدىڭ، بۇنداق قىلىپ يەر دەسسەپ يۈرگىنىڭدىن سىرتماقتا بوغۇلۇۋالغىنىڭ راھەت ئەمەسمۇ، ئىست ساڭا بەرگەن جان!

— قانداق قىلاي يەڭگە! — ھىدىلشا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، — ئۆلۈم دېگەننى يە ئۇنتۇۋالغىلى، يە ئوغرىلىۋالغىلى بولمايدىكەن. مەن بۇ جاندىن جاق تويغىلى نېۋاخ! راھەتنى ئاتا - بوۋىلار كۆرۈپ، ئىسلام ھاجى تۇخۇمىنىڭ پۈتۈن بالايى - ئاپىتى ماڭا يۈكلەنگەن ئوخشايدۇ. ئوتتۇزدىن ئاشتىم، ئۆي كۆرمىدىم، ياشلىقىم لوگىيدە تۈگىدى، زامان تۈزۈلۈپ قالار دەپ كۈتتۈم - كۈتتۈم، يورۇقلۇق غىل - پال قىلغاندەك قىلىۋىدى، مانا يەنە جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى. باي بالىسى مەندەك بولسا بايلار دوزىخى بولسۇن، ھورۇن تۈگەپ شورى قالغان ئەسكى تامنى ماڭا مىراس قالدۇرغان ئاتامغا لەنەت!

— تات تىلىڭنى، ھوي ئىمانسىز! — دېدى ھېيتەك قىسقا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — داداڭنىڭ ئازىلىغى ئىدىڭ، قانداق قىلسەن، شور پېشانىكەنسەن، زامان قايان، سەن شۇ يان. نېمە قالدى زارلانغۇدەك: مال دۇنيايىمىز تالاندى. تۈگمەن تېشىنىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزدەك ئېغىر كۈنگە قالدۇق. زارلىما، بىلىپ قوي، سەن ھاجى ئەۋلادى، ھاجىلار بارلىق تارتقۇلۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىنىمۇ ساڭا قالدۇرغان!

— ھىم، — دېدى روزمەت ئىشىك تۈۋۈدە ئۆرە تۇرۇپ، — بىلدىڭمۇ، ئۈمىد - ئارزۇ ساڭا قالغانكەن...

ھىدىلشا چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى:

— مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تال تۈكىنى بولسىمۇ يۇلۇش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تىرىشىۋاتىمەنغۇ!

— ئاستا، — دېدى روزىمەت ئۇنىڭ ئاغزىغا ئالقىنىنى تەڭلەپ، — ھازىرقى ۋاقىتتا تىنىغان تىنىقىڭدىن كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىۋالىدىغانلار بار. زۇۋان سۈرمە، غەيرەت قىل. قىشچە بولارغا ئەمەك بولىسەن، لېكىن تارتقۇلۇقۇڭ بىكار كەتمەيدۇ، كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرىدىغان چاغلار كېلىدۇ.

روزاخۇن بوۋاي ماخوغا قايتىپ كەلدى، يەنە بىر ياش ماخوچىمۇ كەلگەنىكەن. ياش يىگىت بوۋاينى كۆرۈپ:

— ماخودىن چۆگىلەپ كېتەلمەيسەنغۇ، ئاتلارمۇ، بىزمۇ سېنى سېغىندۇق، — دېدى.

— مانا مەن كەلدىم، ئەمدى مېنى ھېچكىم كەتكۈزەلمەيدۇ. قېنى يۈر، ئاتلارغا يەم بېرەيلى، — دېدى بوۋاي جۇۋىسىنى سېلىۋېتىپ.

— سېنى يەنە سايلىدىمۇ؟ تازا ياخشى بوپتۇ، — دېدى ياش يىگىت، — مۇنۇ زورىمەت دېگىنى ئات باقماق تۇگۇل توخۇ بېقىشقىمۇ يارىمايدىكەن.

— ئەمدى ئۇنى ماخوغا يولاتمايمىز. ئاچقۇچلار قېنى، ئەكەلگىن، ئامبارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ماڭا بەرگىن.

— ئۇنى ئېلىۋەتتىمۇ؟ خوي قىپتۇ. كىم سىلەرنى ئالماشتۇردى روزاخۇنكا؟

— كىم بولاتتى، ئۆزۈم كېلىۋالدىم، — دېدى بوۋاي، — ئۇلارنىڭ تالاشقىنى ماخولا ئەمەسكەن، ئۇلار بىر ئامال قىلىپ ئەترەتنى تارقىتىۋەتمەكچى، يېزىلىق ھۆكۈمەتنى يوقاتماقچى! شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ماخودىن كەتمەيمەن، قېنىم بىلەن ئۆستۈرگەن مېۋىنى غاجىلاتمايمەن!

خېلىدىن كېيىن ماخونىڭ ئالدى ئىشىكىدىن روزىمەت كىرىپ كەلدى. ئۇ جۇۋىسىغا چىڭ ئورۇنىۋالغان، قارىماققا سوغۇقتىن تىترىگەندەك بىلىنەتتى، لېكىن ئۇ ئەندىشىدىن تىترەۋاتقىنىنى ئۆزىلا بىلەتتى.

— ۋوي روزاخۇنكا، ياردەمگە كەپسىز -دە! — دېدى ئۇ، — بىزگە ياردەم قىلمىسىڭىز ماخودا ئىشلىمەك تەسكەن. . .

بوۋاي گەپ قىلمىدى. ئۇ ئورنىدىن يۆتكەلگەن جادۇنى بۇرۇنقى ئورنىغا قارىتىپ كۆچەپ سۆرەۋاتاتتى. روزىمەت يەنە سۆزلىدى:

— شامالدىن يىراقراق يەرگە يۆتكىگەن، — دېدى ئۇ، — تۆگىلۈككە يېقىن بولغان بىلەن بۇرۇنقى جايىدا شامال قاتتىقكەن!

— سەن روزىمەت، بۇ ماخودا ئىشلىيەلمەيسەن! — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا تىك قاراپ، — ساختىلىقتا ئۇگەنگەن قول ھالال ئىشنى كاردىن چىقىرىدۇ.

— ئەترەت قىل دېگەچكە قىلدىم، — دېدى روزىمەت تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — ئەترەتنىڭ قارارىكەن.

— قارار كوچىدىن قالدى!

— كىم قالدۇرالايدىكەن، — دېدى روزىمەت چۆچۈپ، — زۇنۇرشا ئەترەت باشلىقىمۇ، چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىمۇ مېنى قىل دېگەن تۇرسا!

— كىم دەمسىنا؟ — دېدى بوۋاي قوللىرىنى شىلتىپ، — سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەزالىرى!

— ئەمدى سەككىزىنچى ئەترەت يوق، — دەپ كۈلدى روزىمەت مەسخىرە بىلەن.

— بىر چاشقاننى يوقىتىش ئۇچۇنمۇ تەر چىقىقچە ئىيتىشىسەن، بۇ دېگەن كۆپچىلىك قۇرۇپ چىققان بىر چوڭ ئۆي، ئۇنى شۇنچە ئادەم قوغداۋاتسا سەن قانداقمۇ ئاسانلا يوقىتالايتىڭ؟

روزىمەت يالغۇز كۆزىنى چىمىلداتتى، ئۇنىڭ كالپۇكلىرىمۇ، ئېڭەكلىرىمۇ مىدىرلىدى. روزاخۇن بوۋاي بۇ نەرسىلەرنى كۆرمىدى، غەزىپى بىلەن روزىمەتكە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئېيتە، ئايقاشقىنى نەگە مىنىپ باردىڭ؟ باياتىن نەگە يوقالدىڭ؟

روزىمەت تېخىمۇ كاسىلداپ تىترىدى:

— كۆرمىدىڭىزمۇ بىلدە توغرايمەن دەپ سوغۇق تەگكۈزۈۋالدىم. مەيەرگە بىرسىنىڭكىگە دورا ئىچىۋالاي دەپ

كىرئۈدىم. . .
— بىرسى دېگىنىڭ كىم ئۇ؟
— ھ. . . ھىدىلشا. . .
— يىغىر نەدە، چىۋىن شۇ يەردە، — دېدى بوۋاي غەزىپى بىلەن ۋارقىراپ، — قورسىقىڭدا نېمە بارلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ئىش قىلىپ سەن بىزنىڭ يولىمىزدا ماڭىدىغانلاردىن ئەمەس، سەن بىز خالىغان ئىشقا ھۆمىيىپ قارايدىغانلاردىن. قارايسەنغۇ؟ ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، كېيىن ئاپلا دەپ قالمىغىن يەنە!
روزاخۇن بوۋاي پىكىرلىرىنى ئوچۇق ئېيتىشنى خالىمىدى. روزىمەت بولسا ۋەھىمىگە چۈشتى: گويا ئايغاشقىنى مىنىپ نەگە بارغانلىقى، ھېيتەكنىڭ ئۆيدە قىلىشقان گەپلىرىنى بۇ بوۋاي ئاللىقاچان بىلىپ بولغاندەك، گويا روزىمەتنىڭ خىياللىرىنى، ئارزۇلىرىنىمۇ قويماي بىلىپ بولغاندەك تۇيۇلدى.
روزاخۇن بوۋاي بىدە توغراۋېتىپمۇ، ماخودىن چىلە ۋە تولۇق تېزەكلەرنى توشۇۋېتىپمۇ شۇنىلا ئويلايتتى: «قايسى كۈنىلا بۇ روزىمەت يەنە شۇ ھىدىلشا بىلەن بىرلىشىپ ئۆكۈزنى ئۆلتۈرگىلى تاس قالدى. ھىدىلشانىڭغۇ ئەدىپىنى بەردۇق. بۈگۈن يەنە بۇ روزىمەت ماخو قولىغا كىرىش بىلەن ئايغاشقىنى مىندى - دە، بىر ياققا شۇڭغۇدى. قايتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپلا ھېيتەكنىڭ ئۆيىگە ئۆزىنى ئاتتى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ روزىمەت نەگە باردى، ھېيتەك بىلەن نېمە دېيىشتى؟. . . ئۇ مۇشۇ خىياللار بىلەن تېكىمەتكە قىيسايدى. . .
سۈبھى كۆتۈرۈلدى. بوۋاي ئالدىراپ جۇۋىسىنى كىيدى.
— نەگە روزاخۇنكا؟ — ياش ماخوچى سورىدى.
— يىلانلار ئۇۋىسىدىن چىقماستا ئۇنىڭ پېيىگە چۈش، ئۇۋىسىدىن چىقسىلا چۆپكۆككە شۇڭغۇيدۇ. ھېچ بولمىسا بىر قوزىغا زەھىرىنى تىقىدۇ. ماخو ساڭا ئامانەت!
— چۈشۈڭگە يىلان كىردىمىكىن دېسەم ئۇخلىمىدىڭ، —

دېدى ياش ماخوچى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ، — بارغىن، بىر مۇھىم ئىشىڭ بولمىسا سەن بۇنچىلا ئالدىرىمايتتىڭ!

بوۋاي چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىغا كېتىپ بارغاندا قورۇ-قورۇدىن خورازلارنىڭ چىللاشلىرى كېلەتتى، سەھەرنىڭ سوغۇقى يۈزلىرىنى ھەرىدەك چاقاتتى. ئاۋرال تېغىدىن بولسا ئاچچىق، ئەمما ساپ ھاۋالىق تاغ شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى.

## يەتتىنچى باب

زىۋەرشا يېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى تاشلاپ يېتىۋېلىشىنىڭ سەۋەبى قارىماققا ئەبلغازى بىلەن بولغان ماجرادەك قىلغان بىلەن راستىنى ئېيتقاندا، باشقا نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. ئەڭ مۇھىم سەۋەب يەنىلا چوڭ ئەترەت رەھبەرلىرىدە، يالغۇز ئاسمىدىن باشقىسى ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالمىدى. بولۇپمۇ ئەكبەر زىۋەرشانىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىدى. ياچىيكىنىڭ تونۇگونكى ئۇچ قارارى زىۋەرشانىڭ شېرىن خىياللىرىنى ئوگتەي - توگتەي قىلىۋەتتى. زىۋەرشا قومۇش سېتىپ تاپىدىغان پۇلغا ئۆز خىيالىدا نۇرغۇن سودا - سېتىق قىلىپ بولغانىدى. چوڭ ئەترەت بولسا شەخسلەرنىڭ قومۇش ئورۇپ سېتىشىنى كوللېكتىپقا ئورۇشقا ئۆزگەرتتى. زىۋەرشانىڭ يانچۇقىغا كىرىۋاتقان نەق پۇل ئەمدى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، قولغا ئىلىنمايدىغان نېمىگە — نومۇرغا ئالماشتى. زىۋەرشا ئەترەت تارقالسا بۇ يەردە يالغۇز قالسام دېگەن پىلانلارنى تۈزگەنىدى، يېزىنىڭ يېڭى ئۇقتۇرۇشىدىن قارىغاندا ئەترەت كۆچمەيدىغان، تارقالمايدىغان بوپتۇ. ئېلىپ كېتىلگەن ئات - ئۇكۇزلەرنى بىر كۈندىلا يىغىۋالدى، ھازىر بولسا بىرمۇ ئەزانىڭ كۆچۈپ كېتىشىگە يول قويماسلىق توغرىسىدا چوڭ ئەترەت تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، زىۋەرشا، قىشچە بىر ئامال قىلىپ ۋاقىت ئۇتكۇزۇۋالسام ئەتىيازلىققا ئادەملەر كەتسە ئىگىلىگەن ياغاچ - تېشىم، ئارتۇق تېرىۋالغان پۇختۇلۇق يېرىم، يەنە ئانچە - مۇنچە ئالدى - بەردىلەرنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم بولمايدۇ، دەپ ئويلىۋىدى، مانا ئەمدى ئەزالار ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى، قارىماققا ھېچنەرسە كۆمۈلۈپ قالمايدىغان

ئوخشايدۇ، ئەزالار سايراشقا باشلىغانىدى...
زىۋەرشا مانا مۇشۇ ئۆزىگە پايدىسىز قارارلارنى ئاڭلىدى.
ئۇ بەربىر مېنى ئالدۇرماي قويمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈملا تاشلاپ بېرەي دېگەن خىيالغا كېلىپ يۈرگىنىدە ئەبلغازى بىلەن ماجرالىشىپ قالدى. ئۇ چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسمغا هال ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئاسىم ئۇنىڭ هالىنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى: «نېمە قىلدى دې-دېگىنە، پاھ ئۇ-مۇ زورلۇقـ
-نى ق-ارا. ھە! بۈگۈن قوپۇپ كىچىك ئەترەت باشلىقىنى بوغسا، ئەتە. ئۆگۈن ماڭىمۇ كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ياق بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ، جازاسىنى بېرىش كېرەك» — دېدى ئۇ.
زىۋەرشا ئەمدى ئەبلغازىنى جازالايدۇ، دەپ كۈتتى، ئەمما ئەبلغازى بۇرۇنقىدەكلا ئۇ ئىشقا، بۇ ئىشقا ئالدىراپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. كەچتە روزىمەت يۈگۈرۈپ كىردى:
— ئەبلغازىنى جازالىماق تۈگۈل، سېنىڭ ئورنىڭغا ئەترەت باشلىقى قىلغۇدەك، مانا ئەمدى كۆرۈڭ. بىزدەكلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! — دېدى.
— راستما. زامان زورنىڭ بولىدىكەن. دە! مېنىڭ ئورنۇمغا ئەبلغازىنى. ئاسىمنىڭ ئورنىغا يەنە مەنسۇرنى قويغۇدەك دېگەن سۆز راستكەن. دە! ئەكبەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى شۇمىكەن، مەن ئەمدى ناھىيىگە ئەرز قىلىمەن! — دېدى زىۋەرشا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ.
نەق شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە ئىمىر داپچى كىرىپ كەلدى. زىۋەرشا تەتۈر قارىۋالدى، بۇ ئىنىسى ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايتتى. ئەبلغازى كارنىيىنى بوغۇۋاتسا ئاكىسى ئۇچۇن تۈت ئېغىز ياخشى گەپ قىلمىغان ئىنىسىدىن زىۋەرشانىڭ كۆڭلى قالغانىدى.
— يىغىنىغا چىقمامسەن، باشقا ئىش قىلمايلا سېنىلا يىغىنىغا چاقىرىپ يۈرىمىزمۇ؟ — دېدى ئىمىر بوسۇغىدىلا تۇرۇپ ۋە

زورىمەتكە كۆز ئالايتىپ قاراپ قويدى.

— سەن نېمە، ھە دېسىلا مېنىڭ پېشىمگە پۇتلىشىسەن!

— دېدى زىۋىرشا ئاچچىقى بىلەن، — ئانام سېنى ئاكامنىڭ پۇتىغا چۈشەك، بۇرنىغا چۆلۈك بول دەپ تۇغۇپ قويۇپتىكەن-دە!

— ئەترەتنىڭ ئىشى، — دېدى ئىمىر ئالىيىپ، — مېنىڭ مەيلىمچە بولسا سېنىڭ بوسۇغاڭنى ئاتلىغان پۇتلىرىمنى چانىۋېتەتتىم!

— ھە چالا قالغان يەنە نېمە ئاتا مىراسىڭ بار ئىدى؟

— تولا كاپشىما، پۈتۈن ئەترەتنى خەيرىگە بېرىۋەتكىلى تاس قالدىڭغۇ!

— كىمگە خەيرىگە بېرىپتىمەن؟

— كىملەرگە بەرمەكچى بولۇۋاتقىنىڭنى بىلمەيۋاتامسەن؟

زىۋىرشا ئالدىغا ئۈچ ماڭدام ماڭدى. ئۇ غالىلداپ تىترىدى. بۇرۇنقى چاغلىرى بولسا مۇنۇ بىر قورساق ئىنىسىنى قامچىلىسىمۇ، كالتەكلىسىمۇ مۆرىتى كەلگەننىدى. بىراق، ھازىر ئۇلار ئاكا-ئۇكا بولغاندىن سىرت خەلق يېزىسىنىڭ ئەزالىرى، يېزا ئەزالىرى بىرسىگە بىرسى خوجايىنلىق قىلالمايدۇ-دە!

زىۋىرشا ئۇڭ-تەتۈر ۋارقىراشقا باشلىدى:

— چاقىدىغان يېرىڭگە بېرىپ چاق، بالا كەلسە قېرىنداشتىن دېگەن مانا! ماڭ، يىغىن ئاچامسەن، زىۋىرشانى يامانلاپ كوچىغا چىقىپ جار سالامسەن، خالىغىنىڭنى قىل! ھېلىقى مەنسەپ خۇمارلىرىغا ئېيتىپ قوي! ئەترەت باشلىقلىقىنى چېكىسىگە تاڭسۇن، زىۋىرشانى داڭزىدىن ئۆچۈرۈۋەتسۇن! ھېچكىم كۆچمىسىمۇ بۇ يۇرتتىن مەن كېتىمەن، مۇنۇ دادامدىن قالغان تەۋەرۈك جاينى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىپ، بېشىمنى ئېلىپ كېتىمەن، مەن ھازىردىن باشلاپ ئەزا ئەمەس!

— نەگە بارساڭمۇ سەن جوڭگو ئادىمى. جوڭگو تۇپرىقىدىلا

بولىدىكەنسەن، بەرىبىر ئەزاسەن، ئەزالا بولىدىكەنسەن، يىغىنغا چىقماي ھەددىڭ ئەمەس!

— مەن يېزىدىن چىقىمەن!

— بۇ يېزىدىن چىقساڭ يەنە بىر يېزىغا كىرىسەن، ساڭا يېزىدىن باشقا جايدا نان يوق!

— ھەي بەندە، دېدىمغۇ — مەن يىغىنغا چىقمايمەن!

— مەن سېنى ئېلىپ بارماي ئۆيدىن چىقمايمەن!

— ھەي سالجا، كۆزۈمدىن نېرى بولامسەن - يوق؟

— سەن يىغىنغا بېرىپ كۆپچىلىككە جاۋاب بېرىسەن!

ئاشخانىدىن زىۋەرشانىڭ ئايالى چىقىپ ئىمىرنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە:

— جېنىم ئۇكام. ئاكاڭنىڭ ئورنىغا مەن باراي، بۈگۈنچە ئۇنىڭ رايىغا قوي! — دېدى.

— سەنمۇ ئۆز ئالدىڭغا ئادەم، — دېدى ئىمىر يەڭگىسىگە، - سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچىمىز، بىرمۇ ئادەم قالماي قاتنىشىدۇ، خەلق نېمە كويدا! ئاكام نېمە كويدا! خەير، ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىشقا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت بېرىمىز، بۇدا چىقمىسا، بىزدىن رەنجىمىسۇن!

ئىمىر ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى.

زىۋەرشانىڭ بېشى «زىڭ» قىلىپ قالدى. ئۇ سۇپا لېۋىگە لاسسىدە ئولتۇردى - دە، بېشىنى چاڭگاللاپ خىيالغا پاتتى. يىغىنغا چىقسۇنمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ يىغىنغا چىققىنى ئۆزىنى تىزلاندۇرغىنى، ئۇ چوڭ ئەترەتكە تەلەپ قويغان: ئەبلغازىنى جازالاپ بەرمىسە خىزمەت قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر يىغىنغا چىقسا باشقىلار «پاھ، بۇنىڭ پوپۇزىسى مۇشۇنچىلىك ئىكەن - دە» — دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قايسى يۈزى بىلەن يەنە ئەبلغازىنى قارايدۇ؟ ناۋادا بارمىسا، كوپلا قىلىپ ئەبلغازىنى ئەترەت باشلىقى قىلىپ سايلاپ قويسىچۇ؟ زىۋەرشاغا

ئۇ چاغدا تېخىمۇ ئېغىر بولارمىكىن. . . ھازىرلا باشقا ئەترەتكە پەشنى قېقىپلا كۆچۈپ كەتسىچۇ؟ قېنى ئۇنىڭغا تەييار ئۆي؟ 40 ـ 50 يىللىق چوڭ قورۇنى تاشلاپ كەتسە زۇھرىشادا يەنە ئۆرە تۇرغۇدەك نېمە قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ـ بالىلىرىنى كۆندۈرەلەمدۇ؟ . . .

— نېمە ئانچە خۇرسىنىسىز ئەترەت باشلىقى، — دېدى روزىمەت باياتىن نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغان قىيىن ھالدىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، — يول چىقىپ قالار، بۇ دۇنيانىڭ ھەممىلا تەرىپى يولغۇ، بېشى بار بورانىنىڭ ئاخىرىمۇ بولىدۇ. نېمە ئانچىلا تاتىرىپ كەتتىڭىز، يوقىلاڭ ئىشقا ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭ، سىزنى كىم بىلمەيدۇ، ئەترەتنىڭ بىر تىيىننى چىشىڭىزغا باسقىنىڭىز يوق، چۈشىنىڭ جىنىغا زامىن بولمىدىڭىز، نېمە گۇناھىڭىز باركەن؟ سىز كۆپچىلىكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆرۈڭا؛ زۇھرىشاسىز بىزنىڭ شورىمىز قورۇيدۇ، بىز ئۇنى ئىشقا پۇختا، بىرنى ئون قىلىشنى بىلىدۇ، خالىس دەپ ئەترەت باشلىقى سايلىغان، كىمكەن ئۇنىڭ ئورنىنى كولايدىغان؟ قېنى كۆرىمىز! دېيىشمەكتە، ئاسىمكام، يېزا باشلىقى تۇرسۇنلارمۇ سىزنىڭ ئوقەتتە پۇختىلىقىڭىزنى ماختايدىكەن، ئۇچىمەن دېسىڭىز قانىتىڭىز، سايرايمەن دېسىڭىز نەپسىڭىز تورۇپتۇ، سىزگە نېمە غەم؟ غەم قىلساق بىز قىلساق بولىدۇ، ياقا يۇرتتا مۇساپىرچىلىق تارتقانىنىڭ ئۈستىگە تېخى يەكلىگەن، گۇمان قىلغان، زەربە بەرگەن. . . ۋاي ـ ۋۇي باش ـ ئاخىرى يوق كۆڭۈل ئاغرىقى. . .

زۇھرىشا بېشىنى كۆتۈرۈپ روزىمەتكە قارىدى:

— بايىقى كۆپچىلىكنىڭ پىكرى دەپ ئېيتقان سۆزۈڭنى قورسىقىڭدىن چىقىرىۋالدىڭمۇ، يە بولمىسا ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئەزىبىرايى نان ئۇرسۇن، بىر كۆزۈمدە ئەيىب بولغىنى بىلەن قۇلاقلىرىم ساققۇ! قايسى كۈنىلا ماخونىڭ ئالدىدا بىر توپ

ئادەم شۇنداق دېيىشتى.

— بىر توپ دېگىنىڭ كىملەر ئۇ؟

— كىم بولاتتى، سىزنىڭ پېيىڭىزگە چۈشكەن ئەبلغازى، روزاخۇن، ئىمىردەك بىرقانچىسىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى. - دە!

— يالغان ئېيتىمىغىنا!

— ئەستەغپۇرۇللا، ئىشەنمىسىڭىز ھەيدەر ئاكامدىن سوراڭ!

— ھىم! — زىيۇرشا ئىشىنى ئاستا لىڭشىتتى - دە، روزىمەتنىڭ ئاغزىدىكى موخۇركىنى ئېلىۋېلىپ قاتتىق شوراپ دېدى. — يوگۇر، سەن يىغىنغا چىق، بولۇنغان گەپلەرنى تولۇق ئاڭلىۋېلىپ، ئاخشاملىققا ماڭا دەپ بەرگىن.

روزىمەت ئالدىراپ يىغىنغا ماڭدى.

زىيۇرشانىڭ يادىغا بىر ئىش كەلدى، ئۇمۇ ئالدىراپ جۇۋىسىنى كىيدى، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بىرىنچى ئەترەتكە قاراپ ماڭدى، يولدا كېتىۋېتىپ ئويلايتتى: ئەكبەر مەن زىيۇرشانى ياخشى چۈشىنىپ يەتمىدى، ئەكبەرنىڭ تاغىسى كېيۇر توغاي بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي، كېيۇر ئارقىلىق ئەكبەرنى «يۇمشىتىپ» ئالسا‌ملا قايغۇم تۈگەيدۇ. نېمىلا بولمىسۇن قول ئىچىگە ئېگىلىدۇ، ئەكبەر كېيۇرنىڭ سۆزىنى ئېلىپ ئالىدۇ. كېيۇرگە بولسا زىيۇرشا ئۆزىنىڭ ئەكبەرنى قوللايدىغىنىنى، پەقەت مۇنۇ ئەبلغازىنىڭ ئالدىدا زىيۇرشانىڭ ئىناۋىتىنى تۆكمىسىلا، ئەكبەردىن قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى ئايىمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئەكبەرنىڭ توي مەرىكىسىگە بىر تايىنچا ئاتاپ قويغانلىقىنىمۇ ئېيتىدۇ...

ئۇ خىيال بىلەن بىرىنچى ئەترەتكە يېتىپمۇ كەلدى، مەھەللىدە ئادەم شالاڭ ئىدى. ئۇ ئەمدىلا ئامباردىن كېيۇرنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلۇۋىدى، ئامبار تەرەپتىن بىر كونا چاننى سۆرەپ كېيۇر چىقىپ كەلدى.

زۇۋىرشا يىراقتىنلا ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— ھە زۇۋىرشا، بىزنىڭ ئەترەتنى كۆرەي دەپسەن - دە، ئەنە قارا، ئۇغۇت دېگەننى تاغ قىلىۋەتتۇق، ماخوغا قارىسالا ئاتلار قاچان سوقا سۆرەيمىزكىن دەپ شىڭشىيىپ تۇرغان، ئامبارغا قارىساڭ ئۇرۇقلار تەييار، دورىلىنىپمۇ بولدى دېگىنە، قارىمامسەن، ئىشلىرىمىز ئىزى بىلەن غىرىلداپ كېتىۋاتىدۇ. ھا - ھا - ھا... ھەي، زۇۋىرشا، ئاڭلىسام يېتىۋاپسەن، ئەترەت باشلىقلىقىنى چۆرۈدىڭما؟

— چۆرۈگىنىم يوق كېۋىركا، بىر ئاز دىل ئازارى يېدىم...

— ئاڭلىدىم، ئەبلغازى بىلەن قىزىرىشىپ قاپسىلەر، بۇنىڭ نېمىسى دىل ئازابى؟ ھەي شۇنىڭغىمۇ كۆپەمسىنا، گۇناھ سېنىڭدە زۇۋىرشا، بوينۇڭغا ئال!

زۇۋىرشا بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. كېۋىر يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىز ئۇچۇپ كېتىۋاتىمىزۇ، سىلەرزە تېخىچىلا يەر سىيپىلاپ يۈرىسىلەر. مانا قارا، بىزنىڭ ئەترەتتىكىلەر بىر قولنى ئون قىلىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە؛ پۈتۈن ئەرلەر قومۇش ئورۇشقا كەتتى، ئاياللار ئۇغۇتتا، كېلەر يىلى كۆرىسەن، كۆزۈڭگە ئىشەنمەيسەن، مۇشۇ يېزا بىزنىڭكىمۇ ھوي، مۇشۇ ئىشلارنى بىز قىلدۇقمۇ — ھە، دەپ قالىسەن. زۇۋىرشا مەيلى ئەترەت باشلىقى بول، مەيلى ئەزا بول ئىشلە، ئىشتىن قول سوۋۇتما، تۈز يولغا كاتالىڭ كولايدىغانلار بار، سېنى بىلىمىز، سەن ئۇنداقلاردىن ئەمەس. ئەمما لېكىن سېنىڭكىمۇ ئاجىز يېرىڭ بار، باشقىلارنىڭ ئەقلىنى ئۆز ئىشىڭغا ئۆلچەم قىلىسەن، ياخشىنىڭ ئىزىدىن ماڭ، مانا مېنى ئالساڭ ھەممىلا ئادەم قوزغىلىۋىدى، قانات ياساپ ئۇچقۇدەك بولدۇم، ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى ئۇيقۇم كەلمەيدۇ، قانداق قىلساق بىر قەدەم بولسىمۇ سىلجارمىز دەيمەن، ئۈچ كۈندە تۆت چانا پۈتكۈزدۇم، قومۇشنىڭ پۇلىغا

ئەزالار تراكتور ئالساق دېيىشىۋاتىدۇ. شۇ تراكتور بولسا قاۋانلىق نەگە قاچىدۇ! شۇ جانىۋارنى كۆرۈشكە كۆزۈم تۆت بولۇۋاتىدۇ، كېچىلەپ چانا ياسايمەن. قىشچە قومۇش ئورۇپ ساتساق بىكارلا پۇل - دە!

— ئەزالارغا تەقسىم قىلمامسىلەر، - دېدى زىۋەرشا گەپنىڭ ئويلىغان يەردىن چىققىنىنى غەنىيمەت بىلىپ، - سىلەردە ھەممىلا ئادەم رازى بولدىمۇ؟

— رازى بولمايدىغانلارمۇ بار، — دېدى كېۋەر، — بەزىلەر يىراققا قارىمايدۇ، پۇل تاپساق، بۆزۈپ تۈگەتسەك كەلگۈسى بىلەن نېمە كارىمىز دەيدۇ، لېكىن كۆپچىلىك تراكتور ئالماي بولمايدۇ دېيىشمەكتە، قاچانغىچە ساپاننىڭ كەينىدىن قاترايمىز، تراكتور ئېلىشقا رازى بولمايدىغانلارمۇ بار، قويۇپ بەرسە يېرىنى تارالسىكەن دەيدىغانلارمۇ چىقىدۇ، بىرەر - يېرىم ئادەمنىڭ رازى بولمىغىنىغا قارايمىزمۇ. ياز يورۇسا قاۋانلىقنى ئاچىمىز نېخى. بۇنىڭغا رازى بولمايدىغانلار چىقىدۇ. رازى بولمايدىغانلار چىقىپ تۇرغاچقا بىز كۈرەش قىلىمىز دەيمىز - دە! قاچاناتەم بىز يامانلارنى رازى قىلغان، خەلق رازى بولسىلا بولدى.

زىۋەرشا كېۋەرنىڭ گەپلىرىنى تەنە دەپ چۈشەندى - دە:

— رازى بولمىسىلا يامان ئادەم بولامدۇ، كېۋەركا؟ پاختەكتە بار كۆڭۈل تۇرۇلغۇدا يوقمۇ دەپتىكەن. ئۈچ يىل ئاپەت بولدى، خەلق جاپالىق كۈرەش قىلىپ بىر ئاز چارچىدى، چوڭ ئىشلارنى كېيىنرەك قىلىپ، ھازىرچە يەككە ئىشلەپ بولسىمۇ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، ئادەملەرنى خاتىرجەم قىلساق، يەر ئېچىش، تراكتور ئېلىشلار بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالامدۇ؟

كېۋەر توغاي چىشلەپ تۇرغان موخوركىسىنى ئىتتىك قولىغا ئالدى - دە، كۆلىنى قېقىۋېتىپ، سۆزگە تېخىمۇ ھەمىرىلدى:

— خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، خاتىرجەم قىلىش

دېدىغۇ، بۇ گەپلەر ياخشى گەپلەر، بىراق بۇنى قانداق چۈشىنىش بىر گەپ. ئالايلۇق: تراكتور ئالساق، يەر ئاچساق كۆپىنىڭ ئىشى ئوڭشىلىدۇ. كۆپىنىڭ ئىشى ئوڭشالسا، ئەزالارنىڭ ئوڭشالغىنى شۇ. ئاتا - بوۋىمىز قوتۇر تايغا زار بولۇپ دۇنيادىن ئۆتۈپتىكەن، بىز مانا تراكتور ئالىمىز، قاۋانلىقنى ئاچىمىز دەۋاتىمىز، گەتە - ئۆگۈن تېخى قاشنىڭ سۈيىنى چىپلا توختىتىپ ئېتىزلارغا باشلارمىز، توك زاۋۇتلىرىنى ياسارمىز، يەنە سېنىڭ بىلەن مېنىڭ خىياللىمىزغا كەلمىگەن ئاللىنېمىلەرنى قىلارمىز تېخى. مانا مۇشۇ يولدىن باشقىسى بىكار، كوللېكتىپنىڭ ئىلىكى توق بولسا، بىزنىڭمۇ پۈتىمىز تىترىمەيدۇ. يېزىدا تۇرۇپ، يەككە ئوقەت قىلىپ باي بولىمىز دېيىشنىڭ ئۆزى ساقالدىكى نانىنىڭ ئۇۋىقى بىلەن ئۆكوز بوردىغاندەك بىر ئىش!

زېۋىرشا هاڭ - تاڭ قالدى. بۇ ئادەم ساۋاتسىز تۇرۇپ، بۇنچىۋالا مەنىلىك سۆزلەرنى نەدىن يىغىۋالغاندۇ؟ يەنە كوچىلاپ كۆرەي. نېمىلەرنى دەيدىكىن.

— گېپىڭىزغۇ جايىدا، — دېدى زېۋىرشا كېۋىرنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — يېزىدىن بەزگەن ئادەم يىلتىــزى يوق قامغاق، بىزدەكلەر دۇنياغا پۇل دەپ تۇغۇلغان ئىكەنمىز، پۇل دەپ جان ئۆزىدىغان ئوخشايمىز، بىر تىيىننىڭ تۈشۈكىدىن مىڭ ئۆتىدىغان هەيدەركاملارمۇ بار تېخى، مانا مۇشۇلارمۇ يېزا ئەزاســىغۇ! ئەلۋەتتە جەمئىيەت بىزنىڭ رايىمىزغا باقمايدۇ، مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ يوگورۇپ ماڭمىقى تەسقۇ؟

— بۇ ئاسان، — دېدى كېۋىر بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ، — كوللېكتىپ دېگەن قاۋۇل ئاتلارنى قوشقان چوڭ هارۋا، هەيدەردەكلەر بولسا هارۋىنىڭ كەينىگە چېتىلىپ قالغان ئاسلان. بوجىنى دۇرۇس تۇتۇپ هارۋىنى بولۇشىغا هەيدە، ئاسلان خالىسا يامىشىپ هارۋىغا چىقىۋالسۇن، جېنىغا ئېچى ئاغرىمىسا دەرخاپ بولۇپ تىرەجەۋەرسۇن، ئەمما لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلارنى

هارۋا بىلەن ئېلىپ ماڭىمىز.

— باشقىلارنى بۇنچە زورلىغاننىڭ پايدىسى نېمە، هارۋىدىن يېشىۋېتىپ، نان - پان، گۆش - پۇش بېرىپ ئاسلاننى ئالداپ ئېلىپ ماڭساق بولمامدىكەن؟ — زىۋىرشا ئۆزىنىڭ ئويلاپ تاپقان ئوخشىتىشىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. كېۋىر ئويلاپ تۇرمايلا تېز جاۋاب قايتۇردى:

— نان - پان، گۆش - پۇش بىلەن ئالداپ ئۆگىتىلگەن ئاسلان چېپىلغاق بولىدۇ. خېيرىگە بەرگەن ئوزۇقنىمۇ ئوغرىلاپ يەيدۇ، بۇنداق ئاسلان بىرسىنىڭ كالتىكىدە ئۆلىدۇ. بىز خالىمايدىغانلارنىڭ رايىغا قاراپ هارۋىنى توختىتىپ تۇرمايمىز، هارۋىنى هەيدەۋېرىمىز، ئاتلارنى قوغلاۋېرىمىز، چاققا ياماشقانلار مىجىلىدۇ، بۇ چاقنى كەينىگە بۇرالايدىغان كۈچ يوق. مېنى خېلى سۆزلىتىۋالدىڭ، خەير، مۇنۇ چاننى قولدىن چىقىرىۋېتەي، يەنە سۆزلىشەرمىز!

كېۋىر ئاپئاق قاردا چانا سۆرەپ ئېتىلىپ كەتتى. زىۋىرشا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. «مانا تەربىيىلەڭ، تېخى باشقىلارنى قايىل قىلغۇدەكمەن، مۇنۇ مەمەدانىغا نەدىن يولۇقتۇم. چاققا ياماشقانلار مىجىلىدۇ دېگىنى دارىتما، مانا بۇ گەپ جەزمەن ئۆزىنىڭ قورسىقىدىن چىقمىغان، ئۇنى بىرسى ئۆگەتكەن. مۇشۇ بىرىنچى ئەترەت پۇل، ئاشلىق بېرىپ ئەزالارنى توسىۋالمىغان بولسا تارقىلىپ بولاتتۇق. مانا ئەمدى تراكتور ئالىمىز دەپ چوقان كۆتۈرۈشكىنىنى قارىمامدىغان! بۇنى ئاڭلىسا بىزدىكى ئۆپكىسى يوقلارمۇ قېتىلىدۇ. ۋاي خۇدايىم، سەككىزىنچى ئەترەتتىلا زەي ئاپىتى بولغىچە پۈتۈن چوڭ ئەترەتتە، پۈتۈن يېزىدا بولسا بولماسمىدى، شۇ چاغدا ھەممىسى تارقىلاتتى، مەن دادامدىن قالغان جايىمدا ئولتۇرۇۋېلىپ بېيىۋېرەتتىم...»

ئۇنىڭ بايىقى ئەكبەرنى «يۇمشىتىش» دېگەن خىيالى ماكاپ تورغىنىقىدەك تورۇپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ يېزا ماگىزىنىغا قاراپ

ماڭدى.

يېزا ماگىزىنىدا بۇگۇن ئادەملەر ئاز، ھەممىلا ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن. ھىكمەت ماگىزىنچى پۇكەيدە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇپ بىر - ئىككى بالا بىلەن ئويىنىشۇاتاتتى. زىۋىرشا كىرىشى بىلەن ھىكمەت باللارغا بىر - ئىككى تالدىن كەمپىت تاشلاپ بېرىپ تالانى شەرەت قىلدى، باللار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئەكىلىڭ قولىڭىزنى، ھە بۇنداق قوللارنىڭ بىكار بولۇپ قېلىشى ئادەمگە ئەلەم قىلىدۇ، نېمە قىلغىنىڭىز، يېتىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ بۇگۇن مال ئېلىشقا يېزىغا بېرىۋىدىم، سالام بېرىپ چىقاي دەپ يېزا باشلىقى ئاغىنىمىزنىڭ يېنىغا كىرسەم قايناپ - چېچىلىپ ئولتۇرغانىكەن، مەن كىرىشىم بىلەن ئىگەكىم بار، سىزنى ئەيىبلەپ سۆزلەپ كەتتى. «بۇ زىۋىرشانىڭ نېمە قىلغىنى، مەن بارغىچە پۇت تىرەپ تۇرۇپ تۇرسا بولماسمىدى، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە ئەترەت باشلىقلىرى ئىچىدە زىۋىرشانى خېلى ئۇڭلۇقىنا، تەمكىن دەپ يۈرەتتىم. بۇ قېتىم رايىم قايتتى!» — دېدى. سىز بۇگۇن ئاخشاملا يىغىنغا كىرىپ ئۇستەل بېشىغا چىقسىڭىز بولىدىغان ئوخشايدۇ، ھوقۇقنى نەگە ئىشلەتىسىز، مانا مۇشۇنداق چاغدا ئىشلەتمەي؟ مەن بۈگۈن ئاخشام دىككىدە سىزگە بىر يولۇقاي دېۋىدىم، ھېكمەت ئەترەتنىڭ ئىشىغا قول تىقتى دېمىسۇن دېدىم، ئاڭلىسام، يەنە ئەيىبلىغازىنى تىكلىگۈدەك، ئەترەت باشلىقى دېگەننى يۇقىرى بېكىتىدۇ، مېنىڭچە يېزا باشلىقى سىزنى ئېلىۋېتىشكە ئۇنىمايدىغاندەك. ھېلىقى ماجىرا، باشقا گەپلەرنىڭ كارى چاغلىق. كۆرۈپ قالارسىز، يېزا باشلىقى كەلسە بىردەمدىلا ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشىدۇ. يېزا باشلىقىنىڭ دېيىشىچە تۆتىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ئىككىنچى ئەترىتىنى تارقىتىپتۇ، بەشىنچى ئەترەتتىمۇ ئەزالار قومۇش ئورۇپ خوسۇسىي ئوقەت قىلىۋېتىپتۇ، ھەتتا ئەزالارنىڭ

قىشچە شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا، ياللىنىشقا، ھۈنەر - كەسىپ قىلىشقا يول قويۇپتۇ، دوستۇم رازاق توخۇچىلىق قىلىۋېتىپتۇ، تېشتا خۇشۇسىپي، يازدا كوللېكتىپ. مانا بۇ ئەڭ توغرا يول ئىكەن...

زۇھرەشا كۈلۈمسىرىدى، بۇ ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بېرىكى تۇنجى كۈلكىسى ئىدى:

— بىرىنچى ئەترەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ تراكتور ئېلىپ ئەتىيازلىققا قاۋانلىقنى ئاچقۇدەك.

— «قاۋانلىق» نى ئاچالىسا كىم خۇشال بولمايدۇ، مېنىڭمۇ گۈلقەقەلىرىم ئېچىلىپ كېتىدۇ. بىراق ئويلاپ كۆرۈڭ، مۇشۇ كۈنگىچە قىلمىز دېگەننى ئاڭلىدۇق. لېكىن «قاۋانلىق» تىن ئالقانچىلىك يەر ئېچىپ، ئۇسما بولسىمۇ ئۇندۇرۇپ ئالغان ئادەمنى كىم كۆرۈپتۇ، ئەكبەرنىڭ نىيىتىگە رەھمەت. غەيرىتىگە ھەشقاللا، ئەمما بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، قاراپ تۇرۇپ ئەمگەكچىلەرنىڭ تەرى بىكارغا كېتىدىغان ئىشقا يۇقىرى يول قويمايدۇ، مەن بۇ گەپلەرنى يېزا باشلىقىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم.

ماگىزىنغا 3 - 4 ئايال كىرىپ كەلدى، ھېكمەت ئايالىرنىڭ ئالدىغا ماڭدى:

— خوش، خېرىدارلار خىزمەتنى نېمىدىن باشلايمەن؟

— چىڭراق، چۈشۈملۈگرەك چايدىن...

— مانا سىڭلىم، قاراڭ چېچەكلىرىنى، پۇراپ بېقىڭ..

— ماڭا ئاۋۇ ئاق خەسىدىن...

— مانا ھەدە! — ھېكمەت ئايالنىڭ ئالدىغا توپى بىلەن قويدى.

ئايالار سودا قىلىپ بولدى. ھېكمەت ئۇلارنىڭ ھەر بىرىسىگە «پارچە تىيىنلار ئۈچۈن» دەپ بىر سىقىمدىن كەمپىت

بەردى.

ئايالّلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زىۋەرشا ئۇنى ماختىدى:

— ئەجەب لىللا سىزدە! شۇنچە لىللا، ئىشچان ئادەمسىز، لېكىن سىزنىمۇ ياخشى دېمەيدىغانلار باردۇ-ھە؟

— ھىم، — دېدى ھىكمەت، — ئەكىلىك قولىڭىزنى، تاماكىنى تاشلاڭ، ماۋۇ ئېسىل كەمپىتنى شۈمگەچ تۇرۇڭا، گەپ شۇ يەردە، ئادەم دېگەننى بىلىش كېرەك، شۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدۇ، سىزدىن يامانلىق تىلەيدۇ، ياخشىلىق قىلسىڭىز خاپا بولىدۇ جۇمۇڭ، ئەزبىرايى شۇنداق، لېكىن مەن بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمەن، خەلق تاپشۇرغان ئىشنى سىز دېگەندەك لىللا، خالىس ئىشلەيمەن، بىر تىيىن بولسىمۇ خەلققە بولسۇن، ھۆكۈمىتىمىزدىن خەلق رازى بولسۇن دەيمەن، راستىنى ئېيتسام، بەزى ئايلاردا ئۆز ئايلىق ھەققىمنىمۇ تېپىپ ئالالمايمەن، مەن دۇنياغا ئانچە ئامراق ئەمەس، مىڭ تەڭگە پۇلدىن بىر سىنىڭ رەھمىتىنى ئەۋزەل بىلىمەن، خەلقنى رازى قىلىش چوڭ ئىش. سىز مانا شۇنى ئويلاڭ، بىر سىنىڭ ئاھانىتى، يەنە بىر سىنىڭ تاپا-تەنىسىگە پىسەنت قىلماڭ، دېدىمغۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ھەرقانداق بايلىقتىن قىممەت. كۆڭۈل ئېلىشنى بىلىڭ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا سىز ھازىرلا بېرىپ ئەترەت باشلىقلىقنى قولغا ئېلىڭ. خاتا يەرلىرىڭىز بولسا ئىقرار قىلىڭ، ئەمما بەلنى بوشىتىۋەتمەڭ... سىزدەك ئىشچان، تېجەشلىك، پۇختا، تەجرىبىلىك ئەترەت باشلىقنى ياسىۋالغىلى بولمايدۇ، سىز ئۆزىڭىزنى قەدىرلەڭ...

زىۋەرشا سېرىق بۇرۇتنى سىلاپ كۈلۈمسىرىدى:

— بىراق مۇشۇ ئەكىبەرنىڭلا دىتىغا ياقمىدىمغۇ تاڭ، ھە دېسىلا ئەبلغازى، روزاخۇنلارنى قوللايدۇ، مېنىڭلا قىلغان ئىشىمدىن قۇسۇر تاپىدۇ، مەن ئۇنى ھۆرمەت قىلىمەن، ياقتۇرىمەن، لېكىن ئۇنىڭ دىتىغا ياقمىغىنىمغا ھەيرانمەن...

— ئەكبەر چاڭ يېگىت، — دېدى ھېكمەت زۇبەرشاغا بېشىنى يېقىن ئەكىلىپ، — قولىدىن ئىش كېلىدۇ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ رەھبەر بولۇپ تۇرغىنى چوڭ ئامەت، ئادەم دېگەننىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، بىر ئۆمۈر ئىچىدە ئىنسان جىق ھەرسىنى ئارزۇ قىلىدۇ. يۇ، ئەمما كۆرىدىغىنى، قىلىدىغىنى چەكلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ دۇنياغا تويمايدۇ...

زۇبەرشا گەرچە ھېكمەتنىڭ گەپلىرىنى تولۇق چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر نەرسىنى قىياس قىلدى: ئەكبەر ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىمەن دېگىنى بىلەن قولىدىن كېلىشى ناتايىن...

زۇبەرشا ئۆيىگە بۇ سۆزلەرنى تاشلاپ قايتتى. ئۇ بوسۇغىدىن كىرىپلا ئايالىدىن تاپا - تەنە ئاڭلىدى:

— نەگە يوقالدىڭىز، ئىزلىمىگەن يېرىمىز قالمىدى، ئۆيگە ئەكبەرمۇ ئىزلەپ كەلدى. قويسۇنلا، بۇنچىلىمۇ بولۇپ كەتكەن بارمۇ نېرى!

— نېمە گەپلەر بولدى، تولا غىڭشىماي يىغىنىنىڭ مەزمۇنىنى دېمەمسەن!

— دېمەيمەن، ئەكبەرنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلاڭ، ئۆيگە كەلسىلا دەرھال چوڭ ئەترەتكە بارسۇن دېدى، يوگورۇڭ، چوڭ ئەترەتكە بېرىپ ئاڭلاپ كېلىڭ!

زۇبەرشانىڭ يۈرىكى پوكۇلداشقا باشلىدى، مانا باشلاندى، — دەپ ئويلىدى ئۇ: چوڭ ئەترەتكە بارسام ئازار يەيمەن، بارمىسام تېخى... ئۇ ئامالسىز بوسۇغىدىن كەينىگە بۇرۇلدى.

چىڭقى چۈش، كوچىلاردا ئادەملەر توپلىنىشقانىدى. ئۇ ئادەملەرگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ئارقا كوچىغا بۇرۇلدى. دوخمۇشتىكى يوغان قارىياغاچقا شوئار چاپلانغان، ئۇنى ئىككى بالا قىزىقىپ ئوقۇۋاتاتتى:

— ئۆلۈك ئوقىغىنا! — دېدى زۇبەرشا يىرسىنىپ

قولىقىنى ئاستا چىمدىپ، بالا بوينىنى قىستى - دە، بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ چاڭىلداق ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى:

— كاپىتالىزمنىڭ ھۇجۇمىغا ئەجەللىك زەربە بېرەيلى!...

زۆھرەشانىڭ بويى شۈركەندى. ئۇ ئالدىراپ يولغا ماڭدى. زۆھرەشا مەھەللىنىڭ چېتىگە چىققۇدى ئۆزىنىڭ بايتىلىنى سۆغۇرۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان ھەيدەر خەسكە يولۇقتى، خەسىنىڭ دوپپىسى كۆزىگە چۈشكەن. بارماقلىرىدا نېمىنىدۇر ھېسابلاپ كېلىۋاتاتتى.

— سالام ھەيدەركا! ھە. ھېساب خاتا چىقىپتىمۇ نېمە؟ — دېدى زۆھرەشا ئۇنىڭ ئالدىدا! توغرا تۇرۇۋېلىپ.

— مۇسادىرە قىلىغۇدەك. ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئېسىت، يەتتە يۈز باغ قومۇش، تۇمشۇق تىرەپ يۈرۈپ ئۇرۇۋىدىم، 175 تەڭگە پۇل قىپ. قىزىل ئوتتا كۆيىدىغان بولدى ئۆزى، ئەترەت باشلىقى بولغاندىكىن بىر نېمە دېسەڭچۇ! — ئۇ شالاڭ، سېرىق كىرپىكلىك كۆزلىرىنى چىمىلداتتى.

— بىر نېمە دېسەڭچۇ؟ — دېدى زۆھرەشا سوغلا قىلىپ، — ماڭا كىم بىر نېمە دەيدىكەن؟

— قاراپ تۇرۇپ بىزگە ئۇۋال بولسۇنمۇ ئەمىسە؟

— گۈڭ ئالىدىكەنسەنغۇ، ئەترەتكە ئالسا ساڭىمۇ بولار.

زۆھرەشا سىناش بىلەن قارىدى.

— گۈڭ؟ قوي ئۇ گېپىڭنى، مەن نەق تىزىغا گۈڭ سېتىۋالىدىغان سۈپۈرگە زىيانكەشمىدىم ئۆزى!

— بۇ گېپىڭنى ئەكبەرگە دە، ھازىر ھەممىنى شۇ بەلگىلەيدىغان بولدىغۇ!

— سېنى بىز نېمىگە سايلىغان؟ بىزنىڭ يىغىمىزنى يىغلا، —دېدى ھەيدەر، — يېزىغا بېرىپ يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا ئېيت، بىراۋنىڭ ئەمگىكى ئوچاقنىڭ كۈلىمىدى ئۆزى... ئەكبەرمۇ

ئۆز بالىمىزغۇ، سۆزىمىزنى ئاڭلار، بىر قېرىلار يىغىلىپ نەسىھەت قىلىپ كۆرەيلىمۇيە؟

ھەيدەر خەسىس زۇبىرشاغا ئاستا پىچىرلىدى:

— نىمىشقا ھەدىسىلا مۇشۇ قومۇشتا قالدى بۇلارنىڭ كۆزى؟

— ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ سىنىڭ بىلەن مەندەك ئوتتۇرا دېھقانلار كاپىتالىزم كۆچلىرى بولۇپ قاپتىمىز، ئاۋۇ تاملاردىكى شوئارلارنى ئوقۇتۇپمۇ كۆرمىدىڭمۇ؟

— كاپىتال دېگىنى نىمىسى، زاۋۇت ئىگىلىرىنى شۇنداق دەيدۇ دەپ ئۆگىنىۋېدۇققۇ ئۆزى، سىنىڭ بىلەن بىزدە نەنىڭ زاۋۇتى؟

— گەپ زاۋۇتتىمۇ؟ — دېدى زۇبىرشا ھەيدەرنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن سېرىق چىرايىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — گەپ مۇنۇ كاللىدا، سەن شەخسىي باي بولۇشنىڭ كويىغا چۈشتىڭمۇ ئەلۋەتتە كاپىتالىزم كۆچى بولىسەن.

— شۇنداقمۇ دەيلى، بۇ كاپىتالىزم دېگىنى پومپىچىككە ئوخشاش بولامدۇ - ئۆزى؟

— بۇنىسى ماڭىمۇ قاراڭغۇ، — دېدى زۇبىرشا، — ئەمما شۇنىسى ئېنىق: ھەممىنىڭ كۆزى ئاۋۋال ساڭا چۈشىدۇ، قىڭغىر دەسسىسەڭلا سىنى پۇتلاشتۇرىدۇ. كېۋىر كامىنىڭ دېيىشىچە سوتسىيالىزم ھارۋىسىغا سۆرەپ ئېلىپ ماڭىدىكەن، چاقىا يىپىشساڭ مىجىلىپ كېتىدىكەنسەن، سەن ھەيدەركا، ئاشۇ قومۇشنىڭ غەلۋىسىنى قوي، مۇنۇ بايتىلنىڭ، ئۆيدىكى ئون - يىگىرمە تۇياق قويۇڭ، ئالتە — يەتتە كالا، توپىقىڭنىڭ غېمىنى يە!

ھەيدەرنىڭ چىرايى پۇتىدىكى مەسىدەك ئاقىرىپ كەتتى.

— مانا گەپ، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەپتۇ - دە، ئۆزى! مەن بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەمدىن مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىشەنمىۋىدىم، راستىكەن - دە، ئۆزى! سەن ئەترەت باشلىقى،

بىر شەپىسىنى بىلمىسەك دېمەيسەنغۇ، ئەمدى سېنىڭ ئەتىرەت باشلىقلىقىڭ قانداق بولىدۇ ئۆزى؟ ياناللا، ئەبلغازىغا قالسا خۇدانىڭ ئۇرغىنى - دە!

نەق شۇ چاغدا چوڭ ئەترەت تەرەپتىن ئەبلغازى چىقىپ كەلدى. ئەبلغازىنى كۆرۈپ، ھەيدەر ئىتىنى يېتىلەپ ئۆيگە ماگدى، ئۇ تېخىمۇ مۇكچەيدى، خۇددى بايىقى گېپىنى ئەبلغازى ئاڭلاپ قالغاندەك خۇدۇكسىنىپ، كەينىگە قايتا - قايتا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ كونا پوپۇچ ئىچىدىكى مەسىلىك ئايىغى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ، قارلىق يەرگە قىڭغىر - سىڭغىر ئىز قالدۇرۇپ باراتتى.

زىۋەرشانىڭ بولسا بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئەبلغازى بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇپ قېلىشتىن قورقۇپ بويىنىنى تولغاپ ئىتتىك ماگدى. ئەبلغازى بولسا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلەتتى. ئۇلار دۈچكېلىشتى - زىۋەرشا ئىتتىك مېڭىپ ئۆتۈشكە ئەبلغازى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توغرا تۇرۇۋالدى:

— سالام زىۋەرشا، قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دېدى ئۇ، قولىنى سوزۇپ.

زىۋەرشا ئەبلغازىنىڭ بۇ قىلغىنى يەنە بوزەك قىلىش دەپ چۈشەندى، چۈنكى ئەبلغازىنى قايتىدىن ئەترەت باشلىقى قىلىمىز دېگەن گەپ كەڭ تارقالغان، زىۋەرشا بولسا ئۆز ئورنىغا دەسسىمەكچى بولغۇچىنىڭ بۇ قىلغىنى مەغرۇرلۇق، ھەيۋە قىلىش دەپ ئويلىدى - دە:

— ھە، يەنە نېمە قىلماقچىسەن؟ مانا مۇشۇنداق دەسسىلەپ - چەيلىنىپ يۈرۈپتىمەن! — دېدى قوپال، تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن.

— مېنى ئەپۇ قىل، — دېدى ئەبلغازى سەممىي، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن زىۋەرشاغا قولىنى سوزۇپ، — قايسى كۈنى

قوپاللىق قىلدىم، سىنى رەنجىتتىم، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزدۈم.

زىۋىرشا يالت قىلىپ ئەبلغازىغا قارىدى. ئەبلغازىنىڭ چىرايىدا نە مەغرۇرلۇق، نە مەنسىتمەسلىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى.

— مەن پارتىيە سىياسىتى بويىچە ساڭا ياردەم قىلالمىدىم، چوڭ ئەترەتتىكى يولداشلار مېنىڭ خاتالىقىمنى كۆرسىتىپ تەنقىد قىلغاندىن كېيىن ئويلىدىم، پارتىيە سىياسەتلىرىنى ئۆگەندىم، راستلا توغرا قىلماپتىمەن، قېنى قولۇڭنى بەرگىن، ئۇ ئىشنى قورسىقىڭدىن چىقىرىۋەت!

زىۋىرشا نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى:

«ۋاھ، بۇ چوڭ ئەترەتتىكىلەر ئەبلغازىنى تەنقىد قىلغان بولسا، مېنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىدىغان ئىش يوق ئوخشايدۇ، يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئەكبەرگە گەپ قىلغان ئوخشايدۇ» — دەپ ئويلىدى:

— خاتالىقنى ئىقرار قىلغىنىڭ ياخشى، — دېدى زىۋىرشا مەغرۇر قىياپەتتە، — ئەمما سېنىڭ ماڭا ئۆزۈڭدىن بېرى كۆز - قارىشىڭ ياخشى ئەمەس، ئاغزىڭدا خاتا قىلدىم دېگىنىڭ بىلەن قورسىقىڭدا بەربىر غوم ساقلايسەن، ساڭا راست گەپنى ئېيتاي: مۇشۇ ئەترەت باشلىقلىقىنى چۇقان - سۈرەن قىلمايلا ئالساڭ!

ئەبلغازىنىڭ چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ: «مەن سېنىڭ بىلەن ئەترەت باشلىقلىقىنى تالىشىۋاتقىنىم يوق، سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى تالاش كوللېكتىپنى سۆيۈش بىلەن سۆيمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە دېگۈسى كەلدى» شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە تېخى بايىلا چوڭ ئەترەتتىكى يولداشلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە قىلىشقان گەپلەر كەلدى: «پارتىيىنىڭ ئوتتۇرا دېھقانلارغا قاراتقان سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىشىمىز لازىم، ئۇلار بىلەن ھەم ئىتتىپاقلىشىشىمىز، ھەم خاتا

ئەدىيىسىگە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز، خاتا ھەرىكەتلىرىنى ئايىماي تەنقىد قىلىشىمىز، ئەمما قوپال ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۇلارنى چەتكە قاقماسلىقىمىز لازىم. سەن چەتكە قاقساڭ، دۈشمەن ئۆزىگە تارتىۋالىدۇ...»

ئەبلغازى ئۆزىنى بېسىۋالدى:

— بۇ دېگىنىم سېنىڭدە خاتالىق يوق دېگىنىم ئەمەس، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن، — مەنمۇ راست گەپنى ئېيتاي — مەن ئۇسۇلدا بىر قېتىم خاتا قىلدىم. سەن بولساڭ ئۆز ۋۇندىن بېرى يولدىن ئېزىپ كېلىۋاتىسەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەن سېنىڭ خاتالىقىڭنى تۈزىتىشىڭگە ياردەم بېرىمەن.

ئەبلغازى زىۋەرشانىڭ كۆزلىرىگە تىك قاراپ تۇراتتى. ئۇ زىۋەرشادىن: «ئەبلغازى سەن سەممىيلىك بىلەن خاتالىقىڭنى تونۇغان بولساڭ، مەنمۇ راستىنى ئېيتاي: مېنىڭ خاتالىقىم مانا — مۇنچىلىك...» دېگەن سۆزنى كۈتكەنىدى، ئەمما زىۋەرشا ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى. ئەبلغازىنىڭ ئالىجاناپلىق بىلەن «خاتا قىلدىم» دېگىنىنى زىۋەرشا «ماڭا تىز پۈكتى، مېنىڭ توغرىكەن» دەپ چۈشەنگەنىدى.

— ئۇنداق بولسا نېمە دەپ يالغۇز يەردە ئالدىمنى توراپسەن، شۇ ھەرىكىتىڭنى قىلىۋەرمەمسەن! — دېدى زىۋەرشا ئالدىراپ مېڭىپ.

— توختا، زىۋەرشا! — ئەبلغازى ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. لېكىن زىۋەرشا بۇرۇلۇپمۇ قويمىدى. چوڭ ئەترەتكە قاراپ ئىتتىك مېڭىۋەردى.

«قارا بۇنىڭ سالغان قاپقىنىنى، ئۆزىنى خاتالاشقان قىلىپ كۆرسىتىپ، مېنىمۇ يولدىن ئازدىم دېگۈزمەكچى. كىم خاتا، كىم توغرا، بۇنى ئايرىيدىغان چاغ كېلىدۇ...» دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە.

ئۇ ئەكبەرنىڭ ئالدىغا كىرگەندە بۇ پىچىرلىغانلىرىنىڭ

بىرنىمۇ ئېيتالمىدى. ئۇ جىق سۆزلىدى، ئەترەت باشلىقى بولماستا قىلغان ئەمگىكى ۋە كېيىنكى قىلغان ياخشى ئىشلىرى، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى توغرىسىدا بىرمۇ بىر سۆزلەپ قورسىقىنى «بوشاتتى»، ئەكبەر بولسا ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ تولۇق ئاڭلىدى، ئارىلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، زۆھرىشانىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللاپمۇ قويدى. زۆھرىشا ئۇزاق سۆزىنىڭ ئاخىرىسىنى مۇنداق سوئال بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

— ئېيتىڭا، ماڭا ئوخشاش ئولتۇرسا - قوپسا ئەترەتنىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدىغان ئادەمنى يولدىن ئازدىڭ دېسە قاملاشامدۇ، باشقىسىمۇ بىر نۆرى، مېنىڭ ھار ئالىدىغىنىم ئەبلغازىنىڭ مۇشۇ سۆزى، ئېيتىڭا ئۇكام، مېنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىم ئورۇنسىزمۇ؟

ئەكبەر كۈلۈمسىرىدى:

— گېپىڭىزنىڭ ئورۇنلۇق جايلىرىمۇ بار، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەپ، — شۇنداقلا سىز خاتا چۈشىنىۋالغان ئىشلارمۇ بار. توغرا، سىز كوللېكتىپقا پايدىلىق بەزى ئىشلارنى قىلدىڭىز، لېكىن سىز توپ مەسىلىدە خاتا چۈشەنچىدە ئىكەنسىز.

ئەكبەر ئۇنىڭغا چوڭ ئەترەتتە، سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتتە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىرمۇ - بىر ئېيتىپ بەردى. زۆھرىشانىڭ خاتالىقلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى.

ئەكبەر سۆزلىگەندە ئۇ بېرىلىپ تىڭشىدى، بولۇپمۇ قومۇشنى كوللېكتىپقا ئورۇماي، يەككە ئورۇپ سېتىشنى باشلاپ بەرگەنلىكىنى، بۇنىڭغا بەزى ئادەملەرنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى پاكىت بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەندە زۆھرىشا ئوڭايسىزلىنىپ ئەكبەرنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— قىشتا يەككە، يازدا كوللېكتىپقا بولسا بۇنىڭ نېمىسى خاتا ئۇكام؟

ئەكبەر بۇ سوئالنىڭ زىئۇرشادىن چىققىنى بىلەن يىلتىزى چوڭقۇر يەردە ئىكەنلىكىنى پەملىدى. — دە:
— قىشتا يەككە، يازدا كوللېكتىپ دېگەن سۆز بەزى ئادەملەرنىڭ ئەترەتلەرنى تارقىتىۋېتىش خىيالىنىڭ چىرايلىق گەپ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى، يەنە بەزىلەر تېخى باي ئەترەتلەر كوللېكتىپ بولسۇن، نامرات ئەترەتلەر يەككە بولايلى دەيدۇ، بۇ يەككىلىكنى كوللېكتىپتىن ئەۋزەل بىلگەنلىك، قېنى بىز سېلىشتۇرۇپ باقايلى.
ئەكبەر گەپنى بىرىنچى ئەترەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى مىسالغا ئېلىپ سېلىشتۇرۇشقا ئۆتتى، زىئۇرشا زېھنى بىلەن ئاڭلىدى. ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەككە ئىشلەشنىڭ پايدىسىنى ئىسپاتلىماقچى...
لېكىن زىئۇرشا بىرىنچى ئەترەتنىڭ كوللېكتىپنى باي قىلىش يولىدا قىلغان ئىشلىرىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن قانچە ئىزلەنسىمۇ مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدى.

# سەككىزىنچى باب

يېزا باشلىقىنىڭ ئاخشامقى دوكلاتى ھەممىدىن ئاسىمغا قاتتىق تەسىر قىلدى.

ئاسىم بەزىدە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى خۇلاسىلەپمۇ قويىدۇ: «. . . بىر يۇقىرا ئۇچۇن ئاندا - ساندا تۇتامى يوق ئىشلارنى قىلىپ قويۇش ئۇنچىلىكمۇ چوڭ ئەيىب ئەمەس، نېمىشقا دېگەندە ئۇنىڭ زىيىنىنى يالغۇز ئۆزىلا تارتىدۇ. لېكىن بىر رەھبەرنىڭ قىلغان گېپى تۇرالغۇسىز بولسا ئۇنىڭ زىيىنى چوڭ بولىدىكەن. تۇرالغۇسى يوق گەپ ئۇچۇن ئۇ رەھبەرگە ھېچ زىيان كەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۇچۇن قول ئاستىدىكىلىرى ئازابلىنىدىكەن، زىيان تارتىدىكەن. سەۋەبى رەھبەرنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر ئۆز رەھبىرىنىڭ سۆزىنى، تاپشۇرمىسىنى خەلققە پايدىسى بولمىسا ئوتتۇرىغا چىقاتتىمۇ، مەن بارلىق كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرسىتىشكە تىرىشاي، دېگەن نىيەت بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئىجرا قىلىدۇ. بۇ سۆز، تاپشۇرمىلارنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلگەندە ھېلىقى رەھبەرنىڭ جاپا تارتقۇچى — بېجىرگۈچىلەرگە بىر ئۇلۇش تۆھپە قالدۇرۇشى ناتايىن، لېكىن بۇ سۆز، تاپشۇرمىلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئىسپاتلىغاندا بولسا پۈتۈن ئىللەتلەر ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ شىللىسىگە يېزىلىدىكەن. . . »

ئاسىم سېمىز بوز ئاتتا سىڭايان ئولتۇرۇپ شۇلارنى ئويلىدى. ئۇ چاپقىداپ ئۆرۈۋاتقان شىۋىرغاندىن كۆزىنى يۇمۇۋېدى، كۆز ئالدىغا يەنىلا يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ ياپما قاپاقلىق، سۆرۈن چىرايى كەلدى. ئۇ قايرىلما ياقىلىق سەنسەن جۇۋىسىغا تېخىمۇ ئوراندى، ئۇنىڭ مېڭىسىدە يېزا باشلىقى بىلەن

قىلىدىغان تالاش - تارتىشتا ئېيتىدىغان سۆزلىرى تەكرارلىنىۋەردى: «سەككىزىنچى ئەترەتنى قەتئىي تارقىتىۋەت، قىشلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى نېمە قىلىسەن؟ قىشتا يەككە. يازدا كوللېكتىپ بولسىمۇ بولىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى نەچچە قېتىم ئېيتتىڭ، مەن سېنىڭ دېگىنىڭنى ئىجرا قىلىمەن دەپ قانچىلىك توغرا تەلەپلەرنى چەتكە قاقتىم... ئاخىرى كېلىپ كىچىك ئەترەتلەرنى قىرقىشقا ئۇرۇنغان، كاپىتالىزم ئەگىزىنى باشلاپ كەلگەن مەن بولۇپ قالدىم. سەن تۇرسۇن سىنىپىي دۈشمەنلەرگە غەزىپى كۈچلۈك، سوتسىيالىزم يولىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتىڭ!... ئۇ مۇشۇ سۆزلەرنى ئىچىدە تەكرارلاپ ئاخىرى ئات ئۈستىدە ئۇخلاپ قالدى.

بوز يورغا يۇمشاق قار بىلەن كۆمۈلۈۋاتقان ئېتىز يولىدا ئارىلاپ - ئارىلاپ پۇرقۇپ قويۇپ، يىراقتا قارا قۇرۇم كۆرۈنگەن جاڭزىغا قاراپ يورغىلاپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ سىلىق يورغىسىدىن قوشقۇن، شالدىرىملار بىر خىل شاراقلايدۇ، مىخ تاقىلىق ئاياغلىرىدىن دۆگىلەك - دۆگىلەك قارلار ئۇچىدۇ. ئۈستىدىكى ئادەم يۇمشاق جۇۋا ئىچىدە ئۇخلىماقتا. ئۇ كېچىچە ياخشى ئۇخلىمىغان، يېرىم كېچىگىچە مەجلىس، قالغان يېرىم كېچىدە ئاچچىق ۋە مۇلاھىزە... مانا ھازىر بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن ئىشلار. يەنە يېرىم كۈندىن كېيىن بۇ ئىشچان، ئاقكۆڭۈل دېھقاننىڭ ئاچچىغىمۇ، ئاداۋىتىمۇ، مۇلاھىزە سوئاللىرىمۇ تۈگەيدۇ. ئۇ ئالدىدىكى ۋە ئەتىسى قىلىدىغان ئىشى ئۈچۈن ئالدىراۋېرىدۇ. ئۆزىگە بىكاردىنلا ئازار بەرگۈچىدىن ئەنتىنى ئېلىۋېلىشقا ئۇنىڭ ۋاقتىمۇ، رايىمۇ يوق بولۇپ قالىدۇ...

ئۇ چۈشتە يەنە يېزا باشلىقى تۇرسۇن بىلەن مۇنازىرىلەشتى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن يەنىلا «ئۈچىنچى

ئەترەتتىكى سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئون چوڭ ئىپادىسى» ئۈستىدە توختىلىپ ھەدەپ ئاسىمنى تىلغا ئېلىۋەردى. ئاسىم غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى - دە، چۆچۈپ ئويغاندى.

ئۇنىڭ ئېتى يولدىن چىقىپ ئۆستەڭ ياقىلاپ كېتىپ بېرىپتۇ. ئاسىم بوز ئاتنىڭ يايلى - كۆكۈلىسىنى قوللىرى بىلەن تاراپ تۇرۇپ ئۆزىچە سۆزلىدى: «ئاز كۈندە چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىنى تارتىۋالدۇ، سېنىڭ بىلەن خوشلىشىمەن. سېنى ئېتىز ئارىلىرىدىكى چىغىر يوللاردا ماڭغۇزىدىغان ئاسىم ئەمدى سېنى مىنەلمەيدۇ. ئېيتقىنا بوز ئات، ئاسىم قاچان بەدنىيەتلىك قىلغان؟ ئۆزىنىڭ بېغىنى سۇ بېسىپ كېتىۋاتسىمۇ قىيا كۆزىنى سالماستىن كۆپچىلىكنىڭ ئېشىغا يۈگۈرگەن چاغلىرىنى سەن بىلمەسەنغۇ؟ سېنى مىنىۋېلىپ، تالاي - تالاي كېچىلىرى سۇچىلارغا سۇ ياقىلاپ بەرگەنغۇ؟ تالاي توڭمۇزلاردا باشقىلار چۈشلۈك ئويقۇغا كەتكەن چاغلاردا ئېگىزلاردا پوسۇرلاپ يۈرۈپ ئۈممىنىڭ، باغ تارتىشنىڭ، سۇ تۇتۇشنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرگەنلىرىمدە سەن قىرغاقتا ئاسمانغا قاراپ چىۋىنقاپ تۇرغان ئەمەسمىدىڭ؟ ئېيتقىنا بوز ئات، ئىگەڭ نەپسى ئۈچۈن قوي ئۆڭكۈرۈپ ماڭدىمۇ؟... تىلىڭ بولسا سەن يېزا باشلىقىغا: ئاسىم سۈتتەك ئاق، بۇلاق سۈيىدەك تازا ئادەم دەپ ئېيتاتتىڭ..

. ھەي... ئۇلار مېنى نېمشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ؟...

ئۇنىڭغا قاراپ شالۋۇر، قىسقا جۇۋا كىيگەن، قولىغا چوماق تۇتقان بىر ئادەم ئۇچ ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆستەڭ ياقىسىدىكى چىغلار ئارىسىدا «ئاله، ئالە! كەتتى قارا!» دەپ ۋارقىراپ كەلمەكتە ئىدى. ئاسىم توشقان قوغلاپ يۈرگەن مەنسۇرنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى - دە، قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— مۇردىنى تاشلاپ قويۇپ توشقان قوغلىغان قاشلىق! ئاله شەھرىڭنى، خەلق نېمە كويدا، سەن نېمە كويدا، تازا بەقبىيت جۇمۇ سەن مەنسۇر!

مەنسۇر بېشىدىن كەينىچە چىگىلگەن قۇلاقچىسىنى ئالدى. دە، ھور چىقىپ تۇرغان بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلدى:

— كۆرۈپ قالدىڭ. دە! ھەر قىشتا بىر ئىككى قېتىم توشقان قوغلىغۇلىسام دىمىقتا بولۇپ يۈرەلمەيمەن. تاڭ سەھەردە چىقىۋىدىم، توققۇز توشقان ئالدىم. ئۈچىنى ئىتلار يېدى، ئالتىسىنى تولۇمچىلاپ سويۇپ يا بېشىدىكى قېرى سۆگەتكە ئېسىپ قويدۇم.

— بىرىسىنى بەرگىنە چايپەش قىلىۋالايلى.

— زىغىر پاخلى تىقىپ تەييار قىلىپ قويغان ئىككىسى بار، شۇلارنى سەن ئال.

— ئاتقا مىنگەش!

— نەگە؟

— ئاخشام يىغىنىڭ ئالدىدا چارۋا ئەترەتكە بارىمەن دەپ قويۇپتىكەنمەن. يىغىندىن كېيىن خىزمەتتىن ۋاز كەچكەنمۇ بولدۇم. لېكىن ئۈگەنگەن خۇي، ئەتىگەن يەنە ئات توقۇۋاپتىمەن، قارىمامسەن، بوز ئات مېنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەپتۇ.

ئاسىم ئاتنىڭ سول تەرىپىنى مەنسۇرغا توغرىلىدى ۋە ئۈزەڭگىدىن سول ئايىغىنى چىقاردى. مەنسۇر بوز ئاتقا لىككىدە مىنگەشتى.

شۇۋىرغان كۆچەيدى. كۆز ئاچقىلى بولمايتتى. قىلۇۋىدىن ئۇرۇۋاتقان شامال سەنسەن جۇۋا ئىچىدىكى ئاسىمنىڭ ئاۋازىنى بوز ئاتنىڭ سىيمىز ۋە كەڭ ساغرىسىغا مىنىۋالغان مەنسۇرغا بىمالال ئاڭلىتىپ تۇراتتى. بوز ئات يولسىزلا ماڭدى. ئۈچ ئىت ئېرىق. چىغلارنى پۇراشتۇرۇپ، تىللىرىنى چىقىرىشىپ ئاتنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭماقتا ئىدى.

— بۇھىم نۇقتا چوڭ ئەترەت كادىرلىرى! دېگەننى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاسىم. مەنسۇر ئۇنىڭ ئىككى

مۇرىسىدىن تۇتۇۋېلىپ:

— ئاڭلىغاچقا توشقان قوغلاپ يۈرۈپتىمەنغۇ! — دېدى.

— خۇشاللىقتىنما؟

— خۇشاللىقىممۇ بار!

— ئاسىم مېنى ئاغدۇرۇشتا خېلى نىم قىلىۋىدى، مانا ئەمدى دۇنيانىڭ نۇۋىتى ئۆزىگە كەلدى دەپ خۇشال بولۇۋاتىمەن. — دە!

— ياق، سېنىڭ بىلەن مېنى تۇتۇشتۇرۇپ قويغانمۇ، مېنى ساڭا يامان ئاتلىق قىلغانمۇ ئاشۇ تۇرسۇن. مەن سېنىڭدىن ئاغرىنمىدىم. ئۆزۈڭچىلا خۇدۇكسىنىپ مېنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۈردۈڭ. سېنىڭ بىلەن پاراڭلاشمىغىلى يېرىم يىل بوپتۇ. باشقا بىرسى ئۆچرىغان بولسا ئېيتسا. مىنگىشمەنمۇ؟ ئاخشامقى يېزا باشلىقىنىڭ دوكلاتىنى مەن باشقىچە چۈشەندىم، ئۇ سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئۇن ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. جەزمەن ئۇنىڭ تۈتىگە مېنى چۈشۈرىدۇ. ئاشۇنداق قىلسا ئەجەب ياخشى بولاتتى. مەن مانا مۇشۇنىڭغا خۇشال.

— بۇنىڭ خۇشال بولىدىغان نېمىسى بار؟

— تۇرسۇن بىلەن ئېلىشىمەن. ئېلىشمىساق ئۇنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى كۆپچىلىك قانداق بىلىدۇ؟ — قارا، ئەترەتنى تارقىتىشنى ساڭا دۆڭگەپ قويغىنىنى؟ شال تېرىشنىمۇ تۇرسۇن بىرگە تاڭغان، ھەر ھۆددىسى بولسا ماڭا دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان. شال ئۈخشىغان بولسا ئۇتۇق ئۇنىڭ بولاتتى — زىيان بولۇۋېدى پۈتۈن توقۇ ـ لەنەتنى ماڭا ئارتتى. بىرگە ئۇنىنى قوشۇپ يۇقىرىغا چاقتى. مېنىڭدىن ئۆچىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن تازا پايدىلاندى!

— ئەمدى ماڭا كەلدى بۇ شورلۇق دېگىنە؟ ھازىر پۈتۈن كىچىك ئەترەتلەرنى پاش قىلىشقا نىم قىلىۋاتىدۇ. كادىرلارنىلا پاش قىلغۇدەك. كىم بار؟ مېنى تارتماي نىم قىلار دەيسەن؟

— ئۇنىڭ نىشانى مەن. ئۇ مېنى ئۇ تۈزۈل ـ كېسەل يوقىتىشنى قورسىقىغا پۈكۈپ يۈرگىلى نىكەم! لېكىن ئەكبەر

بۇنى سەزمەيۋاتىدۇ. ئەكبەر ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ قېلىۋاتىدۇ!

ئۇلار جىم بولۇپ قالدى. شۇۋىرغان قاتتىق ھوۋلىماقتا، ئىتلار نەدىدۇر كاڭشىماقتا. مەنسۇر ئاسىمنىڭ مورىسىگە تايىنىپ، ئاتنىڭ ساغرىسىنى دەسسەپ ئۆرە تۇردى ـ دە، كۇنپېتىش تەرەپكە قارىدى. ئۇ ياقتا «قاۋانلىق» بار ئىدى. ئوڭ قولى بىلەن شۇ ياقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئاسىمغا:

— «قاۋانلىق» نى ئېچىشقا كۈچ چىقىرايلى ئاسىم. سېنىڭ بىلەن بىز ئەللىككە قاراپ كېتىۋاتىمىز، ياشلىق تۈگىدى. كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلايمىز، ئاخىر مۇشۇ يەرنىڭ تېگىگە كىرىمىز. خىزمەت بىزگە بەخشەندە ئەمەس، چوڭ ئەترەت باشلىقى، شۇجى بولمىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ، لېكىن يۇرتنى ئاۋات قىلىش، خەلقنى اي قىلىش ھەر بىرىمىزگە بەخشەندە قىلىنغان ئىش. بۇ ئىشنى ردەمۇ يادىمىزدىن چىقارمايلى.

ئۇ ئولتۇردى. ئات بىر خىل يورغىلاپ ماڭماقتا.

— سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەھۋالى قانداق ئاسىم؟

— تارقىتىۋېتىمىز دەپ تاشلىۋەتكەن. ئەزالارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوقەت قىلىشىغا يول قويغان. كېيىن ئەبلغازىلار ئون نەچچە ئادەم قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى نىمە قىپتۇ، ئاخشام ئاڭلىسام بۇ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ھازىر ئوتتۇزدەك ئادەم بولۇپ كۆپىيىپتۇ. شەخسلەر ئىگىلىۋالغان ئات ـ ھارۋىلارنى تارتىۋاپتۇ. شەخسلەر ئورىغان قومۇشلىرىنى ساتالمايۋېتىپتۇ. ئەترەتنىڭمۇ ئون نەچچە مىڭ باغ قومۇشى بېسىقلىق تۇرىدۇ. ساتىدىغان ئورۇن يوق. نىم قىلالمايۋاتىمىز.

. .

— بىرسى ماڭمىدىمۇ؟

— كىم ماڭىدۇ؟ يېزا باشلىقى ئاخشام ئەترەتلەرنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇمۇ كاپىتالىزم خاھىشى

دېدىغۇ! سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرى قىشچە نېمە يەيدۇ؟ ئەزالار نېمىنى خىراجەت قىلىدۇ؟ باش قېتىمچىلىق...

— بىرىنچى ئەترەتتىن ياردەمگە ئاجراتقان پۇل بىلەن ئاشلىق يېقىندا يۆتكىلىدۇ، — دېدى مەنسۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئەترەتنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقازغىلى بولمايدۇ. پۈتۈن ئەترەتنى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەش، قومۇش ئالىدىغان ئورۇننى دەرھال تېپىش كېرەك. ھېلىقى يىگىرمە بەش پۈڭدىن ئالىدىغان ئورۇن ئاڭلىسام گۇمانلىقكەن. پۇلى نەق ئەمەسكەن. ئۇلار قومۇشنى نەگىدۇر بىر يەرگە يۆتكەپ شۇ يەردىن پۇل ئېلىپ بىزگە بەرگۈدەك...

ئۇلار شۇ گەپلەر بىلەن جاڭزىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۆيدىن مەڭزى قىپ - قىزىل بىر يىگىت يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاتنى ئالدى. بۇ يىگىت ئەبلىغازىنىڭ قىيىن ئىنىسى چارۋىچى ئەبەن ئىدى.

تام ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ساماۋەر قويۇلغان، شىرداق، كىگىزلەر بىلەن چىرايلىق ياسالغان ئۆيگە دەستىخان سېلىنىدى، نانلار توغرالدى. ئەبەن بىر توخلىنىڭ قولىقىدىن تۇتۇپ ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى:

— قېنى ئاقساقاللار پەتە!

ئاسىم بىلەن مەنسۇر بىر بىرىگە قاراشتى.

— چاي ئىچسەك بولمىدىمۇ؟ — دېدى مەنسۇر.

— ئىزىز مېھمانلارغا دەپ ئاتىغان توخلام، — دېدى ئەبەن پىچىقنى توخلىنىڭ دۈمبىسىگە كاپلاپ قويۇپ، — رەنجىيمەن، قاتتىق رەنجىيمەن!

— قوبۇل بولسۇن ئەمىسە، قېنى مەنسۇر قولۇڭنى كۆتەرگىن، نارىن يېگەچ بىر مۇڭدىشايلى، — دېدى ئاسىم قولاقچىسىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپ.

ئۆز ۋىدىن بىرى ئارازلىشىپ يۈرگەن بۇ ئىككى چوڭ ئەترەت

كادىرى بىر بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، شىرداق ئۈستىگە بەھوزۇر يامپاشلىدى. . .

شۇۋرغان توختىغاندا ئۇلار نارىن يەپ، شورپىمۇ ئىچىپ بولۇپ قايتىدىن ئاتلانغانىدى. ئەمدى مەنسۇر ئەبەننىڭ بورتە بايتىلىنى مىنىۋالغان، ئۇلار ئىككى ئاتلىق بولۇپ چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى، قىشلىق ئوت - چۆپ، ئوزۇق - تۈلۈك قاتارلىق تەييارلىقلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرمەكچى بولۇپ يولغا چىقىشقانىدى. ئەبەننىڭ سۆزىدىن ئۇلار ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىلدى. ئاسىم خىزمەت ئىشلەشكە قايتىدىن بەل باغلىغان، مەسىلىلەرنى بىللە ھەل قىلىشقا مەنسۇرنى تەكلىپ قىلغانىدى. مانا ئۇلار بىللە توشقان ئۇۋلىغاچ دەريا بويىغا كەلدى.

ئىلى دەرياسى شۇرمەل بىلەن ھەيۋەتلىك ئاقاتتى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ دەريا بويىدىكى جاڭگاللاردا ئۇۋچىلار قايناپ كېتىدۇ. مانا ئارال تەرەپتىن پاك - پۇك مىلتىق ئاۋازلىرى، ئىتلارنىڭ كاك - كاك قىلغان ئاۋازلىرى، قىرغاۋۇللارنىڭ قاقاقلاپ ئۇچۇشلىرى، ھەتتا جەرەننىڭ باپ - باپ قىلىپ قاچقانلىقى، ئۇۋچىلارنىڭ «قارا! ھەي» ، «كاككوك» دەپ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەنسۇر جاڭگال تەرەپكە قايرىلىپ قارىدى ۋە:

— جان دېگەن مىغىلداپ كېتىپتۇ جومۇ! — دېدى.

— ئۆتۈپ باقمىزمۇ - يە؟ — ئاسىم كۈلۈمسىرىدى.

— ئەپسىمىزنى يىغايلى ئاسىم، مالچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۈگۈن كۆرۈپ بولايلى جومۇ. بۇ يىل قار قېلىن ياغىدىغان ئوخشايدۇ، كىچىك ئەترەتلەردىن جاڭزىلارغا توشۇلىدىغان ئوت - چۆپنى توشۇتتۇق، دالا ئوتىنى يەيدىغان چاغ بۈگۈن - ئەتىلا تۈگەيدۇ، مال قورۇغا قامالغاندىن كېيىن كۆرۈسەن، ھېچ نەرسە توشمايدۇ. بۇ يىل ئون قورۇ قوينى ساق - سالامەت كۆكلەمگە

يەتكوزىۋالساق، ھەي ئاسىم مۇشۇ قومۇشنىڭ پۇلىدىن ئەزالارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكوزۇپ ئازراق چوڭ ئەترەتكە قالدۇرسا، ئۇ پۇلغا نەسىللىك بۇقا، قوشقار، ئايغىرلاردىن ئالساق. مۇنۇ دەريا بويىدىكى قولتۇققا نەسىللەندۇرۇش پونكىتى قۇرساق، سەن قانداق ئويلايسەن؟ مېنىڭچە بولغاندا مۇشۇ دەريا ياقىسىدىكى ئون نەچچە مىڭ مو يەرگە ئاشلىق تېرىشنى توختاتساق، بۇ يەردە قوي - كالا بوردىساق، چارۋىنىڭ كىرىمى دېھقانچىلىقتىن ئېشىپ كېتەرمىكىن دەيمەن.

كىرىمنىڭ گېپى چىقسا ئاسىمنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كېتىدۇ:

— بۇ گېپىڭ جايىدا مەنسۇر، — دېدى روھلىنىپ، — بۇ يەرلەرگە دېھقانچىلىق قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. ماڭا قويۇپ بەرسە بېلىقچىلىق، توخۇ - ئۆدەك، قوي - كالا فېرمىسى قاتارلىق نەرسىلەرگە ئاجرىتىمەن. ماي زاۋۇتى، سۈت پاراشوك زاۋۇتى، كونسېرۋا زاۋۇتى، ئۇمارتا ئوخشاشلارنىمۇ مۇشۇ دەريا بويىغا نىم قىلىۋېرىمەن!

— مۇنۇ قارا سۇغا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرغىلى بولىدۇ. توك بولسىلا ھەممە ئىش ئوڭاي! — دېدى مەنسۇر قوشۇمچىلاپ.

— گرىگورى ئورۇس چېغىدا توگمەن چۈشۈرگىنىگە بىر نىم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېلېكتر ماشىنىسى ئورنىتىپ توك چىقىرالىدىغۇ!

ئۇلارنىڭ پارىڭى يەنىمۇ قىزىغان بولاتتى، دەريا بويىدا يالاڭ كىيىملەر بىلەن يۇگۇرۇشۇپ يۈرگەن ئەكبەرلەر ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئۈزۈپ قويىدى.

— جېنىدىن تويغان كىم بۇ؟ — دېدى ئاسىم ھەيران بولۇپ.

— بۇ ئەكبەر! — دېدى مەنسۇر كۈلۈپ، — قارا، تەتۈر سېۋەت، چارۋاغلارنى!

— چارۋاغنى راسا گولەك يەرگە قۇرۇپتۇ، بىراق شۇرمەل

سوقۇپ كەتمىسىلا!

ئۇلار شۇ ياققا قاراپ ئاتلىرىنى يورتۇپ كېتىشتى.

يار بويىدىكى تاشلىققا گۈلخان يېقىلغان، ئۇ يەردە ئەبلغازى باشلىق بىرنەچچە ئادەم كىيىملىرىنى قۇرۇتۇۋاتاتتى. تور ۋە چەنزىلەر، قار ئۈستىدە ھەر بىرسى ئون نەچچە كىلو كېلىدىغان سىدەپ بېلىق ۋە چا بېلىقلار تۇراتتى.

— ئەبلغازى گاداي مەن دەپ زارلايسەن تېخى، مانا بايلىق، نىم قىلىۋەرگىن! — دېدى ئاسىم بوز ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ.

— ئەزالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېگىش ئۈچۈن پۇل تاپىدىغانلا ئىش بولسا قىلىپ بېقىۋاتىمىز، — دېدى ئەبلغازى، — ئەنە قارا تېخى، ئۇۋچىلىرىمىزمۇ قولۋاق بىلەن بايلىق توشۇۋاتىدۇ.

قولۋاقتا ئۈچ ئادەم بار ئىدى. ئىككىسى چەنزىلەر بىلەن شورمەللەرنى نېرى - بېرى ئىتتىرىپ ئۆرە تۇراتتى. بىرسى بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ كۈچ بىلەن پالاق تارتىۋاتاتتى. قولۋاق قىرغاققا يېقىنلاپ كەلدى — دە، قولۋاقتىكىلەر ئارقانني قىرغاققا ئاتتى، ئەكبەر تىزغىچە سۇ كېچىپ تۇرۇپ ئارقاننى تارتتى. قولۋاق ئىتتىك قىرغاقتا توختىدى.

چېچى كۆزىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان خەنزۇ يىگىت ئۇيغۇر تىلىدا:

— قىرغاۋۇل ئەللىك ئۈچ، چىل يىگىرمە توققۇز، كىيىك ئىككى، توشقان قىرىق ئۈچ، — دېدى قولۋاق ئىچىنى شەرەت قىلىپ، — يەنە ئىككى قاتىساق توگەيدۇ.

ئەكبەر، ئەبلغازىلار ئالدىرىشىپ قولۋاقنى يۇقىرىغا قارىتىپ سۆرەپ ئېلىپ كېتىشتى. ئاسىم ئېتىغا مىندى - دە، مەنسۇرنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئۇلارغا ۋارقىرىدى:

— ھاي، ئات بىلەن سۆرىتەيلى، سادىر سوققان جان بارمۇ؟

ئاتلارنىڭ ئىگەرلىرىگە توشۇكلار باغلاندى، ئۇلار ئاتلار

بىلەن قولۋاقنى سۆرەپ يوقىرىغا كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كەلدى: قولۋاقچىلار يوقىرىدىن تۆۋەنگە ئېقىۋاتقان قولۋاققا كۈچ بىلەن پالاق ئۇرماقتا ئىدى.

— خەتەرلىك! — دېدى ئاسىم بېشىنى لىڭشىتىپ،

— چوڭراق شورمەل بىرلا ئېمە قىلسا... ھەي...

— ئىشەنچلىك يىگىتلەر، — دېدى ئەبىلغازى كۈلۈپ قويۇپ.

— ئاۋۇ شياۋدۇڭ بىلەن شياۋلى ۋۇخەندە چوڭ بولغان يىگىتلەر. چاڭجياڭ دەرياسىنى نەچچە قېتىم توغرا كېسىپ ئۆتكەنلەر دېگىنە! بىزنىڭ نەزەرمۇ قېلىشمايدۇ. دەريا دېگەن ئېرىق ئەمەسمۇ. نەزەر دېگەن بېلىق ئەمەسمۇ دەپ ئىلى دەرياسىغا بىرلا شۇڭغىسا قاق ئوتتۇرىسىدىن بېشىنى چىقىرىدۇ...

كۆپچىلىك كۈلۈشتى.

— سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئادەملىرى جايىدا! — دېدى مەنسۇر، — شۇنداق پالۋانلار تۇرغان يەردە قاۋانلىقنىڭ ھۆجۈمىدىنمۇ قورققان بارمۇ؟ ھەي ئاسىم قارىغىنا، مۇشۇنداق ئادەملىرى بار ئەترەتنىمۇ تارقىتىۋەتمەكچى بولدۇڭ - ھە؟

ئاسىم يەرگە قارىدى ۋە بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى.

— ئەكبەرنىڭ بىزگە ياردىمى چوڭ بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئەبىلغازى ئاسىمغا قاراپ، — يېزا باشلىقىغا ئېيتىپ قويۇڭ، بىز يوقىرىدىن ياردەم پۇل تەلەپ قىلمايمىز، قەرزمۇ ئالمايمىز. ئاخشام ھېسابلىدۇق. ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇ چاشقىنى تۇتۇش، بورا توقۇش قاتارلىقلاردىنلا كۈنىگە 130 يۈەن كىرىم بولىدىكەن. 96 تۇتۇنگە چاچساق بىر ئەمگەكچىگە بىر يۈەندىن جىقراق پۇل تېگىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇشلىرىمىز سېتىلسا كۈنىگە ئەللىك ئەمگەك ئورىغاندا ئىككى مىڭ باغ ئورىغىلى بولىدىكەن. ئىككى مىڭ باغ قومۇش يىگىرمە پۇڭدىن بولغاندا تۆت يۈز يۈەن پۇل. دېمەك، بىر كۈنلۈك قوشۇمچە

ئىشلەپچىقىرىشتىن بەش يۈز يۈەن تاپقىلى بولىدىكەن. ئىككى يۈز يۈەن چىقىمغا كەتسىمۇ كۈنىگە ئۈچ يۈز يۈەن نەق پۇل كىرىم بولسا بىر گۇڭغا ئۈچ يۈەنگە يېقىن...

— بۇ بىر خىل خىيال، — دېدى ئاسىم كۈلۈپ، — بۇنداق بولغاندا ئوڭايلا بېيىپ كېتىسەن، — كۈنىگە ئىككى يۈز يۈەن كىرىم بولسۇنمۇ دەيلى. نېمىشقا دەمسىنا؟ بېلىق، چاشقان، ئوۋچىلىقلىرىنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك... سوغۇق چۈشۈپ كەتسە قىيىن. يازلىقتا چوڭ ئەترەت بويىچە نېمە قىلىمىز...

— شۇنداقمۇ بولسۇن، — دېدى ئەكبەر گەپكە ئارىلىشىپ، — يەنە سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ بىر قورۇ قويى، ئوتتۇز يىلقىسى، قىرىق ئىككى تۇياق سېيىرى بار ئىكەن. چارۋا زىيانغا ئۇچرىمىدى، ساتىدىغان مال، يۇڭ، تېرىسى بار.

— يەنە ساتىدىغان ئون ئىككى مىڭ باغ بېدىسى بار! — دېدى بىر ئەزا.

— بۇ يىلچە چارۋىسىنى تامامەن سېتىۋەتسىمۇ بولىدۇ، — دېدى مەنسۇر ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — قىيىنچىلىقتىن بۇ يىلچە ئۆتۈۋالسا، كىچىك ئەترەت پۇت تىرەپ تۇرۇپ ئالالىسا كېلەر يىلدىن باشلاپ يەنە چارۋا قىلىۋېلىشىغا چوڭ ئەترەت ياردەم قىلسىمۇ بولىدۇ!

ئۇلار سەككىزىنچى ئەترەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈستىدە خېلى پاراڭلاشتى. كۈن ئېچىلدى. سار تاغنىڭ ھەيدەر چوققىسىغا ھازىرلا ئولتۇرۇۋالىدىغاندەك كۆرۈنگەن كەچكى قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرى قىشنىڭ سوغۇقلىرىنى توسۇپ قالالمايتتى. سوغۇق باشلاندى. ئادەملەر قېلىن كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

ئاسىم بىلەن مەنسۇر ئاتلاندى. ئۇلار دۆڭگە كۆتۈرۈلگەندە قولۋاق دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا لەپەڭشىپ، شۇرمەللەرگە ئۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. قىرغاقتا يالاڭئاياق مۇز دەسسەپ

ئەكبەر بىلەن ئەبلغازى يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. ئەنە قولۋاققا بىر چوڭ شۇرمەل ئۆرۈلدى. قولۋاق يانتۇ بولۇپ قالدى. شياۋلى بىرلا سەكرەپ ھېلىقى شۇرمەلگە چىقىۋالدى ۋە ئۇنى چەنزىسى بىلەن قىرغاق تەرەپكە باشلاشقا ھەرىكەت قىلدى. قولۋاق چوڭ شۇرمەلگە يانداشىپ يېنىچە بولۇپ قېلىۋىدى، قولۋاققا سۇ كىرىشكە باشلىدى. ئەكبەر قىرغاقتا تۇرۇپ قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— قولۋاقتىكى نەرسىلەرنى مۇزنىڭ ئۈستىگە تاشلاڭلار!

يىگىتلەر چۆككىلىۋاتقان قولۋاقتىكى نەرسىلەرنى ئالدىراپ شۇرمەلگە تاشلىماقتا، ئۇلار بەلگىچە سۇغا كىرگەنىدى. شياۋلى بىلەن شياۋدۇڭ نەرسىلەرنى مۇزغا تاشلاپ بولغان چېغى ئەتىمالىم چوڭ شۇرمەلنى باشقۇرماقتا، قولۋاقنىڭ ئاغامچىسىنى بىلىگە باغلىۋالغان نەزەر مۇزغا چىقىش ئۈچۈن ياماشماقتا ئىدى. مەنسۇر:

— قولۋاقنى قويىۋەت! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە تۆۋەنگە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. نەزەر چوڭ مۇزغا چىقىۋالدى. ياشلار سەھنىدەك چوڭ ۋە قېلىن مۇز ئۈستىدە تۇرۇۋېلىپ چەنزىلەر بىلەن ئۇنى قىرغاق تەرەپكە ئىتتىرمەكتە، قولۋاق بولسا بىر چۆكۈپ، بىر چىقىپ شۇرمەللەر ئارىسىدا تۆۋەنگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. مانا ئەكبەر مەنسۇرنىڭ ئېتىنى يالىڭاچلىدى ۋە ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋېلىپ دەرياغا كىرىپ كەتتى. ئاسىمنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى، ئۇنىڭغا پۈتۈن جاھان ئايلىنىۋاتقاندەك، يالغۇز ئەكبەرنى يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن دەريا گويا ئاغزىنى ئېچىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئەكبەر، قويۇپ بەرگىن، بىر قولۋاقنىڭ خۇنى چاغلىق!

لېكىن ئەكبەر ئۇنى ئاڭلىمايتتى. ئۇ ئۆزىگە كەلگەن شۇرمەللەرنى قولى بىلەن قايرىپ، بىر قولىدا ئاتنى باشقۇرۇپ

قولۋاققا يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى... مانا ئۇ قولۋاققا ياماشتى. قولۋاقنىڭ ئاغامچىسىنى بىر قولىدا تۇتتى ۋە يەنە بىر قولى بىلەن ئاتنى كەينىگە قايتۇردى. قىرىق-ئەللىك مېتىر ئارىلىقتىن پارچە مۇز-شورمەللەرنى يېرىپ ئات بىلەن قولۋاقنى ساق-سالامەت قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. ئاسىم جۇۋىسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ چۆرىدى:

— دەرھال جۇۋىغا ئورانغىن، كىيىملىرىڭنى سال!

ئەتراپتىكىلەر قىرغاققا يېقىنلاپ كەلگەن ھېلىقى چوڭ مۇزنىڭ كەينىدىن يوگۇرمەكتە، مۇزدىكىلەر نەرسىلەرنى قىرغاققا ئاتماقتا، مۇز ئاقماقتا. بىر نەچچە مىنۇتلۇق جىددىي ھەرىكەتتىن كېيىن يىگىتلەر مۇزدىن قىرغاققا سەكرەشتى. ئۇلار چەنزىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يەتتە-سەككىز مېتىر يىراقتىكى قىرغاققا چىققاندىن كېيىن مەنسۇر ئېتىنى ئالدىراپ توقۇدى-دە، سەكرەپ مىنىپ ئاسىمغا:

— يور ئاسىم. بۇلار خەتەردىن قۇتۇلدى، سوغۇق چۈشۈپ قالدى، بىز چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئارىلايلى! — دېدى.

— ئەمدى قولۋاق بىلەن ئۆتۈشنى توختىتىڭلار! — دېدى ئاسىم ئېتىغا مىنىۋېتىپ، — ئاز كۈندە مۇز قاتىدۇ، ئاڭغىچە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار!

— بىز ئۆتمىسەك باشقىلار ئۆتىدۇ! — دېدى ئەبلغازى ئەكبەرنىڭ سېلىۋەتكەن كىيىملىرىنى سىقىۋېتىپ، — ئەكبەر ياخشى مەرگەن ئىكەن، بىزگە يەنە بەش-ئالتە كۈن ئۇۋلاپ بەرسە، قاۋاندىن ئون-يىگىرمىسىنى ئېتىۋالساق... غوچچىدە پۇل بولاتتى؟

— ياق، بۇنچىلا قىلىپ نېمە قىلىسىلەر؟

— كىچىك ئەترەتنى قۇتقۇزۇپ قالىمىز-دە!

ئەبلغازىنىڭ ئاددىي جاۋابى ئاسىمغا تەسىر قىلدى، ئۇ ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى. مەنسۇر ئۇنىڭ ئېتىنىڭ بېشىنى تارتتى:

— شۇنداق گەپ ئاسىم. جاندىن كەچمىدي جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ، ئەترەتنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغانلىقىغا كۆزۈڭ يەتتىغۇ دېمەن. ئۇلارنىڭ قاۋانلىقىنى بوي سۇندۇرالايدىغانلىقىمىزمۇ كۆزۈڭ يەتسۇن. يۇر كۆرەيلى، خەلقىنىڭ نېمىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى ئاۋۋال بىلەيلى.

ئۇلار ئاتلىرىنى يوقىرىغا قارىتىپ قامچىلىدى. ئاتلارنىڭ تاقىلىق ئاياغلىرى تاشلارغا ئۇرۇلغاندا ئوتلار چىقاتتى. ئاسىم دۆڭگە چىقىپ تۆۋەنگە قايرىلىپ قارىدى: ئىلى دەرياسى شۇرمەللىرى بىلەن ھەيۋەتلىك ۋە سۇرلۇك ئاقاتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى جاڭگالدىن ياۋايى قۇش، ھايۋانلارنىڭ چۇقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

ئاسىم قاراڭغۇ چۈشكەندە مەھەللىگە قايتىپ كەلدى. مەنسۇر بىلەن بىللە مالLARنى ھەم قوتانلارنى ياساۋاتقان؛ يەم ئوقۇرلىرىنى ھازىرلاۋاتقان، توپان، كۈنجۈرە، تۇزلارنى ساقلايدىغان ئامبارلارنى ياساۋاتقان مالچىلارنى كۆردى، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. جاڭزا تالاشقانلارنىڭ ماجىرالىرىنى ھەل قىلدى، چارۋىچىلارنىڭ تەقسىمات ئىشىنى تېز ئىشلەشكە، بوغالتىرلارنى ئەۋەتىشكە، ئەترەتنىڭ قويلىرىنى سېتىپ يىگەن چارۋا بوغالتىرىنىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلاشقا ۋەدە بەردى...

ئەتىگەنلا خىزمەت تاشلاشنى نىيەت قىلغان چوڭ ئەترەت باشلىقى كەچقۇرۇنلۇقى تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەشكە، قولىدىكى ھوقۇقنى ئوڭايلا چۆرۈۋەتمەسلىككە، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشكە، خەلقىغە تېخىمۇ جىق بايلىق يارىتىشقا قايتىدىن بېلىنى باغلىدى.

— قېنى مەنسۇر ئاتنى بىزنىڭكىگە تارت! — دېدى ئاسىم مەنسۇرنىڭ ئېتىنىڭ تېزگىنىدىن تۇتۇپ، — تېخى قانمىدىم، قورسىقىڭدا بۇنچە جىق پىلانلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەپتىمەن ئاداش، راستىنى ئېيتسام سېنىڭ بىلەن ئازارلىشىپ يۈرگىنىمگە

پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.

— ياخشى گەپ قىلدىڭ ئاسىم، — دېدى مەنسۇر ئۇنىڭ بوز ئېتىنىڭ كوكۇلىسىنى قامچىسى بىلەن تاراپ تۇرۇپ، — بىر بىرىمىزگە ياردەم قىلايلى، نېمىشقا دېسەڭ بەزىلەر بار: كاللا سوقۇشتۇرۇش ھېسابىغا ئۆز مەنسىپىنى ئۆستۈرىدۇ، مائاشىنى كۆپەيتىدۇ، باشقىلارغا زىيان سالمىسا ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. سېنىڭ ياخشى نىيىتىڭ ئۇنىڭغا ئەيىب بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ساڭا دېگىنىنى قىلغۇزىدۇ، قىلمىساڭ سېنى بىر ئامال قىلىپ ئۆزىگە باش ئەگدۈرىدۇ. ناۋادا شۇنداقلار كاشىلا بولمىغاندا ئىدى بىز تېزراق گۈللىنەتتۇق، باي بولاتتۇق، قولىمىز ئۇزۇراتتى، ئىلگىمىز توق بولاتتى!

ئۇلارنىڭ يېنىغا ھارۋا بىلەن ھىكمەت يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ يىراقتىنلا ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ سالام بەردى:

— بىر جۈپ لاچىن پەرۋاز قىلىشقا چىققان ئىكەنغۇ!

ئاسىم كۈلدى. مەنسۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئېتىنى كەينىگە بۇرىدى ـ دە، مەھەللىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ھىكمەت ئۇنىڭ كەتكەن تەرىپىنى شەرەت قىلىپ:

— راستىلا لاچىن، لېكىن ئۇ پەرۋاز قىلالمايدىغان لاچىن! — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بۇنىسى ئاشكارىغۇ: ئۇ يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ كونا رەقىبى، يېزا باشلىقى ئاغىنىمىزنى بىلىسىز، ئۆزىگە ئالايغان ئادەمنىڭ كۆزىنى بەرىبىر چوقۇۋالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭىكىگە سىڭگەن ئادەت!

— مېنىڭمۇ كۆزۈمنى چوقۇۋالىدىكەن ـ دە!

— يوقسۇ، ئۇ سىزنى تولا ياخشى كۆرىدۇ.

— مەنسۇرنى قارىلاشتا خاتالىشىپ تۇرسۇنغا يان بېسىپتىمەن. ئەمدى باشقىچە يول تۇتماقچىمەن!

— بۇنىسى دۇرۇس ئەمەس ئاسىمجان، — دېدى ھىكمەت

مولۇن كۆزلىرىنى يالت - يۇلت قىلىپ، — يۇلەنگەن ئىكەنسىز هامان يىلتىزى چىڭ دەرەختكە يولىنىڭ. مەنسۇرچۇ؟ يىلتىزى تېيىز.

— تۇرسۇنىڭچۇ؟

— بۇلۇم باشلىقى چىن دېگەن كىشى ئۇنىڭ بىلەن بەكمۇ يېقىن ئىكەن. بۇگۈن ئۇلار بىلەن يېرىم سائەت بىللە بولۇپ چۈشەندىم، يېزا باشلىقى بۇگۈن بىزنىڭ چوڭ ئەترەتكە كەچ بولسىمۇ قايتىپ بارىمەن دەيدۇ. پاش قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز، سىنىپىي كۈرەشنىڭ قاپقىقىنى ئۇزۇل - كېسىل ئاچىمىز دەيدىغۇ!

ئاسىممۇ ئېتىنى دېۋەتتى:

— يىلتىزى چوڭقۇر دەمسىزا؟ مەنسۇرنىڭ تېيىزمىكەن؟ ياق، مەنسۇرنىڭ يىلتىزى خەلق!

ئاسىم ماڭدى. ھىكمەت ئۇنىڭ كەينىدىن تەرىنى تۇرۇپ ئالايدى...

ئاسىم سەككىزىنچى ئەترەتكە كەلگەندە كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. ئۇ بۇگۈنلا سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرىنى يىغىپ كەچۈرۈم سورىماقچى. ئۇلارنىڭ ئەترەتتىن كۆچمەسلىكىنى، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىشكە تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلماقچى، ئەترەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت ئىشلىمەكچى بولدى. ئۇ بۈگۈن مەنسۇر بىلەن چوڭ ئەترەت بويىچە قىشلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى يولغا قويۇش، ئەتىيازلىققا قاۋانلىققا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا، ئۆز چوڭ ئەترىتىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى قىلىشتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ تۈنۈگۈنكى ئاھانىتى چىقىپ كەتكەن، ئۇ ھازىر سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئىشلىرىنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئاسىم سەككىزىنچى ئەترەتكە كەلگەندە سونۇرنىڭ ئۆيى تەرەپتىن ۋاڭ - چۇڭ ئاڭلاندى. ئۇ سونۇرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا باردى. سونۇر ئىمىرغا قوللىرىنى شىلتىپ قايناۋاتاتتى:

— ئەمدى قىلمىغان شۇ قاپتىكەن - دە! ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋېتىڭلار، سونۇرنى ھايدىۋېتىڭلار!

— ھەممە خەلق قاۋانلىققا قومۇش ئورۇشقا ماڭدى، سەن بېغىڭدا تېمىسقىلاپ يۈرەتتىڭمۇ؟

— ھە، نېمە قىلاي ئەمىسە، يېڭى ئۆي ئالىمەن دېسە، يول قويمىساڭلار، ئەتىيازلىققا ئۆيلىرىم ئۆرۈلسۇنمۇ؟ ماۋۇ كېسەكلەرنى يۆتكەپ قىشتا بولسىمۇ ئۆيۈمگە غوجا تام قوپۇرۇپ چىقمىسام بولاتتىمۇ ئەمىسە!

— سەن زادى ئىشقا چىقامسەن - يوق؟

— ئۆيۈم ئۆرۈلسە تۆلەمسەن؟

— ھەي، ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ چوڭ ئەترەت، يېزىمۇ سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئۆي - جايلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى مۇمكىن، ئۇلارغا ئالدىنئالا ۋاقىتلىق ئۆي - جاي تەييارلاش لازىم دەۋاتىدىغۇ! ئۆيۈڭنى غوجا تام بىلەن ساقلاپ قالالمايسەن، كۆپچىلىكنىڭ كۈچىگە تايانساڭ ساقلاپ قالالايسەن!

— ئۇنداق بولسا يېڭى ئۆي ئېلىشقا يول قويۇش!

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— سەن سونۇر تېخىلا شۇ كويدا يۈرەمسىنا؟ ئەترەتنى تارقىتىش دەيدىغان سۆز خاتا ئىكەن، ئىمىرنىڭ گېپى توغرا، سەن كۆپچىلىككە ئەگەشسەڭ بولارمىكىن!

ئىمىر ئاسىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. سونۇر بولسا ھال ئېيتىدىغان ئادەم تېپىلغىنىغا خۇشال بولۇپ ئالدىراپ ھال ئېيتىشقا باشلىدى:

— سىز رۇخسەت قىلغاچقا يول راسلاپ ئۆي ئالاي

دېگەنتىم. قارىمامسىز، مانا بۇلار بىرمۇ ئادەمنى كۆچۈرمەيمىز دەۋاتىدۇ. مەن كۆچسەم مۇشۇ ئەتراپتىن كەتمەيمەنغۇ. قارىمامسىز، مۇنۇ ئۆيلەر ئەتىياز كېلىشى بىلەن گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ!

— ئىنىم سونۇر، خاتالىق مەندە، — دېدى ئاسىم قولاقچىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ، — ئەتراپتىنى تارقىتىمىز دېگىنىممۇ، كۆچۈڭلار دېگىنىممۇ خاتا ئىكەن!

— نېمانداق نەچچە ياڭزا! گەپ قىلىسىلەر؟ — سونۇر ئاسىمغا ئالايدى.

— خاتانى بويۇندىغان ئادەمگە نېمە قىلما ئىنىم! — دېدى ئاسىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا سونۇرنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقا تېمىغا ياندىشغان هويلىدىن ئىككى بالا يۈگۈرۈپ يامىشىپ، سونۇرنىڭ قوناق شېخى بېسىلغان ئېغىلىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى.دە، چاڭىلداق ئاۋازى بىلەن قوشاق ئوقۇشقا باشلىدى:

ئويلا،
ئەسلى كىم ئىدىڭ؟
پاناھسىز يېتىم ئىدىڭ.
كىم قۇتقازدى دوزاقتىن،
ئويلا،
كىمنى ئۇنتۇدۇڭ؟

بالىلارنىڭ ساپ ئاۋازىدىن سونۇرنىڭ بېغىدىكى قاپاق تېرەككە — ئۆز چاڭگىلىرى ئەتراپىغا قونۇشۇۋالغان قاغىلار ئۈركۈپ ئۇچۇشتى، پېشايۋان لىمدا بوغۇلدىشىۋاتقان كەپتەرلەر ئۆگزە ئۈستىدە پىرقىراپ ئۇچۇشتى، يوغان بىر قىزىل خوراز بويىنىنى سوزۇپ چىللىدى..

ئۆمەر ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاۋاك چالدى. سونۇر تۇرۇپلا قالدى. «بۇ پاتىمەنىڭ ئويلاپ تاپقان ئىشى» دەپ ئويلىدى سونۇر، — دائىم دەپ يۈرۈدىغان سۆزلىرىنى ئەمدى قوشاق قىلىپ بالىلارغا ئۆگىتىپتۇ، مەن كىمنى ئۇنتۇپتىمەن؟ مېنىڭ بىلەن بىللە ئازاپ تارتقان ھەمراھلىرىمنى ئۇنتۇغىنىم يوق!»

— پاتىمەنىڭ تۇزگەن تاخشىسى ئىكەن - دە، — دېدى ئاسىم سونۇرنىڭ گۇمانىنى تەستىقلاپ، — قالتىس ئۇ، سونۇر ئۆي كۆچىمەن دېگىچە ئەزالار بىلەن بىللە قومۇش ئورۇغىنا! شۇنداق قىلساڭ پاتىمە سېنى ماختايدۇ. ھا - ھا - ھا...

بالىلار يەنە باشلىدى:

ئويلا، ئەسلى كىم ئىدىڭ...

بالىلار ئاخىرىسىنى ئېيتىمىدى، يۇمشاق پاخالدا موللاق ئېتىشىپ تۇۋەنگەقاراپ قېچىپ كېتىشتى.

— ھاي، مەڭگەن سېسىيدۇ!...

سونۇر بوم ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

ئاسىم دەرھال كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ ئەكبەر بىلەن سۆزلىشىشكە ئالدىرايتتى. قار بىلەن چۈمكەلگەن يېزا يولىدا ئادەملەر شالاڭ، ئۆيلەردىن ئوتۇن يېرىۋاتقان پالتا ئاۋازى كېلەتتى، تۇرخۇنلاردىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇتۇق ھاۋا بىلەن قوشۇلاتتى. ھارۋا ۋە چانا ئىزىدىن غىلتاڭلاشقان قەدىمىي يولدىن مەڭزى ئاناردەك قىزارغان بالىلار جىلىتلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ، بىر بىرىگە ئېسىلىشىپ، مۇز تېيىلىپ، ۋاڭ - چۇڭ بىلەن ئۆتۈشتى. ئاسىم بالىلارغا يول بەردى... قارنى تۇزىتىپ ئات چاپتۇرۇپ بىرسى چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئات ئۈستىدىكى ئادەم ئۆزىنى بىردە ئاتنىڭ ئۇ يېنىغا، بىردە بۇ يېنىغا تاشلايتتى. قامچىسىنىڭ بەمەلدىرىگىنى چىشلىۋېلىپ، ئاتنىڭ يايلىسىدىن چىڭ تۇتۇپ، يوغان ئۆتۈكلىرى بىلەن قارا غونانىنى كوچەپ

دۈشەتتى. غونان ھالىدىن كەتكەن، ئارانلا ئۆكۈرەلىگەن تاشلايتتى.

— تىرر!...

بالىلار چۇقۇرىشىپ غونانىڭ ئالدىنى توردى. غونان يولدىن چىقىپ ئېرىقتىن ئاتلىدى - دە، مۇدۇرۇپ كەتتى. ئات ئۈستىدىكى ئادەم ئېگەردىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. بالىلارغا مىلىنىپ ياتقان ئادەمگە قار ئېتىپ، قىقاس سالدى:

— سۇلايمان گۆر - گۆر!

— گۆر - گۆر، مەست بولۇپ ئۆلگۆر!

— مەست - مەست، قولىقىنى كەس - كەس!...

ھېلىقى ئادەم سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇپ، بالىلارنى تىللاشقا باشلىدى...

— سۇلايمان، بۇ نېمە قىلىق؟ — ئاسىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— بۇغا ئاتتۇق، بۇغا ئاتتۇق - ئاتتۇق! — دەپ ۋارقىرىدى سۇلايمان، قومۇشنىڭ بېغىنى 25 فوتدىن ئاللىدىغان جاي چىقتى، مانا پۇل! سۇلايمان ئاسىمغا قاراپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — مەن ئەمدى ئادەم ياللايمەن!

— سەن تولا چالۋاقىماي، ئەزالار ئالدىدا ئۆزۈڭنى تەكشۈرۈشكە تەييارلان، يەنە ھاراق ئىچىپ يۈرەمسەن؟ مەن بۈگۈن كەچ سىلەرنىڭ ئەترەتكە ئۆگىنىشكە بارىمەن! — دېدى ئاسىم.

— ھا - ھا - ھا...! — سۇلايمان كەينىگە ئۆزىنى تاشلاپ، يانپاشلىرىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلدى، — چوڭ ئەترەت باشلىقى، ئەزالار دۆمبانى مەندىن باشلاپ، ئاچچىقىنى سىزدىن چىقىرىدۇ. مېنىڭ قىلغان گۇناھلىرىمدا سىزنىڭ بىر ئۈلۈشىڭىز يوقما؟ سىز قىل دېگەننى قىلغان ئادەممەن، نېمە دەيسىز تېخى! ۋەيلۇنغا كىرسىمۇ سۇلايمان چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىمنى ئالغاچ كىرىدۇ!

ئۇ تەسلىكتە ئېتىشقا مىندى - دە، كەينىگە قايرىلىپ ئاسمىغا يەنە بىر قېتىم قارىدى.

ئاسىم ئورنىدا قېتىپلا قالدى. يېزاباشلىقىمۇ، مۇئاۋىن سۇلايماندەك نائىنساپلارمۇ ئۆز يۈكىنى ئاسمىغا قارىتىپ ئىتتەرمەكتە . . ياق ئاسىم بۇنىڭ يولىنى تاپىدۇ!

ئاسىم سەككىزىنچى ئەترەتكە مەسئۇل بولۇپ بەلگىلەنگەندى. ئۇ گىنىش باشلانغان بىرىنچى كۈنىلا كۆپچىلىك ئەترەتنىڭ ئامبارچىسى سۇلايمان گۇر - گۇرنىڭ ئۈستىدىن سايراشقا باشلىدى، سۇلايمان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ياقىسىنى يىرتىپ تاشلاپ:

— ئېتىۋەت، پالىۋەت، مانا خەققە ياخشىلىق قىلغانىنىڭ سازايى! — دەپ گۇركىرىدى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ بۇ گۇر - گۇر مىجەزىگە قاراپ:

— سەن پوپوزا قىلماي، قىلغان - ئەتكىنىڭ ئۈچۈن جاۋاب قىل! — دېيىشتى.

سۆزلىگۈچىلەرنىڭ گېپى مۇشۇنداق جۈملىلەر بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ باشلانمىسى بولسا ئۇنىڭ بۇزدى - چاچتىسى، يەپ - ئىچكىنى، ئادەم ئۇرۇپ يولسىزلىق قىلغىنى، يېقىنلىرىغا يان باسقىنى، دۆلەتنىڭ ئاشلىق سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغىنى. . . قاتارلىق ئىشلارنى كۆرسىتىش بىلەن باشلىناتتى. ئاسىم بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا ئېيتىلغان گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. كۆپچىلىك ئېيتىۋاتقان ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ئاسىمنىڭ كۆزىگە چېلىققان، لېكىن ئاسىم پەرۋا قىلمىغان ئىشلار، يەنە بەزىلىرىنى بولسا ئاسىم تېخى بىلمىگەن بىلەن قويۇلغان پاكىتلارنى يوققا چىقىرىشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ سەككىزىنچى ئەترەتتىكى قېيىنچىلىققا يولۇققان كۆپچىلىكنىڭ پۇلى، ئاشلىقى ھېسابىغا كەيىپ - ساپا قىلىپ يۈرگەن، كۆپچىلىكنىڭ پاش قىلىشلىرىغا

پسەنت قىلماي يۈرگەن مۇنۇ سۇلايمانغا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلەنگەنىدى.

سۇلايمان تۇنۇگۈن كەچقۇرۇن ئۆزىنى پاش قىلغان بىر ئەزانى مەست بولۇۋېلىپ ئۇرغان. ئۇ ئەزادىن ئاسىم ئەھۋالنى ئۇقۇپ سولايماننى ئۇنلۇك سۆككىنىچە چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى:

— سۇلايماننى بۈگۈنلا ئامبارچىلىقتىن ئېلىۋېتەيلى! — دېدى ئۇ ئەكبەرگە قاراپ.

ئەكبەر كۈلۈمسىرىدى:

— نېمىشقا شۇنچە تېز؟

— قىلغان - ئەتكىنىنى ئاز دەپ تېخى ئادەم ئۇرغىنىنى قارىمامدىغان!

— ئۇلتۇرغىن، — دېدى ئەكبەر كۈلۈمسىرەپ، — ئۇ بىرىنچى قېتىم شۇنداق قىلغىنى يوققۇ، تالاي قېتىم ئادەم ئۇرغان. تىللىغان، بۈگۈنكىسى شۇلارنىڭ داۋامى!

— ھازىر دېگەن ئوخشىمايدۇ. كۆپچىلىك ئۇنى پاش قىلىۋاتىدۇ، بۇ قىلغىنى كۆپچىلىكنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا قاتتىق زەربە بولىدۇ.

— لېكىن ئۇنىڭ زەربىسى بىلەن كۆپچىلىك بىر قەدەممۇ چېكىنمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ جىقراق ئادەم يېپىلىدۇ.

— سىنىڭچە، ئېلىۋېتىشكە بولمامدۇ ئەمىسە؟

— تېخى ۋاقتى ئەمەس، — دېدى ئەكبەر، — پاش قىلىش ئەمدىلا باشلاندى. بىز تەكشۈرۈپ بىر مۇقىم خۇلاسىگە كەلمىدۇق. ئۇ نېمە ئۈچۈن پاش قىلغۇچىنى ئۇردى، ئۇنىڭ نېمىشقا تېخىچە ھەيۋىسى شۇنچە چوڭ، كىم ئۇنىڭغا يەل بېرىۋاتىدۇ، مانا بۇ نەرسىلەرنى بىرمۇ - بىر ئېنىقلىشىمىز، ئاندىن كېيىن خۇلاسە چىقىرىشىمىز لازىم. پاش قىلىش چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. قومۇش ئۇرۇشىنىمۇ يېرىم كۈن توختاتساق

بولىدىغان ئوخشايدۇ!

— قورۇق مەجلىس، كۆرەش بىلەن باي بولغىلى بولامتىمۇ؟ — دېدى ئاسىم، — مېنىڭچە مۇشۇ پاش قىلىشنى، ئۆگىنىشنى توختىتايلى، جاڭگالىقا - قاۋانلىققا چېچىلىپ ياتقان تەييار پۇلنى يىغىۋالايلى!

— خەتەرلىك! — دېدى ئەكبەر دەرھال، — بۇ كۆزقارىشىڭ خەتەرلىك.

— كىمنىڭ خەتەرلىككىن - تاڭ. بۇنى كېيىن نېمە قىلارمىز! — دېدى ئاسىم ئەلەم بىلەن.

ئاسىم سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەزالىرىنى تەشكىللىنىپ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن كەچكى ئۆگىنىش ئورنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە بىر توپ ئادەم توپلىنىۋېلىپ قاراڭغۇدا قىزغىن تالىشىۋاتاتتى:

— ھەي، ئۇمىدا ئىتىز ئاشخانىسىدا 10 كۈن تاماق يەۋېدۇق، كۈنلۈك تاماق ئۈچ يۈەندىن توختاپتۇ، قارىماسەن، دەپتەرگە قارىمايدىكەنمىز، قانداقچىسىگە شۇنداق بولىدۇ!

— ئۇغۇ چاغلىققۇ، ئۇزاقى يىلى مەن ئاشلىققا مەسئۇل بولۇپ تۇرغان يىلى دېمەمسەن، بۇ گۇر - گۇر ئون تاتىم بۇغداينى بەش تونىنا قىلىپ يېزىۋاپتۇ. گىمرگە مىشكاپ باسقان مەن ئۆزۈمغۇ، ھەر تاتىمى ئالتە مىشكاپ. ھېلىقى بىز سېتىپ ئىپچىققان ئىنچىكە يىپلىق ئاق مىشكاپلار. بىزگە ناھايىتى بەلگىلىكقۇ، ھەر بىر مىشكاپقا تىۋىلغا ئاران ئۆتىدىغان قىلىپ قاچىلىغاندۇق، بۇنداق قاچىلانسا بىر يۈز يىگىرمە كىلو ئەتراپىدا چىقىدۇ.

— ھەي، مەيلى بىر يۈز ئون كىلومۇ دېگىنە.

— ھە بوپتۇ، — دېدى قارا بۇرۇت ئادەم، — شۇنداق ھېسابلىغاندىمۇ ئەلتە مىشكاپ ئالتە يۈز ئاتمىش كىلو بولىدۇ. ئون تاتىمى ئالتە تونىنا ئالتە يۈز كىلو. كەم يازغىنى بىر تونىنا

ئالتە يۈز كىلو، شۇ كۈنى چۈشتىكى ئالدىدا بىر قېتىم، كەچقۇرۇن بىر قېتىم قىزىل توشىدۇق. مېنىڭ ھېسابىمدا شۇ كۈنىلا ئۈچ تونىنا ئىككى يۈز كىلو بۇغداي تالونىنى ئامبارغا كىرىپ كەتتى. ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى. - دە، گۈر - گۈرگە ئېيتتىم، گۈر - گۈر گۈرەنلىرىنى كۆپتۈرۈپ: ساڭغا توكتىمۇ يە توپىغا توكوۋەتتىمۇ، دېمەسمۇ! مەن ساڭغا كىرسىمۇ ھېسابى توغرا بولسۇن دېسەم، ئۇ سەن بۇغداي كەمچىشىڭنى بىل، دەيدۇ قارا تېخى. ئەتىسى مېنى ئ-اشلىققا مەسئۇل بولۇش-تىن ئېلىپ تاش-لاپ سورۇققا-ا سېلىپ قويدى.

— چوڭ ئەترەتكە نېمىشقا شۇ چاغدا دېمىدىڭ؟ ئەخمەق! يەنە بىر ئەزا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئاسىم دېگەن ئاۋاقتا مەن ئېيتقان، ئېيتسام: نېمە قىلىمىز، نېمە قىلماي تۇرغىنا نەگە بارىدۇ، چىقىدۇ، دېدى. ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىقامدۇ!

بۇ گەپلەرنى تىڭشاپ تۇرغان ئاسىم بويۇنلىرىغىچە قىزاردى، ئۇنىڭ ئېسىگە سۇلايمانىنىڭ «ۋەيلۇنغىمۇ بىللە ئەكىرىمەن» دېگەن سۆزى كەلدى. لېكىن قاراڭغۇدا ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى.

— كىرىڭلار، ئۈگىنىشنى باشلايمىز! — دېدى ئۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ.

شۇ يىلى ئاشۇنداق جاۋاب بەرگىنىمۇ. ئاڭلىغان ئىشنى ياچىيكىغا دوكلات قىلماي باستۇرۇپ قويۇپ، سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ بۇغدىيى پەرەزدىن يەتمىش مىڭ جىڭ كەم چىقانلىقىمۇ راست ئىدى.

«. . . مانا قارا، سۇلايمانىنىڭ قىلمىشىغا مېنى ئەكىلىپ چېتىپ قويۇۋاتقىنىنى خېلى ئىشلار بار ئوخشىمامدۇ نېمە. . .»

ئەزالار ئۈگىنىشى باشلاندى. بورا سېلىنغان چوڭ زال ئىچىگە ئادەملەر تولغان، ئۆينىڭ ئىچى كۆپكۆك تاماكا ئىسى

بىلەن تولغان. پانار يورۇقىدا ئۈستەلدىكى ئاسىمغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى يۈزلىرى قىپ ـ قىزىل كاتىپ يىگىتكە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەردە جىددىيلىك، زور ئۈمىد ۋە ئەنسىز چاقناپ تۇراتتى. ئۈستەلنىڭ يۇقىرىسىغا ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتى چاپلانغان، ئۇنىڭ ئاستىغا ئاپپاق ھاكلانغان تامغا شوئارلار چاپلانغان، ئادەملەرنىڭ ئارىلىرىغا ئۇششاق بالىلارمۇ قىسىلىۋېلىشقانىدى.

ئاسىم يۆتىلىپ قويۇپ:

— قېنى باشلايلى، سەن كاتىپ تولۇقراق ياز، — دېدى.

كۆپچىلىك تەرەپ ـ تەرەپتىن قول كۆتۈرۈشۈپ رۇخسەتمۇ؟ — دېيىشتى.

ئاسىم بايىلا تالادا سۆزلىگەن قارا بورۇتلۇقنى ئىشارەت قىلىپ:

— سەن سۆزلە، — دېدى.

پاش قىلىش باشلاندى... ئاسىم تىڭشاپ ئولتۇردى. سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ۋارقىراۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنئالا مەسلىھەتلىشىۋېلىپ ئاسىمغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن گويا بار ئاۋازى بىلەن غەزەپلىك ۋارقىراۋاتقاندەك ئاڭلىنىشقا باشلىدى...

بۈگۈنكى يىغىنغا سۇلايمان گۇر ـ گۇر قاتناشمىدى. ئاسىم يىغىن تارقالغاندىن كېيىن ئاچچىقى بىلەن سۇلايماننىڭ ئۆيىگە باردى. سۇلايماننىڭ ساراي ـ دالانلىرى يوپيورۇق ئىدى. ئاسىم ئۇتتۇر ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. دالاندا سۇلايماننىڭ ئايالى خىيال سۈرۈپ بوشۇك تەۋرىتىۋاتاتتى. ئاسىم ئايالنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى كۆردى:

— نېمە بولدى، سىڭلىم؟ — دېدى ئۇ دەرھال.

— قارىماسىز، — دەپ سارايىنى ئىشارەت قىلدى ئايال، — نەنىڭ ئادەملىرىكىن، باياتىن ماڭا قىلمىغان ئاھانەتنى قالمىدى، ئۆزلىرى سەي قورۇپ ھاراق ئىچىۋاتىدۇ.

ئاسىم ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. ئۆيدە ناتونۇش تۆت ئادەم ئەرلەپ - پېشىپ ئولتۇرۇپ سۇلايمان بىلەن هاراق ئىچىشىۋاتاتتى. ئاسىم غەزەپتىن تاترىپ كەتتى. سۇلايمان ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ قولىغا رومكا ۋە بوتۇلكىسىنى ئېلىپ ئاسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— كەلگىن ئاكا، مۇنۇنى ئىچىۋەت. ئاندىن كېيىن دوستلىرىمنى ساڭا تونۇشتۇرىمەن. مانا ھېلىقى...

ئۇ رومكىنى ئاسىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

ئاسىم تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى:

— ۋۇي سېنىڭ رومكا - پومكاڭنى!... — ئۇ رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى، — خەلق نېمە كويدا، سەن نېمە كويدا!

سۇلايمان بۇنى كۈتمىگەنىدى، ئۇ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئاسىم بولسا كەينىگە يانغىنىچە تالاغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

— مانا قارا، — دېدى سۇلايمان ھەمراھلىرىغا، — بۇنچىلا ئەمەس ئىدى، يېقىندىن بۇيان بۇ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ھېلىقى مەن پارتىيىنى قىلغان چوڭ ئەترەت باشلىقى شۇ ئىدى. .. مەيلى، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن، سۇلايماننىڭ بۇرۇتى تەۋرىمەيدۇ.

ئاسىم بۇ چاغدا چوڭ ئەترەتكە قاراپ ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى: «ياق. ئەمدى بىلدىم، بۇ سۇلايمان بىز بىلەن بىر يولدىكى ئادەم ئەمەس ئوخشايدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئېيتقانلىرى ھەقلىق، سۇلايمان ھازىر بۇرۇنقى كەمبەغەل دېھقان ئەمەسكەن، ئۇ كىمگە ئىشىنىدۇ، نېمىشقا شۇنچە ئەزالارنى كۆزگە ئىلمايدۇ؟» — دېدى ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇ چوڭ ئەترەتكە كەلگەندە ئىشخانىدا ئەخمەتجان يېزىغا تېلېفون بىلەن دوكلات بېرىۋاتاتتى:

— ياق، تېخى ساتمىدۇق، چوڭ ئەترەت بويىچە بىر تۇتاش ساتماقچى. قومۇش يىگىرمە مىڭ باغدىن ئاشىدۇ. مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە پۈتۈن چوڭ ئەترەت بويىچە ھېلىقى ئۈچ مىڭ مو يەرنىڭ قومۇشىنى ئورۇۋەتمەكچى بولۇۋاتىمىز. نېمىشقا دەمسىزا؟ يېقىندا ئۆلچەش، قوزۇق قېقىشنى باشلىماقچى، ياشلار زەربىدار ئەترەتنى قۇرۇپ چىقتۇق، ئەترەت باشلىقى نەزەر، مۇئاۋىنى ئاينۇر، ئۇلار ھازىر قوزۇق، تانىلارنى تەييارلاۋاتىدۇ. شۇنداق. . . بولىدۇ، ئەكبەر كەلگەندە ئېيتاي. . .

ئەخمەتجان تېلېفوننى قويدى:

— لى شۇجى تېلېفوندا بىزدىن دوكلات ئالدى، — دېدى ئەخمەتجان، سىزنى يېزا باشلىقى چاقىرىدۇ. بىرنەچچە قېتىم كىردى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن چوڭ ئەترەتكە كېلىپ خىزمەتكە چۈشكەن. چوڭ ئەترەتنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىشخانا قىلىۋال —غان ئىدى. ئۇ سالام بىلەن كىرىپ كەلگ—ەن ئاسى—مغا بى —رلا قاراپ قويدى - دە، قاپىقىنى تۈرۈۋالدى.

ئاسىم ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلەتتى، ئۇلار ھەممىسلا كونا ئاكتىپلاردىن بولۇپ، تۇرسۇن ئۇلارنىڭ ئىچىـــدىكـــى تېز ئۆسكەنلىرىدىن بىرسى. ئاسىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللار يېزا خىزمىتىدە بىللە بولغان. ئۇلارنىڭ ياش قۇرامىمۇ بىر بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئىش ئۇسۇلى ۋە باشقا تەرەپلەردە پەرقلەر كۆپ، بۇنى بىر قاراپلا بىلىۋېلىش ئاسان. مىسالى تۇرسۇننى ئالساق ئۇ ياسىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. يوقنىڭ ئورنىدىكى ساقال - بۇرۇتنى ھەر كۈنى دېگۈدەك قىرىپ تۇرىدۇ، خۇرۇم ئۆتىكى مايلىنىپ تۇرىدۇ، ئادەتتە گەپ - سۆزلىرى سىلىق، سىپايە، ئاچچىقى كەلگەندە ئاغزىغا كەلگەن ئەڭ ئەسكى تىللارنىمۇ ئايىماي چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ تەرەپلىرى ئاسىمغا بەلگىلىك، ئاسىم يېرا

باشلىقنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە خوجايىنلىق قىلىشقا ئامراقلىقى، ئۆزىگە پىكىر بەرگۈچى بىلەن ئۆلگۈچە ئۆچەكىشىدىغانلىقى، گۇمانخور، قىتىغورلىقى، ئىچى تار ۋە يالا چاپلاشقا ئۇستىلىقىنى ئاڭلىغان. لېكىن تېخى يېزا باشلىقىدىن زىيان كۆرمىگەنىدى. مانا تۈنۈگۈندىن باشلاپ يېزا باشلىقىنىڭ دوڭگەشكە ئۇستا ئىكەنلىكىنى بىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يېزا باشلىقىغا بولغان غەزىپى بىردىنلا يوزىگە چىقتى.

ئاسىم گەپ قىلماي ئورۇندۇققا ئولتۇردى، تۇرسۇن بولسا ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، تۇرسۇنمۇ مۇنۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاقكۆڭۈل، ئىشچان ۋە باشقىلارغا ئوخشىلا ئىشىنىشكە ئادەتلەنگەن دېھقانغا قانداق مۇئامىلە قىلسا ئۇنۇملۇك بولۇشىنى ئويلاپ ماڭماقتا. ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن تۇرسۇن ئاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. يەرگە قاراپ موخوركا چېكىپ ئولتۇرغان ئاسىم ئاۋۋال ئۇنىڭ پارقىراق ئۆتۈكىگە، ئاندىن كېيىن رەتلىك كىيىملىرىگە ۋە كۆزىنىڭ قىرىدا چىرايىغا قارىدى، تۇرسۇن زورىغا كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى:

— ئېيتقىنا، سېنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللار بىللە ئىشلىگەنلىكىمىزدىن تانامسەن؟ «ئەترەتلەرنى تارقىتىش كاپىتالىزم قارا قويۇنى» دېگەن خۇلاسىنى مەن چىقارمىدىم. يېزىلىق پارتكومدا نەچچە كۈن تالاش - تارتىش قىلغاندىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكومدىن ئادىلجان كېلىپ چىقارغان خۇلاسە. باشقىلارنىڭ ئاغزى بېسىلسۇن، دەپ ئانچە - مۇنچە ئۈچۈقداپ قويغىنىمغا رەنجىپ قالدىڭمۇ؟ — تۇرسۇن يەنە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئاسىم ئويلايتتى: «مانا قارا، ئىككى كىمنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلغان ئادەم مەن بولدۇم - دە، مۇنداقمۇ تەڭلىكتە قالامدىغان كىشى! پاھ، بۇ چوڭ ئەترەت باشلىقى بولماقنىڭ قىيىنلىقى!»

— مەنسۇرمۇ ياچېيكا يىغىنىغا قاتنىشىۋېتىپتۇ، ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇنىڭ باشقا مەسىلىلىرىمۇ چىقتى. ئۇنى ياچېيكا ھەيئەتلىكىدىنمۇ قالدۇرىمىز، ھەتتا پارتىيىدىن قالدۇرۇشىمىزمۇ مۇمكىن...

— نېمە ئۈچۈن؟ — ئاسىم چۆچۈپ سورىدى.

— باشقا ھېچكىمگە دېمەيسەن، — دېدى تۇرسۇن پەس ئاۋاز بىلەن، — سىنىپىي كۈرەش مۇرەككەپ، مەسىلىگە سىنىپىي كۈرەش نۇقتىسىدىن قاراش كېرەك. ئامىمنى تولۇق قوزغاپ يوشۇرۇنغان سىنىپىي دۈشمەنلەرنى قېزىپ چىقىرىش لازىم. مانا بۇ ئىش ھەممىدىن مۇھىم. «قاۋانلىق»نى ئېچىش، قومۇش ئورۇپ پۇل تېپىشلار مانا مۇشۇ مەقسەتكە بويسۇنۇشى لازىم. سەن بىلىپ قوي، مەنسۇرنىڭ ئۈستىدىن چەت ئەلگە كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان دېگەن ماتېرىيال بار!

— بۇ تۆھمەت! — ئاسىم ئىختىيارسىز ۋارقىرىدى،

تۇرسۇن قاپىقىنى تۈردى-دە، سوغۇققىنا قىلىپ:

— سەن بۇنداق تۇترۇقسىزلىقىڭنى خامىنىڭدا قىل. مېنىڭ قېشىمدا «تۆھمەت»كە جاي تېپىلمايدۇ!

— بىرسىنىڭ تۆھمىتى بولسا تەكشۈرۈڭلار دېيمەن-دە! — ئاسىم تۇرسۇننىڭ كۆزلىرىگە تىك قاراپ تۇراتتى.

— سەن ئىشەنمەمسەن؟ — دېدى يېزا باشلىقى ئايلىنىپ كېلىپ، — ماقۇل، مەيلى ئىشەن، مەيلى ئىشەنمە پاكىت شۇنداق.

ئۇ يەنە ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئاسىم بولسا تېخىچىلا ئۆز جايىدا داڭقېتىپ تۇراتتى.

— ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى يېزا باشلىقى يەنە ئاسىمغا يېقىنلاپ كېلىپ، — بۇ قېتىمقى سوتسىيالىستىك تەربىيىنى سىناق قىلىش ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەش. مەن سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئون تۈرلۈك ئىپادىسىنى كۆرسەتتىم.

لېكىن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە يەنە باشقا ئىپادىلىرىمۇ بار. ساڭا گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتاي: چوڭ ئەترەتنىڭ ھوقۇقى بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. چوڭ ئەترەتنىڭ بۇرۇنقى رەھبىرى مەنسۇر ئاينىغان ئۇنسۇر. ئەبىلغازى، روزاخۇن، ئەخمەتجانلار ئۇنىڭ گۇرۇھىدىكى ئادەملەر. بىز بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق: سىنى قوغداپ قالماقچى. سىنىڭمۇ خاتالىقىڭ ئېغىر. مەسىلەن، ھەدېسىلا پۇل - پۇل دەيسەن، سىنىپىي كۆرەشنى تۇتمايسەن. ھازىرمۇ ھەدېسىلا قومۇش سېتىپ پۇل تاپىمەن، قاۋانلىقنى ئېچىپ ئاشلىق تېرىيمەن دەپ پوسۇرلاپ يۈرۈۋاتىسەن. بۇ سىنىڭ خاتا يولدىن تېخى قايتىپ كەلمىگىنىڭنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ ئاسىمغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى. ئاسىم ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. ئاسىمنىڭ قارىشىدىن يېزا باشلىقى: «قىشتا يەككە، يازدا كوللېكتىپ دېگەننىمۇ سەن ئېيتقان، ئەزالار قومۇش ساتسۇن دېگەننىمۇ سەن ئېيتقان، سەن ئېيتساڭ توغرا بولىدىكەنۇ، مەن ئىشلىسەم خاتا بولامدىكەن؟» دەپ سوئال سوراۋاتقاندەك بىر مەنىنى چۈشەندى - دە، خۇدۇكچانلىق بىلەن ئۆزىچە جاۋاب بەردى:

— دۆڭگەۋاتىسەن دەۋاتىسەنغۇ تايىنلىق! ئۇ گەپلەر شۇ ۋەزىيەتتە توغرا ئىدى. ھازىر ۋەزىيەت ئۆزگەردى. سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى چۈشەنمىگەنلىكىم ئۈچۈن مەنمۇ بەزى ئىشلارنى خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن. بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ ياردىمى بىلەن خاتالىقلىرىمنى تۈزەتتىم. ئەمدى تۈزىتىش ئۈنۈمى ساڭا كەلدى. يولداش، ھەدېسىلا ئىشقا سىنىپىي كۆرەش نۇقتىسىدىن قاراشقا توغرا كېلىدىكەن. مەن بۇرۇن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىمۇ سىنىپىي كۆرەش مۇرەككەپ ۋە كەسكىن بولىدۇ دېسە چۈشەنمەيتتىم. ئاخشام بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن بىر كېچە پاراڭلىشىپ چۈشەندىم: سوتسىيالىزم — سىنىپىي كۆرەش دېگەن سۆزكەن. سەن بۇنى ھەل قىلالمىساڭ چوڭ ئەترەتنى باشقۇرالمايسەن..

ئاسىم ئوچۇق بىر نەرسە چۈشىنەلمىدى. لېكىن ئۇ بىرلا نەرسىنى چۈشەندى: ئاسىم قىزىققان ئىشلارنى يېزا باشلىقى بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىسى دېمەكتە، ئاسىم ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان ئارزۇلارمۇ يېزا باشلىقىنىڭ نەزەرىدە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق بولۇپ كۆرستىلمەكتە ئىدى. ئاسىم ئورنىدىن تۇردى - دە، گاڭگىراپ قالغان بېشىنى ئالقىنى بىلەن سىپاپ تۇرۇپ:

— ئەزالار قومۇش ئورۇپ ساتامدۇ ئەمىسە؟ — دەپ سورىدى.

— توختالسۇن! — دېدى يېزا باشلىقى قوللىرىنى شىلتىپ، — چۈشكىچە، كەچتە ئۆگىنىش بولىدۇ. چۈشتىن كېيىن ئوغۇت، يول، ئۆي ئىشى!

— سەككىزىنچى ئەترەتچۇ؟ ئۇلار قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەزالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭمەكچى. يە پۇل، يە ئاشلىقى يوق تۇرسا، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش يەنە توختالسا. . . قانداقمۇ نېمە قىلىدۇ. . .

— سەككىزىنچى ئەترەت مەنسۇرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئېغىر ئۇچرىغان، مەنسۇرنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلسۇن، ئىنقىلاب قىلسۇن!

— ئەزالارنىڭ قولىقىغا هازىر بۇ گەپلەر خۇشياقمايدۇ يېزا باشلىقى!

— ئورۇنلاشتۇرۇش شۇ! — دېدى تۇرسۇن قوللىرىنى شىلتىپ، — پۈتۈن كۈچ بىلەن پاش قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى پاش قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، سىياسىي مەسىلىلەرنى ئاۋۋال پاش قىلىش، بولۇپمۇ مەنسۇرنىڭ چەت ئەلگە قېچىش گۇرۇھى بىلەن چېتىشلىقى بار ئادەملەرنى چوڭقۇر پاش قىلىش، مۇھىم نۇقتا مەنسۇر! سۇلايمان، زۇۋۇرشالار تۇرۇپ تۇرسۇن!

— يېزا باشلىقى، ئەزالارنىڭ سۇلايمانغا غەزىپى كۈچلۈك! — دېدى ئاسىم رەللى بولۇپ، — ئۇنى پاش قىلىشنى تېخى ئەمدىلا باشلىدى!

— بىلىپ قوي، سېنىڭمۇ كۆرەشنى بۇنداق ئاددىي چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئەڭ خەتەرلىكى پارتىيە ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغىنى!

ئاسىمنىڭ بېشى تېخىمۇ گاڭگىرىدى. . .

# توققۇزىنچى باب

ئەزىزىخاننىڭ بۇ كۈنلەردە ئىشى ناھايىتى بېشىق ئىدى. ئۇزۇن ئۇستەل ئۇستىدە پاختا سېلىنىپ شىرىلغان كىيىملەر، قاتلاپ قويۇلغان رەختلەر، پاختىلار... دەستە - دەستە دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئاسمىدا بولسا كاستوم، بۇرۇلكا، پىلاتى، كۆينەك ۋە باشقا تىكىلىپ بولغان كىيىملەر ئېسىقلىق تۇراتتى.

ئەزىزىخان قىزىل پوپايكىسىنىڭ يەڭلىرىنى جەينەككىچە تورۇۋېتىپ، بىردەم چەبدەس بارماقلىرى بىلەن چىمدىپ ئۈزۈپ ئەستەرگە پاختا باسسا، بىردەمدىلا بىر رەختكە دەزمەل باساتتى. ئۇنىڭ ماشىنىسى بەزىدە ئۇزاق، بەزىدە ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ غارىلداپ تۇراتتى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئايال خوشۋاق، تېتىك ئىدى، ئۇ بىر خىل ئاھاڭدا توختىماي غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى.

بۇ ئايال نېمىگە خۇشال؟ كىشىلەر خۇددى ئۇنىڭ ئاشۇ 25 يىللىق تارىخىنى بىلمىگىنىگە ئوخشاش خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلمەيتتى.

كىشىلەر ھازىرچە بىلمىگىنى بىلەن ئەزىزىخان ئۆزى تارىخىنىڭ قىسمەن پارچىلىرىنى ھەر كۈنى ناخشا غىڭشىغاچ بىرنەچچە قېتىم ئەسلەيتتى:

... غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىككى قاسنىقى قويۇق ئاق تېرەكلىك كوچىلىرىدىن بىرى. ئېرىقتا سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. سۇ سېپىلگەن جىمجىت كوچىدا ئەزىزىخان چىرايلىق غاچىلدايدىغان توپلىيىنى تاقىلدىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ شۇ كوچىدىكى خىش بىلەن كۆتۈرۈپ ياسىغان كاتتا قورۇسىغا كېتىپ بارىدۇ. ئۇ يوغان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، يورىكىنى

تۈنۈپ توختىدى. ئۆيدىن يىغا ئاۋازى كېلەتتى. ئەزىزىخان ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن قولىغا ئېلىنغان دادىسىنىڭ ئېتىلغانلىقىنى بىلدى. . . مانا شۇ چاغدا مۇشۇ قورۇدا ئەتىۋالاپ بېقىلغان 18 ياشلىق بۇ قىز ئىلى قىزلار مەكتىپىنىڭ 10 - سىنىپىدا ئوقۇيتتى. . .

يەنە بىر كۈنى. . . ئۆيدە كېچىچە ئون نەچچە يىگىت ئولتۇرۇش قىلىشتى. ئەزىزىخان بىر كېچە مېھمان كۈتۈپ، تاڭ سەھەردە ئۇخلاپ قالدى. ئۇ سائەت سەككىزلەردە ئورنىدىن تۇردى. چوڭ سارايلىرى بار بۇ قورودا يالغۇز ئۆزىلا قالغىنىنى شۇ چاغدىلا بىلدى. ئۇنىڭغا چېچىلىپ ياتقان سەي - تاماق، قۇرۇق بوتۇلكىلار بىلەن تولغان داستىخان ھەمراھ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېرى ھېلىقى ھەمراھلىرى بىلەن چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. . .

ئەزىزىخان يالغۇز قالدى. ئانىسىنى ماشىنىچىلىق قىلىپ ئاز كۈن باقتى، ئانىسىمۇ دۇنيادىن ئۆتتى. شۇندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە چىقىپ قالدى. ئۇ بۇ يەرگە قانداق چىقتى؟ ئەزىزىخان بۇ ئىشنىمۇ ئويلىغان بولار ئىدى - يۇ، بىراق ئۇنىڭ ماشىنىچىخانىسىغا بىر توپ ئاياللار كەينى - كەينىدىن كىرىپ كېلىشتى. ئەزىزىخان خىيالىدىن سەگىدى.

— ۋاي كېلىڭلار، مانا بەندىڭ، مانا. . .

— ۋاي بولدى، ئەزىزىخان ئاۋارە بولماڭ. . .

ئاياللار ئۆز ئادەتلىرى بويىچە ھەممىسىلا دېگۈدەك بىرلا ۋاقىتتا گەپ قىلىشتى:

— ماۋۇ چىرايلىق كاستۇم كىمنىڭكىنە؟

— قەرىخىندەم تىكتۈرۈپ قويۇۋىدى، — دېدى ئەزىزىخان.

— قەرىخاننىڭ كاستۇم كىيگۈسى كەپتۇ - دە، يارىشىدۇ. . .

— ئەكبەرجاننىڭ تويىغا دەپ تىكتۈرۈۋېدىمىكىن؟

— ئەكبەرجان توي قىلسىمۇ كاستۇم تىكتۈرتكۈزمەس!

— قىز چوڭ قىلغان ئادەم كاستىيۇم، پەلاتى، پۈتۈن كۆڭلەك.. دېگەن نەرسىلەرنى ئالغۇزماي قوياتتىمۇ. بىر چىنە قايناقسۇغا چېتىپ قويىدىغان چاغلار تۈگىگەن. ھازىرقى ۋاقىتتىزە...

قۇش بۇرۇن، چاچلىرى تولىمۇ قويۇق ئايال گەپ بەرمەي سۆزلەيتتى.

شۇنداق قىلىپ بۇ بىر توپ ئاياللار بىلەن «ئەكبەر تويىغا تەييارلىق قىلىنىۋېتىپتۇ» دېگەن سۆز كوچىغا چىقتى...

ئاياللار كەتكەندىن كېيىن قولتۇقىغا رەخت ۋە پاختىلارنى قىسىپ سۇلايمان گۇر - گۇر كىرىپ كەلدى.

— تېز بولۇڭ، ئەزىزخان سىڭلىم، قولۇمدىكى تۆت - بەش تەڭگىنىڭ بارىدا بالىلىرىمنى ياتقۇزۇۋالاي، — دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ.

— سىزنىڭ پۇلىڭىزغا يىغا تەييار تۇرۇپتىمۇ؟ نېمانچە ئۇندۇرەيسىز؟ — ئەزىزخان گەپ كوچىلىدى.

— باشلاندى، — دېدى سۇلايمان ئالدىراپ سۆزلەپ. — مەنسۇرلارنىڭ ئۇۋۇسىغا سۇ كىردى. ئاڭلىمىدىڭىزمۇ تېخى؟ ھازىر پۈتۈن چوڭ ئەترەت بويىچە پاش قىلىش باشلاندى. پۈتۈن چوڭ ئەترەت كادىرلىرى داتاڭ سوراققا تارتىلدى. ئاسىممۇ پارتىيە ئىچىدە سوراققا تارتىلىۋېتىپتۇ!

— راستما، ۋىيەي بۇ نېمە قىلغىنى؟

— چوڭ ئەترەت ھوقۇقى مەنسۇردەك يامانلارنىڭ قولىدا چاغدا! ئاسىممۇ ئۇلارغا يان تاياق بولغانغۇ!

— ئەكبەر شۇجىنى سالماقلىق دەپ ئاڭلىۋېدىم. ئىتتىك دەمدۇ قانداق؟

— ئىتتىك بولغاندىمۇ كاپالىغان ئۇستىرا، ھەيدەرلەرنى پومبىشچىك قىلىۋېتەرمىكىن دەيمەن.

— ئاياللارنىڭ دېيىشىچە پاتىمە بىلەن ئەكبەر كېچىلىرى بىللە يۈرۈشكۈدەك، سونۇر بىچارىگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، شۇنچە يىل

كۆتۈپ - كۆتۈپ ئاخىرى قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ بولۇپ قالغىنىدى!

— ئۇنىڭغا ئاز، ھالىغا بېقىپ ئىش قىلمايدۇ، ئەپەندى قىز ئۇنىڭ خىلىمىدى؟ ئۆتمۈشتە بىر بىرىگە ياققان بولسا، ئۇ دېگەن ئۆتمۈش، ھازىر ئۇ چاغلار ئۆتۈپ كەتتى، قىزنىڭ ئۆز خىلىنى تاپقىنى ياخشى بوپتۇ.

— ئۇنىڭ شۇنداق، — دېدى ئەزىزخان گەپنى چوڭقۇرلىتىپ، — بىراق ئەكبەر شۇجى بولۇۋېلىپلا دوستىنىڭ نېسۋىسىگە قول سوزغانمىدۇ؟ ئاۋادا شۇنداق بولسا ئۇ چاغدا...

— ھە، ئۇ چاغدا نېمە بولماقچىدى، — سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋالدى، — ئۇنىڭ ئۆيلەنگىنى سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ دەمسىز؟ ئۇنداق بولمايدۇ، ئەگەر ئەكبەرنىڭ دىلى شۇنى تارتقانلا بولسا، بۇ گۈلىگە گۈل كەلگىنى!

— بىرسىنىڭ ئائىلە ئىشىنى بۇزسىمۇ گۈلىگە گۈل كەلگەن بولامدىكەن؟ — ئايال ئاۋازىنى سوزۇشتۇرۇپ سورىدى.

— شۇنداق بولىدىغان گەپ، — دېدى سۇلايمان بىپەرۋالا،

— ئەكبەرنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام شۇنداق قىلاتتىم، بۇنى ئەيىب كۆرمەيتتىم!..

ئەزىزخان قاقاقلاپ كۈلدى...

سۇلايماندىن كېيىن بۇ يەرگە يەنە كەينى - كەينىدىن ئادەملەر كىرىشتى، ئۇلارمۇ قۇرۇق چىقىشمىدى. بايىقى ئىككى يېڭى گەپنى يەنى «ئاسىمنى كۆرەش قىپتۇ»، «ئەكبەر بىلەن پاتىمە كېچىلىرى بىللە يۈرۈشكۈدەك» دېگەن گەپنى بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي كوچىغا ئېلىپ چىقىشتى...

شۇ كۈنى كەچتە ماشىنىچىخانىغا دىلەيساخان ئاچچىق بىلەن كىرىپ كەلدى:

— ئېيتىڭا، ئەزىزخان! — دېدى ئۇ توغرىدىن - توغرىلا، - ئەكبەرنى پاتىمەگە چاپلىماق بولغان، «ئاسىمنى

كۆرەش قىلىپتۇ» دەپ ئىغۋا توقۇغانلار قايسى مۇراد-مەقسەتكە يەتمەكچىكەن؟

ئەزىزىخان تاتىرىپ كەتتى، ئۇ دىلەيساخاننىڭ چاپىنىنىڭ ئېزىملىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يىغا ئارىلاش سۆزلەپ كەتتى:

— جېنىم ھەدە، مەنمۇ خەقتىن ئاڭلىدىم، ئىشەنگەن بولسام مانا زاۋال تۇرۇپتۇ، ياش جېنىم!...

— قەسەم نېمىگە يارايدۇ، — دېدى دىلەيساخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. — يىلانمۇ بىر تۇشۇكتىن چىقىدۇ، چاشقانمۇ شۇنداق، ئىغۋا چىققان ئىكەن، چوقۇم بىر كامىرى بولىدۇ. ئېيتىڭا قېنى سىز كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

ئەزىزىخان ئەمدى راستىنلا ئۆمچىيىپ يىغلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ قىزىل پوپايكىسىغا بىرنەچچە تال يېشى تامچىپمۇ چۈشتى:

— گېپىڭىزچە ئۇ كاما مېنىڭ مۇشۇ ئۆيۈمكەن-دە! جېنىم ھەدە، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن ماشىنىدىن بىكار بولالمايمەن، بولۇنغان گەپلەرگە ئارىلاشمايمەن، گەپ قىلىشىۋاتقانلارغا زەن قويۇپمۇ ئولتۇرمايمەن. بۇ يەردە نېمە گەپلەر بولمايدۇ دەيسىز، مەن قايسى بىرسىگە ھاي دەپ ئۈلگۈرەي. مەن بىچارىنى بۇ ئوتقا ئىتتەرگەننىڭ ئىگەكىم...

— مەن ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن ئىز قوغلاپ كۆردۈم، — دېدى دىلەيساخان يەنە ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، — ھەممىسىلا سىزدىن ئاڭلىدۇق دەۋاتسا، يەنە نەگە تاناتتىڭىز!

— ئارانلا جېنىمنى جان ئېتىپ كېتىۋاتقان تۇل ئايالمەن، مەن ئىغۋا توقۇپ تالاشقۇدەك نېمە بار ئىدى. مەن سىلەرنىڭ ئەزايىڭلار بولمىسام، سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئارىلىشىدىغان بېشىم ئۇنىمىدى؟ جېنىم ھەدە، راست مەن ئاڭلىدىم، لېكىن گەپ قىلمىدىم. كىمدىن ئاڭلىغىنىم...

— ھە، سۇلايمان گۆر-گۆر دېدىمۇ-يە؟

— مەن ئەر كىشىلەر بىلەن بىھۇدە مۇڭداشمايمەن!

— ھېلىقى روزىمەت ساختىپەز كىرگەنمۇ؟
— ياق، ئۈچ كۈن بولدى كىرمىدى، ئەمدى كىرسە گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىراي ھەدە!
— لېكىن — زە، — دېدى دىلەيساخان ئەزىزىخانغا قاراپ، — بۇ ئىنغۇاچىنىڭ نىيىتى يامان. ئۇ راسا ئىشلار قىزىۋاتقان چاغدا ئىغۋا چىقارغانىكەن، ئۇنىڭ مەقسىتى ئېنىق: ياچېيكا شۇجىسىغا بەدنام چاپلاپ، چوڭ ئەترەت كادىرلىرى ئىچىدە بۆلۈنۈش پەيدا قىلماقچى.
دىلەيساخان چوڭ ئەترەتكە كەتتى. ئەزىزىخان ئۇنىڭ قارىسى يوقالغىچە كەينىدىن قاراپ تۇردى، ئۇنى ئەندىشە باستى. ئۇ ھىكمەتنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ يەردە بىر - ئىككى سائەت تۇرغاندىن كېيىن ئەندىشىدىن خالاس بولالىدى. ئۇ ئۇ يەردە دۇتتار چېلىپ ناخشىمۇ ئېيتتى، پەقەت ئەل ياتقۇ بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ بايىقى ئالاقزادىلىكى يوق، ئۇ يەنە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ماشىنىسىنى غارىلدىتاتتى...
— ئەسسالام بالام! — ئۆيگە بېشىغا كونا تور ياغلىق ئورىغان، تىزدىن ئاشىدىغان چىپەرقۇت چاپان كىيگەن، بېلىنى ئىنچىكە كۆك بوقۇش بىلەن باغلىۋالغان بىر موماي كىرىپ كەلدى. موماي كۈلۈمسىرىۋېدى، يۈزىدىكى توققۇز تولۇقتەك تۈرۈم - تۈرۈم بولۇپ كەتكەن قورۇقلىرى چوڭقۇرلىشىپ، كوماك ئېغىزىنى تېخىمۇ يېقىمسىز قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇنىڭ قىسقا ۋە پاناق بۇرنىمۇ، چوڭقۇرراق قورۇققا ئوخشاپ قالغان قىيغاچ كۆزلىرىمۇ شۇ كۈلۈمسىرەش بىلەن تەڭ يوقىلىپ، ئۇنىڭ يۈزى كۆندە قورۇلۇپ قالغان خام قاپاققا ئوخشاپ قالدى.
— كېلىڭ، گۈلشەرىخان چوڭ ئانا، — دېدى ئەزىزىخان ئورنىدىن قوزغىلىپ، — قېنى، مۇنۇ يۇمشاق بەلدىڭگە كېلىڭ، — ئەزىزىخان مومايغا كىچىك كۆرپە سېلىنغان يۆلەنچۈكى بار بەلدىڭنى سۈرۈپ قويدى.

— يائاللا بالام، يائاللا بالام، قانداق ۋاقىتتا ئارام ئالسەن، كائىدا يېتىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كۆزۈمنى يۇمۇپتىمەن، چۈشۈمگە سەن كىرىپسەن؛ قاقاقلاپ كۈلۈپ بىر مەرىكىدە ئۇسسۇلغا چۈشۈپتىكەنسەن. كۆزۈمنى يېرىپ ئاچتىم - دە، بالىنىڭ بىر نەرسىدىن دىلى رەنجىگەن ئوخشايدۇ دەپ، كالىچىمنى ساپتىم، ئۇتتۇرلاپ بۇياققا ماڭدىم. ئادراسمانىمۇ ئەكەلدىم، بالام ئۆيۈڭگە ئىسرىق سېلىپ قوياي.

ئەزىزخان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

گۈلشەرىخان بولسا ياش چوكاننى خۇش قىلىدىغان گەپ قىلالىغىنىغا خۇشال بولۇپ ھېجايدى.

— بۈگۈن نەلەردە يۈردىڭىز، ئىزدىتىپ تاپالمىدىمغۇ؟

— نەدە بولاتتىم. نەدە دىلى سۇنغانلار بولسا شۇ يەردە، — دېدى موماي مەنىلىك قىلىپ قاراپ قويۇپ، — گۈلشەرىخان چوڭناڭنىڭ ئىشى ھازىر قورۇقلىرىدىنمۇ تولا بولۇپ كەتتى. . .

بۇ مومايىنىڭ ئىشى راستىنلا تولا: ئەلچىلىك قىلىش. گەپ توشۇش، بېشى ئاغرىغان ئايالларنىڭ بېشىنى ئۇزۇپ قويۇش، تامىقى چۈشۈپ قالغانلارنىڭ تامىقىنى كۆتۈرۈپ قويۇش، ئېپى كېلىپ قالسا دەم سېلىپ قويۇش، «تەلەي» سىنىغۇچىلار ئۈچۈن رەم ئېچىپمۇ قويۇش، ھاۋانچىسىنى توكۇلدىتىپ ھەر خىل دورىلار ئەيلەش. . . مانا بۇلاردىن سىرت كىم بىلەن كىم ۋارقىرىشىپ قالدى، كىم بىرسىدىن ئازار يېدى، مەھەللىدە قانداق بىر يېڭى ئىش چىقسا مەسىلەن، بىرسىنىڭ كالىسى قوشكېزەك تۇغسا، بىرسىنىڭ توخۇلىرىغا كېسەل تەگسە، بىرسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە، يەنە بىرسى بىر يېڭى كىيىم كىيسە، يەنە تېخى بىرەر ئايالنىڭ نېنىنى تونۇرىدا تۇرمىسا. . . مانا بۇ ئىشلارنى ھەممىدىن بۇرۇن بىلىۋېلىپ، ئۆيمۇ — ئۆي كىرىپ يۈرۈپ تارقىتىش. . .

بۇ مەھەللىلەردە ئۇنىڭ ئايىغى تەگمەيدىغان ھويلا يوق. ئۆيلەرنىڭ يامان ئىتلىرىمۇ مومايغا تولا ھاۋشۇپ، ھەتتا ئۇنى تالاپ ئەمدى ھارغان، كىشىلەرمۇ بۇ ئايالنىڭ گەپلىرىنى تولا ئاڭلاپ زېرىككەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ مومايىنىڭ تەكتىنى بىلىدىغانلار ئاز. ئۇنى ياش ۋاقتىدا مۇشۇ مەھەللىنىڭ سىيىتۋاقى بايۋەچچە دېگەن بېيى شەھەردىن توقاللىققا ئېپچىققانلىقى راست، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ باققان ئەمەس. ئۆزى توغرىسىدا گۈلشەرىخان: بىردە ئاپپاق غوجامنىڭ پۇشتىمەن دېسە، بىردە شاتۇتى ئوينىتىدىغان دىۋانىنىڭ قىزىمەن دەيتتى. مەيلى ئۇ مىڭ خىل سۆزلىسىمۇ بەربىر كۆپچىلىك ئۇنىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئۆز ئالدىغا دەڭجالىن قىلىدىغان تۇل خوتۇن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. گۈلشەرىخاننىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ بايى ئېرىنى شىڭ شىسەي تۇتۇپ كەتكەندە بالىسى يوق توقال بولغىنى ئۈچۈن ئېرىدىن ئاشۇ دەڭ قوراسى تەگكەنمىش. . .

— شەرىخان چوڭ ئانا، شۇنداق قىلىپ ھېيتەمباي ئاكىڭىزنى يوقلاپ كەپسىزدە؟ — دېدى ئەزىزىخان «دىلى سۇنغان» دېگەن سۆزگە مەنە بېرىپ، — ھېدىلشانى مىنبىگلار سولاپ قويۇپتىمىش دېگەن گەپ بار، شۇنداقمۇ؟

— خەقنىڭ ئېغىزىغا چىققان گەپنىڭ يالغىنى بولامدۇ، — دېدى شەرىخان ئۇزاق ئەسنىۋېلىپ، — بولغۇلۇق شۇ بىچارىگىلا بولۇۋاتىدىغۇ، 30 نەچچە ياشقا كىردى. تېخى خوتۇن يۈزى كۆرمىدى، بىر ئىنساندىن ياخشى گەپ ئاڭلىمىسا، بىر ۋاق ئىسسىق تامىقىنى ۋاقتىدا يېيەلمىسە، شۇمۇ ئادەم بوپتۇ؟ بىر چاغلاردىكى ئازىلىق بالا مانا ئەمدى ئەسكى كىگىز پارچىسىدەك سۈرۈلۈپ يۈرۈۋاتىدۇ. جاھان ئۆزگەرسە ئادەم دېگەننىڭ بەختى - پېشانىسىمۇ مانا شۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن، بالام. . . ئۇھ ئالەم!

ئەزىزخان مومايىنى يەنە گەپكە سالماقچى بولدى:

— ئەمدى بۇندىن كېيىنكىلەرنىڭ بەختى. پېشانىسى ئۆزگەرمەس؟

— نېمە دېگىنىڭ بالام؟ — دېدى موماي قىيغاچ كۆزلۈك قاپىقىنى سوزۇپ، — شەرىخان چوڭىنىڭ چېغىدا مانا مۇشۇنىڭ بىلەن بەش پادىشاھنى كۆردى. ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى كېلىدۇ، كۆكلەمنى كۆرمەي كالا تۇكىمۇ يېڭىلانمايدۇ، بالام. سەن يەنە ماشىنىچىلىق قىلىپ دۇنيادىن كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ مەيۈسلىنىپ يۈرمە، خېنىم بولىسەن، ئاغچا، بۇۋى، تېخى قېرىغىنىڭدا كىم بىلىدۇ خانىش خېنىم بولۇپ قالامسەن، — موماي ئەمدى ئاستا پىچىرلىدى، — چەت ئەل ئەسكەرلىرى كەلگۈدەكقۇ...

— كىم دېدى سىزگە؟

— كىم بولاتتى، ئۇزۇن قولاق، بىر كۆزلۈك مۇنەججىم!

— كىم ئۇ؟

— روزىمەت! — دېدى موماي ھېجىيىپ، — كىمدۇر بىرسىگە سارىيىدا ھاراق ئىچىۋېتىپ شۇنداق دېدى. ئۇ بىر مۇنەججىم، ئۇنىڭ دېگىنى ئۇختىسىغا كەلمەي قالمايدۇ!

ئەزىزخان چۆچۈپ دېرىزىگە قارىدى:

— بۇ گەپنى بىر دېدىڭىز، ئەمدى ئېغىزىڭىزدىن چىقارماڭ!

— گۈلشەرىخان چوڭ ئاناڭ ئاڭلىغىنىنى بىر كىشىگە ئېيتماي تاتلىق ئۇيقۇ كۆرەلەيتتىمۇ، ھى ـ ھى... مانا سەن بالام تېخى يۈزىنچى بولۇپ مېنىڭدىن ئاڭلاۋاتىدىغانسەن، — موماي قاپاقلىرىنى سوزۇپ ماختاندى.

— ۋاي ئۆلەي، — دېدى ئەزىزخان بېشىغا ئۇرۇپ، — مۇشۇنداق گەپلەرنىمۇ باشقىلارغا دەمسىزا؟

— بىرسىدىن ئاڭلىغاندىكىن باشقىسىغا دېمىسەڭ گېلىڭدىن

قانداقمۇ تاماق ئۆتىدۇ، بالام. . .

— ئۇنداقتا ئاسىمنى كۆرەش قىپتۇ، ئەكبەر بىلەن پاتىمە چىقىشىپ قاپتۇ. دېگەن سۆزلەرنىمۇ سىز تاراتقانمۇ - يە؟

— مەن بولمايچۇ، — دېدى موماي خۇشال بولۇپ، — بۇنداق يېڭى گەپلەرنى بىرىنچى بولۇپ بىلىۋالىدىغانمۇ، بىرىنچى بولۇپ كوچىغا ئېلىپ چىقىدىغانمۇ، شەرىخان چوڭناڭ بولماي كىم بولاتتى! چوڭ ئەترەت شۇجىلىرىمۇ، مۇنۇ دىلەيساخانمۇ تېخى پېچىتى بۇزۇلمىغان يېڭى گەپلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن كۈنىگە بوسۇغامغا باش ئۇرىدۇ. بىر كۈنى مۇنداق بىر ئىش بولدى قارا. . .

ئەمدى موماي ئەزىزىخانغا زېرىكىشلىك تۇيۇلدى. ئۇ گەپ قۇراشتۇرۇپ ماختىنىشقا ئۆتكەنىدى. لېكىن ئەزىزىخانغا بىر نەرسە ناھايىتى ئېنىق بولدى: بايىلا دىلەيساخاننىڭ ئالدىدا ئىگە تېپىپ بېرەلمىگەن سۆزلەرگە ئەمدى ئىگە چىقتى.

ئەزىزىخان يەنە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

ئەزىزىخاندىن باشقا يېڭى ئىلتىپات كۆرمىگەن مومايمۇ:

— ئۈگىنىشتىكىلەر قايتىدىغان ۋاق بولدى، مەن چىقاي بالام، ياخشى چۈش كۆر، ھەي يالغۇزدىن يالغۇز بىر ئۆيدە بىر ئاجىز بالا، ھېچ بولمىسا بىر ئاق خوراز بېقىپ قوي يېرىم ئەرچىلىك قانات بولىدۇ، قارا باسمايدۇ. . . — دېدى - دە، ئۆيىگە يول ئالدى.

ئەزىزىخان ھويلىغا چىقتى. كوچىلاردىن ياشلارنىڭ ناخشىلىرى، قىقاس كۈلكىلەر، ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشلىرى ئاڭلىناتتى. ئاقۇش كۆك ئاسمان ئايسىز ئەمما سۇزۇك، باغلار بۇك ئەمما گۈڭگا كۆرۈنەتتى. . . ئۇشتۇمتۇت ئىشىكنى بىرسى قاقتى. ئۇ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. سۇنۇر ئۇنىڭ ئالدىدا ھودۇقۇپ تۇراتتى. ئەزىزىخاننىڭمۇ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ سۇنۇرنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىك يوغان كۆزلىرىگە قاراپ:

— ئۆيگە كىرەيلى، نىمانچە ھودۇقىسىز. . . — دېدى.

— ياق، مۇشۇ يەردىنلا قايتاي، — دېدى سونۇر، — ھېلىقى پۇلنى ئەكېلىشۇدىم.

ئۇ بىر كاللىدىك پۇلنى يانچۇقىدىن چىقاردى.

— يورۇق ئۆيگە، — ئەزىزىخان سونۇرنىڭ جۈرئىتىنىڭ يېتمىدىن چىمدىپ تۇتتى، — پۇل دېگەننى ساناپ بىرىپ، ساناپ ئالىدۇ، ئاۋۇ يورۇققا يورۇق.

ئەزىزىخاننىڭ ئىسسىق قوللىرى سونۇرنىڭ يوغان، يىرىك قاتمان، مۇزدەك قوللىرىغا تەگدى.

سونۇر قىزاردى ۋە دەرھال ئۆيگە قەدەم تاشلىدى.

— نېمىشقا ئالدىراپلا پۇلنى ئەكەلدىڭىز؟ — دېدى

— بەربىر جاي ئېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلمىدى. ئالاي دېسەم جىقلا كۆڭۈل ئاغرىقى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ماڭىمۇ پۇلنىڭ لازىمى يوق. سەككىزىنچى ئەترەتتىن ھېچكىمگە كۆچۈشكە رۇخسەت قىلمىغاندىكىن مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، — سونۇر مېڭىشقا تەمشەلدى. ئەزىزىخان ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— قورقماڭ، پاتىمە قاراپ تۇرۇۋاتمايدۇ، بەك قورقىدىكەنسىز؟

— ياق. . . — دېدى سونۇر ئۇھ تارتىپ، — پاتىمە بىلەن كۆرۈشمىگىلى نىكەم. . .

— ئەزىزىخان ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— سىز ئاجايىپ مۆمىن ئىكەنسىز، كوچىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ مەنغۇ ئىشەنمىدىم، ئەمما شۇنداقتىمۇ. . .

— ئاڭلىدىم! — سونۇر بىردىنلا چىڭ ۋارقىرىۋەتتى، — بىر دۈشمەننىڭ تاپقان گېپى. ئەگەر ئۇنداق يىگىت ئەمەس!

— ئەگەردە گەپ يوقتۇر، لېكىن، — دېدى ئەزىزىخان كۈلۈمسىرەپ، — گەپ پاتىمەدە. ئويلىمامسىز، نېمىشقا

ئەكبەرمۇ كەلدى پاتىمە سىزدىن...

— مەندىن نېمە بوپتۇ؟

— خاپا بولماڭ ئەمدى. بۇرۇنقىدەك ئەمەسقۇ دەيمىنا!

ئايال سونۇرنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى. راست پاتىمە سونۇرغا روھىي چۈشكۈن، مۇئامىلىسى سوغۇق ۋە گۇمانلىق كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى.

سونۇر بار غەيرىتىنى يىغىپ، بىرمۇ ئايالدىن سوراپ باقمىغان سوئالنى ئەزىزىخاندىن سورىدى:

— ئېيتىڭا ئەزىزىخان، سىلەر ئاياللارنىڭ كۆڭلى شۇنداق يېگىلتەك بولامدۇ؟

ئەزىزىخان قاقاقلاپ كۈلۈشىنىڭ ئورنىغا سونۇرغا تېخىمۇ يېقىن كەلدى، سونۇر داجىدى. ئايال تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:

— بىلەمسىز؟ قىزلارنىڭ كۆڭلى كېپىنەككە ئوخشايدۇ، شىرنىسى قالمىغان گۈلگە قونۇۋەرمەيدۇ. قىزلارنىڭ كۆڭلى ئىرادىسىگە بويسۇنمايدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز قىزلارنىڭ ئىرادىسىمۇ ئاجىز — دە...

سونۇر قولاقچىسىنى غىجىملاپ تۇتۇپ ئىتتىك تالاغا ماڭدى. ئۇ ئۇستەلدە چېچىلىپ ياتقان پۇلنى قانداق ئونتۇغان بولسا، خوشنا قورودا ئۆزىنى بايقاپ تۇرغان دىلەيساخانىنىمۇ شۇنداق ئويلاپ باقمىغانىدى.

دىلەيساخان ئاۋازلىق قىلىپ:

— ھەي ئەخمەق، ھەي بولغانغان ئەخمەق! تىللانى تېزەككە ئايرىۋاش قىلىۋاتقىنىڭنى قارا! — دېدى.

بۇ ئاۋازنى سونۇر ئاڭلىمىدى. ئەمما ئەزىزىخان ئاشكارا ئاڭلىدى. بۇ سۆز ئەزىزىخانغا ھار كەلدى. ئۆزىنىڭ «تېزەك» بولۇپ قالغىنىمۇ، سونۇرنىڭ پەرۋاسىزلىقىمۇ ئۇنىڭغا تاياقتەك قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ شۇ زەربىدىن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى ۋە بوقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى...

ئۇ باش توخۇ بىلەن ئورنىدىن تۇردى. دېرىزىدىن ئۇنى بىرسى چاقىرماقتا ئىدى. ئۇ دېرىزىگە كەلدى. دېرىزە يېنىدا روزىمەت تۇراتتى. ئۇ يۈزىنى دېرىزىگە يېقىپ:

— خەت، خەت ئەكەلدىم. ئاكىڭىزنىڭ خېتى، سىزگە ئەجەل ئەكەلگىنىم يوق! — دېدى ئاچچىقلاپ.

ئەزىزخان قەغەز قاپلاپ قويغان كىچىككىنە تۈشۈكنى ئاچتى ـ دە، روزىمەتتىن قەغەزنى ئالدى.

ئۇ لامپا يورۇقىدا خەتنى ئالدىراپ ئوقىدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئۇ دېرىزىگە قاراپ ـ قاراپ قولىدىكى خەتنى ئالدىراپ ياستۇقى ئاستىغا تىقتى ۋە ئوڭدا يېتىپ خەتنىڭ مەزمۇنىنى يادىغا ئېلىشقا تىرىشتى. خەتتە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«ئەزىزخان:

سونۇرنى قولدىن بەرمەڭ. ئۇ ھازىر پاتىمەدىن يۈز ئۆرىدى بىز ئۇنى تېخىمۇ جەلپ قىلىڭ. سونۇرنى ئۆزىڭىزگە شۇنداق قارىتىڭكى، ئۇ سىزنىڭ سىزغان سىزىقىڭىزدىن چىقمايدىغان بولسۇن. سىز ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلۈك بولسىڭىز بەختلىك بولىسىز. پاتىمە چىدىماستىن سىزگە زىيان سېلىشى مۇمكىن. لېكىن بىز سىزگە مەدەت بېرىمىز...

سىزگە بەخت تىلەپ: ھ... ساقىيوپ!

1962 ـ يىل 12 ئاينىڭ 29 ـ كۈنى...»

ئەزىزخان ماموق ياستۇقىنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇ شۇ تاپتا مىسكىنلىك ھېس قىلماقتا. يېزىغا چىقىپ بىر دېھقان يىگىت ئۈچۈن سەكپارە بولۇپ يۈرگىنىگە خورلۇق ھېس قىلماقتا ئىدى.

دىلەيساخان ئالدىراپ ئەبلىغازىنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ چاغدا كۈن يېڭى چىققان، ئەبىلغازى بىلەن روزاخۇن بوۋاي ئەبلىغازىلارنىڭ ئىشكىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى. دىلەيساخان كۆرگەنلىرىنى ۋە ئىنگۇالارنىڭ نەدىن چىققانلىقىنى ئېيتىپ قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— ھازىرلا كۆدە . كۆپىسىنى ئەپچىقىپ تاشلايلى، بۇ خوتۇننى يوقاتمىساق ئىغۋا چىقىدىغان كامانى ئەتكىلى بولمايدىكەن! — دېدى.

— زىۋۇرشانىڭ يېغىرىغا تېگىپ كېتەرمىكىن، — دېدى ئەبلغازى.

— نېمىلا بولمىسۇن ئەكبەر، ئاسىملار بىلەن مەسلىھەتلىشەيلى. بۇ ئاجايىپ ھە! قارا، بۈگۈن ئەتىگەنلا زىۋۇرشا ئادەملەرنى ئۆگىنىشكە قوزغاشقا چىقىپتۇ. ئۇ يېتىۋالغان ئەمەسمىدى، نېمىشقا بىردىنلا يەنە ئەترەت باشلىقلىق قىلغۇسى كېلىپ قالدىكىنە!

— مانا بۇلارنىڭ ھەنىنۋاسى مېنىڭچە بىرسىنىڭ يوشۇرۇنچە ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىنى كۆرسىتىدۇ. يېزا باشلىقى ئەكبەر بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ. يېزا باشلىقى گەپ تالاشقۇچىغا كۈن بەرمەيدىغان ئادەم. ئۇ ئادەم بەلكىم بىرسىگە ئەكبەرنىڭ ئۈستىدىن ئىغۋا توقۇشنى تاپشۇردىمىكىن. مەنسۇرنىڭ دېيىشىچە يېزا باشلىقى تۇرسۇن مۇشۇنداق قىلىشتىنمۇ ئۆزىنى تارتمايدىغان ئوخشايدۇ. بىزمۇ مەسلىھەتچە سەل ئېغىر بولايلى، قەدەمنى پۇختا باسايلى، بىر چارىسىنى قىلايلى، — دېدى روزاخۇن بوۋايمۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

مانا بۇ چاغدا ئەكبەرمۇ سەككىزىنچى ئەترەتكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈتتۈر ماخوغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇچى تەڭ كۆردى.

ماخونىڭ كىچىك ئۆيىگە ئاكتىپلار بىر دەمدىلا توپلاندى. شياۋلى بىلەن شياۋدۇڭ سونۇرنىڭ تاڭ سەھەرگە يېقىن ۋەلسىپىت بىلەن يېزا تەرەپكە ئالدىراپ ماڭغانلىقىنى، كېچىچە روزاخۇنكاملارنىڭ ئۆيىنى ئايلانغانلىقىنى ئېيتتى.

— ھەممە بالا مۇشۇ ئەزىزىخاندا، — دېدى دىلەيساخان، — مېنىڭ كۆڭلۈم سېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ خوتۇن يامان خوتۇن!

— روزىمەتنى تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرىغا چىقارساق قانداق بولاركىن، — دېدى ئەبىلغازى، — باشقىنى قويۇپ، كېچىدە قانداق خەت توشۇدۇلۇڭ دېگەننىلا تېزتايلى!

— بەلكىم بىر يىپ ئۇچى چىقارمىكىن، — دېدى روزاخۇن بوۋايمۇ، — ئەزىزخاننى ھەيدەيلى، ئۇ بىزنىڭ ئادەم ئەمەس. مۇنۇ روزىمەت بىلەن سىلىق گەپ قىلىشقان بىلەن پايدا يوق. ئىچىم پۇشۇۋاتىدۇ. بىر ئۆيدانلا قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتۇق. ئەمدى بۇ كىچىككىنە كىرىمنىمۇ توسۇپ قويدى. ئەزالار نېمە يەيدۇ، نېمە كىيىدۇ، نېمە قالايدۇ؟ پۇل تېپىشنىڭ ئورنىغا ئۆز ئارا غىز - غىز! ئادەملەرنىڭ بىر بىرىنى كولايدىغىنىدىن تويدۇم. تالىشىدىغان نېمە بار، قىش چىققىچە ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكەت قىلىپ بەش تۆت تەڭگىلىك بولۇۋالساق بۇنىڭ نېمىسى يامانكەن؟ مەن لى شۇجىنىڭ يېنىغا بارىمەن. شۇ ئادەم بىزگە بىر يول كۆرسىتىدۇ.

— ئاۋۋال ياخشى تەكشۈرەيلى، — دېدى شياۋدۇڭ، —قوغلاش، ئوتتۇرىغا تارتىش - بۇ ئۇسۇللار بەك ئاددىي. بىز ئىشنى چوڭقۇرراق قىلايلى، سىياسەتكىمۇ، ئۇسۇلغىمۇ دىققەت قىلايلى.

— مەن شۇنداق ئويلايمەن، — دېدى شياۋلى، — ئىلىشىش كەسكىنلىشىۋاتىدۇ، مۇرەككەپلىشىۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇ بىزگە پايدىلىق ئەھۋال، بەزىلەر بىزدىن ھازىر ھەدەپ ئادەملەرنى، ئادەملەرنىڭ قەلبىنى تالىشىۋاتىدۇ. بىز نەق مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرايلى، ئىشنى ئۇلارنىڭ كۆزى چۈشكەن ئادەملەرنى تارتىۋېلىشتىن باشلايلى، بىرىنچى قەدەمدە سونۇرغا خىزمەت ئىشلەيلى، ئۇنىڭ زادى ئەزىزخان بىلەن نېمە ئالاقىسى بار، نېمىشقا بۇنى يوشۇرىدۇ؟ مەن ئىشىنىمەن، خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىسەك بۇ ئىش يېشىلىدۇ، سونۇر تېز ئويغىنىدۇ. مۇشۇ ئىش ئايدىڭلاشسا ئەمدىكى گەپ ئەزىزخاندا قالىدۇ.

— ئۇ چاغدا ئەزىزخاننى قانداق قىلساق بولىدۇ؟ — ئەكبەر تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— چاۋسى چىقتا يېيىلغاندىكىن كۈرەش قىلىپ ھەيدىۋەتسەك دۈشمەنلەرگە تازا زەربە بولىدۇ، — دېدى دىلەيساخان ئالدىراپ سۆزلەپ، — قاراپ تۇرۇپ سونۇرنى يولدىن چىقىرىۋاتقان شۇ خوتۇن!

توغرا، — دېيىشتى بىرقانچە كىشى، — سونۇر بۇ توگۈننى يەشسىلا ئۇنىڭ كەشنى توغرىلىماق ئاسان!

كۆپچىلىك يەنە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

ئەكبەر كۆپچىلىكنىڭ مۇلاھىزىلىرىدىن بىر يوشۇرۇن ھەرىكەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى. يەنە باشقا ئەھۋاللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا سەككىزىنچى ئەترەتتىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى تېخىمۇ زورايتىش، ئەزالارنى چوڭ ئەترەت رەھبەرلىرىگە قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىش ھەرىكىتى باردەك بىلىنەتتى. لېكىن ئالدىراپ بۇنداق دېيىشكە بولمايتتى. ئەزىزخاننى يىپ ئۇچى قىلىشقا بولاتتى. ئۇنى ھەيدىۋېتىش ئىشنى بۇزغانلىق بولاتتى. ئەكبەر ئاخىر مۇنداق دېدى:

— مەن يولداش شياۋلىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، ئىشنى ئۆز ئادەملىرىمىزدىن باشلايلى، ھەتتا ئەزىزخانغىمۇ خىزمەت ئىشلەيلى، ئىشنى ئىنچىكە، پۇختا ئىشلەيلى!

لېكىن ئەبلغازى ئەكبەرنىڭ پىكرىنى رەت قىلدى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، قولاقچىسىنى جوزىغا پاققىدە ئۇرۇپ:

— پىتنە - پاسات! — دېدى غەزەپ بىلەن، — پۈتۈنسۈرۈك بىر كىچىك ئەترەت بۇنىڭ بىلەن بەنت بولسۇنمۇ؟ سوتسىيالىستىك تەربىيە دېگىننى توختاتسۇن! قۇرۇق گەپ بىلەن پۇت - قولىمىزنى چۈشۈۋالماي قويۇپ بەرسۇن. بىزنىڭ قوللىرىمىز پۇل تاپىدىغان قوللار، ئەزالارنى رازى قىلىدىغان

قوللار، قولى يۈگۈرەك ئاشقا، تىلــى يۈگۈرەك باشقا! يۈر روزاخۇنكا قومۇش ئورۇيمىز. باشقىسى بىكار!

ئۇ ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى. روزاخۇن بوۋاي بىلەن ئىمىر ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

ئۇلار تارقالغاندا ئەزالار چايلىرىنى ئىچىشىپ كىچىك ئەترەت ئىشخانىسىغا مېڭىشقانىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئەزىزخاننىڭ ئۆيىــگە دىلەيساخان كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى:

— يۈرۈڭ، بىر چىنە چاي ئىچىپ چىقايلى، قولۇم - قوشنا دېگەن شۇنداق بولامدىكىن، بىزنىڭ ئۆيلەرگە دەسسەپمۇ قوياي دېمەيسىزا، — دېدى ئۇ يۇمشاق ئاۋاز بىلەن.

ئەزىزخان ھەيران بولدى. ئۇ قوشنىسىدىن تويۇقسىزلا يېقىنچىلىق سەزدى. ئۇمۇ كۈلۈپ:

— مەنمۇ سىز بىلەن بىر مۇڭدىشاي دېۋىدىم، — دېدى.

ئۇلار دىلەيساخاننىڭكىگە ئاشۇنداق خۇش چىراي كىرىپ كېتىشتى...

# ئونىنچى باب

يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئىشلارنى توختىتىپ قويۇپ پاش قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى، دەپ قانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ كۈچ ئىبلىشالمىدى. ئۇنى ئەكبەر قوللىدى. لېكىن كۆن بويى ئۆگىنىش قىلىشقا ئۇنمۇ قوشۇلمىدى. يېزا باشلىقى ئۆز گېپىگە كىرمىگەن ئادەمنى يامان كۆرىدۇ. ئۇ ئەكبەرنى يامان كۆرۈپ قالدى. ئەكبەر روزاخۇن، ئاسىم، ئەخمەتجانلارنىڭ قىشچە قومۇش سېتىپ پۇل تېپىۋالايلى دېگەن پىكرىنىمۇ رەت قىلالمىدى. سەۋەبى ئۇنىڭ سەككىزىنچى ئەترەتنى پۇلسىز قۇتقۇزۇپ قېلىشقا كۆزى يەتمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يېزا باشلىقىنىڭ پىكرىنى ئاقتۇرالمىدى. يېزا باشلىقى يېزىغا قايتقاندىن كېيىن چوڭ ئەترەت بويىچە ئۆگىنىش توختالدى. پۈتۈن ئەزالار قومۇش ئورۇپ سېتىشقا قاۋانلىققا يېپىلدى، ئەكبەر كەچقۇرۇن ئۆيىگە قايتتى. ئۇنى قەرىخان كۆرۈپ ھەيران قالدى:

— جېنىم ئۇكام، نېمانچە سورقىداپ كەتتىڭ؟ قارىغىنا، ئىككىلىرىڭ ئورۇپ چاپلىنىۋەتكەندەك بولۇپ كېتىپتۇ. خىزمەتتىمۇ قىل، ئۆزۈڭنىمۇ ئايا! — دېدى قەرىخان ئىككى كۈندىن بېرى ئۆيگە قايتمىغان ئەكبەرنىڭ تۈگمىلىرىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن چىمدىپ تۇرۇپ، — ئېيتقىنا، نەلەردە يۈردۇڭ، كىملەرنىڭكىدە غىزا يېدىڭ؟...

ئەكبەر كىچىكىدىنلا ئۆزىگە ئامراق كىچىك ئاپىسىنىڭ ساغلام، لېكىن قېرىلىق يېتىپ قورۇق چۈشكەن، بېجىرىم يۈزىگە قارىدى. ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق، سېغىنىش يالقۇنجىغاندەك قىلىپ تۇراتتى.

— ئارزىگۈل قېنى، كىچىك ئاپا! — ئەكبەر ھامان ئۆزى توغرىسىدا گەپ بولغاندا مانا مۇشۇنداق گەپ يۆتكەشكە ئادەتلەنگەن، — تېخىچە قايتمىدىمۇ؟

قەرىخان ئۆز سوئالىغا جاۋاب ئېلىشقا قارىغاندا ئەكبەرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش زۆرۈرلۈگىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. ئۇ شۇ چاغدىلا دېرىزىگە قارىدى. كەچنىڭ سوغۇقىنى باشلىغان، كەشتىلىك دېرىزە پەردىلىرى ئارىسىدىن ئەينەكتىكى ئاپپاق قىراۋ گۈللىرى كۆرۈندى. تالاغا قاراڭغۇ چۈشكەن، ھويلا جىمجىت، ئانىسىنى سېغىنغان باغلاقتىكى موزاي «مۇ......» قىلىپ يەنە مۆرىدى. قەرىخان كالىغا ئاداپ بېرىشى، ئاندىن كېيىن سېغىشى، موزاينى يەنە ئايرىپ قويلار بار قوتانغا سولىشى، ئاۋۇ مايلىشىپ قىزارغان جوزا ئاستىدىكى «يانسۇن» دەپ دۈملەپ قويغان پىلتىلەرنى سوزۇپ ئەكبەرگە لەڭمەن سېلىپ بېرىشى، ئۇنىڭ ئىشتىھا بىلەن تاماق يېگىنىگە زوق بىلەن قاراپ ئېغىزىنى تۇتۇپ، ئىسسىق كاڭدا بىر دەم ئولتۇرۇۋېلىشى لازىم. شۇڭا ئۇ ئالدىراش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئەكبەر كەلگەندە ئېيتىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان گېپىنى دەۋېلىشقا ھەممىدىنمۇ بەك ئالدىرايتتى.

— شەرىخاننىڭ ئاشۇ گېپى راستمۇ ئەكبەر؟ — دېدى قەرىخان ئالدىراپ چېلەكنىڭ ئىككى قۇلىقىغا قايماق چاپلاۋېتىپ،

— ئىشەنمەي دېسەم بولىدىغان ئىشتەك قىلىپ تۇرىدۇ، ئىشىنەي دېسەم شەرىخاندىن راست گەپ چىقمايدۇ، ئويلاپ بېشىمنىڭ ئۈچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى....

— نېمە گەپكەن ئۇ سىنىڭ بېشىڭنى شۇنچە قاتۇرغۇدەك؟

— شۇ ھېلىقى..... پاتىمە بىلەن چىقىشىپ قاپتىمىش دېگەن گەپ.... — قەرىخان يەرگە قاراپ تۇرۇپ، پەس ئاۋاز بىلەن ئارانلا ئېيتتى.

— مەن بىللە ئىشلەۋاتقان ھەممىسى بىلەن چىقىشىمەن، —

دېدى ئەكبەر گەپ قاچۇرۇپ.
— ياق ھېلىقىدەك...... بىر - بىرىڭلارغا يارىغان بولساڭلار، نېمىمۇ دەيمىز...... بىز ئاغزىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتىمىز...... خەلقىنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى ئاڭلاپ ئانارخان، مەنسۇرلارنىڭ كۆڭلى ئەسكى بوپتۇ. ئانارخان ماڭا كېلىپ ھال ئېيتتى: «مەنسۇرنىڭ ئەكبەرگە ئاتىدىم» دېگەن سۆزىنىڭ يۈز - خاتىرى ئۈچۈنلا تالاي - تالاي لايىقلارنى قايتۇرۇۋەتتۇق، قىزىمىمۇ ئەكبەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئىنساپ بىلەن ئولتۇردى. تويىنىڭ ھەممە تەييارلىقىنىمۇ قىلىپ بولدى. ئەمدى بۇگۈن ئەكبەر كېلىپلا ئەپەندى قىز بىلەن تېپىشىۋاپتۇ. ..... ئۇمىغۇ ئىختىيارىي...... لېكىن بىز قايسى يۈزىمىز بىلەن خەقنىڭ يۈزىگە قارايمىز...... دېۋىدى، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئەسكى بولدى...... بىر بىردەم كۆز يېشى قىلىشتۇق. ئاينۇرغىلا ئىچىم ئاغرىيدۇ ئەكبەر. ئۇ سېنى دەپ راستىنلا ئاجايىپ ياخشى لايىقلارنى قايتۇرۇۋەتتى...... ئېسىت، قىزغا ئۇۋال.......
— سەن ئىشەندىڭما كىچىك ئاپا؟ — ئەكبەرنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ئۇ ئاينۇرنىڭ بايىقى قىياپىتىنى ئەسلىدى. چوڭ ئەترەتنىڭ ئالدىدا ئەكبەر ئاينۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئەھۋاللىشاي دەپ توختىۋىدى، قىز لاپ قىلىپ قارىدى - دە، يەرگە قارىغىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، ئازابلاندى......
— يېرىم - ياتا ئىشەندىم...... شۇنىسى غەلىتە — سونۇر بىلەن.......
— پاتىمە بىلەن سونۇر كىچىكىدىن تارتىپلا يېقىنغۇ، بۇنى بىلىپ تۇرۇپ قانداقچىسىگە يېرىم - ياتا ئىشىنىپ قالدىڭكىنتاڭ؟
— شەرىخان سونۇر ئەزىزخان ماشىنىچى بىلەن توي

قىلغۇدەك دەيدۇ، ئويلىسام پاتىمە مۇئەللىم ساڭا تازا.....؛

— سەن بۇ گەپلەرنىڭ ئارىسىدا قانداق بىر يامان غەرەز بارلىقىنى ئويلىغىن، — دېدى ئەكبەر كىچىك ئاپىسىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — سونور، پاتىمە، ئەكبەرلەر بايىنىڭ ئېغىللىرىدا قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ بالىلىقىنى ئۆتكۈزگەن، شۇ بالىلىق چاغلىرىدىنلا ئۇلار بىر - بىرسىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلىشكەن. ئېيتقىنا، ئەمدىزە ئۇلار بىر بىرسىگە قارا نىيەتلىك قىلىشامدۇ؟ بەزىلەر قەستەن ئىغۋا تارقىتىپ، بىزنى قارا كۆڭۈل قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماقتا. سەن ئەمدى مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىساڭ سۈرۈشتۈرگىن.

قەرىخان كۆزلىرىنى چىمىلداتتى، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ئەكبەرگە قارىدى. ئەكبەرنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل غەزەپ ۋە ئازابْ ئوتلىرى ئۇچقۇندىماقتا ئىدى.

— بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن، مېنىڭ ئېسىۋ - خىيالىم سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭلاپ قويۇشتا بولغاچقا باشقا تەرەپلىرىنى ئويلىماپتىمەن: ۋاي شەرىخان قاقباش، بايىزە بىر مەرەزنىڭ ئەخلىتىنى مېنىڭ هويلامغا تۆكۈشكە كەلگەن ئىكەنسەن - دە، خەپ توختا سېنى!

قەرىخان راستلا غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ چېلىكىنى ئۇنتۇپ چىقىپ كەتتى. ئەكبەر بولسا سارايغا كىيىم ئالماشتۇرۇشقا كىرىپ كەتتى.....

قەرىخان ئېتەكلىرىنى قېقىستۇرۇپ كالا سېغىشقا زوڭزىيىۋىدى، قارىسا چېلىكى ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، ئۇ پېشانىسىگە ئۇردى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ۋاي ئەكبەر، ئادەمنىڭ ئېسىنى قويمىدىڭغۇ - تاڭ! — دېدى.

— تىرىر...... هوۋ......! — هويلىغا ئۆكۈز قوشقان چانىنى هەيدەپ كېۋىر كىرىپ كەلدى. ئۇ قەرىخانىنى

كۆرۈپلا ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ھەي قەرى، نېمىگە گۈلقەقەلىرىڭ ئېچىلىپ كەتتى، چانا بىلەن قىز كۆچۈرۈپ كەلگىنىم يوق، قۇرۇق كۆتەك ئەكەلدىم. . . . . تامىقىڭنى تەييارلا، ئەتىگەنلىككىچە مۇنۇ كۆتەكنى يېرىپ سەرجان قىلىپ قوياي.

— نېمانچە، — دېدى قەرىخان كالىنىڭ كەينى پۇتى يېنىدا چېلىكنى تىزلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئەتىگەنلىككە يۇرتقا قازان ئاساتتىڭىزمۇ؟

يۇرتقا قازان ئېسىش چاغلىق ئىش، ئەتە قاۋانلىققا جەڭ باشلايمىزكەن، پۈتۈن چوڭ ئەترەت قومۇرۇلۇپ چىقىپ شۇ يەردە قازان ئېسىپ ئىشلەپ، ئۈچ مىڭ مو يەرنىڭ قومۇشىنى ئورۇپ تاشلىغۇدەكمىز. بۇ ئوتۇن شۇنىڭغا لازىم. بول، كالاڭنى تېز ساغ. . . . . .

تاغىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن ئەكبەر يۈگۈرۈپ چىقتى. كېۋۈر يالغان ئاچچىقلانغان بولۇپ:

— باركەنسەنغۇ، سېنى تېخى يەنە ھەربىي سەپكە كەتتىمىكىن دەپتىمەن! ھە، سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەھۋالى قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى ئەكبەر چانىدىكى غوژمەك قارىياغاچ كۆتىكىنى مۇرىدەپ تۇرۇپ، — ئۇلار ھازىر بىرىنچى ئەترەتنى مۇسابىقىغە چاقىرىۋاتىدۇ. ئەتە كۆرۈسلەر، ئۇلار سىلەرنى بېسىپ كېتىدۇ جۇمۇ!

— ھا ـ ھا ـ ھا. . . . . . ھارۋا ئېتى بەيگە ئاتنى قانداق بېسىپ كەتسۇن، بىرىنچى ئەترەت قاچان مەتەم بەيگىنىڭ ئالدىنى بەرگەن؟ بىز بىر ھەپتە ئەمەس ئۈچ كۈندىلا چاممىزنى تۈگىتىمىز!

— گەپ چامىنى تۈگىتىشتىمۇ؟

— ھە، نېمىدە ئەمىسە؟

هەممە تەرەپتە تەڭ قوزغىلىش لازىم. دە!
گىلمىدىڭمۇ، ئامما قوزغىلىپ، ھېيتەكلەرنىڭ ئۆيىنى
ختۇرۇپ نېمىلەرنى تېپىپ چىققىنىنى؟
— شۇنداقمۇ تېخى! — دېدى كېۋىر قولىنىڭ كەينى بىلەن
پىئاق قىراۋ باسقان بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، — مانا قارا،
ىدىلشانىڭ ئوغرىلىقى ئېچىلغىلى تۇرۇپتۇ. دە، ياخشى.
خشى، مەن ھازىرلا بېرىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ
ەلمىسەم......
ئۇلار كۆتەكنى چاندىن چۇشۇردى. كېۋىر ئۆيگە كىرىپ
ىتقۇچە ئەكبەر ئۇكوزنى چاندىن چىقاردى.
ئۇ قولىغا سۇپىدىكى يوغان ۋە ئېغىر پالتىنى ئالدى. دە،
ۆتەكنىڭ ئارۋاڭ. سارۋاڭ پوتاقلىرىنىڭ ئارىسىغا كۈچ بىلەن
ۇردى. پالتا ئاۋازى ئاۋرالنىڭ قاپتاللىرىدىن ئەكس سادا
گىرىتاتتى. پالتا زەربىدىن كۆتەكتىن يېرىندىلار ئۇچۇپ
ىقاتتى. بۇ يېرىندىلار ئەتىگەنلىككە، ياق، بۈگۈن ئاخشاملا
قاۋانلىق» يېنىدىكى جاڭزىنىڭ ھويلىسىدا گۈلخان بولۇپ
ىندۇ، بۇ گۈلخان «قاۋانلىق»قا قىلىنغان تۇنجى ھۇجۇمدىن
راقلارغا خەۋەر بېرىپ نۇر چاچىدۇ......
— تالادىن كىيىكتەك سەكرەپ ئارزۇگۈل يۈگۈرۈپ كىردى:
— ھازىر ماڭىدىغان بولدۇق. ۋاي ئەكبەر ئاكا، بۇ
ردىكەنسىزغۇ، شىڭلىلىرىمنى ھەربىيلەرنىڭكىدەك قىلىپ
ڭىپ بېرىڭا، بولۇڭ، ياشلار ھازىرلا يىغىلىدۇ! — ئۇ
كبەرنىڭ قولىدىكى پالتىسىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆيگە سۆرىدى.
لا سىغىپ بولغان قەرىخان قىزىنى يۇمشاق كايىپ:
— نېمىگە جاۋىلدايسەن، يەنە نەگە ئالدىرايتتىڭ، بۈگۈن
چېرگە بارمايسەن. ئەكبەر ئاكاڭ قونغىلى كەپتۇ، بىللە
ڭۇر - مۇڭۇر ئۆيدە بىر ئاخشام بولسىمۇ ئولتۇرۇۋالايلى، —
دى.

— ها ـ ها....... — قىز چاڭىلداپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بوم لېكىن جاراڭلىق كۈلكىسىدىن پېشايۋان لېمىدا تۈمشۇقىنى قانىتىغا تىقىپ ئۇيقۇدا ياتقان كەپتەرلەر ھۇركۈشۈپ پالاقلاشتى.

— سەن نېمە كويدا، بىز نېمە كويدا!

— نېمە كويدا بولساڭمۇ بۈگۈن چىقارمايمەن، ھېلىقى جاغدا قوغۇننى بۈگۈن تىلىمىز.......

— ئاپا، بىزدىن مەرىكىنى ئۈزەلمىسەڭ بىز بىلەن بىللە «قاۋانلىق»قا بارغىن، بىز ھازىرلا ماڭىمىز.

— نەگە؟ — موماي چېلىكىنى سۇپىغا قويدى.

— نەگە بولاتتى قاۋانلىققا، زەربىدار ياشلار گۇرۇپپىسى بۈگۈن ئاخشام ئالدىن كۆچۈپ بېرىشنى قارار قىلدۇق. ھازىر ماڭىمىز.

— ئەكبەرچۇ!....... — قەرىخان ئۇلارغا مۆل — مۆل قاراپ پەس ئاۋاز بىلەن سورىدى.

— بىزمۇ بۈگۈن كەچ «قاۋانلىق»تىكى جاڭزىدا يىغىن ئېچىشقا كېلىشىپ قويغان......

ئەكبەر بىلەن ئارزۇگۈل تاماقلىرىنى يېيىشىپ بولۇپ، شىڭلىلىرىنى دۈمبىسىگە تېڭىپ، چوڭ ئەترەت ئىشخانىسى ئالدىغا كەلگەندە ئۇ يەرگە ھەرقايسى كىچىك ئەترەتلەردىن ئاشۇنداق شىڭلى تاڭغان، شىڭلىلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئوغاق ۋە پىمىلارنى قىستۇرۇپ تېڭىۋالغان ياشلار توپ ـ توپ بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. ياشلارنىڭ بەزىلىرى بىر بىرسىنى قارغا ئىتتىرىپ يىقىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، بەزىلىرى ناخشا ئېيتاتتى، سۇپىدا بىرنەچچىسى شياۋلىننىڭ ئۇيغۇرچە ئاھاڭلارغا چېلىۋاتقان ئىسكىرىپكىسىنى زوق بىلەن ئاڭلىماقتا، يەنە بەزىلىرى بولسا قارا تاختا، قەغەز ۋە يەشىكلەرگە قاچىلانغان كىتابلارنى كۆتۈرۈپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئالدىراپ مېڭىپ

يۈرەتتى. ياشلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، تۇرقىدىن جۇشقۇنلۇق ۋە قىزغىنلىق چاقناپ تۇراتتى.

ياشلار ئەكبەرنى قورشىۋېلىشتى:

— قاچان قار كېتەرىكىن دەپ جېنىمىز تاقىلداپ كېتىۋاتىدۇ، ئەكبەركا!

— ئەكبەركا، بۈگۈن كەچتە قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرەرسىز؟

— ئەكبەركا، ئاخشام بىزنىڭ مۇزاكىرىمىز شۇنچىلىك قىزىپ كەتتىكى ئىيھاي. . . . . .

ماڭمايلىمۇ ئەكبەركا!

ياشلارنىڭ سوئاللىرى ئۈزۈلمەيتتى، گەپلىرى توختىمايتتى، ئۇلار قىن - قىنىغا پاتمايتتى.


ئەخمەتجان يېتىپ كەلدى - دە:

— يۈك - تاقىنى دىتىلۇغا تاشلاڭلار، ئۆزىمىز تىزلىپ پىيادە ماڭىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ كەينىدىنلا مەنسۇر، روزاخۇنلار، ئاندىن كېيىن ئاسىممۇ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئەڭ كەينىدىن ئەبلغازى ياشلار بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. بۇلار سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ زەربىدارلىرى ئىدى.

ئەخمەتجان ياشلارغا تىزلىنىشقا كوماندا بەردى.

بىردەمدىن كېيىن يۈزدىن ئارتۇق ياش ئۆچتىن تىزلىپ، ناخشا ياڭرىتىپ قاۋانلىققا قاراپ ماڭدى. سەپنىڭ ئالدىدا بايراق تۇتقان، قىزىل ياغلىق تاڭغان ئوتتۇرا بوي قىز — ئاينۇر دادىل قەدەم تاشلاپ باراتتى. ئەڭ كەينىدە بولسا ياشلارنىڭ ئاياغ بېسىشىغا قەدەملىرىنى توغرىلاپ روزاخۇن، مەنسۇر، ئاسىم، ئەبلغازىلار، ئۇلارنىڭ كەينىدە بولسا ئەكبەر، ئەخمەتجانلار كېتىپ باراتتى. ئۆيلەردىن بالىلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. بالىلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىراشلىقتا دادىسىنىڭ پىيمىلىرىنى، بەزىلىرى توپە ۋە قولاقچىلىرىنى



كۆزلىرىگىچە چۈكۈرۈپ كىيىشىۋالغان. ئۇلار يول تالىشىپ بىر بىرسىنى ئىتتىرىشىپ، يىقىلىپ - قوپۇپ سەپ بىلەن بىللە باراتتى.

ئۆيلەردىن ئادەملەر چىقىشىپ چاپانلىرىنى يېپىنچاقلاپ، «قاۋانلىق» قا تۇنجى قەدەم باسقان بۇ ياشلارغا زوقلىنىشىپ: «يارايسىلەر، ھوششەرىرە!» دەپ ۋارقىرىشاتتى.

ياشلارنىڭ تەكشى قەدەملىرى دەريا دولقۇنلىرىغا ئوخشايتتى، قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا يانلىرىدىكى ئوغاقلىرى يالت - يۇلت قىلاتتى. بۇ ھال خۇددى يەردە چاقماق چاقتاندەك تۇيغۇ قالدۇراتتى.

— يەنە بىر پۇتاق چىقارمۇ مەنسۇر؟ — دەپ سورىدى ئاسىم مەنسۇرنىڭ جەيىنىكىدىن ئاستا تۈرتۈپ. — يېزا باشلىقى تۇرسۇن توختىتىڭلار دېۋىدى، بىز تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتۇق. مانا قارا!

— ئۇلغايتقىنىمىز ياخشى بولدى. ئۈچ مىڭ مو يەرنىڭ قومۇشىنى ئورۇپ سېتىۋالساق سەككىزىنچى ئەترەتمۇ ئاپەتتىن قۇتۇلىدۇ. ئەتىيازلىققا قاۋانلىققا ھوجۇم قىلىشقىمۇ ئاسان بولىدۇ. ئەزالارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن سىرت، ھەربىر ئەترەتتىن ئاز - تولا پۇل چىقارسا تراكتور ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. تراكتور بولمىسا سازلىقنى ئاچقىلى بولاتتىمۇ؟ ئەترەتلەر قومۇش ئورۇپ ساتسىمۇ كاپىتالىزم يولى بولىدۇ دېگىنىنى قارا! يېزا باشلىقىنىڭ بۇ گېپى ئاقمايدۇ ئاسىم، كوللېكتىپ بولسۇن، شەخسىي بولسۇن توغرا يول بىلەن پۇل تاپسا بۇنىڭ نېمىسى يامان. پۇل بولمىسا نېمىمۇ قاملىشىدۇ؟ «مىلتىقنىڭ ئىچى مورا، ئۇنى ئېتىلدۇرغان دورا» ھەي ئاسىم، يېزا باشلىقى تۇرسۇن قايتىپ كەلگۈچە ئۈچ مىڭ مو يەرنى ئورۇپ بولىمىز . . .

— بۇ قېتىم يېزا باشلىقى كەلسە نېم قىلىۋېتەركىن! . .

چوڭ ئەترەتنىڭ بۇ ئىككى پېشقەدەم رەھبىرى يولدا بارغىچە

بىر ئامال قىلىپ پۇل تېپىش، ئەزالارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا، قاۋانلىقنى ئۈزۈل - كېسىل قۇرۇتۇپ، دېھقانچىلىقتىن تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ باردى.

. . . شۇ كۈنى كېچىسى ئەزىزىخاننىڭ دېرىزىسىگە بىرسى يۈزىنى يېقىۋېلىپ پىچىرلايتتى.

— ئاچ، گەپ بار!

— يوقال! — دېدى ئەزىزىخان ئۈنىنى قويۇپ بېرىپ. بۇ روزىمەت ئىدى.

روزىمەت ئەزىزىخان بىلەن ئېيتىشىپ پايدا ئالالمىغاندىن كېيىن ئايالنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى - دە، كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ تام تۈۋى بىلەن مېڭىپ باغقا سەكرەپ چۈشتى ۋە شورىلاردىن ئاتلاپ ھېيتەكنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. غورۇ يېنىدا ئۇياق - بۇياققا قاراپ خېلى تىڭ - تىڭلىدى، بىردەمدىن كېيىن ئاستا ئۆيگە كىردى: كاڭدا سېۋەتباش خوتۇن بېشىنى پاخپايتىپ كىمنىدۇر كايىپ ئولتۇراتتى. ھېيتەك بولسا كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىپ، ئوچاق مانتىدا سامان ئوتىنى چوخچىلاپ ئولتۇراتتى. روزىمەت ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەتە پۈتۈن چوڭ ئەترەت قاۋانلىققا ماڭغۇدەك . . . بۈگۈن ئاكتىپلىرى چازا قىلىشىپ مېڭىشتى. . . سىزنى ئەمدى سوغا مىلەپ قومۇش ئورۇشقا سالىدۇ. . .

— قاۋانلىقنى ئېچىشقا رۇخسەت بوپتىمۇ؟ — دېدى ھېيتەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — مۇشۇ زەيلىكنى قورۇتالىغۇدەكما؟ زەيلىك قورۇسا بىزنىڭ شورىمىز قورۇيدۇ! كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگىنىم قورۇسۇن، بۇ خۇدا ئامانىتىنى يە ئالمىدى. بۇلارنىڭ كالچاراشلىرىنى كۆرسەم پۈتۈن بەدىنىمدىن زەرداب تامچىلايدۇ، ئامال بولسا مۇشۇ زەينى تېخىمۇ كۆپەيتىمدىغان! ئامال بولسا بۇلارنىڭ بىسات - مىساتىنى يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە

تىقىۋېتىمدىغان! ھەي. .

ئۇ قوللىرى بىلەن ساقاللىرىنى ھازىرلا يۇلۇۋالىدىغاندەك قاتتىق سىلىكىدى. سېۋەتباش خوتۇن بولسا كەينى - كەينىدىن كېرىلىپ تۇرۇپ:

— بۇنداق كۈن كۆرگىچە بورۇختۇم بولۇپ ئۆلۈۋالغان مىڭ ئەلا. . . — دەپ نالە قىلدى.

روزىمەت دېرىزىگە قولىقىنى يېقىپ بىردەم تىڭشىدى - دە، قورسىقىنى تاتلاۋاتقان كېلەڭسىز خوتۇنغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ:

— سەۋر قىلىڭ ئانا، كۆپكەن كۆپۈك يېرىلماي قالمايدۇ، بۇلار كۆرەڭلەۋەرسۇن. كۆرىمىز: تاپقان - تەرگىنى قاۋانلىقىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ تۈگەپ، ئىسلاشقان پاخال بىراقلا گۇرۇلدەپ ئوت ئالىدۇ. . . — دېدى.

ھېيتەك غولىنى قورۇپ قويۇپ، ئۈچۈشكە باشلىغان سامان ئوتىغا مەيدىسىنى يېقىپ تۇرۇپ دېدى:

— شۇ كۈنىنى كۆرۈپ كۆزۈم يۇمۇلسا ھە! . . . ئىسىت. . .

. . . قاۋانلىقتا بۇگۈن كېچە ياشلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى توختىمىدى. ياۋايى چوشقىلار توپ - توپى بىلەن قويۇق قومۇشلۇقلار ۋە چاتقاللار ئارىسىغا قاچتى. توشقانلار بۆرتۈپ چىققان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھېلىمدىن - ھېلىغا ئورنىدىن ئۆركۈپ قاچاتتى. جاڭزىنىڭ ئۆگزىسىدە ئۇزۇن خادىلىق قىزىلبايراق جەۋلان قىلاتتى.

ياڭۋار ئېيىنىڭ باشلىرى بۇ يەرلەردە ئاجايىپ ئاچچىق شامال چىقىدۇ. شامال بىردە كۈن چىقىشتىن، بىردە شىمال تەرەپتىن سوقۇپ، ئۇششاق قار پارچىلىرىنى تاملارغا، چاتقاللارنىڭ غوللىرىغا ۋە دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچلانغان شاخلىرىغا ئۇرۇپ، بىردە ھۇشتەك چالىدۇ، بىردە بولسا ھۇلىغان ئاۋازلارنى

چىقىرىدۇ. جاڭزا ئۈستىدىكى قىزىلبايراق شامالنىڭ ھەر خىل ئاھاڭلىرىنى بىسىپ چۈشىدىغان شاۋقۇن بىلەن ئاسماندا قارسىلدايدۇ. شامال كۈچەيگەنسىرى ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ئاخشام گويا بۇ يالغۇز جاڭزىدا توي بولغان، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بۇنداق يالقۇنجاپ تۇرىدىغان بايراق كۆرگەن خىلۋەت تاشلاندۇق جاڭزا: «قاراڭلار، مەن قايتىدىن ھايات باشلىدىم، ئەي ئىتىزلار، مېنى قۇتلۇقلاڭلار» دەۋاتقاندەك، گويا ئەتراپىدىكى قىرى سۆگەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك شادلىققا چۆمگەنىدى. . .

ئەكبەرنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. يان ئۆيدىكى قىزلارمۇ، مۇنۇ چوڭ ئۆيدىكى يىگىتلەرمۇ ئۇخلىغان. ئەتىگەندىن بېرى ياتاقلارنىڭ تېگىگە زىغىر پاخلى يېيىتىپ، مەش قويغان، كىچىككىنە لەمپە تېگىدىكى داشقازان بىلەن يەنە بىر ئارا قازانغا ئوچاق تەييارلاپ چارچىغان روزاخۇن بوۋاي بىلەن مەنسۇرمۇ مەشنىڭ يېنىدا ئۇخلىماقتا. مەنسۇر بىردە كاناي چالغاندەك، بىردە پىلىموت ئېتىلغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ خورەك تارتماقتا. ئىشىك تۈۋىدىلا مەنسۇرنىڭ يوتىسىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغان ئەبلغازى تۈگۈلۈنۈۋالغان، ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان سوغۇقتىن مۈزلىماقتا ئىدى. ئەكبەر پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۆزىنىڭ ھەربىيچە جۇۋىسىنى ئەبلغازىغا يېپىپ قويدى. ئۇ يېپىما ۋە پاختىلىق چاپىنىنى كىيىپ تالاغا چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. . .

بىر دەمدىلا ئەتراپنى ئاپئاق تۇتەك باسقان، مەھەللە تەرەپ قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇ مۇشۇ «قاۋانلىق»تا بىر چاغلاردا مۇشۇنداق بىر قىشلىقى دەھشەتلىك بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەن، ئۇ چاغدىمۇ ھاۋا مۇشۇنداق سوغۇق ئىدى.

. . . قىش پەسلىدە كالىلار قوتاندىن چىقىپ خالىغان تەرەپكە بېرىپ ئوتلاپ كېلىدۇ. قار قېلىن بولمىغان بىلى كالىلار

ئۈچ، تۆتتىن بولۇشۇۋېلىپ مۇشۇ «قاۋانلىق» قىمۇ كېلىپ ئوتلايدۇ.

غۇلجا شەھىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جىددىي سوقۇشلار بولۇۋاتقان يىلى بۇ يېرىلاردىمۇ قاتتىق ئەنسىزچىلىك بولدى. بايلار قاراڭغۇ چۈشمەيلا دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، مالايلىرىنى كۆزەتچىلىككە قويىدۇ. ئۇلار خەلقتىن قورقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەرۋازىلىرىغا جۇپلەپ قۇلۇپ سالغۇزۇپ، ئۆزلىرىنى «قۇلۇپ» ئىچىدە ساقلىماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇلار بەرىبىر تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقمايدۇ.

— تۆت ئۆكۈز يوق!...

ھېيتەك باي نامازدىگەر بىلەن ھويلىدا قىقاس سالدى.

— ماڭ، ھەي ئەكبەر قاۋانلىققا بار، ئاڭلىسام ئۇ يەردە «ئوغرىلار» بارمىش، تايىنلىق ئۆكۈزلىرىمنى شۇلار سويۇۋالدى!

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ھەر مىللەت خەلقى پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلىپ ناھايىتى تېزلا نىلقا ناھىيىسىنى ۋە غۇلجا شەھىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئازاد قىلدى. 1945 - يىلى 1 - ئايلاردا غۇلجا شەھىرىدە گومىنداڭ بىلەن قوراللىق قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭلەر بولدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى پات - پاتلا شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ قاچاتتى. قاچقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن يوللارغا يوشۇرۇن پارتىزانلار قويۇلاتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلاۋاتقىنىغا ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتقان بەزى بايلار بولسا، قوزغىلاڭچىلارنى «ئوغرىلار» دەپ تىللايتتى. ھېيتەكنىڭ «ئوغرىلار» دەۋاتقىنى ئەنە شۇلار ئىكەنلىكىنى ئەكبەر بىلەتتى. ئەكبەر باينىڭ بۇ ئىش

بۆيرۇشىدىن خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ ئاشۇ «ئوغرىلار» بىلەن بىر كۆرۈشىمەن دەپ ئارمان قىلىپ، قانچە كېچىلەرنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى.

ئەكبەر تىزىغا كېلىدىغان كۆرەك جۇۋىسىنى چىڭ ئوراپ، بېلىنى چىگە بىلەن باغلىدى. پۇرۇم چۇقىيىنىڭ چىگىسىنى يېشىپ ئۆزى تىكتۈرگەن كىگىز پايپىقىنى يۇقىرى تارتىپ تورۇپ قايتىدىن تانا بىلەن چىڭ قىلىپ ئورىدى. باي ئۇنىڭ بوغۇم - بوغۇم بولۇپ تۇرغان كىگىز پايپاقلىق ئايىقىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— تۇشقاندەك چاققان بولدۇڭ، ئەمدى تايغاندەك ئالمان بول، ماشكىدەك تۈيغۇن بول، نەدىن بولمىسۇن تۆت ئۆكۈزۈمنى تېپىپ كەل. «ئوغرىلار» ئالغان بولسا ئايىقىغا باش قويۇپ، مەن يېتىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن دەپ يىغلا، مانا مۇنداق. . .

باي هويلىدا — چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، باش قويۇش، ئاياقلىرىغا چىرمىشىپ يالۋۇرۇشنى ئەكبەرگە ئۆگىتىشكە باشلىدى.

. . . كېچىككىنە بالا يولسىز ئېتىزلىقتا، قىرلاردا تۇشقاندەك سەكرەپ، كالا ئىزى بىلەن قاۋانلىقتا يۈگۈردى. كالىلار قومۇشلۇقتا كىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئىككى گىرۋەكى ئېگىز، قويۇق قومۇشلۇق چىغىر يولدا قاۋانلىقتا ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. قاۋانلىق دەهشەتلىك شالدىرلايتتى. يېقىنلا يەردە ياۋا چوشقىلار چىرقىرىشاتتى، مەرىگۈچ «مە. . . مە. . . مە. . .» قىلىپ ئۇچاتتى، ئۆدەك ئەنسىز غاقىلدايتتى. قىرغاۋۇل مېكيانلىرى قاقاقلىشاتتى.

— هوۋ، هوۋ، هوۋ! — ئەكبەر زىل ئاۋازى بىلەن ئۆكۈزلىرىنى چاقىردى. هېچيەردىن كالىنىڭ مۆرىشى ئاڭلانمىدى. ئەكبەر ئىچكىرىلەپ مېڭىۋەردى، يوللار بىر بىرسى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن، ئۇ ئىچكىرىلىگەنسېرى يوللار شۇنچە

چىرمىشىپ كەتكەنىدى. قاراڭغۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ يەنە كالىسىنى چاقىردى. بىردىنلا ئالدى تەرەپتىن بىر توپ چوشقا خارتىلداپ چىقىپ كەلدى. ئەكبەر قويۇق قومۇشلۇق ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنى كۆرۈپ قالغان قاۋان ئەنسىز چىرقىرىدى - دە، ئەكبەرگە قاراپ ئېتىلدى. كىچىككىنە بالا قاۋاننىڭ مىجەزىنى بىلمەيدۇ: ئۇ يىقىندىن ئايلىنالمايدۇ. بىراق دائىرىدىن ئايلانغىچە مۆكۈنگىلى بولىدۇ. ئۇ قاۋان ئۆزىگە قاراپ ئېتىلغاندا چەبدەسلىك بىلەن بىر چەتكە ئۆتۈۋالدى. قاۋان ئەكبەرنى ئىزدەپ بىرنەچچە ئايلاندى - دە، ئاخىر بىر چىغىر يولغا قاراپ ئۆتتۈر يۈگۈرۈپ كەتتى. ئەكبەر كەينىگە يېنىپ قارشى تەرەپتىكى چىغىر يولغا كەتتى. ئۇ ئەمدى كەلگەن يولىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان، قاياققا مېڭىشىنى بىلمەيتتى. ئەكبەر ئالدىدىكى يول بىلەن ئۆتتۈر مېڭىۋەردى. ئۇ بىردىنلا مىلتىق ئېتىلغانلىقىنى ئاڭلىدى - دە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈردى. گۈلخان كۆرۈندى. گۈلخان يېنىدا ئون نەچچە ئادەم يوغان جۇۋىلارغا ئورۇنۇشۇپ يېنىچە يېتىشاتتى. شىرىق چاپان كىيگەن ئوتتۇرا بوي بىر يىگىت گۈلخانغا ھەدەپ قورۇق شاخلارنى تاشلىماقتا ئىدى...

— ئاكىلار، كالا كۆردۇڭلارمۇ؟ — دېدى ئەكبەر گۈلخانغا يېتىپ كېلىپ.

ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

— مالچىمىدىڭ، كالاڭ يوقۇلۇپتۇ - دە؟ — دېدى.

ئەتراپتا يېنىچە ياتقانلارمۇ بالىغا قىزىقىپ سوئال سوراشقا باشلىدى:

— خوجايىنىڭ كىم؟

— ھېيتۋاقى!

— ھە، ئىسلام ھاجىلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئىكەن - دە! پاھ، ئۇ دېگەن ئادەم ئىلىكنى شورايدىغان سۈلۈك!

— خوجايىنىڭنىڭ ئەدىبىنى بېرەيلىچۇ؟

— شۇنداق قىلساڭلارغۇ تازا خۇشال بولاتتۇق.

— شۇنداق قىلىمىز. ئولتۇر، ئىسسىنىۋال، ئۆكۈزلىرىڭنى بىز كۆرمىدۇق، — دېدى ھېلىقى شىرىق چاپان كىيگەن ياش يىگىت، — ئاڭلىدىڭمۇ، ئاۋۇ زەمبىرەك، پىلىموتلارنىڭ ئاۋازىنى! گومىنداڭنى يوقىتىپ بولاي دېدۇق، ئەمدى بايلاردىنمۇ ئۆچىمىزنى ئالىمىز. سېنىڭ بىلەن بىزگە ياخشى كۈنلەر كېلىدۇ ئۆكام، شۇ چاغدا ھا - ھا... — ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى.

ئۇلار ئەكبەرنى نان - پان بىلەن مېھمان قىلدى...

«قاۋانلىق»تا ئۇچراشقان شۇ ئادەملەر ھازىر بار، ئۇلار كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئۆز ئارزۇسىغا يەتتى، گومىنداڭنى يوقاتتى، بايلارنىمۇ يوقاتتى، مىڭلىغان، مىليونلىغان ھەمراھلىرى بىلەن جەمئىيەتكە خوجايىن بولدى.

ھېلىقى شىرىق چاپان كىيگەن يىگىت — ھازىرقى ھاكىم ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ فۇ شۇجىسى ئادىلجان.

شۇ ئادىلجانلار قاۋانلىقنى ئۆزلەشتۈرۈشنى قەتئىي قوللىماقتا، پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلقنى يۆلىمەكتە، قوللىماقتا... لېكىن يېزا باشلىقى تۇرسۇن بۇ ئىشقا سالقىن قارىماقتا. ئۇ ھەتتا يېقىندا قومۇش ئورۇپ سېتىشنى چەكلەشنى، شەخسلەر ئورۇپ ساتسا مۇسادىرە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى...

يەرگە يورۇق چۈشتى. مەھەللە تەرەپتىن بىرسى دۈمبىسىگە شىڭلى ئارتىپ كەلمەكتە ئىدى، ئۇ قاردا مۆكچىيىپ ئارانلا ماڭاتتى.

ئەكبەر كۈلۈمسىرىدى، ئۆيدە ئۇخلاۋاتقانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان، مەنسۇر بىلەن روزاخۇن بوۋاي كۆتەك يېرىۋاتاتتى. ئاسىم بىلەن ئەخمەتجان جاڭزا قورۇسىنىڭ تېمىغا چىقىۋېلىپ قاۋانلىقنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشمەكتە

ئىدى. ئەبلغازى ئالدىراپ ئۆكۈزگە چانا قېتىۋاتاتتى. ياشلارمۇ ياتاقلىرىدىن چىقىشىپ ساپ ھاۋادا قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، ناخشا ئېيتىشاتتى...

— كىمدۇ بۇ بىرىنچى بولۇپ مەھەللىدىن كېلىۋاتقان؟ —

ئۇ ئادەم يېقىنلاپ كەلدى. ئەكبەر ئۇنى تونۇدى:

— ۋوي ھېكمەتكا، — دېدى ئەكبەر ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ مېڭىپ، — مانا قاراڭ، سودا - سېتىقمۇ بولسۇن دەپسىزدە!

— قېنى، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاۋۋال قولىڭىزنى بېرىڭ، تەۋرىزەك ئىشقا تۇتۇش قىلغان قوللارنى مۇجۇپ بېقىش قانداق راھەت. قاچان تاڭ ئېتىشنى كۈتەيمۇ. كېچىچە ھازىرلىقىمنى قىلىپ باش تۇخۇ بىلەنلا بۇ ياققا ماڭدىم. مانا قاراڭ، تاماكا، كەمپۈت. سوپۇن، لۆڭگە... ھاراقمۇ بار. يەنە نېمىلەرنى ئەكەلسەم بولىدۇ، مەسلىھەت بېرىڭ!

— ئەزالار كەلسۇن، نېمىلەرگە ھاجەت چۈشىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت كۆرسىتىدۇ، — دېدى ئەكبەر، - پىيما، يىپ پوپايكا، قېلىن كىيىملەردىن، ھەر خىل رەختلەردىن جىقراق ئەكىلىڭ. ھازىر ئەزالاردا نەق پۇلمۇ بار. قومۇش ساتقان پۇلدىن ئەزالارغا ئىش ھەققى بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز.

— بولىدۇ، مانا ھازىرلا ئۆچىمەن، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرمىساق قىلغان ئىشىمىزدا نېمە مەززە بولسۇن؟ مانا، سىز قاۋانلىقنى ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، بۈگۈن بۇ يەرگە تۇنجى قەدىمىمىز يەتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئىنسان دېگەن قىلغان ئارزۇسىغا ئىنتىلىشكە تۇغۇلغان...

— شۇنداق دېدى، — ئەكبەر ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاشتۇرۇپلا، — ھەر كىمنىڭ ئۆز ئارزۇسى بولىدۇ، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسى نېمە؟ خەلقىمىز، گۈزەل، باياشات بىر جەمئىيەت قۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ. كۆپچىلىك ئىنتىلگەن ئىش ۋۇجۇدقا چىقماي قالمايدۇ، لېكىن بەزىلەرنىڭ ئوي - خىيالى باشقا...

ئەكبەر بۇ گەپلەرنى ئەلۋەتتە بىكارغا ئېيتمىدى، ئۇ ھىكمەت توغرىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلىدى، چوڭ ئەترەتتە يۈز بەرگەن ئىشلاردا ئاشۇ ھىكمەتنىڭ قولى بارلىقى ئىسپاتلانماقتا، ئۇنىڭ بالىسىنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە ناھىيىلىك ساقچى ۋە يېزىلىق پارتكومى جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقتا. . .

ھىكمەت كۇلۇمسىرىدى:

— تازا جايىدا گەپ قىلدىڭىز، يامانىنى يوق دېگىلى بولامدۇ، مەسىلەن ئېيتايلۇق، مۇشۇ ھەيدەر بايىنى. . .

ئەمما ئەكبەر مەنسۇر بىلەن روزاخۇن بوۋاينىڭ يېنىغا ئالدىراپ كېتىپ قالغانىدى.

ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرى ھارۋا - چانىلار بىلەن مەھەللىدىن چىقىپ قاۋانلىقىقا قاراپ ئاقماقتا. ئوچۇق ھاۋادا بايراقلار جەۋلان قىلاتتى. ئوغاقلار يالت - يۇلت قىلاتتى، مەھەللىدىن ناخشا - كۈلكە، قىقاس - چۇقان بىلەن چىقىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپى چېچەك سۈيىدەك گۈكىرەپ ئېقىپ، بۇ قەدىمىي قومۇشلۇققا يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە. . .

ئەكبەر بىر تۇرۇپ خۇشال بولاتتى، چۈنكى بۇ ئادەملەر بايلىق تاپاتتى. يەنە بىر تۇرۇپ ئەنسىرەيتتى، چۈنكى يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئەكبەرگە پۇل تېپىشنى توختىتىشنى، پاش قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تاپشۇرغان. ئەكبەر بولسا ئىلاجىسىزلىقتىن مەنسۇر، ئاسىملارنىڭ زورى بىلەن ئۆگىنىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغانىدى. دېمەك يېزا باشلىقى كەلسە جاۋاب بەرمەك تەس ئىدى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى.

## ئون بىرىنچى باب

كۆن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەن، لېكىن ھاۋا ئاچچىق سوغۇق. قاۋانلىقتا بولسا ھايات تومۇزدەك قاينىغان. . .

دەسسىگەن مۇز ئويۇلۇپ كەتكەندە پىيمىسى بىلەن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن يىگىتنىڭ ياغىچىدىن تارتىشىۋاتقان ياشلارنىڭ قىقاسلىرى. قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە سول تارتىپ كىرىپ كەتكەن زەربىدار قىزلارنىڭ ناخشىلىرى پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىغان.

— ھەممە ئادەم دەم ئېلىشقا ئولتۇرىدۇ. ئەنە ئەكبەركامۇ قېرىلار بىلەن بىر نېمە دەپ كۈلۈۋاتىدۇ. ئولتۇرغىنا ئاينۇر! — دېدى پۈدەپ قويغاندەك سېمىز قىزچاق.

ئاينۇر ئاڭلىنار - ئاڭلانماس قىلىپ پىچىرلىدى:

— كۈلىدۇ - دە. . . — سېمىز قىزچاق بۇ ئاددىي گەپنىڭ ئىچىگە قانچىلىك ئازاب، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈچمەنلىك يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئاينۇر ئەكبەر كەلمەستە ئۇنى ئاجايىپ ئەخلاقلىق، خۇشخۇي، سادىق، مېھرىبان دەپ بىلەتتى. چۈنكى يىگىتنىڭ خەتلىرىدىن بۇ پەزىلەتلەر بىلىنىپ تۇراتتى. ئەكبەر كەلگەندىن كېيىن بايىقى پەزىلەتلەر ئۈستىگە يىگىتنىڭ قاملاشقان بەستى، ئاجايىپ ئىشچانلىقى، ئۆگىنىشكە ئامراقلىقى، كەمتەرلىكى، ئاينۇرغا تولىمۇ قىزغىنلىقى قوشۇلدى. ئاينۇر ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىممۇ يالغۇز سۆزلەشمىدى. بەختلىك كۈننىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتتى. ئىككى ئاي ساناپ تۇرۇپ كۈتتى. .

مانا ئەمدى ئۇ يىگىت باشقا بىرسىنىڭ. . .

— ھەي ئاينۇر، سېنى ئاشپەزلەر چاقىرىۋاتىدۇ! . . . —

سېمىز قىز ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى.

ئاينۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ جاڭزا تەرەپكە قارىدى. ئەتىگەنلىك قوياش نۇرى ئەمگەك بىلەن پىشقان دېھقان قىزنىڭ گۈزەل چىرايىنى قىزارتىپ، كۆنگە قاقلىنىپ پىشقان ئاپئورۇت ئالمىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

ئاينۇر تېخىچە ئەتىگەنلىك تاماقنى يېمىگەن، شۇڭا ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، قول ئىشارىتى قىلىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ شۇ ياققا قاراپ يۈگۈردى...

هويلىدىكى كىچىككىنە پېشايۋان ئاستىغا داش قازان ئېسىلغان. قازاندا كالا گۆشى قايناۋاتاتتى. دالاندىكى يوغان پالاز ئۈستىدە بىرنەچچە ئايالار ۋە قىزلار سۇپۇرلىرىنى يېيىپ ئاش يايماقتا. دالاننىڭ ئىچى هور بىلەن تولغان، ئىچكىرىكى ئۆيدە بولسا ئوقۇتقۇچى قىز پاتىمە رەڭلىك بورلار بىلەن قارا تاختىغا بىر قىزنىڭ سۈرىتىنى سىزماقتا.

— مانا، مەنمۇ ئومىچى قىزنى سىزىپ بولدۇم، — دېدى پاتىمە، قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىپ، — قاراڭلار، كىمگە ئوخشاپتۇ؟

دالاندىن قىزلار، ئايالار كىرىشتى، ئورغاق تۇتۇپ تۇرغان قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، بىر بىرسىگە چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— هوي پاتىمە، سۈرەتكە ئەڭ ياخشىنى سىزىدىغان بولغاندىكىن بىزنىڭ ئەكبەر شوجىنى سىزسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېدى بىر ئايال.

— ئېيتقىنا، كىم ئارزۇگۈلنى يىگىتلەردىن كەم سانايدۇ؟ — دېدى پاتىمە، — قارا، ماۋۇ سانلارنى، رېھىمنىڭ 80، 90، 100 باغ، ماناپنىڭ 90، 100 باغ.

— ئارزۇگۈلچۇ؟ — هېلىقى ئايال بۇنى بىلىشكە قىزىقتى.

— مانا قارا، — دېدى ئاينۇر سانلارنى كۆرسىتىپ، —

بىر ھەپتىدىن بېرى كۈنىگە 100 باغدىن . . . تونۇگۈن 140 باغ ئوردۇپتۇ.

— بۇ سۈرەت ئارزۇگۈلگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشاپتۇ، — دېدى بىر ئايال. — شىرنىق چاپىنىنى قاراڭلار، ھەي پاتىمە، ياغلىقىنى يېشىل قىلىپ بوياڭ!

— سانلار ئۆرلەۋېتىپتۇ، — دېدى پاتىمە سانلارنى ئوقۇۋېتىپ، — سانلاردىنمۇ كۆرە ياشلىرىمىزنىڭ ئىپىل خىسلىتى. . . مەن ئارزۇگۈلگە قايىلمەن: ئوقتۇغلارمۇ، بەختىيار مۈزنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كېتىپتىكەن، ئارزۇگۈل بەلگىچە سوغا سەكرەپ چۈشۈپ تارتىپ چىقىپتۇ. قەھرىتان سوغۇقتا سوغا كىرمەك ئاسانمۇ؟ شۇنچە ئىشلەپ كېلىپ ھاردىم دېمەستىن كەچتە ئويۇن تەييارلايدۇ، ھەممە ئادەم ئۇخلىغىچە بىردەم گېزىت ئوقۇيدۇ، بىردەم ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ، قىينچىلىق ئالدىدا قاپاق تۈرگىنىنى كۆرمىدىم. . .

— ۋاي تېخى، تونۇگۈن كېچە خۇۋالىق ياتاتتىم، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى بىر ئاشپەز ئايال ئاغزىدىكى شامىنى ھوزۇرلىنىپ چايناۋېتىپ، — ئىككى قىز چېلەكلەرنى داراڭلىتىپ ئېپچىقىپ كېتىشتى، بىردەمدىلا ئون چېلەكلىك تۆت توڭنى تولدۇردى. ئۇنىڭ بىرسى ئاشۇ ئارزۇ، يەنە بىرسىنى ئېيتساڭچۇ ھوي ئاينۇر!

— مۇنداق قىزلار ئازمىدى، — دېدى ئاينۇر يەرگە قاراپ، — قايسى بىر قىزىمىز بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ دەيسىز، سىز ئوخلاپ قېلىپ. . .

— ۋاي قارا سېنى، گەپنى ئېپېچىۋاتقىنىڭنى، — دېدى ئايال قاقاقلاپ كۈلۈپ، — بۇرۇنلاردا قىزلار ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن يىگىتلىرىنى ئاشۇنداق يوشۇراتتى، ھازىر زە، كۆپچىلىك ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشىنى يوشۇرىدىغان بولۇۋاپتۇ، نېمىشكە مەن قىلدىم دېمەيسەن ھەي ئاينۇر!

ئاينۇر قىزىرىپ يەرگە قارىدى. . .

— ئارزۇ دېگەن شۇجىنىڭ سىڭلىسى تۇرسا. . . — دېدى كىچىك قىز چىمەن، — ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭمىسا بولامدۇ!

چاخچاقچى ئاياللاردىن بىرسى گەپ قاتتى:

— ئەمدى ئارزۇگۈلنى يىگىتلەر تالىشىدىغان بولدى!

يەنە بىر ئايال مەنلىك قىلىپ:

— ئەكبەرنى قىزلار تالاشسا، سىڭلىسىنى يىگىتلەر تالاشسا چاپ - چاپ بازار قەرىخانىنىڭ ھويلىسىدا بولىدىكەندە!

باشقىلار كۈلۈشتى، لېكىن ئاينۇر يات مېكياننىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان چۈجىدەك قورۇندى ۋە ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، ئۇنىڭ ھالىنى چۈشەنگەن پاتىمە قىزغا قارىۋىدى، ئاينۇر ئادەتتە يېقىن ئۆتىدىغان پاتىمەگە يوشۇرۇن ئالايدى. . . الاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، پاتىمە ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئۇ ئاينۇر بىلەن پاراڭلاشماقچى ئىدى، لېكىن ئاينۇر قارلىق دالىدا كەينىگە بۇرۇلۇپمۇ قويماي قومۇشلۇققا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى.

قىزلار قارا تاختا گېزىتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ چىقىپ ئورنىغا ئاستى. قىزنىڭ ئورغاق تۇتۇپ تۇرغان سۈرىتى ئاستىغا «ئارزۇگۈلدىن ئۆگىنەيلى» دەپ يېزىلغان، گېزىتنىڭ بېتى شوئارلار، ۋەدىنامىلەر، قەسەملەر بىلەن تولغانىدى.

قىزلار ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈلخانىغا قاقلانغان قارا پىيمىلارنى كىيىشىپ، قومۇشلۇققا قاراپ مېڭىشتى.

— ھەي قىزلار، كۈن سوغ، بىر پىيالىدىن ئىسسىق شورپا ئىچىۋېلىپ مېڭىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى قېرى ئايال.

قىزلار يىراققا كەتكەنىدى. موماي ئۆزىچە پىچىرلىدى:

— ئايلىناي گۆھەرلىرىم، سادىغاڭ بولاي! دەم ئالماي يەنە كېتىشىپبارغىنىنى، ئەجەب چارچىمايدىكەن. . . قارىمامدىغان شۇنچە سوغۇقتا يېلىڭ كېتىپ بارىدۇ، سوغۇق شۇمشەيگەنگە ئۆتىدۇ دېگەن گەپ راست ئىكەن، بىزنىڭ قىزلىرىمىزنىڭ

يۈرىكى چوغ!

ئاينۇر سۈيى چوڭقۇر، مۇزى نېپىز قومۇشلۇقتا ئېچكىرىلەپ ئۇرىماقتا. . . باغچىلار، توشۇغۇچىلار ئۆز ئىشلىرىنى ئالدىرىشىپ قىلىشماقتا. . .

«قاۋانلىق» ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرىنىڭ چوقان - سۈرەنلىرى ئىچىدە ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ شادلىقنى كۆرمەكتە. . .

پاتىمە ھاياجانلاندى، ئۇنىڭ پىكىرلىرى مىسرا بولۇپ تىزىلدى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كىچىككىنە دەپتىرىگە يازدى. ئاززۇگۈل يۈگۈرەپ كېلىپ ئۇنىڭ دەپتىرىنى ئېلىپ قاچتى ۋە شوخ قىزلارنىڭ يېنىغا بېرىپ دېكلىماتسىيە قىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

ئەمگەك قىلدۇق تەر تۆكۈپ،
يەرنى گۈلگە كۆمگىلى.
بەخت ئاقسۇن سەل بولۇپ،
غۇلاچ ئېتىپ چۆمگىلى.

ياشلار بىلەن ئىشلەۋاتقان شياۋلى قىزلارغا ۋارقىرىدى:

— بېرىڭلار، ئاخىرىسىنى يازسۇن، مەن ئاخشاملىققا ئاھاڭغا سالىمەن!

— تېزراق ئاھاڭغا سال شياۋلى، مېنىڭ يېڭى ناخشا ئېيتقىم بار، — دېدى ئاززۇگۈل ئوغۇل باللاردەك بوم ئاۋاز بىلەن.

. . . ئاينۇر ئېگىز، قويۇق قومۇشنى تەتۈر قاماپ ئۇرىماقتا. باشمالتاق قولدىن توم قومۇشقا ئورغاق تەسلىكتە ئۆتەتتى، قىز بىر تۇتام - بىر تۇتامدىن ئورۇۋېتتى، ئۇ تەرگە مىلەندى، قاش - كىرپىكلىرى قىراۋدا قېتىشتى. بۆدرە

چاچلىرىدا قار دانچىلىرىدىن ئاجايىپ چىرايلىق گۈللەر پەيدا بولدى، ئۇ، ئۆزىنىڭ سول تارتىپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكىنىنى سەزمىدى. قىزنىڭ خىيالى ئۆزىگە ھاقارەت بولۇۋاتقان ئىشلاردا ئىدى. گويا ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭغا تەنە قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئادەملەرگە ئارىلاشمايدىغان، گەپمۇ قىلمايدىغان بولۇپ قالغان، كېچىلىرى يالغۇز كارىۋىتىدا دۈم يېتىپ يىغلايتتى. . . ئۇ مانا ھازىرمۇ يالغۇز قالغاندا بايا جاڭزىدا ئاڭلىغان تەنە ئۈچۈن ياش تۆكمەكتە ئىدى. . .

ئۇ بىردىنلا خىيالىنى چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشلىرىغا يۆتكىدى: قومۇش پۇلىغا چوڭ ئەترەتكە ئىككى تراكتور ئېلىنغان، تراكتور ھەيدەشكە ئىشقىۋاز دوستى ئارزۇگۈل رولدا، ئۆزى بولسا كېچىچە چاڭغا مىلىنىپ سوقا تۇتتى، ئۇلار كېچىچە تراكتور ھەيدىدى. يۇيۇنۇپ - تارىنىپ ئۆز يېزىسىنىڭ كىلۇبىغا ئويۇن تەييارلاشقا بېرىشتى، ئېلېكتر بىلەن نۇرلانغان زالدا ئاينۇر ئۆزىنىڭ زىل ئاۋازى بىلەن يېزىغا بېغىشلانغان بىر ناخشىسىنى ئېيتتى. . . چاۋاك چېلىۋاتقانلار ئىچىدە ئۇ ئەكبەرنىڭ خۇشخۇي چىرايىنى كۆردى. . . لېكىن ئۇنىڭ يېنىدا پاتىمە پەيدا بولدى. . . قىز سەسكىنىپ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈردى. قىز دەسسەپ تۇرغان يەرنىڭ مۇزى ئىككى قېتىم چاراسلىدى. قاراس - قۇرۇس قىلىپ بىرمۇنچە يەرنىڭ مۇزى بىراقلا چۆشۈپ كەتتى. قىز بەلگىچە سۇغا چۆكتى. ئۇ پۇتلىرىنىڭ چىملىدىغانلىقىنى سەزدى، ئۇ ئېڭىشىپ قولىدىكى بىر تۇتام قومۇشنى قويۇۋەتمەي مۇز پارچىلىرىنى تۇتۇپ ئۆمىلەپ كۆردى، ياق، ئۇنىڭ ياردىمى بولمىدى. قىز پىيمىسى بىلەن چوڭ - چوڭ چامداپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى، بىراق پۇتلىرى جايىدىن قىمىر قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىدىرلىغانسېرى چۆكۈۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇ چاغدىلا ئۇ يازدا ئاپئاق ئېچىلغان گۈلپە گۈللىرىنى ئېلىشقا كەلگەندە

قانچە قىلسىمۇ كىرەلمەي قالغان كۆزگە چۈشۈپ كەتكىنىنى سەزدى. سۇ ئەمدى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە كەلگەندى. كۆز قىزنى سۈمۈرۈپ كېتىشى مۇمكىنغۇ! قىز ھەرىكەت قىلمىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، چۈنكى مىدىرلىغانسېرى كۆز قىزنى شۇنچە تېز يۇتاتتى. ھەرىكەت قىلماي تۇرۇۋەرسۇنمۇ؟ ياق، قەھرىتان قىشتا بىردەمدىلا قېتىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ! ئۇ چۆكۈپ كېتىشكە، ئۆلۈمگە قارشى ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى، ئەقىل - ئىدرىكىنى ئىشقا سېلىپ پىيمىسىدىن پۇتلىرىنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇلقۇندى - دە، قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كەتتى، ئالتە — يەتتە مېتىر يىراقلىقتىكى قىرغاققا ئېغىرلاشقان قىشلىق كىيىملەر بىلەن ئۈزۈپ باردى، لېكىن تىك مۇز قىرغاقنىڭ قەيىرىنى تۇتسا شۇ يېرى گومۇرۇلۇپ چۈشەتتى. قىزنىڭ بارماقلىرى قېتىشقان، يالىڭاچ پۇتلىرى ئاللىقاچان كۆيۈشۈپ نە ئاغرىقنى، نە سوغۇقنى سەزمەس بولۇپ قالغانىدى. قىز تىرناقلىرى بىلەن مۇزنى تاتىلايتتى...

شۇ چاغدا ئەكبەر پەيدا بولدى، ئەكبەر دەرھال سۇغا سەكرەپ چۈشتى - دە، قىزنى قىرغاققا ئالدى، ئۆزى يامىشىپ چىقىپ، دەرھال پوپايكىسىنى سېلىپ، قىزنىڭ پۇتلىرىغا تاڭدى ئۇ بۇ ئىشنى بىر مىنۇت ئىچىدىلا قىلىپ بولدى - دە، قىزنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ:

— قېنى يۈگۈرەيلى، خەتەرنى يېڭىش ئۈچۈن راسا چىڭ يۈگۈرەيلى، — دېدى.

قىزنىڭ شۇ تاپتا تاتلىق ئۇيقۇسى كەلگەندى، لېكىن ئۇ ھايات قېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشنى خالايتتى، ئەكبەر ئۇنى يۆلەش ئۈچۈن قوللىرىنى سوزدى، قىز ئۇنىڭ قوللىرىنى رەت قىلدى - دە، تېڭىلغان ئاياغلىرى بىلەن قارنى دەسسەپ يۈگۈرۈپ قومۇشلۇقتىن چىقتى. ئۇ، يۈگۈرۈپ كېتىپ بېرىپ قېتىشقان

ئاياغلىرىنىڭ ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتقانىغا تىت - تىت بولاتتى. ئۇنى باشقىلار ياتاقتا ئېلىپ كېلىشتى. . .

— پۇتلىرىڭ ساقىيىدۇ قىزىم! — مەنسۇر ئالقىنىنى قىزنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ تۇرۇپ سورىدى. قىزنىڭ پۈتۈن بەدىنى چوغدەك قىزىغان، لەۋلىرى قۇرىغانىدى، دادىسىغا مېھرىبان ۋە نەمخۇسچان كۆزلىرى بىلەن قارىدى.

— ئەكبەر ئاكاڭ ھەم سوغا ئېلىپ كېلىپتۇ قىزىم، — دېدى مەنسۇر قىزىنى روھلاندۇرۇش ئۈچۈن، لېكىن قىز ئالقانلىرى بىلەن كۆزىنى توسىدى ۋە دەرھال گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدى:

— قار تېگىپ قويىدۇم، — دېدى قىزى قەستەن كۈلۈمسىرەپ، — ئۈششىگەن بولسىمۇ ساقىيىدۇ!

— چەزمەن ساقىيىدۇ، — دېدى مەنسۇرمۇ كۈلۈمسىرەپ، — بىزنىڭ پۇتلىرىمىزمۇ نەچچە ئۈششۈپ، نەچچە ساقايغان قىزىم.

قىزدىن ھال سوراپ ئۆيگە ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. ياشلار ئاينۇرنى ئورۇۋېلىشتى.

— مەن سىنىڭدىن يېڭىلدىم، شياۋدۇڭ، — دېدى ئاينۇر ئۆزى بىلەن مۇسابىقىلەشكەن يىگىتكە.

— ياق، ياق، — دېدى شياۋدۇڭ ھاياجان بىلەن، — مەن سىزدىن نۇرغۇن ئارقىدا ئىكەنمەن!

بىر چەتتە مەنسۇر پاراڭچىلار ئارىسىدا قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى.

باياتىن ئاينۇرنىڭ تىلىنىپ كەتكەن پۇتلىرىنى، چوغ بولۇپ يېنىۋاتقان بەدىنىنى كۆرۈپ ئىچى كۆيۈپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان قېرى ئاشپەز ئايال غوتۇلدىدى:

— مۇنداقمۇ بىغەم ئاتا بولىدىكىنا، قىزى نە ھالدا، بىر پاي كارى يوق!

كېيۈر توغاي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدى:

— يەڭگە. قىزغا سىزنىڭ كۆز يېشىڭىزغا قارىغاندا دادىسىنىڭ كۆلكىسى دورا بولىدۇ. بىزمۇ ئاغرىپ قالساق كۆزدىن ياش چىققۇچە، بىرلا كۆلۈپ ساقىيىپ كېتىمىز قى-قى-قى...

كېۋىرنىڭ كۆلكىسى ھەممىلا ئادەمنى كۆلدۈرۈۋەتتى. كۆپچىلىكنىڭ كۆلكىسىدىن ئوت-كاۋاپ ئىچىدە ياتقان ئاينۇرمۇ پىخىلداپ كۆلۈپ كەتتى.

ھويلىغا ئادەملەر تولدى، كەچكى شەپەق تيانشاننىڭ ئاپئاق چوققىلىرىنى چاقناتتى. ئاسمان سۈزۈك ئىدى، لېكىن سوغۇق كۈچەيگەن، دەرەخ شېخىدىكى قۇشلار بويۇنلىرىنى قېلىن تۈكلىرى ئىچىگە تىقىۋېلىشقانىدى.

ياشلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئىشلىرى يەنە باشلاندى: گۈلخان ئەتراپىدا پىيما ۋە پايتىما قۇرۇتۇۋاتقانلار، ئورغاق بىلەۋاتقانلار، چانىلىرىنىڭ ئۈزۈلگەن جابدۇقلىرىنى ئالدىراپ جۆندەۋاتقانلار، يوغان ياغاچ تۆڭ ئورنىتىلغان چاننى سۆرەپ سۇ توشۇۋاتقانلار، تۇتۇۋالغان توشقاننى تولۇمچىلاپ سويۇۋاتقانلار، بىر چەتتە شياۋلىننىڭ ئىسكىرىپكىسىغا دۇتتار بىلەن تەمبۇرنى تەڭكەش قىلىپ گۈلخان يېنىدا ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلار... ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى، مانا، ناخشا-ئۇسسۇلغا ئىشقىۋاز ياشلارمۇ كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرىنى باشلىۋەتتى.

شوخ پەدىگە چېلىنغان ساز ئادەملەرنى ئۇسسۇلغا چىللىماقتا...

— مۇنۇ ياشلارنىڭ قاراپ تۇرغىنىنى ھوي! — دېدى كېۋىر توغاي ۋە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئايھاي، قارا يەرنىڭ كېمىسى! — دەپ ۋارقىرايتتى ئىمىر داپچى بىر لىگەننى داپ قىلىپ ھاۋادا ئوينىتىپ.

بىر دەمدىلا تۆڭگۈرەك پەيدا بولدى، ھارۋا-چانىلار ۋە

تاملارنىڭ ئۈستىلىرىمۇ ئادەملەر بىلەن تولدى.

قۇياش كۈلۈپ تاڭ ئاتتى،
بۇلبۇللار قانات قاقتى...

ناخشىغا ئۇلاپ ئادەم قوشۇلدى، ئۇسسۇلغا ئۇلاپ ئوغۇل - قىزلار چۈشتى، ئەلنەغمىگە ئىشقۋاز خەلق ئېغىر ئەمگەك ھاردۇقىنى ئەنە شۇنداق تېزلا ئۇنتۇدى.

— سونۇر خىيال بىلەن ئۆزى يالغۇز بىر چەتتە قومۇش ئورۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا روزىمەت، ئۇنىڭ چېتىدە بولسا زىنۇرشا بالىلىرى بىلەن ئورۇۋاتاتتى.

«... بوپتۇ، كىچىك ئەترەتكە ئورۇغاننىڭمۇ پايدىسى بار، جىق ئورسام جىق گۆرۈڭ ئالىدىكەنمەن، گۆرۈڭغا قاراپ نەق پۇل تەقسىم قىلىپ بېرىدىكەن، ئەزىزىخاننىڭ پۇلىدىن قۇتۇلدۇم، لېكىن...»

ئۇ قايسى كۈنى ئەزىزىخاننىڭ ئۆيىدىن چىقىپ پاتىمە بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن بىر كېچە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئەمدىلا ئەسلەشكە ئۈلگۈردى، قومۇشلۇق ئارىسىدىن ئىنجىقلاپ قومۇش كۆتۈرۈپ ھەيدەر خەپىس چىقىپ كەلدى:

— بولدى، ھوي سونۇر، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، — ئالىدىغىنىڭنى ئېلىپ قايتامسەن!

— نېمىنى ئېلىپ قايتاتتىم؟

— نېمىنى بولاتتى، مانا مۇنداق، — دېدى ئۇ دۈمبىسىدىكى قومۇشلارنى كۆرسىتىپ، — ھۆكۈمەتكە يارىمايدىغانلىرىنى ئەكىتىشكە بولىدىكەن.

— كىم دېدى سىزگە؟

— كىم بولاتتى، ئەترەت باشلىقى زىنۇرشا. بول،

ئەزمىلىك قىلما، ناچارلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياخشى قومۇشتىن ئىككى باغ قىستۇرۇپ قويساڭ كىم سەپ سالاتتى، ئىككى باغ قومۇش دېگەن ئەللىك پۇڭ. . .

— ئاچكۆزلۈك قىلماڭ ئاكا، ئەترەت باشلىقى قىل دېدى، دەپ كۆپنىڭ قازىنىغا توپا چاچسىڭىز بولامدۇ؟

— كۆپنىڭ؟ — ئۇ شالاڭ كىرپىكلىرىنى چىمىلداتتى، — كۆپچىلىك قومۇش تىكىپ ئۆستۈرۈپتىكەنمۇ؟ ئاتام زاماندىن تارتىپ بار قومۇش بۇ! مۇشۇ ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقتىدىلا بۇ نەرسىنىڭ بازىرى بولۇۋاتىدۇ ئۇزى، بۇرۇنىسىدا 100 باغ قومۇش ئەكىرسەڭ ئارانلا بىر بۇلۇڭ چاي كېلەتتى، پۇل تاپىدىغان زامان مانا شۇ ئۇزى، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە دەپتىكەن ئۇزى؟ — ئۇ ئىغاڭلاپ ئالدىدىكى يېڭىلا مۇز قاتقان ئېرىقتىن سەكرىۋىدى، دەسسىگەن يېرى ئۆيۈلۈپ، بىر پۇتى سۇغا كىرىپ كەتتى، ئۇ ئۇمۇلەپ يۈرۈپ سۇدىن چىقتى. دۇمبىسىدىكى قولتۇقماش قىلىنۋالغان قومۇشنى يەرگىمۇ قويمىدى. سونۇر ئۇنىڭ كەينىدىن يۆلىۋىدى، ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ:

— تەگمە ھوي، سېنىڭ بادىردەك قوللىرىڭ قومۇشنى ئېزىۋېتىدۇ ئۇزى، قومۇش ئىككىنچى سورتقا چۈشۈپ قالسا بېغىنى بەش پۇڭ تۆۋەنلەيدۇ ئۇزى، ئىككى باغدا ئون پۇڭ زىيان ئۇزى. . .

سونۇر قاقاقلاپ كۈلدى:

— پۇتىڭىز ئۇششۇپ قالسا مەيلىمۇ ئەمسە؟

— ئاۋۇ يەردە كونا شالۋۇرۇم بار، ئۇرىۋالىمەن ئۇزى، — دېدى ئۇ باغلاقلىق تۇرغان ئۈكۈزىنىڭ يېنىغا مېڭىپ.

سونۇر تېخىمۇ تېلىقىپ كۈلدى. ھەيدەرنىڭ دادىسىدىن قالغان توكىدىن تولا يامىقى بار بۇ شالۋۇر ئۇنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق كىيىمى ئىدى. . .

زېۋىرشا بىلەن روزىمەت قومۇش دۆۋىسى دالدىسىغا

كىرىۋېلىپ پىچىرلاشماقتا!

باشقا ئەترەتلەرمۇ ئۆز ئالدىغا بېسىۋاتىدىغۇ سىز ئەبلىغازىلارنىڭ ئاغزىغا قارىماڭ، ئۇلارغا قالسا. . .

— ماۋۇ ئىمىرنىڭ قىلىپ يۈرگىنىنى قارىماسەن، چوڭ باغلاڭلار، ناچارلىرىنى باشقا باغلاڭلار دەپ يۈرگىنىنى! ھۆكۈمەت دېگەننىڭ پۇلى خورامدۇ، بىر باغ بولسىمۇ كۆپرەك ئۆتكۈزسەك كىرىم كۆپەيمەمدۇ، قارىماسەن، ھەر بىر باغنى تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى، ئۇنىڭ ھوپىگەيلىكى ئېشىپ كېتىۋاتىدىغۇ تاڭ. . .

— ئەگەر ئەترەتلەرنى ئايرىلاپ يۈرۈپ سۈپەتنى تەكشۈرۈپ يۈرمەمدۇ؟ بەزىلەر تىكەننىمۇ قوشۇپ باغلىغان چېغى، ئەكبەر تەنقىد قىپتۇ.

— پاھ، بۇلارنىڭ بۇنچىلا راستچىل بوپكەتكىنىنى! راستچىللىق قىلىپ باي بولغىلى بولاتتىمۇ، قايسىبىر باي قاقتى - سوقتى قىلماي دۇنيا توپلاپتىكەن؟ سەن روزىمەت، چۆرىسىگە قومۇش ئېلىپ ئارىسىغا يېكەن تىقىپ باغلاۋەرگىن، تېگىگە تىقىۋېتىمىز.

— ھېسابلىغانسىز، مۇشۇنداق ئون كۈن ئۇرساق كىشى بېشىغا نەچچىدىن ئاقچا تېگەركىن؟

— ھېسابلىمامدۇ، بىر ئەترەتنى پىرقىرىتىۋاتقان ئوغۇل بالىمىز، ھېسابلىماي تۇراتتىمۇ؟ ئون كۈن ئەمەس، بىر ئاي ئۇرىمىز. ئاڭلىشىمچە 1962 - يىلقى نومۇرغا قاراپ تەقسىم قىلغۇدەكمىز، بىزنىڭ ئائىلىنىڭ بىر يىللىق گۆشى بىر مىڭ سەككىز يۈز.

— تەقسىماتقا قاتناشقىنىما؟

— ھە، كىرىم - چىقىمدىن سىرت گۆش شۇنداق. بىر ئاي ئۇرۇپ پۇل قىلىۋالساق، بىزنىڭ ئۆيگە چەتتىن ئالتە يۈز يۈەن كىرىدىكەن. بۇ ئىشنىڭ بۇردىسى بار ئىكەن.

— تراكتور ئىلىشقا ھەربىر ئەترەتتىن يېرىمىنى چوڭ ئەترەتكە تۇتۇپ قالغىدەكغۇ؟

— ھەددى ئەمەس، ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ سوقا - ساپان بىلەن باي بولغان، نېمە كېرىكى!

— قاۋانلىقنى ئېچىشقا تراكتور بولمىسا بولماس، — دېدى روزىمەت زىۋىرشادىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن، — بۇلارنىڭ قومۇش ئورۇشقا شۇنچە تۇتۇش قىلىشتىكى مەقسىتى قاۋانلىقنى ئېچىش ئۈچۈن تراكتور ئېلىش، كۆپچىلىكنى دەسلەپىدىلا قاۋانلىققا ھۇجۇم قىلىشقا كۆندۈرۈۋېلىش...

— ئەترەت باشلىقلىقتىن ئېلىۋەتسە بىلمىدىم، ئەترەت باشلىقى بولۇپلا تۇرىدىغان بولسام بىر يۈگىنىمۇ قويماي ئەزالارغا بۆلۈۋېتىمەن!

— يارايسىز ئەترەت باشلىقى! — دېدى روزىمەت زىۋىرشانىڭ مۇرىسىگە قېقىپ، — سىلەردەك ئادەملەر ئەترەت باشلىقى بولمىسا تۇرمۇشىمىز ياخشىلانمايدۇ جۇمۇڭ، باشقا ئەترەتلەر قانداق قىلسا قىلمامدۇ، بىز ھەممىنى تەقسىم قىلايلى.

ئۇلارنىڭ يېنىغا سونۇر كەلدى، ئۇلار گەپنى يۆتكىدى:

— ھەي سونۇر، 50 بېغى 10 نومۇركەن، نومۇرغا كۆمۈلۈپ كېتىدىغان بولدۇڭ - دە! — روزىمەت ئۇنىڭغا قاراپ ھىجايدى.

— نومۇردىنمۇ كۆرە، پۇلنىڭ ھەممىسىنى تراكتور ئېلىشقا سەرپ قىلسا سونۇرنىڭ ساقىسى ئالچۇ چۈشكەن بولاتتى، — دېدى سونۇر ئۇلارنىڭ يېنىغا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ.

— سەنمۇ شۇ كويدىمۇ تېخى؟ — دېدى زىۋىرشا سونۇرغا يالت قىلىپ قاراپ، — قانچىلىك جارىپ كېتەرىدىڭ، تراكتور ئالسا سېنىڭ ئاۋۇ قىيسىيىپ قالغان ئويۇگىنىي ئوڭلاپ قويارمىدى!

سونۇر قۇلاقچىسىنى قولىغا ئالدى - دە، قولىنى شىلتىپ

سۆزلەپ كەتتى:
— تراكتور ئالدىغان بولسا ھېلىقى بىر ئويكەن، يۈز ئۆيۈم كاردىن چىقىشىمۇ مىت قىلمايمەن، بىلەمسىنا، مەن ئاشۇ جانىۋارغا ئىشقىۋاز، ئاشۇنى ھۆركىرىتىپ بىر مىڭغۇالسام ئاسماندا ئۇچقاندەك خۇشال بولۇپ، تېرەمگە سىغماي قالاتتىم - دە!
— قارا سىنىڭ ئاشىق بولغان نېمەڭنى، — دېدى روزىمەت ئەتەي ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ، — سەن ئاشىق بولغانلا نەرسە باشقىلارنىڭ بولۇپ كېتىدۇ، مىسالى توققۇزىنچى ئەترەتتىكى قورو - جاي، پاتىمە...
— ۋۇي كۆزۈڭ ئېقىپ چۇشكۈر! — دېدى سونۇر راستىنلا غەزەپلىنىپ، — ھېلى تىلىڭنىمۇ مۇنۇ پاختا كۆزۈكىدەك ناكا قىلىۋېتىمەن!
جېدەل چىققانمۇ، روزىمەتنىڭ بۇرنى قانىغانمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ يېنىغا قومۇشلۇقتىن ناتونۇش بىر ئادەم چىقىپ كەلدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
سونۇر، زىۋىرشا ئورنىدىن تۇردى، ناتونۇش ئادەم ئۇلار بىلەن بىرمۇ - بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ:
— ئىشىڭلار ئىلگىرى، نەچچە كۈن بولدى، — دەپ سورىدى.
— بۈگۈن تۆتىنچى كۈنى، — دېدى زىۋىرشا ئۇششاق قوللىرىنى كۆرسىتىپ، — مىدىرلاۋەرسەك بىر گەپ بولىدىكەن، قاراڭ، قاۋاتلىقنىڭ خېلى يېرىنى يەپ بولدۇق!
روزىمەت ناتونۇش ئادەمگە سىنچىلاپ قارىدى: ئوتتۇرا بوي، ئاق - سېرىق چىپەرقۇت چاپان كىيىپ، تېشىدىن قارا رەخت پوتىسىنى ئىككى ئوراپ باغلىغان، ئۆكۈپ كەتكەن خورۇم تاشلىق قولاقچىسىنى كەينىدىن باغلىۋالغان بىر دېھقان ئۇلارغا قاراپ

كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— يولداش ئۆزىڭىز نەدىن؟

— مەن مۇشۇ يەرلىك، — دېدى ھېلىقى ئادەم كۆلۈمسىرەپ، — مۇنۇ يولداشنى تونۇيدىكەنمەن، مۇنۇ يىگىتنىمۇ كۆرگەنمەن، ئەمما سىزنى ياخشى تونىيالمىدىم.

— مەن تونۇمىغاندىكىن سىزمۇ تونۇمايسىزدە، — دېدى روزىمەت گەپتانلىق قىلىپ، — سىز ئۆيۈن - تاماشىدا يوق ئوخشايسىز، بۇ ئەتراپتا مېنىڭ ناخشامنى ئاڭلىمىغان ئادەم كەم.

— ياخشى، — دېدى ھېلىقى ئادەم كۆلۈمسىرەپ، — مانا بۈگۈن تونۇشۇپ قالدۇق.

— خوش، ئىتىڭىز نېمە ئاكا؟

— ئادىلجان.

— قارىىامىسىز، بىزنىڭ باشلىقلار يازچە بۇغداي ئورالماي ئوما سېغىنىپ قالدىڭلار دەپ مانا قارا قىشتا قومۇشقا سول يېرىشقا ھەيدەپ كەلدى...

— بۇ ئوبدان ئىش بولدى، — دېدى زىۋەرشا.روزىمەتنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — دېھقانچىلىقىمىزنىڭ مەسلىھەتى بولمىدى، قومۇش ئورۇپ زىيانىنى تۆلىۋالىدىغان بولدۇق، پۇل بولسىلا ھەممە ئىش ئوخشايدۇ - دە!

— ئادىلجان ئاكا، قومۇش ئورۇپ تاپقان پۇلغا تراكتور ئېلىۋالساق قالتىس بولىدىغۇ - ھە؟

سونۇرمۇ گەپكە ئارىلاشتى. ئادىلجان سونۇرغا قىزىقىپ قارىدى:

— قانداق دەيسىز؟

سونۇر غولىچىنى كەڭ كېرىپ قاۋانلىقنى كۆرسەتتى:

— مۇنۇ يەرلەرنى ئاغدۇرۇشقا شۇ جانىۋاردىن باشقىسى بىكاردە!

— ھەي... تەس بولدى، — دېدى زىۋەرشا بېشىنى

ئىرغىتىپ، — بىزنىڭ ئىشىمىز تەس بولدى. قارىماسىز، ئەتىيازلىققا تېرىشقا ئالقانچىلىق يەر قالمىدى، ھەممىلا يەرنى زەي بېسىپ كەتتى. بۇرۇن 15 مېتىردا سۇ چىقىدىغان يەرلەردىن ھازىر تۆت كەتمەن چاپسىڭىزلا بۇلۇقلاپ سۇ چىقىدۇ. ئەتىيازلىققا كۆرۈسىز تېخى، پۈتۈن ئۆي ـ ۋاران توڭى ئېرىگەن كاۋىدەك مىلىچچىدە بولۇپ كېتىدۇ، ھەي... يامان بولدى.

— نېمە تولا، يەر تولا، — دېدى روزىمەت يەنە گەپتانلىق قىلىپ، — بىر ـ ئىككى ئەترەت ئېرىگەن بىلەن يەنە باشقا ئەترەتلەر بار، بوزنى سۇ باسسا ئاغمىخان چېغىدا جان ساقلايدۇ، بىزمۇ كۆچۈپ يۈرۈپ جان ساقلايمىزدە! يەر دېگەن ۋاگىنىسى بىلەن.

— سەن تېخى كۆچۈشنىڭ كويىدىما، — دېدى زىۋىرشا ئۇنىڭغا ئالىيىپ، — قارىماسىز ئادىلجان، مانا مۇشۇنداق ئادەملەر خېلى جىق. بۇ چوڭ ئەترەتمۇ بىزنى قايدۇرۇۋەتتى، بىردەم كۆچۈڭلار دېسە، بىردەم بىر سۇڭمۇ چېكىنىشكە يول يوق دەۋاتقان، ئەمما ئەزالارنىڭ بېشى قاتتى، قاتقاندىمۇ قورام تاشتەك قاتتى ـ دە!

ئادىلجان ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى كۈلۈمسىرەپ ئاڭلىماقتا ئىدى.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى تۇيۇقسىزلا ئۈزۈلدى. مەھەللە تەرەپتىن ئىككى يىگىت ھەيدەر خەسىسنى قومۇش ئارتقان ئۆكۈزى بىلەن ھەيدەپ كەلدى. دوپپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ھەيدەر خەسىس بولسا ئۇلارغا قولىنى شىلتىپ ۋارقىراپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ھاي مۇسۇلمانلار، نېمىشقا غەرەز ئۇقمايسىلەر، ئەترەت باشلىقى، ئەترەت باشلىقى رۇخسەت قىلدى ئۆزى!

— بىز يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىمىز، — دېدى يۇمىلاق يۈزلۈك يىگىت، — كىم

شەخسىي ئوقەت قىلسا كىرىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ دېگەن يولىيورۇق بار، بۇگۈندىن باشلاپ مۇسادىرە قىلىش باشلىنىدۇ.

ھەيدەر خەسىس كەلگەن پېتى زۇۋرشانىڭ بىلىكىدىن تارتتى:

— دېگىنە، رۇخسەت قىلدىڭمۇ — قىلمىدىڭمۇ؟

زۇۋرشانىڭ رەڭگى ئۆڭدى ۋە ئۇنى سىلكىۋەتتى:

— بىرەر - يېرىم باغ ئوتۇن - پوتۇن دېۋىدىڭ، كىم سېنى شۇنچە لىقشىتىپ ئارتسۇن دەپتۇ!

— ھەممىسى چوگا، چوگا بولمىسا ئىلاھىم تىلىم ئېقىپ كەتسۇن! — ھەيدەر خەسىس ئىككى تىزىغا ئۇرۇپ ۋارقىرىدى.

• — ئەترەتكە ئورۇپ نومۇر ئالسەن دېگەندىكىن بولمىدىمۇ، — دېدى سونۇر ئۇنى جونۇپ، — نومۇرمۇ پۇل بولىدىغۇ!

ھەيدەر ئادىلجانغا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قارىدى:

— ئۇلار نېمىنى قارار قىلمايدۇ دەيسەن ئىنىم، ئورۇپ سېتىپ پۇل قىلىۋېلىشلار دېگەنىنىمۇ شۇلار قارار قىلغان، ھازىر قېنى ئۇ قارار؟

— كۆچىدىن قالدى! — بىر يىگىت دەرھال جاۋاب بەردى.

— ئالمايدىغان دېھقان بولامدۇ ئۆزى تەرگەن . تۈككەنىنىڭ ھەممىسى دېھقاننىڭ، دېھقانغا ئالغۇزماي نېمە قىلىندىكەن؟

— سىزدىن باشقا كىم ئاپتۇ، — دېدى يەنە بىر يىگىت،

— ھەممىسى دېھقاننىڭ بولغاندىكىن كوللېكتىپقا بېرىلىڭ!

— ئەتىگەندىن بېرى ساناپ تۇرۇپ 150 باغ ئۆتكۈزدۈم. بېغىنى 20 پۇڭدىن چاققاندىمۇ 30 يۈەن تاپشۇردۇم. ئەمدى قاملاپ يۆرۈپ بىر كۆتۈرۈم ئوتۇن ئالغىنىمغا كەپتەل بوپتىمەنمۇ ئۆزى!

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى.

ئادىلجان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ مۈرىسىگە قولىنى قويدى:

— ئېلىڭ، مەن رۇخسەت قىلاي، — دېدى ئادىلجان

باشقىلارغا كۆز چىمچىقلىتىپ قويۇپ، — راست بۇنىڭلىق بىلەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق بولۇپ كەتمەيسىز، لېكىن بىز يېزا ئەزالىرى ئەترەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆپرەك ئويلايلى، يېزا بىزنىڭ چوڭ ئائىلىمىز ھەيدەركا، مۇشۇ ئائىلىنىڭ غېمىنى يەيلى، سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرى قىيىنچىلىقتا يولۇقتى. تارقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ، مانا ئەمدى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن دېھقانچىلىقتىن تارتقان زىياننى تولۇقلىۋالىمىز دەۋاتىدۇ، مۇنۇ يىگىت تراكتور سېتىۋالىمىز دەۋاتىدۇ تېخى، ناھايىتى ياخشى. ھەممىمىز غەيرەت قىلساق يېزا پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، خەلق باي، پاراۋان بولىدۇ، خەلققە بالايى - ئاپەت، نامراتچىلىق تىلەيدىغانلارمۇ بار، بىز بېيىساق، كۈچەيسەك ئۇنداقلار ئەخلەت ئازگىلىغا تۆكۈلىدۇ ئاكا!

ئادىلجان شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ جاڭزىغا قاراپ ماڭدى. ھەيدەر خەسىس كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى:

— شۇنچە زوۋاندا، بۇ كىم ئۆزى!...

— سەن ھەيدەركا، ئېشەك ئىگىسىنى تونىماي دۇنيادىن ئۆتكەندەك مەن زىنۇرشادىن باشقا ھېچكىمنى تونىمايدىكەنسەن، ئادىلجان ھاكىم دېگەن كىشى شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى زىنۇرشا ئەلەم بىلەن ھەيدەرگە ئالىيىپ، — يۈزىمىزنى تۆكتۈڭ! — ئۇ بارغان پېتى ھەيدەرنىڭ ئۆكۈزىگە تېڭىلغان قومۇشنى پۈتۈن غەزىپى بىلەن يەرگە قارىتىپ تارتىۋىدى، ھەيدەرنىڭ كونا كۆلۈسى ئۈزۈلۈپ قومۇشلىرى چېچىلىپ كەتتى...

— مانا قاراڭلار، مۇشۇمۇ ئوتۇن - چاۋا بولامدۇ، بىرىنچى سورتلۇق قومۇش ئەمەسمۇ! — بىر يىگىت بىر تۇتام قومۇشنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ ۋارقىرىدى. ھەيدەر تېخىچىلا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئورنىدا داڭقېتىپ تۇراتتى.

— قارىماققا تراكتور ئېلىشقا بولىدىغان ئوخشايدۇ،

ئادىلجان شۇجى قاۋانلىقنى ئىچىشقا قالتىس قىزىقىدىكەن . دە! — سونۇر قولىلىرىنى پۇلاڭشىتىپ ۋارقىرىدى.

روزىمەت بولسا ھاكىم دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ:

— بايىقى گەپلىرىمنى ئاڭلاپ نېمە دەپ قالغاندۇ؟ — دېدى.

— نېمە دەپ قالاتتى، — دېدى سونۇر، — ئېيتتىڭغۇ، ئارگالغا ئاپىرىپ تۆكمىز دەپ، شۇ ئاداسقىنىڭ بىرسى مۇنۇ بىر كۆزلۈك كوسپاڭ ئىكەن دەپ قالغاندۇر!...

ئادىلجان بۈگۈن شەھەرگە لى زۇڭخۇانى يوقلاپ كىرگەنىدى. لى زۇڭخوا يەنىلا ئادىلجان بىلەن «قاۋانلىق» توغرىسىدا سۆزلەشتى. ئۇ كەچ كۈزنىڭ يامغۇرلۇق كۈنلىرى تېزدىن يۇقىرى سۇ كېچىپ بۇ 50 — 60 مىڭ مو يەردىكى قەدىمىي قومۇشلۇقنى تولۇق ئارىلاپ چىققان، ھەتتا ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە بەلگە قويۇپ ئۆلچەپ كۆرگەن، ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم يىغىنىدا: «58 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر ئىكەن، پۈتۈن سۇرۇك بىر يېزا جايلىشىدىغان يەر سۇغا چىلىشىپ ياتسا، قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشنى كەينىگە سۈرۈش بىز ئۈچۈن گۇناھ. مەن ناھىيىلىك پارتكومغا ۋەدە بېرىمەن، بىز قاۋانلىقنى چوقۇم ئۆزلەشتۈرەلەيمىز!» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇنىڭ بىلەن چوڭ ئەترەتمۇ - ئەترەت يۈرۈپ، دېھقانلار بىلەن سىردىشىپ، بۇ ئىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىنىمۇ تېپىپ چىققان يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ھازىر دوختۇرخانىدا ياتماقتا ئىدى.

— ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى يولداشلارغا مېنىڭدىن سالام ئېيتىڭ، — دېگەنىدى لى زۇڭخوا ئادىلجان بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، — ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت قاۋانلىققا تۇنجى ھوجۇمنى باشلىماقچى. ئەگەر خەت يازغانىكەن، تاپشۇرۇۋالدىم.

بۈگۈن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئادىلجان لى زۇڭخوانىڭ شۇ سالىمىنى يەتكۈزگەچ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى ئىشلارنى بىلىش ئۈچۈن ناھىيىدىن ئوتتۇرلا قاۋانلىققا

كەلگەندى. . .

ئەكبەر كەچكى تاماقتىن كېيىن زەربىدارلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشى ئۈستىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

جاڭزا يېنىدىن ئەمدىلا قوزغىلىشغا يىراقتىن كۈلۈمسىرەپ ھېكمەت كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇشقاقلىرى مۇز بولۇپ قاتقان، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، چىرايىدىن ھارغىنلىق ۋە قېرىلىق يېغىپ تۇراتتى. ئەكبەر ئۇنىڭ ئالدىغا باردى:

— قايتىمدىڭىزمۇ، ھېكمەتكا؟

— ئەزالار قايتتى، مېنىڭ مۇنۇ زەربىدارلاردىن زادىلا ئايرىلغۇم يوق، ئىككى - ئۈچ كۈندىلا بۇلارغا ئىجىل بولۇپ قالدىم. سودا - سېتىقىم بىر ياقتا قالدى. ياشلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ بىر ئۇرۇشقا چۈشۈپتىكەنمەن، خۇدىمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن!. . .

— سىزنىمۇ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟

— سۇغا چۈشۈپ كېتىش كىچىك ئىشقۇ، سىلەرنى كۆرۈپ ياشلىقىم بۇرنۇمغا چىلگىدەك گۈپۈلدەپ پۇراپ كەتتى. كىمنىڭ ياشلىقى بولمىغان دەيسىز؟ مەنمۇ ياشلىقىمدا قىران قۇشتەك ئالغۇر ئىدىم، ھازىرچۇ؟ غەنىيمەت - غەنىيمەت، ھېلىمۇ پارتىيە، خەلقنىڭ بىر كىشىلىك خىزمىتىگە يارىغۇچىلىكىم بار. سىز بىلەن ياخشى بىر سىردىشاي دېۋىدىم، سىز مېنى ياخشى بىلمەيسىز - دە ئەكبەرجان. ئەمما مەن سىزنىڭ توغرىڭىزدىكى ھېكايە - تەپسىلاتلارنى يىپ - يىڭنىسىگىچە بىلدىم. ئىككىمىزدە بىر ئوخشاشلىق بار ئىكەن. بۇ، ھەر ئىككىمىز قىلىۋاتقان خىزمىتىمىزنى تاشلاپ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ كەلگەن. ئوخشىمايدىغان يېرىمىز سىزنىڭ تۆھپىڭىزنى مىسالى بىر چوڭ تاغ دېسەك، مېنىڭ قىلغان ئىشىم خۇددى بالىلارنىڭ بىر دۇمبەلچىكىدەك. . .

ئەكبەر ئۇنىڭ گېپىنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن:

— كۆپچىلىكتە قانداق ئىنكاسلار بار؟ — دەپ سورىدى.

ھېكمەت بىر قەدەم يېقىنلىدى:

— مەنمۇ شۇ ئاڭلىغانلىرىمنى ئىنكاس قىلاي دەپ

كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ يېنىڭىزغا كېلىۋىدىم. سىزنىڭ ۋاقتىڭىز قىس، قىسقارتىپلا دەي. كۆپچىلىك ئارىسىدا مۇشۇ زىۋىرشا بىلەن سولايماننى نېمىشقا خىزمەتتىن ئېلىۋەتمەيدۇ دەيدىغان ئىنكاسلار بار. باشقا قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، زىۋىرشا بايىلا بىرسىگە: قومۇش ئورۇپ تاپقان پۇلنى دەرھال ئەزالارغا پۈتۈنلەي بۆلۈپ بېرىۋېتىمەن، ھېسابلىدىم، بىزنىڭ ئائىلىگە ئالتە يۈز يۈەن تېگىدىكەن دېگۈدەك. ئويلىغا، سىز بىلەن بىز كوللېكتىپ كۈچەيسۇن دېسەك، ئۇ يانچۇقۇم تومپايسۇن دەيدۇ. قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغىلى بولسۇن؟ بۇ، بىر ھارۋىنىڭ ئىچىگە ئات، ياندىغا ئىت قوشۇۋالغانغا ئوخشاش ئىش. بىرىنچى ئىنكاس شۇ.

ئىككىنچى ئىنكاس، بۇنى سىزگىلا ئېيتىشقا بولىدۇ، مەن مۇشۇ يېزا باشلىقى تۇرسۇندىن بارغانسېرى گۇمانلىنىۋاتىمەن. ئۇ مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، لېكىن قىساسخوركەن، كۆپچىلىك مەنسۇرغا ئۇۋال بولدى دېيىشىۋاتىدۇ، كوچا پارىڭى. لېكىن جېنى بار گەپ. سولايمان گۆر - گۆرنىڭ دېيىشىچە تېخى مەنسۇر چەت ئەلگە باغلانغان دېگەن بەدناممۇ يېزا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ بارغان ئوخشايدۇ، ھەيرانمەن، يېزا باشلىقى مەنسۇر بىلەن نېمانچىلا ئۆچەكىشىدۇ؟...

— خوش يەنچۇ؟

— يەنە، ھە...

— ... پەخەس بولۇڭ، مۇشۇ سونۇر كوچا پارىڭىغا ئىشىنىپ سىزگە زىيان - زەخمەت...

يىراقتىن بىرسى ئەكبەرنىڭ ئىسمىنى چاقىردى.

ئەكبەر قايرىلىپ قارىدى، دۈمبىسىگە شاخ ئارتقان روزاخۇن بوۋاي بىلەن بىللە بىر يوغان قورۇق تالنى سۆرەپ ئادىلجان كەلمەكتە ئىدى.

— ئادىلجان ئاكا! — ئەكبەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. ناھىيىلىك پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى چوڭ ئەترەت ياچېيكا مۇئاۋىن شۇجىسىنىڭ كەس - كەس يېرىلىپ كەتكەن قوللىرىنى زوق بىلەن قاتتىق قىستى...

# ئون ئىككىنچى باب

ھىكمەت شۇ كېچىسىلا يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە باردى. يېز باشلىقىمۇ، يېزا باشلىقىنىڭ ئاق پىشماق ئايىلىمۇ تاتلىق ئۇيقۇلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن رەنجىمىدى، بەلكى خۇشال بولۇشتى. سەۋەبى ھىكمەت بۇ ئۆيگە كۈتۈلمىگەن سوۋغىلار: كىيىم - كېچەكلەر، يېمەكلىكلەر، مېۋىلەر، ئىچىملىك - چېكىملىكلەر ھەتتا ھالقا - ئۈزۈك، مارجان - تاغاقلارغىچە ئېلىپ كېلەتتى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن ياكى ئايالى پۇل تەڭلىگەندە ھىكمەت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— قاچانغىچە يات ھېسابلايسىلەر مېنى؟ — دەپ قوياتتى.

بۇ سوۋغىلارغا كۆنگەن ئادەملەر ئەلۋەتتە رەنجىمەيدۇ - دە!

— كېلىڭ ھىكمەت ئاكا! — دېدى يېزا باشلىقىنىڭ ئايالى پەزىلەتخان ياغلىقىنى ئوڭشاپ تېڭىپ قولىغا ئاپتۇۋا ئېلىپ، — ئۆي ئىچى تېنچلىقتۇ؟ ھە، ھەدىمىزنىڭ بەل ئاغرىقى قانداقراق...

ھىكمەت سومكىسىدىن يېشىل تاۋارغا ئورالغان سوۋغىنى ئالدى - دە:

— مانا ھەدىڭىزنىڭ بەل ئاغرىقى مۇشۇنىڭ بىلەن ساقىيىۋاتىدۇ، — دەپ ئايالغا سۇندى.

— بۇ نېمىدۇر ھىكمەتكا! — دەپ سوۋغىغا قول سوزدى پەزىلەتخان قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ۋە بولاقنى يېشىپ، — ۋىيىيەي، پىنجەكفۇ! — دېدى ۋە تۇرسۇنغا بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى، — قارىڭا، بىچارە ھەدەم، سۆكنۇدىن تاشلاپ تىكتۈرۈپتۇ...

— بورسۇق تېرىسىنى راسا ئۈستىسىغا ئاشلاتتىم، — دېدى ھىكمەت تېكىمەت ئۈستىگە يامپاشلاپ يېتىپ، — بۇرادەر يېزا باشلىقى سىزگە ئاتاپ راسا ئەركەك قاشقىر تېرىسىدىن پالشۇپكا

تىكتورۇۋاتىمەن دەگا، ياقىسىنى قونىدۇزدىن قىلدۇرۇپ بەرسەم قانداق؟ — بىزنى قەرزدار قىلىشۇەتتىڭغۇ ئاداش، — دېدى يېزا باشلىقى ھېكمەتنىڭ يامپىشىغا جەينىكى بىلەن تايىنىپ. يېزا باشلىقىنىڭ يېقىنچىلىق قىلىپ «سەن» دېگىنىگە ھېكمەت خۇشال بولۇپ:

— مۇشۇ «سەن» ئۈچۈن بىر ئىچىۋېتەي، سىڭىل ھېلىقى چىلانغىنىدىن كەلتۈرۈڭا! — ئۇ قوللىرىنى يېزا باشلىقىنىڭ دولىسىغا قويۇپ، ئۇنىمۇ سەنلەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — دوستۇم، سېنىڭ سالامەت تۇرۇپ بەرگىنىڭلا بىز ئۈچۈن تاغ بىلەن تەڭ ئالتۇن. كۆمۈش. دادامدىن قالغان ئىككى قورۇ جاينىڭ پۇلىنى ساڭا ئوخشاش ۋاپادار دوستلىرىمنىڭ كۆڭلىگە ئاتاپ قويغانمەن. ۋېلىۋاي دېگەن باي مېنىڭ دادامغا تۇغقان كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى جالالىدىن بايۋەچچى دادىسىنىڭ پۈتۈن ئىلىخونى سېتىپ ئاللايدىغان دۇنياسىنى ئۇلپەت، كۆڭۈل، شاراب، ناخشا - بەزمىگە ئاتاپ سورۇپ تۈگەتكەن. رەھمىتى جالالىدىن بايۋەچچى دەۋانىچىلىق بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، لېكىن نەچچە ئۆيىر يىلقا پۇلىغا ئۆگىنىۋالغان ناخشىسى بىزگە خاتىرە بولۇپ قالدىغۇ! مەنمۇ شۇنداق كۆڭۈلچەك، كۆڭۈل ئۈچۈن جېنىنىمۇ تىكىشكە تەييارمەن. ئۆزۈمنىڭ، سېنىڭ ئۆيىقۇڭنى بۇزۇپ كېچىلەپ ئۆيۈڭگە كېلىشىممۇ بىر ياخشىنىڭ كۆڭلىنى ئالسام دېگەن نىيەت ئۈچۈن...

— كىمنىڭ؟ — يېزا باشلىقى قىزىقىپ سورىدى.

— ئادىلجان ھاكىمنىڭ!

— نېمە، سەن ئۇنى بىلەمسەن؟

— ئۇ شۇ تاپتا ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە، ئاسمىنىڭ ئۆيىدە قالدى.

يېزا باشلىقى جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكىلەر ئۇستۇمدىن شىكايەت قىلارمۇ دېگەن

گۇمانخورلۇقى، مەنسۇر ئۇنىڭ بىلەن ياخشى بولۇپ كېتەرمۇ دېگەن ھەسەتخورلۇقى، ئادىلجاندىن كېلىدىغان ياخشىلىقتىن بىرىنچى بولۇپ مەنپەئەتدار بولالمىدىم دېگەن تەمەخورلۇقى، مېنى قايرىپ قويۇپ تۆۋەندىكىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغىنىنى قارا دېگەن ئۆچمەنلىكى . . . بىردىنلا يۈزىگە چىقىپ تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— خەپ سەنلەرنى! — دېدى يېزا باشلىقى غەزەپ بىلەن، — ئەكبەرنى مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ قاتتىق خاتالىشىپتىمىز!

ھېكمەت ئالدىدىكى رومكىنى تۇرسۇننىڭ لەۋلىرىگە تەگكۈزدى:

— قېنى ئىچىڭ، ئىچىڭ دوستۇم، ئۆز قولۇم بىلەن ئىچكۈزۈپ قوياي، — دېدى ئۇ يوغان كۆزلىرىنى خومالاشتۇرۇپ، — ھە، قېنى!

تۇرسۇن ھاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ھېكمەت تاقىر بېشىنى ئالقانلىرى بىلەن سىيپىدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نېمىلەرنى كۆرمىگەن باش بۇ! 1957 - يىلى باش سوقۇش سالدۇرۇپ يۇرۇپ تالايلىرىنىڭ ئەدىبىنى بەردىم. كېيىن چەت ئەلگە كېتىمەن دەپ خىزمەتتىن بوشىنىۋالمىغان بولسام بۇ چاقىچە پارتىيىگە كىرەتتىم، باشلىقمۇ بولالايتتىم. سىزگە يۈرىكىمنى ئېچىپ كۆرسىتەي، ياخشىلىق قىلىشتا كىملا ساغىمەن دېسە جىم تۇرۇپ بېرىدىغان سىيىرمەن، ئەمما يامانلىق قىلىشتىچۇ؟ يولۋاسنىڭ يۈرىكىگە قول سالالايدىغان بىر جادومەن، مېنى باشقىلار شەيتانغا نوقتا سالالايدۇ دېيىشىدۇ، بۇ گەپمۇ بىكار ئەمەس، گەپنى ئۆزارتمىسام ئىشسىز گاڭگىراپ قالغاندا مېنى ماگىزىنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدىڭىز، سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن. مەن سىزگە ۋەدە بېرىمەن، سىزگە ھازىر ياردەم كېرەك، مەنسۇرنى غولىتىشتا مېنىڭ ياردىمىم كېرەك، مەن مۇشۇ ماگىزىندا تۇرۇپمۇ سىزگە

خېلى چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيمەن... توختاڭ، مەن ئەكبەرنى بىر ئوخشىتاي!... — دېدى ھېكمەت مولۇن كۆزلىرىنى پىرقىرىتىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى، — خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۇ ئىشتا تەجرىبىلىك. سىزنىڭ بۇرۇتىڭىزغا چاڭ قوندۇرمايمەن. سىزگە كىم ئالايسا شۇنىڭ كۆزىگە مىق بولۇپ قادىلىمەن. سىز مېنى جېنىمغا ئەسقاتسۇن دەپ بۇ ئىشقا قويدىڭىز. سىزلا تىك تۇرۇپ بەرسىڭىز مېنىڭ تىرىكىم چىڭ بولۇۋېرىدۇ. ئەنسىرىمەڭ، قان چىقارماي جان ئالىدىغان، ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇيدىغان ئۇسۇللارمۇ بار. سىز ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييارمەن.

— بۇ ئادىلجانمۇ بىر بالا بولدى، — دېدى يېزا باشلىقى ئۇھ تارتىپ، — ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. ئۇنى كۆرسەم قوقىقىم ئۆرلەيدۇ!

ھېكمەت ئالدىراپ سۆزلىدى:

— مەنمۇ ئۇنىڭ شەپقىتىگە مۇھتاج ئەمەسمەن. لېكىن بەزىدە قاغىنى قارچۇغا دەپ بىلەككە قوندۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. ئادىلجان مېنىڭ بوسۇغامغا دەسسەپلا يۈزۈمگە ئۇنى تۈكۈرۈپ قايتسىمۇ ماڭا شەرەپ ئىدى. مەن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكىلەر ئالدىدا بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭالايتتىم. ئۇنىڭ بەدىلىگە يۈزلىگەن ئادەملەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولاتتىم، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن يېنىڭىزغا كەلدىم دوستۇم، ھازىرلا بىللە ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە چاپايلى، سەن بىر ئامال قىلىپ ئەتىگەنلىكتە ئۇ كىشىنى مېنىڭ ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلگىن!

— بۇ ئىش قىيىن! — دېدى تۇرسۇن بېشىنى چايقاپ، — باشقىچىرەك قىلايلى.

— ئۇنداق بولسا سېنىڭ ئۆيۈڭگە چاقىرايلى، بۆلۈم باشلىقى چىن، ئاسىم، ئەكبەر ھەتتا مەنسۇرلارنىمۇ چاقىرايلى، لېكىن ساھىبخانلىقنى ماڭا تاپشۇرغىن.

— ئەقىللىق جۇمۇ سەن ھىكمەت! — دېدى يېزاباشلىقى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ، — ئۇنداق بولسا مەن بارىمەن، ئەمما تەييارلىق. . .

— بولدى! — ھىكمەت قوللىرىنى كۆتۈردى، - خانىنى كۆتۈۋېلىشقا يارىغۇدەك داستىخان سېلىنىدۇ. ھەممىسى مەندىن!

— ھا - ھا - ھا! . . . — ئۇلار ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى.

— پەزىلەت، بول، تەييار خام سەينىلا ئەكەلسەڭ بولدى! — دەپ ۋارقىرىدى يېزا باشلىقى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— مانا ھازىر! — دەپ تاكاسلاپ كىرىپ كەلدى پەزىلەتخان قىزىل پوپايكا سىرتىدىن بايىقى بورسۇق تېرىسىدىن تىكىلگەن پىنجەكنى كىيىپ.

يېزا باشلىقى ئايالىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ چاخچاق قىلدى:

— پەزىلەت، مەن يوق يەردە بەللىرىڭنى ئۈلچىتىپ ئالغانمىدىڭ، پىنجەك ھىممىدىلا كەپتۇغۇ؟

پەزىلەت ھىكمەتكە كۆز تاشلاپ قويۇپ قاپاقلىرىنى سوزۇۋېتىپ ئەركىلەپ:

— ئۈلچەتسەم نېمە بولاتتى، ھىكمەتكام ئۆزىمىنىڭ ئاكىسى، ھىكمەتكامدەك ئادەم بىلەن دوست بولۇڭ، بېشىم بىلەن خىزمىتىڭىزنى قىلىمەن. ھېلىقى سۈرۈن تەلەت ئەكبەر، ئاسىمدەكلەرنى ئۆيگە يولاتماڭ، ئۇلار ئۆيگە كىرسە پۈتۈن بىر تاغنىڭ قار - بورانلىرىنى باشلاپ كىرگەندەك بەدەن - بەدەنلىرىمگە تىترەك ئولىشىپ كېتىدۇ!

— پاھ، مۇنۇ بالىنىڭ تىلىنى! — دېدى ھىكمەت تىزلىرىغا ئۇرۇپ، — ياشاڭ سىڭلىم! تۇرسۇن، دىلەيسەدەك قارا قورساقنى مۇنۇ سىڭلىمدەك مەدەنىيەتلىك، پەزىلەتلىك ئايالغا ئالماشتۇرۇشتا كاللاڭ قالتىس ئىشلەپتىكەن جۇمۇ! قارا، ئۆيدە ئولتۇرغىنى بىلەن خىزمەت، جەمئىيەتكىمۇ ئەقىل بىلەن

ئارىلىشىدىكەن!

— قايسىبىر رەھبەر مۇھىم ئىشلىرىنى ئايالىغا مەسلىھەت سالمايدىكەن؟ — دېدى پەزىلەتخان تېخىمۇ نازلىنىپ، — سىزگىلا ئېيتىپ قوياي: مەنسۇر دېگەن سوكالنى خىزمىتىدىن چۈشۈرۈۋەتكەنمۇ مەن! تېخى ئۇنى پارتىيىدىن قوغلاتقۇزۇۋېتىمەن!

ئايالىنىڭ ماختىنىشلىرىدىن ھوزۇرلانغان يېزا باشلىقى ھىجايدى:

— مەنسۇر بىلەن مۇشۇ ئايال توغرىلىق توتۇشۇپ قالغانمەن. دىلەيسەك ئۇنىڭغا توغقان، پەزىلەتنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى سىنىپى يۇقىرى ئادەملەر بولغىنى بىلەن ياخشى ئادەملەر. ئايالىمنىڭ تۇغقانلىرى تىنماي ئازار يەيدۇ. ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسىلا شۇ مەنسۇر دېگەن قارا كۆسەي مېنى چىشلەيدىكەن. بىر قېتىم پارتكوم يىغىنىدا ماڭا قارىتىپ ئاينىغان دەپ دارتىملىدى، لېۋمنى چىشلەپ خەپ دەپ يۈردۈم. بولتۇر شال تېرىش مەسىلىسىدە ئوك يامپاشقا چىقىپ قالدى. لېكىن ئۇ تېخى تېپچەكلىمەكتە. ھازىر ئاسىممۇ ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇۋالدى ھېكمەتۋاي، ئەمما ئۇنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قالساق مىجىلىپ كېتىمىز! ھازىر ئىش تەسلىشىۋاتىدۇ. بۆلۇم باشلىقى چىن بىلەن سىنىپىي كۆرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قاپقاقنى ئېچىشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى تېپىپ قويدۇق، پات يېقىندا بىز تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭغا يېپىلىمىز.

— مېنىڭ مۆلچىرىم توغرا چىقتى! — دېدى ھېكمەت شۆرلاپ، — ئۇنى تۇيغۇزماي جايلىمىسا بولمايدۇ. ئەكبەر دېگىنىنى بىزلا تۈگەشتۈرىمىز. ئاسىمچۇ؟ ئۇ يىتىلەتكە ماڭىدىغان ھارۋا ئېتى، قانداقلا ھارۋىغا قوشساڭ تىرەجەپ سۆرەۋېرىدۇ! . . .

ئۇلار شۇ تەرىقى ئۇزاق پاراڭلاشقانمۇ بولاتتى، بىراق ئادىلجاننىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئالدىرىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئۇلار پېشايۋانلىرى خىشتىن قوپۇرۇلغان، بەش ئېغىز ئۆيى بار، قوش قاناتلىق دەرۋازىسى بار بۇ هويلىدىن ئاتلىنىپ چىققاندا تالادا ئۇچقۇنداپ قار يېغىۋاتاتتى.

ئۇلار يۇمشاق قار توزۇپ تۇرىدىغان يېزا يولى بىلەن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى. . .

بۇ چاغدا ئادىلجان ئاسمىنىڭ سارىيىدا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ كەچ كىرگۈچە قاۋانلىقنىڭ ئەتىيازلىققا ئېچىلىدىغان يەرلىرىنى كۆردى. كىچىك ئەترەت كادىرلىرى، ئەزالار بىلەن سۆهبەتلەشتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1962 - يىلى 9 - ئايدا ئېلان قىلىنغان خەلق يېزىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى مۇستەهكەملەش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى ۋە «60 ماددا»نىڭ تۈزىتىلگەن لايىهىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەهۋالىنى ماددىمۇ - ماددا تەكشۈردى، قىيىنچىلىقلار، مەسىلىلەرنى ئاڭلىدى، بىرنەچچە ئەرز قىلغۇچىلارنىمۇ قوبۇل قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەنسۇرمۇ بار ئىدى. مەنسۇرنىڭ چوڭ ئەترەت ياچېيكا شۇجىلىقىدىن قالدۇرۇلۇشىدىكى سەۋەب ناهىيىلىك پارتكومغا ئۆز ۋاقتىدا يوللانغان، ئادىلجان ئۇنى كۆرگەنىدى. بۈگۈن مەنسۇر بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ كۆرۈپ ئەهۋالنىڭ ئەينەن ئىنكاس قىلىنمىغانلىقىنى سەزدى، لېكىن هازىرچە ئۇچۇق بىر نېمە دېمىدى. بۇ توغرىلىق لى شۇجى، بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن سۆزلىشىشنى ئويلاپ قويدى. بولۇپمۇ سىناق قىلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك تەربىيىدە هەل قىلىنىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا كادىرلارغا ناهىيىلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى، ئۆز پىكرىنى ئېيتتى. . . قىسقىسى بىر كۈن ئىچىدە، ياق كەچقۇرۇق كەلگىنىدىن باشلاپ يېرىم كېچىگىچە نۇرغۇن ئىشلارنى پۈتتۈرۈۋەتتى. ئۇخلاشنىڭ ئالدىدىلا بولسا

توپلانغان كادىرلار، ئەزالار بىلەن ناخشا ئاڭلىــــدى، ھەتتا ئۇسسۇلغىمۇ چۈشتى، بىرنەچچە رومكا ئىچىپمۇ قويدى. . .

ئادىلجان، كاتىپ ھارۇنكەشلىرى بىلەن ئۆيقۇغا كەتكەندىن كېيىن ئاسىم پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن مېكىپ لامپىنى چۈكوردى، مەشكە ئوتۇن سالدى ۋە سارايىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ دالان سۇپىسىدا — كىگىز ئۇستىدە ئالقىنىغا ئېڭەك تىرەپ خىيال سۈرۈپ ياتقان ئەكبەرنىڭ يېنىغا كېلىپ يانپاشلاۋېتىپ:

— ئەمدى نېمە قىلىدىغان بولدۇق ئىنىــــى، — دېدى كولۇمسىرەپ.

— راست ئەمدى يۈرەكلىك ئىشلەيدىغان بولدۇق، — دېدى ئەكبەر ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — مەن يورۇق چۈشۈش بىلەنلا ھەربىيلەرنىڭكىگە بېرىپ قومۇش سېتىشنى ئۇقۇشۇپ كېلىمەن. 180 مىڭ باغ قومۇش ئورۇلۇپتو ئاسىمكا، 20 پۇڭدىن سېتىلسا 36 مىڭ يۈەن!

— ۋاھ، بىر كىچىك ئەترەتنىڭ يىللىق كىرىمى دېگەن سۆز ئۇكا!

— يەنە بىر ئاي ئورساق، — دېدى ئەكبەر بارماقلىرى بىلەن ھېسابلاپ، — قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىن 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايمىز. ئەتىيازلىققا قاۋانلىقنى ئېچىشــتا قەرز ئالمايدىغان بولىمىز. ئەزالار ئىچىدە مۇزاكىرە قىلدۇرۇپ قاۋانلىقنى ئېچىش راسخودى ئۈچۈن ھەربىر ئەترەتنىڭ قوشۇمچە كىرىمىدىن ئاز - تولىدىن تۇتۇپ چوڭ ئەترەت بويىچە بىر تۇتاش ساقلاپ قويساق. . .

— «60 - ماددا» غا ئۇيغۇن كەلمەي قالمسۇن يەنە، — دېدى ئاسىم دەرھاللا. — ئادىلجاندىن سوراپ كۆرەيلى.

— مېنىڭچە قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىنغاندىكىن سىياسەتكىمۇ ئۇيغۇن كېلىپ قالار، ئەزالارمۇ ياق دېمەيدۇ.

— قېنى نىم قىلىپ باقايلى، — دېدى ئاسىم ئۆزىنى

ئۆگەنسىغا تاشلاپ. ئاسمىننىڭ ئايالى كاڭدا ئوخلاۋاتقان بالىلىرىنىڭ يېنىدىن قوپۇپ پەتنۇسلۇق ساندۇق ئۈستىدىن ئۇلارغا ماڭۇق ياستۇقلارنى ئېلىپ تاشلىدى.

ئۇلارنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىۋېدى هويلىدا غازلار غاقىلدىشىپ كەتتى.

— هوي، دۈكۈرلىشىپ ئاتلىقلار هويلىغا كىردىغۇ! — دېدى ئاسمىننىڭ ئايالى. ئاسىم ئالدىراپ كالىچىنى پۇتىغا ساپتى ـ دە، هويلىغا مېڭىپ:

— ئادىلجان ئويغىنىپ كەتمىگىدى، — دەپ شىۋىرلىدى.

— هوي ئاسىم، سېنى قارا باستى قىلغىلى كەلدۇق، — دېدى يېزا باشلىقى تۇرسۇن گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازدا ۋارقىراپ.

— ياخشى، خوي قىپسىلەر! — دېدى ئاسىم ئۇلارنىڭ ئېتىنى ئېلىۋېتىپ، — پاھ، سوغۇقنىڭ كۈچىنى ـ هە، ئۈستى بېشىڭلار ئۇنىغا مىلەنگەندەك ئاپپاق قىراۋ بولۇپ كېتىپتۇ!

— شۇنچە ئات چېپىپمۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشقا داخىل بولالمىدۇق، هەي تەلەيسىزلىكىمىز! — دېدى هىكمەت ئېتىنىڭ ئۈلىگىنى بوشىتىۋېتىپ.

ئاسىم ئۇلارغا شىۋىرلىدى:

— سادىغاڭ كېتەيلەر، ئادىلجان ئەمدىلا ئارام ئېلىشقا ياتتى. ئۈنۈنۈپ قالاي، بىر ئاش پىشىم ئويغاتماي تۇرساڭلار كەن!

— ئۇ غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

يېزا باشلىقى ئۇنىڭ مۇرىسىنى قېقىپ پىچىرلىدى:

— ئەنسىرىمە ئاسىم، بىزمۇ شېرىن ئۇيقۇنى بۇزمايمىز، ئىسسىق چېيىڭنى تەييارلا بىر ئوتلامدىن سۇمۇرىمىز ـ دە، ئۇخلايمىز، قالغان گەپلەر بولسا ئەتىگەنلىكتە.

— مەرھەمەت — مەرھەمەت، دالاندىلا نىم قىلىۋېرىمىز ـ دە!

ئۇلار دالانغا كىرىپ ئەكبەر بىلەن كۆرۈشتى. ئەمدىلا

١

يېشنىپ ئۇلتۇرۇۋشىغا ئىچكىرىدىن ئادىلجاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يولداش تۇرسۇن، تازا سوغۇق يېدىڭىز - دە!

دالاندىكىلەر بىر بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى ۋە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋشتى.

— داستىخاننى بىراقلا سالدىغان بولدۇق - تە! — دېدى ئاسىم كولۇپ تۇرۇپ، ئۇ پەگاغا چوشۇپ سارايىنىڭ ئىشكىنى ئاچتى. ئەكبەر بىلىكىگە قاتلانغان داستىخاننى سىيلىۋېلىپ، چاقچاق چاسا جوزىنى كوتۇرۇپ ھەممىنىڭ كەينىدە سارايغا ماڭدى.

تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن مېھمانلارنىڭ ھوزۇرخالىق ئېيتىشلىرىغا قارىماي جوزا قويۇلدى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن ھىكمەتكە قاراپ قويۇپ كەينىدىكى خورجۇنىدىن قوغۇن - ۋە يالتىراپ تۇرغان ساپ ئۈزۈملەرنى چىقىرىپ جوزىغا قويدى ۋە جاغدا قوغۇننى ئىشارەت قىلىپ:

— مۇنۇ جوزىدىكى قوزىلىق قوينى، — دېدى ئۇ مەشرەپلەردىكى پاشاپلارنى دوراپ، — بىر سىخى باغۇەن جاپا چەككەن باشلىقلار ئېغىز تەگسۇن دەپ كېچىلەپ بىزنىڭ ئۈيگە يەتكۈزۈپ كېلىۋېدى، مەن بۇ سوۋغىنى دەم ئالغۇزماي يەتكۈزۈپ كەلدىم.

— دېمى كەم بولمىسۇن! — دېدى ھىكمەت كولۇپ تۇرۇپ،

— باغۇەننىڭ سىخى ئىلتىپاتى، ئۈمىد ۋە تەلەپكە باي ئىلتىماسىنىڭ خالىس شاھىدى بولۇش ئۈچۈن يىغىلىمۇ بىللە كەلدى.

— قازاننىڭ گوۋاھچىسى چۆمۈچ دېگەندەك - ھە! — دەپ كۇلدى ئادىلجان چاقچاق قىلىپ، — باغۇەننىڭ كۆڭلىگە رەھمەت، ئەگەر جاپا تارتقانلار يېيىشى شەرت بولسا ئالدى بىلەن شۇ باغۇەن ئۆزى بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

ئۆيدىكىلەر تەڭلا كۈلۈشتى. لېكىن يېزا باشلىقى قوللىرىنى كۆتۈرۈپ «پەتە» قىلدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ ئاسىمغا:

— قېنى، ساھىبخان بۇنى تىلغىن. باغۋەنىنىڭ دىلى تولا نازۇك، ئېغىز تەگمىسەك رەنجىيدۇ. ئادىلجان شۈجى، مېھمان دېگەن قويىدىن ياۋاش بولىدۇ، مۇنۇ جوزىدىكى سوۋغا پۈتۈن يېزىدىكى 17 مىڭ 870 نوپۇسلۇق دېھقانىنىڭ يۈرەك سوۋغىسى. ئېغىز تېگىڭ، يېزىمىزنىڭ ئەڭ شېرىن مېۋىلىرىگە ئېغىز تەگكۈزەلمىسەك كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ!

ئادىلجانىڭ توسوشلىرىغا قارىماي قوغۇن تىلىندى، ئۈزۈم تەخسىلەرگە ئېلىندى. ئالمىلار، نەشپۈت ـ دۈشەشلەر خۇرجۇندىن يەنە چىقتى...

يېزا باشلىقى تۇرسۇن مېۋىگە تولغان داستىخانىنى كۆرسىتىپ:

— ئادىلجان شۈجى، بىزنىڭ يېزىدا دائىم ياز، مەيلى قەھرىتان قىشتا، مەيلى سېرىقتال ئەتىيازدا كېلىپ بۇ مېۋىلەرنىڭ ساپىقىدىن يېڭىلا ئۈزۈلگەنلىرىگە ئېغىز تېگەلەيسىز!

...

ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئادىلجانغا قارىدى:

— مېنىڭ ۋاقتىم توشتى، ھېلىقى يەرگە ھازىر ماڭىمەن. بولمىسا بۇگۈن كەچ قايتىپ كېلەلمەيمەن.

ئادىلجان بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئاسىم بىلەن چىقتى. ئەكبەر ئاسىمغا پىچىرلىدى:

— ھىكمەتنىڭ مېۋىلىرى ئاسانلا جوزاڭغا چىقىۋالدىغۇ ئاكا، بىر ئامال قىلىپ ئادىلجان شۈجىغا بۇ سىرنى بىلدۈرۈپ قوي.

..

ئاسىم كۈلۈپ قويدى ۋە ئېغىلدىن توقۇقلۇق ئاتنى ئېپچىقىپ:

— ھېلىقى زىۋۇرشالا توختام قىلىشقان ئورۇنمۇ ياخشى

ئالىدىكەن، شۇلارغا يولۇقامسەن يە؟ — دېدى.

— ئوقۇشتۇق، — دېدى ئەكبەر ئاتقا مىنىۋېتىپ، — ئۇلار بىر يېغىنى 25 پۈڭدىن ئالىدىكەن، لېكىن يارتىپ ئالىدىكەن. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە ئۇلار باغ ھېسابىدا سېتىۋېلىپ ماشىنىلىرى بىلەن قەغەز زاۋۇتىغا ئاپىرىپ كىلولاپ ساتىدىكەن. شۇ چاغدا بىر باغ قومۇش 57 پۈڭغا يارايدىكەن. شۇنداق قىلىپ پايدا تېپىۋاتقان ھايانكەشلەر ئوخشايدۇ ئاكا.

— ماڭا قارا، ئۇنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

— سونورغا روزنەمەت ئېيتىپ بېرىپتو.

ئۇلار بىر بىرسىگە قارىشىپ قويۇشتى.

ئاسىم قايتىپ كىرگەندە جوزىدىكى مېۋىلەر شۇ پېتى تۇراتتى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئادىلجانغا تېخىلا يېلىنىۋاتاتتى:

— ئالىسىڭىزا ئادىلجان شۇجى، ئاك سەھەردە يېگەن سۇلۇق مېۋە يۈرەكنى ياشارتىدۇ دېيىشىدىكەن.

— سىز يەنىلا ياشارتىشنىڭ كويىدىمۇ؟ — دەپ چاچقاق قىلدى ئادىلجان مەنىلىك قىلىپ، — سىز بىلەن بىز ياشارتىپ نېمە قىلىمىز؟ ياشارتقۇمىز كەلسە قاۋانلىقنى ياشارتايلى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياشارتايلى، مۇنۇ كونىدىن قالغان يېزىلىرىمىزنى، ئېتىز - ئورمانلىرىمىزنى، باغ - يايلاقلىرىمىزنى ياشارتايلى! يېزا باشلىقى سىز بىلەن بىز قىلىدىغان ئىشلار نۇرغۇن. ياخشى مېۋە، كىيىم - كېچەك، ئۆي - جاي ھەتتا ياش ئايال توغرىسىدىلا باش قاتۇرۇپ ئۆمرىمىزنى زايا قىلىۋەتسەك بولماس!

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ يېزا باشلىقىنى تەنقىد قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان ھىكمەت تۇيدۇرماي تالاغا قاراپ كەينىچە ماڭدى. ئۆزىگە تۇزۇكرەك ئېلتىپات كۆرسەتمىگەن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى ئىچىدە تىللىغىنىچە ئېتىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ئېتىغا مىنەي دەپ تۇرۇشىغا ئۆيدىن يېزا باشلىقى تۇرسۇن

چىقىپ كەلدى، ئۇ ھېكمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ:
— مەنسۇر، ئەكبەرلەر مېنى چېقىپتۇ! — دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — قارىغا، ياش خوتۇن ئالدىڭ دەپ ئەيىبلەۋاتقىنىنى!
— چۈپەي ئادەملەر ئاشۇنداق چۈپەي گەپلەرنى قىلىدۇ، — دېدى ھېكمەت پىچىرلاپ.
— ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ بوپتىمىز ھېكمەت. قايتىڭ، پەزىلەتكە بالا ئەۋەتىڭ، ئاۋارە بولمىسۇن!
— ئۇنىمىغىنىدەكما؟
— بىردەم تۇرۇپ ئالتىنچى چوڭ ئەترەتكە ماڭغۇدەك. ئەمدى ماڭا خىزمەت ئۈستىدە يوليورۇق بېرىدىغان بولدى، مەن كىرەي، — دېدى ئۇ ئۆيگە قايتىپ.
— ھاي، ھېكمەتۋاي نەگە؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئاسىم ئۆيدىن چىقىپ، — ھېچ بولمىسا نىم قىلىپ كېتىڭ!
ھېكمەت قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويۇپ ھۆزۈرخاھلىق ئېيتتى.

* *

ئادىلجان كەتكەندىن كېيىن ئاسىم خۇشال بولۇپ يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا:
— قومۇشلارنى سېتىۋېرىمىز-دە، ئەمدى يەنە بىر-ئىككى ئاي قومۇش ئورۇپ سېتىۋالساق يېزا باشلىقى. . . — دېۋىدى، تۇرسۇن ئۇنىڭغا ئالايدى:
— قاچانغىچە كاپىتالىزم ئۈچۈن ئىشلەيسەن؟ تېخى سەگىمىدىڭمۇ؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز يېزا باشلىقى؟
— ئۆتكەندە دېدىمغۇ: قومۇش ئورۇشنى توختات، ئەزالار

ئەمدى كۆن بويى ئۆگىنىش قىلىدۇ. ئۇمۇش سېتىشنى توختات، ساتساڭ پۇلۇڭ مۇسادىرە قىلىنىدۇ!
— بۇ گەپىڭىز ئادىلجاننىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئوخشىمىدىغۇ؟
— ئادىلجان ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە سوتسىيالىستىك تەربىيە سىناق قىلىنىۋاتقىنىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئوخشايدۇ. بۆلۈم باشلىقى چىن بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى تازا بىلىدۇ. ئۇ كىشى تونۇگۈنلا: ھازىر جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئۆتكۈر، جىددىي كۈرەش ئەھۋالى يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىمۇ شۇنداق. كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەنسۇر گۇرۇھىنى پاش قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇڭلار، دەپ يولىيورۇق بەردى.
— ئۇنداق بولسا نېمىشقا بايا ئادىلجانغا بۇ پىكىرلىرىڭىزنى ئوچۇق ئېيتمايسىز؟
— ئېيتتىم!
— مەن ئاڭلاپ تۇردۇمغۇ: جەزمەن سىزنىڭ دېگىنىڭىزنى قىلىمىز. مانا ئوچۇق بولدى دەپ تۇرغىنىڭىزنى ئاڭلاپ تۇردۇمغۇ!
— ئاڭلاپسەن، چۈشەنمەپسەن، — دېدى يېزا باشلىقى خاپا بولۇپ، — سىنىپىي كۈرەش. ئىككى يول كۈرىشى بار يەردە لۈشيەن كۈرىشىمۇ بولىدۇ يولداش. مەن سېنى بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن بىر كۆرۈشتۈرمىسەم بولمىدى، سىنىپىي كۈرەش ئېغىر بەك تۈزۈن. بىلەمسەن، مەنسۇرلار ئادىلجانغا نېمىلەرنى دېمىدى!
ئۇ قولىنى قاتتىق بىر سىلكىدى - دە، ئېتىغا سەكرەپ مىندى.
ئادىلجانمۇ، يېزا باشلىقى تۇرسۇنمۇ كەتكەندىن كېيىن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكىلەر قومۇش ئورۇش، سېتىش بىلەنلا بولۇپ ئۆگىنىشنىمۇ توختىتىپ قويۇشتى، بۇ ئەھۋالنى بۆلۈم

باشلىقى چىن ئاڭلىغاندىن كېيىن يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا:

— سىنىپىي كۈرەشنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى بۇ، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە كاپىتالىزم كۈچلىرى ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىۋالغان، جىددىي تەدبىرلەرنى قوللانمىساق بولمىدى! — دېدى جىددىيلىشىپ.

ئۇلار تەدبىرلەر ئۈستىدىمۇ ئوبدان پىكىرلەشتى. شۇندىن كېيىن بۇ تەدبىرلەر توغرىسىدا بىرىنچى بولۇپ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئادەم روزىمەت بولدى. ئۇ يېڭى خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن زىۋىرشانىڭكىگە ئالدىراپ يۈگۈردى.

ئۇ سەككىزىنچى ئەترەتكە كەلگەندە زىۋىرشا بىرنەچچە ئەزاغا چانا قوشقۇزۇپ، ئۆزى كىچىك ئەترەتنىڭ ئاقاشقا ئېتىنى مىنىۋېلىپ، ئىگەردە قىيسىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ياغاق قولاقچىسى ئورنىغا تۈلكە قولاقچا، ھېلىقى كۆرەك جۇۋا ئورنىغا قوزا تېرىسىدىن قايرىما ياقا قىلىنغان، قارا تاشلانغان سەنسەن جۇۋا كىيىۋالغانىدى. ئۇ ئېتىنى ئويىنىتىپ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشىككە بېرىپ:

— ھارۋىلار بۈگۈن قومۇش بېسىپ ماڭمىدۇ، قومۇش بېسىپ بېرىشكە بارغىن جۇمۇ! — دەپ قوياتتى ـ دە، ئاتنىڭ باش سىلكىپ، ئويناقلاپ مېڭىشىغا زوقلىنىپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. روزىمەت كېلىشتىن بۇرۇن زىۋىرشا بوغالتىر بىلەن ئولتۇرۇپ قومۇشنىڭ كىرىمىنى ھېسابلاپ كۆردى. سەككىزىنچى ئەترەت ھەممە ئەترەتلەردىن ئارتۇق ئورغان. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ قېتىم كوللېكتىپ ئورۇشتىن بۇرۇن شەخسلەر ئورغان قومۇشلارنىمۇ نومۇر بېرىپ باھالاپ ئېلىپ بۇ قېتىم ئورغان قومۇشقا قوشۇۋەتكەنىدى. زىۋىرشانىڭ ھېسابىدا ئۇلارنىڭ 30 مىڭ باغ قومۇشى يەتتە مىڭ 500 يۈەن بولاتتى. زىۋىرشا بۇ سانغا رازى ئەمەس، مۇشۇ سۈرئەت بىلەن يەنە 20 كۈن قومۇش ئورغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن سانغا يېقىنلىشاتتى. ھازىر

بولسا تېخى ئاز... يەتتە مىڭ 500 يۈەن پۇلدىن ئۇنىڭغا تېگىدىغىنى قانچىلىك بولار؟...

— تېز ساتايلى، مۇسادىر قىلغۇدەك! — دېدى روزىمەت ھاسىراپ تۇرۇپ. — ئەڭ ياخشىسى ھازىرلا مېڭىڭ!

نېمىگە شۇنچە مەڭدەيسەن ھوي، — دېدى زىۋەرشا ھەيران بولۇپ، — نېمىنى مۇسادىرە قىلىدىكەن؟

— ئەترەتلەرنىڭ قومۇش ساتقان پۇللىرىنى، قومۇشلىرىنى!

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

روزىمەت زىۋەرشانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— يۈر، سۇلايماننى تاپايلى! — دېدى زىۋەرشا ئالاقزادە بولۇپ، — ھېلىقىلار دەريا بويىغا توشۇپ بەرسىلا ئۆزىمىز ئېلىپ كېتىمىز دەپتىكەنغۇ!

— ھىم!

— بۇ قايسى ناكەسنىڭ ئىشىدۇ - ھە؟

— ئاشۇ ئەكبەرنىڭ بولمامدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىم بار ئىدى!

— ئەكبەر چۈشتىن كېيىن چوڭ ئەترەتكە قايتتى. ئاۋرال ئېتىكىدىكى چەكسىز بوز يەر، قاش دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىغىدىكى ئورمانلار ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېدىرلار ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ، كۆمۈش تاجلىق چوققىلىرىغا بۇلۇتلارنى قوندۇرۇۋالغان تيانشان تېغى، دالىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە خۇددى ئاق داستىخاننىڭ قارامتۇل گۈللىرىدەك قارىيىپ تۇرغان مەھەللىلەر ئەكبەرنىڭ قەلبىدە ئۆز يېرىگە — ئۆز ۋەتىنىگە چەكسىز مۇھەببەت ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىدى. مۇشۇ ۋەتەن تۇپرىقى ئۈچۈن قانچىلىك ئېسىل مەرتلەر ئىسسىق قانلىرىنى تۆكتى، قانچىلار يەنە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى سەرپ قىلىۋاتىدۇ - ھە؟

ئۇ بۇ خىيالدىن ئۆزى ياشاۋاتقان چوڭ ئەترەتكە قايتتى. ئۇنىڭ قەلبىنى خۇشاللىق چۇلغىۋالدى: ئەزالارنىڭ تەر تۆكۈپ ئورىغان قومۇشى ياخشى پۇلغا يارايدىغان بولدى. ئۇ ھەربىيلەرگە بىغىنى ئون بەش پۇڭدىن سېتىشقا كېلىشىپ قويدى. «قار ئېرىگىچە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىن خېلى كىرىم قىلىدىغان ئوخشايمىز!» دەپ ئويلىدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. ئۇ ئۆزى كۈلۈمسىرىگەندە ئۆزى بىللە يۈزلىگەن ئادەملەرنىڭ كۈلۈۋاتقىنىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كۈلۈمسىرەپ خۇشال بولۇۋاتقان تونۇش ئادەملەر بىرمۇ بىر كەلدى.

ئۇ مەنسۇرنى ئويلىغاندا يۈزلىرى چىمىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ يادىغا ئاينۇر يەتكەن، قىز ھازىر دوختۇرخانىدا، ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكەنىدى. قايسى كۈنى ئەكبەر يوقلاپ كىردى. قىز دەرھال تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى. ئەكبەر ئېلىپ كىرگەن ئالمىلارنى تومپۇچكىغا قويدى ـ دە، تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:

— ئاينۇر، ئۇققۇشماسلىق بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

ئىشىك ئېچىلىپ ياتاققا مەنسۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ ھودۇقۇپ ـ قىزىرىپ كەتكەن ئەكبەرنى كۆرۈپ:

— كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى.

— قومۇش ساتالماي . . .

ئەكبەر شۇندىن بېرى نە ئاينۇرنى، نە مەنسۇرنى كۆرمىدى. ھازىر شۇ قومۇش سېتىلىدىغان بولدى. ئۇ خۇشال ئادەملەر قاتارىدا ئاينۇرنى كۆرۈشكە شۇنچە ئالدىرىدى.

ئەكبەر چوڭ ئەترەتكە شۇنچە ئالدىراپ ماڭدى، ئۇ مەھەللىگە ئەگىيدىغان بۇرۇلۇشقا كەلگەندە ئالدىدىن قاتارلىشىپ 40 — 50 تەك قومۇش باسقان چانىلار چىقىپ كەلدى. ئات قوشقان، ئۆكۈز قوشقان بۇ چانىلار باھار ئاسمىنىدا ئۇچقان قاقىرلاردەك بىر بىرىگە ئۇلىشىپ كەلمەكتە، چانىلارنى يانداپ ئايقاشقا ئاتنى ئويناقلىتىپ زىۋىرشا، ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئېگىز قارا ئاتتا

سۇلايمان گۇر - گۇر كەلمەكتە ئىدى. ئەكبەر بىرىنچى چانىدىكى ئاتنا قىيىشىپ ئولتۇرغان. قارا بۇرۇتلىرىنى ئاپئاق قىراۋ باسقان ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ھە، نەگە ئېلىپ ماڭدىڭلار؟

— ئوبلاستلىق قورۇلۇش ئەترەتنىڭ كۆرسەتكەن يېرىگە!

— شۇ ئۆتكەنكى باھا بىلەنما؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ.

— سىلەرگە ئۇ يەرگە توشۇشقا كىم باشچىلىق قىلدى؟

ھېلىقى ئادەم بېشى بىلەن زىۋىرشالار تەرەپنى شەرەت قىلدى.

— بىز ئۇلارغا قومۇش ساتمايمىز، — دېدى ئەكبەر گەپنى قىسقارتىپ، — دەرھال قايتىڭلار.

ھېلىقى ئادەم نېمە قىلارىنى بىلمەي قاراپلا قالدى. چانىلار كەينى - كەينىدىن تىزىلىپ توختاشقا باشلىدى. زىۋىرشا بىلەن سۇلايمان يول چېتىدىكى كۆلتۈك قاردا ئاتلىرىنى ئۇ كۆرەك تاشلىتىپ ئەكبەرنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى:

— نېمىشقا توسۇۋالدىڭ، ئەكبەر؟ — زىۋىرشا قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن تۇلكە تۇمىقىنى يۇقىرى ئىتتىرىپ قويۇپ سورىدى.

— بىز ئۇ يەرگە ساتمايمىز، — دېدى ئەكبەر سالماقلىق بىلەن، — چانىلار دەرھال يانسۇن!

— كىمگە ساتىمىز كەن ئەمىسە؟ — سۇلايمان تاقەت قىلىپ تۇرالماي سورىدى.

— ھەربىيلەرگە ساتىدىغان بولدۇق.

— ئۇلارنىڭ نەرقى بەك ئەرزان دەيدىغۇ؟ — سۇلايمان ئالدىغا ئېتىلىپ دېۋەتتى، — ئۇلار بىر بىغىنى ئون بەش پۇڭدىن ئالىدىكەنغۇ، ئۇنچىلا ئەرزان ساتقۇچە بورا توقۇيلى بولمىسا!

— ھەربىيلەر دۆلەت باھاسىدا ئالىدۇ، ساڭا ئەرزان

كۆرۈنگىنى بىلەن قىممەتلىك ئىشقا سەرپ قىلىدۇ.

- بىزگە پۇل لازىم، پۇل! — سۇلايمان قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى.

— ساڭا پۇل لازىم بولسا، بىزگىمۇ پۇل لازىم، لېكىن بۇ پۇلنى بىز قاراڭغۇ بازار قىلىش ئارقىلىق تاپمايمىز.

ئەكبەر بۇ سۆزنى كۆپچىلىك ئاڭلىسۇن دەپ ۋارقىراپ ئېيتتى.

— ساتىدىغانلار شۇلارغا ساتسۇن، مەن ئۆز چانىلىرىمنى توختام قىلغان يەرگە ئاپىرىمەن! — دېدى زىۋەرشا.

— سەن ئەكبەر، خەلقنىڭ قان - تەرىگە ئىچ ئاغرىتمايدىغان ئادەمكەنسەن! — دېدى سۇلايمان.

— خەلقنىڭ قان - تەرى دەمسەن؟ — دېدى ئەكبەر، — ھەربىيلەر بىزنىڭ قومۇشىمىزنى دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ، سېنىڭچە بىزنىڭ تۆككەن تەرىمىز ئۆز جايىنى تاپماپتىما؟

زىۋەرشا بىلەن سۇلايمان ئىككىسى ئەكبەر بىلەن گەپ تالىشىپ نەپ ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى، ئۇلار ئەمدى ئۆكتەملىك قىلىشقا ئۆتتى. سۇلايمان ئېتىنى ئەكبەرگە قارىتىپ دىۋىتىپ، مەيدىسىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ گۈركىرىدى:

— مەن سېنى تازا بىلدىم، سەن بىزگە ياخشى كۈن كەلتۈرمەيدىكەنسەن، سەن كەلگەندىن بېرىلا مانا مۇشۇنداق بىزنىڭ زىيىنىمىزغا ئىش قىلىۋاتىسەن!

چانىلارنى تاشلاپ ئادەملەر تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان يەرگە توپلىنىشقا باشلىدى. ئەكبەر سۇلايماننىڭ قىلغان دوقلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— قاغىمۇ قوغۇنلارنى چوقۇلاپ كاردىن چىقارغىنىنى قوغۇن ساقلىغىنىم دەپ ماختانغۇدەك ... يولداشلار، قايتىڭلار، ياچىيىكنىڭ قارارسىز بىرمۇ چانىنىڭ مېڭىشىغا رۇخسەت يوق!

ئەكبەر شۇ گەپنى دېدى - دە، ئېگىزلىق بىلەن مەھەللىگە قاراپ ماڭدى.

سۇلايمان غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن قامچىسىنى پولاڭلىتىپ ۋارقىرىماقتا:

— مېڭىڭلار! ھەي يول باشلىماي قورۇپ كېتىدىغان كوسپاڭ، ئالدىڭغا ماڭماي نەگە بورۇلىسەن!

زېۋىرشا چانىلىرىنى كەينىگە بوراۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ غوتۇلدىدى:

— توۋا، ماۋۇ خەقنىڭ گالۋاڭلىقىنى قارىمامدىغان؟ كورۇنۇپ تۇرغان پايدىنى كورمەسكە سېلىۋاتقىنىنى ھوي، چوڭ ئەترەت بويىچە 360 مىڭ باغ قومۇش دۆلەت باھاسىدا ئارانلا 54 مىڭ يۈەن بولىدۇ. مۇنۇ بىز ئېپكېتىپ بارغان يەردە نەق 90 مىڭ يۈەن! ئېسىت - ئېسىت!

— ھەي ئاغىنىلەر، زېيىنىغا ماڭماسىلەر! ھەي ئاغىنىلەر سىلەرنىڭ يانچۇقىڭلارغا كىرىدىغان پۇلغۇ بۇ، يانماڭلار دەيمەن! نېمىدېگەن كالۋالىق بۇ! ئىككى ئېغىز چىرايلىق سوزگە نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەيمىزمۇ، ئاغىنىلەر!

ئۇلار ئىككىسى ئاتلىرىنى بىرى ئۇ باشقا، بىرى بۇ باشقا چاپتۇراتتى، لېكىن ئادەملەر پەرۋامۇ قىلماي ئېگىزدىكى يۇمشاق قاردا دائىرە قىلىپ ئوز چانىلىرىنى كەينىگە بوراش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

سۇلايمان ئەكبەرنىڭ كەينىدىن قارىدى. ئۇ ئاسمىنىڭ ئاق بوز ئېتىنى يورغىلىتىپ كەينىگە بورۇلۇپمۇ قويماي مەھەللىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئەڭ كەينىدىكى چانىلار ئاللىقاچان كەينىگە يانغان، ئۇلار ئەكبەرنىڭ كەينىدىن قاتارلىشىپ كېتىپ باراتتى.

سۇلايمان ھېچ بولمىسا چانىلارنىڭ يېرىمى كەتسىمۇ يېرىمى قالار دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇ ھەممىلا چانىلارنىڭ بورۇلۇۋاتقانلىقىنى كوردى. ئۇنىڭ غەزىپى ئورلىدى:

— راسا ناكەسلەرنى باشلاپ كەپتىكەنمىز - دە، توفى، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان قاپاقباشلار!

ئۇ ئەمدى چانىلارنى تىللاشقا باشلىدى. قولاقچىسىنى ئېگىكىدىن باغلىۋالغان، ساقاللىرىنى ئاپئاق قىراۋ باسقان بىر ئادەم ئاچچىقى بىلەن سولايمانغا ۋارقىرىدى:

— ھەي، تىلىڭنى يىغساڭچۇ، بىز سەندەكلەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ يۈرىمىزغا يەپ كەتكەن خەق، تولا كاپشىماي يولۇڭغا كېتىۋەرمەمسەن!

يەنە بىر ئەزامۇ ئۇنى قوشتى:

— سەنلەر ھۆكۈمەتكە ساتىمىز دېيىشمىسەڭ بىكىرىغا بۇنچىلىك سوغۇق يېمەيتتۇق. ئەكبەر ئۇلارنى قاراڭغۇ بازارچىلار دەيدىغۇ!

سولايمان بىر ئەزانىڭ چانىسى يېنىغا ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى سىلكىپ تارتتى:

— ئەكە، سەن ئاپارمىساڭ، ئۆزۈم ئاپىرىمەن!

ھېلىقى ئەزامۇ چۇلۋۇرنى قويۇپ بەرمەستىن تۇرۇپ:

— قومۇشنى سەن ئەمەس، بىز ئورىغان، نەگە ئاپىرىشنى ئۆزىمىز بىلىمىز! — دېدى.

چانىلار كەينىگە ياندى. زۆھرىشا بىلەن سولايمان قامچا دەستىلىرىگە تايىنىپ ئوغلاق تارتقۇزۇپ قويغان چەۋەندازلاردەك سولتىيىپ قېلىشتى، ئۇلار نە ئالدىغا قاراپ مېڭىشنى، نە ئەزالارنىڭ كەينىدىن مەھەللىگە قاراپ مېڭىشنى بىلمەيتتى.

سولايمان يېنىچە بولۇپ غانجۇغىسىدىكى خورجۇننىڭ ئېزىلىرىنى يېشىپ، توختام تۈزگۈچىلەرگە ئېلىۋالغان ھارىقىدىن بىر بوتۇلكا ئالدى - دە، ئاغزىنى چىشى بىلەن چىشلەپ ئېچىپ، ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاغزىغا توغرىلىدى.

زۆھرىشا ئۇنىڭ ھەربىر يۇتقاندا لىپىلداپ تۇرىدىغان،

بۆرتۈپ چىققان بۇغدىيىكىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى:
— بولدى ھوي سۇلايمان، ئۆلۈۋالمىغىن يەنە!
سۇلايمان ئاغزىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى. ئۇنىڭ ئىككى جاۋغىيىدىن سىرغىپ چۈشكەن هاراق ئەلەملىك كۆز يېشىدەك ياقىلىرىنى نەمدىدى...
— خەپ ئەكبەر، خەپ ئەكبەر! — دېدى ئۇ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ، — سەنمۇ كەلدىڭ، مېنىڭ ئىشىم ئوڭ بولمىغىلى تۇردى، خەپ، خەپ! — ئۇ بوتۇلكىسىنى يەنە ئاغزىغا توغرىلىدى. ئۇنىڭ ئىپتى بېلى تالدىمۇ ياكى ھەمراھلىرىنى سېغىندىمۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ مەھەللىگە قاراپ ماڭدى، بېشى ساڭگىلىغان زىۋىرشانىڭ ئايىغاشقىسىمۇ مەھەللىگە قاراپ تېزگىن سىرتىگە باشلىدى.

ئەكبەر قاراڭغۇ چۈشكەندە مەھەللىگە قايتتى. ئۇنىڭ بىلەن زەربىدارلارمۇ قايتتى. جاڭزا ۋە بېسىقلىق قومۇشلارغا بولسا نۆۋەتچى مىنبېگلار قاراپ قالدى...
ئۇ مەھەللىگە كىرگەندە بىر چاقى كۆۋرۈككە چۈشۈپ كەتكەن دىشىلىق بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئۈچ - تۆت ئادەمنى كۆردى. ئەكبەر مىنبېگلار بىلەن ھارۋىنى چىقىرىشقا ياردەملەشتى. كۆپچىلىك پىشاڭلار بىلەن كۆۋرۈك ياغاچلىرىنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان چاقنى چىقاردى.
— سىلەر نەگە ماڭغان ھارۋىكەشلەر؟ — ئەكبەر ئالدىدىكى چوقۇر ھارۋىكەشتىن سورىدى.
— ئۆچىنچى چوڭ ئەترەتتىن ئۈچ تۈننا بېلىق سېتىۋالغانىدۇق، — دېدى ھارۋىكەش، — مۇنۇ مەھەللىدە سۇلايمان دېگەن بىر تونۇشىمىز بار، بۈگۈن شۇنىڭكىدە قونۇپ ئەتىگەنلىككە بېلىق بېسىپ قايتىمىز.
— سىلەر نەدىن؟
— بىز سەيىيارە قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ!

— قايسى ئىدارىگە قارايسىلەر؟
ئۇلار ئورنىنى مەلۇم قىلدى.
— ئالاقەڭلار قېنى؟
— ھەي «قايناق»، — دەپ ۋارقىرىدى ھارۋىكەش،
— ھېلىقى قەغەزلەر قېنى؟
«قايناق» دېگەن لەقىمى ئىسمى بولۇپ سىڭىشىپ قالغان پاكار، سېمىز ئادەم ھارۋىدىن ئىغاڭلاپ چۈشۈپ كەلدى.
— ھەي ئۇكا، مېنى تونۇمىدىڭىزما، ھېلىقى كېمىدە...

.

ئەكبەر بۇ ئادەمنى تونۇدى. كۈزدە ئەكبەر كېمە يېنىدا ئۇچراتقان. ئۇ چاغدا ئەكبەر دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ قايتقانىدى. بىر شوخ ئات قوشقان ياش بالا ھارۋىسىنى سۇ قىلىپ كېمىگە سالدى. ئات سۇ بولغۇچە كېمىنىڭ گىرۋىكىگە ھارۋا چاقلىرىنى ئېپكېلىپ تاقىدى. ئاشۇ «قايناق» ئاتنىڭ كوكۇلىنى زوقلىنىپ تۇتتى. ئاتنىڭ كۆزىدىكى تېڭىق يېشىلىپ كېتىپ، ئات دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئىككى چەتكە قاراپ قويۇپلا ئۆرىدەشكە باشلىدى. ھارۋا ئات بىلەن دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. ئات بىر چۆكۈپ چىقىپ ھارۋا بىلەن ئۈزۈشكە باشلىدى. ياش بالا يىغلىغىلى باشلىدى، ئەكبەر ئويلىنىپ تۇرمىدى، كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ دەرياغا سەكرىدى - دە، بىرنەچچە غۇلاچ تاشلاپلا لەيلەپ كېتىپ بارغان ھارۋىغا بېرىپ ياماشتى. ئۇ ئاتنىڭ يايلىدىن تۇتۇۋېلىپ سۇدا ئۈزۈپ، ھارۋىنى قىرغاققا ساق - سالامەت ئېلىپ چىقتى. «قايناق» شۇ يەردە تۇراتتى. قىرغاققا تۆت كېمە باغلانغان. كېمە ئۈستىدە بىر ئاپئاق بۇرۇتلۇق ئادەم ئولتۇراتتى. ئاق بۇرۇت ئادەم ئەكبەرگە موخوركا سۇندى ۋە «قايناق»نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— مۇنۇ ئاداشلار قايسى كۈنى مۇشۇ تۆت سال بىلەن قېچىۋىدى. مەنمۇ سىزدەك ئارقىسىدىن ئۈزۈپ بېرىپ بىر

بىردىن تۇتتۇم، سۇ بىلگەننىڭ پايدىسى چىقكەن، — دېدى.

ئەكبەر قىزىقتى:

— سالچىلارنى نېمىشقا تۇتتىڭىز؟

— سىز بىلمەيسىز، مەن دېگەن ئورمان ئىدارىسىنىڭ نازارەتچىسى. ھەرقانداق سالچى مۇشۇ يەردە سالنى قىرغاققا توختىتىپ ماڭا قەغىزىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇلار كۆرسەتمەي قاچتى. تۇتۇۋېلىپ سالنى باغلىۋالدىم. تەكشۈرسەك ياغاچنى موڭغۇلكۈرە ئاغىيازدىن ئېقىتىپ كەپتۇ. يۇ، قەغىزى يوق، تۇتۇۋالدۇق. مۇنۇ سېمىز ياغاچ بېقىپ ياتىدۇ، قالغانلىرى شەھەرگە كەتتى...

ئەكبەر سېمىزنى تونۇدى. ئۇ دەرھال ياغاچنى ئېسىگە ئېلىپ:

— ھە، راست شۇ سىزغۇ. ياغاچلىرىڭلار قانداق بولدى؟

— دەپ سورىدى. سېمىز ئويلانمايلا جاۋاب بەردى:

— مۇسادىرە بولۇپ كەتتى...

سېمىز مۇنۇ ياش يىگىتنىڭ ياچېيكا شۇجىسى ئىكەنلىكىنى، مۇنۇ ياشلارنىڭ مىنبىڭلار ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. «دېھقاننىڭ مېنىڭ ياغىچىم بىلەن نېمە كارى بولسۇن» دەپ ئويلىدى ئەتىمالىم.

ئەكبەر سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى:

— نېمىشقا مۇسادىرە قىلىدۇ؟

— نېمىشقا بولاتتى، بىز قەغەزسىز ئەكەلگەن ياغاچلار-دە!

— نېمىشقا قەغەزسىز؟

سېمىز زېرىككەندەك ئىرەڭسىزلىك بىلەن جۇۋىسىنى چىڭ ئوراپ ئەسنىدى-دە:

— شەخسلەردىن سېتىۋالغان ياغاچلار ئىدى، — دېدى.

ئەكبەر بۇلارنىڭ قەغەزلىرىگە قول چىرىقىنىڭ يورۇغىدا

سىنچىلاپ قارىدى. قەغەز، تامغىلار ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن مەھكەم ئورۇن ئالدى.

ئۇ چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىمنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ كېتىۋېتىپ ئادىلجان شۈجىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىدى: «... پۈتنىمۇ تېپىش كېرەك، لېكىن جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشنى چۆرۈۋەتمەڭلار... بولۇپمۇ ھازىر ناھىيىمىزدە يوشۇرۇن ئوقەت قىلىۋاتقان ھايانكەشلەر گورۇھى، يەر ئاستى ئىش كۆتۈرە ئېلىش ئەترەتلىرى، ئوغرىلار، خىيانەتچىلەر گورۇھلىرى بار. بىز ھازىر ئۇلارنى ئېنىقلاشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتىمىز... ئۇقتۇرۇشمۇ تارقاتتۇققۇ...» ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئۇقتۇرۇشىدا ئېيتىلغان ھايانكەشلەر گورۇھى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداق بولسا بۇلار سولايمان بىلەن قانداق ئالاقە ئورناتتى؟ سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ كەم ئاشلىقى مۇشۇنداقلارغا ئاققان بولسا، بۈگۈن بەزىلەرنى يەنە ئۆزىگە باغلىۋالغان بولسا بۇنى ھازىرلا يېزىغا، ناھىيىگە مەلۇم قىلىش كېرەك...

## ئون ئۈچىنچى باب

بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ پۈتۈن چوڭ ئەترەتنىڭ ھارۋا ـ چانىلىرى، ھەربىيلەرنىڭ ماشىنىلىرى قاۋانلىقتىن تاغ باغرىغا قومۇش توشۇشقا باشلىدى. ھەممە ئادەم دېگۈدەك كوچىغا چىقىپ قومۇش باسقان ھارۋا ـ ماشىنىلارغا زوق بىلەن قاراشتى. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرى چوڭ مەرىكە بولغاندەك خۇشاللىق، قىقاس ـ چۇقان ئىچىدە جانلانغان. لېكىن كۆپچىلىك خۇشال بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە غىزاسى غىزا، ئۇيقۇسى ئۇيقا بولمايۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ئۇنداقلار بەزىدە ئىككى ـ ئۈچى بىر بولۇۋېلىپ، بەزىدە جۇۋىسىغا پۈركىنىۋېلىپ تەنھا ئۆزى غودۇڭشىماقتا.

مانا شۇنداقلارنىڭ بىرسى زىۋىرشا ئىدى.

زىۋىرشا بىر يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك جۇدىگەن، ساقال بۇرۇتلىرى ئۆسكەن ھالدا مەشىنىڭ يېنىدا ئورۇن تۇتۇپ ياتاتتى.

ئۇنىڭ تولا ئويلاپ بېشى قاتقان، ئىشتىھاسى تۇتۇلغان، قوناق ـ قومۇلاق بىلەنمۇ، بارماقلىرى بىلەنمۇ ھېسابلىسا ئالتە يۈز نەچچە يۈەن بولىدىغان كىرىمى ئەمدى كېمەيگەن. ئەترەت تارقالسا دەپ تۈزگەن پىلانى بىر بۇزۇلدى، قومۇشنىڭ بېغىنى 25 پۇڭدىن سېتىۋالسام دېگەن پىلانى يەنە بۇزۇلدى. سەپرا مىجەز ئادەم ئۈچۈن بۇ ئاز تارتقۇلۇقمۇ؟ زىۋىرشا بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ ئەكبەرنى تىللاپمۇ ـ قاغاپمۇ ھاردى. «پۇل بولمىسا نېمىنى ئوخشاتقىلى بولىدۇ، دۇنيادا قايسى ئىش پۇلسىز ئوخشىغانىكەن. پۇلنى دەپ شۇجى بولىدۇ، پۇلنى دەپ ئىنسان ئۆتقىمۇ، سوغىمۇ كىرىدۇ. پۇل لەززەت، پۇل خۇشاللىق، پۇلنى دەپ ئەترەت باشلىقى

بولدۇم. پايدىسى تەگمىسە قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ بولۇشقا خۇشتارمىدىم. . . »

ئۇنىڭ كۆڭۈل تارتقان بىرسى بىلەن سىرداشقۇسى، مۇشۇنىڭ بىلەن قورسىقىنى بوشاتقۇسى كەلدى. ئەتىسى ئۇ بالىسىنى ھىكمەت ماگىزىنچىغا ئەۋەتتى.

ئەر - ئايال ھەممىلا ئادەم ئىشقا چىقىپ كەتكەن، يولدا توپاق قوشقان چانىلاردا ئۇغۇت توشۇۋاتقان قىزلار، داڭكاڭ كۆتۈرگەن خۇش چاخچاق ئاياللار، كۇنگەيگە قاقلىنىپ چىڭگە چىقىرىپ نۇقتا تۇگۇۋاتقان ياكى تۆشۈك قېتىۋاتقان قېرىلار ئۇچرايتتى. ھىكمەت ئالدىراپ بولسىمۇ، ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمگە لايىقىدا چاخچاق قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ قويۇشنى، ئۇڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇ، زىۋەرشانىڭ قوروسىغا كەلگۈچە ئەنە شۇنداق نۇرغۇن قېتىم سالام بەردى، نۇرغۇن قېتىم قاقاقلاپ كۈلدى. . .

ھىكمەت زىۋەرشانىڭ سارىيىغا كىرگەندە بىر قولىغا تايىنىپ قوزغىلىۋاتقان زىۋەرشانىڭ مىدىرلىماسلىقىنى ئىشارە قىلىپ ئىككى قولىنى سوندى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— سالام — سالام، مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلالمايدىغان دوستۇم! مانا قاراڭ، ئۆزىڭىزنى ئوبدانلا ئالدۇرۇپسىز، ھەي، بۇ خىزمەت قىلماقنىڭ تەسلىكى، قىلماي دېسە ۋىجدان چىدىمايدۇ، قىلاي دېسە بۇنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقى. . . بىلىپ قويۇڭ: ئەمەلدارنىڭ ساقىلى پۇقرانىڭكىدىن بۇرۇن ئاقىرىدۇ. . .ھە، قالتىس ھارئاپسىز - دە!

— ھار ئالمامدىغان، — دېدى زىۋەرشا گەز باغلىغان نېپىز كالپۇكلىرىنى يالاپ تۇرۇپ، — مېنىڭ قايسىبىر ئىشتا گېپىم ئاققان؟ زىۋەرشانىڭ ياخشى نىيەتلىرى باشقىلارغا بۇجى بولۇپ كۆرۈنۈۋاتسا، كۆپىنىڭ غېمىنى يەپ تۆككەن تېرىم بېكىرىغا ئېقىۋاتسا. . .

— شۇنداق قىلىپ توختام كۆچىدىن قالدى دەڭ؟

— توختام تۈرماق بىچارىلەرگە ئۆچ تونىنا بىلىق بەرمەكچىدۇق. شۇمۇ كۈچىدىن قالدى. ئىشلار ھېچلا ئوڭغا تارتمايۋاتىدۇ، خىزمەتنى تاشلاپ بېرەي دېسەم قولۇم بارمايدۇ.

— مەن مۇشۇ يېرىڭىزگە قايىلمەن. شۇنداق قىلماي بولمايدۇ، سىزنىڭ كەڭ قورساقلىقىڭىزغا ئاپىرىن! خوش. ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟

— مەسلىھەتلىشىمىز، ئەكبەر مېنى زادىلا باش كۆتەرتمىدى. ئەمما بۇ قېتىمقى ئىش زادىلا ئەقلىمگە سىغمايدۇ. ئەترەتنىڭ تارتقان زىيىنى ئۈچۈن ئىچىم ئۆرتىلىۋاتىدۇ...

— ھىم... — ھېكمەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيالغا پاتتى ۋە بىر پەس جىملىقتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى، — ھەيرانمەن، 25 پوڭدىن ئالىدىغان جايغا بۇلار نېمىشقا ساتمىدى؟

— ھايانكەشلەركەن دەيدۇ! — دېدى زۇۋەرشا چىچىلىپ، — ھايانكەشلەردە ھۆكۈمەت تامغىسى، سەيگويۈەن، ماشىنا، ئات - ئۇلاق ترانسپورت نېمە ئىش قىلسۇن!

— ھىم! — دېدى ھېكمەت،يەرگە قاراپ، — مۇنداق دەڭ، ئۈنچە يۈرەكلىك ھايانكەش بولماس - ھە!

— دېھقانلارنىڭ تايقان پۇلىمۇ بېرىپ - بېرىپ دۆلەت ئۈچۈن پايدىلىققۇ، كىمگە ساتسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ، ئۇلار ھايانكەش بولسا بىزگە گەپ كېلەمتى. ئويلاڭا، 36 مىڭ يۈەن قىپ - قىزىللا زىيان بولدى. شەخسلەرنى ئالساق، مىسالى ماڭا 370 يۈەن زىيان بوپتۇ.. 36 مىڭ يۈەن بىلەن بىر چوڭ ئەترەتتە خېلى جىق ئىشلارنى قىلىۋالغىلى بولاتتى.

— ھەي زۇۋەرشا، ھەي زۇۋەرشا! سىز تولا خام ئويلاپسىز - دە... ئەكبەر چوڭقۇر ئويلىغان. مىسالى، 36 مىڭ يۈەن ئارتۇق كىرىم بولدىمۇ دەيلى، بۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە قانچىلىك

پايدىسى بولاتتى؟ ئەكبەر بۇنى ھېسابلىغان. ئەمدىچۇ؟ ئەكبەر بىرىنچى بولۇپ ھەربىيلەرگە ئەرزان باھادا قومۇش ساتتى، بۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قىممىتى قانچىلىك بولىدۇ؟ بۇندىن باشقا يەر تېرىش بىلەن قاۋانلىققا تۇتۇش قىلىپ يەر ئېچىشتىمۇ ئەكبەر بىرىنچى تەشەببۇسچى، بىرىنچى قول سالغۇچى، بۇنىڭدىن كېلىدىغان سىياسىي پايدىچۇ. . . ئىككىسىنى قوشقاندا ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئۈچۈن قانچىلىك سىياسىي ئورۇن ھازىرلىنىدۇ؟ سىز بۇنى ئويلىسىڭىز. بولىدۇ!

زىۋىرشا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ھىكمەتنىڭ بۇ گېپىدىن شۇنى چۈشەندى: دېمەك 36 مىڭ يۈەن ھېسابىغا ئەكبەرنىڭ نامى، ئورنى ئۆسىدۇ، ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئەمگەك تېرى ھېسابىغا ئەكبەر يوقىرى ئۆرلەيدۇ!

ئۇ ئەمدى يىمىرىلىپ ئولتۇرۇپ ھىكمەت بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ سىردىشىشقا ئۆتتى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرى نامىدىن يېزىلغان بىر پارچە شىكايەتنى ئوقۇپ كۆلۈمسىرىدى:

«. . . يېزا پارتكومىغا ئەرزە:

شۇنى مەلۇم قىلىمىزكى چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەكبەر خەلقنى قورقىتىش، بېسىم ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ نامىنى چىقىرىش، مەنسىپىنى ئۆستۈرۈۋېلىش ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىپ، خەلققە زىيانلىق بولغان بىر قاتار ئىشلارنى قىلدى. ئەگەر ۋاقتىدا يېزا تەرىپىدىن چەك قويۇلمىسا، پۈتۈن ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت ۋەيران بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مۇئاۋىن شۇجى بولغىنىغا تېخى بىر ئاي بولماي تۇرۇپ ھازىرغىچە تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلدى:

ئومۇمىيۈزلۈك كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈۋاتىدۇ. ھازىر

پۈتۈن چوڭ ئەترەت دېھقانچىلىقنى چۆرۈۋېتىپ سودىگەرچىلىككە ئۆتتى. مەنسۇر، ئەكبەر قاتارلىق ئايىنىغان ئۇنسۇرلار سىنىپىي كۈرەش، ئىككى يول كۈرىشىنى ئاللىقاچان چۆرۈۋېتىشتى. ئەڭ ئېغىر يېرى شۇكى، يېقىندا 90 مىڭ يۈەنگە سېتىلىدىغان قومۇشنى ئەكبەر ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئۇستۇرۇش ئۈچۈن ھەربىيلەرگە ئەرزان سېتىۋەتتى. بىزگە 36 مىڭ يۈەن زىيان بولدى. ئەسلىدە ئەترەتلەرنىڭ قومۇش سېتىشى كاپىتالىزمنىڭ تېرىلىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى، ئۇنى ئاز دەپ مەنسەپ ئۈچۈن كۆپچىلىككە زىيان يەتكۈزۈش بىزنى تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى. بىز ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى ئەزالار كاپىتالىزمنىڭ نېنىغا موھتاج ئەمەس. قومۇش ساتقان پۇلنى مۇسادىرە قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىمىز.

ئەڭ مۇھىمى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ھوقۇقى ھەقىقىي پرولېتارىيات جەڭچىلىرىنىڭ قولىدا ئەمەس، بۇ يەردە ھازىر بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسى يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. زورلۇق - زومبۇلۇق، تۆھمەت - خىيانەت، ئەيش - ئىشرەت ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بىز بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمىز.

نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ ئەكبەر زادى نېمە قىلماقچى؟ بۇ ئىش ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ. بىزچە بۇنىڭ سەۋەبى:

ئەكبەر مەنسۇرنىڭ قارا گورۇھىدىكى ئادەم. ئەكبەرنى دادىسى ئۆلۈش ئالدىدا مەنسۇرغا تاپشۇرغان. مەنسۇر ئۇنى بالا قولۇنلۇققا ئەكىرىۋېلىشنى نىيەت قىلىپ يۈرگىلى ئېكەم، بۇنى پۈتۈن خەلقى - ئالەم بىلىدۇ. ھازىر ئەكبەر مەنسۇر گورۇھىدىكىلەرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، بۇرۇن مەنسۇرغا پىكىر بەرگەنلەرنى ئىزدەپ تاپقۇزۇپ بىرمۇ بىر ئەدىبىنى بېرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئەبلىغازى ھازىر ئەترەت باشلىقى بولمىسىمۇ سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ پۈتۈن ھوقۇقى شۇنىڭ قولىدا. ئۇ ئەترەت باشلىقى زىۋىرشانى ئۇرۇپ ئاغزى - بۇرنىنى قان

قىلىۋېتىشمۇ يەنە شۇنىڭ راست.

يەنە بىر مىسال، سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئامبارچىسى سۇلايمان قولىدىن ئىش كېلىدىغان كونا كادىر. ھازىر ئۇنىڭ ئۈستىدىن مىڭ بىر ياڭزا تۆھمەت توقۇپ بىچارىگە كۈن بەرمەيۋاتىدۇ. ناۋادا بىرەر ئەھۋال تۇغۇلسا بىز ئەكبەردىن ھېساب ئالىمىز.

ئەكبەرنىڭ ئارقا تېرىكى مەنسۇر. شۇنىمۇ قوشۇپ قويايلىكى، مەنسۇر چەت ئەلگە قېچىشقا ئۇرۇنغان ئادەم. ھازىر ھېكمەت ئولتۇرۇۋاتقان جاينىڭ ئىگىسى ئالىكسەي دېگەن ئورۇس بىلەن مەنسۇرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قويۇق مۇناسىۋىتى بولغان. شۇ ئورۇس مەنسۇرنى چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىشكە ۋەدە قىلغان. سىلەرنىڭ بۇنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

يەنە بىر كىچىك ئىشنىمۇ قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ. ئەكبەر خەلقنى دەپسەندە قىلىپ ھازىر قىز تاللاش بىلەن ئاۋارە. قىزلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ بىر كۈندىلا ئۇنىڭغا مۇھەببەت خېتى يازغانلىقى، ئەكبەرنىڭ بولسا نومۇسنى قايرىپ قويۇپ كىچىكىدە بىللە ئۆسكەن دوستى سونۇرنىڭ ئالىدىغان قىزى پاتىمەنى ئايلاندۇرۇپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدا مەھەللىدە سۆز - چۆچەك بولماقتا. ناۋادا مۇشۇ ئىش ۋەجىدىن بىرەرسى ئەكبەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويسا توغرا چۈشىنىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئاخىرىدا بىزنىڭ تەلىپىمىز: مەنسۇر گۇرۇھىنى ئۈزۈل - كېسىل پاش قىلىش، ئۇلاردىن دەرھال ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش لازىم. سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى توختىتىپ قويۇشقا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىمىز. سىنىپىي كۈرەشنى يوققا چىقىرىشقا قەتئىي قارشى تۇرىمىز!

يېزا پارتكومىنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىپ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى بارلىق يېزا ئەزالىرىدىن.
1963 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.

ئەسكەرتىش: بىلىپ قالسا ئۈچ ئىلىشتىن قورقۇپ، ئىمزا قويمىدۇق.»

يېزا باشلىقى تۇرسۇن خەتنى قايتا - قايتىلاپ ئوقۇدى: «بۇ كىمنىڭ ئىملاسى، ھىكمەتنىڭمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ خېتى بۇنداق ئەمەستىغۇ، تىلى ئەجەب ئۆتكۈر - ھە! توختا، بۇ خەتنى دەرھال تەرجىمە قىلغۇزۇپ بۆلۈم باشلىقى چىنغا بېرەي... مەيلى، بىر ئادەمنىڭ نامىدىن ئىنكاس قىلىسىمۇ بەرىبىر ئوخشاش، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلار جىق باسىدۇ. كىمگە تەرجىمە قىلدۇراي؟ ھېلىقى ئۆزىنى قورۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئادىمى دەپ يۈرگەن «قايناق» دېگەن سېمىز خەنزۇچە، موڭغۇلچە، روسچە دېگەنلەرنى سويىدىكىنا! ھە، شۇنى تاپاي، بۇنى تەرجىمە قىلغۇزغىن دەپ سۇلايمانغىلا بەرسەم...»

يېزا باشلىقى شۇ خىياللار بىلەن مەغرۇر ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ يېنىغا ئاتلىنىشقا ئالدىرىدى.

ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ تېلېفونى قايتا - قايتا جىرىڭلىدى. يېڭىلا كىرىپ كەلگەن ئەكبەر ھېچكىم بولمىغاندىن كېيىن تېلېفوننى قولىغا ئالدى:

— ھە، بۇ مەن. مەن ئەكبەر، بۆلۈم باشلىقى چىنمۇ سىز؟

لېكىن تېلېفوندىن تۇزۇك جاۋاب كەلمىدى.

— سۇلايمان دەمسىز! — ئەكبەرنىڭ چىرايى ئۆڭدى، — مەن ھازىر نەق شۇ سۇلايمان بىلەن زىيۇرشا توغرىسىدا يېزىغا دوكلات يازماقچى. نېمە دوكلات دەمسىز؟ سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرى مۇشۇ ئون نەچچە كۈندىن بېرى «ئاخبارات» نىڭ ① روھىنى ئۆز ئەترىتىگە تەتبىق قىلىپ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بولۇپمۇ سۇلايماننىڭ مەسىلىلىرى ئېغىر،

① 1962 - يىلقى 8 - قۇرۇلتاي 10 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئامىنىڭ تەلىپى كۆچلۈك، بىز ئاخشام ياچېيكىدا مۇزاكىرە قىلىپ بۇ ئىككى ئادەمنى خىزمەتتىن توختىتىشنى قارار قىلدۇق. يېزىغا ھازىر دوكلات يازىمەن. . . نېمە؟ نېمە دەيسىز!!

ئەكبەرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئەلۋەتتە بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ تېلېفوندا ئەكبەرگە ياخشى جاۋاب بەرمىگەنلىكى ئېنىق. ئۇ ئەمدى تېلېفوننىڭ يېنىدا ئولتۇردى - دە، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— خىزمىتىمىزدە كەمچىلىك، خاتالىقلار بولسا تەكشۈرۈپ چىقىپ تەنقىد بېرىڭ. ئەمما سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز توغرا ئەمەس. مېنىڭچە خەلقنىڭ تەلىپىمۇ، ياچېيكىنىڭ قارارىمۇ پۈتۈنلەي توغرا. مەن دوكلاتنى ئېلىپ ئۆزۈم بارىمەن. يەنە بىر قوشۇمچە دوكلاتمۇ بار، سەككىزىنچى كىچىك ئەترەت ئەزاسى روزىمەتنى ئاما ئىچىدە پىپەن قىلىش توغرىسىدا، بىز يېقىندا چوڭ ئەترەت بويىچە سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئەنزە ئاغدۇرۇش، تىرىلىش، سىنىپىي ئىنتىقام ئېلىش ئىشلىرىغا زەربە بېرىشنى ئاساس قىلىپ كورەش يىغىنى ئۆتكۈزمەكچى!

ئەكبەرنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى، قارشى تەرەپ تېلېفوننى قويۇپ قويغاندى.

ئەكبەر بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ تېلېفوندا ئېيتقانلىرىنى بىر قېتىم تەكرارلىدى: «يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى بار، — دېگەندى بۆلۈم باشلىقى چىن، — ئەترەتلەرنىڭ دېھقانچىلىقنى قايرىپ قويۇپ سودىگەرچىلىك قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. سىلەرنىڭ ئۆگىنىشنى، پاش قىلىشنى توختىتىپ قومۇش سېتىشقا بېرىلىپ كەتكىنىڭلار خاتا. سىلەرنى دوراپ ھازىر پۈتۈن يېزىدا سودىگەرچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. دەرھال توختىتىڭلار، قومۇش ساتقان پۇللىرىڭلارنى ھازىرچە بانكىدىن بەرمەيدۇ، بىز پۈتۈن يېزا بويىچە شۇنداق قىلدۇق.»

ئەكبەر يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ

«خاتا قىلدۇقمۇ - ھە؟» دەپ ئويلىدى. ھە دېگەندە كىچىك ئەترەتلەرنىڭ سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشى بولىدىغان ئىشتەك تۇيۇلغانىدى. بۇلۇم باشلىقى چىن ياخشى چۈشەندۈرگەندىن كېيىنلا كوللېكتىپمۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن نەزەرىيىلىرى، تەشۋىقاتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپمۇ كۆردى ۋە ئاخىرىدا «راستلا خاتا قىپتىمىز، سىنىپىي كۈرەشنى تاشلاپ قويۇپتىمىز!» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. لېكىن «پۇل بولمىسا سەككىزىنچى ئەترەت قانداق قىلىدۇ؟ قاۋانلىقنى ئېچىش قانداق بولىدۇ؟» دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئويلىسىلا يەنە بېشى قاتاتتى. ئۇ تەر تۆكۈپ تاپقان پۇلنى ئالالمىغان دېھقانلارغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى.

ئۇ ئەلەم بىلەن موخوركا بۇرىدى. ئۇنىڭ خىيالى تېخى ھازىرلا چوڭ ئەترەت ۋە كىچىك ئەترەت ئاكتىپلىرى دوكلات قىلىپ كەتكەن ئەھۋاللارغا كەتتى: روزىمەت يېرىم كېچىدە ھېيتەكنىڭ ئۆيىگە يەنە بىر قېتىم كىرىپ بىر سائەتتەك ئولتۇرۇپ چىقتى. ئۇ يەردىن چىقىپ ئەزىزىخاننىڭ دېرىزىسىگە بىردەم يۈزىنى، بىردەم قۇلىقىنى يېقىپ، ئۇن مىنۇتتەك تۇردى، كېيىن سونۇرنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى، لېكىن سونۇرنىڭ ئۆيىگە كىرەلمىدى.

. . . ئەزىزىخاننىڭ ئىشخانىسىغا بىر كاستۇم پەيدا بولۇپ قالغان، ئاياللارنىڭ ئېيتىشىچە، كالىستۇمنىڭ ئىگىسى ئۇنى پىلاتى قىلىپ ئۆزگەرتمەكچىكەن. ئەزىزىخان كالىستۇمنى سۆكۈۋېتىپ يانچۇقىدىن بىر خەت تېپىۋاپتۇ. ئەزىزىخان بىخەستىلىك قىلىپ خەتنى ئەخلەتنىڭ ئارىسىغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، ئۇ خەتنى مەكتەپ باللىرى تېپىۋېلىپ ئوقۇپتۇ، ئوقۇپ كۆرسە ھېپىزەم دېگەن بىر قىزنىڭ ئەكبەرگە ئاشىق بولۇپ قېلىپ يازغان خېتىكەن. ھېپىزەم باي دېھقاننىڭ قىزى، ئۇ قىز خېتىدە

شۇنداق دەپتۇ: ئەكبەرجان، سىز ئاينۇرنىڭ چىرايىغا، پاتىمەنىڭ ئەقلىگە مەست بولۇپ يۈرۈۋاتىسىز، مېنىڭ چىرايىم، مېنىڭ ئەقلىم ئۇلارنىڭ ھېچبىرسىدىن كەم ئەمەس. ئۆي ئىشى ۋە قول ئىشىغا كەلگەندە بۇ يۇرتتا مەن بىرلا...

ناھايىتى ئېنىق، بۇ خەت ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغان. شەرىخاننىڭ ئىقرار بولۇشىچە، بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى شەرىخان يىگىرمە نەچچە ئۆيگە كىرىپ سۆزلەپ بولغان...

... سونۇر خېلى تۈزۈلۈپ قېلىپتۇدى، بۇ خەتنى ئوقۇپ، ھازىر بۇ يۇرتتىن كۆچۈپ ياقا يۇرتلاردا كۈن كەچۈرىمەن، دەپ يۈرگۈدەك...

... ھەيدەر خەسىس ئۆز ئۆگزىسىدىن قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ئۈچ يۈز باغ قوموش ئاپىرىپ سېتىپتۇ. سونۇر ئۆزىنىڭ جايىنى قۇرۇلۇش ئەترىتىگە مىڭ يۈەنگە سېتىشىۋېتىدىغان بوپتۇ...

... سۇلايمان گۇر - گۇر ئىككى كۈن بولدى، ئۆيىدىن چىقماي ھاراق ئىچىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى دادىسىنىڭكىگە يامانلاپ كېتىپتۇ. سۇلايماننىڭ ئۆيىدە ھېلىقى «قايناق» دېگەن سېمىز كىشى مېھمان بولۇۋاتىدۇ. سۇلايمان قوي سويىمەن دەپ، كېچىدە موزىيىنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ...

... زىۋەرشا روزاخۇن بوۋاي بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ مەنسۇرنىڭ قوتىنىغا تام سوقىمەن دەپ ئاۋارە بولغىنىڭلار قالدۇ، دېگەن گەپنى دەپتۇ...

مانا بۇلار ئاكتىپلارنىڭ دوكلاتلىرىدىكى بىر قىسىم ئىشلار. قارىماققا كىچىك ئىشلار، ئەمما بىر بىردىن سۈرۈشتۈرسە، ئۇلارنى بىر بىرىگە ئەكىلىپ باغلىسا ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە ئەكبەرگە قارشى بىر يوشۇرۇن ھەرىكەتنىڭ بارلىقى ئېنىق!

ئۆيگە مەنسۇر كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇرۇت ۋە قولاقچا ياقىلىرىدىكى ئاپئاق قىراۋ بۇ سوغۇق ئۆيدە خېلىغىچە ئېرىمىدى. ئۇ زوڭزىيىپ مەشنى كوچىلىدى. ئەكبەر شۇ چاغدىلا بېشىنى

كۆتۈردى.

— مۇزلىمىدىڭمۇ؟ — ئەكبەردىن سورىدى مەنسۇر.

— ئەمدى بىلدىم، ئۆي تازا مۇزلاپتۇ.

مەنسۇر بۇرۇنقىدەك قاقاقلاپ كۈلمىدى. ئۇنىڭ قاپىقى چۈشكەن، قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىمەكتە ئىدى.

مەشتە قاتتىق ئوتۇن چارسىلداپ كۆيمەكتە.

مەنسۇر بىلەن ئەكبەر ئۈستەلگە جەينەكلىرىنى قويۇپ، ئالدىدا ئېچىقلىق تۇرغان خەت توغرىسىدا پىكىرلەشمەكتە. بىر چەتتە ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان خەت ئوچۇق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا كونۋېرت، كونۋېرتنىڭ سىرتىدا سۆسىن سىيادا روسچە ۋە ئۇيغۇرچە ئادرېسلار يېزىلغان: «... ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى مەنسۇر مەخمۇتقا تېگىدۇ...» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت قوپال ۋە سەت يېزىلغان.

— غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. لېكىن قۇرۇق غەزەپنىڭ قانچىلىك پايدىسى بار دەيمەن، بۇ ئالىكسېينىڭ ئەسكىلىكى بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن نېمىشقا دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ خەت كەلدى؟ مەنسۇر موخوركا بۇرىدى.

— سەن مەنسۇركا، ئاشۇ ئالىكسېي بىلەن قانچىلىك بېرىش - كېلىش قىلغان، ئۇ كىم بىلەن يېقىن ئىدى؟

— مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىككى قېتىم بارغان: ئۇ ئۆيىدە پىۋا ياساپ سېتىپ خېلى جىق ئادەملەرنى ئىشتىن قالدۇردى. ئۇنىڭ ياسىغان پىۋىسىنى ئىچكەنلا ئادەم بىر كۈن ھوشىغا كەلمەي ياتاتتى. بىرىنچى قېتىم شۇ چاغدا باردىم. ئۇنىڭ پىۋا ياسايدىغان نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ چوڭ ئەترەتكە ئېپكېلىۋالدىم، كېيىن ئۇ يىگىرمە - ئوتتۇز ئىت بىلەن قاۋانلىقتىن ياۋا چوشقا ئوۋلاپ پۇل تېپىشقا باشلىدى. ھەتتا بىزنىڭ ئەزالاردىن ئۈچ ئادەمنى ئائىلىق ياللىۋاپتۇ. شۇ چاغدا بىز مىنبەگلار بىلەن قاۋانلىققا بېرىپ ئۇنىڭ تايغانلىرىنى، ئاپشاركىلىرىنى قويماستىن

ئېتىپ تاشلىدۇق. ئۇ ماڭا تېخى مىلتىق تەڭلەپ ئوق چىقاردى، بىراق ئوقى ماڭا تەگمىدى. بىز ئۇنى چەمبەرچەس قىلىپ باغلاپ ناھىيىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ تۈرمىدىن چىقىپلا چەت ئەلگە كەتكەن. ئۇ ئەسلىدە يېزىغىمىزغا كىرمىگەن، ئۇنىڭ دادىسى مەن كىچىك چاغلاردا پەيدا بولغان تۇگمەنچى ئىدى. كىچىككىمدىنلا مەن ئالىكسېي بىلەن چىقىشاتتىم، بۇنى پۈتۈن چوڭ ئەترەت ئەزالىرى بىلىدۇ!...

ئەكبەر خەتنى يەنە قايتىلاپ ئوقۇدى:

«سالام خەت:

جاندىن ئەزىز دوستۇم مەنسۇرغا:

قانداق ئەھۋالىڭ؟ تېنىڭ ساقمۇ، خوتۇن - بالاڭنىڭ تېنى ساقمۇ؟

ھە. قاچانغىچە ئۇ يەردە پاتقاقتا مىلىنىپ يۈرسەن؟ ھېلىقى مەن ماڭغان ئاخشىمى ئېيتقان سۆزۈڭنى بىر كۈنىمۇ ئۇنتۇمىدىم: مېنىڭ ئاتا - بوۋامنىڭ يۇرتى ئاشۇ ياقتا، ئۆيلىمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق، دېگەنىدىڭ. مەن سېنىڭ ئۈچۈن توپ توغرا يېرىم يىل ھەرىكەت قىلدىم. بۇ يەردە سېنىڭ بوۋاڭنى بىلىدىغان قېرىلار باركەن. شۇلارغا قول قويغۇزۇپ سېنىڭ جۇڭگو ئادىمى ئەمەسلىكىڭنى ئىسپاتلاپ ھەتتا موسكۋا، بېيجىڭلار بىلەن ئالاقە قىلىپ سېنى بىزنىڭ گىراژدانلىققا ئۆتكۈزۈشكە ئاساس تەييارلىدىم. ئىشەنچلىك ۋىتىركا ئەۋەتتىم، قولۇڭغا تېگىشى بىلەن يولغا چىق. مەن ھازىر بۇ يەردە كاتتا باي، ئۆز ئالدىمغا خۇسۇسىي ماشىنام بار.. كېلەشىڭدە جۇڭگونىڭ جۇن ھارىقىدىن جىقراق ئالغاچ كەل. بىز سېنى قانچىلىك كۈتۈۋالىدىغانلىقىمىزنى چىققاندا كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن...

سېنى سېغىنغان دوستۇڭ:

ئالىكسېي گونچارئۆيچ زاخوۋ.

1963 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى...»

— قانداق قىلىمىز؟ — مەنسۇر ئەكبەرگە قارىدى.

— مېنىڭچە ئۆز قولۇڭ بىلەن يېزىلىق پارتكومىغا تاپشۇرۇپ بەرگىن، — دېدى ئەكبەر، — بۇ خەت سېنىڭ

ۋەتەنگە، خەلققە پارتىيىگە سادىقلىقىڭنى ئىسپاتلايدۇ، ساڭا قىلچە داغ تەگكۈزۈلمەيدۇ!

— تۇرسۇن پايدىلىنىپ كەتسىچۇ؟

— بىز خەتنىي پارتكومغا تاپشۇرىمىز، مېنىڭچە پايدىلىنىدىغانلار چىقىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ سادىقلىقىمىزنى كۆرسىتىش ئۈچۈن خەتنى تاپشۇرىمىز، سەن ئىشەنگىن، جىلىڭ ئالتۇن ئوتتا بىلىنىدۇ!

مەنسۇر بىردەم تىكىلىپ تۇردى - دە، قولىنى قاتتىق سىلكىدى:

— خەير، دېگىنىڭنى قىلاي، لېكىن يىگىت بىز تاكتىكىدا خاتا قىلىپ قويمىساق بولاتتى!

# ئون تۆتىنچى باب

پاتىمە بۇ ئۆينىڭ ئىچىدىنمۇ قورقۇپ تۇرمىدى. ئىت قىزنىڭ كالىچىغا تۇمشۇقىنى تەگكۈزۈپ يەنە تارتىۋېلىپ، تۆت پۇتى بىلەن قارنى تاتىلاپ تۇرۇپ ھاۋشىماقتا. پاتىمە قولىدىكى باللار چوتى بىلەن ئىتنى ئۇرۇپ يېقىن كەلتۈرمىدى.

ئاخىرى ئاقىرىپ كەتكەن يىرىم چاخسىلىق دەرۋازا ئېچىلدى - دە، قويۇق ۋە كەڭ قاشلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدىغان ئۇزۇن چاچلىق قىز بىر چېچىنى ئالدىغا چۈشۈرۈپ چىقىپ كەلدى، ئۇ ئىتنى قوغلاپ:

— ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى ۋە پاتىمەگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى.

بۇ، پاتىمە بىلەن بىر دىمەتلىك ھېپىزەم ئىسىملىك قىز، باشقىلار ئۇنى ھاكاۋۇر دەيتتى.

— ئىنىڭىز ئۈچ كۈن بولدى مەكتەپكە بارمىدى، بىرەر ئىش بولدىمۇ، نېمە؟

— ۋايىتاڭ.

پاتىمەنىڭ ئاچچىقى كەلدى. لېكىن ئۇ ئەكبەرنىڭ «سىز مەسىلە ئېنىقلاشقا كېتىۋاتىسىز، ھەرگىز ھېسسىيات بويىچە ئىش قىلماڭ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزىنى تۇتتى. پاتىمە ھېپىزەمگە قارىدى. ھېپىزەم خۇددى ئالدىدا ھېچكىم يوقتەك پەرۋاسىزلىق بىلەن بىر تال چېچىنى چۇۋۇپ - ئۇرۇپ تۇراتتى.

— سىز نېمىشقا قىزلار بىلەن ئارىلاشمايسىز، ھېپىزەم؟

— پاتىمە كۆلۈمسىرەپ قىزنىڭ تۇگمىلىرىنى تۇتتى.

قىز يەنىلا پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ۋايتاڭ، رايىم ئارتمايدىكەنغۇ...

— مېنىڭچە سىزنىڭ روھىڭىز چۈشكۈن كۆرۈنىدۇ، نېمىشقا ئۆزىڭىزنى تاشلىۋېتىسىز؟

— ۋايتاڭ، شۇنداقكەنمەنغۇ...

— سىزمۇ پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئالدىڭىز، يەر ئىسلاھاتىدا ئارتىسلىك قىلدىڭىز، ھېچكىم نېرى تۇرغىن دېمىدى، كەچكۇرسىدا ئاياللارغا خەت ئۆگەتتىڭىز، ھەممە خەلق رازى بولدى، لېكىن سىز چېكىنىۋالدىڭىزغۇ؟

— بىزگە چېكىنىشتىن باشقا يول قالماپتىغۇتاڭ...

— مانا مۇشۇ تونۇشىڭىز توغرا ئەمەستە. پارتىيىمىز تۆت خىل ئۇنسۇرلار بىلەن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى پەرقلەندۇرۇپ مۇئامىلە قىلىۋاتىدىغۇ، مەسىلەن، سىزنى ئالساق سايلاش-سايلىنىش ھوقۇقىڭىز بار.

— بار بولغىنى بىلەن نېمىگە يارايتتىم، — ھېپىزەم يەرگە قارىدى.

— ئەگەر سىز چېكىنىۋەرسىڭىز سىزدىن باشقىلار پايدىلىنىدۇ. سىز خەلقتىن قانچىلىك يىراقلاشسىڭىز، دۈشمەنگە شۇنچە يېقىنلىشىسىز. ئويلاپ بېقىڭا، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ياشلار ئۈچۈن ئۆز ئىستىقبالىغا يېتىشتە قانچىلىك ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى — ھە؟ پارتىيە كۆرسەتكەن يولغا ماڭمىسىڭىز، زىيان ئۆزىڭىزگە بولىدۇ.

ھېپىزەم خىيال سۈرۈپ تىرنىقىنى تاتىلاشقا باشلىدى.

— مەن سىزدىن بىر نەرسە سورىماقچىمەن، راستىنى ئېيتامسىز؟

— مەن ھېچقاچان يالغان سۆزلەپ باقمىغان، — ھېپىزەم ئاستا جاۋاب بەردى.

— ياخشى. ئۇنداق بولسا ئېيتىڭا، سىز ئەزىزخانغا ئۆڭشاتقىلى بىر كاستۇم بەرگەنمۇ؟

— ھەئە، — قىز دەرھال جاۋاب بەردى.
— شۇ كاستيۇمىڭىزنىڭ يانچۇقىدا خەتمۇ بارمىدى؟
ھېچنېمە يوق.
ھېيىزەم ھۇپپىدە قىزاردى.
— سىز بىلەن مەن تەڭتۇش، ھەر ئىككىمىز تۇرمۇشلۇق بولمىدۇق. ئۇ ئىش بەرىبىر بىزنىڭ بېشىمىزدا بار. ئېيتىڭا، كۆڭلىڭىز تارتقان بىرسىگە خەت يازغانمىدىڭىز؟
— بىر كۈن زېرىكىپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈمچىلا ئىككىلىك خەت يېزىپ قويغان، كېيىن يوتۇپ كەتتى...
— كىمگە قارىتىپ يازغان؟
ھېچكىمگە يازمىغان... ئىچىم پۇشۇپ مۇنداقلا يېزىپ قويغان...
— راستلا بىرسىنىڭ ئىسمى يوقمۇ؟
— ئېيتتىمغۇ، مەن يالغان ئېيتمايمەن.
پاتىمە يانچۇقىدىن ئەكبەرنىڭ نامىغا يېزىلغان خەتنى چىقاردى.
— مۇشۇ خەت سىزنىڭمۇ؟
— ياق، ياق، بۇ مېنىڭ خېتىم ئەمەس، — دېدى قىز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.
— مۇشۇنداق سىيامىدى؟
— ياق، ياق، مەن قېرىنداش بىلەن يازغان...
پاتىمە خۇلاسە چىقاردى: «دېمەك قىزنىڭ ئىككىلىك خېتىدىن باشقىلار پايدىلانغان. قانداقتۇ بىر زەھەرلىك قولنىڭ بارلىقى ناھايىتى ئېنىق»
پاتىمە چوڭ ئەترەتكە قاراپ تېز، ناھايىتىمۇ تېز ماڭدى. ئۇنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ ئەكبەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلارمۇ كۆز ئالدىدىن شۇنچە تېز ئۆتمەكتە...
ئۇلار كىچىكىدە بىر بىرسىنى «سەن» دېيىشەتتى، نۇرغۇن قېتىملاپ بۇ ئىككى يېتىم بالا مەنسۇرنىڭ ياكى كېۋىرنىڭ كېڭىدا

ئىرماش - چىرماش بولۇپ ئۇخلاپمۇ قېلىشاتتى. كېيىن ئەكبەر
قوي بېقىپ چىقىپ كەتكەندە بەزىدە پاتىمە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
سېغىز ئېلىشقا، سېرىق چېچەك، كۆك گۈل تېرىشكە چىقاتتى.
ئەكبەر ئۇنىڭ چاچلىرىغا، قۇلاقلىرىغا گۈللەرنى قىسىپ قويۇپ
زوق بىلەن قاقاقلاپ كۈلەتتى، بەزىدە ئەكبەر تالدىن جالا
چىقىرىپ، چىغىتماقتىن ئۈزۈك، قوڭغۇراق تىكەنلەردىن مارجان
ياساپ پاتىمەنى «ھېيتلىق» ياساپ قويۇپ خۇشال بولغىنىدا
پاتىمەمۇ بۇ كۆيۈمچان ئاكىسىغا سېغىز لايدىن ئىچىگە پۆرە
سېلىپ، سۇ پۆرىسى ياكى مانتىلارنى ياساپ «غىزا» ئەكىلەتتى.

ئۇلار بالىلىقىدا ئاشۇنداق ئىناق ئىدى.

كېيىن ئۇلار ئەس - ھۇشىنى بىلگۈدەك بولۇشقاندا بىر كۈنى
پاتىمە شىۋاق سۇپۇرگە تەرگىلى ئېتىزغا چىقتى. قوي بىلەن
خامان چىڭداۋاتقان كېۋىر قىزنى كۆرۈپ:

— ھەي كىلىن ئاغچا، ئەكبەر ساڭا سېغىز ئېلىپ قويدى،
چايىنغاچ كەت! — دەپ ۋارقىرىدى. قىز يەرگە قارىۋالغان
ئەكبەرگە يالت قىلىپ قارىدى - دە، سۇپۇرگىسىنى قولتۇقلاپ
مەھەللىگە قاراپ قاچتى.

شۇندىن كېيىن پاتىمە ئەكبەرنى ھەربىيدىن بوشىنىپ
كەلگەندىلا كۆردى. ئۇلار ھازىر بىر بىرسىنى «سىز» دېيىشىدۇ،
ئۇلار يەنە دائىم بىللە يۈرۈشىدۇ، ھەتتا كېچىلىرىمۇ بىللە
مېڭىشىدۇ. بەزىدە كېۋىردەك چاچچاق قىلىدىغانلارمۇ چىقىپ
قالىدۇ. بۇ چاغدا ھەر ئىككىلىسى ئوڭايسىزلىنىدۇ. ھازىر بولسا
ئۇلار توغرىسىدا گەپ...

بۇ گەپ - سۆزلەر ھازىر ئۇلارنى ئوڭايسىزلاندۇرۇش بىلەنلا
توگىگىنى يوق، بەلكى گەپ - سۆزلەر سونۇرنى پاتىمەدىن
يىراقلاشتۇرۇپ ئەزىزخان بىلەن يېقىنلاشتۇرماقتا. سونۇر
يېقىندا پاتىمەنى كۆرۈپ:

— ھە، ئاسماندىن چۈشكەن كۆزمونچاق... — دەپ تەنە

قىلدى. ئۇ ھازىر ئاشكارىلا ئەزىزىخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ-چىقىپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى. يالغۇزلا سونۇرمۇ؟ ئەڭ يېقىن كۆرىدىغان ئاينۇرمۇ ھازىر پاتىمەنى كۆرسە زۇۋان سۈرمەي يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يېقىندا ئاينۇرنىڭ ئانىسى ئانارخان ئۆستەڭ بويىدا كۆرۈپ قېلىپ:

— ياخشى ئوقۇۋاپتىكەنسىز قىزىم، بىزنىڭ تەلەيسىز قىزىمىزنىلا ھېچنېمىدىن ئېيتمىغانىكەن! — دەپ ھەسرەت قىلدى.

پاتىمە ئەخمەتجاننىڭ ئايالىغا بۇ ئىشلارنى ئېيتىپ يىغلىۋېدى، ئەخمەتجاننىڭ ئايالى:

— كارىڭىز بولمىسۇن، ئەكبەرمىغۇ سىزنىڭ تازا خىلىڭىز ئىدى... — دېدى. — پاتىمە خۇددى ھاقارەت ئاڭلىغاندەك ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. بىر يىگىتتىن يۈز ئۆرۈپ يەنە بىر يىگىتكە كۆڭۈل بېرىش پاتىمەنىڭ چۈشەنچىسىدە ھاقارەتلىك ۋە نومۇسلۇق ئىش، بىر قىز ئۈچۈن ۋىجدان ئازابى ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ دېھقان يىگىتتىن يۈز ئۆرۈش ئۇنىڭغا كەچۈرگۈسىز گۇناھ بىلىنەتتى. لېكىن كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بەزىدە ئەكبەرنى ئويلايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈكرەك ھېس قىلىدىغان بولۇپمۇ قالاتتى. بىراق شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەكبەر ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقان ئاينۇر، ئۆزى ئۈچۈن يىغان چېكىۋاتقان سونۇر كېلەتتى-دە، ئەلەمدىن بارماقلىرىنى چىشلەيتتى.

ئۇ بىر كۈنى كېچىسى ئەلەمگە چىدىماي ئاينۇر بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىش ئۈچۈن مەنسۇرنىڭكىگە ماڭدى. ئۇ كوتۇلمىگەندە ئەكبەرگە يولۇقۇپ قالدى.

— نەگە؟

— ئاينۇر بىلەن سىز توغرىلىق سۆزلىشەي دەيمەن! — دېدى پاتىمە يەرگە قاراپ.

— ھاجىتى يوق پاتىمە، — دېدى ئەكبەر پەس ئاۋاز بىلەن، — ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ. سەۋرى - تاقەت زۆرۈر. بىزنىڭ ئارىمىزغا كىملەر ئارازلىق سالغىنىنى كۆپچىلىك يېقىندا بىلىدۇ. شۇ چاغدا سونۇرمۇ، ئاينۇرمۇ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. پۇشايمان ئۇلارغا بىزنىڭ تېخىمۇ ساپ، قەدىرلىك ئىكەنلىكىمىزنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ! — دېدى.

پاتىمە يەنە ئەكبەر بىلەن دوستلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

ئەكبەر چوڭ ئەتىرەتكە كەلگەندىن تارتىپلا پاتىمەنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى، ئەقىل ئۆگەتكۈچىسى، يېقىن سەبدىشى بولۇپ قالغانىدى. پاتىمە ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدىمىنى ئاشۇ ئۆزى قايىل بولغان ياش يىگىتكە تەقلىد قىلىپ مېڭىشقا تىرىشىپ كەلدى. . . مانا ئەمدىلىكتە بىر قارا قول ئەكبەرنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزۈش ئۈچۈن رەزىل ئىشلارنى قىلىۋاتسا، پاتىمە نېمىشقا ئالدىرىمىسۇن، نېمىشقا غەزەپلەنمىسۇن؟ . . . ئۇ ھېچيەرگە بۇرۇلماي ئۇتتۇر ئەزىزىخاننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئەزىزىخان ماشىنىسىنى بىردە ئۇزاق، بىردە ئۇزۇق - ئۇزۇق غارىلدىتىپ ئىش قىلىۋاتاتتى. ئۇ دېمىقىدا بىر «مۇڭلۇق» ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتاتتى.

ئۇنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز قاتتىق ئېچىلدى.

— ئاپا! — ئەزىزىخان قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

— پاتىمە بولسا غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن خېرىدار ئەزىزىخان ئۈچۈن بايىقى تۇيۇقسىز قاتتىق ئېچىلغان ئىشىكتىنمۇ قورقۇنچلۇق بىلىندى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭقىتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار بىر بىرىگە تىكىلىشىپ ئۈن - تىنسىز تۇرۇشتى. «سەن كۈنچى قىز، ئاخىرى، چىدىماي مېنىڭ بىلەن چاچلاشقىلى كەپسەن - دە. . .» دەپ ئويلىدى ئەزىزىخان. ئۇ پاتىمەنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان غەزەپلىك كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ئاستا

ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ ئۇستەلگە بىر رەختنى يېيىپ مۇم بىلەن سىجاشقا باشلىدى، لېكىن ئۇنىڭ دىرىلدەپ تىترەۋاتقان قوللىرى ئۇنىڭغا ھېچ بېقىنمايتتى.

— ئېيتىڭا، سىز شەھەردىن بۇ يېزىغا كىمنىڭ مەسلىھىتى بىلەن چىققان؟

پاتىمەنىڭ تۇيۇقسىز ۋە غەزەپلىك سوئالى ئەزىزىخانغا تۇيۇقسىز تەگكەن تاياقتەك تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى:

— سىز. . . سىز، مېنى سوراققا تارتقىلى كىردىڭىزمۇ؟

— جاۋاب بېرىشتىن نېمىشقا شۇنچە چۆچۈيسىز؟ — پاتىمە ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

— نېمىدىن چۆچۈيتتىمەن؟ خۇدۇكۇم يوق، سىز كۈنچى. . .

ئۇ تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. پاتىمە ئۆزىنىڭ جىدەل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— بەربىر ھېساب بېرىسىز. بۇ دۇنيادىكى قايسىبىر ئىشنىڭ ھېسابى يوقكەن؟ مەن سىز بىلەن شەخسىي ئىشىم توغرىلىق ماجىرالاشقىلى كىرگىنىم يوق. بايىقى سوئالىمغا سىزدىن جاۋاب ئالغىلى كىردىم. سىز كىمنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بۇ يەرگە چىقتىڭىز؟ يەنە كىمنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئەكبەرنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىسىز؟

سونۇر توغرىسىدا نېمىلەر دېيىشنى ئويلاپ ئولتۇرغان ئەزىزىخان ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن سوئاللار تۇغۇلدى. ئۇ ئەمدى تىترەشكە باشلىدى:

— سىز . . . سىز مېنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن يالا چاپلاۋاتىسىز، سىز مېنى يامان ئاتلىق قىلماقچىمۇ سىز؟

—ئەزىزىخان كۆزىگە ياش ئالدى.

— قاغا ھەرقانچە ئاۋازىنى ئۆزگەرتسىمۇ يېقىملىق

سايرىيالمايدۇ. سىزگە بىرلا يول بار: ھېلە - نەيرەڭ بېشىڭىزغا بالا بولىدۇ، راست گەپ قىلساڭ، سىز قايسى يامانغا يانتاياق بولۇۋالدىڭىز؟

پاتىمەنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل سالماقلىق ۋە خاتىرجەملىك بار ئىدى. ئەزىزخان ئەمدى تېخىمۇ قاتتىق چۆچۈدى. ئۇنىڭ بېشىغا مۇزدەك سۇ قۇيۇلۇۋاتقاندەك بولۇپ، بەدىنى تىترەشكە باشلىدى.

پاتىمە ھېلىقى خەتنى ئۈستەلگەن يېيىپ قويدى:

— بۇنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمەيدۇ، — دەپ ئويلىغان بولغىدىڭىز، مانا بۇ سىزنىڭ خېتىڭىز!

ئەزىزخان خەتكە يالت قىلىپ قارىدى، ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئەللا - بىللا، گۆرۈمدىن تۇڭگۇز...

— بۇنداق قەسەملەر بىلەن پاكىتنى ياپقىلى بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى — كىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىلدىڭىز، مانا شۇنى تاپشۇرۇڭ!

پاتىمە ئورنىدىن تۇردى ۋە سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ھويلىدىن چىقىپ كېلىۋېتىپ ئەزىزخاننىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ چوڭ ئەترەتكە ئالدىراپ كېتىۋېتىپ «ئەزىزخان ئەمدى بىردەممۇ خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئەمدى ئىشنىڭ تۈگۈنى يېشىلىدۇ...» — دەپ پىچىرلىدى ئۆز - ئۆزىگە.

پاتىمە دىلەيساخان بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار سەككىزىنچى ئەترەتتىن ئەمدىلا چىقىشىغا قوڭغۇراقلىق خادىك ھارۋىدا سەنسەن جۇۋىغا ئورۇنۇپ، يېنىچە يېتىپ كېلىۋاتقان يېزا باشلىقى تۇرسۇننى كۆردى. يېزا باشلىقى ئاياللارنى كۆرۈپ يۆلەنچۆككە يۆلىنىپ ئولتۇردى ۋە كۈلۈمسىرەپ:

— سالام ھوي قىزلار، قېنى خادىكقا مەرھەمەت، — دېسەم - دېمىسەم چوڭ ئەترەتكە ماڭغانسىلەر؟

دىلەيساخان ئۆزىنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلغان بۇرۇنقى ئېرىنى

مۇشۇ چوڭ ئەترەتتە ئىشلەۋاتسىمۇ كەمدىن ـ كەم ئۇچرىتاتتى. ئۇچراتقاندىمۇ ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ چىرايىغا قارىمايتتى. يېزا باشلىقىنىڭ «قىزلار» دېگىنى دىلەيساخانغا ھاقارەت، زاڭلىق قىلىش بولۇپ تۇيۇلدى. پاتىمە دىلەيساخاننىڭ تاتىرىپ كەتكىنىنى كۆردى. بۇنداق چاغلاردا دىلەيساخان ئىسگە كەلگەن گەپنىڭ بىرسىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى پاتىمە ياخشى بىلەتتى.

— نېمانچە شەپقەتلىك بولۇپ كەتتىڭ! — دېدى دىلەيساخان تەتۇر قاراپ تۇرۇپ، — سېنىڭ شەپقىتىڭنى تولا كۆرگەنمەن!

ئۇ پاتىمەنىڭ يىگىدىن تارتىپ مېگىشقا تەمشەلدى، يېزا باشلىقى دىلەيساخانغا يالت قىلىپ قارىدى، ئۇ ئاددىي دېھقان ئائىلىلاردىن مۇنچىلىك غەزەپلىك گەپلەرنى يۈزمۇ ـ يۈز ئاڭلاپ باققان ئەمەس ئىدى، دىلەيساخان يېزا باشلىقىنىڭ ئىلگىدە چاغدا قاتتىق خارلانغان، شۇڭا ئۇ بۇ ياش ئائىلىنى ئۆزرە نەپرەت بىلەن قاراشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ خىل ئائىلىنىڭ ئالدىدا يېزا باشلىقى نېممۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇ ھارۋىكەشكە مېگىشنى شەرەت قىلدى.

ھارۋىكەش قامچىسىنى قارسىلداتتى، ھارۋا قوزغالدى، ئاتلار ئۆكۈرەڭ تاشلاپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان يېزا باشلىقىنى مەھەللىگە ئېلىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن يېزا باشلىقى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىر ئەزاسىدىن چوڭ ئەترەتتىكى ھەممە ئەھۋاللارنى ئاڭلىدى. پاتىمەنىڭ ئەزىزخان بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئىككى يانپىشىغا ئۇردى:

— پاھ، ئىچى پۇشقان قېرى قىزلار، تۇل خوتۇنلارنىڭ خەتلىرىمۇ ئۇلارغا ئەمەك بولغىلى تۇرۇپتۇ ـ دە! ھاھ ـ ھا ـ ھا...

لېكىن يېزا باشلىقىنىڭ گېپىگە ھېلىقى كادىر خۇشال بولمىدى:

— ھەر ھالدا ئەزىزخاننىڭ بۇ قىلغىنى ئەكبەرنىڭ

ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشكە قارىتىلغان. ئۇنىڭ مۇددىئاسى زادى نېمە؟ بۇنى ئويلىماي بولمايدۇ... — دېدى تەمكىنلىك بىلەن. يېزا باشلىقى گەپ قىلماي بايىقىدەك كۈلدى...

پاتىمە ئەھۋالنى ياچېيكىغا دوكلات قىلدى. ئەكبەر خۇددى بۇ گەپنى بۇرۇن ئاڭلىغاندەك خاتىرجەملىك بىلەن پاتىمەگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— بايىقى ئىككى سوئالنى باشقىچە قويسىڭىز بوپتىكەن. توغرىدىن - توغرىلا: «كىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن» دېسىڭىز، بۇ ھەرگىز «پالانچىنىڭ» دېمەيدۇ - دە. ئەمدى سىزگە ئىككىنچى خىزمەت چىقتى، دىلەيساخان بىلەن بىللە ئىشلەڭلار. ئەزىزخان بىلەن ھېكمەت ماگىزىنچىنىڭ ئايىلى قانچىلىك يېقىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە قانداق چىقىشالماسلىقلار بار، ئاۋۋال شۇ ئايال بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈڭلار. سىلەر ئالدىراپ ئەزىزخان توغرىسىدا سۆز ئاچماڭلار، دىلەيساخان ئىككىڭلارنىڭ تەشۋىق قىلىش ۋەزىپەڭلار بار. «ئاخبارات»نىڭ روھىنى ھەربىر ئۆي، ھەربىر ئادەمگىچە يەتكۈزۈش لازىم. سىلەر يەنە ئەزىزخان، ھېپىزەم بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە سىزنىڭ ياخشى ئىشلىگەن تەرىپىڭىزمۇ، يۈزە ئىشلەپ قويغان تەرىپىڭىزمۇ بار. كېرەك يوق، مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ياخشى ئىشلەشنى ئۆگىنىۋالىمىز!...

پاتىمە بۇ تاپشۇرۇقنى ئېلىپ ئۇتتۇر شەرىخاننىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ شەرىخاندىن ھېكمەت ماگىزىنچىنىڭ ئايالى توغرىسىدا بەزى ئىشلارنى بىلىۋالماقچى بولدى.

شەرىخان كېگىدا ھەيدەرخەسىنىڭ ئايالىغا قومۇلاق سېلىپ پال ئېچىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار پاتىمەنى كۆرۈپ پايپېتەك بولۇشتى. شەرىخان بولسا ئۆزۈلدۈرمەي ئون بەش مىنۇت ۋالاقلىدى:

— چۈشۈمگە جىگدە كىرىپتۇ، چۈش رىسالىسىدە جىگدە

كۆرسە دىدار كۆرىدۇ دەيدىكەن، ھازىرلا سىنى ئويلىۋىدىم بالام، ئۈچ كۈن بولدى ئاناڭ چۈشۈمدىن چىقمايدۇ. . . ئەرۋاھ دېگەن پاندىكىلەرگە بەخت قۇشى قونسىمۇ خۇشال بولۇپ ئۇسسۇل ئوينىشارمىش، ئىسىت، ئارماندا كەتكەن قېرىندىشىم! . . . بار بولغان بولسا مېنىڭچىلىك قورۇلۇپ كەتمەيتتى، چىن چىراي، گۈسمۇستەك ئايال ئىدى. . . ئۆمرۈڭ ئوخشىمىسۇن بالام، پېشانەڭ، كۆلكەڭ، مۇنۇ زىناقلىرىڭ بەئەينى ئاناڭنىڭ ئۆزى، بەختلىك قوزام، قەنتىڭنى چاق، ئۇ سونۇر تومبالقىغا خورسىنىپ نېمە قىلاتتىڭ، پېشانەڭدىكى بىر تال سىزىق مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ، بەختىڭ ئالدىڭدا، دۈشمىنىڭ كەينىڭدە. . .

شەرىخان يەنە ۋالاقلىماقچى بولۇۋېدى، پاتىمە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— سىز مېنىڭ ئالدىمدا ياخشى گەپ قىلغان بىلەن كەينىمدىن گەپ تارقىتىپ يۈرىدىكەنسىز، يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى توقۇيدىكەنسىز. ئېيتىڭا، سىزنىڭ تارقاتقان گەپلىرىڭىزدىن ئۇلار قانچىلىك خۇشال بوپتۇ؟

— ئۇلەي بالام، تىلىم ئىششىپ كەتسۇن، تامىقىمغا كۆيدۈرگە چىقسۇن! . . .

شەرىخاننىڭ كوماك ئېغىزى ئۇمچەيدى. تور ياغلىقىنىڭ ئۈچىنى ئۈچبۇرجەك كۆزلىرىگە تەگكۈزدى. . .

پاتىمە ئۇنىڭ ئۇگۇشسىزلىقىدىن دەرھال پايدىلاندى:

— ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ، يېڭى يېزا بولغان يىلى دۈشمەنلەرنىڭ ئىغۋاسىنى تارقىتىپ بىرىپ تەنقىدكە ئۇچرىدىڭىز، ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋاقتىدا دۈشمەنلەر ئېيتالمايدىغان سۆزلەرنى خەلق ئىچىگە تارقىتىپ كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتىڭىز. كونا كېسىلىڭىز يەنە قوزغىلىپ قېلىۋاتىدۇ. بىرنەچچە ئېغىز كوچا گەپلىرىنى سۈرۈشتۈرسەك سىزگە كېلىپ تاقىلىۋاتىدۇ. قاچانغىچە ئۆزگەرمەيسىز؟

— بالام. . . گەپىمنى ئاڭلا. . . — موماي يىغلامسىراپ
پاتىمەنىڭ يېڭىدىن تۇتتى، — مۇشۇ ئەزىزىخاننىڭ دۇكىنى. . .

— ئەزىزىخان راست سىزنىڭ تۇغقىنىڭىزمۇ؟

— شۇنداقمىكىن. . . ھىكمەتۋاينىڭ خوتۇنى مېنىڭ ئۆلۈپ
كەتكەن ئېرىمگە شېرەم تۇغقانىمىش. . .

— ئەزىزىخان ھىكمەتنىڭ خوتۇنىنىڭ نېمىسى؟

— ۋاي ئۆلەي! — موماي پىچىرلاشقا باشلىدى، —
نېمىسىلىكى ماڭا قاراڭغۇ بالام، ئەمما ھىكمەتۋاينىڭ خوتۇنى بىر
كۈنى كۈنچىلىك قىلىپ سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى قۇلىقىم بىلەن
ئاڭلىدىم، بىچارە دەرد ئېيتىدىغان بولسا يۈرەك - باغرى يېشى
بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ كېتىدۇ زادى. . . ئۇھ!

— يەنە يالغان گەپ قىلغىلى تۇردىڭىز، — دېدى پاتىمە
ھەيدەرنىڭ ئايالىغا قاراپ قويۇپ، — بۇ گەپنى كوچىغا ئەپچىقىپ
تارقىتىپ يۈرمەڭ يەنە!

پاتىمە تالاغا ماڭدى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ھەيدەرنىڭ
ئايالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى:

— ھىكمەتنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان ئوخشايدۇ، دەمسىزا؟
ئۇنىڭ خوتۇنى بۇ قىزنى كۆرسە كۆكسى - قارنى ئېچىلىپلا
كېتىدۇ، بۇلار ئىككىسى بىر ئادەمنىڭ كۈندەشلىكىنى
تارتىۋاتىدۇ - دە!

پاتىمە «كۈندەشلىك» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قىزىرىپ
كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەندە دىلەيساخاننىڭ كۆكسىگە بېشىنى
قويۇپ ياش تۆككىنىنى يادىغا ئالغانىدى.

ھىكمەتنىڭ ئاق پىشماق، دۇپ - دۈگىلەك بۇ ئايالىنىڭ كۆز
يېشى قۇرۇمايتتى. ئۇنىڭ ئېرى بۇ ئەزىزىخان ئىسىملىك
جۇۋاننى بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ماڭا ياردەم قىلغان بىر
سېخىنىڭ قىزى خوتۇن، قولۇڭدىن كەلسىلا بۇ يېتىمنىڭ

كۆڭلىنى ئال، بېشىنى سىلا، سىلاپ - سىيپاپ كۆندۈرۈپ روزىمەتكە ئېلىپ بېرىمىز، شۇ چاغدا ئۇنىڭ شەھەردىكى كاتتا قورو جايى، پۈتۈن بايلىقى سېنىڭ بولىدۇ، دەپ تونۇشتۇرغان ۋە جېكىلىگەنىدى. ئەمما بۇ ئايالنىڭ ئەزىزىخانغا بولغان ياخشىلىقى ۋە ئىشەنچىسى كەچكۈزدە ئۇندەرەپ ئېچىلىپ قالغان قاپاق گۈلىدەك ناھايىتى تېزلا سولاشتى. سەۋەبى، ھىكمەت بۇ ئايال بىلەن سىرلىق ۋە يوشۇرۇن پىچىرلىشاتتى.

مەگزى قىزىل ئايالنى كۈنچىلىك سارغايتتى، ساغلام، تېمەن ئايالنى يەنە شۇ كۈنچىلىك ھالىدىن كەتكۈزدى. ئەزىزىخان گەرچە ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولمىسىمۇ بۇ ئايال بەرىبىر خۇدۇكتىن نېرى ئەمەس ئىدى. ئېرى بەزى كۈنلىرى كوچىغا چىقىپ كەتسە بۇ ئايال يوڭ ياغلىقىغا ئورۇنۇۋېلىپ، خالىراق يەرلەردە ئەزىزىخاننىڭ دېرىزىسىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ زەن قوياتتى. ئەزىزىخاننى سونۇرغا ئاپىرىپ باغلىغان كوچا گەپلىرىنى ئاڭلاپ بۇ ئايال خۇشال بولدى - يۇ، لېكىن بۇ خۇشاللىقىمۇ بايىقى شەرىخاننىڭ گەپلىرىدەك تۇترۇقسىز بولۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئايال ھېلىمۇ ئىچىدىن ئۆرتەنمەكتە ئىدى.

پاتىمە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە ھىكمەتنىڭ ئايالى كىيىم تىكىش ماشىنىسىغا تايىنىپ ئېگىكىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ پاتىمەنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.

— كېلىڭ، كېلىڭ، قېنى سارايغا. . ، — ئۇ ئالدىراپ سارىيىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ، يىپەك پەردىلىرىنى قايرىدى.

— ياق، ياق بولدى، مۇشۇ يەردىلا ئولتۇراي، — دېدى پاتىمە دالان سۇپىسىنىڭ گىرۋىكىدىن ئورۇن ئېلىپ، — بۈگۈن يەكشەنبىكەن، سىز بىلەن بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ چىقاي دەپ كىرىۋىدىم. يە ئاياللارنىڭ ئۆگىنىشلىرىگە بارمايسىز، ئىشقىمۇ كەم چىقىسىز، ئاغرىقىڭىز بارمۇ - يە، بىلەلمىدۇق.

خەۋىرىڭىز باردۇ، ئاياللارمۇ ھازىر ھەر كۈنى ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ. بۇ يىل ئاياللارنىڭ غەيرىتى چوڭ. ئۇلار ئەرنەر زەيكەش چاپسۇن، بىز ئېتىمىز. ئېرىق ئىشىنى ھۆددىگە ئالىمىز، دېيىشىۋاتىدۇ. . .

— يۇرۇڭلا، سارايغا كىرەيلى. بىردەم ئولتۇرۇڭ ئەمدى. مەنمۇ سىز بىلەن بىر مۇڭداشسام دەپ يۈرەتتىم. يۇرسىڭىزا!

ئۇ پاتىمەنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. پاتىمە يېنىكلا ئورنىدىن تۇردى ۋە كالىچىنى سېلىپ قويۇپ ئىچكىرىگە كىردى.

. . . پاتىمە قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ روھى جۇشقۇن، ئۆزى خۇشال، لېكىن ئويناپ تۇرغان قوي كۆزلىرىدە بىر خىل ھاياجان ۋە جىددىيلىك بار ئىدى. ئۇ شىرىق چاپىنىنى ئاسقىغا ئېسىپ، روزاخۇن چوڭ دادىسىنىڭ يېنىغا — پاكار چاسا جوزىغا ئولتۇردى. چوڭ ئانىسى ئۇنىڭغا خېيۇەن چىنىدە مىيى چەلگىلىنىپ تۇرىدىغان چۆچۈرە سۇنۇۋېتىپ:

— توگوشۇپ بېرەرمىكىن دەپ ئىشىككە قاراپ كۆزۈم ئېشىلگۈدەك بولدى. يەكشەنبە كۈنىمۇ چوڭناڭغا قارشىپ بېرەي دېمەيسەن، يە تىنىم تاپمايدىكەنسەن. . . — دەپ سىلىق يالغان تاپا بىلەن كايىدى.

— سەن چوڭنا، ئەمدى سۇنايلىنىپ يات، — دېدى پاتىمە كۈلۈپ تۇرۇپ، — قالغان ئىشنى مەن قىلىمەن. قاچا - قومۇچ، كالىنغا ھەلەپ، ئىككى قېتىم سۇ، ياق، بۈگۈن تۆت قېتىم ئەكىلىمەن. بوپتۇ، قازان بېشى، سۇپىلارنىمۇ سۈۋاپ چىققاي. .

— بۈگۈن بالدۇرراق يېتىڭ، — دېدى روزاخۇن بوۋاي، — ئوبدان ھاردۇق ئېلىۋېلىڭ، ئەتىگەنلىككە بالىلارنى ياخشى ئوقۇتۇڭ. چوڭ دادىڭىزنىڭ بەزىبىر بۈگۈن كېچە ئۆيقۇسى كەلمەيدۇ، كېچىچە سۇ دەمسىز، پاخال دەمسىز. . . ھەممىسىنى

قىلىشقا ئۈلگۈرىدۇ.

بۇ ئائىلىدىكى بىر جۈپ قېرى دېھقان خەلق ئوقۇتقۇچىسىنى ئۆز قىزىدەك قەدىرلەيتتى. روزاخۇن بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى سوقۇشتا قۇربان بولغان. بىردىنبىر يالغۇز قىزى بولسا پاتىمەنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇ ئۇنىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن يىلى ئىلى دەرياسىغا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە سەيلىگە بېرىپ، دەريادا ئېقىپ كەتكەن كىچىك قىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ قايىنامغا چۆكۈپ قايتا چىقمىغان...

بالا دەردىدە يۈرىكى يارا بولغان بۇ ئىككى ئىكىلەنىڭ يالغۇزچىلىقىنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن پاتىمە مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ ئورۇنلاشقان. روزاخۇن بوۋاي ۋە ئۇنىڭ مومىيى پاتىمەنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىدەك قەدىردان - مېھرىبانلىق ئىدى.

كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۇلار بىر پەس پاراڭلاشتى، روزاخۇن بوۋاي ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە پاتىمەگە قاراپ:

— ئۆي ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ يىغىنغا كېچىكىپ قالماڭ قىزىم، مەن چوڭ ئەترەتكە باراي، — دېدى بېلىگە پوتىسىنى ئىككى ئوراپ چىڭ باغلاۋېتىپ.

موماي پاتىمەگە قارىدى. پاتىمە ئورنىدىن يېنىك قوزغىلىپ قازان بېشىغا باردى ۋە يېڭىنى جەينەكتىن يۇقىرى تۈرۈپ قازان يۇيۇشقا تۇتۇندى.

— ياق، قىزىم، ئەكەلگىن ئاغىچا يۇغۇچنى، — دېدى چوڭ ئانىسى، — سىلەر كېتىۋېرىڭلار. ئۆزۈڭ ئۇچۇنمۇ، مېنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆپىنىڭ ئىشىغا جىقراق ماڭ، بۇ ئۆي دېگەننىڭ ئىشىنى مەنلا قىلىپ ئارىلىشىپ كېتەي...

پاتىمە تارتىنىشىپ تۇرمىدى. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ مىجەزىنى بىلىدۇ. موماي تۇزۇت قىلىپ بىھۇدە گەپ قىلمايدۇ.

پاتىمە شىرىق چاپىنىنى كىيىپ ئەپكەشنى ئىزدەپ ھويلىغا

چىقتى. ئەپكەش ئاسىدىغان قوزۇق بوش ئىدى. دېمەك، روزاخۇن بوۋاي بۇ ئىشنىمۇ قالدۇرمىغانىدى.

پاتىمە دېرىزىگە لامپىنى قويۇۋېلىپ تاپشۇرۇق كۆرۈشكە باشلىدى.

يېزا ياشلىرى ناخشا، چوقان - سۈرەن بىلەن بىر بىرسىگە خەۋەر قىلىشىپ يېزا مەكتىپىگە كەچكى ئۆگىنىشكە ماڭغاندا! پاتىمەمۇ كىتاب ۋە خاتىرىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ھويلىدىن چىقتى.

. . . پاتىمە يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلدى. چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا سېلىنغان ئىسسىق ئورۇنغا يېتىپ، چوڭ ئانىسى چوكۇرۇپ قويغان لامپىنى چىقىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئاستا قول سوندى. پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان چوڭ ئانىسى كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ:

— ئال، بېشىڭغا قويۇۋال قىزىم، ئوقۇيدىغىنىڭنى ئوقۇۋەرگىن، مېنىڭدىن غەم قىلما. سېنىڭلا ئىشىڭ پۈتىدىغان بولسا چوڭ ئاناڭنىڭ ئۇيقۇسىمۇ مېزىلىك بولىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

پاتىمە چوڭ ئانىسىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى ياقتى ۋە پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم چوڭ ئانا، يەنە بىر سائەت ئىشلىۋالاي، پارتىيە ياچېيكىسى ماڭا يېڭى بىر ئىش تاپشۇردى. ئۇ ئىشنى ئەتە ياخشى قىلىش ئۈچۈن ئازراق كىتاب كۆرۈۋالاي، — دېدى.

# ئون بەشىنچى باب

— كېۋىر، قېنى گەپ قىل!

روزاخۇن بوۋاي ماخو ئۆگزىسىدە تۇرۇپ كېۋىر توغايغا شۇنداق دېدى. كېۋىر توغاي بولسا قوشماق مۆگگۈزلۈك كۆرەڭ ئۆكۈزدە سىگايان ئولتۇرۇۋېلىپ قوللىرىنى شىلتىپ، قىزىقىپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— بۇ قانداق بولغىنى روزاخۇنكا؟ ئەزالار قىشچە شامالغا ئۇسسۇل ئوينىغىنى يوق، ئەمگەك قىلىپ، تەر تۆكتى، ئەمدى ئەزاغا پۇل لازىم بولغاندا پۇلنى توڭلاتقىنى نېمىسى؟ ھازىر پۇلدىن قىسىلىۋاتقانلار ئازمۇ؟ ئۇنى دېمىسىمۇ بىر ئۆيدىن تۆتتۇن چىقارماق ئاسانمۇ؟ دەردىمىزگە دەرمان بولارمىكىن دەپ قەھرىتاندا قومۇش ئورغان دېھقانغا نېمىشقا ئىچ ئاغرىتمايدۇ؟

— يېزىدىن قومۇش ساتقان پۇللار ئەترەتلەرگە بېرىلمىسۇن دەپ بانكىغا بۇيرۇق بېرىپتۇ، كېۋىر، — دېدى روزاخۇن بوۋاي تۇمۇر ئارىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — دېھقانلار ئەمگەك قىلىپ پۇل تاپقاننى كاپىتالىزم دېسە زېۋىرشانىڭ، ھەيدەرنىڭ يانچۇقىنى چىگدىغىنىچۇ؟ سولايماننىڭ خىيانەت قىلغىنىچۇ؟ دېھقاننىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانسۇن دەپ يېزا قۇرۇپ بەرگەندۇ، كېۋىر؟ ئەمدى قارا، ئەمگەك قىلغىنى ئۈچۈن دېھقان گۇناھكاركىنا؟

ئاخشام يېزا باشلىقى تۇرسۇن يېزىنىڭ قارارىنى يەتكۈزدى. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ قومۇش سېتىپ پۇل تېپىشى كاپىتالىزم قارا قويۇنى دەپ ئەيىبلىگەن، ئۇلارنىڭ يېزا بانكىسىغا يۆتكىگەن پۇلى پۈتۈنلەي توڭلىتىلغانىدى. ئاسىم بۇنى ئاڭلاپ لى شۇجىنى ئىزدەپ يېزىغا كەتكەن، ئەكبەر شۇ تاپتا كىچىك ئەترەتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ كادىرلار بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە

قىلماقتا، يېزا باشلىقى تۇرسۇن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن، ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۇقىرىنىڭ قارارى دەپ قاراپ تۇرماقتا ئىدى.

ھازىر قومۇش ئورۇش توختىتىلغان، يېزا مىنبەگلىرى «قاۋانلىق»نى قوراللىق كۆزەتمەكتە، قومۇش ئورۇپ ساتقۇچىلارنىڭ ئۆكۈز، ھارۋىلىرى تارتىۋېلىنماقتا ئىدى. كېۋىر قىينچىلىقى ئېغىر بولغان سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ كېلىپلا روزاخۇن بوۋايغا يولۇقۇپ قالدى. ئۇلار شۇ مەسىلە توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە ئىدى.

— ئاخشامدىن بېرى ئېنىقلىدۇق، — دېدى روزاخۇن بوۋاي، — چوڭ ئەترەت بويىچە 27 ئائىلىنىڭ يەيدىغىنى تۈگىگەن، جەمئىي 43 ئائىلىنىڭ بالىلىرى يالىڭاچ، چاي - تۇز، ئوتۇن - ياغىچى يوق! كېۋىر ئويلىغىنا، ئالتاي ياز ئېتىزدىن كەلمەي ئىشلىگەن دېھقان قارا قىشتا بالىلىرى بىلەن خاتىرجەم قىشنى ئۆتكۈزەلمىسە بۇ قانداق بولغىنى؟ زەي ئاپەتتى دېدۇق، دېھقانلار راست دېدى، تەبىئىي ئاپەت دېدۇق، شۇنداق دېدى، ئەمدىزە قىينچىلىقنى يېڭەيلى دەپ قومۇش ئورۇپ، بېلىق تۇتۇپ، ئۆۋچىلىق قىلىپ ئانچە - مۇنچە پۇل تاپسا ئۇنىمۇ كاپىتالىزم دېسە بۇ خەلقنى بىزار قىلىش بولماي نېمە؟ قورسىقى تويمىغان دېھقاننى بىر ئۆيگە يىغىۋېلىپ مەنسۇر گۇرۇھىنى پاش قىلىڭلار دېسە قۇلاققا خۇشياقامدۇ؟ مەنسۇر ئاغدۇرۇلماستا بۇنچە ئەمەستۇق، بىزنىڭ ئەزالار ئاخشام مانا ئەمىسە دەپ مەنسۇرنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلىگىلى تۇردى.

شۇ چاغدا ماخوغا ئون نەچچە ئايال بالىلىرىنى باشلاپ ۋارقىرىشىپ كىرىپ كەلدى:

— بىزگە ئاشلىق كېرەك، بىزگە پۇل كېرەك! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار قوللىرىدىكى تاغارلىرىنى پولاڭلىتىپ، —

يازىچە بېكىرىغا ئىشلىدۇق، ئۇنى ئاز دەپ قىشتىمۇ تىنىچ تۇرمىدۇق، تاپقان پۇلىمىز نەگە كەتتى؟ بىزگە كىم ئىگە زادى؟

— پارتىيە ئىگە، ماۋجۇشى ئىگە سىڭلىلىرىم، — دېدى روزاخۇن بوۋاي ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، — بىز سىلەرنىڭ يىغاڭلارنى يىغلاۋاتىمىز. ئەترىتىمىزنىڭ قىيىنچىلىقتا يولۇققىنى راست ، تەخىرقىلايلى، بىز ھالىڭلارغا يېتىمىز. ئاشلىقمۇ بولىدۇ، پۇلمۇ بولىدۇ. ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلار!

— قورۇق گېپىڭىزنى قويۇڭ! — دېيىشتى ئاياللار تەڭلا چۇقۇرۇشۇپ، — بىزگە پۇلنى بەرمىگەن ئادەمنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار! بىز شۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ياتىمىز، بالىلىرىمىزنى باقسۇن!

— سەت بولىدۇ، سىڭلىلىرىم سەت بولىدۇ! — دېدى روزاخۇن بوۋاي ئۇلارغا يېلىنىپ، — راستلا يوق بولسا بىزنىڭكىگە بېرىپ يېتىڭلار! مېنىڭدە بىرەر ئاي يېگۇدەك ئاشلىق بار.

— زىۋېرشانىڭ ساقلىنى يۇڭزىلايلى! — دېدى بىر ئايال ۋارقىراپ، — قول - قولنى تونۇيدۇ، نومۇر بېرىشنى بىلگەن مىس باش پۇلىمىزنى نېمىشقا بېرەلمەيدىكەن!

— توغرا، ئىشنى شۇنىڭدىن باشلايلى، — دېدى يەنە بىر ئايال، — توختىغان يېرىگىچە بارايلى، يېزىغا، ناھىيىگە. . .

— يۈرۈڭلار زىۋېرشانى ئالدىمىزغا سالايلى!

روزاخۇن كۈلۈمسىرىدى، كېيۈر ئۇنىڭ خۇشال بولغىنىنى كۆرۈپ:

— ئىسلاشقان چۇچۇلىنى يەلپۈڭلار، ھەرگىز سوغۇق سۇ چاچماڭلار، مۇشۇ ئاياللار ئىشنى بىر باشقا ئېپچىقىدۇ، قورقماي يەلپۈڭلار، يانغىن پەيدا بولسۇن، — دېدى.

ئاياللار ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن ماخودىن چىقىشىپ زىۋېرشانىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. يولدا ئۇلارغا دەردىنى كىمدىن

ئېلىشنى بىلمەي غەزەپلىنىپ يۈرگەن ئەرلەر، ئوقۇغۇچىلارمۇ قېتىلدى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى زىنۇرشانىڭ ئايالى كۈتۈۋالدى:

— ئۇ كىشىمۇ ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن، — دېدى زىنۇرشانىڭ ئايالى، — يە گۆش ئەمەس، يە بەز ئەمەس، كېچىچىلا غوتۇلداپ چىقتى، تاڭ سەھەردىلا قاڭقىپ چىقىپ كېتىۋىدى...

— خۇپسەنلىك قىلماڭ، — دېدى بىر ئايال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئېرىڭىزنىڭ جېنىنى ئالمايمىز، ئۆتكۈزگەن نومۇرىمىزغا پۇل ئالىمىز، پۇل!

— قول قولنى تونۇيدۇ، — دېدى يەنە بىر ئايال قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ، — بىز نومۇرنى ئەترەت باشلىقىغا ئۆتكۈزگەندىكى ئەترەت باشلىقىنى تۇتىمىز!

— ئەترەت باشلىقى بولمايمەن دەپ يېتىۋالغىنى نىكەم! — دېدى زىنۇرشانىڭ ئايالى.

— يېتىۋالسىلا قوتۇلاتتىمۇ، بىزگە چاقىرىپ بېرىڭ!

— ئۆيىنى ئاختۇرايلى، مۈكۈۋالغان گەپ!

— ۋاي قويساڭلارا، — دەپ ئىشىككە گىرەدىدى زىنۇرشانىڭ ئايالى يالۋۇرۇپ، — ئۇ بىچارىنى تاپقىنىڭلار بىلەنمۇ ھېچنېمە ئۇندۇرەلمەيسىلەر، ئۇنىڭدىن كۆرە چوڭ ئەترەتكە بېرىپ باشلىقلارنى تۇتۇڭلار، پۇلىمىزنى بەرسە بىزگىمۇ خوي خوشياقاتتى، زىنۇرشا بىچارە سىلەردىنمۇ بەتەررەك سەكپارە!

ئاياللار دەرۋازا يېنىدا بىردەم مەسلىھەتلەشتى ـ دە، چوڭ ئەترەتكە بېرىشنى قارار قىلىشتى.

سەككىزىنچى كىچىك ئەترەت ئەزالىرى يېتىپ كەلگەندە چوڭ ئەترەت ئىشخانىسى ئالدىغا ھەر خىل ئىشلار بىلەن ئادەملەر توپلىنىۋېلىشقان بولۇپ، بۇ ئادەملەر چوڭ ئەترەت كادىرلىرىنى كۈتۈشۈپ تۇرۇشاتتى.

— مانا سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ پالۋانلىرى، ـ دېدى بىر

ئەزا سىرتىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ، - قاراڭلار خورجۇن
- قاپلىرىنى كۆتۈرۈشۈپلا كەپتۇ، ئەمدى ئاسىم بىلەن ئەكبەرنىڭ
ھالىغا ۋاي!
ئاياللار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى،
ۋارقىرىشاتتى، كىمنىدۇر تىللايتتى:
— بېگىمنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق،
دېگىنى مۇشۇكەندە!
— مۇسادىرە قىلىدىغانغا بىز پومېشچىكمىدۇق؟
— ھاك بىلەن زاك يەيمىزمۇ؟
— قىنى ھېلىقى يېزا باشلىقى - بولۇم باشلىقلىرى!
— ھەي خوتۇنلار، يۇرۇڭلار ئىدارىسىگە باستۇرۇپ
كىرەيلى!
— ئالدىمىزغا سېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ چوڭىغىچە
ئاپىرايلى زادى!
— بالىلارنى تاشلاپ بېرەيلى!
— يېزىغا بېرىپ يېتىۋالايلى!
— ھېچكىم چىقمايدۇغۇ، قېنى ھېلىقى ئەكبەر، ئاسىملار!
— ھەممىنى قىلغان ئاشۇ ئەكبەر!
ئاياللارنى قوترىتىۋاتقانلارمۇ، نەسىھەت قىلىپ ماجىرا
قىلماسقا ئۈندەۋاتقانلارمۇ قوشۇلۇپ ۋارقىراشتى، چوڭ ئەترەت
ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ۋارقىرىشىۋاتقانلار چوڭ ئەترەت
كادىرلىرىنى كۆرۈپ بىردىنلا جىمىپ قىلىشتى، ئەكبەر
ئەخمەتجانلار كۆپچىلىككە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنى ئاياللار
قورشىۋالدى:
— نېمىشقا پۇلىمىزنى بەرمەيسىلەر؟
— نېمىشقا مۇسادىرە قىلىسىلەر؟
ئەمدى نەگە چالۋاقايسەن ئەكبەر؟
— بىزنى زار - زار قاخشىتىپ مەنسىپىڭنى ئۈستۈرمەكچىمۇ

سەن؟

روزاخۇن بوۋاي بىلەن كېۋىر يېتىپ كەلگەندە ئادەملەر ئىككى يۈز ئەتراپىغا يېتىپ بارغان، ئۇلار چوڭ ئەترەتنى قورشىۋالغان. ئەكبەر بىلەن ئەخمەتجاننى تارتىشتۇرۇپ سوراق قىلماقتا ئىدى. بايىلا «يانغىن پەيدا بولسۇن» دەپ ئېيتقان كېۋىر توغايمۇ، خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرىگەن روزاخۇنمۇ ھودۇقۇپ قالدى. ئۇلار كۆپچىلىككە ۋارقىراپ كۆرۈۋېدى گەپ ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى. كېۋىر ئۆكۈزنى دېۋىتىپ بېقىۋېدى، بىرسى ئۆكۈزنىڭ تۇمشۇقىغا تەپتى. ئۆكۈز چىچاڭشىپ كېۋىرنى چەتكە ئېلىپ قاچتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي رەللى بولۇشقا باشلىدى، ئۇ ئۆز جېيەنىنىڭ ئازار يېيىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ مۇنۇ يانغىنىنىڭ ئەكبەرگە كېلىپ تۇتىشىدىغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، كۆپچىلىك چوقۇم خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تۇتىدۇ، يېزا باشلىقى تۇرسۇن، بۆلۈم باشلىقى چىنلارنى جاۋابقا تارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش ئاسان ھەل بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدى...

ئۇنىڭ يېنىغا روزاخۇن يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ھاسىراپ تۇرۇپ:

— ماڭ كېۋىر، بولمىدى، مەنسۇرنى چاقىر، ئۇ كەلمىسە جېدەلنى باسقىلى بولمايدۇ! — دېدى.

كېۋىر ئۆكۈزنى دېۋىتتى. ئۆكۈز يۇمشاق قاردا توزان پەيدا قىلىپ بىرىنچى ئەترەتكە قاراپ ئۆكۈرەڭ تاشلاپ كەتتى. روزاخۇن ئەكبەرنى قوغداش، كۆپچىلىككە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىشكە ئۇرۇندى. ئۇ ئەمدىلا يول تېپىۋېدى، بىرسى ئارقىسىدىن تارتىپ يىقىتىۋەتتى. ئۇ دەسسىلىپ ـ چەيلىنىپ يۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى، لېكىن يىقىتقۇچىنى بىلەلمىدى، «قوينىڭ ئىچىگە بۆرە كىرىۋاپتۇ!» دەپ ئويلىدى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ. ئۇ ئەمدى ئەكبەر بىلەن ئەخمەتجاننىڭ يېنىغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلدى، بىرلىرىنى

ئىتتەردى، بىرلىرىنى تىللىدى، بىرلىرىگە چۈشەندۈردى؛ يەنە بىرلىرىنى ئىشقا بۇيرۇدى، يەنە بىرلىرىگە يولىيورۇق كۆرسەتتى...

ئەكبەر ئىگىزرەك بىر يەرگە چىقىپ قولىغا شەپكىسىنى ئېلىپ پۇلاڭلاتتى. ئۇنىڭ يالاڭ چاپىنى يىرتىلغان، ياقىسى لەپەڭشىپ تۇراتتى.

ئەكبەر كۆپچىلىككە قاراپ ۋارقىرىدى:

— يولداشلار، يولداشلار، يولداشلار!...

— ياغلىما گېپىڭنى قوي، بىزگە پۇل، ئاشلىق كېرەك!

— پۇلىمىزنى مۇسادىرە قىلغان كىم؟

ئاياللار، بىر قىسىم ئەرلەر ئۇنى قورشىۋالغان، ئۇنىڭ گەپ قىلىشىغىمۇ يول قويمايتتى، ئۇلار «پۇل، ئاشلىق» دېيىشەتتى، قوللىرىدىكى تاغارلىرىنى پۇلاڭلىتاتتى، بىر - بىرىگە گەپ بەرمەيتتى.

يەنە بىر توپ ئادەم ئەخمەتجاننى قورشىۋالغان، غەۋغا بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئەكبەر: «كەسكىن سىنىپىي كۈرەش، دېگەن نەق مۇشۇ، مۇنۇ كۆپچىلىك سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن، بۇ توپىلاڭنى پىلانلىغۇچىنى تېپىش كېرەك. كۆپچىلىككە نەسىھەت قىلىش كېرەك... دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇ ئارتۇق ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى. كىيىملىرى يىرتىلغان زىۋىرشانى ئون نەچچە ئادەم ئارىغا ئېلىپ كەلمەكتە. زىۋىرشا قوللىرىنى شىلتىپ بىر نىمىلەرنى دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى.

— زىۋىرشادىن جاۋاب ئالايلى! — بىر ئايال سۇپىغا چىقىپ ۋارقىرىدى. ئارقىدىنلا زىۋىرشا سۇپىغا چىقىرىلدى. ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— كۆپچىلىك، مېنى تۇتقىنىڭلار پايدىسىز! مېنىڭ دەردىم سىلەرنىڭكىدىن جىق. پۈتۈن چوڭ ئەترەت 36 مىڭ يۈەن زىيان

تارتتى، بىزنىڭ كىچىك ئەترەت يەتتە مىڭ يۈەن، مەن ئۆزۈم 370 يۈەن زىيان تارتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسادىرە قىلىنىپ...

— گەپنى سوزما، كىم مۇسادىرە قىلدى زادى؟

— مەن نەدىن بىلەي!

— ئەترەت باشلىقى تۇرۇپ نېمىشقا سورىغىنى قىلمىدىڭ؟

— مېنى ئەترەت باشلىقلىقتىن ئېلىۋەتتى!

— بىزگە كىم ئىگە ئەمىسە؟

— ئەكبەر! — زىۋىرشا قوللىرىنى شىلتىپ ئەكبەرنى كۆرسەتتى. بىر ئەزا ئەكبەرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تارتىپ سۇپىغا ئېلىپ چىقتى:

— سەن ھەم چوڭ ئەترەت شۇجىسى ھەم بىزنىڭ ئەترەت ئال باشلىقى ئىكەنسەنغۇ!

ئەكبەر جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەخمەتجان جاۋاب بەردى:

— سىلكىشلىمە ھەي! گېپىڭ بولسا يولىدا قىل!

— ھەممە بالانى تېرىغان مانا مۇشۇ، تانابىنى تارتىڭلار ئۇنىڭ! — كۆپچىلىك ئىچىدىن بىرسى ۋارقىرىدى. ئەكبەر ئۇنى كۆرۈپ قالدى. روزىمەت كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ ۋارقىرىماقتا، ئەزالارنى ھەدەپ كۈشكۈرتمەكتە ئىدى.

ئەكبەر ئەزالار ئارىسىدا نېمىنىدۇر ۋارقىراپ يۈرگەن روزاخۇن بوۋاينى، ئاياللارغا يېزا تەرەپنى كۆرسىتىپ قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەۋاتقان دىلەيساخاننى، ماجىراچىلار ئارىسىغا كىرىۋالغان شىياۋلى، شىياۋدۇڭ، سونۇرلارنى، يەنە سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ باشقا ئاكتىپلىرىنى كۆردى. ئۆگىنىشلەردە ئەكبەرنىڭ ئەترەتنى تارقاتماسلىق، قاۋانلىقنى ئېچىش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى قوللىغان، سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن قەھرىتانغا پىسەنت قىلماي ئىشلەۋاتقان ئەترەت ئاكتىپلىرىمۇ بۈگۈن ئۆزىگە قارشى

قوزغالغانمۇ - ھە؟ سەككىزىنچى ئەترەتتە ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ ھېچ ئۇنۇمى بولمىدىمۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ تەرپىنى ئېلىپ: «سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيلى، بۇ قىلغىنىمىز توغرا بولمايۋاتىدۇ، كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرەيلى» دېگەندەك سۆزنى قىلغۇدەك ئادەم چىقمىدى - ھە؟...

— يولداشلار! يولداشلار!

كۆپچىلىك جىمىدى، يۈزلىگەن كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئەكبەر «دۈشمەنلەرنى يېتىم قالدۇرىدىغان پەيت كەلدى» دەپ ئويلىدى - دە:

— يولداشلار، قايمۇقمايلى! — دېدى ۋە ئەكبەر تېخىمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىدى، — سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيلى!

— بىزگە نان كېرەك، پۇل كېرەك!

— ئالدام خالتىغا چۈشۈۋاتقان سەن ئۆزۈڭ!

— ئۇنىڭ نىيىتى يامان، ئۇرۇڭلار ئۇنى!

— قول تەگكۈزمە! — مەيداندا ئەبلەغازى پەيدا بولدى.

— يولىدا گەپ قىلايلى!

— ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ!

— ئالدىمىزغا سېلىپ يېزىغا ئاپىرايلى!

— سۆرەڭلار ئۇنى!

شۇ ئارىلىقتا كۆپچىلىك ئىچىدىن بىر تاش ئۇچۇپ چىقتى، تاش ئەكبەرنىڭ قۇلىقى يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ تۈۋرۈككە تەگدى. نەق شۇ چاغدا كۆپچىلىك ئىچىدىن سونۇرنىڭ يوغان مۇشتۇمى كۆتۈرۈلدى، كىمنىدۇ نىشانلاپ سىلكىندى، ئاغزى - بۇرنى قانىغان روزىمەتنى يۆلەپ بىر - ئىككى ئادەم ۋارقىراشتى.

— ئۆز مېيىمىز بىلەن ئۆز گۆشىمىزنى قورۇماقچى!

— ئۇرۇڭلار ئەكبەرنى!

بىر توپ ئادەم ئەكبەرگە يېپىلدى، شۇ چاغدا ئەكبەرنىڭ ئەتراپىدا ئەبەيسالغازى، روزاخۇن، ئەخمەتجان، دىلەيساخان، شىياۋلى، شىياۋدۇڭلار چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلىغان ئىمىر، سونۇرلار پەيدا بولدى، ئۇلار يېپىلىپ كەلگەنلەرنى ئىتتىرەتتى، ۋارقىراپ نەسىھەت قىلاتتى. ئۇلار ئەكبەرنى ئىشخانىغا كىرگۈزىۋېتىپ ئىشىكنى چەمبىرەك بولۇپ ھىمايە قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئەكبەر دېرىزىدىن كۆردى، زېۋىرشانى قوللىغۇچى ئەزالار، روزنىمەتنىڭ ئاغىنىلىرى، باشقا ئەترەتلەردىن كېلىۋالغان ئەر - ئايال ئەزالار، ئومۇمەن ئەكبەردىن نارازى بولۇپ يۈرگەنلەر ئالدىنقى سەپتە تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئەكبەرنى ئالدىمىزغا سېلىپ يېزىغا ئاپىرىمىز دەپ تۇۋلىشاتتى. ئەكبەرنى قوغداۋاتقانلارنى ئىتتىرەتتى، تىللايتتى، بولۇپمۇ قىشنىڭ سوغۇقى، يوقسۇزچىلىق ئازابىنى تارتىۋاتقان سەككىزىنچى ئەترەت ئاياللىرى قوللىرىدىكى تاغار، خۇرجۇنلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق ۋارقىرىشاتتى، ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى كۆكەرگەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئېغىزلىرىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىق گەپ ئۆينىڭ تام - دېرىزىلىرىدىن ئۆتۈپ ئەكبەرنىڭ يۈرىكىگە كېلىپ تەگمەكتە ئىدى. ئۇلار نان، كىيىم، ھالال ئەمگىكى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلاتتى. ئەلۋەتتە ئەمگەك بىلەن ئۆزىگە ھايات يولى ئېچىشنى مەقسەت قىلغۇچىنىڭ بۇنچىلىك گەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇغۇ!

لېكىن ئۇنىڭ ئۆز ئادىتى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى بار. ئۇ بولسىمۇ مۇنداق مەسىلىلەرگە سىنىپىي تەھلىل يۈرگۈزۈش. بۇ يەردە سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ھەرىكىتى بارمۇ - يوق؟ مۇنۇ ئۆتمۈشتىمۇ دەرد - ئەلەم چەككەن ئاياللار نېمىشقا ئوڭايلا دۈشمەنلەرگە ئەگەشكەندۇر؟ ئۇلار پارتىيىنىڭ ياخشىلىقىنى ئوڭايلا ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ، سوتسىيالىزم يولىنىڭ ئۆزلىرىگە بەخت كەلتۈرىدىغانلىقىنى تېخىچە چۈشەنمەيۋاتامدىغاندۇر.. ھە؟...

ئۇنىڭ پىكىرلىرى چىگىشلەشتى. ئۆگەنگەن نەزەرىيە، سىياسى تەشەببۇسى مۇنۇ ئادەملەرنى قارىلاشقا، ئەيىبلەشكە تۈرتكە بولاتتى، ئۇنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىن بىۋاسىتە ئالغان تەسىراتلىرى، يۇرتداشلىرىغا ھېسداشلىقى ئۇنى توختىتىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ توڭلىتىلغان قومۇش پۆلىگە ئاشۇ ئەزالار بىلەن بىللە ئەكبەرمۇ تەر تۆككەن، ئاشۇ ئەزالارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى مۇشۇ يول بىلەن يېڭىشكە ۋەدە بەرگەن ئۇلارنى ئۈمىدلەندۈرگەن ئىدىغۇ!...

ئۇ ياخشى نىيەت بىلەن كۆپچىلىكنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن رەھمەتكە ئىگە بولۇش ئورنىغا غەزەپ ۋە نەپرەتكە يولۇقماقتا. كۆپچىلىك نېمىشقا ئۇنى چۈشەنمەيدۇ-ھە؟ «پۆلنى توڭلاتقان بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن يېزا باشلىقى تۇرسۇن، شۇلارنى تۇتۇڭلار!» دەپ كۆرسىتىپ قويسۇنمۇ-يە؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بۆلۈم باشلىقى چىن، يېزا باشلىقى تۇرسۇنلار پارتىيىمىزنىڭ ۋەكىللىرى، پارتىيىنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزۈشكە بولمايدۇ، مەيلى ئەكبەرگە قانچىلىك زور زىيان يەتسىمۇ ئۇ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ، پارتىيە ياچېيكىسى نامىدىن كۆپچىلىككە ئۈچۈن ئىپادە بىلدۈرىدۇ...

شۇ چاغدا دېرىزىگە تاشلار ئېتىلدى، كۆزنەك جاراڭلاپ سۇندى، ۋاڭ-چۇڭ كۆچەيدى، غەۋغا زورايدى.

— ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرەمدىكەن تېخى!

— روزىمەتنى ئورغاننىڭ چىشىنى چېقىڭلار!

— ئەكبەرنى ئالدىمىزغا سۆرەپ يېزىغا ئاپىرايلى!

ئايالار دېرىزىنى قومۇرۇش ئۈچۈن ياماشتى. ۋارقىراش، ئېتىشىش، تىللاش، سۆرەشتۈرۈش ئەۋجىگە چىقتى. ئەكبەر چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— يولداشلار، دۈشمەنلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيلى، پارتىيىگە ئىشىنەيلى، سوتسىيالىزم!...

— تولا سۆزلىمەي پۇلىمىزنى تاپ!

— ئەمگەك ھەققىمىزنى بەرگىن!

ئاياللار ئەكبەرنىڭ يەڭ، پەشلىرىدىن تۇتۇپ تارتىشقا باشلىدى، ئەكبەر دېرىزىدىن يېرىم چىقتى. ئەبلاغازىلار دېرىزىگە كېلەلمىدى، بىر ئىككى قول ئەمدى ئەكبەرنىڭ كانىيىغا ئېسىلدى. شۇ چاغدا مەيداندا مەنسۇر بىلەن ئاسىم پەيدا بولدى. ئۇلار ئاتلىق كەلگەن، ئۇلار بىلەن بىرىنچى ئەترەتنىڭ ئەزالىرىمۇ ئاتلىنىپ بىللە كېلىشكەنىدى.

— قولۇڭنى تارت ھەي ئەخمەق! — مەنسۇر قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى. ئادەملەر دەرھال ئەكبەرنى قويۇۋەتتى. مەنسۇر بىلەن ئاسىم سوپىغىچە ئات بىلەن كەلدى. مەنسۇر كۆپچىلىككە ۋارقىرىدى:

— كۆپچىلىك! — مەيدان جىم بولدى. ئاياللارمۇ ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن مەنسۇرغا قاراشتى، مەنسۇر سالماقلىق بىلەن سۆزلىدى.

— تەلىپىڭلار توغرا، ئاخىرغىچە چىڭ تۇرايلى، لېكىن ئەكبەرنى قىستىمايلى، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ۋەكىل ئەۋەتەيلى! ئاياللار قايتىڭلار، توڭلىتىلغان پۇل جەزمەن ھەل بولىدۇ. شۇڭغىچە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچى ئەترەت سەككىزىنچى ئەترەتكە قەرز ھېسابىغا بەش تونىنا بۇغداي، ئۈچ مىڭ يۈەن پۇل ياردەم قىلدى، ھازىرلا قولۇڭلارغا تېگىدۇ!

كۆكىرىپ كەتكەن چىرايلاردا خۇشاللىق كۈلكە پەيدا بولدى، قەھرىتاندا يولدىن ئازغان كارۋان تۇيۇقسىز گۈلخانغا يولۇققاندەك، تومۇزدا چاڭقىغان ئادەم بىردىنلا سۈزۈك بۇلاققا يولۇققاندەك، سەككىزىنچى ئەترەت ئاياللىرىنىڭ چىرايلىرىنى خۇشاللىق قاپلىدى. ئۇلارنىڭ تاماق، كۆمۈر، چاي - تۇز، كىيىم - كېچەك قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئۈكسۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن غەم بىلەن قاتقان باشلىرى بىردىنلا سەگىدى. ئۇلار قوللىرىدىكى

تاغارلىرىنى پولاتلىتىپ ئەبلەغلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆز ئەترىتىگە قاراپ يول ئالدى. باياتىن تىل، ھاقارەت ياغدۇرۇشقان، لېكىن ئۆزىنى مەلۇم قىلمىغان ئادەملەرمۇ نەلەرگىدۇر شۇڭغۇدى، مەيداندا بىر دەمدىلا ئادەم ئازلاپ، جىمجىتلىق پەيدا بولدى.

مەنسۇر ئەكبەرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى - دە:

— يۇر ئەمدى، قالغان خىزمەتنى سەككىزىنچى ئەترەتكە بېرىپ ئىشلەيلى، ئەزالارنىڭ ئاۋال قورسىقى تويسۇن، ئۇچىسى ئىسسىسۇن، ئۇلار ئاندىن كېيىن گەپكە قۇلاق سالىدۇ، — دېدى.

ئەكبەر گەپ قىلمىدى، ئۇ مەنسۇر، ئاسىملار بىلەن ماڭدى، لېكىن ئۇ مەنسۇردىن رازى بولمىدى، ئۇنىڭ مېڭىسىدىن بۇلۇم باشلىقى چىنىنىڭ «مەنسۇردىن ئېھتىيات قىل، ئۇ ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتتە كاپىتالىزمنى يامرىتىدىغان ئادەم. ئۇ ئادەملەرنى قايمۇقتۇرۇشقا، بىزگە قارشى قوزغاشقا ناھايىتى ئۇستا» دېگەن سۆزى ئورۇن ئالغانىدى.

ئەكبەرنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، ئۇيقۇسى قاچتى، ئۇ سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتتىن چوڭ ئەترەتكە قايتىپ كېلىپ ئاچ قورساق پېتى كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ بېشى ئېغىرلاشقان، پۇتلىرىمۇ ئورۇپ تاشلىۋەتكەندەك سىقىراپ ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇ بۈگۈنكى ئىشلارنى، بولۇپمۇ كەچكى پارتىيە ھەيئەتلىرى يىغىنىدا ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى ئويلىسا كۆڭلى غەش بولاتتى، روھى چۈشەتتى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە سۆزلىمەكتە: «ھەربىي سەپ قانداق ياخشى - ھە، سەنمۇ باشلىقلىرىڭنىڭ نىيىتىنى ئاسانلا چۈشىنىسەن، قول ئاستىڭدىكىلەرمۇ سېنى شۇنچە ئاسان ۋە تېز چۈشىنىدۇ. بىرلا ئىشارە بىلەن بىر ئېغىزلا سۆز بىلەن مەسىلە چۈشىنىشلىك ۋە ئېنىق بولىدۇ. بۇ يەردىچۇ؟ سەن ئادەملەرنى چۈشىنەلمەيسەن،

ئادەملەرمۇ سىنى چۈشەنمەيدۇ. باشقىلار نېمىشقا ماڭا شۇنچە يوچۇن ۋە ياتسىنىپ قارايدۇ؟ مېنىڭ نىيىتىم خالىس، كۆڭلۈم ياخشىغۇ؟ نېمىشقا مەن نېمىنى خالىسام بىرلىرى شۇنى مېنىڭدىن نېرىغا ئىتتىرىدۇ - ھە؟ ئاينۇرنى ساپ ۋە تۇنجى مۇھەببىتىم بىلەن ياخشى كۆرىمەن، لېكىن قىز نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيدۇ؟ مەن سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرىغا ياخشىلىق قىلىشنى خالايمەن. ئۇلار مېنى قوللاش ئورنىغا يەنە نېمىشقا قارشى چىقىدۇ؟ مېنىڭ ياخشى سۆزلىرىم ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدۇ - يۇ، مەنسۇركامنىڭ سۆزلىرى گەرچە خاتا بولسىمۇ ئۇلارنى قايىل قىلالايدۇ - ھە؟...»

ئۇ بۈگۈنكى مەنسۇر بىلەن تۇنجى قېتىمقى ۋارقىرىشىپ دېيىشكەن سۆزلەرنى ئەسلىدى:

چۈشتىن كېيىن سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرىغا بۇغداي ۋە پۇل تارقىتىلدى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ۋاقىتلىق ئەترەت باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان ئەكبەر سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ مەنسۇردىن رازى بولغان بولدى. لېكىن مەنسۇر ئەزالار ئىچىدە تەكرار - تەكرار:

— ئاخىرغىچە ئېلىشايلى، يېزىغا ۋەكىللىرىمىزنى ئەۋەتەيلى! — دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلغاندىن كېيىن تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى - دە، مەنسۇرنى چەتكە تارتىپ:

— ئېلىشايلى دېمىگىن ئاكا، بىز بۇ ئىشتا سالماقلىق بولايلى! — دېدى. مەنسۇر ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قارىدى:

— دېھقاننىڭ قورسىقى ئاچسا ھېچقانداق «سالماق» بىلەن تويغۇزالمايسەن، ھېچ بولمىغاندا ئەزالىرىڭغا ئىچ ئاغرىتقىن! — دېدى.

— ماجىرانىڭ ئاقىۋىتى نېمىگە بارىدۇ؟ پارتىيىنى يامانلاش، سوتسىيالىزمنى قارىلاشقا بېرىپ تاقىلىدۇ!

— ياق! — دېدى مەنسۇر كەسكىن قىلىپ، — خەلق بىلەن پارتىيە ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق پەيدا قىلغۇچىلارنى پاش قىلىشقا بېرىپ تاقىلىدۇ!

— پارتىيە كومىتېتىنىڭ قارارىنى شەرتسىز ئىجرا قىلىشىمىز لازىم، پىكرىمىز بولسا بىر دەرىجە يۇقىرى ئورگانغا بەرسەك بولىدۇ، بۇ بىر پارتىيە ئىنتىزامى!

— پارتىيە ئىنتىزامىنى بۇزغانلارنى ھىمايە قىلىۋاتىسەن، بىلىپ قوي، بۇ يەردە پارتىيە كومىتېتىنىڭ قارارى يوق، پۇلنى توڭلىتىش تۇرسۇن بىلەن يەنە بىرلىرىنىڭ قورسىقىدىن چىققان ھىيلە. پارتىيىنىڭ قارارى ئەمەس. ئۇلار مەسىلە چىقىرىپ بىزنى يامان ئاتلىق قىلماقچى!

— ئۇلار پارتىيە كومىتېتىنىڭ قارارى دېگەندىكىن ئىشەنگىن، خاتالىق بولسا ئۆزلىرى جاۋابكار!

— بۇ يەردە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە ۋاقىت يوق، جىددىي تۈنۈشمىسا ۋاقىت ئۆتىدۇ، ئەزالارنىڭ يېڭىدىن قوزغالغان ئاكتىپچانلىقى سوغا چىلىشىدۇ، ئەتىيازلىققا ھېچ ئىشنى ھەل قىلالمايسەن!

— سەن بېخۇتلۇق قىلىۋاتىسەن مەنسۇركا، سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرىنى دۈشمەنلەر ئازدۇرۇۋاتىدۇ. بىز سىنىپىي كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولى بىلەن خەلقنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىيالايمىز!

— قۇرۇق سۆز! — دېدى مەنسۇر، — ئەزالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلمىساڭ ھېچكىم سېنى قوللىمايدۇ!

— سېنىڭ تونۇشۇڭ خەتەرلىك!

— ئەزالارنىڭ رايىغا باق ئەكبەر! — دېدى مەنسۇر ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ، — سەن ئۇلارنىڭ قۇرۇق گېپىنى ئاڭلىما، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە ئۈنچىلىك مۇرەككەپ كۈرەش يوق، تۇرسۇن ئېيتقان 10 خىل ئىپادىنىڭ بىر خىلىمۇ يوق، خەلقنى

ھېچقانداق دۈشمەن قۇتراتمىدى، خەلقىنىڭ ھەققانىي تەلىپى بۇ!
ئۇلارنىڭ يېنىغا روزاخۇن بوۋاي بىلەن ئاسىم كەلدى، ئۇلار كەچكى يىغىندىمۇ تالاشتى. تالىشىشتا ئەكبەر يالغۇز قالدى. ئۇنى يالغۇز پاتىمەلا قوللىدى. ئۇ يىغىندىن پاتىمە بىلەن بىللە قايتتى...
ئۇ شۇ ياتقىنىچە يېرىم كېچىكىچە ياتتى. تۈن يېرىمىدا ئۆيگە مەست بولۇپ قالغان سونۇر سەنتۈرۈلۈپ كىرىپ كەلدى - دە، يوغان مۇشتۇمىنى جوزىغا قويدى:
— ئېيتقىنا ئەكبەر! — دېدى ئۇ قىزارغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ، — ئىككىنچى مۇشتنى كىمگە ئاتاي؟
ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ سونۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تىك تۇردى:
— ۋىجدانىڭ كۆتۈرسە ماڭا ئات!
— سېنىڭچۇ؟! — سونۇر ئوق تەگكەن شىردەك ھۆكۈردى - دە، مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئەكبەر ئورنىدا مىدىر قىلماي جىم تۇردى. سونۇر غولىچىنى كەڭ كېرىپ يوغان مۇشتۇمىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى - دە، كۈچ بىلەن ئۈستەلگە ئۇردى. كونىراپ قالغان ئۈستەل پارە - پارە بولۇپ كەتتى. سونۇر قاناپ كەتكەن قوللىرى بىلەن بۇرنىنى ئېرتىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى - دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.
ئۆيگە شياۋلى بىلەن شياۋدۇڭ ھاسىرىشىپ كىرىشتى.
— ياخشى، شياۋلى بىلەن شياۋدۇڭ ھاسىرىشىپ كىرىشتى.
— ياخشى، ھېچنىمە قىلماپتۇ سىزنى ئەكبەركا! — دېيىشتى ئۇلار ياتقان سونۇرغا قاراپ، — ئۆرۈۋېتەرمىكىن دەپ قالتىس ئەنسىرىدۇق!
— مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىمەن، — دېدى ئەكبەر كۈلۈپ، — يالغۇزغان، قورققان بولسام راستلا ئۇراتتى. كۆزىگە قاراپ،

مەگدىمەي تىك تۇرغۇنۇم ئۈچۈن ئۇرالمىدى!

— ئۇ نېمە قىلغىنى؟

— قورقساق، يالغۇزساك سېنى ئېيىبكار ھېسابلايدۇ. ئۇ گۇناھكارنى مۇشت بىلەن جازالايدۇ!

— سېنى گۇناھكار ھېسابلىماپتۇ - دە؟

— ئۇ بۈگۈن ئىنغۇالارنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، — دېدى ئەكبەر چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولۇپ، — يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئالايلى، ئۇ ھازىر تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى، — بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق ئېتىپ يەيمىز.

— روزىمەتنى ئۇرغىنىغا ھەم رازى بولدى - دە، — دېدى شياۋدۇڭ كۈلۈپ، — سىزنىڭ گۇناھسىزلىقىڭىزغا ئىشەنگەن بولسا روزىمەتنىڭ ئىغۋاگەر ئىكەنلىكىگە ھەم ئىشەندى دېگەن سۆز!

ئۇلار تالاغا چىققاندا ئاپئاق دالانــى نۇرلاندۇرۇپ ئاي كۆتۈرۈلگەنىدى. ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكمۇ يوقىلىۋاتقان قاراڭغۇلۇقتەك ئاستا سۇرۇلۇشكە باشلىدى. شياۋدۇڭ دادىسىنىڭ بۇ يەرگە كېلىمەن دەپ خەت يازغىنىنى ئېيتتى. ئۇلار گۇڭۇر - مۇڭۇر پاراڭ بىلەن سونۇرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

روزاخۇن بوۋاي بۇ كېچىمۇ تۇزۇك كىرپىك قاقمىدى. ئۇ ئەكبەرنىڭ پەرىشان بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلاندى. رەھىمدىل بوۋاي ياش يىگىتنىڭ بىر ئامال قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئويلاپ ئۆي - ئۆيدىن ئىزلەشتۈردى، لېكىن ئەكبەرنى ھېچيەردىن تاپالمىدى. ئاخىر كېۋىرنىڭكىگە كەلدى. ئەكبەر ئۇ يەردىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن كېۋىر بىلەن ياش چېغىدا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ باقتى، لېكىن گەپ زادىلا قولاشمىدى. ئاخىر ئەلەم بىلەن خورسىنىپ:

— كېۋىر، بالىنىڭ كۆڭلىنى ئايىمىدۇق، ئۇنىڭغا كەينى-كەينىدىن ئازار تەگدى، ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئۆكۈلۈق، ياخشى بالا، كۆپنىڭ پايدىسىنى دەپ بىكارلا ئازار يەۋاتىدۇ. كۆڭلىنى ياساپ قويايلى دېسەم ھېچنەدىن تېپىلمايۋاتىدۇ! — دېدى.

— مەنسۇر بىلەن نېمىشقا پۇرچىقى پىشمايدىكىنتاڭ؟

— نېمىشقا بولاتتى، مەنسۇر پۇلنى، كىرىمنى جىقراق تاپايلى دەيدىكەن، ئەكبەر بولسا ئادەملەرنىڭ ئەگرى يەرلىرىنى تۈزەيلى، سىنىپىي كۈرەش قىلايلى دەيدىكەن، ئىپتىماقتا ئاسان بولغان بىلەن بۇ ئىككى ئىش نۇرغۇن ئىشلاردا دوقۇرۇشۇپ قالىدىكەن. بۇ بالا يە بۆلۈم باشلىقى چىنلارغا، يە مەنسۇرلارغا يان باسالماي ئارسالدى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە بولغاندىمۇ مۇشۇ مەنسۇرلار تەرەپتە تۇرغىنى ياخشىدى. ئەكبەرلا كۈچەپ بەرسە ئىشلىرىمىز خېلى ياخشى بولاتتى، ئۇتتۇرۇۋەتمەيتتۇق.

— قېنى، ھە-ھۇ دەپ مۆرىدەپ كۆرەيلى، ياش ئەمەسمۇ، بىز تەرەپكە قاراپ يۇرۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس!

ئىككى بوۋاي تاڭ ئاتقۇچە مۇڭداشتى. لېكىن ئۇلار نېمە قىلمىسۇن كۆڭۈل غەشلىكىدىن نېرى بولالمىدى.

# ئون ئالتىنچى باب

تۇنۇگۇنكى ماجىرادىن كېيىن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان ياش يىگىت مەنسۇرنى ئىدارىگە چاقىرىپ كىرىپ سوراق قىلدى. مەنسۇر ئۇنىڭ ئالدىدا پوتىسىغا تايىنىپ تىك تۇراتتى. كادىر ئۇنىڭغا:

— ئولتۇر! — دېدى تەكەببۇرلۇق بىلەن.

— گېپىڭ بولسا قىلىۋەرمەمسەن! — دېدى مەنسۇرمۇ قوپال ئاۋازدا.

— سەن مەنسۇر، سوتسىيالىستىك تەربىيىنى سىناق قىلىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىسەن! بۇگۈنكى ماجىرانى قوزغىغانمۇ، پۇل، ئاشلىق بىلەن ئەزالارنى ئۇزۇڭگە قارىتىۋېلىپ سوتسىيالىزمغا قارشى نامايىش، توپىلاڭغا قۇتراتقانمۇ سەن!

— ئىقرارمەن ئۇكام! — دېدى مەنسۇر مەنسىتمەسلىك بىلەن كۇلۇمسىرەپ، — يەنە قوشۇپ قوياي — پۇللىرىمىزنى قانۇنسىز توڭلىتىشقا قارشى چىققانمۇ، مەنسۇرنىڭ چەت ئەلگە قېچىش گۇرۇھىنى پاش قىلىش دېگەن نىمەڭلەرنى بىكار قىلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقانمۇ مەن! قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!

ھېلىقى كادىر يېزا تەرەپكە قارىتىپ ۋەلىسىپىتىنى چاپتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قۇيۇندەك قار تۇزۇپ باراتتى.

بۇ چاغدا ئەزالار ئۆيلىرىگە قايتماقتا، چوڭ ئەترەت كادىرلىرىمۇ ئىدارىگە كىرىپ بۇگۇنكى ۋەقەنى تەھلىل قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ھەر خىل ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنسۇر يوق ئىدى. چوڭ ئەترەت كادىرلىرى ئەكبەرنى قايىل قىلىشقا تۇتۇنغانىدى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن كادىردىن ئەھۋالنى ئۇقتى ـ دە،

ئەمدى مەنسۇرنى ئۇزۇل - كېسىل غۇلىتىشىنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىنى پەملىدى.

— ئۇلار نېمە دەپ شوئار توۋلىدى؟

— پۇل، ئاشلىق ... — دېدى.

— خام كاللا، — دېدى يېزا باشلىقى كادىرنى سىلكىپ، — شوئار دەۋاتىمەن!

— كىيىم - كېچەك، نان كېرەك، دېيىشتى. مېنى سۆرىدى، نوقۇدى...

— پارتىيىگە قارشى گەپ - سۆزىچۇ؟

— ھە... ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك ...

— ھە يەنىچۇ؟!

— بىگىمنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق دېدى.

— ھىم، مانا بۇ بىر ئىغىز گەپ تارازا باسىدۇ! پارتىيىگە قارشى قارا گەپ! مەنسۇر، ئەبلەغازىلار بار دېدىڭما؟ مەسىلە چۇشىنىشلىك، ئۇلار خەلقنى يېزا رەھبەرلىرىگە قارشى قۇتراتقان بولسا بۇنىڭ كارى چاغلىق، بۇ يەردە كەسكىن، جىددىي سىنىپىي كۈرەش بار، ئۇلار پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىققان!

خادىك بىلەن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە كېلىۋاتقان يېزا باشلىقى ھارۇنكەشكە قاراپ:

— ھارۇنى كەينىگە تارت! مەن بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن سۆزلىشىمەن! — دېدى.

خادىك كۆلتۈك قاردا دائىرە ھاسىل قىلىپ كەينىگە بۇرالدى - دە، قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ يەنە يېزا تەرەپكە ياندى. ئۇ ئادىتى بويىچە ھارۇنكەشكە قايتىشنى ئىشارەت قىلىپ قولىنى شىلتىدى. خادىك تاراقلاپ يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، مېھمانخانىنىڭ زالىغا كىردى - دە، ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئىشىكنى چېكىشكە قول ئۇزاتتى.

ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئۆي گىلەم، مامۇق ياستۇق ۋە يېپەك ئورۇن - كۆرپىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، ئالاھىدە مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي، يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ رۇخستى بولماي تۇرۇپ كۈتكۈچىلەر بۇ ئۆيگە ئادەم كىرگۈزمەيدۇ.

بۇ يىل يېرىم يىلدىن بېرى بۇ ئۆينى بۆلۈم باشلىقى چىن ياتاق ۋە ئىشخانا قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بۆلۈم باشلىقى چىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بۆلۈم باشلىقى، ياسىنىپ يۈرىدىغان، سۆزگە چېۋەر، يېزا ئىگىلىكى ھەققىدە خېلى كەڭ بىلىمگە ئىگە بولغان بۇ بۆلۈم باشلىقى ناھىيىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىدا تۆۋەن بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناھىيىدە بۆلۈم باشلىقى چىننى تونۇيدىغانلار كۆپ.

بۆلۈم باشلىقى چىن بۇ يېزىدا ھازىر نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەۋاتاتتى: «خەلق يېزىسى قۇرۇلغىلى ئارانلا تۆت - بەش يىل بولدى. نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن مانا مۇشۇ تەتقىق قىلىش ئىشى بىلەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن» دەيتتى ئۇ يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا پاراڭ ئۈستىدە.

بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ ئالاھىدە كۈتۈلۈشى بۇ يەردىكى كۈتكۈچىلەر ئۈچۈنمۇ، خادىملار ئۈچۈنمۇ بىر يېڭى ئىش ئەمەس، بۆلۈم باشلىقى چىن ھەر قېتىم كەلگىنىدە يېزا باشلىقى تۇرسۇن يېزا نامىدىن ئۇنىڭغا زىياپەت ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئۆز ئۆيىدە بولسا يېزىنىڭ «يۈز تاپقان» ئادەملىرى ۋە سازچىلارنى چاقىرىپ ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىدۇ. «يازنىڭ پەيزىنى ئېلىش» ئۈچۈن بۆلۈم باشلىقى چىننى قېلىن ئات كۆرپىلىرى بىلەن ئىگەرلەنگەن سېلىق يورغىلارغا مىندۈرۈپ يايلاققا ئېلىپمۇ چىقىدۇ. سار تاغنىڭ قېلىن قارغايلىق، سۈپ - سۈزۈك كۆللىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەرغۇلجان غولى دەمسىز، يازلىقى غوچچىدە تاغ گۈللىرىگە چۈمكىلىدىغان، يۇمشاق ئوتلىرى

يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان «توغرا سۆز» بايلىقى دەمسىز. . . ئىشقىلىپ يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۆزى كۆرگەن ئەڭ مەنزىرىلىك، ئەڭ ساپ ھاۋالىق، سېمىز گۆش، مىززىلىك قىمىزلىرى ئۈزۈلمەيدىغان جايلارغا بۆلۈم باشلىقى چىننى ئاپىرىدۇ. ئەلۋەتتە يەنە بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ قىشلىق «دەم ئېلىشى» مۇ يېزا باشلىقىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. . .

يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ «كەڭ قول» كادىر ئىكەنلىكىنى بۆلۈم باشلىقى چىن خېلىدىن بۇيان بايقىغانىدى. ئىلگىرى تۇرسۇن رايوننىڭ كاتىپى ئىدى. بۆلۈم باشلىقى چىن بۇ رايونغا خىزمەت بىلەن كەلگەن، ئۇ چاغدا ھەرقايسى يېزىلارنى ئارىلاشقا توغرا كەلگەنىدى. گىلەم سېلىنغان خادەك يېتىپ بارغانلا يەردە تەنتەنىلىك زىياپەت، ئويۇن - كۈلكە بولۇپ تۇردى. بۆلۈم باشلىقى چىن قايتىپ ئۆيىگە كەلگەندە ئۆزى بىلەن بىللە يەشىك - يەشىكتە ئالما، تۇخۇم، ماي - گۆش، ئۇلار بىللە كەلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. لېكىن ئۇ بۇ ئىلتىپاتلار رايون نامىدىن ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ماڭغان تۇرسۇن كاتىپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قول سېلىپ بىجا قىلىشى بىلەن بولغانلىقىنى بىلگەنىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرسۇننىڭ ئورنى ئۆزگەردى: يۇقىرىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق يېزا باشلىقى بولۇپ ئۆستى. تۇرسۇن، ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ بۆلۈم باشلىقى چىنغا قىلغان «ھۆرمىتى» نىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى بىلدى!

ئۇلار شۇندىن باشلاپ قېلىن دوست، بىر بىرىنى قەدىرلىشىدىغان، بىر بىرىنى چۈشىنىشىدىغان يېقىنلاردىن بولۇپ قېلىشتى. بۆلۈم باشلىقى چىن يېزا باشلىقى تۇرسۇن توغرىسىدا باشقىلارغا: «قولىدىن ئىش كېلىدۇ. يېزا دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىچىدە خىزمەتنى جانلىق ئىشلەيدىغان كادىر» دەپ ماختىسا، يېزا باشلىقى تۇرسۇن تۆۋەندە: «زىددىيەت بىلەن مۇئاۋىن شۇجىلىقتىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا چۈشۈپ قالدى. بۆلۈم باشلىقى

چىننى قەدىرلەش كېرەك» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ماختايتتى.

بۆلۈم باشلىقى ئۆزىنىڭ زادىلا ئۆسمەيۋاتقانلىقىغا ۋە ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان مۇئاۋىن هاكىم گاۋ نىڭ بىرىنچى شۇجى بولۇپ ئۆسۈپ قالغىنىغا قانچىلىك نارازى بولسا، يېزا باشلىقى تورسۇننىڭ ئۆزىدىن كېيىن ئۆسكەن ئادىلجاننىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، هاكىم بولۇپ ئۆسۈپ كەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ بولسا «يېزا باشلىق» لىقتىن بىر سۈڭمۇ ئۆسمەي كېلىۋاتقىنىغا شۇنچىلىك رەللە بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى دوست سىردىشىشقا چۈشكەندە كىملەرنىدۇ بىرلىكتە سۆكەتتى. كىملەرگىدۇ بىرلىكە ئىچ ئاغرىتاتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشى، هازىرقى هالى، كەلگۈسى توغرىسىدىمۇ كەڭ-كۇشادە، ئوچۇق-يورۇق سۆزلىشەتتى. ئومۇمەن ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىمۇ-قايغۇسىمۇ ئورتاق ئىدى...

يېزا باشلىقى تورسۇن ئىشىكتىن كىرگەندە ئاق كىرىشكە باشلىغان چاچلىرىنى پارقىرىتىپ تارىغان، سېمىز يۈزىمۇ، پاناق بۇرنىمۇ مايلىشىپ تۇرىدىغان، قىسقا بويۇن بۆلۈم باشلىقى چىن قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، غادىيىپ مېڭىپ يۈرەتتى. ئۆينىڭ ئىچى «جوڭخوايەن» نىڭ مېززىلىك ئىسى بىلەن تولغانىدى.

بۆلۈم باشلىقى چىن يۇمۇق كۆزلىرىنى پورۇشتۇرۇپ كۈلدى ۋە تورسۇنغا قول ئۇزاتتى. يېزا باشلىقى تورسۇن ئىككى قولى بىلەن بۆلۈم باشلىقىنىڭ يۇمشاق قوللىرىغا يېپىشتى:

— ئارام ئېلىشىڭىزغا دەخلى يەتكۈزدۈممۇ بۆلۈم باشلىقى!

— نەدىكىنى، نەدىكىنى، تۇزۇت قىلماڭ يېزا باشلىقى!

ئۇلار يۇمشاق ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشتى. بۆلۈم باشلىقى كىشمىش، ئالمىلار سېلىنغان تەخسىلەرنى يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى:

— بېقىڭ، بېقىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ سوۋغىسى بىلەن ئۆزىڭىزنى مېهمان قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. سىزگە

ياخشىلىقىم بەك ئاز بولۇۋاتىدۇ - دە، ھا - ھا - ھا...

— ئۇنداق دېمەڭ بۆلۈم باشلىقى، - دېدى تۇرسۇن ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ، — ئاتامدىن كۆرمىگەن ياخشىلىقنى سىزدىن كۆرۈۋاتىمەن، سىزنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بەرگىنىڭىزلا بىزنى ئەرشىئەلاغا كۆتۈرگىنىڭىز بۆلۈم باشلىقى!...

— مەن دوست تۇتۇشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى بۆلۈم باشلىقى چىن يېزا باشلىقىنىڭ ئىلتىپاتىغا جاۋابەن، — بۇرادەر سىز، دوست - يارەنسىز ئۆتكەن ئۆمۈر قانىتى يوق قۇشنىڭ كۈنىدەك مەنىسىز بولىدۇ...

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى تۇرسۇن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، - ئۆز خېلىنى تېپىپ دوست تۇتماق بۇ بىر بەخت...

— ئوبدان، تولا ئوبدان! — دېدى بۆلۈم باشلىقى ئادەت سۆزىنى تەكرارلاپ، — قارىمامسىز، مەن ناھىيىدە بولسام بىئارام بولۇپ ئورۇقلاپ كېتىمەن، مانا سىزنىڭ يېنىڭىزدا خۇددى ھېلىقى يايلاقتا ئوينىغاندەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرۈۋاتىمەن!

— قەندەك گەپ قىلدىڭىز. بىز ئۇيغۇرلاردا مال تۇيىقىدىن، ئادەم قۇلىقىدىن دېگەن گەپ بار، دۇنيادا ۋەھىمىدىن ئاچچىق نەرسە يوق، بىر كۆڭۈل ئاغرىقى مىڭ كالتەكتىن قاتتىق بىلىنىدۇ. مېنى بىلمەيدۇ دېمەڭ، ناھىيىدە سىزنى كۆرەلمەيدىغانلار بار، دىتىڭىزغا ياقمايدىغان ئادەم، گەپ - سۆز، قىلىق - مىجەز ئۇ يەردە نۇرغۇن...

يېزا باشلىقى تۇرسۇن بىر يۆتىلىپ قويۇپ بۈگۈن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە بولغان ۋەقەنى غەزەپ ۋە ھاياجان بىلەن مەلۇم قىلدى:

— ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت يە يۇتقىلى، يە پۈركىگىلى بولمايدىغان بىر پارچە سۆڭەك بولۇپ قالدى. مەنسۇرمۇ، ئاسىممۇ، مۇنۇ ئەكبەر دېگىنىمۇ ئادەمنىڭ زىتىغا ئىش قىلىدىغانلاركەن! ئىشنى كادىرلاردىن باشلاش لازىم دېگەن

سۆزىڭىز تولىمۇ توغرىكەن، پۈتۈن ھوقۇقنى بىراقلا ئۆتكۈزۈۋالمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بۆلۈم باشلىقى! . . .

تۇرسۇننى چۆچۈتۈۋەتكەن بۇ ۋەقەگە بۆلۈم باشلىقى چىن چىراي ئۆزگەرتىپمۇ قويمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، سىلىق تارالغان چاچلىرىنى سىلاپ ئۆياقتىن - بۇياققا ماڭدى ۋە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان تۇرسۇننىڭ ئالدىدا توختاپ:

— مەسىلىگە سىنىپىي كۆرەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەپ، — نېمە ئۈچۈن ھازىر جۇڭگو جەمئىيىتىدە جىددىي، ئۆتكۈر سىنىپىي كۆرەش بولىۋاتىدۇ دەيمىز؟ دۈشمەنلەر ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى تارتىپ كەتتى. مەن نۇرغۇن تەھلىل قىلدىم. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەردە قىزىلبايراق جەۋلان قىلالمايۋاتىدۇ. لېكىن يېزا باشلىقى بىر - بىردىن يوقىتىش — بۇ بىزنىڭ تاكتىكىمىز! سىز ھەممىنى دەيسىز، لېكىن ھازىرچە ئەكبەرنى يېڭىشىمىزغا تارتىمىسىڭىز بولمايدۇ. مەنسۇر بىلەن ئەكبەرنى، زۆرۈر تېپىلسا ھەتتا مەنسۇر بىلەن ئاسىمنى نېمىشقا كىرىشتۈرەلمەيسىز؟ ياغاچ بىلەن ياغاچنى كەسكىلى بولىدۇ، بىلەمسىز؟ پالتىنىڭ سېپى ياغاچ، بۇنى ئەستىن چىقارماڭ!

— بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ بۇ سۆزلىرىنى تۇرسۇن نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۈگۈن ئۇنىڭغا خۇددى يېڭى گەپلەردەك تەسىر قىلدى. چۈنكى ئۇ بۈگۈن شۇ «ئۇسۇل»غا تولىمۇ مۇھتاج ئىدى. بۇ يەرگىمۇ ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن كىرگەن ئىدى. بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا گويا ئاچ قورساققا ئىچىلگەن كۆچلۈك ئىچىملىكتەك دەرھال تەسىر قىلدى. ئۇ ئەنە شۇ «ئىچىملىك»تىن مەست بولۇپ ئېچىلىپ كەتتى:

— ئەكبەر دېگەننىڭ ئۇنچىلىك بىلىمى يوق، — دېدى

بۆلۇم باشلىقى چېن چېشىنى كىرىشتۇرۇپ، — گەپ شۇ يەردە، ئادىلجان. ھەتتا گاۋ شۇجىمۇ ئۇنى قوللايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار قوللىغاننى ۋاقتىنچە قوللاڭ... مۇددىئايىڭىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇڭ.

يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ كۆكۈش يۈزى بىردىنلا سارغىيىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى.

— ئاخشام ناھىيە شۇجىسى ماڭا تېلېفون بېرىپ: ياردەم قىلىڭ. ئۇلار چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ. تەجرىبىلىرىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياخشى ياردەم قىلىڭ، دەپ جېكىدى... — دېدى بۆلۇم باشلىقى چېن يەنە.

بۆلۇم باشلىقى چېن تۇرسۇنغا قارىدى. تۇرسۇن بۆلۇم باشلىقى چېننىڭ كۆزىگە روھسىز، جانسىز، دەرمانسىز كۆرۈندى.

— سىزگە نېمە بولدى، يېزا باشلىقى؟

— ئۇ قانچە كۆتۈرۈلسە مەن شۇنچە تۆۋەنلەيمەن - دە! — دېدى تۇرسۇن كالپۇكلىرىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ، — بۆلۇم باشلىقى ئۇنىڭدىن رايىم قايتتى. ئۇ مەنسۇرنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك تۇرىدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز بىزنى دەپ مەنسۇر بىلەن ئۇچەكەشسە بىر گۈزەل قىزدىن قۇرۇق قالىدۇ. ئۇنداق قىزى بار ئادەم ھەركىمنى ئۆزىگە قۇل قىلالايدۇ - دە!

— شۇنداق دەڭ، — دېدى بۆلۇم باشلىقى چېن خېلى جىملىقتىن كېيىن. — ئىشەنچىڭىز توگەپتۇ - دە، ماڭىمۇ ئىشەنمەمسىز؟ بايىقى گېپىڭىز نەگە كەتتى ئەمدى؟

— قايسى گەپنى دەيسىز؟

— مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بەرگىنىڭىز بىزنى ئەرشىئەلاغا كۆتەرگىنىڭىز دېگەن گېپىڭىزچۇ؟

— گاۋ شۇجى، ئادىلجانلار ئۇنى قوللاۋاتسا...

— ھا - ھا - ھا... — بۆلۇم باشلىقى چېن قاقاقلاپ كۈلدى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئۇسۇل تاپىمىز دېدىڭىزغۇ؟ — دېدى بۆلۈم باشلىقى چېن تۇرسۇننىڭ يەلكىسىگە قېقىپ، — يېنىڭىزدا گاۋزىڭلىن ئەمەس چېن شاۋتاڭ ئولتۇرىدۇ، يولداش يېزا باشلىقى، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت دېگەن نېمە؟ كىچىككىنە بىر يەر! مۆرىتى كەلسە سىزنىڭ شان - شۆھرىتىڭىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مەن ئەكبەرنى ئۇ يەردىن ئېلىپ تاشلاپمۇ، ئالماشتۇرۇپمۇ، نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى قىلىپ چىدايمەن، ناھىيىلىك پارتكوم ماڭا بۇ ھوقۇقنى يېرىم ياتا ئەمەس، تولۇق بەرگەن!

تۇرسۇن ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلىنىشقا تەييار ئىدى. لېكىن ئۆزىنى تۇتتى:

— رەھمەت، رەھمەت، ھىممىتىڭىزگە رەھمەت!

— رەھمەتكە ئالدىرىماڭ، — دېدى بۆلۈم باشلىقى چېن، — لى زوڭخۇانىڭ ئاغرىقى ئېغىرلاشماقتا. داۋالىنىشقا بارماقچى. مېنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى ئىشلارغا ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرمىگىنىم ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى تارتقىنىم ئىدى. سىز بىلمەيسىز، بۇ لى زوڭخۇامۇ ئادىلجانغا ئوخشاش سىياسىي كۆرەشتە تەجرىبىسىز، يېقىنتىشنىمۇ، ئۇرۇشنىمۇ بىلمەيدۇ. ھەممىلا ئىشقا تۈزلا قارايدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ.

— ئۇنداقتا؟... — يېزا باشلىقى تۇرسۇن بۆلۈم باشلىقىنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈردى.

— ئالدىرىماڭ، ئەقىل تاپىمىز، — دېدى بۆلۈم باشلىقى چېن ئىستاكانلارغا پۇراقلىق چاي قۇيۇۋېتىپ، — جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ھەرخىل ئادەملەر بىلەن چىقىشىشقا توغرا كېلىدۇ. نېمىشقا شۇنداق؟ سەۋەبى سىزنىڭ ئىشىڭىز ئادەملەر بىلەن پۈتىدۇ - دە، سىلەر ئۇيغۇرلاردا ئاغزى قاتتىق مۇزاي بىرنى ئېمىدۇ، ئاغزى يۇمشاق مۇزاي مىڭنى ئېمىدۇ دېگەن ماقال بارغۇ؟ بۇ ناھايىتى دۇرۇس گەپ.

چېقىشىشقا ماھىر بولۇش دېگەن گەپ مانا مۇشۇ، ئاداۋېتىڭىزنى ئۆزىڭىزلا بىلىڭ. سىرتقا ئالدىراپ چىقارماڭ. سەۋرىڭىزنىڭ تېگى ئالتۇن دېگەن گەپنىڭ مەنىسىمۇ مانا شۇنىڭدا. خوش، سىزگە كەلسەك سىزدە مۇشۇ ماھارەت كەم. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە مەسلىھەتىم — چېقىشىشنى بىلىڭ. ئەمما سىنىپىي جەمئىيەتتە مۇتلەق چېقىشىش مەۋجۇت ئەمەس، ئاتا بىلەن بالا، ئەر بىلەن خوتۇن مۇتلەق چېقىشالامدۇ؟ ياق. ئىشەنمىسىڭىز ئاتىسىنى ئەترەت باشلىقى، ئوغلىنى بوغالتىر، ئايالىنى مالىيە قىلىپ قويۇڭ، شۇ بىر ئائىلىدىكىلەر بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۈچ تەرەپ بولۇۋالىدۇ. مانا بۇمۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ قانۇنىيىتى. تىل بىلەن چىش، كۆز بىلەن كىرپىك، قول بىلەن بەدەن مۇتلەق ھالدا چېقىشالامدۇ؟ ياق. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ كۈرەش بار. سىزدە مانا مۇشۇنداق يېقىنلىق ئىچىدە يوشۇرۇنغان كۈرەش بارلىقىنى بايقاش ماھارىتى كەم. بايقالىغان بولسىڭىز ئۆز مېيى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورىغان بولاتتىڭىز. . . .

— قالتىس گەپلەردە، قالتىس. تازا مەن ئىزلىگەن گەپلەر مۇشۇ ئىدى، قېنى بۆلۈم باشلىقى سۆزلىسىڭىزا!

— بۈگۈن سىزگە پىچاق كۆتۈرگەننى ئەتىسى قۇچاقلاپ دوستۇم دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، تۈنۈگۈن نىجاسەت دەپ يىرگەنگەن نەرسىنى بۈگۈن ھەسەل دەپ تامشىپ يېيىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك شۇجىلەر ئەكبەرنى تىلغا ئالدىمۇ، سىز ئۇنى ماختاڭ، كۆتۈرۈڭ، بىر ئادەمنى ئەيىبلەش ھە دېگەندە ماختاشتىن باشلىنىدۇ، بىلىپ قويۇڭ، دوستۇم!

يېزا باشلىقى تۇرسۇن بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ «مەنىسى چوڭقۇر» سۆزلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئالقانلىرىنى ئېڭىكىگە تىرەپ، قىيىن تېپىشماقنىڭ مەنىسىگە باش قاتۇرغاندەك قاتتىق ئويلاشقا بېرىلدى. ئاخىرىدا بولسا:

— شۇنداق قىلىپ قاتتىق ئۇسسۇلغا قارىغاندا يۇمشاق

ئۇسۇلنىڭ ئۇنۇمى كۈچلۈك بولىدىكەن - دە؟ — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— شۇنداق، قاتتىقتىن سىلىققا ئۆتمەك تەس. ئىشنى سىلىقتىن باشلاڭ، مېنىڭ مەسلىھىتىم: خەنزۇلاردا سۇ پەسكە ئاقىدۇ، ئادەم يۇقىرىغا دېگەن تەمسىل بار. ياخشى مەنسەپ، ياخشى ئاتاقتىن كىم باش تارتىدۇ؟ ئۇنىڭ خىزمەت قىلىشىنى خالىماي دېھقان بولۇشنى تاللىغىنى يالغان. تەمەسى چوڭ، تىرىشىپ تەمە قىلماقچى بولغىنىنى ئاۋارە قىلماي ئالقىنىغا سېلىپلا قويۇڭ، سىز ئۇنى يېنىڭىزغا تارتىڭ، مەنسۇرغا، ئاسىمغا قارشى كۈرەش قىلىشتا ئۇنى ئۆتكۈر پىچاق، چەللىگەن يەرگە تېگىدىغان ئوق قىلىڭ!

يېزا باشلىقى تۇرسۇن خۇشال بولدى. دېمەك تۇرسۇن ئۇچۇن قىيىن بىلىنگەن ئىشلار بۆلۈم باشلىقى ئۇچۇن شۇنچىلىك ئاسان ئىكەن - دە، تۇرسۇن بۇ ئادەم بىلەن بىر نەچچە يىل ئىشلىسە، مۇشۇ ئادەمنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزسە، ئەلۋەتتە ئۇمۇ ياخشىراق ياشاشنىڭ يولىنى ئۆگىنىۋالىدۇ، ئوڭايلىقچە مۇدۇرۇپ كەتمەيدىغان بولىدۇ...

يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئىككى ماتېرىيالنى جوزىغا قويدى:

— مۇنۇ بىرسى ئەكبەرنىڭ ئۈستىدىن كەلگەن ھېلىقى ئەرزە، مۇنۇ بىرسى مەنسۇرغا چەت ئەلدىن كەلگەن خەت، كۆرۈپ باقارسىز...

ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئىشىك يوغان ئېچىلدى - دە، بوسۇغىدا ئىككى ياشانغان دېھقان ۋە بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قىزارغان، باش كىيىم ۋە ياقىلىرىدىكى قىراۋلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئېرىمەكتە ئىدى. يېزا باشلىقى بىلەن بۆلۈم باشلىقى چىن ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى. بۆلۈم باشلىقى تونۇمىغان بىلەن بۆلۈم باشلىقى تونۇدى: بۇلار سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەزالىرى، قوشۇمچە

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەسئۇلى بىلەن روزاخۇن بوۋاي ۋە شياۋدۇڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى جىـــددىيلىـــك، ھاياجان ۋە پېشانىلىرىدىكى مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەر يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، بۇنى يېزا باشلىقى بىرلا قاراپ بىلدى، لېكىن ئۇ بايىقى «يۇمشاق ۋاستە»نى سىناق قىلىش پەيتى ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالغاچ ئوتتۇرىغا چىقتى - دە، ئورۇندۇق كۆرسىتىپ:

— ئولتۇرۇڭلار، ھە ئولتۇرۇڭلا. بىلدىم، سىلەر جەزمەن يېزىغا پىكىر ئېلىپ كەلدىڭلار، ياخشى، ناھايىتى ياخشى! — دېدى.

— بەك ئوبدان، بەك ئوبدان، — دېدى بۆلۈم باشلىقى چىنمۇ، — مانا، بىزنىڭ يولىمىزنى قىسقارتتىڭلار. بىز بارايلى دېگۈچە يېتىپ كەپسىلەر.

— قېنى سۆزلەڭلار، ھەرقانچە مۇھىم ئىشىمىز بولسىمۇ تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلايلى، — دېدى، يېزا باشلىقى تۇرسۇن.

خېلى جىملىقتىن كېيىن روزاخۇن بوۋاي يۆتىلىپ سۆز باشلىدى:

— ئەمدى گەپنىڭ بولار يېرىنى ئېيتايلى، — دېدى بوۋاي قىمىرلاپ قويۇپ، — بىز سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ ئەزالىرى بولىمىز. دەردىمىزگە دەرمان بولارمىكىن دەپ بىزمۇ قوشۇلدۇق. سېتىۋېلىنغان يەنە بىر ئىلتىپات قىلساڭلاركەن دەپ ۋەكىل بولۇپ كەلدۇق، قارىساڭلارا باشلىقلار، قىش - قىراۋدا ئەزالىرىمىز ناھايىتى قىينىلىۋاتىدۇ!

بۆلۈم باشلىقى چىن ھېچنەرسە ئۇقمىغاندەك ھەيران بولۇپ سورىدى:

— قوتقۇزۇش تەلەپ قىلامسىزلەر؟

— شۇنداق . . . — دېدى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشلىقى ساقاللىق ئادەم، — مۇشۇ قىشتىن ئۆتۈۋالساقلا . . .

شياۋدۇڭ ئەھۋالنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن

بۆلۇم باشلىقى چىن:
— دۆلەتتىن قوتقۇزۇش كەلسە بىز سىلەرگە جىقراق بېرەيلى، لېكىن توڭلىتىلغان پۇلنى بېرىشكە بولمايدۇ. بىر پۈتۈن يېزا بويىچە ئاشۇنداق قىلدۇ. سىلەرگە رۇخسەت قىلساق ھەممىلا ئەترەتلەر. . .
— بۆلۇم باشلىقى! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشلىقى قولاقچىسىنى غىجىملاپ تۇتۇپ ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، — ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، چۆچۈرىدەك بالىلىرىمىز بار، سويغان پىيازدەك ياپ ـ يالىڭاچ! ھېلىمۇ بىرىنچى ئەترەت ئاشلىق ياردەم قىلدى، بولمىسا. . .
— بىرىنچى ئەترەت نەنىڭ ئاشلىقىنى بەردى؟ — بۆلۇم باشلىقى چىن تۇرسۇندىن سورىدى.
— ئېھتىيات ئاشلىقىدىن يەتتە توننا ياردەم قىپتۇ، — دېدى تۇرسۇن پەرۋاسىزلا.
— بولمايدۇ، بولمايدۇ! — دېدى بۆلۇم باشلىقى چىن، — زاپاس ئاشلىق نىمانچە جىق ئۇلاردا؟ دۆلەتكە سېتىپ بەرسۇن.
— بۆلۇم باشلىقى، ئەزالىرىمىز راستلا پۇلدىنمۇ، ئاشلىقتىنمۇ قىينالدى، — دېدى روزاخۇن بوۋايمۇ ئالغا ئىلگىرىلەپ، — سەككىزىنچى ئەترەتنى مىڭ تەسلىكتە ئۆرە تۇرغۇزۇۋالدۇق. پۇل بولمىسا ئەتىيازلىقتا دېھقانچىلىق قىلىشمۇ تەس. ئۇنى ئاز دەپ نىيىتى بۇزۇقلار چاۋاك چېلىشىۋاتىدۇ. شۇلارنىڭ ئالدىدا بىزنى يەرگە قاراتمىساڭلار كەن.
— كاپشىما! — دەپ جوزىغا ئۇردى باياتىن جىم ئولتۇرغان يېزا باشلىقى بىردىنلا ئىرغىپ تۇرۇپ، — كىمنىڭگە تۆھمەت قىلىسەن؟ دۈشمەنلەر ئالدىدا خەلقنى يەرگە قاراتقان بىزمۇ تېخى؟
— پۇلىمىزنى بەرگەن بولساڭلار مىسالى. . . — دېدى بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — ئىلكىمىز توقراق بولاردى. . .

— مەنسۇرنىڭ كەينىدىن چاپ، قورسۇقۇڭ تويىدۇ! — دېدى يېزا باشلىقى قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — كىم سىلەرنى سوتسىيالىزم يولىدىن چەتنىسۇن دەپتۇ؟ كىم سىلەرنى ھە دېسىلا ئەبلەغازنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويىنىسۇن دەپتۇ؟ سىنىپىي كۈرەشنى تۇتمايسىلەر، خائىنلار گۇرۇھىنى پاش قىلمايسىلەر، ئۇگىنىشنى قايرىپ قويۇپ قومۇش ئورۇپ ساتىسىلەر... بېشىڭلارغا كۈن چۈشسە بىزنى ئىزلەيسىلەر! — يېزا باشلىقى تۇرسۇن بۇلۇم باشلىقى چىنغا قارىدى، — بۇلۇم باشلىقى چىن، ھېلىقى سىزگە گېپىنى قىلغان روزاخۇن ماخوچى مانا مۇشۇ! سەككىزىنچى ئەترەتتىكى توپىلاڭنىڭ پىلانلىغۇچىلىرىدىن بىرسى مۇشۇ!

— يېزا باشلىقى، خەلقنىڭ توغرا تەلىپىنى توپىلاڭ دېسىڭىز... — دەپ گەپ قىستۇردى شياۋدۇڭ تاقەتسىزلە- نىپ.

— سىنمۇ يەل بېرىدىغانلاردىن! — دېدى يېزا باشلىقى شياۋدۇڭغا ئالىيىپ، — سەن بالا بۇ يەردىكى ئىچكى ئەھۋاللارنى ياخشى بىلمەيسەن، بۇلارنىڭ غەرىزى باشقا!

— نېمىشقا بىلمەيمەن يېزا باشلىقى! — دېدى شاۋدۇڭ پېشانىسىگە چۈشكەن چېچىنى كەينىگە تاشلاپ قويۇپ، — مەنمۇ سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەزاسى. مېنىمۇ كۆپچىلىك ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى! ئۇ يەردە ئەزالارنىڭ ئاپەتكە يولۇققىنىمۇ، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئامال - چارە ئىزلەپ كۈرەش قىلغۇاتقىنىمۇ راستقۇ!

— ئەكسىيەتچى شوئار توۋلاپ توپىلاڭ كۆتۈرگىنىمۇ راست! — دېدى يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — كادىرلارنى ئۇرغىنى، پارتىيىنى تىللىغىنىمۇ راستقۇ؟

سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ۋەكىللىرى يېزا باشلىقى بىلەن

خېلى دېيىشكەنمۇ بۇلار دېدى، بىراق بۆلۈم باشلىقى چىن ئۇنىڭ قولىنى كۆتۈردى ۋە كۈلۈمسىرەپ:

— سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، بىز مۇزاكىرە قىلايلى، بىزگە ئىشىنىڭلار، بىز سەككىز ىنچى ئەترەتنىڭ، پۈتۈن ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ مەسىلىلىرىنى جەزمەن ھەل قىلىمىز! — دېدى.

ئاقكۆڭۈل دېھقانلار بىر ئېغىز ياخشى گەپ بىلەن پۈتۈنلەي يۇمشىدى. ئۇلار بۆلۈم باشلىقىدىن قانداق ۋە قاچان ھەل قىلىدىغانلىقىنى سوراپمۇ تۇرمىدى، چۈنكى ئۇلار بۆلۈم باشلىقىدىن چىننى پارتىيىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەن خەلق بولغاچقا «ھەل قىلىمىز» دېگەن بىرلا ئېغىز سۆزدىن ئىشىنىڭ ئۆز پايدىسىغا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇلار خۇشال - خۇرام ھەتتا بۆلۈم باشلىقى چىن، يېزا باشلىقى تۇرسۇنلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۆز ئەترەتلىرىگە قايتىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى كۈتۈۋاتقان ھەمراھلىرىغا ئۈمىد ۋە خۇشاللىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىراپ يولغا چىقىشتى.

— قانداق ھەل قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۇلار كەتكەندىن كېيىن.

— سىزگە يېڭىلىق يوق! — دېدى بۆلۈم باشلىقى چىن كۈلۈپ، — سىنىپىي كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. مەنسۇر گۇرۇھىنى پاش قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، توپىلاڭنى پىلانلىغۇچىلارنى بىرمۇ - بىر تېپىپ چىقىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمىز!

يېزا باشلىقى تۇرسۇن قاقاقلاپ كۈلدى. بۆلۈم باشلىقى چىنمۇ مىيىقىدا كۈلدى - دە، يېزا باشلىقىغا پاپىرۇس سۇنۇپ:

— مەنسۇرنىڭ ماتېرىيالىنى دەرھال تەييارلاڭ، ئەكبەرنىڭ ئۈستىدىن كەلگەن ئەرزنىمۇ مەنسۇرنىڭ جىنايىتىگە قوشىمىز. ھازىرچە خۇلاسە شۇنداق: ئەكبەرنى خاتالاشتۇرغانمۇ مەنسۇر، ئۇ

ياش، ساغلام يىگىتنى قاتتىق، يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن ئۆزىگە تارتىۋالغان!

تۇرسۇن چۈشىنەلمەي بۆلۈم باشلىقىغا قارىدى، بۆلۈم باشلىقى چىن:

— ئۆلتۈرۈۋالغان، مەسىلىنى مۇشۇنداق قويۇش ئەكبەردىن پايدىلىنىشقا. ئۇلارنى پارچىلاشقا پايدىلىق! — دېدى ئۇنىڭغا.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە يېرىم كېچىگىچە سىرداشتى. بۆلۈم باشلىقى چىن مەنسۇرغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ئىنچىكە يەرلىرىگىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئۆز پىلانلىرىدىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئىككى رومكىدىن ئىچىشتى ۋە خۇشال - خۇرام ھالدا خوشلاشتى. . . .

# ئون يەتتىنچى باب

سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتتە كۆرەش يىغىنى بولدى. ھېيتەكلەر كۆرەش قىلىندى. ھەيدەر خەسىس كۆرەش يىغىنىدىن غالىلداپ تىترەپ قايتتى. ئۇ كەچكىرگىچە ھېچنەرسە يېمىدى. ھازىدار ئادەمدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ھويلىسىدىكى قوناق شېخى ۋە قومۇشلارنى بىكاردىن ئورنىدىن يۆتكەپ، يەنە ئورنىغا قايتىدىن تىزدى. بايىلا ئوغلى سوغىرىپ كەلگەن بايتالغا مۇز ئېرىتىپ سۇ بەردى. نىمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ خوپتەنتى ئۆتەپ بولۇپ كىيىملىرى بىلەنلا كاڭدا ياتتى. لېكىن ئۇ قاياققىلا ئۆرۈلمىسۇن، بەربىر ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ قۇلىقى يېنىدا بۇگۈنكى كىچىك ئەترەتتە ئېچىلغان كۆرەش يىغىنىدا تۇۋلانغان شوئارلار، سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئاۋازلىرى گۈڭگۈلدايتتى: «سىنىپىي دۈشمەنلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرەيلى»، «سىنىپىي كۆرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى! . . . .»

« . . . سەن مۇناپىق پومېشچىك يەر خېتىنى نېمىشقا ساقلىدىڭ! سەن ئېتىلغان ئاكاڭنىڭ قان كىيىمىنى نېمىشقا ئايرىم ساندۇقتا ساقلىدىڭ؟ سەن ھىدىلىشا، نىيىتىڭدىن يانماي ئوغرىلىق قىلىپ، ئەترەتنىڭ ئىقتىسادىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كەلدىڭ. مانا بۇ سېنىڭ قايتا تىرىلىش كويىدا بولغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ ئېيت، سەن كىمدىن ئۈمىد كۈتتۈڭ؟ ئېيت، سەن يەنە كىملەر بىلەن بىرلىشىپ ئەسكىلىك قىلدىڭ؟ . . . يەرلەرنى زەي باسقاندا قانداق ئېغۋالارنى تارقاتتىڭ؟ كىچىك ئەترەتنى تارقىتىدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يەنە نېمە پىتنە - پاساتلارنى توقۇدۇڭ؟ قومۇشنى ئازادلىق ئارمىيىگە ساتقاندا سەن يەنە كىملەرگە زەھەرلىك گەپلەرنى قىلدىڭ؟ . . .» خۇددى

كۆپچىلىك ھەيدەر خەسسىنىڭ قورسىقىدا ئويلىغانلىرىنى بىلىۋالغاندەك ھازىرلا بىرسى قوپۇپ: «ھە، ھەيدەر، قومۇشنى 15 پۇڭدىن ساتقىنى ئۈچۈن چوڭ ئەترەت كادىرلىرىنى نېمە دەپ تىللىدىڭ قېنى كۆپچىلىككە جاۋاب بەرگىن» دەۋېتىدىغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ كۆرەش مەيدانىدا خۇددى تىكەن ئۈستىدە يالىڭاچ ئولتۇرغاندەك ئازابلاندى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى چىمىلدىدى. كۆزلىرى تورلاشتى، گېلى قۇرۇدى. ھەتتا يىغىن تۈگەپ كۆپچىلىك تارقالغاندىمۇ ئۇ ئورنىدا خېلى ئولتۇردى...

ھەيدەرنىڭ قۇلىقى يېنىدا غۇڭۇلدىغان بۇ ئاۋازلار بىردىنلا يە ھەرىسىدەك ئۇنىڭ بېشىغا تارس - تۇرۇس قىلىپ تېگەتتى، بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا، كۆزلىرىگە، بۇرۇنلىرىغا نەشتەر تىقاتتى...

ئۇ تۆپىسىنى چۆكۈرۈپمۇ، پېرىجىسىگە پۈركىنىپمۇ جېنىغا ئارام تاپالمىدى.

ئۇ ئاشۇنداق ئويلا - ئويلا ئۆرۈلۈپ، ئاخىرى بىر چاغدا خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالدى... قارا بوران قۇم، تاشلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئۆمىلەپ ماڭاتتى، بىر قولى بېشىدىكى تۆپىسىدە، دادىسىدىن قالغان بۇ تۆپىسىدىن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئەنسىرىشى ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا چەمبەرلەپ قويغاندەك چىڭ تۇرىدىغان تۆپىسى ئۇچۇپ كەتسە ئىشنىڭ تۈگىگىنى: تۆپىنىڭ ئەستىرىدە ئۇنىڭ باشقىلار تۇرماق ئايىلى بىلەن بالىسىدىنمۇ يوشۇرۇپ يۈرگەن نەق پۇلى بار. ئۇ بۇ پۇلنى كەندىر، قېرىقىز ئۇرۇقى، چېگە دەستە، كۆلا - نوختا، سېۋەت... قاتارلىقلارنى سېتىپ توپلىغان. تەڭگە - تىيىنلارنى بولسا تۆپە ئەستىرىگە تىقىشقا بولمىغاچقا ئالقىنىدا چىڭ تۇتۇۋالغاندى. بوران ئۇنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئۇراتتى. ئاھ، كېلىشمەسلىك! قولىدىن تەڭگە - تىيىنلار چۇشۇپ كەتتى. ئۇ يەرگە سۇنايلىنىپ يېتىپ سىيپىلاشقا

باشلىدى. بىر قولى بىلەن تۆپىسىنى بېسىپ تۇرغانلىقىنى ئۇنتىدى: تەڭگە ـ تىيىنلارنى تېزرەك تېپىش ئۈچۈن ئىككى قولى بىلەن سىيپاشتۇرۇۋېدى، مانا پالاكەت، تۆپىسى ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ تەڭگە ـ تىيىنلارنىمۇ تاشلاپ، تۆپىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى: ئاھ، شورلۇق! تۆپىسى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېقىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى. . . بىراق، سۇنىڭ ئۈستىگە چىقالمايتتى. . .

قۇتقۇزۇڭلار، خالايىق!

— ۋاي دادىسى، نېمە بولدى سىلىگە!

ھەيدەر خەسىس ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ئايىلى قورقۇپ بىللە تۇردى:

— قارا باستىمۇ! نىمانچە ئېسەدەيلا؟

—تۆپەم ئېقىپ كەتتى. . . .

— توۋا، ئالجىغىنىنى! تۆپە باشلىرىدا تۇرمامدۇ؟

ئايال ئېرىنىڭ بېشىدىن كېچىسىمۇ كىيىپ ياتىدىغان تۆپىنى يۇلۇپ ئالدى.

— ئەكەل تۆپەمنى! — ھەيدەر خەسىس ئايىلىدىن تۆپىنى دەرھال تارتىۋالدى ۋە شۇ چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى.

— قارا باستىمۇ نېمە سىلىنى، بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتتىمۇ ـ يە؟ — دېدى ئايىلى.

— «بىر نەرسىدىن» دېگىنىڭ نېمىسى. سەن بىلمەمسەن تېخى؟ مەن قورقىدىغان نەرسىلەر ئازمىدى. بالامۇ كۆزۈمگە قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. . . .

— يائاللا، — دەپ پىچىرلىدى ئايىلى تەتۈر قاراپ، —ھېچكىمدە يوق غەم ـ غۇسسە بۇ ئادەمگە نەدىن كەلگەندۇ؟

ھەيدەر خەسىسنىڭ قورقۇپ يۈرگىنىگە خېلى بولدى، روزىمەت ئۇنىڭغا «مۇسادىرە قىلىنىسىز كەن» دېگەندىن بېرى

ھەيدەر بېشىنى ساڭگىلىتىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كۆڭلى يېقىنلىرىدىن زىۋىرشا بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈۋېدى، زىۋىرشا: «شۇنداق ئوخشايدۇ. كۆردۈڭمۇ، ئەبىلغازى مېنى بوغدى. لېكىن ئۇنى جازالىمىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا بىزلەرنى ئۇلار نېمىلا قىلسا سوراق يوق ئوخشايدۇ» دېدى. ھېيتەكلەرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ھىدىلىشانى ئوغرى دەپ چوڭ ئەترەتكە ئېلىپ كەتتى. بۇ ئىش توغرىلىق ھەيدەر: «بەلكىم ئوغرى بولغاچقا شۇنداق قىلىش توغرىدۇ، ئوغرىغا كەڭ بولۇشقا بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ خۇلاسىسىگە ئىشەنگەن ئەمەس، ئۇنىڭ قارىشىچە بىر ئىشتىن خۇلاسە چىقىرىش ھەيدەرنىڭ ئىشى ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئىشى بىرىنچىدىن پۇل تېپىش، ئىككىنچىدىن ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىش ئىدى... ھىدىلىشانى تۇتۇپ كەتكەن كۈنى ئۇ كېچىلەپ ھىكمەتنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇنىڭدىن مۇشۇ ئىشنى سورىغاندا ھىكمەت: «ھەر ئىشنىڭ ئۆز نۆۋىتى بار» دېدى. «نۆۋەت كېلىدۇ» دېمىلا ھەيدەرنىڭ بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بىلىنەتتى...

ئۇ بامداتتىن قالمايدىغان بولۇۋالدى. تۈنۈگۈن بامداتتىن كېلىۋېتىپ يولدا روزىمەتكە ئۇچرىدى. روزىمەت:

— باشلاندى. مانا بىزگە يېتىپ كەلدى، كىچىك ئەترەتتىكى كۈرەش يىغىنىدىن ئۆتتىڭىز ئەمدى، بۈگۈن-ئەتىنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەترەت بويىچە كۈرەش قىلىش يىغىنى بولغۇدەك، — دېدى. ھەيدەر ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتكۈچە روزىمەت كېتىپ قالدى. مۇشۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيدەر كەچكىرگىچە مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ يۈردى. مانا ئەمدى...

— ئىسسىقراق بىرنېمە ئىچەمۇ-يە؟

— ۋېچىرلىما، خوتۇن!

— شەرىخانىنى چاقىرايمۇ، دېمىدە قىلىپ بەرسۇنمىكىن؟

— ئۇنۇڭنى چىقارما دەۋاتىمەن!

ھەيدەرنىڭ ئايىلى ئورنىدىن تۇردى ـ دە، مورا ئوچاقنىڭ چوغىنى چۇخچىلىدى.

— ھېلىتىنلا كۆمۈر قالىدىكمۇ، تېزەك قالايدىغان چاغ تۇرسا!

ھەيدەرنىڭ چوغنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— قىش تۈگەي دېدىغۇ! — دەپ غوڭشىدى ئايىلى بىر قوشۇق ماينى قاچىغا قۇيۇۋېتىپ. ھەيدەر قوشۇققا ئېڭىشتى ـ دە:

— شۇنچە ماينى نېمە قىلىسەن؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى.

— ھالۋا قىلىپ بېرەي، ئەڭگىزلىرى ئېشىپ كېتىپتۇ!

— ماي دېگەن قان بىلەن تەڭ بولۇۋاتىدۇ!

— جانچۇ؟ — ئايىلى غەزەپ بىلەن ئالايدى.

ھەيدەر بېشىنى تۇتۇپ خىيالغا پاتقاندى: «بوران، چۈش رىسالىسىدە سوقۇش دېيىلىدىكەن، تۆپەمنىڭ ئۇچۇپ كەتكىنى كاللامنىڭ كەتكىنى ئەمەسمىدۇ؟ يائاللا. . . . » ھەيدەر چۈشىنى ئايىلى بىلەن ئوغلىغا ئېيتىپ بەردى. ئايىلى ئاڭلاپ:

— توخۇنىڭ چۈشىگە تېرىق كىرىدۇ دېگەن شۇ، بەش تىيىن ئۇچۇن يەر بېغىرلاپ ئۆمىلىگەندىكىن جاجىلىرى! . . . — دەپ كايىدى. دادىسىنىڭ چۈشىنى ئاڭلىغان ئوغلى نەزەر قاقاقلاپ كۈلۈپ دېدى:

— بوران دېگەن ئىنقىلاب، بۇ بوران بىزنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرىشىمىز، سەن بۇ كۈرەشتىن قورقىسەن دادا، تۆپەڭنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكىنى سېنىڭ جوندەلگىنىڭ، ھەممە بالا سېنىڭ مۇشۇ تۆپەڭدىن كېلىدۇ! نېمىشقا دېسە. . .

— يوقال! — ھەيدەر جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. بالا ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ يەنە سۆزلىدى.

— ئەكبەر شۇجى ماڭا: داداڭغا ئېيت، ئەندىشىدىن نېرى بولۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ئىشەنسۇن، بىز ھەيدەركامنى يامان

ئادەملەر بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىمەيمىز خاتا يولدىن قايتسۇن دېگەن، — دېدى.

— يالغان ئېيتىسەن، قورسىقىڭدىن چىقىرىۋالغان گېپىڭ! — دېدى ھەيدەر بېشىنى ئىرغىتىپ، — سەن بالا، داداڭغا راست گەپ قىلمايسەن!

— قانداق دېگەن ئەخمەق ئادەم سىلى! — دېدى ئايىلى خاپا بولۇپ. — دىلەيساخان ماڭمۇ شۇنداق دېدى. ھە دېسىلا روزنامەتتەكلەرنىڭ كەينىدىن سوكۇلدىغانلىرى سوكۇلدىغان. . .

— دادا، ئەكبەركام تېخى بىزنىڭكىگە سىپىناڭ بىلەن سۆزلەشكىلى كەلمەكچى. سەن يامان ئادەملەردىن قانچىلىك بۇرۇن ئارىنى ئوچۇق قىلساڭ شۇنچە ياخشى جۇمۇ!

— ئەكبەر كېلىدۇ دېدىڭما! كەلسە ـ كەلمىسە بىزدەكلەرگە ياخشى كۈن نەدىكەن!.

— ھوشۇڭنى تاپمىساڭ ياخشى كۈن يوق! — دېدى بالىسى دادىسىنىڭ ياچېيكا شۇجىسىغىمۇ ئىشەنمىگىنىگە خاپا بولۇپ، — جاھىللىق قىلىپ خەلق بىلەن قارشىلاشساڭ زىيان تارتىسەن!

— تىنىڭنى چاينىما! — دېدى ھەيدەر ئورنىدىن قوزغىلىپ، — مېنى قورقۇتمىغان ئەمدى سەن قالغانمىدىڭ! . .

«خەلق بىلەن قارشىلاشساڭ زىيان تارتىسەن، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ غەزەپتىن تىترەپ، — بۇ بالىنىڭ گېپى ئەمەس، ياق، بۇ بالا بۇنچە گەپنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن، داداڭغا مۇشۇنداق دېگىن دەپ ئۆگىتىشكەن ئۆزى. . .»

ھەيدەر بامداتقا كېتىپ بېرىپ چۈشنى ئويلىدى. ئۇ جامائەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ زىۋەرشانىڭكىگە ماڭدى. زىۋەرشا ئادىتى بويىچە ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ قاراڭغۇ ھويلىسىدا پوسۇرلاپ يۈرگەنىكەن. ھەيدەر ئالدىراپ زىۋەرشا بىلەن سالاملاشتى ۋە ئۆزىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلىدى. زىۋەرشا بۇرۇتىنى سىلاپ كۈلۈپ دېدى:

— سەھەردە كۆرگەن چۈش ئوڭىغا ماڭىدۇ، بىر تارتقۇلۇق باركەندە ساڭا!

ھەيدەر زىۋەرشانىڭ پېشىنى تۇتۇپ مۆكچەيدى.

— ئېيتقىنا، مۇسادىرە قىلىدىكەن دېگەن گەپلەر راستمۇ؟

— ئانىي بولساڭ ھەر نېمە قىلىدۇ. ياۋاش ئاتنى ھەر كىم مىنىدۇ. يۇۋاش ئاتنىڭ دۇمبىسى يېغىردىن نېرى بولمايدۇ، بۇنى بىلىسەنغۇ!

— مەن ياۋاش بولمىسام، تۇنۇگۇنكىدەك كورەش قىلسا ئۆزى...

— سېنىڭ قالپىقىڭ بولمىسا، يۇقىرىدىن تەستىقلىماي تۇرۇپ سېنى كورەش قىلىشقا كىمنىڭ ھەددىكەن!

— مانا سېنىمۇ تەستىقنى كۇتمەيلا ئەترەت باشلىقلىقتىن ئېلىۋەتتىغۇ ئۆزى؟

زىۋەرشا ئەمدى ئاستا پىچىرلاشقا باشلىدى:

— ئاخشام بىز يېزا باشلىقى بىلەن بولدۇق، ئوچۇق بىر نەرسىغۇ دېمىدى. گېپىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، يېزا باشلىقى ئەمدى تۇتۇشىدىغان ئوخشايدۇ. يېزا باشلىقىنىڭ پايدىسىغا قىقاس چوقان كۆتۈرۈشكە ئادەم كېرەكقۇ. مانا بۇ ئىشتا سەنمۇ ھەھۇ دېگىن.

— ھە - ھۇرىڭ نېمىسى ئۆزى؟

— سېنىڭ بىلەن بىزمۇ ئازار يېگەنلەر. بىر كىشىلىك دەردىمىز بارغۇ. مانا شۇ دەردىمىزنى يېزا باشلىقىغا قويماي ئېيتىمىزدە!

ھەيدەر ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى:

— ھەي تاڭەي، بۇ مەنسۇر قالتىس يۇز تېپىپ كەتتىدە، يۇزگە بىر بولۇپ قالارمىزمىكىن ئۆزى؟

— مىڭغا بىر بولۇپ قالساڭمۇ ھۆكۈمەت بېشىدىكىلەر بىلەن بىللە بولساڭ بىلىڭ پۇكۇلمەيدۇ، يېزا باشلىقى كىم، مەنسۇر كىم؟

— ھىم مەن ياخشىلاپ ئويلىنىۋالاي ئۆزى، — دېدى ھەيدەر بېشىنى لىڭشىتىپ. — باشقا ئىش بولسىمىغۇ بىر نۆرى ئىدى، بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس...

شۇ چاغدا ھويلىغا سونۇرنىڭ بىر مۈشى بىلەن نەچچە كۈن ئاغرىپ يېتىپ، تېخى يېقىندىلا ساقايغان روزىمەت ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ كۆرەش يىغىنىدىن كېيىن بىر يەردە تۇرالماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شەھەردىن چىقىدىغان بىر ھايانكەشلەر گۇرۇھى بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئەزالاردىن بىر نەچچىسى بايقاپ قالغان ۋە تەشكىلگە مەلۇم قىلغانىدى. ئۇ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ نېمە توغرىسىدا گەپلىشىۋاتقىنىنى بىرلا قاراپ بىلدى.

— ھازىر كۈسۈرلىشىدىغان چاغمۇ. مىنبىگلار مىلتىقىنى گەجگەڭلەرگە تىرىگەندە سەگىمسىلەر ئاكىلار!

ھەيدەر روزىمەتنى كۆرۈپلا تالاغا ماڭدى.

ھەيدەرگە مەنسۇر بىلەن ئېلىشىش قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. پۈتۈن چوڭ ئەترەتتە ئۇنىڭ ياخشىلىقى توغرىلىق گەپ بولۇۋاتىسىنۇ، يېزا باشلىقى ئۇنى ئېلىۋەتسۇن! ھەيدەر ئۇچۇن كىمنى ئېلىۋېتىپ، كىمنى سايلاش مۇھىممىدى؟ ئۇنىڭغا جىقراق پۇل تېپىشقا، تىنچراق كۈن كۆرۈشكە يول قويسىلا بولدى. مەنسۇر بۇنى قىلمىدى. ئۇنى ئېلىۋېتىش ھەيدەرنىڭ بۇندىن كېيىن ياخشى كۈن كۆرۈشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشمىكىنە؟ مەيلى ھەرقانچە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ھەيدەر بۇنىڭغا قاتناشمايدۇ. بۇنداق ئىشنى كىم قىلسا قىلىۋەرسۇن! نېمىشقا دېگەندە بۇ ئىش قانچىلىك تەس بولسا، شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق، چۈنكى بىر نەچچە ئادەم «مەنسۇرنى غۇلىتىش»قا «تۇتۇش» قىلسا، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدۇ، مانا بۇنى ھەيدەر ئوبدان بىلىدۇ! ھەيدەر ئۆز تەجرىبىسىدە كۆپچىلىكنىڭ زىتىغا قىلىنغان ئىشنىڭ ئوڭغا تارتمايدىغانلىقىنى كۆرگەن. ئىجارە كېمەيتىشتە بىر قانچە ئادەم خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ

زىتىغا ئىش قىلىپ پومبىشچىكلارنى پاش قىلغان ئادەملەرنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدى. ئاخىرى ئىشقا ئاشماي ئۆزلىرى بۇرنىغا يېدى. ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە ھەيدەرمۇ بار ئىدى. يەر ئىسلاھاتىدا بىر نەچچە ھاللىق ئادەملەر ھەيدەر بىلەن ئۆچەكىشىپ، ئۇنى باي دېھقان قىلىشقا شۇنچىلىك تىركىشىپ باقتى، لېكىن ئىشقا ئاشمىدى. كۆپچىلىك ئۇنى ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان قىلىپ ئاجراتتى. . . كوپېراتسىيە مەزگىلىدە ھەيدەر مۇشۇ زىۋىرشالارنىڭ سۆزى بىلەن ئۆكۈزلىرىنى ئوغرىلىقچە سېتىپ كۆپچىلىكنىڭ خاھىشىغا زىت ئىش قىلىۋېدى، يەرگە قارىدى، ئاخىرى سېتىلغان ئۆكۈزگە ئۆكۈز سېتىۋېلىپ كوپېراتىپقا قاتناشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. . .

«ياق بۇنداق تىل بىرىكتۈرۈپ قىلمىدىغان ئىشقا ئەمدى قاتناشمايمەن، مۇنداق ئىشنى كۆرسەم كۆرمەسكە سالىمەن، تېگىشلىك جايغا ئېيتىپ قويامدۇ؟ ياق، دۈشمەنلىك بولۇپ نېمە قىلاي، مېنى مۇسادىرە قىلمىسىلا، پومبىشچىك ئايرىمىسىلا بولدى، خەسىس دەمدۇ، پىخسىق دەمدۇ، قالاق دەمدۇ، مەيلى دەۋەرسۇن. ئىش قىلىپ پومبىشچىك ياكى باي دېھقان دېمىسىلا مەن يامان ئەمەس كۈن كۆرىمەن».

ھەيدەر شۇ خىياللار بىلەن دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ دائىم بېشىنى ساڭگىلىتىپ پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ماڭاتتى.

— ھا، ھا، ھا. . .

ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، دەرۋازىسى ئالدىدا بىر توپ ئادەم كۈلۈشۈۋاتاتتى، ھەيدەرنىڭ بېشى ئايلاندى. «روزىمەتنىڭ مىنبەگلار مىلتىقىنى گەجگەڭلەرگە تىرىگەندە» دېگەن سۆزى قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئاڭلانغان بولسا، مۇنۇ بىر توپ ئادەملەرنىڭ كۈلكىسىمۇ شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئاڭلاندى. ئۇ پوپۇچىنى توزىگەن بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى ـ دە:

«نۆۋەت كەلگەن ئوخشايدۇ ئۈزى، مانا مۇسادىرە. . . . »

دەپ پىچىرلىدى. ئۇنى دىمىسىمۇ كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئىغىلدا ئىقتۇۋاتقان سىمىز قولا بايتالنى ئوتتۇرىغا ئىلىپ كۇرۇۋاتاتتى.

— ھەيدەركا تورۇك، بايتالنىڭ سودىسى پىشىپ قالدى!

ھەيدەر تەسلىكتە ئورنىدىن تورۇپ كۆپچىلىكنىڭ يىنىغا كەلدى:

— مەن - مەن بامداتتىن يىنىپ ھايال بولۇپ قالدىم ئۈزى. . . .

بىر ئەزا كولۇمسىرەپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قورقما، ئالا .قورققاق، نىمانچە تاتىرىپ كەتتىڭ!

— ۋاي بۇ ئادەمنى كىچە قارا بىسىپ، — دەرۋازىغا يۆلىنىپ تۇرغان ھەيدەرنىڭ ئايالى سۆز باشلىۋىدى، ھەيدەر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ:

— قويساڭلارچۇ، بۇ يەردە ئاياللارنىڭ ئىشى يوق ئۈزى! — دىدى.

— قىنى ھەيدەركا. بايتالغا نىمە دەيمىز، كوللىكتىپقا كىرەك بولۇپ قالدى، — يۇقىرىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىمىز، — يەنە بىر ئەزا ھەيدەرگە قارىدى.

ھەيدەرنىڭ كاللىسىدا شۇ «مۇسادىرە» دىن باشقا ئىش يوق ئىدى.

— مەنمۇ جاپا چىكىپ، يايلارنىڭ قامچىسىنى يەپ ئۈزى. . .

— ھەيدەر يىغلاشقا باشلىدى، — بىراۋنى ئەزگىنىم يوق، ئالدىۋالغىنىم يوق، شۇ خەسىسلىكىم بولمىسا مەنمۇ بىر. . . ئۈزى. . .

— سىنى بۇلاۋاتقان كىم بار! - دىدى يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭ يىغىسى «خەسىس» لىكىدىن دەپ ئويلاپ، — ئاقچاڭنى بىر كۈنى ئالىسەن، يۇقىرىنىڭ قارارىنى سەنمۇ ئاڭلىغانغۇ، تولا ئىنجىقلىق قىلمىساڭچۇ!

— قارار بولسا نىمىمۇ دەيمەن، بارىنى ئالىسىلەر، خۇدا ھەققى تۆت پۇڭ نەق پۇل يوق، بارى - يوقى شۇ بىر بايتال ئۈزى. . . .

— قىنى گەپنى سوزماي بىر يەرگە كىلەيلى، نەچچە

باھالىساق بولىدۇ؟
— شۇنداق . . . ئەرزىمەس بىر مال. ئۆزۈم 50 يۈەنگە ئالغانىدىم. . .
— شۇ باھاسىغا 50 يۈەن قوشساق رازىمىسەن ھەيدەر؟
ھەيدەر بايلارنىڭ تەلىقاتىنى پۇلغا چاققانلىقىنى ئىجارە كىمەيتىشتە كۆرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قانچە تۆۋەن باھالىسا شۇنچە ياخشى دەپ ئويلىدى - دە:
— ئۆز نەرقى بولسىمۇ بولىدۇ، ئۆزى. . . — دەۋەتتى.
ئۇنىڭ بىردىنلا «خەسىس»لىكتىن «مەرت»لىككە ئىرغىغانلىقىنى كۆرگەن كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ كېتىپ، بەلگىلىمە بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئات قىلىپ 150 يۈەن قىلىپ باھالىدى.
ھەيدەر ھەيران بولۇپ تىگىرقاپ قالدى ۋە بايتالغا سەكرەپ مىنگەن ئادەمگە قاراپ:
— نېمە گەپ. . . مۇسادىرە قىلغانغا ئاقچا باھالايدىغان پەرمان چىقتىمۇ ئۆزى؟ — دېدى.
كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشتى. بىر بوۋاي ئۇنىڭ چۈشەنمىگەنلىكىنى سەزدى - دە، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:
— سېنى تازا گاڭگىرىتىپتۇ، ھەيدەر! ھا، ھا، ھا. . . سەن ئۆز سايەڭدىن ئۈركۈپ يۈرۈپسەن - دە! سېنى ھېچكىم مۇسادىرە قىلغىنى يوق، كادىرلار يېڭى قارار چىقىرىپتۇ، ئۇنتۇپ قاپسەن - دە! شەخسلەرنىڭ قولىدىكى ئاتلارنى مۇۋاپىق باھا بىلەن ئەترەتكە ئېلىش لازىم ئىكەن.
ھەيدەرنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈردى. ئۇ قولىغا تۆپىسىنى ئېلىپ ئاقىرىپ كەتكەن بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ:
— شۇنداق دېگىن، ئۇنداق بولسا بەك ئەرزان. . .
— بۇ نېمە دېگىنىڭ، بۇ چوڭ ئەترەتنىڭ بىر تۇتاش باھاسىغۇ!

— بەش يۈز يۈەن دەيمەن دەپ ئاشۇنداق دەپ قويۇپتىمەن، — دېدى ھەيدەر گەپ تۈزەپ، — قىرغاندا ئادەمنىڭ تېلى كالۋالىشىپ . . . ئۆزى. . .

— ئۆز نەرخى بولسىمۇ بولىدۇ دېمەكچىمىزغۇ؟ — دېدى كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن بىرسى.

— شۇنداق، ئۆز نەرخى 500 يۈەن - دە. . .

ھېلىقى ئەزا بايىتالنى ئويناقلىتىپ چىقىپ كەلدى. ھەيدەر ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلدى:

— كەم بولسا مەن رازى بولمايمەن ئۆزى، ئاز ئەجرە قىلدىممۇ، قورۇق جىنازا ئىدى، قاراڭلار، بولماق قىلىۋەتتىم. يۈز يۈەنگە تۇخۇم ئېچكۈزگەندىمەن، يەم يېيىشنى بىلمەيدىغان سولۇمال ئىدى، كىچىك بالىغا ئاغزىدا نان بەرگەندەك پەپلەپ بېقىپ يەمغور ئات قىلدىم. 150 يۈەنلىك سولۇ بىلەن قوناق يېگەندۇ — ئۆزى. . . شاش ئىدى كۆندۈردۇم، ھارۋا، چانا، جوۋاز، كېمە. . . ھەممىسىدىن باتنمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامغاي ئۇچۇنلا 100 غولاچ توشۇك كەتتى. . . ھېسابلاپ كەلسەم ئۆزى. . .

ھەيدەر ھېسابلاشقا چۈشۈۋېدى ئۇنى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن كەلگەن ياش يىگىت سىلكىۋەتتى:

— بولدى قىلىڭ، بىز سىز بىلەن سودىلاشقىلى كەلمىدۇق. يېزا پارتكومىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلغىلى كەلدۇق، يېزا ئەزالىرىنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنى ساقلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھۆكۈمەت باھاسى بىلەن ئەترەتكە ئېلىنىدۇ، — كادىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيدەر دۇدۇقلاشقا باشلىدى:

— ئا ئۇكۇز، ھارۋا — سوقۇلىرىم ئەترەتكە ئۆتتى، بېغىمدا قوچاق يەتمەيدىغان قارىياچلىرىم بار ئىدى، باغ - ۋارانى بىلەن ئالدىڭلار، يەنە تېخى. . . . ئۆزى. . .

— بىزدىن ئەتۇر ھېساب ئالماقچىمۇ سەن؟

-- ھەيدەر چۆچۈدى.
— تەتۈر ھېساب بولامدۇ ئۆزى، ئوڭ ھېساب، سىلەر بىزدىن نەق پۇل ئېلىپ، نومۇر بېرىپ قاراپ تۇرۇۋاتىسىلەرغۇ!
-- سەن نەق پۇل بېرىدىغان ئادەممۇ؟
— قومۇش دېگەن نەق پۇل! مىڭ باغ قومۇشنى ئېلىپ بەرگىنىڭلار نومۇرغۇ!
— سەن ھەيدەر، — دېدى ھېلىقى كادىر قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — كاللاڭنى سىلكىۋەت! كاپىتالىزم ئۈچۈن ئازىراق كەتمەن چاپ، بىز تېخى سېنىڭ سىنىپ تەركىپ مەسىلەڭنى قايتىدىن ئويلىشىمىز. سەندە يوشۇرغان قومۇشمۇ بار تېخى!
— يالغان، — دېدى ھەيدەر ئىشىنىڭ چاتاقلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، — ئەزبىرايى ئىگە كىم، بارىنى بېرىپ نومۇر ئالدىم.
— باشقا گەپنى كېيىن قىلايلى، — دېدى يەنە بىر ئەزا، — 150 يۈەنگە رازىمۇ، ئەمەسمۇ سەن؟
— مەن رازى ئەمەس! زىيان بولىدۇ!
— ھەي ھەيداركا، كۆپچىلىك كوللېكتىپ ئۈچۈن ئۆز ئېتىنى تالاش - تارتىش قىلماي بېرىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئەترەتتىلا يەتتە ئات ئالدۇق! تولا گەدەنكەشلىك قىلما، كېيىن پۇشايمان ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسەن!
— كىم ئۇنىماپتۇ، رازى قىلىپ يېتىلەپ كېتىۋېرىڭلار ئۆزى.
— يۇرۇڭلار، — دېدى كادىر كۆپچىلىككە، — بىز سودا قىلغىلى كەلگىنىمىز يوق. كوللېكتىپنى سۆيۈشنى تەشۋىق قىلغىلى كەلدۇق. قارار شۇ. ھەيدەر ئەترەتتىن يەنە 150 يۈەن ئالىدۇ. قولىغا تالون بېرىڭلار. بايتالنى ئەترەتنىڭ ئىختىيارىغا ئالدۇق. يۇرۇڭلار باشقا ئۆيگە!
كۆپچىلىك كەتكەندىن كېيىن ھەيدەر جايىدىن قوزغالماي تۇرۇۋەردى، ئۇ گويا ئالجىپ قالغاندەك ئىككى قولىدا بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ يېنىدىلا ئوغلى

نەزەرنىڭ ئاۋازى جاراڭلايتتى: «بوران دېگەن ئىنقىلاب، سەن ئىنقىلابتىن قورقىسەن!... بالىنىڭ دېگىنى راستقا چىقامدۇ نېمە ئۆزى؟ بوران، بۇ بوران نېمانچە قورقۇنچلۇق!...»

ھەيدەر خەسىس شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كىچىك ئەترەت ئىشخانىسىغا باردى. بۇ چاغدا ئەترەت كادىرلىرى يىغىن ئېچىۋاتاتتى. ھەيدەر خەسىس ئىشكنى ئېچىپ بېشىنى تىقتى، ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى. ئۇ كىردى - دە بوسۇغىدىكى بۇلۇڭدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئەكبەر سۆزلەۋاتاتتى:

— ماۋجۇشى ئېيتقان ئەمەسمۇ: يېزىدىن ئىبارەت بۇ زېمىننى سوتسىيالىزم ئىگىلىمىسە، جەزمەنكى كاپىتالىزم ئىگىلەيدۇ، بىز يالغۇز ئەترەتنىڭ قىياپىتىگە ئەمەس، ھەر بىر ئائىلىنىڭ، ھەر بىر ئەزانىڭ قىياپىتىگىمۇ قارىشىمىز، باھا بېرىشىمىز لازىم. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك تەربىيىنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرماسلىقىمىز لازىم. يەرلەرنى ئۆزگەرتىش بىرنەچچە يىللىق جاپالىق كۈرەشلەر ئارقىسىدا ئورۇنلىنىدۇ. ئەمما ئادەملەرنى ئۆزگەرتىشچۇ؟ بۇ ئىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس، بىر نەچچە ئون يىللاپ جاپاغا چىداپ ئىنچىكە، سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ھەيدەر ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ياچېيكا شۇجىسىنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران قالدى: بايتالنى سېتىۋېلىشمۇ كاپىتالىزمغا قارشى كۈرەش ئىكەن - دە! مۇشۇنداق قارشى تۇرۇۋەرسە، ھەيدەرنىڭ كالىلىرى، قويلىرى... كاڭغا تىقىشتۇرغان ياغاق خالتىدىكى پۇلى، مونو تۆپىسىنىڭ ئەستىرىدىكى پۇللىرى قولىدىن كەتسە... مانا ئۇ چاغدا ھەيدەر ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ قانچىلىك لەززىتى قالىدۇ؟

ئۈستەلگە چۆرىدەپ ئولتۇرۇۋالغانلار ئەكبەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى. ئەكبەر بولسا بىر كىتابقا قاراپ، بىردە



كۆپچىلىككە قاراپ سۆزلەۋاتاتتى:
— بەزى ئادەملەر قارىماققا يېزا ئەزاسى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېسىۇ - خىيالى يەككىلىكتە. ئۇلار سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىشەنمەيدۇ. بەزى ھاللىق دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئازادلىقتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياخشىلاندى. لېكىن بۇ ياخشىلىنىشنى سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار قولۇمدىن ئىش كېلىدۇ. باي بولۇشنىڭ يولىنى بىلىمەن دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تېخىمۇ باي بولۇش ئۈچۈن خۇسۇسىي ئىشتىن ئامال ئىزلەيدۇ. بىز ئۇلارنى سوتسىيالىزم يولىغا باشلايمىز. كاپىتالىزمغا مېڭىشقا يول قويمايمىز! شۇنىڭ ئۈچۈن قىسمەن ئەزالارنىڭ قولىدىكى ئات، ئۆكۈز قاتارلىق تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنى، چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتكەن ماللىرىنى سېتىۋېلىش، ئارتۇق ئىگىلىۋالغان يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز بۇ خىزمەتنى مۇشۇ بەش كۈن ئىچىدە تاماملىشىمىز لازىم. لېكىن زورلاشقا، بېسىم ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. ئىگىسى رازى بولمىسا ئەڭ ياخشىسى ئالمايلى. رازى بولسىمۇ زورلاپ ئېلىۋالساق بۇنىڭ مۇسادىرە قىلىشتىن قانداق پەرقى بولسۇن!
ھەيدەر تۆپىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ، ئۇستەلنىڭ يېنىغا كەلدى:
— مۇسادىرە قىلمامسىلەر؟ — ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەي سوئال قويدى.
يىغىندىكىلەر ئۇنىڭغا تەڭلا قاراشتى.
— يىغىنغا نېمىشقا ئۇسۇپ كىردىڭ ھوي؟ — دەپ ئىمىر ئۇنىڭغا ئالايدى.
— كىرسە نېمە بوپتۇ ئۆزى...
ھەيدەر ئەكبەرگە قارىدى، ئەكبەر كۈلۈمسىرىدى:
— سىز كىرگىلى خېلى بولدىمۇ؟

-- شۇنداق بولدى ئۆزى...

— توغرا قىلماپسىز، لېكىن پارتىيىنىڭ سىياسىتى ئاشكارا، ئېيتىڭا، سىزنىڭ ئارتۇق ماللىرىڭىزنى سېتىۋالساق بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— باھاسىغا يەتسە نېمىمۇ دەيتتىم ئۆزى...

— بىزدە دۆلەت بەلگىلىگەن باھا بار، شۇ بويىچە ئالىمىز.

— مېنىڭ بايتىلىمنى ھەرقانچە كاسات بازارغا ئەكىرسىممۇ ئۈچ يۈز يۈەنگە ئالىدۇ. بىر يۈز ئەللىك يۈەن باھالىسا كۆزى ئوچۇق كەتمەمدۇ ئۆزى... يەنە ئۇكام، مېنىڭ ئۆكۈزۈممۇ سېمىز... دۆلەت باھاسى بىلەن بولسا ماڭا ئۇۋال بولمامدۇ ئۆزى....

— ئېيتىڭا ھەيدەركا، سىزگە بىرسى مۇسادىرە قىلىنىسەن، پومېشچىك بولىسەن دېگەنمىدى؟

بېشى چۈشۈپ كەتكەن ھەيدەرگە ئەكبەرنىڭ بۇ سوئالى گولدۇرمامىدەك قاتتىق ئاڭلاندى.

— دېسىمۇ دېگەندۇر ئۆزى... بەربىر بولىدىغان ئىش بولغاندىكىن...

ئۆيدىكىلەر كۈلۈشتى.

«مانا مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن دېگەن شۇ كەندە! مەن بۇ يەردە جانىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، مۇنۇلار بولسا كۈلۈشىدۇ... مېنىڭ توجۇپىلەپ، يۈدەپ ئەتىۋالاپ تاپقان دۇنيارىم بۇلارنىڭ قولىغا ئېغىزنىڭ يىلى بىلەنلا كىرىپ كېتىۋاتسا، بۇلار خۇشال بولماي نېمە قىلسۇن....» ئۇ تۆپىسىنى چۆكۈرۈۋېلىپ ئۇنچىقماي تۇرۇۋەردى.

— ھەي ھەيدەر، سەن نېمىنى بولىدىغان ئىش دەۋاتىسەن؟ -- روزاخۇن بوۋاي سورىدى.

— مۇسادىرە... — دېدى ھەيدەر تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن.

— ساڭا كىم دېدى؟

— كىم دېسىمۇ ئوخشاشقۇ ئۆزى؟

— سىز ئادەتتە ئەترەت ئاكتىپلىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايسىز. كوچا گەپلىرىنى تېز قوبۇل قىلىسىز، بىزنىڭ گېپىمىز بولسا سىزگە خۇشياقمايدۇ شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئەخمەتجان ئاچچىقى بىلەن.

— ئېيتقىنا، كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دېدى ئەبلغازىمۇ ھەيدەرگە ئاچچىق بىلەن قاراپ.

— مېنىڭ ئېسىمدە تۇراتتىمۇ؟ — دېدى ھەيدەر شالاڭ ساقاللىرىنى سىيپاپ.

— سەن ھەيدەر، ھۇشيار بول، - دېدى روزاخۇن بوۋاي، — دۈشمەن ئەن سالىمەن دېسە يامپىچىڭنى تۇتۇپ بېرىۋاتىسەن. ھېچكىم مۇسادىرە قىلىمىز دېمىدى. رازى بولمىساڭ بايتىلىڭنى ئېلىپ كەت! بەزىلەر قوپاللىق قىلغان بولسا خاپا بولما، ھەيدەر راست، سەن توجۇپلەپ ئىشلەپ، سەپ بىلەن پۇل خەجلەپ بېيىغان ئادەمسەن، قولۇڭ قاتتىق، لېكىن ئىنساپسىز ئەمەسسەن! مۇسادىرە قىلىدۇ دېگەن سۆزگە ئىشەنمە، ئەمما سەككىزىنچى ئەترەت قىيىنچىلىقتا قالدى. قولۇڭدىن كەلسە راپاۋەتچىلىكىڭنى ئايىما! ئەترەتكە پالاكەت كەلسە چاۋاك چالىدىغانلارنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قالما!

— توغرا، — دېدى ئەكبەرئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ، — ئەمەلىيەتتىمۇ مۇسادىرە قىلغاندەك بەزى ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. سىز ھەيدەركا پارتىيىگە ئىشىنىڭ. پارتىيىمىز بۇ خىل خاتا ئېغىشلارغا يول قويمايدۇ!

— ۋاھ! — دېدى ھەيدەر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — بايىقىلارمۇ يۇقىرىنىڭ قارارى دېيۈدىغۇ ئۆزى، قويلىرىم راستىنى ئېيتسام ئارانلا توققۇز، بۇنىڭ ئۈچى بوداق، ئايالىمنى ھەر يىلى ئەتىيازلىقى تېرىگە ئالىمەن. بوداقنىڭ تېرىسىگە ئالمام ئېسىرى كېسىلمەيدۇ ئوكىلىرىم. ئۈچ بوداقنى چىقىرىۋەتسەك

قالدى ئالتە قوي. ئۈچ قوزىلىقى ئۆزۈمگە قالسۇن، قالغان ئۈچ توساقنى 50 يۈەندىن باھالاپ ئېلىشقىلار بوپتۇ! . . . – ئۇ جەينەكلىرى بىلەن ئۇستەلگە تايىنىپ بىر ئۇنىڭ، بىر بۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى، ئولتۇرغانلار بىر بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى. ھەيدەرگە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. خېلى جىمىلىقتىن كېيىن ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ ھەيدەرنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ئەترەتتە زادىلا پۇل يوق، قويىڭىزنى نېسىگە ئېلىشۋېلىشقا بولمايدۇ. سىز قايتىپ تۇرۇڭ بىز كېيىن سىزگە بىر جاۋاب بېرەيلى، — دېدى.

ھەيدەر بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ ئويلىدى: «ئەكبەرنىڭ ئاغزىدىنمۇ، ئاۋۇ چۇرىسىدىكىلەرنىڭ ئاغزىدىنمۇ، كوللېكتىپ دېگەن سۆز چۈشمەيدىكەن، راست كوللېكتىپ بۇ مەھەللىدىكى قايسى دېھقاننى جارىتىمىدى؟ تېخى بەزىلەر مەنسۇرنى، ئەكبەرنى يىقىتىمىز دېيىشىدۇ! بىزدەكلەرگە مىڭلاپ ئادەم قارشى كۆتۈرۈلسە. . . بىز مىڭغا بىر بولۇپ نېمىمۇ قىلالايتتۇق. . . ياق، كىم يىقىتىمىز دېسە شۇ يىقىتسۇن، مەن بۇنداق ئىشقا قول تىقمايمەن. . . ئات - ئۆكۈزلىرىم مۇسادىرە قىلىنىسا بولدى. قويلىرىمىزنى مۇشۇ باھانە بىلەن پۇل قىلىۋالسام ئىدىم، تۆپىنىڭ ئىچىدىكى پۇلدىن ياۋاش نەرسە يوقكەن. ئامال بولسا، مال - پال، ياغاچ - تاش ھەممىسىنىلا پۇلغا ئۆرۈۋالسام، ھەي يېزا! دېگەندە نادان تولا بولىدۇ - دە، شۇنچە پۇلۇم تۇرسا بىرسى غىڭ قىلمايدۇ، تۆت توكتۇك مالغا ھەممىنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ. . .»

# ئون سەككىزىنچى باب

. . . شۇۋرغان ھۇۋلۇماقتا، ۋىژىلداپ چىقىۋاتقان بوران ئۈستى قېتىشقان قارنى توزغاقتەك توزىتىپ ئازگاللارغا تىقماقتا، تام دېرىزىلەرگە ئۇرماقتا. ئۇچقان قار پارچىلىرى يىلاندەك كۆشۈلدايدۇ، شاخلار چىقىرايدۇ، ھۇۋلايدۇ. ئاللىقەيەرلەردىن گۈلدۈرلىگەن، شارقىرىغان، قاراسلىغان ئاۋازلار كېلىدۇ. . .

كېچىدە چىققان بوران ئەنە شۇنداق ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك بولىدۇ.

ئەكبەر بىلەن ئەخمەتجان بوراندا قولتۇقلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇلار سەككىزىنچى ئەترەتتىن بىرىنچى ئەترەتكە بارغىچە يەتتە - سەككىز كىلومېتىر يول مېڭىشى لازىم. ئۈزۈك - ئۈزۈك مەھەللىلەرنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇدىغان بۇ يول ھازىر كۆلتۇك قار بىلەن تىنغان. ئالدىدىن ئۇرۇۋاتقان بوراندا كۆز ئاچقىلى، يولنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ئۇلار ئىككىسى بىر بىرىگە يۆلىنىشىپ بىردە يىقىلىپ، بىردە مۇدۇرۇپ يۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

— ئەنە پارايلىمۇ يە؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەخمەتجان ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا، ئۇ بورانغا دۇمبىسىنى قىلىۋالغانىدى.

— مەنسۇركامىنىڭ جەزمەن كەلسۇن دېگىنىگە قارىغاندا بىر مۇھىم ئىشى بار! — دېدى ئەكبەر ئەخمەتجاننىڭ قۇلىقىغا يېقىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ. ئۇلارنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئۆيىنىڭ سەگەك ئىتى يوگۈرۈپ چىقىپ ئەنسىز ھاۋشىدى. ئۇلار شۇ چاغدىلا ئەبلغازىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىشتى. ئەبلغازىنىڭ غورۇسى سېلىنىمىغان.

— يولۋاس! يولۋاس! — دەپ ۋارقىرىدى ئەخمەتجان تاپىنىغا كېلىپ خىرىس قىلىپ ھاۋشۇۋاتقان ئىتقا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ. ئىت بىردىنلا ھاۋشۇشنى توختاتتى - دە، غىڭشىپ، تۇمشۇقىنى يالاپ ئەخمەتجانغا ئەركىلەشكە باشلىدى. ئەكبەر ھويلىغا كىردى. ھويلىدا ۋەك ۋەك قىلىپ تەمتىرەپ يۈرگەن توخۇلارنى قوغلاپ ئەبلغازىنىڭ ئايالى بىلەن قىزى يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. بوران ئۇلارنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى. ئۇلار توخۇلىرىنى تۇتۇش بىلەن بولۇپ ھويلىغا كىرگەن ئادەملەرنىمۇ سەزمىدى، ئەخمەتجان بىلەن ئەكبەرمۇ ئۇمىلەپ يۈرۈپ توخۇلارنى تۇتۇشتى:

— بىچارىنىڭ بار - يوق بايلىقى مۇشۇ جانىۋارلار! — دېدى ئەخمەتجان، — قارىمامدىغان، بۇلارمۇ تېخى ئۇجمە شېخىنى قونداق قىلىشقا ئۆگىنىۋاپتۇ!...

توخۇلارنى ئېغىلدىكى قونداققا قوندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جەننەتقان يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۈچ كۈن بولدى ئەبلغازى ئۆيگە قايتمىۋېدى، باللار ھۇقۇيۇشۇپلا كەتتى. كىچىك ئوغلىمىز دادىسى بولمىسا ئۇخلىمايدۇ. قاراڭلا، ھازىرمۇ دادام دەپ يىغلاۋاتىدۇ، بىزگىلا بولۇۋاتىدۇ، قىلغان ئەتكىنى بولسا سىلەر بىلىسىلەرغۇ، سولاپ قويغۇدەك گۇناھى يوقتۇ!

ئەبلغازى باشلىق يەتتە - سەككىز ئادەمنى خىزمەت گۇرۇپپىسى مەسىلە تاپشۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئۆگىنىشكە يىغقانىدى. ئەبلغازى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن ئېيتىشىۋەرگەچكە ھازىر ئايرىم ئۆيگە قاماپ قويۇلغانىدى. قامالغانلار ئىچىدە يەنە سونۇر قاتارلىق بىرنەچچە «ئادەم ئۇرغان» لارمۇ بار، بۇلارمۇ مەنسۇر گۇرۇھىنىڭ ئادەملىرى قاتارىدا «پاش قىلىش ماتېرىيالى» يازماقتا ئىدى.

— ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئەكبەر ئايالغا

تەسەللىي بېرىپ، — قىيىنچىلىقلىرىڭىز بولسا مانا بىز ياردەم قىلىمىز!

ئۇلار دالانغا كىردى. ئىشىك ئېچىلىش بىلەن باغ دېرىزىسىنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇلغان يەڭلىكنى بوران ئۇچۇرۇپ چۈشتى. قار ئۇچقۇنلىرى ئۆينى قاپلىدى. لامپا ئۇچۇپ قالدى، ئەخمەتجان يۈگۈرۈپ چىقىپ تۆشۈكنى ئەتتى. ئەكبەر قول چىرىغى بىلەن ئۆينى يورۇتتى. كاڭدا قاتار ياتقان ئالتە بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى يالىڭاچ ھالدا «دادا» دەپ چىقىراپ ئورنىدىن تۇردى. ئەكبەر ئىككى ياشلىق ئوغۇلنى باغرىغا بېسىپ:

— يىغلىما ئۇيغۇر يىغلىما، داداڭ ھازىر كېلىدۇ يىغلىما! — دېدى.

ئەبلغازى كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمىنى قويۇشتا: «ئۇيغۇر بولۇپ كەتتۇق جەننەت! باللار بىز قازاق دېسەك نارازى بولىدىكەن. كەنجىمىزنىڭ ئىسمىنى بىراقلا ئۇيغۇر قويايلى!» دەپ ئارزۇلاپ ئۇيغۇر قويغانىدى.

— دادام، دادام!... — بالا ئەكبەرگە چىڭ يېپىشىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلىدى.

ئەكبەر ئۆيگە سىنچىلاپ قارىدى: بەزەن يەرلىرىگە چىرايلىق ياماق چۈشكەن ئىككى پارچە كىگىز، پاكىزە ئورۇن-كۆرپىلەردىن باشقا دالاندا كۆزگە چېلىققۇدەك بىر نەرسە يوق ئىدى.

ئەبلغازىنىڭ 15 ياشلاردىكى قىزى مەشكە مەدەك تىقىپ پۇدەۋاتاتتى. مەشتىن بولسا ئىس چىقماقتا ئىدى.

— شامالدا تورخۇننىڭ كېيىنكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئوخشايدۇ، — دېدى جەننەتقان تالانىڭ ئىشكىنى ئېچىپ.

— مەن چىقاي! — دېدى ئەكبەر تالاغا يۈگۈرۈپ.

ئەكبەر شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقتى، راستلا كېسەك

ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى.

ئەكبەر ئۆيگە كىرگەندە جەننەتقان بىلەن ئەخمەتجان ۋارقىرىشىۋاتاتتى:

— سىلەرگە ئاتاپ باقىقان خوراز، سويۇڭ، بولمىسا خاپا بولىمەن! — دەيتتى جەننەتقان سىمىز مەللە خورازنى ئەخمەتجانغا تەڭلەپ، — ئەر كىشى بار يەردە ئايال كىشى قان بوغۇزلىسا بولمايدۇ، بولمىسا. . .

— ياق، بىز ئالدىراش! — دەيتتى ئەخمەتجان رەت قىلىپ، — بىز بىرىنچى كىچىك ئەترەتكە ماڭدۇق!

— قويساڭلارا، بىر ئوبدان كېلىپ قاپسىلەر. شۇۋرغاندا نەگە باراتتىڭلا، كالام بولمىغان بىلەن يىغىپ قويغان خام قايمىقىم بار، ئوخشىتىپ چاي ئېتىپ بېرىمەن. جوجە خورازنىڭ گۆشى بىردەمدىلا پىشىدۇ. . .

— بىز باشقا كۈنى كېلەيلى، — دېدى ئەكبەر ئايالنىڭ قولىدىكى خورازغا قول سۇنۇپ، — بۈگۈن راستىلا مۇھىم ئىشىمىز بار.

— ئەبلغازى ئاڭلىسا خاپا بولىدۇ، — دېدى ئايال رەنجىپ، — ئۇ كىشىمۇ كىچىنى. كېچە دېمەي، شۇۋرغان - بوران دېمەي ئىشلەپ كېتەتتى. . . — ئايالنىڭ ئاغزى ئۇمچەيدى، — ئىشلىگەننى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ! . . .

— پارتىيە، خەلق بىلىدۇ. — دېدى ئەخمەتجان ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتىپ، — ئەبلغازىكامىمۇ باشقىلاردەك ئۆيگە ئىشلىسە، باي بولۇشنىڭ كويىغا كىرسە تېز بېيىپ كېتەتتى. بىزدەك ئىككىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، يەم دېسىمۇ بار. . كۆپىنىڭ ئىشىنى دەپ بېغىغا ۋاقتىدا بىر نېمە تېرىيالمايدۇ. مال - ۋارانىغا ئوت - چۆپ قىلالمايدۇ، پۈتۈن ياز ئۆتۈپ كېتىدۇ. تاملىرىغا بىر كوملاچ ئۇرۇشقا ۋاقىت ئاجرىتالمايدۇ، بىچارە ئەترەت، ئەترەت دەپ سەكپارە بولۇپلا يۈرگەن. لېكىن مۇشۇ ئەبلغازىدەك

ئادەمنى مەسلىسى بار دېگىنىگە قالتىس زەردەم قايىنايدۇ جۇمۇ!

ئەكبەر خىيال سۈرۈپ مەشىنىڭ ئوتىغا قارىدى:

— قوتاندا كالاڭلار يوققۇ ھەدە؟

— سېتىۋەتتۇق! — دېدى قىزى، ئانىسى قىزىغا ئالىيىپ قويۇپ:

— يالغان ئېيتىدۇ، ئىنىم سېغىپ ئىچىشكە ئەپكەتتى، — دېدى.

— يالغان، 170 يۈەنگە سېتىۋەتتۇق، - دېدى قىزى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، - تۆت ئوكام ئەڭلى يوق مەكتەپتىن قالدى. قالاشقا كۆمۈر يوق، چاي - تۇز، گۆش - ياغ... دادامغا قوۋۇۋەتلىك...

— راست - دە — دەپ ۋارقىرىدى ئانىسى قىزىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — يالغان ئېيتىدۇ. ئۇنچىلىك ھالدا بولساق سىلەرگە ئېيتاردۇق!

ئەكبەر باللارنىڭ سېلىقلىق تۇرغان كىيىملىرىنى قولىغا ئېلىپ بىرمۇ بىر كۆردى. كىيىملەرنىڭ كىيگۈچىلىكى يوق ئىدى...

— بىزدىن ئېمىشقا يوشۇرۇۋسىز ھەدە؟ — دېدى ئەخمەتجان خاپا بولۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — قاراڭا، باللارنىڭ پۇتلىرىنى...

ئايال شۇ چاغدىلا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلىدى:

— ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەپتۇ دېگەن گەپ بار، — دېدى ئايال، — ئەبلغازى ئاڭلىسا خاپا بولىدۇ. ھەپتە - ھەپتە قايناقسۇ ئىچسەكمۇ مىت قىلىپ سىرتقا تىنمايمىز ئوكام. باللار ئاق نان كۆرمىگىلى بەش كۈن بولدى. تالقان، سۆك، كاۋا، ياڭيۇ،.. تۇزۇك مايمۇ يوق... سولاقتىكى ئادەم ياخشىراق يېمىسە بولامدۇ، نامال يوق كالىنى ساتتۇق.

قومۇشتىن ئازراق پۇل تەگسە باللارغا كىيىم كېچەك قىلارمىز دەپ ئەبلغازىمۇ، مەنمۇ، قىزىممۇ ئىشلىدۇق. ئەمدى ئۇ پۇلمۇ يوق بولدى. قولدا بارىمىز شۇ كالىكەن ساتماي قانداق قىلىمىز...

شۇۋىرغان ھۆركىرىمەكتە، ھويلىدا نېمىدۇر تاراقلاپ ئۆرۈلدى. باغ دېرىزىسىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا «ۋاش - ۋاش!» قىلغان ئاچچىق ئاۋاز كېلىدۇ، خۇددى ھازىرلا مۇنۇ ئۆينى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك ھەيۋە بىلەن گۈكۈرىگەن شامالمۇ ھامان بىر ۋاقىت توختايدىغۇ! مۇنۇ ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىمۇ، يېغا - زارىمۇ خۇددى شۇنداقلا توختايدۇ، لېكىن بىھۇدە ۋە مەزگىلسىز كۆڭۈل ئاغرىقىغا يولۇققان مۇنۇ ئائىلىگە ئەكبەر نېمىسى بىلەن مەدەت بېرەلىسۇن؟ بانكىدىكى پۇلىدىن بەرسۇنمۇ؟ ياكى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بەرسۇنمۇ؟ ياق، بۇ قانائەتچان، ئۈمىدۋار ئائىلىگە كوللېكتىپنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا سۆزلەشلا ياخشى تەسەللىي ۋە مەدەت، سابىق ئەترەت باشلىقى ئەبلغازى مانا شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىنى خۇشاللىق ئۈمىد - ئارزۇغا ئىنتىلدۈرۈپ كەلگەنغۇ ئاخىر...

— كېرەك يوق! — دېدى ئەكبەر كۈلۈمسىرەپ، — ئىشنىڭ، پات ئارىدا ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. كۆرىسىز، ئەتىگەنلىككە مۇنۇ بورانمۇ توختاپ كۈن چىقىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش پات يېقىندا بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈلۈپ كېتىدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز پۈتۈن پارتىيىمىز، پۈتۈن خەلقىمىز خەلق تورمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدىغۇ، شۇنچە كۈچ سەرپ قىلىپ كەمبەغەللىكنى نېمىشقا يوقىتالمايمىز كەن!

ئۆيدىكىلەر ئۈمىد ۋە خۇشاللىق بىلەن كۈلۈشتى.

ئۇلار جەننەتقاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بىر چىنىدىن ئەتكەن چاي ئىچىشكە ئولتۇرۇشتى...

ئۇلار يولغا چىققاندا بوران تېخىمۇ كۈچەيگەن، ئۆگزىلەردىن

چۈپلەرنى، پاخاللارنى ئۇچۇرۇپ چوشۇپ ئازگاللارنى تىندۇرماقتا ئىدى.

ئەخمەتجان قولاقچىسىنى ئېڭىكىدىن چىگىپ، ئۈستىدىن قىسقا جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى ئۆرە قىلىۋالغان، بېلىنى رەخت پوتىسى بىلەن مەھكەم باغلاپ، قوللىرىنى يەڭلىرىگە تىقىۋالغانىدى. ئەكبەر بولسا بېشىغا شەپكە كىيىۋالغان، ئۇچىسىدا بىر ھەربىي پوپايكىسى بىلەن يالاڭ چاپان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختىسى نېپىز توجۇركا، ئور ئىشتان سىرتىغا يالاڭ شىم، پۇتىغا چوخەي كىيىۋالغانىدى. ئۇ قوللىرىنى نە يانچۇقىغا، نە يەڭگە تىقمايتتى. ئېغىر پىيما بىلەن ھېلىدىن - ھېلىغا پۇتلىشىپ يىقىلىدىغان ئەخمەتجاننى تارتىشتۇرۇپ يۆلەيتتى ۋە قاقاقلاپ كۈلەتتى.

ھېرىپ ھالى قالمىغان ئەخمەتجان قار ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ:

— تېخى يېرىم يولغا كەلمىدۇق ئاداش، نېمە زۇلۇم بۇ! سەنغۇ مەنسۇركامنىڭ قىزىنىڭ جامالىنى كۆرىمەن دەپ خوشال بولۇۋاتىسەن، مەنچۇ؟ بوينۇمدىن باغلىمىغاندەك كېتىپ بارىمەن! دەپ زارلاندى. ئەكبەر ئۇنىڭ يېنىغا زوڭزايدى:

— قىزنى بۇنىڭسىزمۇ كۆرەلەيمەن، بىز بارغىچە قىز ئوخلاپمۇ قالار، لېكىن مەنسۇركامنىڭ گېپىنى مېنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ!

— ئوخلامدۇ ئۇ قىز! — دېدى ئەخمەتجان ھاسىراپ، — سېنى كېلىدۇ دېگەننى ئاڭلىغان قىزنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلەمدۇ؟

— ئانچە ئەمەستۇ؟

— نېمىنى؟ بىزنىڭ ئۇيدىكىلەرنىڭ قولىقى ئۇزۇن: ئانىسى ساڭا ئاچچىقلاپ شەھەردىن چىققان بىر كادىرغا ماقۇل جاۋاب بەرمەكچى بوپتىكەن، ئاينۇر ئانىسىنى داد دېگۈزۈپتۇ!

— نېمە قىلىپ؟

— قىزلار نېمە قىلاتتى. يىغلاپ - قاخشاپ، ئۆزىنى

كاچاتلاپ - دە!

بوران ئۇلارنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇلارنى قار كۆتمەكتە ئىدى.

— قوپ، كۆمۈلۈپ قالىدىغان بولدۇڭ! — دېدى ئەكبەر ئەخمەتجاننىڭ قولىدىن تارتىپ.

— يائاللا، مىجەزىڭ ئۆزگەرمەپتۇ - دە! — دېدى ئەخمەتجان پېيمىسىنى قاردىن تەستە سۇغۇرۇپ، — بۇنداق بوراندا كاڭغا يۇمشاق ئورۇننى سېلىپ، قازانغا كاللا - پاقالچەك سېلىپ قويۇپ، بىردە بوراننىڭ گۇكۇرىشىنى، بىردە قازاننىڭ پۇرۇقلاپ قاينىشىنى ئاڭلاپ يېتىشنى ياخشى كۆرىمەن. سەنزە كىچىككىدىلا بوران بولسا ئۆدەكتەك سۇغا كىرىۋالاتتىڭ...

ئۇلار بىرىنچى ئەترەتكە كەلگەندە بىر ئادەم ئۇلارنى قول چىرىغى بىلەن يورۇتتى - دە:

— كېلىڭلار دېۋىدىم دېگەندەكلا كەپسىلەر! — دېدى.

بۇ ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان مەنسۇر ئىدى.

— باياتىن ماخو ئۆگزىسىدىكى بىدىلەرگە باستۇرما كۆتەكلەرنى چىقاردۇق، — دېدى مەنسۇر قولاقچىسىنى چۆكۈرۈپ تۇرۇپ، — ئەجەب چىقتىغۇبۇ بوران! قېنى، ھەدەڭلار قاراپ تۇرغىلى نەۋاغ!

ئۇلار مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە راستلا ھېچكىم ئۇخلىمىغانىكەن. مەنسۇرنىڭ ئۈچ ئېغىز ئۆيىلا يوپيورۇق، پېشايۋانغا دېرىزىلەردىن چۈشكەن يورۇق قار دۆۋىلىرىنى يالتىرىتىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئۆيگە كىردى. دالاندىكى قازان مەشتە گۆش قايناۋاتاتتى. ئانارخان ئەخمەتجاندىن ئۇزاق ھال - ئەھۋال سورىدى. ئەكبەرگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. ئاينۇر كاڭدا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. لامپا يورۇقى قىزىل پوپايكىسىنىڭ شولىسىنى يۈزىگە چۈشۈرگەنلىكتىنمۇ ياكى

مەشتە لاۋىلداپ كۆيۈۋاتقان كۆمۈرنىڭ تەپتىدىنمۇ ياكى باشقا
سەۋەپتىنمۇ، قىز قىزىرىپ كەتكەنىدى.
ئۇلارنى مەنسۇر سارايغا باشلىدى. تېكىمەتلەر، بىر جۈپ
تال گۈل ۋە پىكۇس گۈللىرى، تۆردىكى ئۈستەلنىڭ ئىككى
يېنىغا قويۇلغان ساندۇق ئۈستىدىكى تاۋار يوتقان - كۆرپىلەر،
كەشتە قاپلىق يوغان ماموق تەكىيلەر، مەشتە كۆيۈۋاتقان ئوت
ۋە 10 - لامپىنىڭ يورۇقى ئۆينى ئاجايىپ يېقىملىق ۋە كۆركەم
كۆرسەتتى.
— ئۇھ! — دېدى ئەخمەتجان يېشىنىپ ئۆزىنى كۆرپە
ئۈستىگە تاشلاپ، — پاھ، يۇزلەردىن ئوت چىقىپ كېتىۋاتىدىغۇ!
— قېنى يۇقىرى ئۆت ئەكبەر! — دېدى مەنسۇر ئەكبەرنىڭ
جەينىكىدىن تۇرتۇپ، — ئاسمىغا بالا ئەۋەتسەم ناھىيىگە كېتىپتۇ
دەپ كەلدى.
— تراكتور ئوقۇشقىلى كەتكەن، — دېدى ئەكبەر جوزىغا
جەينەكلەپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئادىلجان شۇجى ناھىيىگە تراكتور
كەلدى دەپ خەۋەر قىپتىكەن.
— ھەي ئانار، قېنى بايىقىنى ئەكەلگىنە! — دېدى مەنسۇر
ئۆزى يېشىنىپ جوزىغا ئولتۇرۇۋېلىپ، — چاينىمۇ
ئەكىلىۋېرىڭلار!
جوزىغا كاۋابلار، توغاچ - چايلار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن
مەنسۇر ئۈچ پىيالىنى پاكىزە لۆڭگە بىلەن سۈرتتى - دە،
ئىشكاپتىن هاراق ئالدى. ئۇ بىر بوتۇلكا ھاراقنى تەڭمۇ - تەڭ
قىلىپ ئۈچ پىيالىغا قۇيدى - دە، ئۈچ كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇپ
بورتىنى سىلاپ قويدى ۋە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:
— جېنىڭلار تويغاندۇ، مەن سىلەرنى چايغا ئەمەس، مەسلىھەتكە
ئەمەس، تەقىد قىلىشقا ئۆيۈمگە چاقىردىم! — دېدى، — قېنى، ئاۋۋال
مۇنۇ پىيالىدىكىنى قالدۇرماي سۈمۈرۈۋېتەيلى!
ئۇ پىيالىنى ئېگىز كۆتۈردى. بۇ مەنسۇرنىڭ ھەم تەكلىپى،

ھەم بۇيرۇقى، بۇنى ئۇلتۇرغانلا ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار گەپ ـ سۆزسىزلا پىيالىنى بوشىتىشتى ۋە قازان كاۋىپىدىن ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. مەنسۇر ئۇلارغا قارىدى:

— يەنە بىرسىگە قانداقراق؟

— قويغىنا! — دېدى ئەخمەتجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — سېنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىلى خېلى ئۇزۇن بوپتۇغۇ! مەنسۇر يەنە بىر بوتۇلكىنى ئۇچكە بۆلۈپ قويدى:

— مەن ئۇزۇن گەپنى يامان كۆرىمەن، گەپنىڭ بولار يېرىنى ئېيتسام بوشاڭلىق قىلىۋاتىسىلەر، سەن ئەكبەر ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دېمەستىن توغرا كېسەرلىك قىلمىساڭ بولمايدۇ، كۆرۈۋاتىسەن، سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرى پۇلسىز قانچىلىك قىينىلىۋاتىدۇ؛ خىزمەت گورۇپپىسى نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؛ مەنسۇر گورۇھىنى پاش قىلىش دەپ نەدە ياخشى ئادەم بولسا شۇنىڭ پېيىنى قىرقىۋاتىدۇ. ئەبلەغازىلارنى، سونۇرلارنى سولاپتۇ دەمدۇ تېخى! مۇشۇنداق ماڭسا ئاز كۈندە ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت تۈگىشىدۇ!

ئەكبەر بېشىنى كۆتۈرۈپ مەنسۇرغا قارىدى. بۆلۈم باشلىقى چىنغا، يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش يولى بىلەن توڭلاتقان پۇلنى ئالالايمەن دېگەن ئۈمىدنىڭ بارغانسېرى يوققا چىقىۋاتقانلىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن، دەسلەپ بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ مۇلاھىزىسىگە ئىشىنىپ سىنىپىي كۈرەشنىڭ جىددىي ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ۋە سىنىپىي كۈرەشنى چىڭ تۇتسىلا باشقا خىزمەتلەرنىڭ يۈرۈشۈپ كېتىشىگىمۇ قاتتىق ئىشەنگەن ياش يىگىت يېقىندىن بېرى نۇرغۇن ئىشلاردا ئىككىلىنىپ قالغانىدى. راستىلا قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرگە زەربە بېرىلىۋاتاتتى. يېقىندا ئاسىمنى تەكشۈرتكۈزۈش، مەنسۇرنى تارتىپ چىقىش توغرىسىدا يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئەكبەر بىلەن گەپلەشكەنىدى.

ئەكبەرنىڭ پەرزىچە مۇشۇ ئالدىدىكى ھەپتىدە ئۇلار مەنسۇرنى تارتىپ چىقماقچى ئىدى. ئەكبەر راستلا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتالمايۋاتاتتى. ئۇ مەنسۇرلارنىڭ خائىنلىق گورۇھى قورغىنىغا ئىشەنمەيتتى.

— ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتتە ھېچقانداق چەت ئەلگە قېچىشنى پىلانلىغان گورۇھ يوق! — دېدى مەنسۇر مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، — تۇرسۇن مېنى كۆزدىن يوقاتماقچى! سەن ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلمەيسەن. ئۇ بىرسى بىلەن ئېيتىشىپ قالسا يىلتىزىنى قورۇتمىغىچە توختىمايدۇ. ئۇ ھەرقانداق تۆھمەت، ئىغۋا، بەدنام دېگەنلەردىن يانمايدۇ، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىن تاپقان پۇلنى توڭلىتىپ قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشمۇ ئەزالارنى بىزار قىلىش، ماجىرا تېپىش، بۇ ماجىرانى مەنسۇرغا ئارتىش ئۇچۇن ئەبلىغازىدەك قېنى قىزىق، دىلى ساپ ئادەملەرنى ئازابلىشىمۇ ۋەقە تېپىش، يەنىلا مەنسۇرغا ئىللەت ئارتىش ئۇچۇن! سەن ئەكبەر ئۇنىڭ كالتىكىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىسەن، گېپىمنى ئۇچۇق قىل، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىز بىلەن دۈشمەنلەشسەڭ ئۇنىڭغىمۇ مەيلى، بىز باشقا يول تاپالايمىز. ياق، مەنسۇرغا، ئاسىمغا، ئەبلىغازىغا، يەنە بىزدەك ئۆتمۈشتە ئېزىلگەن، پارتىيىگە، خەلققە سادىق ئادەملەرگە ئىشەنسەڭ گېپىمنى ئۇچۇق قىل!

ئەكبەر ئىككىلىنىپ يۈرگەندە مەنسۇر ئۇنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈۋاتقىنىنى سېزىپ بولغانىكەن. ناۋادا مەنسۇر ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى كۆپچىلىك خەلققە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان بولسا ئەكبەر خەلقنىڭ نارازىلىقىغا يولۇقتى دېگەن سۆز. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەستىن خەلقتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بۈگۈنلا چۈشەندى.

ئۇنىڭ پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقتى.

ئۇنىڭ قوللىرى پىيالىغا يۈگۈردى.

— قانداق قىلساق بولىدۇ؟ — دېدى ئەكبەر بېشىنى

كۆتۈرۈپ، — مەن ئەمەلىيەتتىن ئاجراپ قاپتىمەن. راست ئېيتسەن مەنسۇركا، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە تارتقان جاپايىمىز بىكاركا كېتىدىغان ئوخشايدۇ!

— قارار چىقىرىڭلار! — دېدى مەنسۇر جوزىغا تايىنىپ تۇرۇپ، — ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسى نامىدىن قارار چىقىرىڭلار.

ئەخمەتجانمۇ مەنسۇرنىڭ گېپى بىلەن جانلاندى:

— ئەتىگەنلىككە پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنى يىغىپ سىنىپىي كۆرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا جىددىي يىغىن ئاچماقچى ئىدى! — دېدى ئۇ، — ئىلاج بولسا بىز پارتىيە ئەزالىرى بىلەن چايدىن بۇرۇن بىر باش قوشۇۋالساق!

ئۇلار چوڭ ئەترەتنىڭ هازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا ئاشۇنداق سۆزلەشتى. مەنسۇر روزاخۇن بوۋاي بىلەن ئاسىمغا ئاتلىق ئادەم ئەۋەتتى. ئاسىم تېخى يوق، روزاخۇن بوۋاي ئاتقا مىنگىشىپ يېتىپ كەلدى.

ئۇلار ئىشتىها بىلەن نېرىن يېدى. شورپا ئىچتى، ئۇن ئۈچ كېچىك ئەترەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىغا ئەتىگەنلىككە تاماقتىن بۇرۇن يىغىن بولىدىغانلىقىنى بۈگۈن كېچىدىلا ئۇقتۇرۇشنى قارار قىلىشىپ تالاغا چىقىشتى. ئۇلار كىيىملىرىنى ئۇبدان كىيىشىپ ئەتىگەنلىككە ئېچىلىدىغان پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىغا ئادەم چاقىرىش ئۈچۈن شۇۋىرغانلىق كېچىدە ئۈچ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. بوران ھۆركۈرىمەكتە، دەرەخلەر ئىڭىلمەكتە، ئاسماندا ۋىژىلداپ قار ئۇچماقتا، يوللار تىنغان. . .

ئەكبەر شۇۋىرغانغا قارشى كۆكرەك كېرىپ، تىزغىچە قار كېچىپ، مەزمۇت قەدەم بىلەن يىراق ئەترەتلەرگە قاراپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئەتىسى بولىدىغان جەڭنىڭ سىگنالىنى چېلىپ باراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۈچ - قۇۋۋەت، قەلبىنى بولسا چەكسىز خۇشاللىق چىرمىۋالغانىدى. بۇ

شۇۋرغانلىق كېچە ئۇنىڭ ئۈچۈن راھەت-لەززەتلىك تۇيۇلاتتى...

ئۇ ھەر بىر ئىشىككە كېلەتتى ۋە ئۆزىگە تونۇش دېرىزىلەرنى چېكىپ، ئۆيدىن جاۋاب چىققاندىن كېيىن «ئەتىگەنلىككە چۇلى ئەترەتتە يىغىن بار» دېگەن بىرلا سۆزنى ئېيتاتتى-دە، كېتەتتى. خەۋەر تاپقان پارتىيە ئەزالىرى ئىسسىق جۇۋىلىرىنى يېپىنچاقلاپ ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، ئەكبەر بىلەن سۆزلەشمەكچى، بەزىلىرى ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ ئىسسىندۇرماقچى ۋە بەزىلىرى بولسا بىر چىنە ئىسسىق چاي بەرمەكچى بولاتتى. لېكىن ئۇلار ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ئەكبەرنىڭ دېرىزە تۈۋىدە تېخى كۆمۈلۈپ بولمىغان ئىزلىرىلا قالاتتى. خالاس...

شۇنداق، ئۇنىڭ شۇۋرغانلىق بىر كېچىدە قانچىلىك يول ماڭغانلىقى قانچىلىك مۇشكۇللەرنى يەڭگەنلىكىنى ھېچكىم ۋە شۇ قاتاردا ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇ مۇنداق ئىشلارنى شۇنچىلىك نورغۇن قىلغانكى، خەلق ئىچىدە ھېكايە بولۇپ يۈرگەنلىرىلا تىلغا ئېلىنغىنى بولمىسا، قالغانلىرىنى ئۇ ئەسلەپ يۈرۈشنىمۇ خالىمايتتى.

يەر يورۇپ، بوران توختىغاندا ئۇ كېۋەر تاغىسىنىڭ غورۇسىدىن ئېڭىشىپ ھويلىغا كىردى. ئالا ماشكا ئەكىلىپ ئۇنىڭ مۇز بولۇپ قالغان كىيىملىرىنى يالىدى. پۇتلىرىغا سۈركەلدى. ئەكبەر پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دالانغا كىردى. ئۆيدىكىلەر كاڭدا ئۇيقۇدا ئىدى، ئۇ كاڭنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ياتتى-دە، ئۇيقۇغا كەتتى.

قەرىخان ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتقان ئەكبەرنى كۆرۈپ داڭقېتىپ قالدى.

— ھەي دادىسى، كەلسىڭىزچۇ مۇنۇ بالىنىڭ ئورنىنى تۈزەشتۈرۈپ قويايلى.

كېۋىر ئايالىغا «تەگمە» دەپ شەرەت قىلدى. چۈنكى ئۇ ئەكبەر ئويغىنىپ قالسىلا يەنە ئالدىراپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئەكبەرگە ئېيتىدىغان گېپى جىق، چاي ئۈستىدە بەھۇزۇر سۆزلىشىۋېلىشنى ئويلىغان كېۋىر ئەكبەرنى ياتقان يېرىدىن قوزغىغىسى كەلمەي ئايالىغا پىچىرلاپ:

— مەشكە ئوت ياق، چېيىڭنى تەييارلا! — دەپ بۇيرۇدى.

قەرىخان بولسا ئەكبەرنىڭ يېرىلغان لەۋلىرىگە سىنچىلاپ قارايتتى.

— بالىنىڭ بورۇنقى چىرايى يوق، ئۆزىنى ئايىسۇن، قاراڭ، جۇدەپ قورۇق سۆڭەكلا بولۇپ قاپتۇ. بالا چېغىدا ئاتا - ئانىنىڭ خوۋلىقىنى كۆرمىدى. مال باقتى، سۇ توشۇدى، ھېچنىمىنىڭ راھىتىنى كۆرمىدى. ئەمدىزە دۇنيانىڭ خوۋلىقىنى كۆرىدىغان چېغىدا. . . ۋاي - ۋۇي، بۇ شۇجى بولماقنىڭ تەسلىكى، جاپانىڭ چوڭىنى شۇجى تارتىدىكەن، راھەتنىڭ ئۇۋاقلىرىمۇ شۇجىغا ئاشمايدىغان چېغى. . .

قەرىخان ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئىچ ئىچىدىن يىغا ئېتىلىپ چىقاتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئەكبەرنىڭ ئورۇق ئانىسى. جۇل - جۇل كىيىملىك دادىسى ئۆتمەكتە ئىدى. . .

— ئەخمەق، — دېدى كېۋىر ئايالىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، — خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا يىغلايسىنا. دۇنيانىڭ راھىتى، دۇنيانىڭ راھىتى دەپ كوتۇلدايسەن، سەن راھەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ دۇنيانىڭ راھىتىنى ئەكبەر سېنىڭ بىلەن ماڭا قارىغاندا مىڭ ھەسسە ياخشى بىلىدۇ. كۆپچىلىك ئۈچۈن جاپا چېكىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ راھەت!

بۇ سۆزنى كېۋىر بايقىماي ئۈنلۈك دەۋەتتى، ئەكبەر ئويغىنىپ ئورنىدىن دەس توردى ۋە سائىتىگە قارىدى:

— مەن باراي، — دېدى ئۇ كولۇمسىرەپ.

يەنە نەگە؟ — قەرىخان ئاچچىق بىلەن قوشۇمىسىنى توردى. — بىر كۈن دەم ئالىسەن، سېنى ھېچيەرگە چىقارغۇزمايمەن!

ئەكبەر قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ ساپ، جۇشقۇن كۈلكىسىدە ھارغىنلىق، روھسىزلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى.

— بۇگۈن بولمايدۇ تاغا، چوڭ ئەترەتتە يىغىن بولماقچى، ئاخشاملىققا كېلىمەن، جەزمەن كېلىمەن، — دېدى ئەكبەر كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ.

— ياق، ياق، — قەرىخان ئۇنىڭ چاپانلىرىدىن تارتتى.

— دېدىمغۇ كىچىك ئاپا، ماڭا قورۇق چاپىنىمنى ئېپچىقىپ بېرىڭ ئالماشتۇرۇۋالاي. رەنجىمەڭ، ناھايىتى مۇھىم ئىش، ئاخشاملىققا جەزمەن كېلىمەن.

— راست، يېزا باشلىقى تۇرسۇن كېچىچە يىغىن ئېچىپتۇ دېيىشىدىغۇ؟ — كېۋىر خېلى ئويلىنىپ سورىدى.

— شۇنداق.

— شۇنىڭ بىلەن بولىدىغان مەجلىسمۇيە؟

— ھەئە.

— ئەمدى بىلدىم. بارغىن، تېزراق بارغىن، بىزدەك پارتىيىدە يوقلارنى يىغىنغا قاچان چاقىرىسىلەر!

— پات يېقىندا.

— ھىم. . . . ئانىسى بول، چېيىڭ نېمىشقا تېخىلا شىشىلدىمايدۇ؟ خام قايمىقىڭ يوقمىدى، بول خام قايماق بىلەن قاتلىماڭنى ئەكەلگىن، ئەكبەر ناشتا قىلىۋېلىپ بارسۇن!

— قايماق نېمىشقا بولمىسۇن، — دېدى قەرىخان، ئەكبەرنىڭ چاپىنىنى ئېپچىقىۋېتىپ، — ئەكبەرگە ھولۇق نان ئېتىپ بېرىمەن دەپ يىغىپ يۈرگىلى نۇۋاخ! . . . .

— ئەكەلگىن، — دېدى كېۋىر ئەكبەردىنمۇ بەتتەرەك ئالدىراپ، — ئەكبەرنىڭ ئىشىغا دەخلى يەتمىسۇن!

— ئەكبەر ئاكا، مانا قايماق، مانا قاتلىما! — سارايدىن

ئارزۇگۇل ئالدىراپ چىقتى. ئۇ راستلا چىنە تەخسىدە قايماق ۋە قاتلىما ئېلىپ چىقىپ جوزىغا قويدى.

— ۋاي سىنى، — دېدى قەرىخان قىزىنى جونۇپ، — قارا ئەپچىللىكىڭنى!

ئەكبەر غورۇدىن ئېگىشىپ چىققاندا كۈن ئەمدىلا ئۆرلىگەن، كېچىچە چىققان شىۋىرغاندا يالىڭاچلانغان ئۆگزىلەردە سەھەر قۇياشىنىڭ جۇشقۇن نۇرىدىن شاتلىنىپ خورازلار قىچقىرىشاتتى...

ئەكبەر چوڭ ئەترەتكە كېلىپ ئىشخانىنى تازىلاپ، مەشكە ئوت ياقتى، ياغاچ گۈرجەك بىلەن ئىشىك تۈۋىدىكى قارلارنى تازىلىدى. ئەتراپ قۇياشنىڭ جۇشقۇن نۇرىدا كۆزنى چېقىپ يالتىرايتتى، ئاپئاق يورۇتۇلغان يېزا يولىدىن قاتارلىشىپ قىلىن جۇۋا، پاختىلىق چاپانلارنى كىيىپ، بەللىرىنى چىڭ باغلىشىپ ئادەملەر كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلار يىغىنغا كېلىشىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرى ئىدى. ئەكبەر زوقلىنىپ يولغا قارىدى. ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى مەنسۇر ئىدى.

ئەكبەر ساپ، سوغۇق، سۈزۈك ھاۋادا قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى. ئۇ ئەمدى مۇشۇ ئاقكۆڭۈل دېھقانلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا، ئۇلار بىلەن بىللە قايغۇرۇپ، بىللە خۇشال بولۇشقا ئۆز ئۆزىگە ۋەدە بەردى. ۋەدىسى ئۇنىڭغا قۇۋۋەت بېغىشلاپ يۈرەك قېنى بىلەن قوشۇلۇپ تومۇر - تومۇرلىرىغا تارالدى. ئۇنىڭ يېڭى بىر ئىش كۈنى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

# ئون توققۇزىنچى باب

بۇ يەرگە بۇنچىلىك كۆپ ئادەم توپلانغىنىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ چوڭ ھويلىدىكى زىغىر پاخىلى ئۈستىدە، ئولتۇرۇشقانلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى، ئاۋۇ سەپ بولۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ناخشا - شوئارلىرى، ھاسىغا تايىنىپ كېلىۋاتقان، ئات - ئېشەكلەردە مۆكچىيىپ ئولتۇرۇۋالغان يۇرت قېرىلىرى، قېلىن كىيىملەر بىلەن چانلاردا ئولتۇرۇشۇۋالغان مومايلار، يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن بالىلار، بوۋاقلىرىنى چىڭ ئوراپ كۆتۈرۈپ مۇشۇ ياققا كېلىۋاتقان ئاياللار...

بۈگۈن سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ ھويلىسىدا چوڭ ئەترەت بويىچە كۈرەش يىغىنى ئېچىلماقچى!

تاملار، دەرەخلەرگە چاپلانغان شوئارلار، ئۆگزىدىكى بايراقلار كىشىلەرگە ئىنجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى، يەر ئىسلاھاتىنى ئەسلەتەتتى. ئۇ چاغدا يۇقىرىدىن كادىرلار كېلىپ مۇشۇنداق چوڭ كۈرەش يىغىنلىرىنى تەشكىللىگەن. ھازىر بولسا بۇ ئىشنى دېھقانلار ئۆزلىرى قىلماقتا... كوچىلاردا، پاكار تاملار تۆپىسىدە قوراللىق مىنبىگلار تۇرماقتا، شۇ يىللاردا قورال تۇتۇپ مۇھاپىزەتچىلىك قىلغان يىگىتلەر ھازىر بىرنەچچە بالىنىڭ ئاتىسى، ئۇ چاغلاردا پومېشچىكلارنىڭ تارىختىن بېرىقى قىلمىشلىرىدىن بىراقلا ھېساب ئېلىنغانىدى. ھازىر بولسا يەنىلا شۇلارنىڭ جىنايەتلىرىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ!

مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن ئۈچىنچى ئەترەتتىكىلەرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، مەھەللە داغدۇغىغا چۆمگەنىدى... چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم ئېگىمكىنى ئالقىنىغا قويۇپ ئۈستەل

۱۰

۰ بىر

يېزىلغان

تۆۋەندە بولسا

سمەكتە. ئەزالارنىڭ

ـ خوزۇۋاتقانلار ئازمۇ؟ ئەنە

مۇنۇ يىغىن مەيدانىنى كۆرۈپ

يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكى ئىشلارنى

ـدا ئاسمىنىڭ پومبىشچىكلارغا غەزىپى

كۈچلۈك ئىدى. لېكىن پومبىشچىكلارمۇ دۇنيا ئۆزگىرىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتۈپ يۈرىدىغانلىقىنى ئۇ ئويلىمىغان، مانا بۈگۈن كۆرسەن ئاسىم، بېشى يانچىلغان يىلانمۇ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدىكەن. . . دەپ ئويلىماقتا. تۆۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرغان روزىمەت بولسا:

بۈگۈن بۇ پومبىشچىك جاۋابقا تارتىلغان مەيداندا ئاز كۈندە باشقا بىرلىرىنىڭ جاۋابقا تارتىلغىنىنى كۆرسەن تېخى. . . دېمەكتە. يەنە بىرلىرى: كۆچىمىزنى كۆرسىتىپ قويايلى دېمەكتە. . .

بىر ئادەم ئۇچۇن ئۇنتۇلمايدىغان ئىشلار ئازمۇ؟ بەزىدە بولسا ئەرزىمەس ئىشلار: چاڭقىغاندا ئالقان بىلەن ئىچكەن ئېتىز سۈيى، تومۇز ئاپتىپىدا سايىدىغان گۈر - گۈر شاماللىق سۆ بويىدىكى بىر توپ دەرەخ، قەھرىتاندا كۆكسىڭنى ياققان كىچىك گۈلخان، بىر ناخشا، بىر نىيەت، بىر كۈلكە، بىر يىغا. . . مانا بۇلارمۇ ئەستىن چىقمايدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ بىر ئورتاقلىقى

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

ئەكبەر تۇيۇقسىزلا يېزا باشلىقى [illegible] نى

قايرىپ قويۇپ، پارتىيە ئەزالىرى [illegible] پارتىيە

ئەزالىرى قومۇشنىڭ [illegible]

ئەزالارنى قارشى قويۇش [illegible]

ئىمىنى توختىتىش توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلغانىدى. بۇ قارارنى ئاڭلاپ ئاسىم خوشال بولدى. ئۇنىڭ جىددىيلىكى، ئۈمىدسىزلىكى، چۈشكۈنلىكى بىردىنلا ئۈمىد ۋە خوشاللىققا ئايلاندى. بىر نەچچە مىڭ يۈەن پۇل قولغا تەگسە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى، ئەزالارنىڭ قىيىنچىلىقى، ئەڭ مۇھىمى قاۋانلىققا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقى بىراقلا پۈتكەن بولىدۇ. يەر ئېرىگىچە يەنە ئارتۇلا ئوقەت قىلىۋالسا. . . كېلەر يىلى تېرىلغۇ يەرلەر كۆپەيسە، مەھسۇلات ئاشسا، تەقسىمات ياخشىلانسا، كىرىم كۆپەيسە. . .

لېكىن يېزا باشلىقى ئوڭايلىقچە باش بېرىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ ياچېيكىنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئاچتى. – دە، ئەكبەرنى خىزمەتتىن توختىتىشنى، مەنسۇرنى پارتىيەدىن چىقىرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاسىم ھاياتىدا ئۇ كۈنكىدەك قاتتىق تېركەشمىگەنىدى. ئۇ مەنسۇرنى، ئەكبەرنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن ۋۇجۇدىدا بار

كۆچىلىنىڭ ھەممىسىنى سۈرۈپ قىلدى، ھەتتا بىرنى باشلىقىنى
بىر نەچچە قېتىم سىلكىۋەتتى. ياچېيكىدىكىلەرنىڭ ھەر دەككە قارشى
تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەنلىكى يېزا باشلىقى قارار قوبۇل قىلالمىدى. ئۇ
ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ پارتىيە ياچېيكىسىنى قايتىدىن قۇرۇش
تەكلىپىنى ئېلىپ يېزىغا كەتتى. ئالدى بىلەن كۆپچىلىك بىرلەشسە
ھەرقانداق زورلۇق - زومبۇلۇقنى چەكلىگىلى بولىدىكەن، ئىلگىرى
بۇنى بىلمەي ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. يېزا باشلىقى كەتكەندىن
كېيىن چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسى مۇشۇ كۈرەش يىغىنىنى
ئېچىپ، كۈرەشنىڭ يۆنىلىشىنى بۇراشقا قارار قىلدى.
كۆپچىلىكنىڭ ئېنىقى ئەكبەر كەلدى ...
... باشلىساق بولمايدىغاندەك يەنە ... دېدى ئەكبەر. ئاسىم
... چىللاپ ... ئوتتۇرىدا بوغۇچكى يىغىننى
تۇرغۇزۇپ ... ئۈستەلگە بىر ئۈچ قېتىم
يۆتىلىپ قويدى. قولاقچىسىنى يۇقىرى تۈرتۈپ قويۇپ بار ئاۋازى
بىلەن ۋارقىرىدى:

— يولداشلار، ھاي ھارۋا ئۈستىدىكىلەر، مايافقا قارايلى،
پاتىمە بالىلارنىڭ ناخشىسىنى توختاتسىڭىز، ھاي ئىمىر مايافقا،
يىغىننى باشلايمىز...

يوغان ھويلىدا جىمجىتلىق پەيدا بولدى. ئاسىم يەنە يۆتىلىپ
قويدى، سۆزلەۋاتقىنىدا ئىككى قولىنى قانداق تۇتۇشنى بۇرۇن
ئويلىمىغان ئىكەن - دە، بىردە ئۈستەل ئۈستىگە قويسا، بىردە
يانچۇقلىرىغا سېلىپ باقاتتى، بىردە بولسا قوشتۇرۇپ باقاتتى،
بۇلارنىڭ ھەممىسى ياراشمىدى ئەتىمالىم، ئۇ ئەخمەتجاننىڭ
ئالدىدىكى كونتەرتىپ يېزىلغان قەغەزنى غىجىملاپ تۇتتى - دە،
بىردە قەغەزگە، بىردە كۆپچىلىككە قاراپ قويۇپ سۆزىنى
باشلىدى:

— بۈگۈنكى يىغىن — سىنىپىي دۈشمەنلەرنى كۈرەش
قىلىش يىغىنى، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ تەتۈر ھېساب، قايتۇرما

ھۇجۇملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىش پېغىنى!

ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان مەنسۇرنى كۆرۈپ قالدى. مەنسۇر گويا «يارايسەن، مانا ئەمدى ئىش ئىزىغا چۈشتى! كۆرەش قىلىنىدىغانلار مۇشۇلار» دەۋاتقاندەك بىلىنىدى. ئۇ كۆزىنى مەنسۇردىن قاچۇرۇپ نېرىغا قارىۋېدى، بىردىنلا سونۇرنى كۆرۈپ قالدى. سونۇرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، ئۇ گويا: «تۇتۇلىدىغان دۈشمەن بىز ئەمەستۇق، بىزنى قويغۇزۇۋېتىپ توغرا قىلدىڭلار!» دەۋاتقاندەك بىلىنىدى. ئۇنىڭ كۆزى ھىكمەتنىڭ مولۇننىڭ كۆزىدەك قارىسىدىن ئېقى يوغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ھىكمەت خۇددى ھازىرلا: «مانا مۇنۇ سۆزىڭىز قاملاشمىدى» دەۋېتىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى. ئۇ يېنىدا تۇرغان ئەكبەرگە قارىدى. ئاسىم ئۇنىڭ سەممىمىي، قىزغىن كۆزلىرىدىن: «سۆزلە ئاكا، قورقماي سۆزلە، يۈرەكلىك بول، كۆپچىلىك سېنى چۈشىنىدۇ» دېگەن مەنىلەرنى چۈشەندى. . .

ھەرقايسى ئەترەتلەردىن سۆزلىگۈچىلەر بەلگىلەنگەن، ئاسىمنىڭ قولىدا تىزىم بار، ئۇ تىزىمغا قاراپ ئولتۇرمىدى، ئاغزىغا كىمنىڭ ئىسمى كەلسە شۇنى ئېلان قىلدى.

— ھازىر ئەبلغازى سۆزلەيدۇ!

ئەخمەتجان تىزىمنى ئالدىغا سۈرۈپ قويۇۋېدى، ئاسىم ئۇنىڭغا ئاستا قىلىپ: ئوخشاش، دەپ قويدى.

ئەبلغازى ئۈچ نەچچە كۈن قاراڭغۇ ئۆيدە يېتىپ تېخى تۈنۈگۈنلا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ رۇخسىتىسىزلا قويۇۋېتىلگەنىدى. ئۇ سەھنىگە چىقىشى بىلەن مىنبېگلار جىنايەت ئۆتكۈزگەن پومېشچىك، باي دېھقان، بۇزۇق ئۇنسۇردىن تۆتىنى ئېلىپ كىرىپ، سۇپىنىڭ تۈۋىنىگە قاتار تۇرغۇزدى. ئۇلار باشلىرىنى سىلىپ، ئالدىغا ئېگىشتى؛ پۇتلىرى بولسا دىر- دىر تىترەيتتى.

ئەبلغازى ئۇلارغا بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ ئۇستەلگە قويدى ۋە سۆزىنى باشلىدى:

— مانا بۇلار تېخىچە جىنايىتىدىن قول ئۈزمىگەن چىلبۆرىلەر. ھەي ھېيتەك ماياققا قارا! سېنىڭ قىلمىغان قايسى ئەسكىلىكىڭ قالدى!

ھېيتەك تېخىمۇ مۆكچەيدى.

— ماياققا قارا دەيمەن! — ئەبلغازى تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى، ھېيتەك سەھنە تەرەپكە قارىدى، ئەبلغازى ۋارقىرىدى:

— ماۋۇ نېمە؟ — ئۇ بىر ئورام قەغەزنى ئۇستەلگە تاشلىدى، ھېيتەك تېخىمۇ تىترىدى.

— جاۋاب بەرمەمسەن!

— سۆزلە!

ئەزالار ۋارقىراشتى. ھېيتەك تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— پىيو، چۆپ ئۈچى خېتى!...

— ئوچۇق دە!

— يە...يەر خېتى! — دېدى ھېيتەك تەسلىكتە.

— نېمىگە ساقلىغاندىڭ؟

— ....

— ئېيت!

— جا ـ جا..جاھان ئۆزگەرگۈدەك دەپ...

— كىم ساڭا ئېيتتى؟

— ئېيت!

ھېيتەك ئالاقزادە بولۇپ ئىككى تەرىپىگە قاراپ تىترىدى. ئەكبەر ئەبلغازىغا پىچىرلىدى. ئەبلغازى سوئال سوراشنى توختىتىپ، ئۆز ئەترىتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

بىر كۈنى ئەبىلغازى مۇشۇ ھېيتەكنى ئىشقا ھەيدەپ ئۆيگە باردى. ئىككى كۈندىن بېرى ئىشقا چىقماي ياتقان ھېيتەك ئەبىلغازىنى كۆرۈپ ھودۇقتى. ئۇ قىزىرىپ - تاتىرىپ:

— تاۋىم يوق بولۇپ. . . — دېدى ساراي ئۆينىڭ ئىشىكىگە كېيىنى قىلىپ.

ئەبىلغازى ئۇنىڭ خودۇكسىرەۋاتقىنىدىن بىر نېمىنى پەملىدى - دە:

— سارايدا كىم بار؟ — دېدى ۋە ئۆيگە كىردى. قارا ساقاللىق. موللا مىجەز بىرسى ئەبىلغازىنى كۆرۈپ قول قوشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— سىز نەدىن؟ — سورىدى ئەبىلغازى.

— سۇلتانى ۋەيسىتىن بالام. . . .

— ئابدۇسەمەت موللا!

ئەبىلغازى سۇلتانى ۋەيسكە باردى ۋە بۇنداق ئىسىملىك ئادەمنى تاپالمىدى. كېيىن مەلۇم بولدى. بۇ ئادەم غۇلجا شەھىرىدىن قېچىپ چىققان پومېشچىك، ئۆز ۋاقتىدىكى ھېيتەكنىڭ دوستى ئىكەن. ئۇ بۇلتۇر 6 - ئايدا چەت ئەلگە قېچىش ئالدىدا قولغا چۈشكەن. ھېيتەك شۇ ئادەمنىڭ: «يېقىندا جاھان ئۆزگىرىدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن خۇشال بولۇپ، يوشۇرۇپ يۈرگەن مال - مۈلكىنىڭ تىزىملىنى تېپىپ، يۈزلىرىگە يېقىپ، كۆزلىرىگە سۈرتكەن. ئەبىلغازى جوزىغا تاشلىغان قەغەزلەر ئەنە شۇ تىزىملىكلەر ئىدى.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئەخمەتجان ئەبىلغازىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ھېيتەكنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان تىزىملىكىنى كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەردى:

«. . . كوممۇنىستلار مېنىڭدىن تارتىپ ئېلىپ يالاڭتۆشلەرگە بۆلۈپ بەرگەن يەر - زېمىن، مال - ۋاران ۋە ئۆي - ئەتجاملارنىڭ تىزىمى: بىرىنچى، غەربىي چوڭ يار، شەرقىي

دەريا جەنۇبىي ئېدىر، شىمالىي قادىر مىراپنىڭ جاڭزىسى يېنىدىكى غول ئېرىق پاسىل قىلىنىدۇ. جەمئىي يېرىم 816 مو، بۇ يەرلەر ئىچىدە ئالتە چوڭ باغ، سەككىز جاڭزا بار. كۆز چېنى بىلەن ھەر بىر باغدا 500 تۈپتىن قارىياغاچ ۋە تېرەك بار، جاڭزا ئۆيلەر 27 ئېغىز. . . مەھەللىدىكى دادامدىن قالغان چوڭ قورو ئىچكەركى، تاشقىرقى بولۇپ جەمئىيسى 17 ئېغىز ئۆي، مال قورۇسىنى قوشقاندا ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ئۆيدىن سەككىز ئېغىز. . ئىككىنچى، تۆت قورا قوي (يەنى 800 تۇياق)، 23 موزايلىق سىيىر، 58 توپاق ـ تايىنچا، 14 دونەن، بەش ئۆكۈز، 62 بايتال، 31 قۇلۇن، 19 سارۇ ـ غۇنان، تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىدىن: ھارۋا ئېتى 12، مىنىشلىك ئات ئالتە. ئۆكۈز توققۇز پارە (يەنى 18)، چوڭ تۆگە يەتتە، بوتىلاق ئۈچ. ايمان: بەش سوقا، ئالتە بىرىشكا ھارۋا، ئۈچ ساپان يۇنتۇرۇق. ئۈچ تىرنا، قالغان ئارا ـ گۈرجەك، كەتمەنلەر بىر ھارۋا لىقمۇ ـ لىق. . . ئۈچىنچى، ساڭدىن كەمچەپ ئالغان بۇغداي 90 خو، زىغىر 28 خو، سۇلۇ ـ ئارپا 38خو، ئات تېرىسى 104، سەن ـ سەن تېرە 78، ئەلتىرە (ئاشلانغان) 43، تۆتىنچى، ئۆي ـ ئەنجام: 23پارچە تېكمەت (تۇتۇلمىغان)، 17 پارچە بوز كىگىز، 12 پارچە گىلەم، پەتنۇسلۇق ئورۇس ساندۇقىدىن 14، چوڭ ئۇن ساندۇقى يەتتە، تۇتۇلمىغان يوتقاندىن 15، كۆرپە 24، پەي ياستۇق 19، سىم كارىۋات ئۈچ، ياغاچ كارىۋات توققۇز، چوڭ جوزا تۆت، پۈتتىن يۇقىرى گۈرۈچ بارىدىغان چوڭ قازاندىن ئۈچ، سۇ تۆڭى ئىككى (ھەربىرسىگە 20چېلەكتىن سۇ بارىدۇ)، ساماۋار ئالتە، ئاسما سائەت تۆت، سەنسەن جۇۋا يەتتە، ئورۇسنىڭ ئېسىل سارجىسىدىن تىكىلگەن كىيىملەر ئەر ـ ئاياللارنىڭ بولۇپ 25 پارە. . . ئالتۇن 17سەر 5 مىسقال، كۆمۈش. . . »

ﺋﺎﺳﯩﻢ كۆپچىلىككە قارىدى. توگۈلگەن مۇشتۇملار، پاشالارنىڭ، قىرىلارنىڭ، ئاياللارنىڭ غەزەپلىك چىرايلىرى، نەچچە يۈزلىگەن، ياق، مىڭلىغان غەزەپلىك كۆزلەر ئاۋۇ دۈمچىيىپ تۇرغان گەۋدىلەرگە تىكىلگەنىدى. بۇ غەزەپلىك ئادەملەر مۇشۇ بايلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانلار، ئۆز ۋاقتىدا باينىڭ دېيىلگەن بۇ بايلىقنى قان ۋە تەرىنى سەرپ قىلىپ ياراتقانلار. ھەممە بايلىقنى كەمبەغەللەر ياراتقان. مونۇ دۈمچىيىپ تۇرغانلار بولسا تېخىچە بۇ ھەقىقەتنى تەن ئالمايدۇ. ئۇلار ھازىرمۇ: «بىزگە قاراشلىق بايلىقنى تارتىۋالدىڭلار!» دېيىشمەكتە. ئاقنى قارا دېگۈچىلەرگە ئۇچمەنلىكى كۈچلۈك خەلق غەزەپلەنمىسۇنمۇ!

— تەتۈر ھېسابقا يول قويمايلى!

شوئارلار گۈكىرىدى. ئاسىم غەزەپلەندى، ئۆزىنىڭ غەزىپىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ، قولىنى كۆتۈرۈپ ئاۋازىنىڭ بېرىچە شوئار توۋلىدى. «ھەقىقى دۈشمەن مانا مۇشۇلار. مەنسۈرنى، ئەبلغازىنى دۈشمەن دەپ ھېسابلىسا ئاسىممۇ دۈشمەنلەر تەرىپىدە تۇرىدۇ. مۇشۇلارنى دۈشمەن ھېسابلىسا ئاسىم بىلىكىنى تۈرۈپ، بېلىنى باغلاپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە.

ئەكبەر ئەخمەتجانغا «ئوقى» دەپ شەرەت قىلدى.

ئەمدى ئەخمەتجان ھېيتەكنىڭ خېتىدىكى كەمبەغەللەرنىڭ تىزىملىكىنى ئوقۇشقا باشلىدى. . . ھېيتەك تىزىملىككە كىم قايسى يەرنى، قايسى ئاتنى، قايسى ئۆكۈزنى ۋە نەچچىلىك ئاش، كىگىز، كىيىم ئالدى، مانا بۇلارنى بىرمۇبىر يېزىۋالغان، ئەڭ ئاخىرىسىغا: «كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بايلىغىمنى بىرمۇ - بىر ئۇندۇرۇۋالىمەن!» دەپ يېزىپ قويغان.

ئۇنىڭغا بۇ ئىشەنچ نەدىن كەلدى؟ ئۇ نېمىگە قاراپ «جاھان ئۆزگىرىدۇ» دەپ ئېيتتى؟ ئاسىم مانا بۇ نەرسىلەرنى ئويلاۋاتقاندا

ئەخمەتجاندىن كېيىن يەنە ئەبلغازى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ۋە ھەر قايسى ئەترەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى سۆزلەشكە باشلىدى. نۇرغۇن يېڭى پاكىتلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پاكىتلار نەق ئاسىم چوڭ ئەترەت باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە سادىر بولغان. سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرى ھەقىقەت ئىدى، ئاسىم كۆرگەن، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىشلار ئىدى. . .

مەنسۇر چوڭ ئەترەت شۇجىلىقىدىن، ئەبلغازى ئەترەت باشلىقلىقىدىن چۈشكەندىن كېيىن يېزا باشلىقى «يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى» دەپ «ئەترەتلەرنى تارقىتىۋېتىش شامىلى» قوزغىغاندا ئۇلار يەنە ئەترەت باشلىقلىرىدىن: ئات - ئۆكۈز، ھارۋا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بەزىلىرى ئەترەتنىڭ ھارۋىسىنى سوراقسىز ئىشلەتتى، بەزىلىرى ئەترەتنىڭ ياغىچىنى كەستى، بەزىلىرى ھويلىنى كېڭەيتىپ تام سوقتى، بەزىلىرى پىتنە - پاسات تېرىدى. . . مۇشۇلارنى كۆرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلغانىنىڭ نېمىسى خاتاكەن؟ مەنسۇرنى مۇھىم نۇقتا قىلىش دېگىنىڭ نېمىسى، يېزا باشلىقى سېنىڭ غەرىزىڭ زادى نېمە؟

ئاسىم ئىختىيارسىز نېرىغا قارىدى. كۆزلىرى بىر ئادەمنى ئىزلەيتتى. ئۇ ئادەممۇ خۇددى سەزگەندەك ئاسىمدىن يوغان مولۇن كۆزلىرىنى قاچۇراتتى. ئاسىم ئۇ كۆزلەرنى ئىزلىدى، ھېكمەت مۇكچىيىپ ئولتۇراتتى. . . ئاسىم ھېكمەت توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىغاندا ئەبلغازى ئىككىنچى قېتىم سەھنىگە چىقىپ، ئۆتمۈشتە تارتقان جەبرى - زۇلۇملىرىنى، پومېشچىك ھېيتەك ۋە ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ كەمبەغەللەرنى ۋەھشىلەرچە ئەزگەنلىكىنى سۆزلىمەكتە ئىدى. ئەبلغازىنىڭ سۆزلىرى كۆز يېشىغا ئارىلىشىپ چىقاتتى، ئۆمۈر بويى مۇشۇ ئىسلام ھاجىلارنىڭ مېلىنى بېقىپ ئاقىۋەت كوچىدىن قالغاندا تىرىك پېتى ھاجەتخانىغا تاشلانغان بوۋىسى، باينىڭ بىيەنى

مەرگەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قوي سىغىۋاتقان يېرىدە تۇرغۇزۇپ ئېتىشۋەتكەن مومىسى كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى.

بىر قوزا ئۈچۈن دەھشەتلىك تاياق يېگەن دادىسى ئۆمەر غازى چالنىڭ قانغا بويالغان تۇرقى، ئۆمرى بويىچە باينىڭ كىرىنى يۇيۇپ، ساۋغىنىنى ساۋاپ، كالىسىنى سىغىپ، نېنىنى يېقىپ كۆزىدىن ئايرىلىپ، ئاچلىق ئازابىدىن ئۆلگەن ئانىسىنىڭ چىرايى يۇرت - جامائەت كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى، قېرىلارنىڭ ياشلىرى ئاپئاق ساقاللىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشەتتى ئۇلار قاتما مۇشتۇملىرىنى ئاۋۇ ئۆز ۋاقتىدا قان ئىچىپ گۇناھقا بوغۇلغانلارغا غەزەپ بىلەن تەڭلىشەتتى...

ئەبلغازى ئۆزى بىلەن سونۇرنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى:

...قاپ - قارا پاچاقلىرى يېرىلىپ - يېرىلىپ كەتكەن با/ هويلىدا ئۆملەپ «ئات» بولۇپ يۈرىدۇ، باي بالىسى «دۈمبىسى قاتتىق» دېھقان بالىسىغا مىنىۋالغان، ئىككىسى كەينىدىن ئۇرماقتا: «يورغىلا، بىزنىڭ بوز يورغىدەك يورغىلا!» تىزلىرى يېرىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سەھەردە يېگەن يېرىم جىرىسىنىڭ كۈچى بىلەن نامازدىگەرگىچە ئۆرە يۈرۈپ كەلگەن 10 ياشلىق بالا قايسى ماغدۇرى بىلەن يورغىلىسۇن؟ «يورغىلا، يورغىلا!» دەپ ئۇنى قامچىلايتتى باي بالىلىرى... قامچا جىنىغا پاتقان بالا ئورنىدىن بىراقلا تۇردى، باينىڭ بالىسى ئوڭدىسىغا چۈشۈپ تىپىرلاشقا باشلىدى... «بالا بىقىشنى بىلمىسەڭ، مانا ئەمىسە، هۆھ هارام تاماق...» 10 ياشلىق بالىنىڭ قاپ - قارا بەدەنلىرى باينىڭ قامچىسى بىلەن تىلىندى، باينىڭ قامچىسى قىزىل قانغا بويالدى....

— ۋەھشى پومېشچىكلارنى يوقىتايلى!

مەكتەپ بالىلىرى غەزەپ بىلەن چۇقۇرشاتتى، كۆزلىرىدىن

بولدۇقلاپ ياشلار ئاقاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلتۈرگەن پاتىمە ئۆزىنى باسالماي بوقۇلدايتتى. . . كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن يوغان گەۋدىلىك يىگىت دەس تۇردى. ئۇ يوغان - يوغان چامداپ سەھنىگە چىقتى ۋە يوغان مۇشتۇمىنى ھەدىلىشاغا قارىتىپ ئېگىز كۆتۈردى. ئەكبەر ئۇنى تونۇۋالدى.

بۇ بايىقى «ئات» بولۇپ «يورغىلاش»نى بىلمىگەن سونۇر ئىدى. ئۇنى ئات قىلىپ قامچىلىغان باي بالىسى نەق مۇشۇ ھەدىلىشا ئىدى. . . سونۇر سەھنىدىن غەزەپلىك كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ قايتىپ چۈشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قول كۆتۈرۈپ مەنسۇر سەھنىگە چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاكىسىدەك يېقىن ئادىمى — ئەكبەرنىڭ دادىسى ئەختەمنىڭ ئۆلۈمى ئۈستىدە توختالدى. . .

ئاسىم ياش تولغان كۆزلىرى بىلەن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان قارىياغاچقا قارىدى. . . ھازىر قارىياغاچنىڭ ئۈستىدە قىپ - قىزىل بايراق جەۋلان قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاچىماقلىرىدا ئولتۇرۇۋالغان شوخ باللارمۇ ھازىر شوخلۇقتىن توختىغان، ئۇلار ھازىر ئۆز دۈشمەنلىرىگە ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان بۆركۈتتەك غەزەپلىك قاراپ تۇراتتى. ئاسىمنىڭ كۆز ئالدىدا مونۇ ھېيتەكىنىڭ دادىسى شەھەر شاھاجىنىڭ كىرپە تىكىنىدەك تىك - تىك بۇرۇتلىرى، سۇررەڭ، سۈرۈن تەلەتى شەكىللەندى. شەھەر شاھاجى ھازىر ئۈستەل تۇرغان يەردە قولىنى كەينىگە قىلىپ غادىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىگە قىلىۋالغان قولىدىن ئۆزۈن ئالتە قىرلىق قامچا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ھاجى غالچىلىرىغا ۋاقىرايتتى:

— باغلا! — غالچىلار ئۆينى بايغا قەرزگە تەن قىلىپ بېرىشكە ئۇنىمىغان دېھقاننى باغلاشتى.

— ئاس! — غالچىلار ئۇنىڭ نالىسىغا قارىماي ئاستى.

— ئۆر! — بىگونا دېھقاننىڭ بەدەنلىرى تىتىلدى. تېنى ئېچىنىشلىق سىلكىندى... ئاسىم ئويچان كۆزلىرىنى ئېچىپ يەنە قارىياغاچقا قارىدى.

شاخلىرى بەش تەرەپكە ئايرىلغان، ئالتە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان بۇ قارىياغاچ مۇشۇ يېزا بىلەن بىر ياشلىق. ئۈچ يۈز نەچچە يىلدىن بېرى ئۈچ يۈز نەچچە قېتىم ياپراق تاشلاپ، قىشنىڭ قەھرىتانلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ قېرى قارىياغاچ مۇنۇ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ كۆز ياشلىرى، ئىسسىق قانلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى... ئۇنىڭ سۆڭەكتەك ئاقارغان شاخلىرى ھەسرەت تارتقانلىقىنىڭ ئالامىتى، ئاۋۇ زەرداپ ئېقىۋاتقان كاۋاكلىرى بولسا كونىدىن قالغان جاراھىتى. .. ئۇنىڭ شاخلىرىغا قانچىلاپ ئادەملەر ئېسىلدى؟ ئاۋۇ زەرداپتىن قوڭۇر رەڭگە كىرگەن يىلتىزلار ئارىسىدا يەنە قانچىلار ئاخىرقى قېتىم كۆك ئاسمانغا تەلمۈرۈپ جان ئۈزدى!...

قېرى قارىياغاچ بۇ يۇرت ئەمگەكچىلىرىنىڭ تارىخىغا گۇۋاھ، ئەكبەرنىڭ دادىسى ئەنە ئاشۇلارنىڭ بىرسى!

ئەختەم ناخشىچى دېيىلىدىغان يىگىتنى بۇ يەردە كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇ ئۆز قايغۇسىنى ئاۋازىغا مۇڭ قىلىپ سىڭدۈرۈپ كوز ئاخشاملىرى يىراق خاماندا ناخشا ئېيتسا، مۇشۇ يۇرت ئەمگەكچىلىرى تونۇر بېشى ۋە تام تۈۋلىرىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ تويماستىن ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ، قوشاقلىرىمۇ ئۆز ئەركىدىن، بەختىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئەمگەك مېۋىلىرىنى بايلارغا بۆلتىپ قويغان دەردمەن يۈرەكلەرنى ئېزەتتى... يۇرت خەلقى ھەر كۈنى كېچىسى ئۇنىڭ ناخشىسىنى زوق بىلەن ئاڭلايتتى...

بىر يىلى مۇشۇ ھېيتەكنىڭ ئاكىسى يىراق بىر يۇرتتىن بىر نامراتنىڭ قىزىنى توقاللىققا ئېپكەلدى، قىز كەلگەن كۈنىلا باينىڭ ھۇجرىسىدىن قاچتى، ئۇنى غالچىلار تۇتۇپ كەلدى. قىز

يەنە قاچقاندا باي ئۇنى قارىياغاچقا ئېسىپ، قانغا مىلەنگىچە ئۇردى، قىز ھوشىدىن كەتتى. ئۇنى باي قېرى قارىياغاچقا تاڭدۇرۇۋەتتى. قىز يېرىم كېچىدە ھوشىغا كەلدى ۋە يۈرىكىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ناخشىنى ئاڭلىدى. قىل ئارغامچە بىلەن چىرمەلگەن ياش قىز ناخشىدىن غەيرەت ۋە مەدەت كۈتتى. ناخشا بارغانسېرى يېقىنلاشتى...

قىزنىڭ يېنىغا قامەتلىك 25 ياشلاردىكى يىگىت كەلدى ۋە ئۇنىڭ قانلار يېپىشقان چاچلىرىنى كەينىگە قىلىپ قويدى.

— يېشىڭ ئاكا، ناخشىڭىزدىن بىلدىم، سىز مېنى قۇتقۇزىسىز! — قىز پىچىرلىدى.

يىگىت غىلاپتىن ئۇستىخان ساپلىق پىچىقىنى چىقاردى ۋە تېڭىقنى كېسىپ تاشلىدى. قىز بوشاندى، يىگىت لاپاس ئاستىدىكى ئويناقلاپ تۇرغان چىلان تورۇق ئاتنى يەشتى. ئاتنىڭ چولۋۇرىنى قىزغا تۇتقۇزدى - دە، ئۆزى جوۋىغا ئورۇنۇپ ياتقان كوزەتچىنىڭ قولىدىن دەرۋازا ئاچقۇچىنى ئېلىش ئۈچۈن باردى. غالچا ئويغىنىپ كېتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى. يىگىت ئۇنى بىر مۇشت بىلەن ھوشىدىن كەتكۈزدى. ئۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى. غالچىلار يۈگۈرۈشۈپ چىقتى، لېكىن ياش يىگىت كوزەتچىدىن ئېلىۋالغان ئىرەن كالتەك بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپ يىقىتتى - دە، ئاتقا سەكرەپ مىندى. باي يالاڭ كىيىملەر بىلەن سۇپىدا پەيدا بولۇپ ۋارقىرىۋاتقاندا، يىگىت ياۋداق ئاتقا مىنىۋېلىپ قىزنى يالاڭغىداق پۇتىغا دەسسىتىپ مىنگەشتۈرۈۋاتاتتى.

— تۇتۇڭلار! تۇتۇڭلار! — باي قىيا - چىيا ۋارقىرىدى.

يىگىت قولىدىكى كالتەكنى بايغا قارىتىپ ئاتتى - دە، چىلان تورۇقنى دېۋىتتى. چىلان تورۇق بىر جۈپ ئىسيانكار ياشنى ئېلىپ دەرۋازىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى، ئۇلار ئىلى دەرياسى بويىدىكى قويۇق جاڭگاللىقلارغا كىرىپ كەتتى...

قەيسەر يىگىت بىلەن تېز پۈكمەس قىز جاڭگاللاردا ياشىدى. ئۇلار قورام تاشلار توپىسىدە ئولتۇرۇپ قەھرى بىلەن ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىشتى.

كالتەك بىلەن ھۇشىدىن كەتكەن باي پۈتۈن غەزىپى بىلەن غالچىلىرىنى ئەۋەتىپ ئىزلەتكۈزدى، غالچىلارنىڭ بىرلىرى ئۆلۈپ، بىرلىرى ياربدار بولۇپ، بىرلىرى قېچىپ قايتىشتى. . . ياشىنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن چىرىكلەر چىقتى. ئۇلارمۇ بۇ چەبدەس يىگىت - قىزنى تۇتالماي قۇرۇق قايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ يىل ئۆتتى، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىككى ياشلىق بىر ئوغلى بار ئىدى.

. . . كەچ كۈز، ئىزغىرىن شامال بۇ جاڭگالنى ماكان تۇتقانلارنىڭ كەيپىنى ئۇرماقتا ئىدى، ئىلى دەرياسى ئاستا بۇرۇختۇم بولۇپ ئاقاتتى. يىگىت يىراقتىكى قەدىناس قازاق ئاۋۇلىرىدىن تېرە ئەپكېلىشكە ماڭغاندا قىز تاتلىق ئۇيقۇدىكى ئوغلىنى ئەللەي ئېتىپ گۈلخان يېنىدىكى كىيىك تېرىسىدە ئولتۇراتتى. گۈگۈم چۈشكەن، جاڭگال ئىچى كۈندىكىدىن ئەنسىز ئىدى. بالا ئەمدىلا كىرپىك يۇمغاندا جاڭگالدا ئاتلىقلار پەيدا بولدى ۋە تاڭ - تۇڭ مىلتىق ئېتىلىشقا باشلىدى. قىز ئورنىدىن تۇردى، لېكىن قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنى بىر نەچچىلىگەن چېرىك قورشىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ كەيپى بۇزۇلدى. چېرىكلەر ئانىنى ۋە ئىككى ياشلىق ئوغلىنى ئېلىپ كېتىشتى، ئەختەم مىلتىقنى ئاڭلاپ قايتتى ۋە چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن يالغۇز ئاتلىق قوغلاپ ماڭدى. ئۇ ئوق - ياسى بىلەن تۆت چېرىكنى يىقىتتى، لېكىن بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى يېرىگە ئوق تەگكەنىدى. ئۇ ئاتتىن سىرىلىپ چۈشۈۋېتىپ ئايالىنىڭ ئىسمىنى ۋارقىرىدى. . .

چېرىكلەر ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ باشلىقىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن غانجۇقلىدى، ئۇلار باينىڭ ھويلىسىغا باغلاقلىق ئانا - بالىنى ئېلىپ كىردى ۋە بىر كاللىنى سۇپىغا قويدى. . .

ئەتىسى باي پۈتۈن يۇرت كەمبەغەللىرنى ھويلىغا يىغدى. شەڭگەن ئۆزى قىزنى قارىياغاچقا سىرتماققا ئېسىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، مۇنۇ ئىككى ياشلىق بالىنىمۇ ئاسىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. خەلق غۇلغۇلا قىلىشتى:

— نارەسىدە بالىدا نېمە گۇناھ!

— بۇ ئايال ئىككى قات تۇرسا!

— بۇ نېمىدېگەن ياۋۇزلۇق!

چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى شاراقلاتتى. قارىياغاچ شېخىدا سوپۇن بىلەن سىلىغلانغان تاسما ئارغامچا، ئۇنىڭ سىرتمىقى پۇلاڭلاپ تۇراتتى. چاچلىرى چۇگۇلغان، بەدەنلىرى قانغا بويالغان ياش ئايال يالاڭغىداق پۇتلىرى بىلەن يەر دەسسەپ تۇراتتى. كۆزلىرى قاپ - قارا ئوغلى ئانىسىنىڭ ئاياغلىرىغا مەھكەم پېشۋالغانىدى، چېرىكلەر ئايالنىڭ بوينىغا سىرتقام سالدى ۋە ئارقانىنى تارتتى، ئايالنىڭ بەدىنى قاتتىق سىلكىندى، ئۇنىڭ كۆزلىرى خەلققە قاراپ تۇراتتى. سىرتمىغى پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلەر ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك، مۇشۇ خەلقلەرنىڭ ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى. خەلق ئىچىدە ۋارقىراشلار:

— قاراپ تۇرىمىزمۇ خالايىق!

— ئۆز بالىمىزغۇ يۇرت!

خەلق باستۇرۇپ كەلدى . . . لېكىن مىلتىقلار دەھشەت بىلەن ئۇلارغا توغرىلانغان. . . بىردىنلا چەڭزىگە ئۆتكۈزۈلگەن كاللا پەيدا بولدى. ھېلىقى ناخشىچى يىگىت ئەختەم نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن خەلققە قاراپ تۇراتتى. مەنسۇر چىدىمىدى. ئۇ ئەختەمنىڭ ۋە ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن «بالامنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دېگەن مەنىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇ مىلتىقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئانىنىڭ يەرگە تېگەي - تېگەيلا دەپ قالغان ئاياغلىرىغا چىرمىشىپ يىغلاۋاتقان يالىڭاچ بالىنى يەردىن يۇلۇپ ئالدى. بۇ چاغدا خەلق

چېرىكلەر بىلەن پومىلاقلاشماقتا ئىدى. مەنسۇر بالىنى باغرىغا باسقىنىچە خەلقنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇدى، خەلق بالىنىڭ ئانىسىنى داردەن چۇشۇردى. لېكىن ئۇ مۇشۇ بەش - ئالتە مىنۇتلۇق بوغۇلۇش بىلەنلا جان ئۈزگەنىدى.

بالىنى خەلق قۇتقۇزدى. ئۇ بالا خەلقنىڭ بالىسى بولۇپ ئۆستى. ئۇ بالا مۇشۇ ئەكبەر ئىدى!...

ئاسىم ياشلىق كۆزلىرىنى ئەكبەرگە تىكتى. ئەكبەر مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۇگۇپ ئاتا - ئانىسىنىڭ قان ۋە ياشلىرى ئاققان قارىياغاچقا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش يوق، گويا پۈتۈن غەزىپى ئۇچقۇنغا ئايلانغاندەك كۆزلىرىدىن سانسىز ئۇچقۇنلار — غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىماقتا ئىدى...

ئاسىم كۆپچىلىككە قارىدى، بۇرۇتلىرى سالپايغان كېيۈرنىڭ پوتىسى بىلەن كۆزىنى تۇراپ يىغلاۋاتقىنىنى كۆردى، ئۇنىڭ يېنىدا ئارزۇگۇل بىلەن ئاينۇر بىر - بىرسىنىڭ بويۇنلىرىنى چىڭ گىرەلىشىپ يىغلىماقتا ئىدى...

ئاسىم ئۆزىمۇ سەزمەي ئەكبەرنىڭ چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇملىرىنى تۇتتى ۋە قاتما ئالقانلىرى بىلەن چىڭ سىقتى...

ئەمدى كونتەرتىپ بويىچە ئەكبەر سۆزگە چىقتى:

ئەكبەر مەنسۇرنىڭ ئۆتمۈش توغرىسىدىكى سۆزلىرىدىن قاتتىق هاياجانلانغان، ئۇنىڭ غەزەپتىن تۈگۈلگەن مۇشتۇملىرى تېخىچە ئېچىلمىغانىدى. ئۇ قارا ياغاچنىڭ ئۈستىگە قارىدى، قىزىل بايراق جەۋلان قىلىپ تۇراتتى، ئۇ گويا مۇشۇ قارىياغاچنىڭ يىلتىزلىرىغا سىڭگەن قانلاردىن ئۈنۈپ چىقىپ، شۇ قانلاردىن پەيدا بولغان قىزىل نۇرلارنى ئۇچۇق هاۋادىكى ئاپئاق بۇلۇتلارغا ئۆزىتىۋاتقاندەك ھەيۋەتلىك يالقۇنجايتتى.

# يىگىرمىنچى باب

ئاجايىپ ئىشلار باشلىنىدىغان تۇنجى باھار يېقىنلاشماقتا، كۆن ئىلىلىغان. يوللاردا ئەگىز سۇلار ئاقماقتا. ئەتىيازنىڭ سېرىق شامىلى قىشتىن بېرى يەرنى ماكان تۇتۇپ قېتىشقان قېلىن قارنى يۇمشىتىپ، كۆزنى چاقىدىغان ئاپئاق ئېتىزلارنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىدە قارا چېكىتلەرنى پەيدا قىلغان، چىغلار بولسا شامالدا چۇشۇلدايتتى.

ئالا- بۇلا بولۇشقا باشلىغان دالىلار، قىرلىرى قارايغان ئۆستەڭ - ئېرىقلار، قەدىردان دېھقان دوستىنى باغرىغا چاقىرىپ: «كەل، تەر تۆككىن، سېنىڭ قاتما قوللىرىڭنى خويما سېغىندىم، شۇ قاتما قوللىرىڭ بىلەن كۆكسۈمگە گۈللەرنى تاقىغىن. . . » دەۋاتقاندەك شۇۋىرلاپ ئۆتۈۋاتقان شەرق شامىلى ئەنە شۇ گەپلەرنى ھەر بىر ئادەمگە يەتكۈزۈۋاتقاندەك سېزىلەتتى. . .

ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى ئىشلار بولسا تەبىئەتنىڭ بۇ ئارزۇسى بىلەن قېرىشقاندەك ئاستا، ئۇششاق قەدەمگە چۇشۇۋالغانىدى. بولۇپمۇ بۆلۈم باشلىقى چىن بۇ چوڭ ئەترەتكە كەلگەندىن باشلاپ ئىشلار چېكىنىۋاتقاندەك سېزىلىشكە باشلىدى. ئەكبەر بۇنى سەزدى، لېكىن ئېنىق سەۋەبىنى تېخى بىلمەيتتى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئالدىرايتتى. ئەتىياز پۇرىقى، ئېقىۋاتقان ئەگىز، قىزىتىۋاتقان قۇياش ئۇنى قاۋانلىققا تېزراق بېرىشقا، قىشچە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە ئالدىرىتاتتى. لېكىن ئۇ قانچە ئالدىرىسىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قەتئىي قىلىش، ئېنىقلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قەتئىي ئېنىقلاش، چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئۇدىكىنى ئۇدەك - غېزىنى غاز قىلىپ بىر ياقلىق قىلىشى زۆرۈرلىكىنى بىلەتتى.

ئۇ بۇگۈن چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ئويچۇق پىكىرلىشىش ئۈچۈن خىزمەت گۇرۇپپىسى تۇرۇشلۇق ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇنى چوڭ ئەترەت ئىشخانىسى ئالدىدا بىر توپ ئادەم ئورىۋالدى. بۇلار ھەر خىل ئىشلار بىلەن چوڭ ئەترەتكە كەلگۈچىلەر ئىدى.

ئەكبەر چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىغا كىرىۋېتىپ، بوسۇغىدا توختاپ قالدى. ئۇستەللەرنى توپا باسقان، مەشنىڭ ئوتى ئۆچكەن، يەردە ئاپئاق كۇل چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ تازىلاشقا باشلىدى...

«مانا چوڭ ئەترەت ئىشخانىسى، ئۈچ كۈندىن بېرى تاقاقلىق! پارتىيە ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ ھەممىسى سىرتتا يۈگۈر - يېتىم ئىشلار بىلەن بەش كۈندىن بېرى ئۇلار باش قوشۇپ باققىنى يوق. ئۇلارنى مۇنۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى قول بوشاتقىلى بولمايدىغان ئىشلار بىلەن بەنت قىلىپ قويدى. مانا ئەمدى ماڭا چوڭ ئەترەت كاتىپىنىڭ خىزمىتىنىمۇ بېجىرىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. خىزمەت گۇرۇپپىسى چوڭ ئەترەتنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالسۇن دېگەن يولىيورۇق كەلگىنى يوققۇ؟ چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسى سوتسىيالىستىك تەربىيىنى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ دېگەن يولىيورۇقنى يېزا پارتكومىدا ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىمغۇ! يەنە نېمىشكە بۇ ھەقتە جىددىي گەپلىشىشكە بولمايدىكەن؟...»

ئۇنىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېيىشىپ ئۆيگە ئادەملەر كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئىشلىرىنى بالدۇرراق پۈتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشىپ سۆزلەشتى.

ئەكبەر ئىشكاپتىن چوڭ ئەترەت تامغىسىنى ۋە ئىش قەغىزىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى ۋە ئالدىرىماستىن ئادەملەرگە:

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، بىرلا قائىدىنى ئېيتىپ قوياي:

چوڭ ئەترەت، كىچىك ئەترەتلەرنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بۇگۈنچە مەن تامغا بېسىپ بېرىمەن، شەخسىي ئىش بىلەن كەلگۈچىلەر ئەخمەتجاننى كۈتۈڭلار، ئۇ چۈشتىن كېيىن كېلىدۇ! — دېدى.

ئادەملەر بەندىڭلەرگە بېرىپ ئولتۇرۇشتى. تۆپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ھەيدەر خەسىس ئۈستەلگە پوكىنىنى قويغىنىچە تۇرۇۋەردى:

— ئەكبىرىم، بىزنىڭ بايتالنىڭ ئىشى قانداق بولىۋېدا! مەن يۈز ئەللىك يۈەنگە رازى ئەمەسقۇ ئۇزى...

— بۇ ئىشنى قويۇپ تۇرۇڭ! — دېدى ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ.

— سۆرىمە ھوي، داگازا! ئىتتىنىڭ ئۆلىكى دەمسەن مېنى؟ — ھەيدەر خەسىس ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى، كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى.

— ئىنىم، دېگىنىڭىز بولسۇن، ئۇنداق بولسا مانا مەن چوڭ ئەترەت ئىشى بىلەن كەلدىم، — دېدى ھېكمەت ئەكبەرگە قاراپ، — مۇنۇ توختام قەغىزىگە تامغا باسىدىكەنسىز!

— بۇ نېمە توختام؟

— ماگىزىن سالدۇرماقچى، گۆڭى چوڭ ئەترەتتىن، ماتېرىيالى يۇقىرىدىن.

ئەكبەر ھېكمەتنىڭ مولۇن كۆزلىرىگە قارىدى، ھېكمەت ساقاللىرىنى پاكىزە قىرىپ ياخشى كىيىنىۋالغان، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

— چوڭ ئەترەت ماگىزىن سېلىش توغرىسىدا قارار چىقارغىنى يوققۇ!

— خەۋىرىڭىز يوقكەن - دە؟ خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن پۈتۈشۈپ قويدۇق!

— بىز بۇ يىل قۇرۇلۇش سالمايمىز. بۇ توغرىدا چوڭ ئەترەتتە مۇزاكىرە بولغان. پۈتۈن كۈچ قاۋانلىققا قويۇلىدۇ!

ئەكبەر گەپ تۈگىدى دېگەندەك قىلىپ چارۋا ئەترەتتىن كەلگەن كىشىگە قارىدى:

— سەن ھېلىقى چېدىر سېتىۋېلىش ئىشىنى بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟ بولىدۇ، ھازىرچە 10 چېدىر ئېلىڭلار. مەن تەمىنلەش كوپىراتىپى بىلەن بۇ توغرىدا سۆزلەشتىم، بېرىۋەرگىن.

چارۋا ئەترەتتىن كەلگەن يۈزلىرى قىپ - قىزىل، يېڭىدىن بۇرۇت قويغان يىگىت خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرىدى ۋە تەرىنى يېڭى بىلەن ئېرتتى.

- خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ پىكرى رەت بولدى دەپ يېزا باشلىقىغا مەلۇم قىلىمەنمۇ ئەمدى، ئەكبەرجان؟ - دېدى ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ.

— يېڭى ماگىزىن سېلىش - سالماسلىق چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشى، بۇ يەردە رەت قىلدى، قوبۇل قىلدى دېگەندەك گەپلەر ئىشلەنمەيدۇ! — دېدى ئەكبەر قاپىقىنى تۈرۈپ، — سىز تۇرۇۋاتقان ماگىزىن ھازىرچە ناھايىتى ياخشى، يەنە ئون يىل چىدايدۇ.

ئولتۇرغانلار بىر بىرىگە پىچىرلاشقا باشلىدى.

ئەكبەر شۇ تەرىقىدە چۈشكىچە ئۇستەلدە ئولتۇردى. ئۇ چوڭ ئەترەتكە ھەر خىل ئىشلار بىلەن كەلگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن، تەلەپلىرىدىن پۈتۈن چوڭ ئەترەت خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىنى چۈشەندى: كۆپچىلىك ئالدىراۋاتىدۇ — ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆزلىرىگە قاراشلىق مۇنۇ يەرلەردە يېڭى ئىشلارغا تېزراق قاتنىششقا، ئۆز يېزىسىدا پەيدا بولىدىغان يەنە بىر يېڭىلىقنى پاتراق كۆرۈپ ھوزۇرلىنىشقا ئالدىراۋاتىدۇ... پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان ئەكبەر بۇنىڭغا ئالدىرىماي تۇرالايتتىمۇ؟

ئەكبەر خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن تاپشۇرۇلغان ئىشنىمۇ،

چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمىتىنىمۇ ھاردىم -
تالدىم دېمەستىن كېچە - كۈندۈزلەپ ئىشلىدى. لېكىن ئۇ مۇنۇ
ئىشلارنىمۇ زادىلا بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئاخشاملىرى كىچىك
ئەترەتلەرگە بېرىپ ئەزالارنىڭ ئاشكارا ۋە ئايرىم ھالدىكى پاش
قىلىشلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلدى. يېزىدا يۈز بېرىۋاتقان خىلمۇ - خىل ئىشلارنىڭ
يىلتىزىنى كۆپچىلىك بىلەن بىللە قازدى. ئۇ ھازىر خېلى تولۇق
ماتېرىياللارغا ۋە ئاساسلارغا ئىگە. ئۇنىڭ مۇھىم مەسىلىلەردە
ئۆزىنىڭ خۇلاسىسى ۋە كۆز قارشى بار، غەلىبىگە ئىشەنچىسىمۇ
بار.

ئۇ چۈشكە يېقىن بۆلۈم باشلىقى چىنلار جايلاشقان ئۆيگە
كىردى. بۆلۈم باشلىقى چىن ئىككى قات يۇڭ پوپايكا سىرتىغا
سوكنىدىن تاشلانغان، بورسۇق تېرىسىدىن تىكىلگەن پىنجەك
كىيىۋالغانىدى.

ئۇ ئەكبەرنى كۆرۈپ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى.

ئەكبەر ئۇستەلگە جەينەكلىرى بىلەن تايىنىپ بۆلۈم باشلىقى
چىننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. بۆلۈم باشلىقى چىن يورۇق، ئازادە
ئۆيگە جايلاشقان، ئىككى دېرىزە ئارىلىقىدىكى يوغان يەشكتە
تالگۈل بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى تال غۇنچىسى كۈن چۈشۈپ
تۇرغان دېرىزىگە تەلپۈنۈپ تۇراتتى. بۆلۈم باشلىقى چىن دېرىزىدە
گىژىلداپ تېپىرلاۋاتقان يوغان چىۋىننى پالاق بىلەن ئۇرۇپ
ئۆلتۈردى - دە، ئەكبەرگە قاراپ:

— مانا ئەمدى ئارام تاپتى. قۇلاق - مېڭەمنى يەپ كېتىۋېدى، —
دەپ ھىجايدى. ئەكبەر ئالدىرىماي مۇخۇركا ئورىدى، بۆلۈم
باشلىقى چىن سومكىسىنى ئاچتى - دە، يالتىراق قەغەزلىك
ئېسىل تاماكىلارنى چىقىرىپ، بىر بولىقىنى ئۇستەلگە چۆرىدى
— دە، ئالدىرىماستىن ئىشكىنىڭ ئىلغۇرىنى ئەتتى:

— مەن سىز بىلەن كۆڭۈلدە بارىنى ئوچۇق - يورۇق

سۆزلەشمەكچى، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

— ناھايىتى ياخشى. مەنمۇ شۇنداق نىيەت بىلەن كىرىۋېدىم.

ئۇلار «ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىمىز» دېگىنى بىلەن بەربىر سۆھبەت قولاشمىدى. بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئارقىلىق يەتكۈزگەن يولىيورۇقلىرىغا ئەكبەر قوشۇلمىغان، ھەتتا بەزىلىرىنى رەت قىلغان، تەنقىد قىلغان، مانا بۇ ئەھۋاللارنى بۆلۈم باشلىقى ياخشى بىلىدۇ. بۆلۈم باشلىقى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى گاۋ زىڭلىن، ئادىلجان ۋە يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى لى زۇڭخۇانىڭ تەشەببۇسلىرىنى، يولىيورۇقلىرىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئارقىلىق بەزى ئىشلارنى قىلدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئۇنۇم بېرىشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان ئادەم ھازىر مۇشۇ ئەكبەر بولۇپ قالدى، بۆلۈم باشلىقى بۇ ئىشلاردىن باشقا يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ ئەكبەرنى قارىلاپ خىزمەتتىن ئېلىۋېتىش، ھېچ بولمىسا يۆتكىۋېتىش توغرىسىدىكى تەلىپىگىمۇ ماقۇل بولغان. يېقىندىن بېرى بولسا ئەكبەرنىڭ سىياسەتكە خىلاپ ئىشلىرى، يامان ئادەملەرگە يان باسقانلىقى، گۇرۇھۋازلىق قىلغانلىقى، تۇرمۇشتىكى مەسىلىلىرى دېگەندەك ماۋزۇلاردا بىر نەچچە پارچە ماتېرىيالمۇ يېزىلدى. بۇ ماتېرىياللار بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ سومكىسىدا، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت نامىدىن يېزىلغان ئەرزمۇ ئەكبەر ئۈستىدىن تۇتۇلغان ماتېرىيال خالتىسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە بۆلۈم باشلىقى ئۈچۈن ئەكبەرنى خىزمەتتىن قالدۇرۇش ئۇنچىلىك قىيىنمۇ ئەمەس، لېكىن قىيىن يېرى گاۋ شۇجى، ئادىلجان، لى زۇڭخۇالارنىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىش. ئۇنداق قىلمىسىچۇ، ئەكبەرنى قوللىسىچۇ؟ ياق، بۇنىڭغا چىن شاۋتاڭنىڭ تەبىئىتى يول قويمايدۇ. ناۋادا بۆلۈم باشلىقى چىن ئەكبەرنى قوللىسا ئەكبەرلەر ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت

ئەزالىرىنى باشلاپ قاۋالىقا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلارنى ئەگىشىپ پۈتۈن يېزا، پۈتۈن ناھىيە قاۋالىقا يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇ چاغدا بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ «يېزىلاردىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە يېڭى يۈزلىنىشى» دېگەن تەكشۈرۈش دوكلاتى نېمە بولۇپ كېتىدۇ...

يەنە ئەكبەرنى قوللىسا ئەكبەر ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە كىرىمنى كۆپەيتىشنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ باشقا جايلارغا تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ تەجرىبىلىرى بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ سىنىپىي كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇ چاغدا بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ خىزمىتى نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ ياق، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن بۆلۈم باشلىقى چىن مۇنۇ ئالدىدا ئولتۇرغان مۇئاۋىن ياچېيكا شۇجىسىنى قوللىمايدۇ، بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېزا باشلىقى تۇرسۇننى ئاخىرغىچە قوللايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىدۇ. ناۋادا ئەكبەر يەنىلا چىڭ تۇرىدىغان بولسا ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئالدىغا قويىدۇ، بۆلۈم باشلىقى چىن بايا خاتا قىلغانىكەن، ياق، ئەمدى ئۇ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىدۇ....

— ئۇ مۇشتىگە تاماكىسىنى ئۆتكۈزدى - دە، ئەكبەرگە قارىدى. ئەكبەر ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى قىسقىلا قىلىپ ئېيتىش قارارىغا كەلدى:

— مەن ئىككى ئىش ئۈستىدە يېزىلىق پارتكومغا پىكىر بەرگىلى سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرىۋېدىم؟

— قېنى! — بۆلۈم باشلىقى چىن بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى.

— بىز تۈنۈگۈن ئاخشام دەريا بويىدىكى جاڭزىدا پارتىيە ياچېيكا يىغىنى ئاچتۇق، — دېدى ئەكبەر، — يىغىندا ئىككى ئىش توغرىسىدا پىكىردە بىرلىككە كەلدۇق.

— مەخپىي يىغىن ئېچىپسىلەر، ئاڭلىدىم، — دېدى بۆلۈم باشلىقى ئۆڭۈپ، — ياچېيكا يىغىنى دېيىلسە ئانچە مۇۋاپىق بولماس، سەۋەبى ياچېيكىنىڭ شۇجىسى يولداش تۇرسۇن بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ئالدىن ئېيتىپ قويمىغان....

— يېزا باشلىقىغا ئېيتتۇق، لېكىن قاتناشمىدى، قالغان تۆت ھەيئەت قاتناشتى. بىز يەنە مەنسۇركامنى يىغىنغا قاتناشتۇردۇق. ياچېيكىنىڭ قالغان ھەيئەتلىرى تولۇق قاتناشتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ياچېيكا يىغىنى ئەمەس، — دېدى بۆلۈم باشلىقى مەنسۇرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئۆڭۈپ، — يولداش ئەكبەر، مەن سىزگە ئەسكەرتىپ قوياي، بۇ بىر خىل مەزھەپچىلىككە ياتىدىغان ھەرىكەت! كۆپچىلىكتە خېلى پىكىرلەر بار، يېزا باشلىقى تۇرسۇن بىلەن ئاز - تولا نېرى تۇر - بېرى تۇر دېيىشكەن يەرلىرىڭلارمۇ باردۇر. لېكىن مېنىڭ سىزگە بولغان كۆزقارىشىم ياخشى. قېنى ئاۋۋال سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلاي، مېنىڭمۇ ئېيتىدىغانلىرىم بار، سىزمۇ ئاڭلاڭ، ياخشى ئويلىنىڭ!

بۆلۈم باشلىقى ئاۋازىنى تىترىتىپ تۇرۇپ شۇنى دېدى - دە، تاماكىسىغا يېڭى بىر تال ئۇلىدى. ئەكبەر سالماقلىق بىلەن ئۆز پىكرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى:

— بىرىنچى پىكرىمىز، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى - يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيىنى سىناق قىلىشتىكى نىشانى خاتا بولۇۋاتىدۇ. كىمگە تايىنىپ، كىمگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە تۈپتىن خاتالىشىۋاتىدۇ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىنىۋاتىدۇ! — ئۇ بۆلۈم باشلىقى چىنىغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، بۆلۈم باشلىقى چىن ئېڭىكىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇراتتى، — ھازىرقى پاش

قىلىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مەنسۇر، سونۇر، ئەبەلغازى قاتارلىقلار بولۇۋاتىدۇ. ھېيتەك، ھىندىلشاغا ئوخشاش سىنىپىي دۈشمەنلەر بولسا ئىچىدىن كولۇۋاتىدۇ، روزىمەت، ھېكمەتكە ئوخشاش ئادەملەر جىددىي ھالدا مەخپىي ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋاتىدۇ!

بۆلۈم باشلىقى چىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تولۇق مۆلچەرلىدى: ناھىيىلىك پارتكومدا ياكى يېزا پارتكومدا مەسىلە شۇنداق قويۇلىدىغان بولسا بۆلۈم باشلىقى چىن تۈگەشمەمدۇ؟ ئۇنىڭ «سىناق» خىزمىتى پىتچىت بولۇپ، ئۆزى قاپقانغا چۈشۈپ قالامدۇ!.. ياق، بۆلۈم باشلىقى چىن بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، ھازىرلا بۇ ئەكبەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويىدۇ، ئۇنىڭغا مۇھىم نۇقتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ! ئۇ بىر ئايلىنىپ كېلىپ ئەكبەرنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردەمدىلا يات بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالدى: چاچلىرى چۇگۇلغان، كۆزەينىكى سېرىلىپ چۈشكەن، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن... ئەكبەر بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ كۈلۈپلا يۈرگىنىنى، ئېغىر - بېسىقلىقىنى، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ يۈرگەنلىرىنىلا كۆرگەنىدى، مانا ھازىر بولسا ئۇنىڭ ئەسەبىي ھالىتىنى كۆرمەكتە.

بۆلۈم باشلىقى چىن ئەكبەردىن سورىدى:

— ئىككىنچى پىكرىڭىز؟

— ئىككىنچى پىكرىم، — دېدى ئەكبەر چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، — خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىش ئۇسۇلى مەسىلىسى. خىزمەت گۇرۇپپىسى چوڭ ئەترەتنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالدى. يېزىلىق پارتكومنىڭ يوليورۇقىدا بولسا چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئېلىپ بارىدۇ دېيىلگەن!

چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسى قومۇشنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلسا تېخىچە بەرگۈزمەيۋاتىدىلەر، ياچېيكىنىڭ نېمە رولى قالدى؟

بۆلۈم باشلىقى ئەكبەرنىڭ سۆزلىرىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن سۆزلەشكە ئالدىرىدى:

— بۇ گېپىڭىزچە، خىزمەت گورۇپپىسى چىقىپ كەتسۇن دېمەكچىمۇ سىز؟

— ھەئە، بىز ياچېيكىدا مۇشۇنداق پىكىرگە كەلدۇق.

ئەكبەرنىڭ ھېيىقماستىن بەرگەن جاۋابى بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. بۆلۈم باشلىقى قولىنى كەينىگە قىلىپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. . .

ئۇ ئەكبەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردىنلا ئېغىر - بېسىق قىياپەتتە كۈلۈمسىرىدى - دە:

— ئوبدان، بەك ئوبدان، — دەپ قويدى. ئەكبەر ئۇنىڭ بىردەمدىلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، بىردەمدىلا ھاۋا ئېچىلىپ كېتىدىغان تاغ ھاۋاسىدەك مىجەزىدىن قورسىقىدىكىنى بىلىۋالدى.

— باشقىسىنى قويۇپ تۇراي، — بۆلۈم باشلىقي بىر قېلىن ماتېرىيالنى ئۈستەلگە قويۇپ، — سىز مەنسۇرنىڭ خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇشىنى ناھەق بولدى دەپ خاتالىشىۋاتىسىز، مەنسۇر مەسىلىسى بىر تۈگۈچ. مۇنۇ ماتېرىياللارنى سىز بەلكىم ياخشى ئويلاپ كۆرمىگەنسىز، مانا ماتېرىيال، مەن سىزنىڭ تېزرەك ئويغىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن مەنسۇر بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىڭىزغا يول قوياي. لېكىن سىزگە ئۇچۇق ئېيتىپ قويايكى، مەنسۇردىن ئۈزۈل - كېسىل چېگرا ئاجراتسىڭىزلا يېنىكلەپ قالىسىز. سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن كەلگەن ئەرزلەر، خەتلەر ھەممىسى مەنسۇرغا يۆكلىنىدۇ! مېنىڭچە يۆنىلىش خاتالىقى بولمىسا كېرەك.

ئۇ مەنسۇرنىڭ ئۈستىدىن رەتلەنگەن قېلىن ماتېرىيالنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ ئەكبەرگە سۇندى. ئەكبەر ماتېرىيالنى قولغا ئېلىپ كۆلۈمسىرىدى.- دە ماتېرىيالنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى. بۇ ماتېرىياللار ئۇنىڭغا تۇتۇشقا بولمايدىغان يىرگىنىشلىك بىر نەرسىدەك بىلىنىشكە باشلىدى.

ئەكبەر ئاما ئارىسىدا يۈرۈپ نۇرغۇن ئىشلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغانىدى. ئەزىزخان ئارقىلىق ھېيىز مەنىڭ نامىدىن خەت يازغۇزغانمۇ، زىۋەرشا، سۇلايمانلارنى ئىشقا سېلىپ يېزىغا ئەرز يازغۇزغانمۇ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى مەنسۇر، ئاسىم، ئەخمەتجان، ئەبلغازى قاتارلىقلار ئۈستىدىن يالغان ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەۋاتقانمۇ ھىكمەت بىلەن روزىمەت ئىدى. ئەكبەر بۇلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ۋە گۇمانلارنى يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا، بۆلۈم باشلىقى چىنىغا ئېيتقان. لېكىن ئۇلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى. ھىكمەتنى پاش قىلىشنى چەكلەيتتى. ئەكبەر مۇشۇلارنى ئويلاپ ئاچچىق كۆلۈمسىرىدى. . .

بۆلۈم باشلىقى چىن يەنە بىر ئايلاندى - دە، ئەكبەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئەكبەرنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىدى. ئەكبەر نېمىشقا چىرايىنى ئۆزگەرتتى؟ بۆلۈم باشلىقى چىنمۇ بۇنى پەرەز قىلالاتتى. لېكىن ئۇ ئەكبەرنى بۇگۈن بوي سۇندۇرالىشىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى مەنسۇر توغرىسىدىكى ماتېرىيال پۇختا ۋە تولۇق دەلىللار بىلەن يېزىلغان. بۇگۈن بۆلۈم باشلىقى چىنىنىڭ مەقسىتىمۇ ناھايىتى ئېنىق: «ئەگەر سەن ماڭا يېلىنساڭلا، سېنىڭ ئۈستىڭدىن كەلگەن خەتلەر، ئەرزلەر ۋە رەتلەنگەن ماتېرىياللارنى يۇزۇۋىگە سالمايمەن، سەن يېزا باشلىقىنىڭ دېگىنىنى قىلساڭلا ئەمدى سېنى كەچۈرىمەن».

ئەكبەر ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن بۆلۈم باشلىقى چىنغا قارىدى:

— مەن بۇ ماتېرىيال بىلەن ياخشى تونۇش، — دېدى ئۇ ماتېرىيالنى كۆرسىتىپ، — بۆلۈم باشلىقى چىن، مۇنۇ مەنسۇرنىڭ ماتېرىيالىدا بەزىلەرنىڭ سۈيىقەستى بار!

— ھېكمەتنى دەمسىز؟ — دېدى بۆلۈم باشلىقى چىن دەرھال كۆڭلى تۇيغاندەك.

— شۇنداق. ھېكمەتنى چوڭ ئەترەت بويىچە كۆرەش قىلىدىغان ۋاقىت يەتتى!

— مەنسۇرنىچۇ؟

— ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدىغان ۋاقىتمۇ يەتتى!

بۆلۈم باشلىقى چىن غەزەپ بىلەن «خىڭ» قىلىپ قويدى - دە:

— سىزنىڭچە يېزا باشلىقى تۇرسۇننى يېزا باشلىقلىقتىن، مېنى بۆلۈم باشلىقلىقتىن ئېلىپ تاشلايدىغان ۋاقىتمۇ يېتىپ كەلدىغۇ دەيمەن؟!

بۆلۈم باشلىقى ئۆزىنىڭ تەنبىھلىك سۆزىدىن رازى بولۇپ ئەكبەرگە بوزىرىپ قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىدا بىر خىل مەنمەنلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش بىزنىڭ ياچېيكىمىزنىڭ ئىشى ئەمەس، — دېدى ئەكبەر جىددىي قىياپەتتە تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئەگەر مېنىڭ شەخسىي پىكرىمنى بىلمەكچى بولسىڭىز مۇنداق: سىلەرنىڭمۇ خاتادىن قول ئۈزۈپ ھەقىقەتكە قايىل بولىدىغان ۋاقتىڭلار يېتىپ كەلدى!

شۇ چاغدا ئىشىك ئىتتىرىلدى. بۆلۈم باشلىقى چىن ئىلغورنى ئاچتى. خېلىدىن بۇيان دالاندا تۇرغان يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئەكبەرنىڭ گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغىنىنى يوشۇرۇپمۇ تۇرمىدى - دە، بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى دادىل قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى:

— سەن ئەكبەر يېقىندىن بۇيان خۇدۇڭنى يوقىتىپ

قويۇۋاتسەن، ئۆزۈڭ قارا پاتقاقتا تىزىڭغىچە پېتىپ تۇرۇپ تېخى باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلىسىنا!

— شۇنداق! — دېدى ئەكبەر ئەمدى ئاياپ ئولتۇرغۇدەك گەپنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلىپ، سالماقلىق بىلەن، — كىمنىڭ قارا پاتقاقتا پاتقانلىقىنى ئاما ئوبدان بىلىدۇ!

ئەكبەر دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ سىرتقا قارىدى. كۈن چۈشتىن ئېگىلگەن، دېرىزە يېنىدىكى سىرىنگۈلنىڭ يالىڭاچ شاخلىرىدا قارىغۇجىلار چۇرۇقلىشاتتى. نېرىدىكى تامنىڭ تۆپىسىدە بىر جۈپ كەپتەر بۇغۇلدىشاتتى، تام تۈۋىدىكى قۇرۇق توپىدا توخۇلار ئېغىناپ توپىلانماقتا ئىدى. . .

ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىدى، بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلمىغىنى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن خورسىنىدى، كۆمسەم پىشارمۇ - ياپسام پىشارمۇ دەپ ئىككىلەنگەننىڭ زىيانلىرىنى پۇشايمان، ئېچىنىش بىلەن تولدۇرغىلى بولمايتتى. ئۇ نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىۋېتىشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن پايدىسىز ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى. ئۇلار ھازىر ئەكبەرنى جاۋابقا تارتىشقا تولۇق ئاساس بار دەپ ئۆزلىرىگە ئىشەنمەكتە، ئۇلار يەنە ئەكبەر بۇ قاپقاندىن قۇتۇلۇشقا ئىلاجىسىز دەپ پەرەز قىلىشماقتا. لى زۇڭخۇا بىلەن گاۋ شۈجى، ئادىلجانلار ئەكبەرنى قوللىمىغاندا بۆلۈم باشلىقى چىن، يېزا باشلىقى تۇرسۇنلار ئەكبەرنى تولۇق ئىسپاتلار بىلەن قارىلاپ، ئۆزلىرىنى قەھرىمان قىلىپ كۆرسىتەتتى!

ئەكبەر مۇشۇلارنى ئويلىدى - دە، جوزىدا تۇرغان مەنسۇرنىڭ ماتېرىيالىنى قولىغا ئالدى:

— بولىدۇ، مەن بۇ ماتېرىيالنى ئاپىرىپ كۆرۈپ باقاي!

— دېدى.

— ياق! — دېدى بۆلۈم باشلىقى چىن بىردىنلا ماتېرىيالغا قول سۇنۇپ، — ئەمدى ۋاقتى ئۆتتى. سىز بىز بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشماقچى بولۇۋېتىپسىز، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن

ماتېرىيالنى كۆرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق!

— مەنسۇر ياچېيكىنىڭ بىر ھەيئىتى، ئۇنىڭ توغرىسىدا يېزىلغان ماتېرىيالنى بىز ياچېيكىدا كۆرۈپ چىقىشقا ھەقلىق! — دېدى ئەكبەر.

— بۇ ماتېرىيالنى خىزمەت گۇرۇپپىسى رەتلىگەن، كىم كۆرىدۇ، كىم كۆرمەيدۇ، بۇنى خىزمەت گۇرۇپپىسى بەلگىلەيدۇ! — دېدى بۆلۈم باشلىقى چىن.

ئەكبەر ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا جاۋاب بەردى:

— مەنمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، كىمگە كۆرسىتىمىز، كىمگە كۆرسەتمەيمىز پىكىر بېرىشكە ھەققىم بار!

يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ماتېرىيالنى قويۇپ قويغىن.

ئەكبەر ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن يېزا باشلىقى ئىشىكتىن دادىل قەدەم بىلەن چىقىپ كەتكەن ياش يىگىتنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى. بىر ھازادىن كېيىن بۆلۈم باشلىقى چىن:

— ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى. يولداش تۇرسۇن ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈشنىڭ ئورنى قالمىدى. ئۇلتۇرۇڭ، مەنسۇرنىڭ ماتېرىيالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقايلى، كىشىلەرنى دەرگۇمان قىلىپ قويىدىغان جايلىرى بارمۇ - يوق، مۆلچەرلەپ باقايلى.

ئۇلار مەنسۇرنىڭ ئۈستىدىن رەتلەنگەن ماتېرىيالنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇلار مەنسۇرنى قانداق جازالاش مۇۋاپىق بولار دېگەن مەسىلىنى بېكىتىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان ئاشۇ پەيتتە ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسى ياچېيكا يىغىنىنى ئېچىپ، روزىمەت ۋە ھېكمەت ئۈستىدە پاش قىلىنغان

ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقتى ۋە ئۇنى يېزىلىق پارتكومغا يوللاشنى ئەكبەرگە تاپشۇردى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ھىكمەت يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇلار بۈگۈن مەنسۇرنىڭ ئۆيىدە يېرىم كۈن چامىسىدا يىغىن ئاچتى. ئەكبەر يىغىندىن چىقىپ ئۆتتۇر يېزىغا قاراپ يولغا چىقتى! — دەپ دوكلات قىلدى. ئانچە ئۆتمەي بۆلۈم باشلىقى چىن كىرىپ كەلدى. يېزا باشلىقى بۆلۈم باشلىقى چىنغا دوكلات قىلدى:

— بۆلۈم باشلىقى چىن، گۇرۇھۋازلىق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپتۇ. بايىلا سىز ئەكبەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن يوشۇرۇنچە يىغىن ئاچماسلىقنى ئېيتقانىدىڭىز، ئەكبەر بولسا بايا بۇ يەردىن چىقىپلا مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋە ئۇلار مەنسۇرنىڭ ئۆيىدە مەخپىي يىغىن ئاچقان!

بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن بۆلۈم باشلىقى چىن دەرھال ئەكبەرنى چاقىرتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا بۇيرۇق ئاھاڭىدا يېقىندىن بېرى ئۆتكۈزگەن مەسىلىلەرنى ياخشى ئويلىنىپ ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشنى ۋە ياچېيكا خىزمىتىنى يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئەكبەر غەزەپ بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— يېقىندىن بېرى نېمىلەرنى قىلغانلىقىمنى ئويلىنىشىم مۇمكىن، لېكىن مەن ئۆزۈمنى تەكشۈرمەيمەن!

— بۇ يېزا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قارارى! — دېدى بۆلۈم باشلىقى چىن گەپنى تۈگىدى قىلىپ قوللىرىنى شىلتىپ،

— ناھىيىلىك پارتكوم مېنى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى سىناق قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ بۇ يەرگە ئەۋەتكەن، ھەرىكەت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىكەن، مەن قاراپ تۇرۇپ بۇنىڭغا يول قويالمايمەن، بىز سىزگە خاتادىن قول ئۈزۈشكە

يېتەرلىك ۋاقىت بەردۇق، لېكىن سىز ئاخىرغىچە قارشىلىشىشقا بەل باغلىدىڭىز. بىز ئەمدى سىزنى چەكلەشكە مەجبۇر بولدۇق!

— مېنى يېزىلىق پارتكوم پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە چوڭ ئەترەت خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ بېكىتكەن. مەن يېزىلىق پارتكومنىڭ قارارى بولماي تۇرۇپ خىزمەتتىن بىر سائەتمۇ توختىمايمەن!

يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىرىنى بۆلۈم باشلىقى چىنغا ئوخشاش كەينىگە تۇتۇپ ئەكبەرنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئاخىرغىچە، ئاخىرغىچە دەۋەرمىگىن. ئاخىرىغا يەتتىڭ ئۇكام. بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ ساڭا! قىلىۋاتقان ياخشىلىقىنى يەردە قويما. مەنسۇرغا مۇنچە يېپىشىۋېلىشىڭنىڭ قانچىلىك پايدىسى تېگەر!

ئەكبەر ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى:

— مەن بۇ يەردە پايدا-زىيان قوغلىشىۋاتمايمەن، خاتىرجەم بولۇڭ!

ئەكبەرنىڭ چىرايىدىن بىر خىل سالماقلىق، ئىشەنچ چىقىپ تۇراتتى. بۇ هال ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا بىر خىل روهىي ئازاب، روهىي زەربە ۋە روهىي چۈشكۈنلۈك قالدۇردى...

ئەكبەرگە شۇ تاپتا لى شۇجى ياكى گاۋشۇجى، ئادىلجانلار ناهايىتى لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىغان غەزىپى پۈتۈن بەدىنىنى ئوت بولۇپ ئۆرتىمەكتە. ئۇ كەلگەن كۈنىدىن تارتىپلا مۇشۇ يەردىكى كۆپچىلىك ئادەملەر ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئىشلەپ كەلدى. كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىغا قارشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن ئېلىشتى. بۇنىڭ نېمىسى گۇناھ؟ بۆلۈم باشلىقى چىن، يېزا

باشلىقى تۇرسۇن ئۇنى قوللاشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىۋاتىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئەسلىنى ئۇنۇتقان ئادەم، مۇنۇ بۆلۈم باشلىقى چىنمۇ؟ ئەكبەر ئۇ ئادەمگە بىر مەزگىل ئىشەنگەن، ئۇنىڭ نەزەرىيىلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن نۇرغۇن تەر تۆككەنىدى. لېكىن ئەكبەر ھازىر بىلدى: ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت بۆلۈم باشلىقى چىن پەرەز قىلغاندەك قارا جاڭگال ئەمەسكەن. ئۇ بۆلۈم باشلىقى چىننىڭ نەزەرىيىلىرى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنى باي، پاراۋان قىلالايدۇ دەپ ئۈمىد قىلغانمۇ ئىدى. لېكىن مانا ئەمدى بۇ ئۈمىدىمۇ بىكار بولدى.

ئۇ ئۇزاق ئويلاپ ئولتۇرمىدى. مەنسۇرنىڭ ماتېرىيالى بىلەن ھىكمەتنىڭ ماتېرىيالىنى سومكىسىغا سالدى ـ دە، يېزىغا قاراپ يولغا چىقتى. «ياق، ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ، دەريانى كۆل بىلەن ئەتكىلى بولمايدۇ، دۇنيانى ساختىلىق بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بوراننى پۈدەپ توختاتقىلى بولمايدۇ! مەن بۈگۈن بۆلۈم باشلىقى چىننى تولۇق چۈشەندىم، مەن بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ھوشيار، تېخىمۇ غەيرەتلىك، تېخىمۇ چىڭ بولۇشۇم كېرەك. مانا بۈگۈن بۆلۈم باشلىقى چىن ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. مەن ئۇنىڭغا كۆپچىلىككە پايدا يەتكۈزىدىغان بىر ئادەم سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى باشقىلارنى دۇمبالاشتا؛ ئۆزىنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان نەزەرىيىلىرىنى ھەقىقەت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقىلارغا ھەيۋە قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر كالتەك سۈپىتىدە لازىم بولغان ئىكەنمەن. ياق، مەن كالتەك بولالمايمەن، مەن ھەقىقەت بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان كارناي بولۇشنى، باشقىلارنىڭ قورالى بولۇشنى ھەرگىز خالىمايمەن... ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىغا كۆزۈم يەتتى، كۆزۈم يەتكەنىكەن، تۇتۇشنى باشلىشىم، بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۇرمەسلىكىم لازىم...»

ئەكبەر يېزىدا لى زۇڭخۇا شۇجىنى تاپالمىدى. لى زۇڭخۇا ناھىيىدە يىغىندا ئىدى. ئەكبەر كەچقۇرۇنلۇقى ناھىيىگە قاراپ ماڭدى. چەكسىز كەتكەن ئېتىزلار قېلىن قار بىلەن چۈمكەلگەن، كەچكى سوغۇق كۈچەيگەن، قاياققىلا قارىساڭ ئاپئاق قار كۆزنى چېقىپ تۇرىدۇ. ئاۋرال ئېتىكىدىكى پاكار چاكاندىلارنىڭ قارسىز تۈۋىدىكى توشقانلار ئەكبەرگە شىكتىيىشىپ قارىشىدۇ، تىك چوققىدىن ئۇچقۇپ چىققان بۈركۈت ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇچماقتا... كەچكى قۇياشنىڭ نۇرى ئاپئاق دالانى نۇرلاندۇرۇپ، يىراقتىكى قاپتاللارنى ئەينەكتەك پاقىراتقان، ئەكبەر قارى بوشاپ قالغان يولدا تەرلەپ، ئىلدام ماڭماقتا ئىدى...

ئەكبەر ناھىيىگە قاراپ كېلىۋاتقاندا ئادىلجان ئۆز ئىشخانىسىدا يىغىلىپ قالغان ھۆججەتلەرنى ۋە دوكلاتلارنى كۆرۈۋاتاتتى.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ھۆججەت، دوكلاتلاردىن ئۆز ناھىيىسىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىغا جاۋاب، ئامال - چارىلارنى ئىزلەيتتى. پۈتۈن ناھىيىدە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، كىرىمنى كۆپەيتىش دولقۇنى قوزغاش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش... مانا بۇلار نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە ئىدى.

مۇشۇ ناھىيىدە تۇغۇلۇپ 46 يىلنى ئۆتكۈزگەن ئادىلجان كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك كىشى ئىدى... بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ يىگىتلىك چاغلىرىنى جاپالىق ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزگەن. بالىلىقىدا دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن يېزا مەكتىپىدە ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇۋالغان. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن تۇل ۋە كېسەلمەن ئانىسىغا قارىشىش ئۈچۈن بايلارنىڭ مېلىنى

باقان، قىشتا شەھەر بايلىرىنىڭ قورو خىزمەتچىسى بولۇپ يۈرگىنىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، قولىغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلغان، ئادىلجان 1948 - يىلى يەنە ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلگەن. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشتە بىرىنچى بولۇپ يومبىشچىكلارغا قارشى كۈرەش باشلىغان، دېھقانلار جەمئىيىتىگە مۇدىر بولغان. يېزا باشلىقى بولغان، يەر ئىسلاھاتىدا خىزمەت ئەترىتىگە قاتناشقان، تۇنجى ئىلى دېھقانلىرى قاتارىدا پارتىيىگە كىرگەن. شۇندىن باشلاپ رايونلۇق پارتكوم كاتىپى، رايون باشلىقى، يېزا شۇجىسى، مۇئاۋىن ھاكىم ۋە ناھىيىلىك پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا كۆرەشتىن بىر كۈنمۇ چەتتە تۇرغىنى يوق!

ئۇ خەلقتىن كەلگەن خەت - ئەرزلەرنى كۆرۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دۆۋە خەت - چەكلەر تۇراتتى. ئۇ بىر كانۋېرتنى يىرتتى - دە، مۇنۇ كەسكىن سۆزلەرنى ئوقۇدى: «ھەي ئادىلجان، بىز ئوغرىلىق قىلىپ پۇل تاپقىنىمىز يوق. ئاق قار، كۆك مۇزدا قار كېچىپ، مۇز قوچاقلاپ قومۇش سېتىپ پۇل تاپقان، نېمىشقا پۇلىمىزنى توڭلىتىپ قويىسەن؟ قېرى ئانامنى داۋالىتىشقا پۇل يوق، باللىرىم يىلىڭ - يالىڭاچ! پۇلنى بەرمىگەندىكىن مانا ئەمسە دەپ بىر كادىرنىڭ كارنىيىنى بوغدۇم. مۇشۇ بىر بوققىنىم ئۈچۈن ئىككى ھەپتىدىن بېرى يېزىغا بىكار ئىشلەپ بېرىۋاتىمەن. ئانام بىلەن باللىرىم نە ھالدا بىلەيمەن! . . .»

ئادىلجان كۆڭلۈمسىرىدى ۋە بۇ خەتنى بىر چەتكە ئايرىپ قويدى. ئۇ خەتلەرنى بىرمۇ - بىر ئوقۇدى، خەتلەرنىڭ كەينىگە ئۆز پىكرىنى يېزىپ قويدى. بەزىلىرىنى يانچۇقىغا قاتلاپ سالدى. . .

ئۇ ئەمدى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئۆزىگە سۇنغان ھۆججەتلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بۆلۈم باشلىقى

چېنىنىڭ «خەلق يېزىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپلىرىم» دېگەن دوكلاتى تۇراتتى. بۇ دوكلات بىۋاسىتە مەركىزىي كومىتېتقا، يەنە بىر نۇسخىسى غەربىي شىمالغا يوللانغان. مەركەز بۇ دوكلاتنى ئەستايىدىل كۆرۈپ بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدا ناھىيىلىك پارتكومغا قايتۇرغانىدى.

بۆلۈم باشلىقى چىن كىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بۇ دوكلاتنى يازدى، ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ دوكلاتنى ناھىيىلىك پارتكومدىن يوشۇردى؟ ئۇنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە بەرگەن يوليورۇقلىرى بىلەن دوكلاتتىكى پىكىرلەر ناھايىتى ئوخشاش، بۆلۈم باشلىقى چېنىنىڭ خاتا يوليورۇقلىرىغا گاۋشۇجى، ئادىلجانلار نۇرغۇن قېتىم تەنقىد بەرگەن.

ئادىلجان ھۆججەتلەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، موخوركا ئورىدى، ئۇ قاتتىق ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ بۆلۈم باشلىقى چىن ئۈستىدە ئويلاشقا باشلىدى: ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋاقتىدا ئادىلجان تۇرۇشلۇق كەنتكە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ لاۋچىن دېگەن مۇشۇ ئادەم كەلدى. ئۇ ئادەم ئەزالار يىغىنلىرىدا ماۋزۇرىنى بەندىڭ قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇزاق ۋە قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەيتتى. ئادىلجان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بار ئىخلاسى بىلەن ئاڭلايتتى. يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا لاۋچىن بىر يېزا خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئادىلجان ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئىدى. لاۋچىن ئادىلجاننى: «سىپى ئۆزىدىن يەرلىك ماتېرىيال» دەپ ماختايتتى. بىر كۈنى رايون بويىچە ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنى بولدى. لاۋچىن ئۆز ئەترىتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بېرىۋېتىپ، ئەترەت كادىرلىرى ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ئەمگەك قىلدى دېگەندە ئۆمرىدە يالغان گەپ قىلىپ كۆرمىگەن ئادىلجان ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ مۇشۇ لاۋچىن ئۆزىمۇ تۈزۈك بەش كۈن ئەمگەك قىلمىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ دەرھال

تۈزىتىش بەردى: «مۇشۇ گەپ جايىدا بولمىدى، كۆپ ئىشلىگەنلەر بىر ئاي، ئاخىرى بىر كۈنمىكىن» دەۋەتتى. كۆلكە كۆتۈرۈلدى. خىزمەت تۈەنىنىڭ باشلىقى هازىرقى ناهىيە شۇجىسى گاۋ زىنگلىن قاپىقنى تۈرۈپ «لاۋچىن، بۇ قانداق گەپ؟» دېدى. كاتىپمۇ ئادىلجاننىڭ پىكرىنى قوللىدى، لاۋچىننىڭ نىمىلەرنى دەپ قۇتۇلغانلىقى ئادىلجاننىڭ ئېسىدە يوق، ئەمما شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئادىلجانغا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگىنىنى ئادىلجان نۇرغۇن قېتىم سەزگەن...

يېقىنقى ئىشلارنى ئەسلىدى. «قاۋانلىق» قا بېرىپ قايتىشتا بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرىنىڭ غەيرىتى چوڭ، قاۋانلىقنى ئېچىشقا قەتئىي بەل باغلىغان. تۇرسۇن بولسا توسقۇنلۇق قىلغان. ئەكبەرنىڭ پىكرلىرى يوللۇق، قوللاش، ياردەم بېرىش لازىم، — دېگەنىدى ئادىلجان.

مانا بۈگۈن ئۈچىنچى ئەترەتتىكىلەر قاۋانلىققا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا بۆلۈم باشلىقى چىن ئۇيەردىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا چات كىرىۋاپتۇ، لىزۇڭخۇانىڭ دېيىشىچە، ناهىيىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئېغىزدا ماقۇل دەپ قويۇپ ئەمەلىيەتتە بۇزمىلاۋېتىپتۇ... ئادىلجان دوكلاتتىكى ئاستىغا قارا سىيادا بەلگە ئۇرۇلغان جايلارنى قايتا ئوقۇدى: «بۇ يەردە سىنىپي دۈشمەن ناهايىتى كۆپ، چوڭ ئەترەت ھوقۇقى دۈشمەنلەرگە ئۆتۈپ كەتكەن. چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلار گۇرۇھى پارتىيە ياچېيكىسىنى قامال قىلىۋالغان، ئۇلار كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەترەتلەرنى سودىگەرچىلىككە قۇتراتسا يېزا پارتكومىنىڭ، ناهىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇھىم ئادەملىرى ئۇلارنى قوللىماقتا. گەپ شۇ يەردىكى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى سىنىپي دۈشمەنلەر پارتىيە ئىچىدە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك گۇماشتىلىرىنى يېتىشتۈرۈۋالغان. مانا بۇلار سىنىپي

كۆرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى...»

ئادىلجان ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— خاتا، يولداش لاۋچىن! سىزنىڭ بىيوروكراتلىقىڭىز كۆزىڭىزگە قارا پەردە بولۇپ قالغان. بۇ قارا پەردە سىزگە ھەقىقەتنى كۆرسەتمەپتۇ. سىزگە دوست بىلەن دۈشمەننى، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنى ئايرىلاش قىلىپ كۆرستىشۈپتىپتۇ!

تىشتىك چېكىلدى. ئادىلجان:

— ھە، ھە، كىرىڭ! — دېدى.

ئۆيگە ئۇستى - بېشىنى قىراۋ باسقان ئەكبەر كىرىپ كەلدى. ئادىلجان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى:

— ھازىرلا كېلىشىڭىزمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ ئەكبەرگە ئىككى قولىنى تەڭلا سۇنۇپ.

— ئوتتۇر مەشەگىلا كەلدىم؟ — دېدى ئەكبەر ئادىلجاننىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

«ئوتتۇر» دېگەن سۆزدىن ئادىلجان ئەكبەرنىڭ مۇھىم ئىش بىلەن ئالدىراپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئەتكەن چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دائىم بىر تېرمۇستا ئىسسىق ئەتكەن چاي ساقلايتتى. ئادىلجان ئەكبەرنىڭ ئالدىغا بىر ئاپقۇر ئەتكەن چاي قويدى.

ئۇ ئۇچىنچى ئەترەتتە نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى:

— بىر دەم ئۇخلىۋالامسەن؟ — دېدى ئەكبەرگە كارىۋاتنى شەرەت قىلىپ، — لاۋلى ئاۋۇ ئۆيدە ئۇخلاۋاتىدۇ.

— مەن ئاۋۋال دەيدىغانلىرىمنى دەپ قورسىقىمنى بوشىتىۋالاي، — دېدى ئەكبەر كۈلۈمسىرەپ، — بولمىسا ئۇيقۇمۇ كەلمەيدۇ، گېلىمدىن غىزامۇ ئۆتمەيدۇ!

— ئۇنداق بولسا مەن لى زۇڭخوا بىلەن گاۋ شۇجىنى

ئويغىتاي دېدى ئادىلجان سىرتقا قاراپ مېڭىپ، - سەن تەپسىلىي سۆزلىگىن، بىز بىرلىكتە ئاڭلايلى، ئوبدان ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىڭ ئەكبەر!

ئەكبەر يولدا كەلگۈچە ئىككى مۇرىسىدە ئىككى ئېغىر تاش باردەك قىيىنچىلىق ھېس قىلغانىدى. مانا ئەمدى قاۋۇل قوللار بىردىنلا ئۇ تاشلارنى ئېلىپ تاشلىغاندەك بىر خىل يېنىكلىك ھېس قىلىشقا باشلىدى...

# يىگىرمە بىرىنچى باب

شۇ ئاخشىملا مىنبىگىلار مەنسۇر بىلەن ئەبلغازىنى چوڭ ئەترەتكە باشلاپ كەلدى. ئۇلارغا خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ ھېلىقى ياش ئەزاسى خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ قارارىنى ئوقتۇردى:

— تۆت خىل ئۇنسۇرلار بىلەن بىللە كونا بويى ئەمگەك قىلىسىلەر، — دېدى ياش يىگىت سۇرلۇك قىياپەتتە، — ئۈچ ۋاق تامىقىڭلارنى مۇشۇ يەردە يەيسىلەر. مىنبىگىلارنىڭ نازارىتىدە ئىشلەيسىلەر. رۇخسەتسىز سىرتقا چىقىشقا، بىرسى بىلەن سۆزلىشىشكە بولمايدۇ. كۈندۈزى ئەمگەك قىلىسىلەر، ئاخشىمى مەسىلە تاپشۇرۇسىلەر!

— تاپشۇرمىساقچۇ؟ — دېدى مەنسۇر ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن، — ئۇ چاغدا يەنە نېمىلەرنى قىلىسىلەر؟ بۇنىڭغىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويايلى!

شۇ چاغدا ئۆيگە يېزا باشلىقى تۇرسۇن كىرىپ كەلدى، ئۇ مەغرۇر قىياپەتتە مەنسۇر بىلەن ئەبلغازىغا كۆلۈمسىرەپ قارىدى. مەنسۇر گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمگەكنى قىلىمىز ئەمما بىرنەرسە تاپشۇرارمىكىن دەپ ئۈمىد قىلماڭلار!

يېزا باشلىقى تۇرسۇن مىيىقىدا كۈلدى:

— ھەر كىم ئۆز يولىنى ئۆزى تاللىۋالىدۇ. سىنىپىي كۈرەشنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق.

— بۇنىڭدا گەپ يوق، — دېدى مەنسۇر ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — يولدىن چىقما، خاندىن قورقما دېگەن گەپ بار، تاللىۋالىدىغان يەنە قانداق يول بولسۇن، دېھقانلارنىڭ چوڭ

يولىمۇ، چىغىر يولىمۇ يوشۇرۇن ئەمەسقۇ! قورسىقىدا تۇڭگۇز قاترايدىغان ئادەملەرلا داغدام يولنى يامان كۆرىدۇ. چاتقاللار ئارىسىدىن يول ئىزلەيدۇ. يۇر ئەبلغازى، قېنى بۇنىمۇ كۆرۈپ باقايلى.

باياتىن قىزىرىپ - تاتىرىپ، تاماكىسىنى غەزەپ بىلەن ئىچىگە تارتىپ ئولتۇرغان ئەبلغازى قولاقچىسىنى مۇجۇپ تۇتقىنىچە ئورنىدىن تۇردى، - دە، يېزا باشلىقىغا ئالىيىپ قاراپ:

— تۇغۇلۇپلا يەر تاتىلىغان ئادەملەرنىڭ بالىلىرى بىز، يەر تاتىلاپ يۇرۇپ بۇ دۇنيادىن ئۆتىمىز. يەر تاتىلاپ ئەمگەك قىلغانلارنىڭ بۇنچە گۇناھكار بولىدىغىنىنى بىلگەن بولسام تۇغۇلۇپلا بوغۇلۇۋالاتتىم! — دېدى.

— تۇغۇلغىنىڭغا پۇشايمان قىلغىچە يامانلىق قىلغىنىڭغا پۇشايمان قىل! — دېدى يېزا باشلىقى ئۇنىڭغا جاۋابەن، — سەن تېخى پارتىيە ئەزاسى، شۇنداق بەختيار زاماننى قەدىرلىمىگەن پارتىيە ئەزاسى ئۇچۇن تېخى بۇمۇ ئاز!

— قەدىرلىمىگەن؟ — ئەبلغازى بوسۇغىدا تۇرۇپ كەينىگە بۇرۇلدى، — قەدىرلىگەچكە سېنىڭ كوزۇڭگە سەت كۆرۈنگەندىمەن؟

يېزا باشلىقى تۇرسۇن تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ياپما قاپاقلىرى بىردىنلا ئىتقا خىرىس قىلغان مۇشۇكنىڭ قاپىقىدەك تۇرۇلدى. ئۇ ھېلىقى ياش يىگىتكە بۇيرۇق قىلدى:

— بۇلارنى ئۆز قولۇڭ بىلەن مىنبىگىلارغا تاپشۇرۇپ بەرگىن، ماڭ، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟

ياش يىگىت ئۇلارنى باش ئىشارىسى بىلەن ھەيدەپ ماڭدى.

— روھىڭنى چۇشەرمە ئەبلغازى! — دېدى مەنسۇر كېتىۋېتىپ، — ئۇلار بىزنى ئەمەس، قىسماققا ئۆزلىرىنى تۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ گېپىمنىڭ راستلىقىغا ئاز كۇندە ئىشىنىسەن!

مانا شۇندىن بۇيان ئۇلار نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلماقتا، ئۇلارنىڭ ئەمگەك قىلىشقا چىقىشىنى كۈتكەندەكلا بىردىنلا قار يېغىپ، غەربتىن سوغۇق ئېقىم كىردى، باھار پۇرىقى پەيدا بولغان يەر ئۈستى قايتىدىن توڭلىدى. چوڭ ئەترەتكە يىغىۋېلىنغان ئادەملەر ئىچىدە مەنسۇر بىلەن ئەبلغازىلار ۋارقىرىشىپ سۆزلىشىدىغان، قاقاقلاپ كۈلىشىدىغانلار. قالغانلىرى، كىرپە تېكىنىدەك يىرىك قارا ساقاللىرىغا يېپىشقان ئوت - خەسلەرنى ئېلىۋېتىشنىمۇ خالىمايدىغان ھىدىلىشا، بېلىنى ئىنچىكە چىگە بىلەن باغلىۋېلىپ، ئۇزۇن پەشمىتىنىڭ پېشىنى دەسسىۋېلىپ پات - پاتلا يىقىلىپ چۈشۈدىغان ھېيتەك ۋە لام - جىم دېمەيلا يەرگە قاراپ يۈرىدىغان ئىككى باي دېھقان...

ئۇلار قەھرىتان سەھەردە چوڭ ئەترەت ھويلىسىدا تۈنۈگۈن قومۇرغان قارىياغاچ كۆتەكلىرىنى پېشاڭلار بىلەن گوداڭدىن چىقارماقتا.

مەنسۇر قاردا توڭلاپ قالغان بادرىنى مۈزلىرى بىلەنلا يۇلۇۋالدى - دە، كۆتەكنىڭ تېگىگە تىقىپ:

— ھىدىلشا، ياستۇق كۆتەكنى قوي! — دېدى. ھىدىلشا ئاغزىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق شورىۋېلىپ قىيسىقا كۆرەك جۇۋىسىنىڭ يەڭلىرى بىلەن كۆتەكنى دومىلاتتى.

ئەبلغازى جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلاپ كۆتەكنى يەردىن يۇلۇۋالدى - دە:

— جېنىڭنى نېمىگە ئايايسەن؟ — دېدى ئالىيىپ.

ھىدىلشا زەھەرلىك كۈلۈپ قويۇپ:

— ئەسقېتىپ قالار بىر كۈنى... — دەپ غۇدۇڭشىدى.

— سەن جېنىڭنى تىكىپ قويغان ئۇ جەمئىيەت مۇنۇ كۆتەكتەك يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلغان! — دېدى مەنسۇر مۈرىسىدىكى پېشاڭنى سەل بوشىتىپ، ھاسىراپ تۇرۇپ، — قومۇرۇلغان كۆتەكتىن چىققان شوڭنى كۆرۈپ بوسناندا

سايىدايدىغان بولدۇم دەپ خام خىيال قىلىۋاتامسەن؟

— ئىتنىڭ جىنى نىمىگە ئەسقىتاتتى؟ — دېدى ئەبىلغازىمۇ.

— قويساڭلارا، — دېدى شۇمشىيىپ ئولتۇرغان ھېيتەك ھىجىيىپ، — تالاشقۇدەك نىمە قالدى، بىر قوتانغا سولاندۇقمۇ، قوتاندا بارىغا شۈكرى قىلايلىلا ۋايىەي!....

— شۇ دە!...

—ھى - ھى ....! — ئىككى باي دېھقانىمۇ زوۋان كىردى.

ئەبىلغازى بۇلارنىڭ كۆلكە ۋە گەپلىرىنى خورلۇق دەپ بىلدى - دە، مۇشتۇملىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— قارىغۇ قۇشچى بۈركۈت بىلەن قوزغۇننى بىر قەپەزگە سولاپ قويغان، سەنلەر قانداق قىلىپ بىز بىلەن تەڭ بولالايتتىڭ؟

— نەرقىمىز ئوخشاپ قالدى ئەبىلغازى! — دەپ ھىجايدى كۆزلىرى يۇمۇق، كوسا باي دېھقان يوتەل ئارىلاش خىرىلداپ، — بىز قىلىۋالمىدۇق، ئۆزۈڭلار!

— تۇفى! ئىتنىڭ ئاغزىدىن ئاشقان خام پاتاڭ! — دېدى ئەبىلغازى ئۇنىڭغا ھۇمىيىپ، — سەن بىلەن بىز قانداقمۇ ئوخشاش بولاتتۇق؟

— رەنجىمە ئەبىلغازى! — دېدى مەنسۇر ئاچچىق كۈلۈپ، — قارىغۇ قۇشچى بولىدۇ دېدىڭغۇ! ئالتۇننى دەسسەپ تۇرۇپ توقۇم ئوغرىلايدىغان قارىغۇ ئوغرىمۇ بولىدۇ، قارىمامسەن، ئاۋۇ روزىمەتنىڭ گىدىيىپ مېڭىشىنى! — ئۇلار ھويلىنىڭ سىرتىغا قاراشتى. روزىمەت خۇرۇم پەلتو، بېشىغا قاما قۇلاقچا، پۇتىغا ئىپسىل ئۆتۈك - كالاچ كىيگەن، قوللىرىنى پەلتونىڭ يانچۇقىغا سالغان ھالدا ھويلىغا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىشلەۋاتقانلارغا قاراپ قويدى - دە، سول قولىنى چىقىرىپ سائىتىگە قارىدى.

ئەبلغازى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قاراپ:

— ھەي قۇماي، ئەتىگەندە چاشقان ئۆلۈكى ئىزلەپ يۈرەمسەن؟ — دېدى.

— تىللىماڭ ئەترەت باشلىقى! — دېدى روزىمەت تەنە بىلەن كۈلۈپ، — ھەر كىم ئۆز رىسقىسى بىلەن، سىزگە ئەتىگەندە خېلىلا يوغان كۆتەك نېسىپ بوپتۇ، مەرھەمەت قىلىپ چوقۇۋەرمەمسىز!

— كۆتەك بولسىمۇ بۇ كۆپچىلىكنىڭ، چوقۇساقمۇ، كولىساقمۇ ئۆز يېرىمىز، ئۆز ئەركىمىز! — دېدى ئەبلغازى، — تەر تۆكمىسەك گېلىمىزدىن غىزا ئۆتمەيدۇ! سەنچۇ؟ قۇماي، قوزغۇن، ئىپلاس نەرسە يېمىسەڭ ئۆزىقۇڭ كەلمەيدۇ!

— ئەڭگىزىڭىز ئىشىپ كېتىپتۇ ئەترەت باشلىقى! — دېدى ئۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن گېپىدىن، — باشلىقلاردىن رۇخسەت ئېلىپ بېرەي، ھېچ بولمىسا كاساڭ قورايدا ھودۇنۇپ، تەلىنىۋېلىڭا!

— تىلىڭنى يىغ ناكەس! — دېدى مەنسۇر غەزەپ بىلەن ئالدىغا مېڭىپ، — سېنىڭ شەپقىتىڭ داداڭدىن ئۆرگەلسۇن. يوقال كۆزۈمدىن!

شۇ چاغدا پېشايۋاندا يېزا باشلىقى تۇرسۇن پەيدا بولدى. روزىمەت يېزا باشلىقىغا قاراپ:

— توك قاغىلار توك تېزەك تالىشىپ چوقۇرلىشىۋاتقان ئىكەن، ماڭىمۇ!....

لۆڭگىسىنى مورىسىگە سېلىۋېلىپ چىشىنى چوتكا بىلەن يۇيۇۋاتقان يېزا باشلىقى مەنسۇرلەر تەرەپكە يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ روزىمەتنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

مەنسۇر چىشىنى غۇچۇرلىتىپ كۆتەكنى كۈچ بىلەن پىشاڭلىدى. ئەبلغازى قوللىرى بىلەن بېلىگە تايىنىپ ۋارقىرىدى:

— بۇ خورلۇقنىڭ چېكى بارمۇ ـ يوق مەنسۇركا! نېمىشقا بىز بۇ يەردە خورلىنىمىز، تۆپىمىزدە قاراپ تۇرغان پارتىيە بارغۇ! نېمىشقا ھال ـ دەردىمىزنى ئېيتالمايمىز؟

مەنسۇر بۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ:

— نېمىگە قاينايسەن، پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىغا داد دېمىگەن ئوغۇل بالا تۇرۇپ بۇلارنىڭ يولسىزلىقىغا نېمانچە قاخشايسەن! ئەكبەر كەلگۈچە چىشىمىزنى چىشلەپ چىداپ تۇرايلى، لاي سۇ ئاققان ئېرىقتا سۈزۈك سۇمۇ ئېقىپ قالار!

مەنسۇرنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇنۇ سۆزلىرى ئەبلغازىغا سەۋر ـ تاقەت ۋە غەيرەت بېغىشلىدى. ئۇ ھېيتەكلەرگە بۇرۇلدى ـ دە:

— تۇرۇشمامسەن! مۇنۇ كۆتەكلەرنى چىقىرىپ بولۇپ گوداڭلارنى تۈزلىۋېتەيلى، بەربىر بۇ كۆپچىلىك قىلىدىغان ئىش. بەس سالىدىغان يېرىڭگە بېرىپ بەس سېلىشۋال!

ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئولتۇرغان پومېشچىك، باي دېھقانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، يەر ئاستىدىن ئالىسىپ قويۇپ گوداڭغا چۈشۈشتى.

ئۇلار ئەمدى قىزىپ جۇۋىلىرىنى سېلىشقاندا مەنسۇر بىلەن ئەبلغازى قولاقچىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ پېشانىسىدىن پۇرقىراپ چىققان ھورنى ئالقانلىرى بىلەن سۈرتۈۋاتاتتى. . .

ھويلىغا بوز ئېتىنى ئويناقلىتىپ ئاسىم كىرىپ كەلدى. ئۇ مەنسۇرلەرنىڭ يېنىغا كەلدى:

— نېمانچە ئەتىگەن ئىشقا چىقتىڭلار ھوي!

— بۇيرۇق شۇنداق! — دېدى ئەبلغازى زەردە بىلەن، — مۇنۇ ھېيتەكلەرگە ھەقسىز ئىشلەپ چالىسى قالغان چېغى. چالىسىنى مۇنۇ يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا تۆلەيدىكەنمىز. كۈنىگە 12 سائەت ئەمگەك قىلىسىلەر دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

— نىم قىلىۋېرەمدىغاندۇ بۇ تۇرسۇن! — دېدى ئاسىم خاپا

بولۇپ، — بۆلۇم باشلىقى چىن دېگەن ئادەممۇ ئانچىلا نىم قىلىپ كەتمەيدىغان ئوخشايدىلا!

— مەنمۇ شۇ ئادەم ئاق - قارىنى پەرق قىلالارمىكىن دەپ ئويلىۋېدىم، ئۇ ئادەممۇ تۇرسۇننىڭ تىككەن چاپىنىغا دەزمال بېسىپ بېرىدىغاندەك قىلىدۇغۇ!

— سىلەر بىلەن سۆزلەشمىدىمۇ تېخى؟

— سۆزلەشمەيدىغان ئوخشايدۇ. مەن نەچچە قېتىم سۆزلىشەي، گەپنىڭ ئۇڭ - تەتۈرىنى ئۇقتۇراي دەپ كىردىم. ئۇ كىشىگە زادىلا خۇشياقمىدى، قاپىقىمۇ ئېچىلمىدى. رايىم قايتتى. قېنى هارۋىنى بىر يانغا سۈرەۋەرسۇن دەپ قويۇپ بەردىم. ئۈچ كۈن بولدى ئەمگەككە سېلىۋاتىدۇ. تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئاشتىدىن بۇرۇنمۇ ئىشلىتىدىغان بولۇۋالدى. تاماقىمۇ ئۆيگە ئەۋەتمەيۋاتىدۇ. ئاڭلىسام سەنمۇ خىزمەتتىن قول ئۈزگەن ئوخشايسەن، بۇ قىلغىنىڭ بولماپتۇ ئاسىم، نېمىلا بولمىسۇن ئەكبەر كەلگۈچە ئىشلە!

— كېپىڭ ئاقمىسا ئىشلەپ نېمە قىلىسەن، — دېدى ئاسىم قامچىسى بىلەن ئېتىنىڭ يايلىنى تاراپ تۇرۇپ، — بۈگۈن يىلقا باقاي دەپ چىقتىم. مەن بۇرۇندىلا يىلقىچى ئىدىم. سىڭگەن زاغرامنى يېمەي نېمىشقىمۇ چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى قىلغاندىمەن، دەپ كېچىدىن بېرى ئۆز گۆشۈمنى-ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ چىقتىم!

— بولماپتۇ! — دېدى مەنسۇر ئۇنىڭ ئۈزۈنگىگە بېغىنى باشقىدىن ئۆزارتىپ تۇرۇپ، — سەۋر قىلايلى، ئەكبەرنى كۈتەيلى! ئۇلارنىڭ يېنىغا مىنبىك يېگىت كەلدى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ، پۈتى بىلەن قارنى تاتلاپ:

— مەنسۇركا باشقىلار بىلەن سۆزلەشمىسۇن دېگەنىدى!

دېدى.

— ئاسىم چەت ئەللىك ئەمەس، — دېدى مەنسۇر كۈلۈپ

قويۇپ، — ئېيتىپ قوي مەنسۇر گورۇھنىڭ ئادەملىرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۇلار يېقىندا قوزغالماقچى!

ئاسىم، ئەبلغازىلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى.

— سېنىڭچە بولغاندا مەنسۇر خىزمەتتىن قول ئۈزمىگىنىم ياخشىكەن ـ دە؟ — مەنسۇرنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئاسىم «خىزمەت تاشلاش» قارارىدىن يالتايغانىدى.

— شۇنداق قىل، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ئادىمىمىز قالمىسا قانداق بولىدۇ؛ ئەخمەتجاننى ئەكبەرنىڭ غالچىسى دەپ كاتىپلىقتىن ئېلىپ تاشلاپ ۋاقىتلىق باشقا ئىشلارغا سېلىپ قويۇپتۇ. سەن بولساڭمۇ ئۇستەلنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئۇرۇن تۇتۇپ تۇرمىساڭ قانداق بولغىنى! — ئەبلغازىمۇ ئاسىمغا مەدەت بەردى. ئاسىم ئېتىدىن چۈشتى ـ دە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ قامچىسى بىلەن قارغا سىزىپ تۇرۇپ:

— بۇلارغا دەپ قويۇپلا چارۋا ئەترەتكە بېرىپ نىم قىلىۋېرەي دېۋىدىم، راست مەن چەتكە چىقسام چوڭ ئەترەتتە بىزدىن ئادەم قالمايدىكەن، قېنى ئەمىسە ئەكبەر كەلگۈچە نىم قىپ تۇراي، — دېدى.

— پۇل توغرىسىدا ناھىيىدە نېمە دېيىشكەنتى؟

— توڭلىتىش توغرا ئەمەس دېيىشكەن. بۇلۇم باشلىقى چىنغا تېلېفونمۇ بەرگەن ئوخشايدۇ. بۇلار بەرمەسنىڭ قازىنىنى ئېسىپ بۇ پۇلغا يېزىغا مېھمانخانا سالىمىز، ماشىنا ئالىمىز دېيىشىپ يۈرۈشىدىغۇ!

— ياخشى، قانچە كەينىگە سۈرسە ئۆزىنىڭ پۇتىنى شۇنچە چىڭ چۈشەيدۇ، — دېدى مەنسۇر تەرلىگەن بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — كۆپنىڭ پۇلى ئۇچاقنىڭ كۈلى ئەمەس، ئېپچىقىپ توكۇۋېرىدىغانغا!

سېرىق تاغنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىن قۇياش قىزىرىپ چىقتى. قىراۋ بىلەن باراقسان بولغان دەرەخلەردىن ئۇچقۇنلار

چۈشتى. چوڭ ئەترەت ماخوسىنىڭ ئۆگزىسىدىكى ئېگىز پېسقىلىق پېدىگە قونغان قاغىلار تومشۇقلىرى بىلەن ئاپئاق، قىراۋ باسقان دومبىلىرىنى تاتىلاپ قويۇشۇپ «قاق - قۇق!» قىلىشىپ ئۇچۇشتى. ئاسىم ئۇچقان قاغىلارغا قاراپ:

— قارغا قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خوش ئېتىدۇ دېگەن گەپ بارھە مەنسۇر؟ بۇ ھىكمەتۋاينىڭ قىن - قېنىغا پاتمايۋاتقىنىنى دېمەمسەن! ئۇنىڭغا مەھەللە تار كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر سالام - سائىتىمۇ تۈگىدى، ساندۇقتىكى ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ ماگىزىنغا روزىمەتنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى چوڭ ئەترەتنىڭ ھوقۇقىنى قولغا ئاپتۇ، ئۇنىڭ بۇنچىلىك مەنسەپ خۇمارى ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىكەنمەن، بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، ھىكمەتتەك ئادەملەرنىڭ شېرىن سۆزلىرى ئېمىشقا شۇنچە تولا ئىكەنلىكىنىڭ سىرىنى بىلىۋالدۇق.

— ئەزىزىخان يەنە ئاينىدىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ئەبلغازى.

— ئاينىغىنىنى ئۇققىلى بولمايدۇ، ئۇ بالىدا نېمە گۇناھ؟ تۇرسۇن ماڭا ئۇنى چوڭ ئەترەتكە كاتىپ قىلىۋالساق قانداق دەپ مەسلىھەت سېلىۋىدى، مەن ئەخمەتجانچۇ؟ دېۋىدىم جىمىپ قالدى.

— سونۇر تېخىلا شۇ ئايالنىڭ!...

نەق شۇ چاغدا چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىدىن بۆلۈم باشلىقى چىن جۇۋا يېپىنچاقلاپ چىقتى - دە، ئاسىمغا قاراپ:

— چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم، ياخشى كەپسىز، ئىشخانىغا كىرىڭ! — دېدى.

ئاسىم مەنسۇرغا تاماكىسىنى بەردى - دە:

— ئۇنداق بولسا سىلەر توغرىلىق بىر سۆزلىشىپ باقاي، يومبىشچىك بىلەن ئوخشاش قىلىپ قويغىنى نېمىسى؟ — دېدى.

ئاينۇر كورىدا چاي ئېلىپ كەلدى. مەنسۇر ئورنىدىن تۇرۇپ

ئۆزلىرى ياتاق قىلىۋالغان ئەسكى ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى ـ دە:
— ئەبىلغازى، ھېيتەكلەرگىمۇ ئېيت، دەم ئالمىز! — دېدى.

ئۆز ۋاقتىدا — بۇ ھەشەمەتلىك قورۇسىدا مۇنۇ مۇكچىيىپ يۈرگەن ھېيتەكلەر ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرگەن چاغلاردا مۇشۇ ئۆي مالايلار ياتىدىغان ھۇجرا ئىدى. بىرلا چوك لىم، قالغىنى بادرىلار بىلەن يېپىلغان قومۇش، شاخ ـ شۇمبىلىرى ئىستىن قارىيىپ كەتكەن بۇ ئۆي مەنسۇرغىمۇ، ئەبىلغازىغىمۇ تونۇش ئىدى. زىغىر پاخىلى سېلىنغان سۇپىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەبىلغازى ئۈستىدىكى لىمغا قارىدى:

— ئاۋۇ قارلىغاچ ئۇگىسىغا كەم بولغاندا 25 يىل بولدى، — دېدى ئۇ مەنسۇرغا قاراپ، — مەن بىسمىللىسىغا ئۆكۈز ساپان تۇتقان يىلى ئۆكۈزنىڭ پۇتىغا چىش ئۇرۇۋالدىم. قانداق قىلارمەن دەپ ئاخشىمى نەق مۇشۇ يەردە ئۇخدا ياتسام بىر مۇشۇك ئاشۇ قارلىغاچ ئۇگىسىغا قاراپ كېتىپ بېرىپتۇ. ئېڭىشىۋېدىم قولۇمغا قۇم چۈگۈن چىقىپتۇ. قويۇۋېدىم مۇشۇك مىياۋلاپ جان ئۈزدى. . . قارا، شۇ قالىغاچ چاڭگىسى هازىرمۇ باركەن. . .

ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۆيگە جەننەتخان بىلەن دىلەبىساخان كورىلاردا چاي، داستىخانلارغا يۆگەپ تاماق ئېلىپ كىرىپ كېلىشتى، دىلەيساخان كىرىپلا مەنسۇرنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلاپ كەتتى:

— جاپادىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئاكام. ئۆتمۈشتىمۇ تارتتىڭ، كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىنى دەپ بىر كۈن راھەتقىنا ئۇخلىمىدىڭ، بۈگۈنكى كۈندىزە بىر ناكەسنىڭ گېپى بىلەن. .

-- يىغلىماڭ! — دېدى مەنسۇر ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، — كۆز يېشى بىلەن ماڭا سەۋرى بېرەلەيتتىڭىزمۇ؟

دىلەيساخان دەرھال توختىدى. ئۇلار زىغىر پاخىلى ئۈستىگە تۆگىرەك بولۇپ ئولتۇرۇشتى، ئايىنۇر ئىسلىشىپ تۇرغان

مەشنى چۆخچىلاپ يېرىندىلارنى سېلىپ پۆلىدى.

— ئالغىنا ئاكا، — دېدى دىلدىساخان ھور چىقىپ تۇرغان بىر لىگەن قازان نېنىنى پارچىلاپ تۇرۇپ، — سېنى چوڭ ئەترەتكە ئېپكىلىۋاپتۇ دەپ ئاڭلاپ كېچىچە ئۇيقۇم كېلەمدىغان، كۆڭلۈمگە كەلمىگەن خىياللار كېلىپ... — ئۇ يەنە ياغلىقىنى كۆزىگە ئاپاردى.

— كۆز يېشىڭىزنى ئۆلمىمىگەنمۇ ئاياپ قويۇڭ! — دېدى مەنسۇر كۈلۈپ تۇرۇپ، — تۇرسۇن كۆرۈپ قالسا ماڭا چىدىماي يىغلاۋېتىپتۇ دەپ قالمىسۇن يەنە!

— ئۇ ـ ئۇش! — دېدى دىلەيساخان كۈلۈپ كېتىپ، — ئاغزى ـ بۇرنۇمغىچە تويغانىمەنەي...

ئۇلار ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقاندا كوساباي دېھقانىنىڭ ۋات ـ ۋات ئايالى تور ياغلىقىغا ئورۇلۇپ كىرىپ كەلدى ـ دە:

— خويمۇ ياخشى مەش باركەنغۇ، ئاۋۇلارمۇ كىرسۇنلا! — دېدى.

— كىرسۇن، ھېيتۇاقى باي مالايلىرىغا دەپ سالغۇزغان مۇنۇ ئايۋان ـ سارايلىرىنىڭ راھىتىدىن قۇرۇق قالمىسۇن! —دېدى ئەبلغازى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھېيتەكلەر كىرىپ داستىخانلىرىنى سېلىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن بولسا ئەبلغازى قىزىقچىلىق قىلىپ:

— يۇقىرى ئۆتسىلە ھېيتۇاقى ھاجىم، دېگەن بىلەن مالايلار ھۇجرىسىغا قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇ. مالايلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇشلىرى تۇنجى قېتىمغۇ دەيمەن؟ — دېدى.

— راست دېدىڭ بۇرگە! — دېدى سېۋەتباش خوتۇن ئەبلغازىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى لەقىمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، — ھېيتۇاقى ھاجىم تېخى يەنە بىر قېتىم ھەج قىلغاندا ھەممەيەر بولۇپ قالامسەن تېخى!

— مېنىڭ بىلەن ھەج قىلىپ ھاجىم ساۋاب تاپالمايدۇ.

نېمىشقا دېسىلە جەننەتكە بىللە كىرىۋالسام ھېيتۋاقى ھاجىمغا ئارام بەرمەيمەن. ئاتا - بوۋامنىڭ ھەققىگە بوغۇلغان دەپ دەۋا قىلىپ تۇرۇۋالىمەن. دەۋايىم ئېقىپ قالسا ھاجىم يەنە دوزىقى بولۇپ كېتىدۇ - دە!

ئۈيگە مىنبىكى بالا كىردى. ئۇ تارتىنىپ تۇرۇپ:

— مەنسۇركام بىلەن ئەبىلغازىكامنى خىزمەت گورۇپپىسىدىن چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

— مانا ھەجگە ماڭدۇق! — دېدى ئەبلغازى ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار چىقىپ كېتىش بىلەن دىلەيساخان ئورنىدىن تۇردى:

— كەتمەي تۇرغىن جەننەت، ھازىرلا كېلىمەن! — دەپ تالاغا ماڭدى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سېۋەتباش خوتۇن بىلەن كۆسا باي دېھقانىنىڭ ئالغاي خوتۇنىنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى:

— ۋاي - ۋۇي بۇ دۇنيا دېگەن مۇشۇنچىلىكلا، «بۇ دۆلەت سەندە قالماس، بۇ مەينەت مەندە» دەپتىكەن، بىر مەھەل ۋاي مەنسۇر، ۋاي ئەبىلغازى بولۇپ كېتىشۈېدى، مانا ئەمدى ئۇچۇپ يەرگە چۈشتى!

— ئامەت سونۇر تۆگىگە كەپتۇ! — دېدى سېۋەتباش خوتۇن پاخما بېشىنى ياغلىقى بىلەن قوشۇپ تاتىلاپ تۇرۇپ، — لاچىندەك چوكانىنى ئالىدىغان بوپتۇ.

— ۋاي كىمنى؟

— ئەزىزەم ماشىنچىنى.

— مۇئەللىم قىزنى چۆرۈپتۇ - دە؟

— چۆرەمدىغان، — دېدى ئالغاي خوتۇن ئاينۇرغا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ، — مانا كۆينەككە يېپەكتىن گۈل چەككەن بىلەن سىڭشمەيدۇ. پاتمە مۇئەللىمنىڭ خىلىمىدى ئۇ تۆگە! قىزنىڭ ئەقلى جورۇپتۇ. بىر ئوبدان شۇجىنى تېپىۋاپتۇ.

— شۇ گەپ راستمىدۇ؟

— يالغان گەپ ئەل ئېغىزىغا چىقمامدۇ، — دېدى ئالغاي خوتۇن يەنە ئاينۇرغا قاراپ قويۇپ، — شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن نەچچە رەت كۆردۈم تېخى!

— نېمىنى؟

— نېمىنى بولاتتى، ئەكبەر بىلەن پاتىمە مۇئەللىمنىڭ يالغۇز كوچىلاردا كېچىلەپ يېتىلىشىپ يۈرگىنىنى!

خوتۇنلارمۇ، ئەرلەرمۇ قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. جەننەتخان غەزەپ بىلەن ئۇلارغا ۋارقىرىدى:

— قايسى تۆشۈكتىن ئىغۋا چىقارغىن دەپ يۈراپ يۈرىدىغان زۇغۇي دەللە، كۆرگىنىڭ يالغان، يالغان سۆزلىگەن تىلىڭ قۇرىسۇن!

ھېيتەكلەر ۋە ئاياللىرى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇقسۇ قۇيۇۋەتكەندەك بىردىنلا ئۆز كويىغا چۈشتى. ھېيتەك دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— قىنى ئەمسە، ئاللا ھۇممە رەبىنا. . .

مەنسۇر بىلەن ئەبلغازى قايتىپ كىرگەندە تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئاينۇر داستىخان يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ دادىسىنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. مەنسۇرنىڭ بۇرۇتلىرى تىك - تىك بولۇپ كەتكەن، قوۋۇز گۆشلىرى لىپىلداپتتى. كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. قىز دادىسىنىڭ ئالدىغا باردى - دە:

— دادا بىز بۇ مەھەللىدىن يىراق يۇرتقا كۆچۈپ كېتەيلى! — دېدى. بۇنى قىزنىڭ ئاتا ئۈچۈن قىلىۋاتقان غەمخورلۇقى دەپ چۈشەنگەن مەنسۇر قىزنىڭ قويۇق، قاپ - قارا چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— روھىڭ چۈشمىسۇن قىزىم، ئۆتۈپ كېتىدۇ، غەيرەت، سەۋر - تاقەت بىزگە ئەڭ ياخشى ياردەم، ھەرقانداق

مۇشكۇلچىلىك مانا مۇشۇ غەيرەت، سەۋر - تاقەتتىن قورقىدۇ. چىشىمىزنى چىشلەپ بىرنەچچە كۈننى، بىرنەچچە ئاينى ھەتتا بىرنەچچە يىللىنى ئۆتكۈزسەكلا خاپىلىقلىرىمىز بىراقلا خۇشاللىققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ھازىرقى ھالىمىزنى ئەسلىگەندە بىز ئۆزىمىزدىن رازى بولىدىغان بولايلى. ھەرگىزمۇ ھازىر ئۈچۈن كەلگۈسىدە يۈزىمىز قىزىرىدىغان ئىشنى قىلمايلى بالام!

قىز بېشىنى دادىسىنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە قويدى. ئۇ دادىسىنىڭ دۇپ - دۇپ قىلىپ سالماق بىلەن ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىدىن ئاشۇ غەيرەت سەۋر - تاقەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئىشەنچ ساداسىنى ئاڭلىماقتا ئىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى تۇرۇشلۇق جاينى شەرەت قىلىپ قىز:

— ئۇلار نېمە دېدى دادا؟ — دەپ سورىدى.

— ئاخشاملىققا پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە مەسىلە تاپشۇرىسىلەر دەپ ئۇقتۇردى.

— قانداق قىلىسەن ئەمدى دادا؟

— گومىنداڭنىڭ ئوقىمۇ داداڭنىڭ قولىنى كۆتەرتكۈزەلمىگەن قىزىم، تەكشۈرمەيمەن، بىر كۈنى ئۆزۈڭلارنى تەكشۈرتكۈزىمەن دېدىم!

— يۈر دادا ئۆيگە كېتەيلى، ئۇلار سېنى ھېچنىمە قىلالمايدۇ. بىزنىڭ ئەترەتنىڭ ئادەملىرى سېنى قايتۇرۇپ كېلىمىز، مەجبۇري ئەمگەككە بەرمەيمىز دېيىشىپ كەلگىلى قالدى. يۈر، ئۇلار كەلگۈچە ئۆزۈڭ قايتىپ كەتكىن.

قىز دادىسىنىڭ قولىدىن تارتتى. مەنسۇر بىر ئاز ئويلاندى. دە، باياتىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ئەبلغازىغا قاراپ قوللىرىنى شىلتىدى:

— ئەبلغازى، يۈر كەتتۇق! — دېدى ئۈنلۈك ۋارقىراپ.

شۇ كۈنى كېچىسى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تۇرۇشلۇق

ئۆيىدىن پارتىيە ياچېيكا ھەيئەتلىرى بېشى ساڭگىلىغان، روھى چۈشكەن ھالدا چىقىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرىمۇ، يۆتىلۈشلىرىمۇ سورلۇك ۋە قايغۇلۇق ئىدى.

پېرىم كېچىدە مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەرەتكالىقنىڭ يېنىدا روزاخۇن پەيدا بولدى. ئۇ مەيدىسىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن، بۇرۇتلىرى تىك - تىك بولۇپ كەتكەن ھالدا يولدا توختىدى؛ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: تۈنجى پارتىيە ئەزاسىدىن بىرسىنى پارتىيىدىن چىقىرىشتى. مەنسۇرنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ ياق، بۇنداق قاراشقا چىدىغىلى بولمايدۇ، بۇنداق خورلۇققا چىدىغىلى بولمايدۇ! — دېدى.

ئۇ ھازىرلا پارتىيە ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىدىن چىققان ئىدى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن مەنسۇرنىڭ جىنايەتلىرىنى ئوقۇپ بەردى. مەنسۇرنى چەت ئەلگە قېچىشقا ئۇرۇنغان دېگەن جىنايەت بىلەن پارتىيىدىن چىقىرىشنى قارار قىلىپ، يۇقىرىغا يوللىغانىدى. ئوقۇلۇۋاتقان ماتېرىيال ئادەمنى چۆچۈتكىدەك ئىدى. گويا مەنسۇر، ئەبلىغازىلار چەت ئەلگە قېچىش ئۈچۈن گورۇھ ئۇيۇشتۇرغان، ئۇلار ئالىكسەي بىلەن نۇرغۇن قېتىملاپ خەت يېزىشقان، ئالىكسەينىڭ خېتى كۆپچىلىككە ئوقۇپ بېرىلدى. بۇمۇ ھەيئەتلەر ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن يېڭىلىق ئىدى، لېكىن ئۇلار ھامان مەنسۇرنىڭ بۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇلغان «جىنايەت ماتېرىيالى» مەخپىي دەپ ئېلان قىلىنغاچقا، يىغىن ئاددىيلا ئاياغلاشقانىدى. يىغىن ئاخىرىدا يېزا باشلىقى:

— مانا ئەمدىكى گەپ، ئاۋۋال كادىرلار ئىچىدە مەنسۇرنى پىپەن قىلىش، كېيىن كۆپچىلىك ئىچىدە پىپەن قىلىش! — دېدى. روزاخۇن بوۋاي شۇ يىغىندىن چىقىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ يەردىن ئازراق توپا ئېلىپ غىجىملاپ تۇتتى. بۇ يەر مەنسۇرنىڭ دادىسىنىڭ تۇپرىقى ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا

دەھشەتلىك بىر مەنزىرە گەۋدىلەندى:

1943 - يىلى ئەتىياز، گومىنداڭ چېرىكلىرى ئالۋاڭ تۆلىيەلمىگەن بىر قېرى بوۋاينى باغلاپ ئۇرۇۋاتاتتى. بوۋاينىڭ قانغا بويالغان گەۋدىسىنى كۆرگەن ماھمۇت ئىككى چېرىكنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، بوۋاينى قاچۇرۇۋەتتى. شۇ كۈنىلا ئون نەچچە چېرىك كەلدى. ئۇلار ماھمۇتنى تېپىش ئۈچۈن ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ، ئادەملەرنى ئۇرۇپ، ئۆيلەرنى ئاختۇردى. ماھمۇت تېپىلمىدى! ئۇلار ماھمۇتنىڭ ئانىسى زورەم مومايىنى سۆرەپ ئېپچىقتى. مومايىنىڭ چاچلىرى چۇگۇلغان، قولى كەينىگە باغلانغان، پېشانىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن قان ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى بويىغان. نەيزىلەر يالت - يۇلت قىلىدۇ. موماي كوچىدا سازايى قىلىنىۋاتاتتى، ئەللىك بېشى جار سالماقتا: خالايىقلار ئاڭلىمىدىم دېمەڭلەر، ماھمۇت تېپىلمىسا مۇنۇ قېرى جەددال تىرىك پېتى مىچىت ئالدىدىكى تېرەككە مىخلىنىدۇ!

موماي ۋارقىرىماقتا: «كۆرۈنمە بالام! مېنىڭ قېرى جېنىمغا مەيلى، ئۇرۇق ئەۋلادىمىزنىڭ ئەنتى ئۈچۈن سەن ئامان قال! خەير يۇرت، خەير جامائەت!...»

كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى — مومايىنى سازايى قىلىپ بىر ئۆينىڭ دوخمۇشىغا ئېلىپ كەلگەندە ئۆگزىدىكى پاخال ئارىسىدىن ماھمۇت سەكرەپ چۈشۈپ ۋارقىرىدى: «ھەي چىلبۆرىلەر، قويۇۋەت بىگۇناھ ئانامنى! مانا مەن ماھمۇت!» چېرىكلەر ماھمۇتقا ياماشتى. قەيسەر ماھمۇت مۇشت بىلەن نەچچە چېرىكنى يىقىتتى. چېرىكلەر ماھمۇتنى تۇتالمىدى! خەلق قوزغالدى، تاياق - توخماق، ئارا - گۈرجەك، پالتىلار بىلەن قوراللانغان خەلق يوپۇرۇلۇپ كېلىپ چېرىكلەر بىلەن ئېلىشتى.

— تاڭ، تاڭ! — تا - تا - ئات!...

چېرىكلەر مىلتىق، ئاپتوماتلاردىن ئوق چىقاردى...

جىمىپ قالغان كوچىدا قوللىرىنى كەڭ يېيىپ،

مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، كۆزلىرىنى ھاياتتەك يوغان ئېچىپ ماھمۇت ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئۇخدا ياتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدە قانلار ئۇيۇپ قالغان، ئېتىزدىن يېڭىلا كەلگەن مەنسۇر دادىسىنىڭ قانغا بويالغان جەسىتىنى كۆتەردى، 27 ياشلىق يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئورنىغا غەزەپ - تۈگىمەس غەزەپ ئوتلىرى ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى: «جېنىم تېنىمدا بولسا مەن سەن ۋەھشىلەردىن ئىنتىقام ئالىمەن...»

ئۇلار پارتىيە رەھبەرلىكىدە تەلتۆكۈس ئىنتىقام ئالدى!..

... مانا مۇشۇنداق ئادەمنى ۋەتەن خائىنى دېيىشكە بولاتتىمۇ!

روزاخۇن خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەمدى بۇرۇتلىرىنى قايتىدىن بۇراپ، چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىمنىڭ ئۆيىگە قانداق قىلىش لازىملىقىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى....

بۇ چاغدا مەنسۇر ئۆزىنىڭ ئىسىق دالىنىدا جوزا قويۇۋېلىپ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكەنىدى. ئۇ مۇشۇ يېقىندىن بۇيان كېچىلىرى نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرۇۋېلىپ كىتاب ئوقۇيدىغان بولۇۋالدى. ئۇ دەپتىرىگە بىر نەرسىلەرنى يازاتتى. ئۇنىڭ قاتما قوللىرىدا قەلەم ئاستا، قوپال ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇ يېشىل تاشلىق دەپتىرىگە يوغان - يوغان ھەرپلەرنى زېرىكمەي يازاتتى. «مانا مەنسۇر ئەمدى ئىشنى باشتىن باشلايدىغان بولدى. كۆرۈپ تۇرۇڭلار، ئۇ مۇشۇ كىتاب ئوقۇشتىمۇ ھەممىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ جۇمۇ!» دەيتتى كېۋىر توغاي باشقىلارغا. ئەلۋەتتە كېۋىر بۇ گەپنى مەنسۇرنىڭ ھەرقانداق ئىشتا باشقىلاردىن قالمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتقانىدى. كېۋىرنىڭ نەزىرىدە كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئېلىشمۇ غەيرەت - قەيسەرلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش. «كىتاب ئوقۇغانسېرى كۆڭلۈم يورۇپ، نۇرغۇن ئىشلارنى باشقىدىن ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم...» مانا بۇ مەنسۇرنىڭ خۇلاسىسى... كىتاب ئوقۇش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يېڭى ئىش،

40 نەچچە يىلنى ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزگەن دېھقان ئۈچۈن كىتابقا بېرىلىش ئېغىر ئەمگەك ھېسابلانسىمۇ مەنسۇر بۇ ئېغىر ئەمگەكتىن ھوزۇرلىناتتى. ئۇ ئۆزىنى كىچىك بالىدەك نادان ھېس قىلاتتى. چۈنكى كىتابلارنى ئوقۇغانسېرى ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى چۈشەنمەكتە ئىدى. ئۇ پۇشايمان قىلدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن نېمىلەرنى قىلدى؟ ئۇ قەد كۆتەرگەن دېھقانلارنىڭ ۋەكىلى، خىزمەتچىسى سۈپىتىدە خەلق دۈشمەنلىرىگە نەپرەت بىلەن قارىدى. ئۇلارنى كۈرەش قىلدى. ئۇنىڭ قانچىلىك تەر تۆككەنلىكى، قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى كىم ھېسابلاپتۇ؟ ئېتىز ئارىلاپ پۇشقاقنى تۇرۇپ پۈتۈن - پۈتۈن ياز، كۈزلەرنى ئۆتكۈزدى... تىرىشىپ ئىشلەپ قورۇق چۆرۈپ باغ قىلدى. تاشتىن قىر قوپۇرۇپ ئۆستەك - تومىلارنى ياسىدى. كېچىلىرى ئۇخۇت توشۇپ ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان كۆيدۈردى... يەنە نېمىلەرنى قىلدى؟ قولىدىن كېلىدىغان ۋە ئەقلى يېتىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كۆردى، قولىدىن كەلمىگەن، ئەقلى يەتمىگەنلىرىگە بولسا كۆپچىلىكنى ياردەمگە مەسلىھەتكە چاقىردى. لېكىن مەنسۇر مانا ئۆزىنىڭ نېمىنى خام قىلغانلىقىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇنىڭ خىيالى تۇرسۇنغا كۆچتى:

يېزا باشلىقى تۇرسۇن مۇشۇ يېقىندىن بېرىلا ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشلىرىغا چىماق ئۇرۇۋاتقىنىنى يوققۇ، ئۇنىڭ مەنسۇرنى يامان كۆرۈشىمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي ئاداۋەت ئەمەسقۇ!

يېزا باشلىقى باشلامچى بولۇپ قوي، توخۇ سويۇپ زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، مەشرەپ ئويناشنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ئويۇن — تاماشىغا بېرىلگەندە مەنسۇر ئۇنى پارتكوم يىغىنىدا تەنقىد قىلدى. ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت سەۋەبىدىن قىيىنچىلىققا يولۇققىنىدا

چارۋا ماللارنى ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىشنى تۇرسۇن ئوتتۇرىغا قويۇۋېدى مەنسۇر: «بىر ماڭدام كەينىگە چېكىنىشكە رۇخسەت يوق!» — دەپ ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە دېگىنىنى قىلدى. يېزىلىق پارتكوم تۇرسۇننىڭ خاتا تەشەببۇسلىرىنى تەنقىد قىلغاندا تۇرسۇنغا ئەڭ قاتتىق گەپ قىلغانمۇ مۇشۇ مەنسۇرغۇ! مانا مۇشۇلار ئۈچۈن تۇرسۇن ئۇنى يامان كۆرۈپ كەلگەنغۇ! لېكىن مەنسۇر ئويلاپ بولمىغان ئىشلار تېخى جىق ئىدى، ئويلا - ئويلا ئاخىر ئۇخلاپ قالدى...

مەنسۇر كۆزىنى ئاچقاندا يەرگە يورۇق چۈشكەنىدى، ئۇ هويلىغا چىقتى ۋە كەتمەن بىلەن جوتۇسىنى كۆتۈرۈپ كىچىك ئەترەتنىڭ ماخوسىغا چىلە قومۇرۇشقا كەتتى.

قىشتىن بېرى ئىش ئۆكۈزلىرى ياتقان ئېغىلنىڭ قىغى يېرىم مېتر قېلىنلىقتا ئىدى. مەنسۇر ئۆكۈزلەرنى ئارقا قوتانغا هەيدەپ ئېپچىقىپ ئوت چېچىپ بەردى - دە، ئۆزى يالىڭاچلىنىپ جوتۇ بىلەن قاتتىق يەرنى چېپىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقتى. يۇگرەك ئات تەر چىققانسېرى قىزىغاندەك مەنسۇرمۇ قىزىپ بارغانسېرى ئىتتىك ۋە دىققەت بولۇپ ئىشلىمەكتە ئىدى ئېغىل ئىشىكىگە بىر دۆۋە قىغ چىقىرىلدى. مەنسۇر هويلىدىكى ئالدى - كەينى ۋە چەت چۆرىسى توقۇلغان كۆتەك هارۋىنى سۆرەپ كېلىپ قىغنى ئۇنىڭغا لىقشىتىپ باستى - دە، ئۇنى سۆرەپ «مول هوسۇللۇق ئېتىز» دېگەن تاختا قېقىلغان شاڭغا — ئۆستەڭ بويىدىكى بۇغدايلىققا سۆرەپ ماڭدى.

ئەتىياز قۇياشى ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن قارلىق داللارنى نۇرلاندۇرۇپ، قىزىرىپ چىققاندا، مەهەللىدىن هارۋا سۆرىگەن ئادەم، مول هوسۇل ئۈچۈن كۆرەشكۈچى دېهقان — مەنسۇر ئېتىزغا قاراپ كېتىپ باراتتى. ئۇ هارۋىنى سۆرەپ كېتىپ بارغاندا ئۇنىڭ ئالدىغا چوڭ ئەترەت تەرەپتىن ئالدىراپ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئادىمى يېتىپ كەلدى:

— سالام ئاكا، سىلەردە ئات. ئۇلاق شۇنچە جىق يەنە نېمىشقا ئۆزىڭىز سۆرەيسىز؟

— قوش چىقىشقا ئاز قالدى. جانىۋارلارنى ئاياشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇكام.

— مەنسۇركا، سىزنى يىغىنغا چاقىرىپ كەلدىم، — ھېلىقى كادىر نېمىشقىدۇ مەنسۇرغا تىكىلىپ قارالمايتتى.

— مەن ناشتا قىلىۋېلىپلا بارىمەن.

— باشقىلار كېلىپ بولدى. سىزگىلا قاراشلىق ئاكا...

مەنسۇر ئانچە ئۇتمەي يىغىن بولىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۆي ئىچى جىمجىت. سۇرلۇك ئىدى. ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى پارتىيە ئەزاسىدىن 16 كىشى يىغىنغا كەلگەنىدى. بۆلۈم باشلىقى چىن يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا ئىشىكنى بىلەن باشلاڭ دەپ شەرەت قىلدى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن قىسقىلا قىلىپ:

— ھازىر سىلەرگە مەنسۇر ماھمۇتنىڭ چەت ئەلگە قېچىش ئۇچۇن گورۇھ ئۇيۇشتۇرغانلىقىغا دائىر مەسىلىلىرىنى ۋە خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ ئۇنى بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدىكى يۇقىرىغا يوللىنىدىغان پىكرىنى ئوقۇپ بېرىمەن - دېدى - دە، مەنسۇرنىڭ رەتلەنگەن ماتېرىيالىنى گاراڭ - گورۇڭ ئاۋاز بىلەن ئىتتىك - ئىتتىك ئوقۇشقا باشلىدى.

مەنسۇر بۇنى كۇتمىگەنىدى، خىيالىغا كەلتۇرۇپ باقمىغان «جىنايىتى» بىردە ئۇنىڭ كۇلكىسىنى قىستايتتى، بىردە غەزىپىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭ مۇشتۇملىرى تۇگۇلدى، لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى. يىغىنغا قاتناشقان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەن. ئۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ھاڭ - تاڭ بولماقتا. بەزىلىرى غەزەپلەنمەكتە، بەزىلىرى ئېچىنماقتا ۋە بەزىلىرى بولسا ھۇزۇرلانماقتا ئىدى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئوقۇپ بولۇپ كۆپچىلىككە قارىدى. مەنسۇرنىڭ ئۆتكۈر نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ قىزىرىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئۇچراشقاندا، يېزا باشلىقى ئىختىيارسىز كۆزىنى قاچۇردى ۋە:

— مەنسۇر نېمە پىكرىڭ بار؟ — دەپ سوئال قويدى.

مەنسۇر ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى. ئىچ يانچۇقىدىن پاكىزە ياغلىققا ئورالغان كىتابنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى. ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ياش قاپلىغان، سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقاتتى.

— مەن پارتىيىگە كىرگەندە خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىم قالغىچە كۈرەش قىلىمەن دەپ قەسەم بېرىپ كىرگەنمەن، — دېدى ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — تېخى ۋۇجۇدۇمدىكى قېنىم ئۇرغۇپ تۇرۇپتۇ. دېمەك مەن پارتىيە قويىندا. مەن سىلەر بىلەن تېخى ئېلىشىمەن! تۇرسۇن، سەن مېنى يەڭدىم دەپ ئويلامسىنا؟ — مەنسۇر ئۇنىڭ ئالدىغا يوغان قەدەم تاشلاپ يېقىنلاپ كەلدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — پارتىيە بار، بىلىپ قوي، بىرمۇ جىنايەتچى جازادىن قۇتۇلالمايدۇ، بىلىپ قوي، بىرمۇ قارا كۆڭۈلگە ئارام يوق!

ئۇنىڭ ئاۋازى تەمكىن، جاراڭلىق ئىدى، بۆلۈم باشلىقى چىن ئۇنى چىقىپ كېتىشكە شەرەت قىلىپ قولىنى شىلتىدى. لېكىن ئۇ قىزىل دوخاۋا بۆك كىيگەن، قارا چىپەرقۇت چاپان تېشىدىن رەخت پوتىسىنى ئىككى ئوراپ چىڭ باغلىغان، قارا بۇرۇتلىرى تىك - تىك بولۇپ تۇرىدىغان، گەۋدىلىك دېھقانغا تىل تەگكۈزۈشكە ئاجىز ئىكەنلىكىنى سېزەتتى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن يىغىننىڭ توگىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

مەنسۇر ئۆيىگە قانداق يېتىپ كەلگىنىنى سەزمىدى «پارتىيىدىن چىقىرىش» دېگەن سۆز ئۇنىڭ قولىقى تۈۋىدە گوڭۇلدايتتى. ئۇنىڭ ھاياتى شۇ نام بىلەن تەقدىرداش تۇرسا ئۇ

قانداقمۇ بۇ نامغا يات بىر ئادەم سوپىتىدە دۇنيادا ياشىيالايدۇ؟
ئۇ ئۇتتۇر سارىيىغا كىردى ـ دە، كېكىزگە دۈم ياتتى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. بۇ مەنسۇرنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ قاتتىق يىغىسى ئىدى. ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:
— مېنىڭ يۈرىكىم ھەممىگە چىدايتتى، لېكىن پارتىيىدىن چىقىرىلدى دېگەن سۆزنى ئاڭلاشقا چىدىمايدۇ!
ئۆيگە ئانارخان كىردى، مەنسۇر يېشىنى پوتىمىسى بىلەن دەرھال سۈرتتى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئايالغا زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى.
مەنسۇر كەچ كىرگۈچە ھارۋا سۆرەپ ئوغۇت توشىدى. ئۇ يالغۇز ئەمەس، ئۇنىڭ يېنىدا پۈتۈن بىرىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ ئەزالىرى، كادىرلىرى بار ئىدى. ئۇلار 1963 ـ يىلقى باھاردا ئۆز يېزىسىدا يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن سەپ ـ سەپ بولۇپ ھارۋا سۆرىمەكتە ئىدى. بۇ سەپتە مەنسۇر يەنىلا ئەڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. خىزمەت گۇرۇپپىسى مەنسۇرنى ئەمدى مەجبۇر ئەمگەككە سالالمىغان، چۈنكى پۈتۈن ئەزالار بۇنداق قىلىشقا يول قويمىغانىدى، ئۇنىڭ ھارۋىسىنىڭ يېنىدا «ياندااق» بولۇپ كېۋىر توغاي سۆرەپ باراتتى.
— تارت مەنسۇر، بۇيىل ئەزالارنىڭ غەيرىتى چوڭ. 500 مو قوناقنىڭ ھەر موسىغا 15مىڭ جىڭدىن ئوغۇت بېرىمىز دېيىشكىنىنى قارىمامدىغان، شۇنداق قىلسا موردىن 800 جىڭ ھوسۇل چىقىدۇ. بۇغدايلارغىمۇ قوشۇمچە ئوغۇت بەرگۈدەك. قاۋانلىقنى ئېچىپ شال تېرىۋالساق. . . تارت مەنسۇر، قارنى يېرىپ ياشلارغا يول ئېچىپ بېرەيلى، ھازىر كۈندۈز، قوياش يورۇتۇپ تۇرىدۇ، يول ئاچماق ئاسان، بىز قاراڭغۇ كېچىلەردىمۇ بىللە يول تېپىپ سەپەر قىلالىتتۇققۇ، تارت مەنسۇر!

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

دىلەيساخان چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كىردى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن مەنسۇرنى پارتىيىدىن چىقىرىپتۇ دەپ ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى پاتىمە يەتكۈزگەنىدى.

دىلەيساخان چوڭ ئەترەتكە كىرگەندە تېخى يېزا باشلىقى كەلمىگەن، ئاسىم ئۆزى يالغۇز مەشكە ئوت قالاۋاتاتتى. ئۇ دىلەيساخاننىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ:

— دىلەيسەم، ساڭا نېمە بولدى؟ — دېدى.

دىلەيساخاننىڭ ئاغزىدىن غەرەپ ۋە ئاچچىق سۆزلەر قىزىغان قازاننىڭ قومىچىدەك كەينى - كەينىدىن ئېتىلىپ چىقتى:

— نېمە بولاتتى، بىلمەيتتىڭمۇ؟ قېنى سېنىڭ پارتىيە ئەزاسى بولغىنىڭ، دىلىغا ياخشىلىق سىغمايدىغان بىر ۋاپاسىز، ئالتۇندەك بىر ئادەمگە قەست قىلىۋاتسا قاراپ تۇردۇڭما! نېمىشقا تۇرسۇننىڭ قىيسىق كۆزلىرىنى ئويۇۋالمايسەن! نېمىشقا سىلەر ئاشۇنىڭ ئۆزىنى پارتىيىدىن قوغلىمايسىلەر!

ئاسىمنىڭمۇ كۆزلىرى تۇمانلاشتى. دىلەيساخاننىڭ كۆز ياشلىرى يېپىشىپ ئاجرىغان ئۇنچىدەك تاراملاپ چۈشمەكتە ئىدى.

— تېخى بۇ ئىش تۈگىگىنى يوق دىلەيسەم، مەن بۇنداق بولارنى ئويلىماپتىكەنمەن. كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئۇكام، مەيلى يىغلىما، يىغا بىلەن يامان ئىشنى ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ. ئەكبەر ناھىيىدىن كەلسۇن، شۇنىڭغا قاراپ نىم قىلارمىز، هازىر يامىنى سىلەرنىڭ ئەترەتنىڭ پۇلدىن قىينىلىۋاتقىنى! قومۇشنىڭ پۇلى ھەل بولۇپ قالار دەپ

ئىشنىپ بانكىدىن مىلك يۈەن قەرز ئېلىپ قىينچىلىقى بار ئەزالارغا ئاز - تولىدىن نىم قىلىپ تۇردۇق! — ئۇنىڭ گېپىنى دىلەيساخان ئۈزۈپ تاشلىدى:

— ئۇلار قەيەردە؟

— ئاخشام ھېكمەتنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشتا بوپتۇدەك. شۇ يەردە قونغان چېغى...

دىلەيساخان ئوقتەك ئېتىلىپ كوچىغا چىقتى. ئۇ بېشىغا چالا - بۇلا ئارتىپ قويغان ياغلىقىنىڭ سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغىنىنىمۇ سەزمىدى، ئۇ يولنىڭ ياخشى - يامىنىنىمۇ تاللاپ تۇرمىدى، ئالدىراپ ماڭغىنىچە مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى.

ئۇ ھېيتەكنىڭ ئىشىكىدىن ئۆتكەندە ھويلىسىدا پوسۇرلاپ يۈرگەن ھېيتەك دىلەيساخاننى كۆرۈپ ھەجايدى.

دىلەيساخان يالىت قىلىپ قارىدى - دە، قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— خوشال بولۇۋاتامسىنا، ھۆر - ھۆر يىغلايسەن، ئالدىرىما! — دەپ ۋارقىرىدى. ھېيتەك يەرگە كىرگۈدەك بولۇپ شۈمشەيدى.

ھېكمەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئەتىگەندە روزىمەت ئۇششىتىپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ مەغرۇر ھالدا دىلەيساخاندىن سورىدى:

— شۇنچە سەھەر نىمە دەپ كەلدىڭىز؟

دىلەيساخان ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى مەغرۇرلۇق ۋە كەمسىتىشنى كۆتۈرەلەيتتىمۇ؟ ئۇ روزىمەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە:

— ئىت ھوۋلىسا بېشىنى يەيدۇ، سەن نىمە كاپشىيسەن؟ — دېدى.

— تاڭ سەھەردە ئاغزىڭغا ياخشى گەپ ئالساڭچۇ ھەي خوتۇن!

— ساڭا ياخشى گەپ زايا كېتىدۇ! — دېدى دىلەيساخان

دەرۋازىغا مېڭىپ، — مەرەزگە خىزمەت قىلغىنىڭغا شۇنچە كالچارامسىنا! بىلىپ قوي، پاقا سېسىق سۇدا كۆكىرايدۇ، چۈشىن ئەۋرەزدە ئەدەيدۇ!

روزىمەت ئۇنىڭ كەينىدىن ھويلىغا ماڭدى:

— توختا دەيمەن ھەي خوتۇن، يېزا باشلىقى ئۇخلاۋاتىدۇ!

دىلەيساخان ھويلىغا كىردى. سۇپىدا ھىكمەت جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەيدەر خەسىس قولىنى قوشتۇرۇپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى، بىر چەتتە زىۋىرشا بىلەن سۇلايمانمۇ دوگدىيىپ تۇراتتى.

— قاراڭ ھىكمەتۋاي، بايتالنى 150 يۈەنگە ساتاتتىممۇ ئۆزى؟ .ئەزبىرايى قورقۇتتى. بايتىلىمنى بىرنۆەتىلا باشقىسىغا مەيلى، ھەممىنى قىلغان شۇ مەنسۇر دېدىڭىزما؟ شۇنداق - دە، ئۆزى. ھەي زىۋىرشا ئېيتقىنا، تام ياقىسىدىكى تېرەكلىرىمنى 20 تەڭگىدىن ئېلىۋالغىنى بىزنى بوزەك قىلغىنىغۇ دەيمەن؟ مەنسۇرنى، ئەكبەرنى كۆزدىن يوقاتتۇق، ئەمدى تېرەكلىرىمنىڭ كەم پۇلىنى ئۇندۇرۇپ بىرەرسىلەر؟ خوي بولدى، ئەمدى مۇشۇ كىچىك ئەترەت دېگىنىنىمۇ. . . . ھىم، ھەي زىۋىرشا ئەترەت باشلىقى بولمىساڭ نېمەڭ خوراپ قالاربدى. . . قولۇڭ ئۆزۈن ئۆزى. . . — ھەيدەر دىلەيساخانغا ئارقىسىنى قىلىۋېلىپ داد ئېيتىۋاتاتتى.

ھىكمەت ئالدىراش كىرگەن دىلەيساخاننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ دىلەيساخاننىڭ ئەلپازىدىن جەزمەن يېزا باشلىقى بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلگەنلىكىنى سەزدى.

— قېنى ھېلىقى ئەتىۋالىقىڭلار! — دىلەيساخان «ئەتىۋالىق» دېگەن سۆزنى كۆتۈرۈپ ئېيتتى. ھىكمەت ھىجايدى:

— كىيىم كىيىۋاتىدۇ سىڭلىم، قېنى دالانغا كىرىڭ!

— چاقىرىڭ، قېنى يامان بولسا مېنىمۇ جازالىسۇن!

— ئاستا - ئاستا، — دېدى ھىكمەت سۇپىدىن چۈشۈپ،

— مەنسۇرنىڭ ئىشىغا خاپا بولۇۋاتىسىزغۇ تايىنلىق. دۇرۇس، سىز ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەن. بىراق بۇ سىز بىلەن بىز ئارىلىشىدىغان ئىش ئەمەس. ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ئۇكام!

— ئەجەب ئارىلاشماس بولۇۋاپسىزغۇ ئەمدى؟ بىزنى بىلمەيدۇ دەمسىزا، چوڭ ئەترەتتىكى قايسى ئىشقا ئارىلاشمىدىڭىز؟ ئاتىنىڭ ئۆلۈمى ئىتقا بايرام دەپ، سىلەرزە كىچىچە ئۇخلىماي ناغرا-سۇناي چېلىپ چىققان ئوخشايسىلەر. دە، تولا سۆزلىمەي چاقىرىڭ دەيمەن!

ھىكمەت تامدەك تاتىرىپ كەتتى:

— مونۇ ئايال نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟

— ئالجىمىغانسىز، — دېدى زىۋەرشا ئاچچىقى بىلەن، — ئاغزىم بار دەپ دەۋەرگۈلۈكمۇ!

— ھە، سېنىڭمۇ يېغىرىڭغا تەگدىممۇ نېمە! — دىلەيساخان زىۋەرشاغا بوزۇلدى، — مەنسۇرنى جازالىغانغا شۇنچە كېرىلىپ كەتتىڭما! بىلىپ قوي، مەنسۇر يىقىلسا بىزبار، سېنىڭ مونۇ سۇلايمان گور-گورنىڭ كېكىردىكىدىن قولىمىزنى بوشاتمايمىز!

زىۋەرشانىڭ بوزۇتلىرى تىك-تىك بولۇپ كەتتى. سۇلايمان بولسا جوۋسىنىڭ يېڭى بىلەن بۇرنىنى توراپ تورۇپ روزنەمەتكە قاراپ ھىجىيىپ قويدى. زىۋەرشا نېمە قىلالىسۇن، بۇ ئايالغا قول تەگكۈزگىلى بولاتتىمۇ، گەپ بىلەن قانداق بەرى ئالغىلى بولسۇن! ئۇ ياقىسىنى تۇتتى ۋە ھەيدەرگە قاراپ:

— قانداق شەيتان بىزنى بۇ يەرگە ئېپكىردى — ھە، ماۋۇ ئاھانەتنى كۆرمەمدىغان! — دېدى.

ھەيدەر دىلەيساخانغا سىيلىق گەپ قىلىشقا ئۆتتى:

— دىلەيسەم ئۇكام، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىكەن، بىرسىنى جازالايدىكەن، بىرسىنى مۇكاپاتلايدىكەن ئۆزى، ئۇيىنىماڭ ئەر باپ بىلەن ئۇرىدۇ ھەرباب بىلەن دېگەن سۆز بار ئۆزى، يېزا باشلىقى

بىلەن ئاكاللىشىمەن دېگۈچە ئاستا ئۆيگىمىزگە قايتىڭ، سەت بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەر - خوتۇنچىلىقىڭلار تۈگىگەن ئۆزى...

— سىز ھەيدەر ئاكا، يامانغا يان تاياق بولۇپ يۈرنىڭىزغا يېمىگەنمۇ تېخى! بىر بايتال ئۈچۈن سىز دەۋا قىلىپ كېلىپسىزغۇ، مەن نېمىشقا پۈتۈنسۈرۈك بىر چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلمەيدىكەنمەن! تۇرسۇن بىلەن مېنىڭ ئارامدىكى ئەر - خوتۇنچىلىق تۈگىگەن بىلەن كۈرەش تۈگىمىگىنى يوق!

ھىكمەتلەر بىر بىرسىگە قاراشتى. ئۇلار خۇددى ئەمەن چاينىۋالغاندەك تەرىنى تۈرۈشتى.

— چاقىرمىسىڭىز ئۆزۈم كىرىمەن! — دېدى دىلەيساخان سۆپىغا قاراپ مېڭىپ.

باياتىن ھەممە گەپنى دېرىزىدىن ئاڭلاپ تۇرغان يېزا باشلىقى ئايال ئۆيگە كىرگۈچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۇنى يولغا سېلىۋەتمەكچى بولدى.

— ھە، نېمە گەپ؟ — بوسۇغىدا يېزا باشلىقى پەيدا بولدى.

— سەن قاچانغىچە بىزنى ئاياغ - ئاستى قىلىسەن! — دېدى دىلەيساخان قوللىرىنى يېزا باشلىقىغا شىلتىپ تۇرۇپ، — مەنسۇركام يېزىمىزدىكى تۈنجى پارتىيە ئەزاسى، سەن نېمە دەپ ئۇنى پارتىيىدىن چىقىرىسەن؟

تۇرسۇن زورىغا كۈلۈمسىرىدى:

— مەن بىر ئادەم قانداق قىلىپ پارتىيىدىن چىقىرالايتتىم، پارتىيىگە ئېلىشمۇ، چىقىرىشمۇ مەن بىر كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغۇ!

— بىر سىنى پارتىيىدىن قوغلىسام، بىر سىنى خىزمەتتىن يۆتكىۋەتسەم، بىر سىنى سولىتىۋەتسەم مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكىلەرنىڭ پۈتى چۈشۈلىدۇ. قانىتى سۇنىدۇ. مەن ئۇلارنى نەنى خالىسام شۇ يەرگە يېتىلەپ ماڭىمەن دەپ ئويلامسىنا! بىلىپ قوي، بىز ئەمدى سېنىڭدىن ھېساب ئالىمىز!

— يېزا باشلىقى تۇرسۇن يۇمشاق گەپ كار قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندى، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇپ دوق قىلدى:

— ۋاتىلدىماي، تىلىڭنى تارت ھەي!

— مەن ساڭا ناخشا ئېيتىپ بەرگىلى كەلمىدىم، دېگىلى كەلدىم، دەيمەن قېنى، يامان بولساڭ تىلىمنى كېسىۋەت!

دىلەيساخان ئۇنىڭغا شىپقىدى. يېزا باشلىقى ھىكمەتكە قارىدى، يېزا باشلىقى ھىكمەتنىڭ بۇ قارىشىدىن سۆرەپ ئېپچىقىۋەت دېگەن مەنىنى چۈشەندى ـ دە، ئارىغا كىرىپ:

— قويۇڭ دىلەيساخان، يېزا باشلىقى چوڭ ئەترەتكە بارغاندا دەڭ، ئۆيدە مېھمانلار بار، سەتچىلىك بولىدۇ، — دېدى ۋە دىلەيساخاننىڭ يېڭىدىن ئاستا تارتتى.

دىلەيساخان قولىنى سىلكىدى ۋە تېخىمۇ ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

—مەنسۇركام كىم، سەن كىم؟ بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. تېزەك بىلەن تىللانى خەلق ياخشى ئايرىيدۇ!

— تارت تىلىڭنى!

يېزا باشلىقى قولىنى شىلتىپ دىلەيساخانغا دېۋەيلىدى. نەق شۇ چاغدا يارقۇز پەيدا بولدى:

— قولۇڭنى تارت ھەي!

تۇرسۇن يالت قىلىپ قارىدى، ئۆزىنىڭ ئوغلى غەزەپلىك كۆزلىرىنى تىكىپ ھومىيىپ تۇراتتى، يېزا باشلىقى كەينىگە چېكىندى. دىلەيساخان ئۆزىنى چىرماپ تۇتۇۋالغان ئادەملەرنىڭ قولىدىن بوشنىنىش ئۈچۈن يۇلقۇناتتى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا ئەلەم قىلدى. دىلەيساخاننىڭ ئۆتكۈر تىلىمۇ، ئاۋۇ ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قىلغان تونجى سۆزىمۇ، تونجى قېتىملىق غەزەپلىك تىكىلىشىمۇ ئۇنىڭغا ھار كەلگەنىدى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— مۇنۇلارنى كۆزۈمدىن نېرى قىلىڭلار!

زۆھرىشا، ھەيدەر، روزىمەت ۋە ئۆيدىن چىققان بىرنەچچە كىشى بولۇپ دىلەيساخان بىلەن يارقوزىنى تالاغا چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلاتتى.

دىلەيساخاننىڭ ئاغزى بېسىلمايتتى. ئۇ يېزا باشلىقىنىڭ ئۆزى بىلىدىغان قىلمىشلىرىنى قويماي ئېچىپ تاشلىدى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن سۇپىدا قولىنى كەينىگە قىلىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرغاندىمۇ ئۇ مۇنچىلىك ئازابلانمىغان بولاتتى.

. . . . قايسى بىر يىللىرى، ئاشۇ قاراڭغۇ جەمئىيەتتە نامرات بالىسى — ئورۇق، خىيالچان، كەم سۆزلۈك تۇرسۇن، قوشنىسىنىڭ يالىڭاياغ گۇسۇلدەپ ماڭىدىغان، يىرتىق كۆينەك، ياماق چۈشكەن قارا جىلىتكا كىيىپ يۈرىدىغان قىزىغا ئوت كاۋاپ بولۇپ كۆيگەن ئەمەسمىدى؟ قىز ھەر قېتىم سۇغا چىققاندا تۇرسۇنمۇ پاكا قورۇقلۇق باغقا چۈشۈپ، بۇك شۇڭلار ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ قىزغا چالمىلارنى ئاتاتتى. قىز ئۇزۇن چاچلىرىنى كەينىگە سىلكىپ شوخلۇق قىلىپ، چۆمۈچ بىلەن شۇڭلارغا قارىتىپ سۇ چاچاتتى. تۇرسۇننىڭ بەدىنىگە چۈشكەن سوغۇق سۇ شۇنچىلىك راھەت بىلىنەتتى: «سېنىڭ بىلەن بىللە ئۆمۈر ئۆتكۈزسەم نېمە ئارمان قالسۇن» دېگەنىدى شۇ چاغلاردا تۇرسۇن، تۇرسۇننىڭ دېگىنى بولدى. قىز تۇرسۇن بىلەن بىر ئاتىنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتتى ۋە ئۇلار كېيىنچە توي قىلىشتى . . . تۇرسۇن بىلەن تۇنجى ياشلىق ھەۋەسلىرىنىڭ لەززىتىنى ئورتاقلاشقان قىز يەنە شۇ تۇرسۇن بىلەن كونا جەمئىيەتنىڭ يوقسۇزچىلىقى، خورلىقى، قېقىندا - سوقىندىچىلىقىنى بىللە تارتقان ئايالى — دىلەيساخان بۈگۈن تۇرسۇنغا غەزەپ - نەپرەت بىلەن تىل ياغدۇرماقتا. . . راست، دىلەيساخاننىڭ ئېيتقانلىرىغا قارشى تۇرسۇن نېمىمۇ دېيەلىسۇن! يېڭـــى ئازاد بولغاندا دىلەيساخانمۇ باشقا يوقسۇللاردەك دەرد

تۆككەن. دىلەيساخاننىڭ ئانىسى تومۇزدا پومبىشچىكنىڭ نىنىنى يافاتتى. «چاچلىق قىز» — دىلەيساخان باينىڭ ئەكە، خام-سېمىز قىزنى كۆتۈرۈپ «ھاپ تۆكملەڭ» قىلىپ ئۆينىتاتتى. بىر كۈنى تۆت ياشقا كىرگەن ئەكە قىز دىلەيساخاننىڭ ئىككى مۆرىسىگە دەسسەپ ئۆرە تۇرۇشقا تەمشەلدىيۇ. كېلەڭسىزلىكىدىن يىقىلدى. باي خوتۇنلىرى جار-جۇر قىلىشتى، لېكىن شۇ چاغدا بىر سامان كۆشكىدە سامان كۆتۈرۈپ چىقىپ كېلىۋاتقان تۇرسۇن ئېتىلىپ كېلىپ، سېمىز قىزنى تۇتۇۋالغان، قىز ھېچنەرسە بولمىغانىدى. ئەمما باينىڭ خوتۇنى كوسەي بىلەن دىلەيساخاننى قوغلاپ يۈرۈپ قاتتىق ئۇردى. كوسەينىڭ جۇلىقى چىقتى. دىلەيساخاننىڭ ئانىسى تومۇزغا چىدىسۇنمۇ، يالقۇنجاپ تۇرغان تونۇرنىڭ تەپتىگە چىدىسۇنمۇ، مۇنۇ يالغۇز قىزىنىڭ ئالىسىگە چىدىسۇنمۇ! ئايال بېشىنى تۇتۇپتى - دە، ئوگدىسىغا ئۆچۈپ كەتتى ۋە شۇ ياتقىنىچە ئۆرە بولالمىدى... شۇ چاغدا تۇرسۇن دىلەيساخان ئۈچۈن ياقا يىرتتى... لېكىن ھازىرچۇ، ھېلىقى دىلەيساخاننى تاياققا قويغان ئەكە تايتاڭ، كېلەڭسىز قىز تۇرسۇننىڭ ئايالى سۆيۈملۈك ئادىمى...

مەنسۇر ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئېيتىۋاتقان بۇ سۆزلەرگە ئەلۋەتتە دىلەيساخاننىڭمۇ نەپرىتى، غەزىپى سىڭگەن، شۇنداق بولماي مۇمكىنمۇ؟ ئاۋۇ يارقۇزچۇ؟ ئۇ تۇغۇلغان كۈنى تۇرسۇن قانچىلىك خۇشال بولغان، بالا بۇدرۇق بولۇپ دادىسىغا ياماشقاندىچۇ؟ تىلى چىقىپ: «دادا» دېگەندە تۇرسۇننىڭ جانلىرى ئېرىمىگەنمىدى، ئاپىغى چىقىپ ئەگەشكەندە ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە قىيماي تە-نەلەرگە ئېلىپ كەتمىگەنمىدى؟.. مانا ھازىر شۇ بالىسى نەپرەتلىك كۆز بىلەن قاراپ «قولۇڭنى تارت» دېمەكتە....

تۇرسۇن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالى بىلەن تاشلىنىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ غەزىپىدىن ئۆزىنىڭ ھالىنى چۈشەندى، ئايالى بىلەن

ئوغلى مەڭلىغان ئەمگەكچىلەرگە ۋەكىللىك قىلماقتا ئىدى...

ياق، تۇرسۇن بەربىر ئۇنداق چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە چىشىنى غۇچۇرلىتىپ:

— قىماسخورلار! — دېدى.

— يېزا باشلىقى، مېنىڭ زادى نېمە مەسىلەم بار؟

يېزا باشلىقى ئالدىدا تىك تۇرغان سونۇرنى كۆردى.

— سەن نېمە دەيسەن؟

— روزىمەتنى ئۇرغىنىم ئۈچۈن مېنى جازالىدىڭىز، يەنە ئاڭلىسام...

تۇرسۇن غالىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ نە گەپ قىلىشنى، نە ھەرىكەت قىلىشنى بىلمەيتتى. ئۇ دەرۋازا تەرەپكە قارىدى. ئۇ ياقتا ئادەملەر دىلەيساخان بىلەن بارقۇزغا نەسىھەت قىلىشاتتى. بىردىنلا سونۇرنىڭ يېنىدا ئۆزەن بۆرۋىتىلىرىنى قىزىلىقىغا قايرىپ قويغان كېيۆنىر توغاي پەيدا بولدى. ئۇمۇ بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئاڭغىچە يېزا باشلىقى تۇرسۇن:

— قېنى، كېيىنلار بولسا چوڭ ئەترەتكە بېرىپ بىر بىردىن دەڭلار، مەن ھازىر چوڭ ئەترەتكە بارىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ سارىيىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ يەردە پەي ياستۇقلارغا تايىنىپ تالادىكى ۋاڭ ـ چۇڭنى ئاڭلاپ بۆلۈم باشلىقى چىن يېنىچە ياتاتتى. تۇرسۇن ئۆيگە كىرىپ چۈشكۈن ھالدا ۋارقىرىدى:

— مانا بۆلۈم باشلىقى چىن، يۇمشاق چارىمۇ، قاتتىق چارىمۇ ئەسقاتمايدىغان ئوخشايدۇ. بىز بىر دىۋىنى مېنىۋالدۇق، يە چۈشەنمەيمىز، يە ئاڭلىمايمىز، مانا باش قېتىمچىلىق دېگەن!

بۆلۈم باشلىقى چىن كۈلۈمسىرىدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئىرادىلىك ئادەم قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمايدۇ، بۇ ۋاڭ ـ چۇڭنىڭ كارى چاغلىق، پەشنى قېقىپلا كەتسىڭىز تۈگىدى. لېكىن مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ئەكبەر، ئۇ بەلى

زوڭخوانى، يە ئادىلجاننى باشلاپ كېلەرمىكىن دەيمەن. مەنسۇرنىڭ ھېلىقى ماتېرىيالى ياخشى رەتلەنگەنغۇ. ھە؟ چەت ئەلنىڭ خېتى، گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسپات ماتېرىياللىرى... مانا بۇلار بىزنىڭ تىلىمىز!

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىسىنى تۈگىتەلمىدى. ئۆيگە پارتكوم كاتىپى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى:

— ناھىيەدىن ئادەم كەلدى، — دېدى كاتىپ ئاستا پىچىرلاپ، — مۇشۇ چوڭ ئەترەتتىكى روزىمەت دېگەن ئادەم بىلەن سۇلايمان دېگەن ئادەملەر ھايانكەشلەر گورۇھىنىڭ قاتناشچىلىرىكەن، روزىمەتنى يېزا ساقچىسى ناھىيىلىك ساقچىغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن. سۇلايمان ھازىرچە ئەترەتتە تۇرۇپ تۇرىدىكەن.

ئەترەت باشلىقى چىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىپەرۋالىق بىلەن:

— يېزا باشلىقى سىز بۇ ئادەملەرنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

يېزا باشلىقى پەس ئاۋاز بىلەن:

— روزىمەت دېگىنى بايىقى بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىت شۇ، سۇلايمان دېگىنى مۇشۇ سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئامبارچىسى! — دېدى.

— ھىم! — دېدى بۆلۈم باشلىقى چىن سول يېنىغا ئۆرۈلۈپ يېتىپ ئەسنۈۋېلىپ، — دېدىمغۇ، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە ھەرقانداق يامان ئادەم تېپىلىدۇ. بۇ مەنسۇر دېگەن نەرسە ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنى غۇلجا شەھىرىدىكى ئەركىن بازارغا ئوخشىتىپلا قويغان. مەنسۇرنىڭ ماتېرىيالىغا، ھېلىقى ئەكبەرنىڭ ماتېرىيالىغىمۇ مۇنۇ ئىككى يېڭى دۈشمەننى تىركەپ قويۇش كېرەك.

— لېكىن ئاممىنىڭ مۇشۇ ئىككى ئادەم توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى بىز بېسىپ قويغان بۆلۈم باشلىقى، — دېدى

تۇرسۇن شىۋىرلاپ تۇرۇپ.

— ئەھۋال مۇرەككەپ، بېسىپ قويغىنىمىز شۇ چاغدا توغرا ئىدى. ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرگىنىمىزمۇ ھازىر توغرا، — دېدى بۆلۈم باشلىقى ئۈنلۈك قىلىپ ئۇ يېزا كاتىپىغا قارىدى:

— لى زۇڭخۇادىن خەۋەر بارمۇ؟

— ناھىيىگە چىقىپتۇ، - دېدى كاتىپ ئورنىدا تىك تۇرۇپ. - ئەتە - ئۆگۈن قايتىپ كېلىدىكەن.

— ھىم! - دېدى بۆلۈم باشلىقى چىن يەنە بىر ئەسنىۋېلىپ، - كۆرگەنسىز يولداش كاتىپ، مۇنۇ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە سىنىپىي دۈشمەن بەكمۇ تولىكەن. ھەتتا ئۇششاق بالىلىرىمۇ، ئاياللىرىمۇ مەنسۇر گورۇھىنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن.

— مەسىلە ئېغىر بۆلۈم باشلىقى، — دېدى يېزا باشلىقى تۇرسۇن بېشىنى ئېغىتىپ، — تېخى پاش بولمىغان مەسىلىلەر، پېچەتى بۇزۇلمىغان ئىشلار بار. بۇ يەر راستىلا قاراڭغۇ جاڭگال. مېنىڭچە بۇ يەردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يارامسىز. بۇ يەر ئۈزۈل - كېسىل بولمۇغىنچە سىزنى قويۇپ بەرمەيمىز بۆلۈم باشلىقى!

— ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت پۈتۈن دۆلەت يېزىلىرىغا نىسبەتەن بىر كېلىتكا، — دېدى بۆلۈم باشلىقى چىن خۇشال بولۇپ، — جۇڭگودا يۈز بېرىۋاتقان ئۆتكۈر سىنىپىي كۆرەش ئاساسەن يېزىدىن ئىبارەت بۇ بازىنى تالىشىشتا بولۇۋاتىدۇ. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكى مېنىڭ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشلىرىم بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىماقتا!

ھېكمەت جوزا قويغىلى كىردى. ئۇلار چۆچۈرە بىلەن غىزالاندى - دە، ئالدىراپ چوڭ ئەترەتكە قايتتى.

يولدا كېلىۋېتىپ ھەيدەر خەسىس يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا يانداشتى. ئۇ كەشىنى شاقىلدىتىپ تەستە مېڭىپ:

— بايتال. . . قاراپ تۇرۇپلا كۆزى ئوچۇق كېتەمدۇ ئۆزى، —

دېدى.

تۇرسۇن ئۇنىڭغا ئالايدى... تۇنۇگۈنلا ئۇنىڭ شىكايىتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغان يېزا باشلىقى بۈگۈن نېمە بولدىكىنە؟ ئەكبەرنى خىزمىتىدىن توختاتتى، مەنسۇرنى پارتىيىدىن قوغلىدى. يېزا باشلىقى ئەمدى ئۆتكەنكى «كەڭ قوللۇق» لىقىنى باشلايدىغان ۋاقىت يەتتىغۇ! ھەيدەرنىڭ ئەرزان باھالانغان ماللىرى، ئىتى، نومۇر بېرىمىز دەپ ئەترەتكە ئېلىۋالغان قومۇشلىرى قولىغا يانىدىغان ۋاقىت كەلمىدىمۇ-ھە؟ بۇ نەرسىلىرى قولىغا يانمىسا يېزا باشلىقى ئۈچۈن ياقا يىرتقىنىنىڭ نېمە پايدىسى بولدى؟

زىۋەرشا كىچىچە نېمىلەرنى ئويلىمىدى: قاۋانلىق ئىچىلمايدۇ، ئەترەتنىڭ ئىشىمۇ بۇرۇنقىدەك بولىدۇ. سولايمانمۇ، زىۋەرشامۇ خىزمىتىنى قىلىدۇ. زىۋەرشا يەنە بېيىۋېرىدۇ... ئاخشام قىلغان بۇ شېرىن خىيالى ئىشقا ئاشىدىغان ۋاقىت كەلمىدىمۇ-ھە... ئۇلار ئۈمىد كۈتۈپ يېزا باشلىقىنىڭ كەينىدىن يەنە ماڭدى. چوڭ ئەترەتكە يېتىپ كەلگەندە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان غەزەپلىك كۆزلەرنى كۆردى. ئۇلار پاتىمە، شىياۋدۇڭ، ئاينۇر، ئارزۇگۇللەر ئىدى. مانا، چوڭنى يىقىتساڭ كىچىكى چىقىۋاتقان، بىرسىنى يۆتكىمۆتسەڭ يۈزى ئورنىغا دەسسەۋاتقان، چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىغا ئولتۇرۇۋالغاندەك بولۇپ قالدىغۇ كىشى! — تۇرسۇن پىچىرلىدى.

مەنسۇرنى پارتىيىدىن چىقاردى دېگەن خەۋەر ئۆيمۇ-ئۆي تارقالدى. تارقاتقۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز غەزەپلىرىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغانلار، ھەيران قالغۇچىلار، قالغانلىرى خۇشال بولغۇچىلار.

تۈنۈگۈندىن بېرى مەنسۇرنىڭ ئۆيىدىن ئادەم ئۈزۈلمىدى. كىرگۈچىلەر: «قانداق بولۇپ كېتىپ باردۇ-ھە»، «ئۇلارنىڭ

ساقىسى ئالچۇ چۇشۇۋەرمەس!»، «بۇنىڭلىق بىلەن كىمنى قورقىتالايدۇ!»، «ياق لى شۇجى كەلسە بۇلارغا تېتىيدۇ»، «تۇرسۇننىڭ ئۆزىنى پارتىيىدىن قوغلاش لازىم ئىدى!....» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشاتتى. مەنسۇر ئۇلارنى روھلاندۇرۇش ئۈچۈن ياخشى گەپلەرنى قىلاتتى:

— لاچىننى قىلتاق بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ. دەريانى قىزم بىلەن ئەتكىلى بولمايدۇ. تۆھمەت بىلەن ئادەم يىقىتىدىغان چاغلار ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ دەۋردە تۆھمەت قىلغۇچىلارغا ياخشى كۈن يوق. مېنىڭ خۇشاللىقىم بار، سەۋەبى، ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلار تېزرەك كۆرسەتكىنى ياخشى. ئۇلار بىزنىڭ تېز، سەگەكرەك مېڭىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ!

بۈگۈن كەچقۇرۇن ئۆيگە ئاسىم، روزاخۇن، ئەخمەتجان، ئەبلغازى، كېۋىر، پاتىمە، شياۋدۇڭ، شياۋلى، دىلەيساخان قاتارلىق يېزا ئاكتىپلىرى توپلانغان. ئۇلار يېزا ئادىتى بويىچە كۆڭۈل ئىزلەپ كېلىشكىنى يوق. «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن توپلىنىشقان.

مەنسۇر پارتىيىدىن چىقىرىلدى دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى يېزا ئاكتىپلىرى ئۆز قاتارىدىن ھەيدىمىدى، بەلكى مەنسۇر يەنىلا ئېلىشىشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇۋەردى.

— ھىكمەت نېمە ئۈچۈن بۇ مەھەللىگە چىقتى، زادى ئۇ كىمنى پاناھ تارتىپ چىقتى؟ ئاسىم ئۆزىنىڭ ھىكمەت ھەققىدىكى گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆزىنىڭ يېزا باشلىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ ھىكمەتنى يېقىن تۇتقانلىقىنى، ئەكبەر بىلەن چىقىشالمىغاندا ھىكمەتنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى، ئۇنىڭ قاراشلىرىنى، ئىككى يۈزلىمىلىكىنى تولۇق ئېيتتى.

قار ئۇچقۇنداپ يېغىشقا باشلىدى. ئايسىز ئاسمان كۆلرەڭ، گۈڭگا، كۈن پېتىش تەرەپ قارامتۇل كۆرۈنەتتى. كۈن چىقىش تەرەپتىكى ئاۋرال تېغى كۆلرەڭ ئاسمانغا ئۇسۇپ چىققان

چوققىسى ئارقىلىق ئاسمان بىلەن يەرنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈۋرۈكتەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. كۆلرەك ئاسمان، تاغ ئاستىدىكى بۇ كىچىككىنە يېزا ئۆيقۇغا كەتكەندەك جىمجىت. ئۇنىڭ تارقاق مەھەللىرى، قار بىلەن چۈمۈلگەن باغلىرى، قار يېغىۋاتقان بۇنداق كېچىسى ئىسسىق ئۆيلىرىدە ئۇخلىشىۋاتقان ياكى قىزىق پاراڭ، كۆڭۈللۈك ساز - ناخشا، ئۇنى - بۇنى ئېيتىش، تىكىپ ياماش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملىرى، ھەممىسى قوشۇلۇپ ئاپئاق چۈشەك ئۈستىدە غەمسىز ياتقان بىر گۆدەك بالىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ گۆدەك بالا تاتلىق ئۆيقۇدا، ئۇنىڭ غېمى ۋە ئەندىشىسى يوق... لېكىن ھاياتتا خاتىرجەمسىزلەنگەن سونۇر ئۈچۈن يېزىسىنىڭ بۇ جىمجىتلىقى ۋە خاتىرجەملىكى ئازاب بولۇپ تۇيۇلماقتا. گويا پۈتۈن يېزا ئۆز غەملىرىنى ئۇنىڭغا يۈكلەپ قويغاندەك، مۇنۇ تاغ ۋە باغ - ۋارانلارمۇ ئۆزلىرىگە چۈشكەن مۇشكۇلاتنى سونۇرغا ئىتتىرىپ قويۇپ خاتىرجەم بولۇۋالغاندەك تۇيۇلماقتا...

سونۇر بىردە ئۆيىگە كىرەتتى، يەنە مەقسەتسىزلا تالاغا چىقاتتى، تورۇپلا ئاي پالتىسىنى ئېلىپ بېغىغا كىرىپ قارياغاچلىرىنى پۇتاپ قوياتتى. يەنە تورۇپلا ياش كۆچەتلىرىنى چاناپ تاشلايتتى.

ئۇ بولۇپمۇ مەنسۇرنى پارتىيىدىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغىنىنى چوڭقۇر ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئەكبەر، ئىمىرلار ئۇنىڭ بىلەن خېلىدىن بېرى گەپلەشمىدى. سونۇر ئەزىزىخاننىڭ مۇئامىلىسى ۋە شەھەردىكى ئېسىل جاي، ئۆي - جابدۇقلىرىنى كۆرۈپ ئايالغا راستىنلا قىزىققاندىن بېرى ئۇنىڭ باشقا دوستلىرىمۇ، قولۇم - قوشنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا سوغۇق قارايدىغان بولۇپ قېلىشتى... بۇنداق قارلىق كېچىسى يالغۇز يۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابلىق ۋە زېرىكىشلىك تۇيۇلۇشى ئەنە شۇ

سەۋەبلەردىن ئىدى.

ئۇ كوچا ئايلاندى. كوچىدا بىرمۇ ئادەم ئۇچرىمىدى. شىياۋدۇڭلارنىڭ ياتىقىغا كەلدى، ئۇ يەر ئېتىكلىك ئىدى. ئۇ ئەزىزىخانىنىڭكىگە قارىدى، ئۆي يورۇق ئىدى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى، ئەزىزىخانىنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق جامالى، سىلىق مۇئامىلىسى، ئىنچىكە بەللىرى ۋە سونۇرنى بىھوش قىلىدىغان تولۇق كۆكسى... سونۇر ئىختىيارسىز ئەزىزىخانىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. بايىلا قۇدۇق بېشىدا ئەزىزىخان سونۇرغا:

— كەچتە ئىشىڭىز بولمىسا... زېرىكىپ قالىدىكەنمەن...— دېگەنىدى، لېكىن سونۇر ئەزىزىخانىنىڭ ئۆزىگە راستلا كۆڭۈل بەرگىنىنى بىلىپ قالغانىدى، ئۇ ئۆز ئۆزىگە ھەيران قالاتتى-دە، قويۇق ساقاللىرىنى سىپاپ ئويدا يېتىپ: «بۇ باينىڭ قىزى مېنىڭ نېمەمگە قىزىققاندۇر - ھە؟ ھە راستلا، ئىمىر دائىم ئېيتاتتىغۇ، سىڭىدىكى قاملاشقان قامەت ھەرقانداق ئايالغ ياقىدۇ دەپ، ئۇنىڭ دېگىنى راست ئوخشايدۇ، مەيلى بۇنداق يىگىتلەر قوپال، ساۋاتسىز بولسىمۇ، چىرايلىق ياسىنىشنى، سۆزلەشنى ھەتتا ئاياللارنى ئالداشنى بىلمىسىمۇ ياخشى كۆرۈۋېرىدىغان ئوخشايدۇ، پاتىمەمۇ، ئەزىزىخانىمۇ ئوقۇغان، قاملاشقان، قارىمامدىغان ئۆلارنىڭ ئىككىلىسىگىلا يارايدىكەنمەن.

...» دەپ ئۆز ئۆزىگە سۆزلەيتتى...

ئۇ ئەزىزىخانىنىڭ دېرىزىسىگە يەنە قارىدى. بىر يوشۇرۇن كۈچ ئۇنى شۇ ياققا قارىتىپ سۆرىدى. ئۇ ئىختىيارسىز شۇ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. دوخمۇشتىن ئايلىنىشتا روزاخۇن بوۋاينىڭ بېغىغا چۈشۈپ تۇرغان كۈچلۈك لامپا يورۇقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، بىرسى كۆكرىكىگە مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك كەينىگە داجىپ توختىدى:

«پاتىمە كىتاپ ئوقۇۋاتىدۇ، يە بولمىسا ئېگىنىنى تۈتۈپ

خىيال سۈرۈپ ئۆلتۈرامدىكىن. . . ئەكبەرنى ئۆيلاۋاتامسەن پاتىمە؟ ئۇ كەتكىلى ئۈچ كۈن بولدى. شۇنى سېغىنىۋاتىمەن... » ئۇ بۇ گەپنى پىچىرلاپ ئېيتقاندا پۈتۈن بەدىنى غالىلداپ تىترىدى. ئەكبەرنىڭ قايسى كۈنى ئۆيدە قونغاندا: «ماڭا ئىشەنمەيسەن، مېنى قارا كۆڭۈل ھېسابلايسەن! » دەپ ئاغرىنغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن تەنە ۋە دارىتما گەپلەرنى ئاڭلىدى، كوچىدا ئېقىپ يۈرگەن گەپلەرنىڭ زەربىسى بىلەن ئەكبەرگە بولغان ئىشەنچىسى مېيى تۈگىگەن جىن چىراغتەك ئاستا - ئاستا ئۆچمەكتە ئىدى... ئۇ ئالغا قاراپ ماڭدى، ئىختىيارسىز يەنە كۆچلۈك يورۇقتا قارىدى. كۆمۈش پارچىلىرىدەك ئويناپ - يالتىراپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە جۈپ - جۈپ كېپىنەكلەردەك كۆرۈندى. ئۇ يەنە پاتىمە بىلەن كىچىك چاغلىرىدا زىغىرلىقتا كېپىنەك قوغلاپ ئوينىغانلىرىنى ئەسلىدى:

«پاتىمە شۇ تاپتا مېنى ئويلاپ ئۆلتۈرغان بولسىچۇ؟...»

ئۇنىڭ يۈرىكى مۇجۇلغاندەك بولدى. ئۇ قورۇق تامدىن باققا سەكرەپ چۈشۈپ دېرىزىدىن ماراپ باقماقچى بولدى. ئۇ قارنى پىيمىسى بىلەن كېچىپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا چىراغ لاپ قىلىپ ئۆچتى. ئۆگزىدىن سەگەك ئىت سەكرەپ چۈشۈپ سونۇرغا ياماشتى. سونۇر يەنە كوچىغا قايتىپ چىقتى.

ئۇ ئەزىزخاننىڭ دېرىزىسىگە قارىدى. دېرىزە يەنىلا يورۇق ئىدى. ئۇ ئەمدى ئەزىزخاننىڭ يۇمشاق، يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئىتتىك ماڭدى، ئۇ دېرىزىگە پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىپ كەلدى - دە، گۇدۇڭلاشقان ئاۋازنى ئاڭلىدى:

— نېمە، نېمە، سونۇرغا تېگىمەن؟ — دېدى روزىمەت غەزەپ بىلەن، — ئاشۇ كالامپاي سەھرالىقىما؟

— سىزدىن مىڭ ھەسسە ياخشى، ئاقكۆڭۈل، ۋىجدانلىق، مېھرىبان! — دېدى ئەزىزخان يىغلامسىراپ.

— سىز راستلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزما؟ — دېدى روزىمەت تىترەڭگۈ، ئەسەبىي ئاۋاز بىلەن، — ئاكام سىزگە ئۇنىڭغا راستلا كۆيۈپ قېلىپسىز دېگەن ئەمەس، ئاۋۇ ئەكبەر بىلەن مەنسۇرلار ئارىسىدا ئارازلىق پەيدا قىلىش. مەنسۇرغا قارشى تۇرۇشتا ئەكبەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قىلغان ئىشقۇ! مانا ئەمدى مەنسۇر تۇگەشتى، ئەكبەرنىڭمۇ ماتېرىيالى تەييار بوپتۇ. پاتىمە بىلەن ئەكبەر ئوتتۇرىسىدا نەدە مۇھەببەت بولسۇن! بۇ بىر ئىغۋا! ئەكبەر بىلەن مەنسۇرنىڭ قىزىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشقان بىلەن مەنسۇرنىڭ يامانلاشمىدى. ئەمدى بۇ ئويۇننى توختىتىمىز، يېزا باشلىقى غەلىبە قىلىپ بولدى، بىز ياخشى خىزمەت قىلدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ناھىيىگە يۆتكىلىمىز، ئۇ يەردىن شەھەرگە خىزمەت يۆتكەيمىز. مېنىمۇ، سىزنىمۇ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىغان بوپتۇ. بۇ قىيامەتتىن كېتىمىز!

— ۋاقلىماڭ، چىقىڭ ئۆيدىن!... — ئەزىزىخان يىغلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، — تويدۇم، مەن سىلەرنىڭ ۋىجدانسىزلىقىڭلاردىن تويدۇم. مەن سىلەرنىڭ بۇنچە ئىپلاس ئادەملەر ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەپتىمەن. مەن ئاشۇ سونۇرغا تېگىمەن، دېھقان بولۇپ كېتىمەن!

روزىمەت ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلدى!

— كاللىڭىزغا ئاگاھ بولۇڭ!

— بىلدىم، سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلارنى بىلدىم. ئاكىڭىزغا ئېيتىڭ، ماڭا خىزمەت ئىزلىمىسۇن، قىسقىسى ھازىردىن باشلاپ مېنىڭ بوسۇغامغا دەسسىمەڭلار!

روزىمەت بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلدى:

— ئەخمەق، بىر شەھرا ئېيىقى ئۈچۈن ئەقلىنى يوقاتقان ئەخمەق! بىزدىن ئايرىلساڭ لالما ئىتتەك خورلىنىسەن، سونۇر بىلەن پاتىمە بىز بىرىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدۇ. بىز

كەتكەندىن كېيىن پۈتۈن سىر ئاشكارلىنىدۇ. ھەممىنى يامان قىلغان گۇناھكار سەن بولۇپ چىقىسەن!

— ۋاي! — ئەزىزىخان يىغلىدى.

سونۇر تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇ كەينىگە يېنىپ مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

يېزا ئاكتىپلىرى ھېكمەت - روزىمەتلەر توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقاندا ئۆيگە ھاسىرىغان پېتى سونۇر كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستى - بېشى قار ئىدى. ئۇ، ئۇنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ:

— مېنىڭدىن يامانلىماڭلار، مەن ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى چۈشۈۋېتىمەن! — دېدى.

— ئولتۇر، — دېدى مەنسۇر كۈلۈمسىرەپ، — چۈشۈۋاسقمۇ بىرلىشىپ چۈشۈرىمىز، تولا تەلۋىلىك قىلما.

— چۈشۈيمەن، چۈشۈيمەن دېگىنى نېمىسى، بۇ يەردە يانتاق دۆۋىسى يوق! — كۆپچىلىك بىر پەس كۈلۈشتى.

بۆلۈم باشلىقى چىن يېزىغا كەتتى. يېزا باشلىقىنى بۈگۈن كەچ يەنە ھېكمەت ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئوخشىغان پولو ۋە ئېغىر ئىچىملىكتىن كېيىن ئاچچىق - چۈچۈك ئۈگرە بىلەن مېھمان بولدى. بۈگۈن باشقا ھېچكىم تەكلىپ قىلىنمىدى. ئۇلار هاراق ئىچىشىۋېتىپ ئۆزلىرىنىڭ ساۋاقداشلىق ھەزگىلىدىكى ئىشلىرىنى بىرلىكتە ئەسلەشتى، مەست تۇرسۇن خىيال سۈرەتتى: 15 ياشلىق تۇرسۇن مەھەللىسىدىكى نامراتلارنى دوراپ تامچى بۇلاقتا ئويمىچىلىق قىلىشقا باردى. ئۇ يالاڭغىداق. ئەسكى ياختىلىق چاپىنى بىلەن ئوغىقىنى كۆتۈرۈپ، مەھەللىسىدىن شەھەرگە تولۇق بىر كۈن، شەھەردىن تامچى بۇلاقتا تولۇق بىر كۈن پىيادە ماڭدى. ئۇ تونۇشلىرىنى ھېچ يەردە ئۇچرىتالمىدى. ئوغاق كۆتۈرۈپ توپلىق يولدا ماڭغان يېتىمچىلارغا ئەگىشىپ تېكىلىگان چوققىسىغا

قاراپ مېڭىۋەردى. ئۇنىڭ خالتىسىدىكى جىرىس ئاخىرلىشىپ قالغاندا تامچى بۇلاققا يېتىپ باردى. ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىن تامچىپ سۇ چۈشىدىغان بۇلاق مۇشۇ تاغدىكى مال - ۋاران، بىنەمچىلەر ۋە ئومىچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇ يىلى تامچىنىڭ بىنىمى ناھايىتى ئوخشىغان. بۇلاق ئەتراپىدىكى مانتىخانىلاردا مانتىچىلار بىر بىرلىرى بىلەن بەسلىشىپ ۋارقىرىشاتتى. يېتىمچىلار ۋە ئاشلىقىدىن ئۈمىد ئۈزگەن دېھقانلار ئۇ يەردىكى سەينادا توپ - توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنى بىنەمچىلەر ئېلىپ كېتەتتى. كەچ كىردى، تۇرسۇن ئاخىرقى يېرىم جىرىسىنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ يېۋىدى، قورسىقى تېخىمۇ ئاچتى. سېمىز گۆشتىن ئېتىلگەن مانتا پۇرىقى، كاۋاب - شورپىلار... تاۋۇز، ئالما، شاپتۇللار... تۇرسۇننى ئۆزىگە چىللايتتى. لېكىن ئامال قانچە؟. ئۇنىڭدا تىيىنتىنىڭ سۇنىقىمۇ يوق. تۇرسۇن بورا باراخانىلارنىڭ نېرىسىدىكى داق يەرگە قارىدى. ئۇ يەردە پۇل دېگەننى ئۇچۇملاپ تۇتۇۋالغانلار قىمار ئويناۋاتاتتى. ئۇ قىمارۋازلارنىڭ يېنىغا بېرىشتىن قورقاتتى. ئۇلار تىيىن ئۈچۈن بىر بىرىگە پىچاق سالىدۇ، دەسسەپ - چەيلەيدۇ. قولاقلىرىنى كېسىپ تاۋكاغا تاشلايدۇ...

تەرلەپ - پىشىپ قارىداپ كەتكەن، قويۇق ساقاللىق بىر ئادەم بۇلاق يېنىغا كېلىپ بېشىنى يۇدى ۋە تۇرسۇنغا قاراپ:

— ھەي، نېمە غەم يېسىپ كەتتى سېنى؟ بېرىپ تەلەي سىنا، پۇلۇڭ بولمىسا مانا پۇل، مە... دېدى - دە، ئىشتىنىنىڭ لىپىزىدىن بىر سىقىم پۇلنى چىقاردى.

— مەن قىمار ئوينىمايمەن.

— مۇنداق دېگىن، ئانداق بولسا مە، مۇنۇ پۇلغا مانتا يە، چىرايىڭدىن توپا يېغىپ تۇرىدۇ، ئەپتىڭگە قارىغاندا دېھقان ئوخشايسەن، قورسىقىڭنى تازا نىقتاپ تويغاز. مۇنۇ ساي بىلەن

ئۆتتۇر ماڭساڭ مېنىڭ كەپەمگە بارسەن، قۇربان باينىڭ كەپىسى قايسى دېسەڭ كۆرسىتىپ قويىدۇ. بېرىپ بوغدايىنى ئورۇۋەرگىن، مەن بارغاندا سۆزلىشىۋالارمىز!

تۇرسۇن ئۇنىڭ قىپ قىزىل كۆزلىرىدىن قورقۇپ دېگىنىنى قىلدى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشكىچە ئورىدى، بولۇق بوغداي ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى تالدۇردى. تېخىچە كەچكى تاماققا چاقىرمىدى. كەپىدە شام ياققاندا ئۇ كەپە يېنىغا كەلدى. ئۇمىچىلار توپىلىقتا يېنىچە ياتاتتى.

— مانتا يېگەن يىگىتنىڭمۇ قورسىقى ئاچامدۇ. يۇرۇڭلار، ئەمدى ئارپا يولىمىز!

ھېلىقى ئادەم ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى، ئۇلار زوڭزىيىشىپ يېرىم كېچىگىچە ئارپا يولدى. سىرىلما يەر بىلەن تۆۋەنگە قاراپ يۇلغاچقا تۇرسۇننىڭ گەجگىسى، تېقىمى قاتتىق ئاغرىدى. ئۇلار پايخاندىن چىققان كالىلاردەك چاڭقاپ كەپىگە ماڭدى. نە سۇ، نە تاماق يوق ئىدى.

— ئۇخلاڭلار، ئەتىگەنلىككە بىراقلا يەڭلار، ياتار قورساق، كېتەر قورساق!

ئۇلار ئۇخلاشتى، تۇرسۇن ئەمدىلا ئۇخلاپ مەھەللىسىدىكى چىغىتماقلىقتا ئويناپ چۈش كۆرۈۋېدى، ئۇنى بىرسى لىگىشتتى.

— قوپ، ئارپا يولىمىز!

ئۇلار ئاشۋاقتى بولغۇچە ئارپا يولدى. چايدىن كېيىن ئۇما. . . ئادەملەر قېچىپ ئازايدى. قاچقانلارغا نەدە ھەق! تۇرسۇن ئوقۇماقچى، ئۇنىڭغا پۇل كېرەك. ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۆت كۈن چىدىدى. تۆتىنچى كۈنى كېچىچە يامغۇر ياغدى. تۇرسۇن دىرىلدەپ تىترىدى. جان ئاچچىقىدا ئاتلارنىڭ شىردىقتىن قىلىنغان ئوقۇرىنىڭ تېگىگە كىرىپ ياتتى. تېگىدىن سۇ ئۆتتى، ئۈستىدىن تامچا. . . كەپىدە بولسا ھېلىقى قارا ساقال چالا بوغۇزلانغان ئۆكۈزدەك خورەك تارتاتتى. ئۇ شۇ كېچىسى

مېھرىۋان ئانىسىنى، ئىسسىق كاڭنى نەقەدەر سېغىنىدى - ھە!

تاڭغا يېقىن ئۇ قاچتى. قانچىلىك ماڭغانلىقى نامەلۇم. سايدا شارقىراپ يامغۇر سۈيى ئاقاتتى. ئۇ قاياققا كېتىپ بارغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىر خادىك كەلدى. خادىكتە پاكىز كىيىنگەن، چا يورۇق بىر ئادەم بىلەن چىرايلىق كىيىنگەن بىر بالا ئولتۇراتتى.

— ھەي بالا، نەگە؟

— شەھەرگە، — دېدى تۇرسۇن.

ھېلىقى بالا قاقاقلاپ كۈلدى:

— سەن كۈن پېتىشقا قاراپ كېتىۋاتىسەنغۇ، شەھەر دېگەن كەينىڭدە قالدى!

تۇرسۇن شۇ چاغدىلا كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلدى.

— خادىككە چىق، بىزگە باغ باغلاپ بەرگىن.

تۇرسۇن خادىككە چىقتى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ تا مەكتەپ باشلانغىچە شۇ ئادەمنىڭ كەپسىدە تۇرۇپ بېغىنى باغلىدى. ئۇنىڭ ئىشى باينىڭ دېتىغا ياقتى. باي ئۇنى قورو خىزمەتچىسى قىلىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. . .

تۇرسۇن ھىكمەتلەرنىڭ قوروسىدا ئىككى يىل تۇردى. ھىكمەت ئويۇن بىلەن بولۇپ دەرسكە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئۇنىڭ ھېساب چىقىرىش، تاپشۇرۇق ئىشلەش، كانسىپىك يېزىش قاتارلىق پۈتۈن ئىشلىرى، ھەتتا يازما ئىمتىھانىمۇ تۇرسۇن بىلەن پۈتەتتى، تۇرسۇن ھىكمەتنى سىنىپتىن كۆچۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت يەنە ئەتىگەنلىكى باينىڭ قوروسىغا سۇ توشۇش، بورداق قويلارغا يەم بېرىش، ئاتلارنى سۇغىرىش، خانىملارنى خادىك بىلەن مېھمانغا ئاپىرىش قاتارلىق ئىشلارنى ئىككى يىل ھەقسىز قىلغىنىنى تىلغا ئالمايتتى، ئۇ باي بالىسىنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلەشنى خالايتتى.

— بىنەمدە راسا تەمتىرەپ قالغاندا سىلەر جېنىمغا ئەسقاتتىڭلار! — دېدى تۇرسۇن، يۇقىرىقىلارنى ياخشى ئەسلىۋېلىپ مەست كۆزلىرى بىلەن ھېكمەتكە قاراپ — سىلەر بولمىساڭلار بۈگۈنكى تۇرسۇن بولمايتتى!

ھېكمەت كۈلۈمسىرىدى، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە:

— سىز يېزا باشلىقى بولمىغان بولسىڭىز مەنمۇ مۇنداق خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيتتىممۇ؟ قىيىنچىلىققا چىدىماي ئورۇمچىدىكى خىزمىتىمنى تاشلاپ ئېلىمغا كېلىپ، راسا تەمتىرەپ يۈرگەندە سىز ئەسقاتتىڭىز، مېنى ماگىزىنىغا ئورۇنلاشتۇردىڭىز، سىز يېزا باشلىقى بولمىغان بولسىڭىز كىم بىلسۇن مەن يەنە قانچىلىك سەرگۈچىلىق تارتاتتىم تېخى!

تۇرسۇن سۈنايلىنىپ ياتتى. ھېكمەت بىر جۈپ ماۋۇق ياستۇقنى ئېپكېلىپ يېزا باشلىقىنىڭ قولتۇقىنى ئاستىغا قىستۇردى. ھېكمەت ھاياجانلىنىپ يەنە بىر رومكا ئىچتى. ئۇ يېزا باشلىقى بىلەن خالى قالغىنىغا خۇشال ئىدى.

— قارىمامسىز، مۇنۇ ئاسىم دېگەننىڭمۇ تامتۇقى يوق ئادەم ئىكەن. ئۆتكەنلەردە ھەدېسىلا مەسلىھەت سوراپ بۇ يەرگە كېلەتتى. بىرلا ئورۇلۇپ ھازىر ئۇلار تەرەپكە ئۆتتى. مەن ئۇنىڭغا ياخشى نىيەت بىلەن بەرگەن مەسلىھەتلىرىمنى تەتۈرسىگە ئورۇپ، ئۇغا زەھەر قىلىپ ئۆزۈمگە قايتۇرمىغىدى، دەپ ئەنسىرەيمەن، بۇ يەردە ئۇششاق گەپ ناھايىتى تولىكەن، يېزا باشلىقى بىر ياخشىلىق قىلىپ مېنى يېزا ماگىزىنىغا يۆتكەپ قويسىڭىزكەن، مەن ئۆيۈمنىمۇ شەھەرگە يۆتكەپ كۆچۈرۈپ كەتمەكچى، ياق، بۇ يەردە تۇرۇشقا كۆزۈم يەتمىدى!

تۇرسۇننىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلىغانىدى:

— ياخشى ئويلاپسىز، مەن سىزگە قولۇمدىن كەلگەنلا ياردىمىنى ئايىمايمەن، سىز ماڭا جىق ياردەم قىلدىڭىز، مەنسۇرنىڭ ماتېرىيالى، ئەكبەرنىڭ ئۈستىدىن توپلانغان

ماتېرىياللار شۇنچىلىك پۇختا، ئۇستىلىق بىلەن جايلاندى. بۆلۈم باشلىقى چىنغا قايىلمەن: ئاجايىپ تېز خۇلاسە چىقىرىدىكەن، كۆڭلۈڭدىكىنى تېز تاپالايدىكەن. بۇ كىشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى بولالايدۇ، ھېكمەتۋاي، مەن شۇ چاغدا سىزگە چوڭراق ياردەم قىلالايمەن. ماڭا تويغۇزماي تورۇپ شۇنچىلىك جان پىدالىق قىلدىڭىزكى. . . كەلگۈسىدە. . . ھەي، دۇنياغا توغۇلۇشتىكى مەقسەت نېمە؟ ياخشىراق كۈن كۆرۈش، ياخشى كۈن نەدە؟ ئەلۋەتتە يۇقىرىدا، تۆۋەندە يۈرۈۋەرسەڭ، پىكىرلىرىڭمۇ چۇپرەندىدەك ئەرزىمەس نەرسىلەر بىلەن بولغىنىدىكەن. ئون - يىگىرمە يىل تۆۋەندە يۈرسەڭ مېڭەڭ تىلەمچىنىڭ خورجىنىدەك پارچە - پۇرات نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدىكەن. يۇقىرىدا بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۆسۈش قانداق راھەت؟ ھەي، بىراق ئادەم تىرىشقانغا ئۆسكىلى بولمايدىكەن. ئامەت كەلمىسە كېچە - كۈندۈز تىرىشقىنىڭ بىلەنمۇ بەربىر پىشىڭغا دەسسەپ پۇتلىشۋېرىدىكەنسەن، نېمىلا بولمىسۇن جاندىن كەچمەي جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ. قايسى كۈنى دىلەيساخان مېنى شۇنچە تىللىدى. نېمىشقا لام - جىم دېمىدىم؟ ئەلۋەتتە بىلىسىز، مەن ئۇلارنى قوربان قىلۋەتكەنمەن. بۆلۈم باشلىقى چىن سىنىپىي كۆرەشنىڭ مۇرەككەپ - ئۆتكۈرلۈكىنى ئىسپاتلىماقچى. بۇنىڭ بىلەن نېمە قىلماقچى؟ ئۇنىڭغا باش قاتۇرۇش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەنسۇردەك بىرنەچچىسىنى قوربان قىلىش كېرەك. ھەق، ناھەق دېگەن نېمە ئۇ؟ ئۆزىڭىزگە پايدىسى تەگسىلا ھەق دېگەن شۇ! بىز نېمىلا دېسەك بۆلۈم باشلىقى چىن ئۇنى ھەق دەيدۇ. شۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى قىلساقلا يەردە قالمايمىز ھېكمەتۋاي، لى زۇڭخۋا دېگەنگە بىر ئىشنى ئىنكاس قىلساڭ ئۆزى تەكشۈرۈمگوچە بىر نېمە دېمەيدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۆسكىلى بولسۇنمۇ؟. . .

يېزا باشلىقىنىڭ گېپى تۈگىسە ھېكمەت ئۈيلىغانلىرىنى دەۋالسا بولماسمىدى؟ ھېكمەت ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئەمدى گەپ باشلىۋېدى، يېزا باشلىقى خورەك تارتىشقا باشلىدى. ھېكمەت مەست كۆزلىرى بىلەن يېزا باشلىقىغا بىردەم قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ تىزىلىپ كەتكەن گەپلىرى ئېچىنى تاتىلاشقا باشلىدى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ھېكمەت سۆزلىۋېلىشى، يېزا باشلىقىنىڭ يېنىدا سۆزلىشىۋېلىشى لازىم:

— يېزا باشلىقى، ئۇلار نېمىشقا روزىمەتنى تۇتۇپ بەرمەكچى؟ سىز بۇنى بىلىسىز، ئۇلار مېنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىپ كورەش قىلماقچى. ئۇلار مەھەللىدە روزىمەت تارقىتىپ يۈرگەن سۆزلەر، غەلىتە ھەرىكەتلەرنىڭ ئىگىسى ھېكمەت دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. لېكىن ھېكمەتكە ئارتىش ئۈچۈن تۇتۇۋالغۇدەك بىر يېرى بولۇشى لازىم. روزىمەت بولسا تۇتقۇزۇپ قويىدى.

ھېكمەت بايا يېزا باشلىقىدىن روزىمەتنىڭ ناھىيىلىك ساقچىغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ دەككە - دۈككىگە چۈشكەن، ئاكىسىدىن قالغان بۇ يالغۇز ئوغۇل ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرەك - باغرى ئۆرتەنمەكتە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قايناقلار بىلەن بىرلىشىپ قومۇش ھايانكەشلىكى قىلغانلىقى، سۇلايماننى ئازدۇرۇپ سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ ئاشلىق - زىغىرلىرىنى ئىش كۆتۈرە ئېلىش ئەترىتىگە سېتىپ ئوغرىلىق قىلغانلىقى، بۇ ھايانكەشلىك ھېسابىغا كەلگەن پۇللارنى ھېكمەتنىڭ سىڭرىپ بەرگەنلىكى، مەنسۇر ئۈستىدىن سۇلايمان ئارقىلىق يالغان ئەنزە پەيدا قىلغانلىقى، مەنسۇر ئۈستىدىن «چەت ئەلدىن كەلگەن خەت»نى ياساپ چىققانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى

پاش قىلىپ قويۇشىدىن قورقماقتا ئىدى...

ئۇ ئېگىشىپ يېزا باشلىقىنى ئېغىتتى. لېكىن يېزا باشلىقى بايىقىدىنمۇ قاتتىق خورەك تارتماقتا ئىدى.

ھىكمەت ئۆيىدىن ئالدىراپ چىقتى، ئۇ «ئوغلى»نىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇ يەردە كارىۋاتتا كەينى-كەينىدىن مۇخوركا چېكىپ روزىمەت ياتاتتى. ئۇ دادىسىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەممە ئاكتىپلار مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە توپلاندى. نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئۇقالمىدىم.

ھىكمەت ئۇنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلىدى-دە:

— جېنىڭنى دالدىغا ئال، ئامال بولسا سۇلايماننى كۆزدىن يوقات ياكى بىللە ئېلىپ قاچ! — دېدى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — سېنى ئەتىگىچە، بەلكىم بۈگۈنلا قولغا ئالىدىكەن!

— ئەزىزىخاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قاچىمەن! — دېدى روزىمەت قولىغا خەنجەر ئېلىپ.

— ياق، ھايال بولما! ھويلىدا يېزا باشلىقىنىڭ ئېتىنى، ياق ياخشىسى ماخودىن ئات ئوغرىلاپ قاچ!

— ئەزىزىخاننىڭ پەيلى بۇزۇلۇپتۇ! — دېدى روزىمەت ئالدىراپ كىيىنىپ — ئۇ ھەممىنى ئېيتىمەن دەۋاتىدۇ!

روزىمەت ئەزىزىخاننىڭ ئۆيىدە بولغان ئىشلارنى ھىكمەتكە تولۇق ئېيتىپ بەردى. ھىكمەت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلاندى — دە:

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مەن ھازىرچە يېزا باشلىقى، چىن بۇجاڭلارنىڭ سايىسىدا تۇرىۋاتىمەن، ماڭا ئوڭايلىقچە چېقىلالمايدۇ. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا... ئۇ قوللىرىنى قىلىچ قىلىپ شىلتىدى-دە، روزىمەتنى ئالدىرىتىپ:

— بول، بىر ئامال قىلىپ سۇلايماننى ئېلىپ قاچ! ئۇ يوقالمىسا مېنىمۇ پاتقاققا سۆرەپ ئەكىرىدۇ! — دېدى.

روزىمەت تالاغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

ھېكمەت تالاغا چىقتى. قىش تۈگىگەن بولسىمۇ كەچلىك سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. پۈتۈن ئەتراپنى تۇتەك باسقان، بىر مالدام يەردىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى، ھېكمەت كۆن پېتىشقا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇردى. ئۇ مەست كۆزلىرى بىلەن مانانلىق كېچىدە شۇ ياقتىن نىجات ئىزلىگەندەك ئۇزاق تەلمۈردى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

ھىكمەت ئۆز ماگىزىنىدا سودا قىلاتتى، ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن، سودا قىلىۋېتىپ قولى تىترەيتتى. ئەتىر سوپۇن دېسە كىرسوپۇن بېرىپ، چاي دېسە تۇز تارتىپ بېرىپ دائىم يېڭىلاتتى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرىمۇ، كەكلىكتەك «كاك - كاك - كاك» قىلىپ كۈلىدىغان كۈلكىسىمۇ تۈگىگەن، بۇ توغرىدا ئادەملەر: «بۇ ئادەمنىڭ بىر دەردى بارغا ئوخشايدۇ»، «بالىسىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىنى ھار ئالغان چېغى» — دېيىشتى.

لېكىن ھىكمەتنى بىئارام قىلغان ئىش ئۇ ئەمەس، ئۇ يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ تۇيۇقسىزلا يېزىغا چارقىرتىلىپ كەتكەنلىكىدىن بىئارام بولماقتا ئىدى. ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇ يېزىغا بەش قېتىم باردى. يېزا باشلىقىنى ئۇچرىتالمىدى. پەزىلەتخان ئۇنىڭغا: «ناھىيىگە كەتكەن، كەلمەيدىغۇ تاڭ!» دەپ جاۋاب بەردى.

ماگىزىنغا زىۋىرشا ئالدىراپ كىردى. ئۇ ھىكمەتنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىنى بېشى بىلەن شەرەت قىلىپ:

— قارىلىق تۇتتىڭىزمۇ نېمە؟ — دېدى.

— قارىلىق دېسىمۇ بولىدۇ، — دېدى ھىكمەت ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، — يېزا باشلىقىدىن تېخىچە دېرەك يوق، قېرىنداشقاندەك ھېلىقى روزىمەتنىڭ تۇيۇقسىزلا يوقىلىپ كەتكىنى، ھەي زىۋىرشا خاتىرجەم بولماق قىرىق پارە قۇرئاننى ياد ئالغانغا ئوخشاش قىيىن ئىشكەنغۇ - تاڭ، يېزا باشلىقى كەتتى. ئۆيۈمنىڭ خۇشاللىقى تۈگىدى!

زىۋىرشا پوكەيگە پوكىنىنى قويدى - دە، شىۋىرلاپ:

— ئەكبەر قايتىپ كەپتۇ. قومۇشنىڭ پۇلىنى تارقىتىپ بېرىدىغان بوپتۇ. ئاڭلىساق ئەمدى قاۋانلىقتا تۇتۇش قىلغۇدەك. بۈگۈن ئەتىگەن ماڭا ئۇقتۇرۇش قىلدى. سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەترەت باشلىقىدىن قالدۇرۇلۇپتىمەن. ئەترەت باشلىقى ئەبلغازى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ئىمىر بوپتۇ!

— ساپلا شۇلاردىن ھە!

— تېخى مەنسۇرمۇ خىزمىتىنى قىلغۇدەك!.

— مانا تارتقۇلۇق! — دېدى ھېكمەت تاتىرىپ، — ئاغزىڭىزغا ئىگە بولۇڭ. ھە! مەنغۇ ناھىيىگە يۆتكىلىپ كېتىمەن، ئەمما لېكىن سىلەرنىڭ دومبەڭلەر يېغىردىن نېرى بولمايدۇ ـ دە! ئەمدى ئۇلار تەتۈر ھېساب ئالىدۇ. ئۇلار سىلەرنى باي دېھقانغا ئايرىماقچىدى، يېزا باشلىقى ساقلاپ قالغان.

— ھېسابىنىڭ چوڭىنى سىزدىن ئالارمىكىن! — دېدى زىۋەرشا ھېكمەتكە سىناش نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ، — مەنسۇرنىڭ، ئەكبەرنىڭ ئۈستىدىن ماتېرىيال تەييارلاشتا ئاز خىزمەت كۆرسەتتىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە روزىمەت!

— كارى چاغلىق! — دېدى ھېكمەت زورىغا كۈلۈمسىرەپ، — يېزا باشلىقى بىلەن بۆلۈم باشلىقى تېخى ئورنىدا. يۇقىرىدىن ئۇلارنىڭكىنى خاتا دېگىنى يوق، يامىنىغا كەلسە مېنىڭدىن مۇشۇ مەھەللىنى ئالىدۇ. پەشنى قېقىپلا كېتىمەن، قۇتۇلىمەن!

— بالاغا بىزنى تىقىپ قويۇپما؟، — زىۋەرشا بىچارە ھالەتتە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ھېكمەت ماگىزىننىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن زەنجىرلاپ قويدى ـ دە، زىۋەرشانىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— ئولتۇرۇڭا، ئاغزى يۇمشاق موزاي ھەرقانداق شاش كالىنىمۇ ئېمەلەيدۇ. شامال قاياقتىن چىقسا دومبىڭىزنى شۇ ياققا قىلىۋېلىپ مالنىڭ توۋىنگە مېڭىشنى بىلمەمسىز؟ سىز بىلەن بىزگە ئەكبەر، مەنسۇر، تۇرسۇنلارنىڭ نېمە كېرىكى؟ يېزا

باشلىقى تۇرسۇنغا قىلغان خىزمەتنى ئەكبەرلەرگىمۇ قىلالايمىزغۇ! ئىش قىلىپ باشقىلارنى مورلاشنى بىلسىڭىزلا بۇ جاھاندا جان باقالايسىز، قايسىبىر باشلىق مورلىغۇچىلارنىڭ قولىنى ئىتتىرىدىكەن؟

زىۋەرشا ھىكمەتنىڭ گېپىدىن لازا يەۋالغان بالىدەك تەرىنى تۈردى. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە دۈشمەنلەشكەن ئادەمگە تىز پۈكۈپ خىزمەت قىلىش نومۇس، ھاقارەت ۋە پەسكەشلىك ھېسابلىناتتى. ئۇ سېرىق بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى ھىمىرىپ چىشلىدى - دە:

— ھىكمەتۋاي، سىز تېخى شۇنداقمۇ ئىشلارنى بىلەمسىززا! — دېدى

ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ھىكمەت خۇدۇكسىنىپ:

— جان بېقىش، كۈن كۆرۈش ئۈچۈن ئىنسان نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ زىۋەرشا سىز ھېچنىمە كۆرمىدىڭىز، لېكىن بىزچۇ؟ راستىنى ئېيتسام ھازىرغىچە بىرسىنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن بىرسىنى قۇربان قىلىپ، ئۈستۈمدىكى باشلىقنى رازى قىلىش ئۈچۈن يېقىنلىرىمنى ئايىماي چېقىپ، كۆلىنى كۆككە سورۇپلا كەلدىم.

— بۇنىڭ بىلەن ئورنىڭىز قانچىلىك كۆتۈرۈلدى؟

—بۇنىڭ كارى چاغلىق، —دېدى ھىكمەت يەرگە قاراپ، — بىرسىگە ياخشى كۆرۈنۈش زۆرۈر بولغاندا مەن پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشمايمەن. شۇ ئادەمگە ياخشى كۆرۈنەلىسەملا بولدى. تۇرمۇشتىن خۇشاللىق تاپالايمەن. يېگىنىم تېنىمگە سىڭىدۇ! . . .

زىۋەرشا ھىكمەتكە ھەيران قالدى. ئۇ زىۋەرشانى ئەكبەر، مەنسۇرلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن بىرلىرىنى قۇربان قىلىشقا ئۈندىمەكتە ئىدى، زىۋەرشامۇ باشقىلارنىڭ ئورنىنى كۆلىغان،

لېكىن ئۇ ھازىرغىچە يېقىنلىرىنى ئوتقا ئىتتىرىپ باقمىغانىدى. ئۇ ھىكمەتكە قارىدى:

— كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى بىرسىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن بىزدەك يېقىنلىرىڭىزنىمۇ دوزاققا ئىتتىرىدىغان ئوخشىمامسىز!؟

— بىھۇدە ئەنسىرەش! — دېدى ھىكمەت زىۋەرشانىڭ جۇۋىسىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، — سەكرىمەڭ، مەن سىزگە ئۇلۇغ سۇدىن ئۆتۈش ئۈچۈن كىچىك كۆرستىۋاتىمەنغۇ؟

— بولدى! — دېدى زىۋەرشا قولىنى سىلكىم تالاغا مېڭىپ، — شۇ كىچىكىڭىزدىن ئۆتكۈچە قايىنامغا سەكرەپ بىراقلا ئۆلەي!...

زىۋەرشا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھىكمەت ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. ئۇ: ئەندىشىدە قالغان ساددا دېھقان مەسلىھەت سوراپ كەلدى، ئۇنىڭغا نېمىلا دېسەم دېگىنىمنى قىلىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەنە شۇ ئىشەنچ بىلەن ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ، تۇرسۇنلارغا قىلغان خىزمىتى بىكارغا كەتكۈدەك بولسا ئۆزىنى ئەكبەرلەرگە يەنە ياخشى قىلىپ كۆرستىش ئۈچۈن ھەممە بالايى - ئاپەتنى تۇرسۇنغا ئىتتىرىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەشكە باشلىغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى باشقىلار ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشى پايدىلىق ئىدى. ئەنە شۇ نىيەت بىلەن زىۋەرشانى چېكىپ كۆرۈۋېدى، كۈتۈلمىگەن ئەھۋال بولدى. ئاداۋىتى كۈچلۈك، ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق بولغان زىۋەرشا ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ، غەزەپلىنىپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ بىر بولسا توپ - توغرا يېزا باشلىقىنىڭ يېنىغا بارىدۇ. بىر بولسا ھىكمەتنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى مەنسۇر، ئەكبەرلەرگە ئېيتىدۇ!...

ھىكمەت پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلىدى، بىردە بېشىنى چاڭگاللاپ پۈكىيدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ باقتى، بىردە ئۇياقتىن -بۇياققا مېڭىپ باقتى. لېكىن ئۇنىڭ خۇدۇك، ۋەھىمە ۋە ئەلەم بىلەن قايمۇقۇپ قالغان كاللىسى جېنىغا ئارام بولغۇدەك بىرەر

ئامال تاپالمىدى.

بىردىنلا ئىشكىنىڭ ئىلغىرى شاراقلىدى، ئۇ خۇددى بىرسى ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىلى كەلگەندەك چۆچۈپ ئىختىيارسىز قولىغا پالتا ئالدى.

— ئېچىڭا ھېكمەتكا! — ئەكبەرنىڭ خاتىرجەم ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇ تۇتۇلغان چىرايىنى بىردىنلا ئاچتى - دە، پۇكەيگە سەكرەپ چىقىپ ۋارقىرىدى:

— ئوھوي ئەكبەر شوجى! كىلىڭ - كىلىڭ، نەق سىزنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم، توۋا! — ئۇ ئىشكنى ئاچتى ۋە ئەكبەرنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ چىڭ سىقىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — كەلدىڭىزمۇ ئىنىم! ياللا، بۇ يېزا باشلىقىنىڭ بىسەرەمجانلىقىنى، ئوھ. ئەمدى ئوھ دەيدىغان بولدۇق ئوكام، ئاڭلىسام...

— ھە، پۇلنى قايتۇرۇپ بەردى! — دېدى ئەكبەر كۈلۈمسىرەپ، — خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قايتۇرۇپ ئىلىپ كەتتى، سىزنىڭ يېنىڭىزغا بىر جىددىي ئىش بىلەن كەلدىم.

ھېكمەت ئۆزىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرغان يىگىتتىن كۆزىنى قاچۇرۇپ:

— قۇللۇق، قۇللۇق ئىنىم! ئاغزىڭىزغا شېكەر. تېزراق بۇيرۇڭ، سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئايقاشقا ئېتىدەك بىر يوگۇرەي، ھا — ھا...! — ئۇ قاقاقلاپ ئۇزاق كۈلدى. ئەكبەر:

— بۈگۈن ھەممە ئەترەتلەر ئەزالارغا پۇل تارقىتىدۇ، قومۇشنىڭ پۇلىدىن ھازىرچە 60 پىرسەنتىنى ئەزالارغا تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلدۇق!

— قەنت، قەنت! — دېدى ھېكمەت ئەكبەرنىڭ قولىنى يەنە قىسىپ، — مانا توغرا رەھبەرلىك دېگەن!

— تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەردىن ھازىرلا بېرىپ جىقراق ئەكىلىڭ، مەن تەمىنلەش ئىدارىسى بىلەن سۆزلەشتىم، ھەر

خىل كىيىم - كېچەك، رەخت، چاي - تۇز، سوپۇن، ئاياغ كىيىم، كەتمەن - گۈرجەك، پوكۋاي ياغلىق، پوپايكا، ۋەلسىپىت. . . قاتارلىق نەرسىلەردىن ئىسكىلاتتا بارنىڭ ھەممىسىنى بېرىدىغان بولدى، سىزگە ياردەمگە ئادەممۇ كېلىدۇ. يوگۇرۇڭ، ئىككى ھارۋا قوشقۇزۇپ قويدۇم ئەكىلىۋېلىڭ!

ھىكمەت يوكەيدىن سەكرەپ ئەكبەرنىڭ كەينىدىن چىقتى. ئەكبەرنى بىر چەتكە تارتىپ تۇرۇپ:

— ئەمما ئىنىم، زىۋىرشا سىزگە ئۆلگۈدەك ئۆچ ئىكەن. ئۇ ھېيتەك پومپىشچىك بىلەن توغقان ئەمەسمۇ، نېمىلا بولمىسۇن سىنىپىي ئىنتىقام بار ئىكەن - دە! ھازىرچە شۇنىلا دەپ قوياي. . . — دېدى.

ئەكبەر گەپ قىلمىدى.

ئەكبەر كەتكەندىن كېيىن ھىكمەت ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— ئۆزىنىڭ يېغى بىلەن ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇيمەن. تۇرسۇن، مەنسۇر، ئەكبەر، زىۋىرشا، ئەبىلغازى. . . بۇلارنىڭ ئىسمى ھەر خىل بولغىنى بىلەن ئوخشاشلا بىر دېھقان. ئەپلەپ - سەپلەپ دېھقاننى يېيىش شەھەر سودىگىرىنىڭ كەسپىي ئىشى، جاھان ئۆزگەرسىمۇ بۇ قانۇن ئۆزگەرمەيدۇ. . .

ئەكبەر ھىكمەت بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، مەھەللىدىن قاۋانلىققا ئېلىنىدىغان يولنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتكە كەلدى. يول بۇ مەھەللىنى كېسىپ ئۆتۈپ توپ - توغرا قاۋانلىققا باراتتى. يەنە بىر ئايدىن كېيىن پۈتۈن ئەمگەك كۈچلىرى قاۋانلىققا يۆرۈش قىلىدۇ. ھارۋا، تراكتورلار مېڭىش ئۈچۈن بىر يول لازىم ئىدى. چوڭ ئەترەت رەھبەرلىكى سازلىقنىڭ توگى ئېرىغىچە مۇشۇ يولنى پۈتكۈزۈشنى نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىشلار قاتارىغا كىرگۈزگەن. يول زىۋىرشانىڭ بۇ قەدىمقى قورۇسىنى بۇزۇپ ئۆتۈشى لازىم. مانا بۇ ئىش ئۈچۈن ئەكبەر زىۋىرشا بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدى.

ھازىر پۈتۈن چوڭ ئېتىرەت ئالدىراش، بەس - بەستە ئوغۇت توپلاپ، ئات - ئۇلاقلارنى بېقىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا جىددىي تەييارلىق قىلماقتا. ئادەملەر تۆمۈرچىلىك دۇكىنى، ياغاچچىلىق دۇكىنىغا لازىمەتلىك سايمانلارنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرمەكتە، قىرلار ئامبارلار ئالدىدىكى كۆنگەي جايلاردا ئولتۇرۇپ تاسما تىلىپ جابدۇق تىكمەكتە، چىگە چىقىرىپ، نوختا، توشۇك، جاۋىباغلارنى تەييارلاشماقتا، چاققان كېيىنگەن ياشلار ئەمدى چانىلىرىنى تاشلىغان — داڭكاڭ، زەمبىل، قول ھارۋىلىرى بىلەن ئوغۇت توشىماقتا. .

ئەتىياز پۇرىقىغا تولغان ئىللىق ھاۋادىن خۇشاللىق سەزگەن ئات - كالىلار كۆنگەيگە قاخلىنىپ قىشتىن بېرى ئۈستىگە پېپىنچا بولغان قويۇق يۇڭلىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىپ بارغىنىغا ئىچى ئاغرىغاندەك تىللىرى بىلەن يالاپ قويىشاتتى. ياخشى ھەلەپ ۋە بېدە - چۆپكە تويماي جانىۋارلار ئەتىياز ئەگىزىنى شورىماقتا. .

ئەكبەر سەككىزىنچى كىچىك ئېتىرەتنىڭ ئەگرى - بۈگرى، پاكار تاملىق كوچىلىرىنى ئارىلاپ كېتىپ باراتتى. باغلاردا قېرى دەرەخلەرنىڭ قانچىلىغان ئەتىياز شامال‍لىرىنى كۆرگەن يوغان پۇتاقلىرى ھاۋادا دارىدىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاچىلىرىدىكى قاغا، سېغىزخان چاڭگىلىرى ۋە ئۇنىڭغا قونغان قۇشلار «بۇ بىزنىڭ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئادىتىمىز» دېگەندەك قىلىپ چۇقۇراشماقتا ئىدى.

ئەكبەر زۇبەيرشانىڭ ئېگىز تاملىق بېغىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «غارت - غۇرت» قىلىۋاتقان ھەرە ئاۋازىنى ئاڭلىدى. زۇبەيرشانىڭ ئىشقا چىقماي ئالدىراپ پەن تىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئەكبەرگە ئۇنىڭ ھەربىسى «قەدىمدىن بېرىقى ئادىتىم شۇ، ئالدىرىمايمەن، ئالدىرىمايمەن» دەپ تۇۋلاۋاتقاندەك بىلىندى.

زۇبەيرشانىڭ دادىسىدىن قالغان جايى قەدىمقىچە ئىدى. قىلىن لاي سېلىنغان ئۆگزىنىڭ ئاستىدىكى لىمدا كەپتەرلەر

بوغۇلداشماقتا. يوغان تۆمۈر مىخلار، دوگىلەك تۈگمىلەر قېقىلىپ مەھكەملەنگەن دەرۋازا قاناتلىرى ھەم يېپىقلىق ئىدى. دەرۋازىنىڭ پېشانىسىدىكى گۈل چېكىلگەن لىم ياغاچقا ئەرەب يېزىقىدا، ھىجرىيە. . . » دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

ئەكبەر دەرۋازىنى ئاچتى. ھويلا قاپ - قاراڭغۇ، ھەر ماڭدامدا دېگۈدەك يوغان قارىغاي تۈۋرۈكلەر، ھويلىنىڭ ئوڭ ۋە سول تاملىرىغا يانداش سۇپا، دەرۋازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دالاننىڭ ئەگرى - بۈگرى ئىشىكى، كونا پېتىش تەرىپىدە ئېغىل ئىشىكى ۋە يانداش ئوقۇرلار كۆرۈنەتتى. ئەكبەر كىرىپ كەلگەندە لىملاردىن كەپتەرلەر ئۇركۇشۇپ ئۇچۇپ چىقىپ، ئۆگزىدىكى تۈگلۈكنىڭ بالداقلىرىغا بىرىپ قونۇشتى. دالاننىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىگە زىۋىرشانىڭ ئايالى ئالدىغا چىقتى:

— كېلىڭ، كېلىڭ، قېنى سارايغا! — دەپ دالانغا ئېچىلغان ئوتتۇرىدىكى ئىككى ئىشىكنىڭ كونا چىقىشتىكىسىنى كۆرسەتتى.

— رەھمەت، — دېدى ئەكبەر ئۆزىنىڭ بىرى كۆرمىگەن بۇ قەدىمىي ئۆيگە سىنچىلاپ قاراپ.

يوغان دالاندا ئەكبەر كىرگەن ئىشىكتىن باشقا يەنە بىر ئىشىك بار ئىدى. ئوتتۇرىدىكى ساراي ۋە ئاشخانا ئىشىكلىرى، بۇلۇڭدىكى ئامبار ئىشىكى، يوغان سوپا تۆپىسىدە ھۇجرا ئىشىكى، كونچىقىش بۇلۇڭىدا باغ ئىشىك، كونا پېتىش تەرەپتە يوغان ساڭلار، بىر يوغان ئۇن ساندۇق، سۇپىدىمۇ، تاپىسىدىمۇ يوغان تۈۋرۈكلەر، مايلىشىپ كەتكەن تۈۋرۈككە مىخلانغان قەدىمقى چىراقپايمۇ توپا بېسىپ تۇرۇپتۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاملاردىكى نەقىشلەرنىمۇ پەنجىرىدىن چۈشكەن يورۇق خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى.

— ھە، ھەيران قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئايال كۈلۈمسىرەپ،

— بىزنىڭ كىشىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەۋەرۈكى، سىلاپ -

سىپاشتۇرۇپ ئولتۇرۇۋاتىمىز!

— كونا دەۋرنىڭ ئۆيلىرى يېڭىچە ئادەتكە باب كېلەمدىكىن؟

— نەدىكىنى، ۋايىەي، باللار كۆندە مىڭ غۇتۇلدايدۇ، خويما تويدۇم دەڭا بۇ قاراڭغۇ گۆردىن! قىزىم گۈل قىلىشقا خۇشتار، قاراڭا، گۈل قاچىسى قويغۇدەك يەر يوق. باللار كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، قاراڭ بۇ ئۆيلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى!

— ناۋادا ئۆيۈڭلەرنى چېقىپ، باشقىدىن يورۇق ئۆيلەرنى سېلىشقا توغرا كەلسە ئاۋۋال سىز خۇشال بولىدىكەنسىز - دە؟

— بۇنى بىر دېمەڭ، بۇ ئۆيلەرگە بەزىدە نومۇس قىلىپ مېھمانمۇ باشلىيالمايمەن دەڭا!

ئايال بۇ «تەۋەرۈك» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

— زىۋىرشاكام ئۇنىمايدۇ دەڭ، — دېدى ئەكبەر باغ ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ، — بىز بىرلىكتە ئۇنى كۆندۈرەيلى، قېنى ئاۋۋال مەن بىر سۆزلىشەي.

ئەكبەر باغقا چىقتى. غولى كاۋاكشىپ كەتكەن قېرى دەرەخلەر — تېرەك، قارىياغاچ، سۆگەت، ئۈجمە، ئالما، ئۆرۈك ۋە جىگدىلەر تولغان باغدا زىۋىرشا ھەيدەر خەسىس بىلەن قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى گوداڭدا ھەرە تارتىۋاتاتتى.

ئەكبەرنى كۆرۈپ بېشىنى چېكىۋالغان زىۋىرشا ئورنىدىن چىقتى. ھەيدەر خەسىس دوپپىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ، ھەرىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، خۇدۇكچان، بۇجەيگەك كۆزلىرى بىلەن يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ دۈمچىيىپ ئورنىدا تۇراتتى.

— سالام، — دېدى ئەكبەر، — قالتىس پەنچىلەرنى ئەمدى تاپتىم، بۇ يىل يازىچە چوڭ ئەترەتكە پەن تارتىپ بېرىدىكەنسىلەر - دە!

— ھەيدەر خەسىس دەرھال «چوڭ ئەترەتكە» دېگەن سۆزنى شەخسىيەتچىلەر دەپ چۈشەندى - دە، دەرھال سۆز ئالدى:

— ئەكبەر ئۇكام، قانداق قىلىمىز ئۈزى، بەدەن - بەدىنىمىزگە سىڭىپ كەتكەنىكەن، شەخسىي ئىشقا ئامراقكەنمىز، ئىش قىلىپ كەينىدە بولسىمۇ كۆپنىڭ پېشىنى تۇتۇپ كېتىپ بارىمىز ئۈزى. . .

ھەيدەر خەسسىنىڭ بۇ گېپى نۆۋىتىدە زىۋەرشانىڭمۇ تىلىنى «قىچىشتۇرۇپ» قويدى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى زىۋەرشا كىيىملىرىدىكى ھەرە كېپەكلىرىنى قېقىپ تۇرۇپ، — جۇلدا كەتكەن خۇيىمىز، قاغا چاڭگا ياساشنى تاشلىمىغاندەك بىرمۇ ئۇگىمىزغا ئۇنى - بۇنى سۆرىمەي تۇرالمايدىكەنمىز، قارىسام مۇنۇ ئىككى تېرەك پور بولۇپ تۇگەيدىغان ئوخشايدۇ، باللار ئۇنىمىغاندىكىن مۇنۇ ھەيدەركام بىلەن بىرلىشىپ بىر نېمىلەر قىلىۋاتىمىز. . .

ئەكبەرنى ئۇلار ئىشقا چاقىرغىلى كىردى دەپ چۈشەنگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەنە ئىشقا چىقمىغانلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن يوقىرىقى گەپلەرنى دېيىشمەكتە ئىدى. ئەكبەر بۇ ھالنى چۈشەندى:

— سىلەر پېشقەدەم دېھقانلار، — دېدى ئەكبەر ئۇلارنى «خاتىرجەم» قىلىش ئۈچۈن، — كوللېكتىپقا قوشقان ھەسسەڭلەر چوڭ، ئىشلەپچىقىرىشتا تەجرىبەڭلەر مول، ئىقتىساد قىلىش، پۇل تېپىشتىمۇ پەمڭلار بار!

ئەكبەرنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاپ ھەيدەر جانلىنىپ كەتتى، ئۇ پەرىجىسىنىڭ پېشىنى پوتىسىغا قىستۇرۇۋېلىپ، يەلكۇ بولۇپ كەتكەن كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ ماختىنىشقا باشلىدى:

— ئىس بىلەن يۇندىنىلا پۇل قىلالمايمەن ئۈزى، ھى - ھى - ھى . . . بىر كۈنى قاراڭ، ئۆششىگەن لازىلارنى خام سەي قىلىپ چىلاپ. . .

ئۇ پۇل تېپىش ئامالىلىرىنى ئەزۋەيلەپ سۆزلىگىلى تۇرۇۋېدى، زىۋەرشا زېرىكتى - دە، ئەكبەرگە قاراپ كۆزلىرىنى

چېمىلدىتىپ:

— ئۇكا، ئاڭلىسام مېنىڭ مۇنۇ جايىمنى بۇزغىدەكسىلەر. يولغا توغرا كېلىپ قالدى، بۇزمىساق بولمايدۇ دەپ ئىمىر نەچچە قېتىم كىردى. قىرىشىپ شۇنداق قىلامدىكەن دەپمۇ ئويلايمەن. يەر دېگەن كەڭغۇ، نېمىشقا مېنىڭ ئويۇمنىلا پىرقىرايدۇ بۇلار؟ مېنىڭدىن كېيىن قالسا باللار نېمە قىلسا قىلسۇن، لېكىن مېنىڭ بۇ تەۋەرۇك جايىنى بۇزۇشقا قولۇم بارمايدۇ، دادامنىڭ روھى قورۇنىدۇ! — دېدى.

— چوڭ ئەترەتتىن يېزىغا بارىدىغان چوڭ يول سىزنىڭ بېغىڭىزدىن ئۆتىدۇ، — دېدى ئەكبەر.

زىۋىرشا تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقىنى يۇتتۇرۇپ قويغان بالىدەك ئۇياق - بۇياققا تېز - تېز ئايلىنىپ بىردە ئۆيگە، بىردە بېغىغا، بىردە بولسا ئاللىقاياقلارغا قارايتتى.

— سادىغاڭ كېتەي ئۇكام، — دېدى ئۇ ئاخىر ئۆكسىلى ئۇچۇپ، — يېزا بولىنى ئۇنچىلا تۈز قىلىش شۇنچە زۇرۇرمۇ، بېرىپ - بېرىپ بىزنىڭ ھارۋىلىرىمىزدىن باشقا نېمە ماڭاتتى؟ بېغىمنى ئەگىپ ئۆتسەڭلار ئىكەن، جايىمغا تەگمىسەڭلەر، بالىلاردىن ئاڭلىدىم، سېنى ئىزلەپ باراي دېۋىدىم. ئوتتۇرا دېھقانلار ئىتتىپاقلىشىدىغان كۈچ دەيسىلەرغۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن، مېنىڭ بېغىم بىلەن ئويۇمنى ئەگىپ ئۆتسەڭلار بولمامدۇ؟!

— گېپىڭىز توغرا بولمىدى، ئاكا!

— توغرا بولمىسىمۇ شۇنداق قىلساڭلار ئىكەن، مەن سىلەردىن ئۆتۈنەي.

زىۋىرشا بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا لەۋلىرى تىترەپ شالاڭ كىرپىكلىرى يالتىراپ كەتتى. ئۇ خۇددى ئەكبەرنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى تاشلايدىغاندەك قوللىرىنى كېرىپ يالۋۇرماقتا ئىدى. بىرنەچچە كۈن بۇرۇنلا ئەكبەرنىڭ ئۈستىدىن مەسىلە تېپىش

ئۇچۇن شاپاشلاپ يۇرگەن مۇنۇ ئادەمنىڭ بوگۇن ئۆز قورو-جايىنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇنلا ھەرقانداق ئارازلىق، ئار-نومۇسنى قايرىپ قويۇپ يالۋۇرۇۋاتقىنىغا ئەكبەرنىڭ ھەم كۆلكىسى، ھەم غەزىپى كەلدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— قارارنى ئۆزگەرتىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى.

— شۇجىنىڭ قولىدىن كەلمىسە كىمنىڭ قولىدىن كېلەتتى؟

— بىز چوڭ ئەترەتتە سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى بۇزۇشنى قارار قىلغان. لېكىن قارارىمىز سىز رازى بولغاندىن كېيىن ئىشقا ئاشىدۇ.

— مەن رازى بولمىسامچۇ؟ — زىنۇرشا دەرھال سورىدى.

— سىزنى رازى قىلالمىساق سىز دېگەندەك ئەگىشىپ ئۆتىمىز. ئېمىشقا دېگەندە سىزنىڭ جايىڭىزنى مەجبۇرلاپ تۇرۇپ بۇزالمايمىز!

زىنۇرشانىڭ يالۋۇرۇش ئەمەس، بەلكى تەرسالىق قىلىش بىلەن جايىنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتتى-دە، دەرھال بايىقى ھالىتىنى ئۆزگەرتتى، سېرىق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ كۇلۇمسىرىدى:

— يېزا يولى ئەگرى-بوگرى بولسىمۇ يارىشىملىق بولىدۇ ئۇكام، بىرەر ئۆينىڭ چوخچىيىپ تۇرغىنىنىڭ كارى چاغلىقكەن، يول دېگەندە كاتاڭ بولمىسىلا بولدى، شۇنچە تۈز قىلىش ھاجەتمىدى؟

ئەكبەر بۇ تەرسا مىجەز ئادەم بىلەن تالىشىشۋېرىشنى خالىمىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قېنى ئاخشاملىققا مەن كېلەي، سىز پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى جەم قىلىڭ، سىلەرنىڭ ئائىلە بويىچە بىر مۇزاكىرە قىلايلى، قېنى سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ياقلايدىغانلار

قانچىلىك چىقىدىكىن، — دېدى.

— بالىلىرىم سىزنى ياقىلايدۇ، — دېدى زىۋەرشا كۆڭۈلسىزلا، — ئۇلار خېلىدىن بېرى قۇلاق. مېڭەمنى يەپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى ئەكبەر، — بۇ قاراڭغۇ ئۆيلەر بىلەن كۆڭۈللۈك تورمۇش كەچۈرگىلى بولمايدۇ. بۇنى ئاياللىرىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز سىزدىن بۇرۇن چۈشەنگەن.

ھەيدەر خەسىس گەپكە ئارىلاشتى.

— ئەكبەر ئۇكام، بىر ئۆيدىن بالا ئەمەس ئاتا تۈتۈن چىقىرىدۇ، بالا دېگەن نېمە دېمەيدۇ ئۇزى؟ مىسالى بىزنىڭ نەزەرنى ئېلىڭ، مېنىڭ 500 يۈەنلىك بايتىلىمنى 150 يۈەنگە بەرگۈزۈۋەتتى ئۇزى. بالىنىڭ گېپىگە كىرىپ قاراپ تۇرۇپلا 350 يۈەن زىيان تارتتىم! بالا سۆزلەيدۇ - يۇ، ئۆينى ئۆي قىلىدىغان ئاتا. يەنى مەسىلەن، مەن چىغ سېتىپ، دەستە سېتىپ بولسىمۇ كونىگە ئىككى — ئۈچ تەڭگە تاپىمەن، نەزەر كەچكىچە سۆزلىگىنى بىلەن بىرسى بەش تىيىن بەرمەيدۇ — دە، ئۇزى.

.

مېڭىسى، ئۇستىخىنى ۋە پۈتۈن قېنى ئاشۇ «پۇل» بىلەن سەراسىمىگە چۈشۈپ، ئاشۇ «پۇل» بىلەن خۇشال بولۇشنى ئۇزىگە سىڭدۇرۇۋالغان بۇ ئادەم ئۇز ئوغلىنىڭ دەۋرگە، كوللېكتىپقا مۇھەببەت باغلاپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ قەدرىگە نەدىن يەتسۇن؟ ئەللىك نەچچە يىللىق ئۆمرىدە باشقىلارغا نەپ بېرىشنى بىر قېتىممۇ ئويلىمىغان ئادەم «باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش» نى ئۆزىگە ئۆزلەشتۇرۇۋاتقان ياش يىگىتنىڭ قەلبىنى نەدىن چۈشەنسۇن!

ئەكبەر ئۇز نۆۋىتىدە بۇ ئادەمگە ئىككى ئېغىز سۆز قىلغۇسى كەلدى:

— ھەيدەركا، دۇرۇس، سىز تولىراق ئۆينى ئويلايسىز، ئۆينىڭ غېمىنى يەيسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن تېپىرلايسىز، لېكىن

بالىڭىزنىڭ سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن نەچچە ھەسسە مۇھىم بولغان چوڭ ئائىلىنى — يېزىنى سىزگە قارىغاندا نەچچە يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىشتىياق بىلەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلسىڭىز ئىدى، ئۆينى ئۆي قىلىدىغان نەق شۇ بالا ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتىڭىز، يېزا بار، سىزنىڭ ئائىلىڭىز بار، كوللېكتىپ بار، سىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنىڭىز بار؛ مانا بۇنى نەزەر سىزدىن بۇرۇن چۈشەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن زىۋەرشا ئاكىنىڭ بالىلىرىنى مەن ھەقلىق دەيمەن.

ھەيدەر خەستە بىردە زىۋەرشاغا، بىردە ئەكبەرگە قارايتتى. ئالدىدا تۇرغان مۇنۇ ياش يىگىتنىڭ ئوغلىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئۆزىنى چىلەگە پاتۇرۋاتقىنى ئەلەم قىلاتتى.

ئەكبەر ئۇنىڭغا قارىدى ۋە سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ:

— ئېيتىڭا ھەيدەركا، سىز بۇرۇنقىغا قارىغاندا ھازىر قانداقراق؟ — دېدى.

— خۇداغا شۈكرى، قېرىغىنىمدا ياشلىقىمدا كۆرمىگەن دۆلەتكە ئىگە بولدۇم ئۆزى، — دېدى ھەيدەر، ئاندىن بارماقلىرى بىلەن بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى تەلىقاتىنىڭ سانىنى ساناپ كۆرسىتىشكە باشلىدى...

— ئۇنى دېسە مېنىڭ دادام رەھمەتلىك مەن كۆرگەن مال ۋاران، ئۆي - بىساتىنىڭ تەڭ يېرىمىنى كۆرمەي دۇنيادىن ئۆتكەن، — دېدى زىۋەرشامۇ گەپكە ئارىلىشىپ، — قېنى پاراڭ قىزىپ قىلىۋاتىدۇ، سارايىغا كىرىپ راسا بىر. ھېسابلاپ كۆرمەيمىزمۇ، ئايال چاي تەييارلاپ قويغان ئوخشايدۇ، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت!

سارايىنىڭ گەج بىلەن گۈل چېكىلگەن تار - ئۆزۈن ئويۇقلىرى، يېڭىلا ھاكلانغان بولسىمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئېگىز تاملارنىڭ گۈللەر چېكىلگەن تاختايلىق تورۇسقا يېقىن تەرىپى يولسا قارامتۇل كۆرۈنەتتى. ئۆي تېكىمەت ۋە ساندۇقلار بىلەن

ياسالغان بولسىمۇ ئۆگزىدىكى ۋە تەسكەي باغقا قارىغان چاقماق پەنجىرىلەرگە چاپلانغان سامان قەغەزدىن ئۆتكەن كۈن نۇرى گۇڭگا بولغاچقا، سارايى كۆڭۈلسىز ۋە سوغۇق كۆرۈنەتتى. ئەكبەر يېنىدىكى مورا ئوچاققا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆل تۆكىدىغان ئورەككە، ھەتتا كۆل سۈپۈرىدىغان كېگىز پارچىسىغا قارىدى. مورا ئوچاقتا قوم چۆگۈن تۇراتتى.

ئەكبەر كۈلۈپ كەتتى ۋە زىۋەرشاغا قاراپ دېدى:

— بۇ ئۆيگە كىرگەن ئادەم، زىۋەرشا ئاكا، يىگىرمە يىل كەينىگە كەتكەندەك بولۇپ قالىدىكەن. ياق، سىزگە يېڭى جاي سالمىساق كونا دۇنيانىڭ پۇرىقى بۇرنىڭىزدىن كەتمەيدىكەن.

— قېنى، قول چايقايلى، — دېدى زىۋەرشا ئاغزى ئەپچىل ئېچىلغان بوغما قاپاقنى كۆتۈرۈپ خىجىل بولۇپ.

— ۋاي ئۆلەي، ۋاي ئۆلەي، بۇ «تەۋەرۈك» نى كۆرسەتمەسىڭىز نەرىتىڭىز خوراپ كېتەر ئىدى، — دېدى ئاپتۇ - چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئايالى ئېرىنىڭ قولىدىن قاپاقنى تارتىۋېلىپ.

— ئۆگەنگەن خۇي، — دېدى زىۋەرشا ئۆزىمۇ سەزمەيلا تەكرارلاپ قويغان «ئائىلە ئادىتى» ئۈچۈن خىجىل بولۇپ، — نېمىسىنى يوشۇراي، مەن تېخىچە دادامنىڭ يولى بىلەن ئۆكام.

— ئېيتىڭا ئاكا، مەش قويۇش، مۇنۇ قوم چۆگۈن ئورنىغا قەلەي چەينەك تۇتۇش سىزگە يات بىلىنەمدۇ؟

— دادامنىڭ روھى قورىنامدىكىن دەيمەن، — دېدى زىۋەرشا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — دادام رەھمىتى كىم بىلىدۇ، كۆز يۇممىغان بولسا مېنىڭدىن باشقىچە يول تۇتارمىدىكىن.

— دادىڭىز كونا جەمئىيەتتىن ياخشىلىق كۆرمىگەن ئادەم، — دېدى ئەكبەر دادىسىنىڭ ھاياتىنى ئېسىغا سېلىپ، ھەيدەر خەستىس قايناپ سۆزلەپ كەتتى:

— سەيسىگە بىر بايتال بەردىم، گومىنداڭ خالتار ئېتىمنى تارتىپ ئېپكېتىپ ئەسكەرلىرىگە مىندۈردى. ئۇنى دېمىسىمۇ

ئۆتمۈشتە ياخشىلىق كۆرگىنىمىز يوق ئۆزى. . ئۇكام ئەكبەر، ئۆزۈڭدىن بىرى سوراي دەپ يۈرەتتىم، تىلىم بارمىدى ئۆزى، بايا سەن سىلەرگە ئىشىنىمىز دېۋىدىڭ، ماڭا ماغدۇر كىردى جۇمۇ، بىر گەپ بار، راستىنى ئېيتقىنا، مەن سېنىڭ گېپىڭگە ئىشىنىمەن ئۇكام!

— قېنى ئېيتىڭ ئاكا، بىلسەملا جاۋاب بېرىمەن، — دېدى ئەكبەر ئۇنىڭغا قاراپ.

ھەيدەر خەسىس دوپپىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويدى:

— ئۇكام قارا، — دېدى ئۇ جوزىغا جەينەكلەپ تۇرۇپ، — زىۋىرشا بىلەن ئىككىمىزنى باي دېھقان قىلغۇدەك دېگەن گەپ زادى راستمۇ ئۆزى؟

زىۋىرشامۇ تەنقىد قىلىنغاندىن بىرىلا مۇشۇنى ئويلاپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇمۇ بېشىنى يېقىن ئېپكىلىپ بۇ گەپكە قىزىقتى ۋە چالا ئاڭلاپ قالماي دەپ قولاقچىسىنى ئېلىۋېتىپ شىپقاپ كەلدى.

— زادى قانداق گەپ ئۇكام؟ — ئۇلار ئىككىسى تەڭلا سورىدى.

— بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئىغۋاسى! — دېدى ئەكبەر كەسكىن قىلىپ، — شۇنى بىلىپ قويۇڭلار، دۈشمەنلەر ھەر خىل ئىغۋالارنى تارقىتىدۇ. مۇنداق ئىغۋالارغا ھەرگىز قۇلاق سالماڭلار!

ھەيدەرنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقتى.

— ئۇنداقتا مۇشۇ ھىكمەتۋاي قانداق ئادەم ئۆزى؟

ھەيدەر ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن سوئالىدىن چۆچۈپ كەتتى، ئەسلىدە بۇ سوئالنى ئۆزىگە بەرگەنىدى.

ئەكبەر كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ «ئىسلاشقان ئوچاق»نى «چوخچىلاش» قا باشلىدى:

— پارتىيە، كۆپچىلىك سىلەرگە ئىشىنىدۇ، سىلەرمۇ

بىزگە ئىشىنىڭلار، قېنى ئەمىسە سىلەر ئىككىڭلار ھىكمەتۋاينىڭ سىلەر بىلىدىغان ئىشلىرىنى ماڭا دەپ بېرىڭلار. بىردىنلا ھەيدەر خەسىس بېشىنى كۆتۈردى ۋە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇكام ئەكبەر، مېنىڭمۇ، زۇۋەرشانىڭمۇ ئۆز دەردىمىز بار. بىز پەن تارتقاچ ھال - مۇڭ ئېيتىشىۋاتىمىز. ئىسنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ. راست، ئۇ ئادەمنىڭ گېپى ئۇنىڭدەك قىلغىنى بىلەن نىيىتى ھارام ئىكەن ئۆزى. زۇۋەرشا ئىككىمىزنىڭ ئۆپكىمىزنى ئىچىمىزدىن قېقىپ بولدى جۇمۇ ئۇكا!

زۇۋەرشامۇ ئۇلتۇرالماي قالدى:

— مەن ھىكمەتۋايدىن گۇمانلىنىپ يۈرگەن ئىدىمۇ، ئەمما لېكىن ھەر نېمىدېگەن بىلەن ئوقۇغان، كۆرگەن، ئىنچىكە يەرلىرىگە كۆزى يېتىدۇ، دەپ بەزى ئىشلارنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئېلىپ يۈرەتتىم. ئۇنىڭ ھەيدەركام ئېيتقاندەك نىيىتى بۇزۇق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەپتىمەن. ئۇكام، يوشۇرۇپ نېمە قىلىمىز، شۇ ئادەمنىڭ كاساپىتىدىن سېنىڭ ئۈستىڭدىنمۇ يالغان - ياۋىداق گەپ - سۆز تارقاتتۇق...

— شۇنداقمۇ بولدى ئۆزى، — دېدى ھەيدەر يەرگە قاراپ ئۇھ تارتىپ.

— مەيلى، مېنىڭ ئۈستۈمدىن قىلىنغان گەپلەرگە سالىۋات، — دېدى ئەكبەر، — ئۆتكەنكى ئۇقۇشماسلىقلار ئوڭاي ھەل بولىدۇ. ھەيدەركا، زۇۋەرشاكا سىلەرمۇ ئاڭلىدىڭلار، ھازىر بارلىق كىچىك ئەترەتلەردە شۇ ئادەمنىڭ، روزىمەتنىڭ بەزى ئادەملەرنى قۇترىتىپ بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارغانلىقىنى پاش قىلىۋاتىدۇ. سىلەرمۇ ئۇلار ئۈستىدە ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىڭلارنى تولۇق پاش قىلىڭلار.

## يىگىرمە تۆتىنچى باپ

كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار دېگەن سۆز بىكار ئېيتىلمىغان: كۆڭۈللۈك ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى خاپىلىق تارتسا پۈتۈن ئائىلە ئۇچۇن كۆڭۈلسىزلىك بولىدۇ. شۇ بىر ئەزانىڭ خۇشاللىقى خۇددى شۇنداقلا پۈتۈن ئائىلىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. مەنسۇرنىڭ ئائىلىسى مانا مۇشۇنداق بولدى.

مەنسۇر بىلەن ئاينۇرنىڭ بېشىغا كەلگەن تارتقۇلۇقلار مۇشۇ قىشنىڭ قارى ئېرىپ بولۇشنى كۈتكەندەكلا باھار ئەلچىسى بولغان قارغۇجىنىڭ كېلىشى بىلەن تۈگىدى. ھازىر بۇ ئائىلىدىن ناخشا، كۈلكە، چاقچاق . . . ئۈزۈلمەستىن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

بۈگۈن 3 — ئاينىڭ 27 — كۈنى ھاۋا ئۇچۇق ۋە سۈزۈك. مەنسۇرنىڭ ھويلىسى سىرتىدىكى قېرى ئۈجمىدە قۇشقاچلار ۋىچىرلاشماقتا. توت ئېغىز ئۆيىنىڭ قورۇپ قالغان ئۆگزىسىدە قىزىل خوراز تەكەببۇرلۇق بىلەن قانات قېقىپ چىللىماقتا. باغدا بۇ ئۆينىڭ يېڭى مېھمانلىرى بولغان موزاي، قوزىلار قىيغىتىشىپ يۈرۈشىدۇ.

ھويلا پاكىز سۈپۈرۈلگەن، پېشايۋان ئاستىدىكى ئۈزۈن سۇپىنىڭ قىشتىن بېرى پۇچىغان يەرلىرى قايتا سۇۋالغان، تاملار يېڭىدىن ھاكلانغان، قىشتىن بېرى ئۆي ئىچىگە ھۆسۈن بېرىپ چىققان قاچا گۈللەر بۈگۈن تۇنجى قېتىم باھار ھاۋاسىغا قېنىش ئۈچۈن پېشايۋانغا چىققان، سارايىنىڭ دېرىزىلىرى كەڭرى ئېچىلغان. . . بىرلا قارىغان كىشى بۇ قورودىن قىشنىڭ ئاخىرقى قېقىندى — چوقۇندىلىرىمۇ قوغلانغانلىقىنى كورۇۋالالايدۇ.

بۈگۈن ئەتىگەنلىك چايغىچە مەنسۇر بىلەن ئاينۇر ئاغدۇرۇپ

تاشلىغان باغدا باياتىن كەيزە ياساپ چارچىغان ئانارخان پېشايۋان لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى — دە، يېقىملىق سايراۋاتقان قارغۇجىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— بىزنى ئىشقا ئالدىرىتىۋاتىسەن — ھە؟ سەن يالغۇز خوتۇن بۇ يوغان ھويلىنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىپ بولالايسەن دەۋاتىسەن — ھە؟ قىلىمەن، ھەر يىلى قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش: ئالمىلارنىمۇ، ئالمىلار ئاستىدىكى سۇپىچاقلارنىمۇ، ئاۋۇ تونۇر بېشىدىكى يەڭلىك ئويىقىنىمۇ ھاكلايمەن تېخى. ھەدەپ چايخانىغا قارايسەنغۇ، يازلىق چايخانە ئالدىغا تەمە تۇتىمەن، مۇنۇ ئۆزۈم بارىڭى يېنىدىكى كەيزىگە خىلمۇ - خىل گۈللەرنى تېرىۋېتىمەن......

— ھەي، كوسۇغۇر خوتۇن! — دەپ ھويلىغا قەرىخان كىرىپ كەلدى. ئۇ داسنى قولتۇقلىۋالغان، داستا يېرىم كۆكۈم بار ئىدى.

— كوسۇغۇر خوتۇن، قارىسام چونەكلىككە ئىشلەپ كېتىپسىز! بايا كىرىپ قارىسام مۇنۇ پەمىدۇر كۆچەتلىرى ئەجەب بولۇق ئۈنۈپتۇ. بۇلارنى نەلەردە يۈرۈپ كۆكەرتىۋالدىڭىز؟

قەرىخان يەشىكلەردىكى كوكتات كۆچەتلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن سىپاپ قويدى.

— ئاينۇرنىڭ ئىشى، — دېدى ئانارخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولىۋاتقان شۇ يالغۇز قىزىم. مەنسۇرنىڭ ئۆي ئىشىغا نەدىن قولى بوشىسۇن؟ قىزىمنىڭ قولى ئاجايىب ئوڭلۇق، تېخى قار ئېرىمەستە بىر توخۇ كۇرۇك بولۇپ قېلىۋېدى، ئاينۇر تەلەي سىناپ 17 تۇخۇم باسۇرۇپ بەرگەن، بىرسىمۇ پالاق بولماي چىقىپتۇ. قاراڭ ئەنە، مەللە مېكىيان ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن چۈجىلەرنى!

قەرىخان چايخانىدىكى باللىرى ئۈچۈن پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن مەللە مېكىيانغا قارىدى — دە:

— خۇددى سىزگە ئوخشاش مېھرىبان . ھە! — دەپ قويدى.

— توۋا! — دېدى ئانارخان كۈلۈپ، — بۇ يىل ئەتىياز كېلىش بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بەرىكەت كېلىشكە باشلىدى. كالىمىز ئەگىزنى كۆرمەي تۇرۇپلا تۇغدى. قويلارنىڭ ئۈچى ئىككىدىن قوزىلىدى. مەللە توخۇ پالاق قىلماستىن سالامەت چۈجە چىقاردى، كۆكتات كۆچەتلىرى... ھى — ھى...

— يەنچۇ تېخى! — دېدى قەرىخان ئۇنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ، — ئاينۇر قىزىڭىز ئەكبەر بىلەن يارىشىپ قالدى......

— قويسىڭىزا، — دەپ قىزاردى ئانارخان ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئارىغا بىر سوغۇقچىلىق چۈشكەندەكمىنغۇ...

- سوغۇقچىلىق ئەمەس، دۈشمەن ئارىلىدى، — دېدى ەرىخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — تۈنۈگۈن قارسام ئاينۇر بىزنىڭ ئارزۇگۈل بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپتۇ. مەن كالا پوقىنى سىقىماق قىلغاچ تىڭشىسام شۇ ئەكبەرنىڭ گېپى!

— نېمە دېيىشىۋېتىپتۇ ئۇلار قېلىنلىشىپ؟

— ئوچۇقچۇ بىر نەرسە دېيىشمىدى — يۇ، پارتىيە يىغىنى دەمدۇ، يېزا باشلىقى تۇرسۇن تەكشۈرۈپتۇ دەمدۇ، ئەكبەركام دېسە ئەكبەركام دېيىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتىغۇ، مېنىڭ قۇلىقىمغا ئەكبەركام، ئەكبەركام دېگىنىلا ئاڭلاندى . دە، مەن ھە، ياخشى خوپ بولۇپ قالغان چېغى بار دەپ خۇشال بولۇپ بېشىدىن بىر توغاچ ئۆرۈۋەتتىم!

— ھا . ھا . ھا... ئېغى بىلەن بېغى يوق ئىشقىما، ھەي ساراڭ خوتۇن! — دېدى ئانارخان قەرىخاننىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— ئاردا ئىسسىقچىلىق بولمىسا ئەر كىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالاتتىمۇ ھوي خوتۇن، — دېدى قەرىخان ئەمدى گەپنى

ئىزىغا سلىپىپ، — يەنە نېمىگە قارايمىز، ئۇلارنىڭ توينى قىلىشىۋېتەيلىلا!

— ۋېي، جوۋان تويىمىدى ئۇ، بىر كېچىدىلا قىلىشىۋېتىدىغان؟

— ئۇرىڭىز ھەمىشەم: ئەگەر كەلسىلا چېتىشۋېتىمەن دەپ يۈرەتتىڭىز، ئەمدى نېمىگە نېزىقايسىز؟

— چۈرۈلمە، تىزۋاسقىلىرىڭىزنى مەيلى دەۋاتىمەن. ئەمما يۇرتقا ئۇبدان قازان ئاسمىساق بولمايدۇ.

— ۋايىەي، كېۋىر كىڭىز يۇرتقا دەپ بىر ئۇكۇز بېقىۋاتقىلى نېكەم. ئازلىق قىلسا قويلارمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتىغۇ.

— ئەمما لېكىن دوست بار، دۈشمەن بار. يالغۇز قىزىمىزنىڭ بوغچۇمىسى ياخشىراق بولسۇن قەرىخىندە جۇمۇك. بىزمىغۇ قورۇق قول ئەمەس، ئىككى ساندۇق كىيىم - كېچەك، بىر جۇپ تېكىمەت، كارىۋات، ئۈستەل، قازان - قومۇشلىرىغىچە راستلاپ قويدۇم. بېرىپ - بېرىپ قاققان قوزۇق، توككەن توگۇش شۇلارغا قالىدىغان گەپ.

باغ تەرەپتىن تەمبۇر ئاۋازىدەك زىل ناخشا ئاۋازى كەلدى، بۇ ئىشتىن يانغان ئاينۇر ئىدى.

ھاۋادىكى لاچىنلار
ناخشا ئېيتىمەن ئاڭلا

— ۋاي ئۇلەي، چۈش بولۇپ قاپتۇ، سۇتنى ئالاي، ئولتۇرۇك چاي ئېتىمەن!

شۇ چاغدا كوچا تەرەپتىن ئەكبەرنىڭ:

— مەنسۇر كامغا يولۇقۇپلا چىقىمەن، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

قدرىخان ئانارخانىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى - دە، ئالدىراپ ئۆيگە سۈردى. ئايالار كىرىپ كېتىشى بىلەن ھويلىغا ئەكبەر

ئاتلىق كىرىپ كەلدى.

— مەنسۇركا، مەنسۇركا! — ئۆيدىن ئاۋاز چىقمىدى. ئەكبەر يەنە بىر نەچچە قېتىم ۋارقىرىغاندىن كېيىن باغ ئىشىكتىن ئاينۇر كىرىپ كەلدى. قىز قىزىل پوپايكا، قارا يوپكا كىيگەن، بېشىغا قىزىل ياغلىق تاڭغان، بىلەكلىرى تۈرۈلگەن، بىلەيزۈكلىرى كۈندە يالتىراپ تۇراتتى. پۇتىغا كالاچسىز كونا چېتىك كىيىۋالغان ئاياغلىرى بىلەن پاكىزە يەرنى سىجاپ يەرگە قاراپ تۇردى.

— مەنسۇركام بارمۇ؟

— يوق...

— ئانار ھەدەمچۇ؟

— يوق...

— سىزچۇ؟ — ئەكبەر ئېتىنى قىزغا قارىتىپ دېۋەتتى.

— ۋايتاك! — دېدى قىز كەينىگە داجىپ، ئۇنىڭ ئالۇچىدەك چىرايلىق لەۋلىرى كۆلۈش ئۈچۈن پومسايدى. كۈندە قىزارغان كىرسىز، پاكىزە يۈزلىرى ئانار دەك قىزاردى. ئەكبەر قىزنىڭ چىرايلىق يۈزىدىن كۆزىنى ئالالمىدى - دە، قىلارغا گەپ تاپالماي:

— جىددىي ئىشىم بار ئىدى، دادىڭىز قېنى! — دېدى.

- جىددىي بولسا ئېتىڭىزغا بېرىپ سۆزلىشىڭ! — دېدى قىز ئەمدى ئەتەي خاپا بولغاندەك قىلىپ، ئەكبەر ئاتتىن ئىرغىپ چۈشتى - دە:

— ئاينۇر، قاچانغىچە ئېچىلمايسىز؟ — دېدى.

— جىددىي ئىشى بار ئادەم ئاتتىن نېمىشقا چۈشتىكى، — دېدى قىز ئۆي تەرەپكە چېكىنىپ.

— سىزنىڭ كۆلكىڭىزنى كۆرمىگۈچە ھويلىدىن چىقمايمەن، — دېدى ئەكبەر قىزغا تېخىمۇ يېقىنلاپ.

— مېنىڭ كۆلكەم، جىددىي ئىشمىدى؟ — قىز ئۆي تەرەپكە

چېكىندى. ئەكبەر ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ تىترەپ تۇرغان ئاۋاز بىلەن قىزغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئاينۇر، ھەممىلا ئادەم خۇشال، مەنمۇ قانغۇچە خۇشال بولۇۋالاي، تىكىلىپ بىر قاراڭا!

— يېقىن كەلمەڭ!

— ئىختىيارىممۇ!

ئەكبەر قىزغا قول سوزدى. قىز ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كەينىچە چېكىندى. ئەكبەرنىڭ بىلەكلىرى ئەمدىلا قىزنىڭ نازۇك بويىنىغا تاشلىنىۋىدى، ئۆيدىكى يوشۇرۇنۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن خوتۇنلار:

— ۋاي ئۆلەي! — دەپ تەڭلا كۈلۈشۈۋەتتى. ئەكبەر بېشىغا سوغۇقسۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەينىگە داجىدى. ئۆزىنى قانتۇرۇقلۇق تۇرغان ئاتقا تاشلىدى. ئۇ ئېتىنى قامچىلاپ ھويلىدىن چىقىۋاتقاندا قەرىخان سۇپىدا تۇرۇپ يامپىچىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ۋاي ئەقىلسىز قىز، ئۆيگە قاچقىچە ئېغىلغا قاچسا بولمامدىكىنە، — دەۋاتاتتى.

— ساراڭ خوتۇن! — دېدى قىزىرىپ كەتكەن ئانارخان قەرىخاننىڭ دومبىسىگە ئۇرۇپ، — ئۇياتقا ئۆلتەردىڭىزغۇ. قىزىم ئەمدى نومۇس قىلىپ چايغىمۇ كەلمەيدۇ.

— بايا بەرىكەت كەلدى دەپ جىقلا ئىشلارنى سانىۋېدىڭىزغۇ، — دېدى قەرىخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇشۇ ئىشنىمۇ ساناشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— ئۆلۈك ئىلاھىم!

ئانارخان ئاينۇرنى راستلا ھېچنەدىن تاپالمىدى. ئۇ قەرىخان بىلەن پاراڭلاشقاچ سۈتنى ئالدى - دە، چاي قاينىتىش ئۈچۈن داستا سامان ئەكىردى.

ئانارخان قاچا ئەكىرىپ قويغان قولۇم - قوشنىلارنىڭ

قاچىلىرىغا قايماقلىق قىلىپ سۈت قۇيۇپ تاختىۋىشىغا ئېلىپ قويدى - دە، بىر تەشتەك قايماقنى ئېلىپ قەرىخاننىڭ ئالدىغا قويدى:

— ئىككى يېيىم ھولۇقنانغا يېتىدۇ - ھە، ئاۋۇ جىمبىللەرنى مايلىغاچ، پىياز ئاقلىغاچ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا خېمىر يۇغۇرۇپ يېيىپ بولىمەن! — دېدى - دە، كاڭغا سۇپۇرىسىنى يايدى.

— ئارزۇنىڭ دادىسىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى! — دېدى قەرىخان، — ئۆيگە چىقمايمىكىن.

— ئو - ئۇش، نېمە دەيدىغاندۇ مۇنۇ خوتۇن! — دېدى ئانارخان بىردە ئوچاققا، بىردە سۇپىرىغا چېپىپ ئالدىراپ يۈرۈپ، — چېچەكىزدىن تۇۋرۇككە باغلاپ قويارمەن.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ ھولۇقنان ئېتىشكە تۇتۇش قىلىشتى. چىمبىللەر دۇملەنگەندە تالادىن كۈلۈشكىنىچە مەنسۇر، ئاسىم، ئەخمەتجان، ئەبلغازى ۋە بىرىنچى ئەترەتنىڭ ئىككى كادىرى كىرىپ كەلدى.

— مانا تەلىيىڭلار! — دېدى مەنسۇر سارايىنىڭ ئىشىكىنى يوغان ئېچىپ، — ھولۇقنان، — ھولۇقنان بىلەن مېھمان بولىدىغان بولدۇڭلار.

مېھمانلار تېكىمەتلەردە ئولتۇرۇشتى. ئاسىم:

- ھە، قېنى بىر بېشىدىن دېگىنە، نىم قىلدى دېۋىدىڭما؟ — دېدى.

— ئەكبەر يېزىلىق پارتكومنىڭ ئۈچ كۈنلۈك يىغىنىنى تۈگىتىپ بۈگۈن كەپتۇ! — دېدى مەنسۇر موخۇركا بۇراۋېتىپ، — مېنىڭ شۇجىلىقىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئەكبەر مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ تۇرۇۋېرىدىكەن. يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۆزىنى تەكشۈرۈپتۇ. مېنىڭدىن، ئەبلغازىدىن ئەپۇ سورىغىلى كەلگۈدەك!

— ئۇنى يېزا باشلىقلىقىدىن ئېلىۋېتەمەپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى بىرىنچى ئەترەتنىڭ بىر كادىرى ئالدىراپ.
— ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيدۇ. دە! — دېدى يەنە بىر كادىر.
— تېگىشىغىنا، — دېدى ئاسىم مەنسۇرغا قاراپ شىپقاپ تۇرۇپ، — ھە، شۇنداق قىلىپ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە ئېلىپ بارغان سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ خۇلاسىسى چىقىپتۇ دېگىنە؟
— چىقىپتۇ! — دېدى مەنسۇر كۈلۈپ قويۇپ، — مەنسۇر گورۇھى، سىنىپىي كۈرەش ئىنتايىن مۇرەككەپ، كەسكىن، كادىرلارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى دۈشمەن تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن، يەتمىش پىرسەنت ئەزالار كاپىتالىزمغا ئەسىر بولۇپ كەتكەن دېگەن خۇلاسىلەر يالغان بولۇپ چىقىپتۇ.
— ئۇنداقتا بۆلۈم باشلىقى چىنىمۇ گەپ كېلەر؟
— ئۆز نۆۋىتىدە بولىدۇ. دە! — دېدى مەنسۇر گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۆلۈم باشلىقى چىن ئۆز خۇلاسىسىدىن يالتايمىغان ئوخشايدۇ. ئۆزىنىڭكىنى توغرىغا چىقىرىش ئۈچۈن لى زوگخوا شوجىنى باشلاپ ناھىيىگە كېتىپتۇ.
— ناھىيىگە بارسا ئۇنىڭ راست بولۇپ چىقارمۇ؟ — يەنە بىر دېھقان ئالدىراپ سورىدى.
— بىر ئىشنىڭ راستمۇ، يالغىنىمۇ بىرلا بولار، — دېدى مەنسۇر كۈلۈپ قويۇپ، — بۇ يەردە ھەقىقەت بولالمىغان ئىش ناھىيىدە ھەقىقەت بولۇۋالىدىغان بولسا ھېكمەت ماگىزىنچىمۇ ناھىيىگە كۆچۈپ بېرىۋالغان بولار ئىدى.
— ئۇنىڭ بالىسى تۇتۇلۇپتۇ دېگەن سۆز راستمىكەن؟
— چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈش ئالدىدا تۇتۇلۇپتۇ.
— سۇلايمانچۇ؟
— ئۇ مەست بولۇپ قېلىپ ئۇلارغا ئەگەشكەن ئىكەن، مەستلىكى يېشىلىپ كەينىگە قايتىپتۇ، لېكىن ئۇنى ساق

قويماپتۇ. چالا ئۆلۈك قىلىپ دەرياغا تاشلاپتىكەن سالچىلار تۇتۇۋاپتۇ، ھازىر دوختۇرخانىدىكەن.

مەنسۇر ساھىبخانلىق قىلغاچ ئەكبەردىن ئاڭلىغانلىرىنى كۆپچىلىككە ئېيتىپ بەردى. ئانارخان ھور چىقىپ تۇرغان ھولۇقناننى پارچىلاۋېتىپ:

— ئەكبەرنىمۇ باشلىغاچ كەلسەڭلەرچۇ، — دەپ قويدى.

— قاۋانلىق تەرەپكە كەتتى، — دېدى ئەخمەتجان قونۇزدەك قاشلىرىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ، — ئۇ ياققا كەپە، گەپلەر ياسىلىۋاتىدۇ، كەم - كوتىسىنى بىلىپ كەلمەكچى.

شۇ ئارىدا ئۆيگە كېۋىر ۋە ئېگىلىپ سالام قىلىپ ھىكمەت كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قېنى مەنسۇر شوجى كويزىدىن ئازاد بولغان مۇبارەك قوللىرىڭىزنى بىر بېرىڭا، ياللا، مۇنداق قوللارنى بىر تۇتۇپ بېقىش جانغا ئەجەب راھەت - ھە! ئۇھ، ئەمدى يوغان - يوغان چامدايدىغان بولدۇقتە كۆپچىلىك، ئۈچ ئاتمۇ، ياندا قىلىرىمۇ تازا پار كەلدى، قانداق دېدىم ئاسىمجان؟ ئەكبىرىم ئىككىڭلار ياندا قىنىڭ توشۇگىنى بوشاشتۇرمىساڭلار مەنسۇر ھەرقانداق داۋان، ھەرقانداق كاتاڭلاردىن سەردىمەيدىغان ئۈچ ئات - دە!

— لېكىن يولغا خەندەك ئويۇپ قويىدىغانلار تۈگىمىدى - دە، — دېدى كېۋىر ئاچچىق كولۇمسىرەپ قويۇپ، — ھىكمەت ئىنىم، ئەمما لېكىن تۈپتۈز يولغا خەندەك ئويۇپ بىزنىڭ ھارۋىمىزغا پېشكەللىك تاپىدىغانلار پاتراق تىنجىسىدى، تېخىمۇ تېزراق ماڭالايتتۇق.

— قى - قى - قى!... - ھىكمەت كەكلىكتەك كاكىلداپ كولدى - دە، پېشانىسىگە ئىككى شاپىلاق ئۇرۇۋېتىپ كۆزلىرىنى ئويناتتى، — جايىدا ئاكا، ماڭا بۇ گېپىڭمۇ تېخى ئازلىق قىلىدۇ. كىشلەرنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ

دەپتىكەن. يېزا باشلىقىنىڭ كەتمىنىنى چاپىمەن دەپ قاراپ تۇرۇپلا ئۆز پۇتۇمغا چېپىۋالدىم - دە! مەنسۇر شۇجى ئىشەنمىسىڭىز ئېگەكىم بار، ئېشەك چېغىدا بىر قېتىم چام ئالغان كۆۋرۈككە ئىككىنچى قېتىم پۇت ئاتمايدۇ، پەندىياد، مەن شۇ سۇلايمان بىلەن روزىمەتنىڭ كېسىرىسىگە كەتتىم.

— ئۇلار سىزنىڭ كېسىرىڭىزگە كەتتىم دەۋاتامدۇ تېخى كىم بىلسۇن! — ئەبلىغازى بۇ گەپنى بايقىماستىن دەۋەتتى. ھېكمەت تاتىرىپ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە، چاقچاققا يۆلەپ:

— ئۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ! — دېدى.

ئۆيگە لاي توپىغا مىلەنگەن ئىمىر كىرىپ كەلگەندىن كېيىن چاقچاقلارمۇ، كۇلكىلەرمۇ بېسىلدى.

— سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلگىلى تۇردى. بۈگۈنلا ئالتە ئۆيلۈك كوچىدا قالدى، — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىش بىلەن.

— بايا ئەبىلغازىمۇ ئېيتتى، — دېدى ئاسىم يەرگە قاراپ، — بىز مۇشۇ ئىش بىلەن يىغىلغانىدۇق.

يۈرۈڭلار شۇ يەرگە بارايلى، — دېدى مەنسۇر ئورنىدىن مىدىرلاپ، — قوغلىنغاندەكلا ئىش قىلدۇق. دەرھال ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ تەكشۈرەيلى، خېيىم - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالايلى.

كۆپچىلىك سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ بۇ يېڭى قىيىنچىلىقى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ مەنسۇرنىڭ ھويلىسىدىن چىققاندا ئۇلارنى ئۆزىتىپ چىققان قەمىرخان ئانارخانغا پىچىرلىدى:

— سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئەزالىرىغا ئۆي تاپىمىز دەپ ئەمدى مەنسۇرمۇ، ئەكبەرمۇ تويىنى ئۇنتۇيدىغان بولدى - دە!

ئەكبەر مەنسۇرلار بىلەن كۆرۈشۈپ پارتكوم يىغىنىنىڭ روھىنى قىسقىچە يەتكۈزگەندىن كېيىن «قاۋانلىق»قا باردى. ئۇ يەردە ھەربىر ئەترەتتىن ئاجرىتىلغان ياشلار پاتقاققا مىلىنىپ گەمە ياساۋاتاتتى. ئەكبەر ئۇلار بىلەن يېقىندا بولىدىغان

«قاۋانلىق» نى قورۇتۇش ئەمگىكىنىڭ پىلانىنى توغرىسىدا پاراڭلاشتى. ئۇنىڭ گېپىدىن خوشال بولۇشقان ياشلار: مۇشۇنداق قىلىپ بەش — ئالتە يىل ئىشلىسەك پۈتۈن «قاۋانلىق» تۈگەيدىكەن! 50 مىڭ مو يەر تېرىلغۇ ئېتىزىغا ئايلانسا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 جىڭدىن ئاشلىق ئالساق بەش مىليون جىڭ ئاشلىق دېگەن سۆز. پۈتۈن بىر يېزىنىڭ ئاشلىقىكەن، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشتى. ئەكبەر قايتىدىغان ۋاقتىدا دىلەيساخاننىڭ ئوغلى يارقوزنى چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا يىگىرمە يۈەن پۇل تەڭلىدى.

— بۇ نېمە پۇل؟ — دېدى يىگىت ھەيران بولۇپ.

ئەكبەر ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى. دە، پارتكوم يىغىنىدا ئۆزىنى تەكشۈردى، ئەمگەكچىلەردىن ئاجراپ قالدىم دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. مېنى چەتكە تارتىپ بالامغا ئېيت، مېنى كەچۈرسۇن، مەن ئەمدى ئوغلۇمنى تاشلىمايمەن. مۇنۇ پۇل مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ خىراجىتىگە قىلغان ياردىمىم دېدى. يارقوز، ھەرقانچە بىكۆيۈم بولسىمۇ ئۇ سېنىڭ داداڭ! — دېدى. بالا يەرگە قارىدى:

— ماڭا كۆيۈنمىسە كارى چاغلىق، ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە جاپا تارتقان دوستلىرىغىمۇ قارا كۆڭۈللۈك قىلىدۇ.

بالا شۇنى دېدى. دە، پۇلنىمۇ ئالماي كېتىپ قالدى. ئەكبەر ئېتىغا مىنىپ مەھەللىگە قايتتى. بالىنىڭ گېپى ئەكبەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئېتىدا سىڭايان ئولتۇرۇپ يولدا كەلگۈچە يېزا باشلىقى توغرىسىدا ئويلىدى.

پارتكوم يىغىنىدا يېزا باشلىقى يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنى تەكشۈردى.

يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئەكبەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئۇكام، خاپا بولما. سېنى ئەمدى چۈشەندىم، سەن ماڭا

كۆيۈنىدىكەنسەن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى خاتا قىلغىنىمنى كۆرسەتتىڭ، ساڭا رەھمەت، — دېدى. ئۇ ھەتتا ئەكبەرنىڭ قوللىرىنى سىقىپ تۇتۇپمۇ قويدى.

— ياق، تېخى بىر بىرىمىزنى ئۇنچىلىك چۈشىنىپ كەتمىدۇق، — دېدى ئەكبەرمۇ ئۆز لايىقىدا كۈلۈمسىرەپ، — تېخى ئالدىمىزدا داۋانلار نۇرغۇن، ئۇزۇل - كېسىل چۈشىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن داۋانلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— لېكىن مەن سېنى كىچىككىدىن بىلەتتىم. نېمىلا بولمىسۇن بىز بىر دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغانغۇ، بىز ئۆتمۈشتە بىللە ئېزىلگەنلەر تۇرۇپ يەنە چۈشەنمەيدىغان نېمە بار؟

— شۇنداق، كونا جەمئىيەتتە بىزنىڭ نەپرىتىمىزدە ئورتاقلىق بار ئىدى، بۇ راست. لېكىن ھازىر مەن بۇ ئورتاقلىقنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپالماي ھەيران بولىۋاتىمەن!

— ياق، ياق. سەن ئاداۋەت بىلەن گەپ قىلىۋاتىسەن.

— خۇشاللىقىمىز بىلەن خاپىلىقىمىز بىر تۈگۈشكە كەلمىگەندىكىن مېنىڭ راست گېپىمنىڭ ئاداۋەت بولۇپ تۇيۇلۇشى تۇرغانلا گەپ!...

ئەكبەر قولىدىكى پۇلنى بىردە يانچۇقىغا سالاتتى. بىردە قولىغا ئېلىپ قارايتتى. ئۇ بىر تۇرۇپ يېزا باشلىقىنىڭ راستلا تۈزۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ چاغدا ئۆتكەنكى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىككە جەزىم قىلاتتى. يەنە تۇرۇپلا يېزا باشلىقى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن لى زۇڭخۇا شۇجىنىڭ: «يېزا باشلىقى تۇرسۇندا سەمىمىيەت تېخى يېتەرلىك ئەمەس» دېگەن سۆزى يادىغا كېلەتتى -دە، يېزا باشلىقىنىڭ يىغىسىمۇ، ۋەدىسىمۇ يالغان بولۇپ تۇيۇلاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر خىل غەزەپ چۇلغىۋالاتتى...

ئازاد بولغىنىمىغا تېخى 13 يىل بولدىغۇ، 13 يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ تۇرسۇنمۇ ئالتىنچى ئايدا قېلىن، يىرتىق شالۋۇر كىيىپ

يالاڭغىداق يۈرىدىغان دېھقانلاردىن ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ ئانىسى ئۈزۈكچىلىك دەستىدىن كىملەرگە سارغايمىغان، كىملەرنىڭ ئىشىكىدە بويىنى قىسىلمىغان؟ بايلارغا ئىشلەپ تېپىپ كەلگەن بىر شىڭ تېرىقنى يۇيۇپ قورۇتۇپ، ئوغۇردا سوقۇپ سۆك قىلىپ، قوشنىلاردىن تىلەپ ئەكىرگەن ئارا تەشتەك سۈتتە قايناتىپ، تۇرسۇننىڭ ئالدىغا بىر چىنە ئىسسىق سۈت ئېشى قويغۇچە بىچارە ئانا نېمە جاپالارنى تارتمىغان؟ ئازادلىقتىنمۇ چوڭ خۇشاللىق بارمۇ؟.. . مىليونلىغان خەلق كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۆزلىرىگە ئازادلىق ئېلىپ كەلگەن پارتىيىگە چىن يۈرىكىدىن رەھمەت ئېيتقاندا، شۇلارنىڭ ئارىسىدا قورامىغا يەتكەن يىگىت مۇشۇ تۇرسۇنمۇ بار ئىدىغۇ! ئازادلىق تۇرسۇنغا خۇشاللىق بىلەن بىللە ھايات يولىنىمۇ ئېچىپ بەردى. ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنگەن كەلگۈسى مۇشۇ ئازادلىق بىلەن بىللە يورىدى، تۇرسۇن كەلگۈسىنىڭ پارلاق — ئىشەنچلىك ۋە گۈزەل ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەندى. ئۇنىڭغا يەنە مۇشۇ ئازادلىق خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ يولىنى، ئىمكانىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇ قەدەممۇ - قەدەم رەھبىرىي كادىر بولۇپ ئۆستى. لېكىن ئۇ ھازىر نېمە ئۈچۈن باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالدى - ھە؟ ئەكبەر ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى ئاڭلىدى، كۆردى. قارشى چىقتى، ئۆزىگە يۈزمۇ - يۈز دېدى، لېكىن يېزا باشلىقى پىسەنت قىلمىدى. ئەكبەرنى مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلىدى. ئەكبەرنى كۆزدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغىنىنى قىلدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆزىنىڭ خاتا قىلىۋاتقىنىنى يېپىش، ئۆزى تاللىۋالغان يولدا جاھىللىق بىلەن مېڭىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن ئەمەلىيەت تۇرسۇنغا لازىم بولغان نەرسىنى چەتكە قاقتى. ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ تەتۈرىسىگە قاراپ ماڭدى. قارنىڭ ئاستىدا قىشىچە كۆمۈلۈپ ياتقان جەسەت ئەتىيازدا مانا مەن دەپ پۇسكۈيۈپ چىققىنىدەك ئۇنىڭ روھىنىڭ

چوڭقۇر يېرىدىكى نەرسىلەرمۇ بىرنەچچە ئايلىق جەددىي كۆرەشلەردە ئاشكارىلاندى. ئۇنىڭ نېمىنى خالايدىغانلىقى، نېمىگە ئىنتىلىدىغانلىقى، نېمىگە يان باسىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئەگەر دەسلەپ يېزا باشلىقىنىڭ خاتالىقىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئۆگەنمىگەنلىكى، چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇر بولمىغانلىقىدىن دەپ ئويلىغاندى. لېكىن ئەمدى قەدەممۇ - قەدەم ياخشى چۈشىنىشكە باشلىدى. گەرچە ئۇ دائىم ئاغزىدىن «سىنىپىي كۆرەش» دېگەن سۆزنى چۈشۈرمىسىمۇ، ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىشنى ئويلىمىدى، ئۆز سىنىپىنى ئۇنتۇپ قالدى. يېزا باشلىقى بۈگۈن ئۆزىنى تەكشۈردى. «خاتا قىلدىم» دېدى - يۇ، لېكىن نېمىنى خاتا قىلغىنىنى ئېيتمىدى. ئەگەر ئەسلىدە يېزا باشلىقى قىلغان خاتالىقلىرىغا راستلا ئىقرار بولۇپ، قەسەم بېرىپ پارتىيىگە كىرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغىنىنى بويىنىغا ئالىدۇ دەپ ئويلىغاندى. لېكىن يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ سۆزلىرىدىنمۇ، يىغىنىدىنمۇ بىر پارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك سەمىمىيلىك، باتۇرلۇق، قەتئىيلىك كۆرۈنمىدى. ئۇ بويىنىغا ئالدام خالتىسىنى ئېسىۋالغان، بايىقى سۆزلىرى ئاشۇ خالتىسىدا ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سۆزلەر. ئۇ مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن نۇرغۇنلىغان ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي ئادەملەرنى ئىشەندۈرەلەيمەن دەپ ئويلايدۇ. ياق ساختىلىقىنى ئەڭ بالدۇر سەمىمىي ئادەملەر سېزىدۇ. ساختىپەزلەر بولسا راستچىللىقنى ئەخمەقلىق دەپ قارايدۇ، يالغانچىلىقنى بولسا ئۆز پەزىلىتىنىڭ بەلگىسى ھېسابلاپ، ھەممىلا ئىشقا شۇ قارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ خىل ساختىپەزلىك خالتىسىنى ئۇزۇق خالتىسى قىلىپ ئېسىپ يۈرگۈچىلەر جەمئىيىتىمىزدە بار، پارتىيىمىزنىڭ ئىچىدە بار.

بۇ خىل ئادەملەر پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئىگىلىۋالغانىكەن ئۇنىڭ قولى يەتكەنلا يەرگە روھىدىكى سېسىق

نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇقى چېچىلمامدۇ؟

ئەكبەر سەككىزىنچى ئەترەتكە يېتىپ كەلگەندە كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى.

ئەكبەر ئەبلىغازىنى ئامبارنىڭ ئالدىدىن تاپتى. ھېكمەت گورجەك ۋە كەتمەنلەرنى ئامبارچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ يەنە ئۇنىڭ بىلەن باشقا نەرسىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتاتتى.

— ھېكمەتكام قاۋانلىقنى ئېچىشقا ياخشى ياردەم قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئامبارچى، — مۇنۇ گورجەك، كەتمەنلەرنى قول ھارۋىسىغا سېلىپ ئۆزى سۆرەپ ئېپكېلىپ بەردى.

— باشقا ئەترەتلەر تالاپ كېتىۋاتىدۇ قارىسام، — دېدى ھېكمەت ئەكبەرگە قاراپ خۇشامەت قىلىپ، — سىلەرنىڭ ئەترەت كەمبەغەل، ھەقىچان نەق پۇلى يوقتۇر دەپ نېمىگە بولسىمۇ مۇشۇنى ئايرىپ قويدۇم.

— ھەممىسى قانچە پۇلكەن، — دېدى ئەكبەر تالوننى قولىغا ئېلىۋېتىپ، — 130 يۈەنما، مە، ئەبلىغازى ئاكا، مۇنۇ مېنىڭ كىنىشكامدا يەنە ئاز-تولا پۇل بار، بانكىدىن ئېلىپ بوگوننىلا تۆلىۋەت!

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ئەكبەر شوجى، ئۆزىمىز پۇتۇشۇۋالمىز ئەمەسمۇ! — ھېكمەت ئەكبەرنىڭ قولىنى ئىتتەردى.

— سىز ماگىزىنىدا نېمىگە مال سېتىلمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ — دېدى ئەكبەر ئۇنىڭغا قاراپ.

— ھازىر ھەممە كۈچ قاۋانلىقنى ئېچىشقا قارىتىلىۋاتسا ماگىزىن چەتتە قالاتتىمۇ؟

— دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنى ھېچقانداق باھانە بىلەن بۇزۇشقا بولمايدۇ. سىز كۈندىلىك پۇلنى بانكىغا تاپشۇرۇپ تۇرىسىزغۇ. بۇ پۇل سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت

قىلىدۇ، نېسى قالغان پۇل سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن قانچىلىك زىيان ئېكەنلىكىنى بىر ماگىزىنچى بولغان ئادەم بىلمىسە قانداق بولغىنى!

— ئىككى - ئۈچ كۈنگە تەخىر قىلالتتۇق...

— بىر مىنۇتقىمۇ بولمايدۇ، — دېدى ئەكبەر كەسكىن ھالدا. — سىز ئەترەتلەرگە ۋە شەخسلەرگە قانچىلىك نېسى قىلدىڭىز، بۈگۈن كەچكىچە بۇ سانىنى ماڭا بېرىڭ!

ھىكمەت ئالدىراپ ماگىزىنغا ماڭدى. ئۇ تېخىمۇ دۈمچىيىپ كەتكەندى.

ئۈچىنچى ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يىغىنى يېرىم كېچىدە تۈگىدى. ناھىيىلىك پارتكوم، يېزىلىق پارتكومى ئۈچىنچى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ قاۋانلىققا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ۋە ئىرادىسىنى كۈچلۈك قوللىدى. ناھىيىدىن ۋە يېزىدىن مەخسۇس سازلىقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ياردەملىشىدىغان تېخنىكلار گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىدىغان بولدى. ناھىيىلىك پارتكوم يەنە بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن ياردەم قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چوڭ ئەترەت رەھبەرلىكى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىن كىرگەن پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەزالارغا بۆلۈپ بېرىش، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرغان قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق مال ۋە مۇۋاپىق خۇسۇسىي ئوقەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى قەتئىي يولغا قويۇش قاتارلىق ئاكتىپ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. قاۋانلىققا يۈرۈش قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى. يەنە بەش كۈندىن كېيىن پۈتۈن چوڭ ئەترەتنىڭ ئەر ئەمگەك كۈچلىرى زەيكەش چېپىش ئۈچۈن قاۋانلىققا يۈرۈش قىلىدۇ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇمۇ بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاشلىق بولتۇرقىدىن كۆپ تېرىلىدۇ. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرى مانا مۇشۇ ئەتىيازدىن

باشلاپ جاپالىق كۆرەش قىلىپ 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۈچ مىڭ مو يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولىدۇ. تۇنجى قېتىم قاۋانلىقتا شال تېرىيدۇ. ئەتىدىن باشلاپ پۈتۈن چوڭ ئەترەت ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىنى قىلىدۇ!...

ئەكبەر كەچكى تاماقنى سونۇرنىڭكىدە يېدى. پاتىمە ئۇ يەردە ئۇخشىتىپ لەگمەن ئەتكەنىكەن. تاماق تەييار بولغۇچە سونۇر قوروسىنى كۆرسەتتى:

— تويىنى مۇشۇ ئۆيدە قىلارمەن دېۋىدىم، بولمىدى. قارا، ئۆيىنىڭ ئۆمرى قىسقا. يەردىن تۇڭ كېتىش بىلەن تاملار ئۆرۈلگىلى تۇردى. سېنى بۇ ئۆيدە ئاخىرقى مېھمان قىلغىنىم بولسۇن. خەيرىيەت، تەلىيىم شۇ ئاداش، مېنى تراكتور كۆرسىغا ئەۋەتكىن.

ئەكبەر خوجاتام ۋە تېرەكلەر تېرەلگەن تاملارغا قارىدى. راستلا دەز كەتكەن، زەي تاملارنىڭ يېرىمىدىن ئۆتكەنىدى.

— سەن بۇ ئۆيدىن كۆچ، — دېدى ئەكبەر، — باشلامچى بولۇپ كۆچ. ئاز كۈندە سىلەرگە يېڭى ئۆي سېلىشنى باشلايمىز. ئۆيلەر پۈتكۈچە چوڭ ئەترەتنىڭ ئامبىرى يېنىدىكى كىچىك ھۇجرىغا كۆچۈپ تۇرغىن.

— ئۆيى ئۆرۈلۈۋاتقانلار جىققۇ، باشقىلارچۇ؟

— بىز چوڭ ئەترەت ئىشخانىلىرىنى ۋە سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ ئىشخانا، ئامبارلىرىدىن بىر نەچچىنى ئەزالارغا بوشىتىپ بېرىمىز.

سونۇر ھەيران بولۇپ ئەكبەرگە قارىدى:

— ئىشخانا ئۇ چاغدا نەدە بولىدۇ؟

— ئەكبەر قولى بىلەن ئېتىزلىقنى كۆرسەتتى:

— بىز قىشتا قومۇش ئورىغان جاڭزىنى چوڭ ئەترەتكە ۋاقىتلىق ئىشخانا قىلماقچى!

سونۇر قاقاقلاپ كۈلدى:

— پاھ... ھاسان دۆلەتنىڭ قارانچۇق كەپىسى ھۆكۈمەت ئۆيى بولىدىكەن - دە، ھا - ھا...

مەنسۇر، ئەكبەر، روزاخۇن بوۋاي ۋە بىرقانچە ئەترەت باشلىقلىرى ئۆيى ئۆرۈلۈۋاتقان ئەزالارغا ئۆي تېپىپ بېرىش ئۈچۈن كىچىك ئەترەتلەرنى ئارىلىدى. سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ باشقا ئەترەت ئۆيلەرنى، ئامبارلارنى بوشىتىپ بېرىشكە رازى بولۇشتى.

ئەكبەر ئالتىنچى ئەترەتنىڭ چېتىدىكى قويۇق تېرەكلىك باغقا سېلىنغان ھەيۋەتلىك بەش ئېغىز ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ئۆينىڭ ئالدى ئۆستەڭ، ئەتراپى باغ، تاملىرى يېرىمغىچە خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، بەش ئېغىز ئۆينىڭ ئۈچ ئېغىزى ئاستى - ئۈستى تاختايلىق ئىدى. ئۆي بولتۇر كۈز پۈتكەن، پەقەت ھاكلانمىغان ۋە ئەينەك قويۇلمىغانىدى. باغ ۋە ھويلىسىنىڭ قورۇق تاملىرى 14 ياناچتىن قىلىپ سوقۇلغان، دەرۋازىسىغا سىرلانغان چاقما ئورنىتىلىپ قۇلۇپ سېلىنغانىدى.

— مانا بۇ يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ يېڭى جايى، — دېدى مەنسۇر ئۆينى ئەكبەرگە كۆرسىتىپ، - ئىككى ئۆيلۈك كەڭ - كۇشادە سىغىشىدۇ، گەپ يېزا باشلىقىنىڭ ئۇناش - ئۇنىماسلىقىدا.

— يېزا باشلىقى كۆزلۈككە كۆچۈپ كېلەر، ئاڭغىچە ئەزالارنىڭ يېڭى ئۆيلىرىمۇ پۈتۈپ قالار، خېلى ياخشى ۋەدىلەرنى بەردىغۇ، بىر ئۆينى ئاياپ ئولتۇرماس، — دېدى بىر ئەترەت باشلىقى.

ئۇلار چاقىسىدىن يامىشىپ ھويلىغا كىرىشتى، ئىشىكلەر ئورنىتىلغان ئۆيلەرگە كىرىپ كۆرۈشتى.

شۇ چاغدا ياغاچ باسقان بىر ھارۋا كېلىپ توختىدى. ھارۋىكەش چاقىسىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى - دە، ھويلىغا كىردى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ ياغاچلىرىنى چۇشۇرۇشۇپ بەردى. شۇ چاغدا ۋەلىسىپىت بىلەن يېزا باشلىقى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ كادىرلارنى كۆرۈپ چاخچاق قىلدى:

— كۆچۈپ كەلمەي تۇرۇپلا ئۆينىڭ تويىغا كېلىۋاپسىلەرغۇ، ئاغىنىلەر!

لېكىن ئۇنىڭ روھىي چۈشكۈن، قاپىقى سېلىق، زورىغا كۈلۈمسىرەيتتى.

— بەزىدە شۇنداقمۇ بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى مەنسۇر ئۇنىڭ چاخچىقىغا يارىشا جاۋاب بېرىپ، — تۇغۇلمىغان بالىغا ئات قويىدىغان، سويۇلمىغان پاخلانىغا چىش بىلەيدىغان، قولغا كىرمىگەن پايدىغا سودا قىلىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولۇپ قالىدىكەن!

مەنسۇرنىڭ گېپىگە كۆپچىلىك كۈلۈشتى. تۇرسۇن بولسا تاتىرىپ كەتتى. ئۇ مەنسۇرنىڭ سۆزىدىن: سەنمۇ مەنسۇرنىڭ تۇغۇلمىغان «جىنايىتى» ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىۋېدىڭغۇ، دېگەن مەنىنى چۈشەنگەندى.

ئەكبەر بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى. تۇرسۇن پۇتى بىلەن يەرنى سىجاپ تۇرۇپ:

— باشقا ئامال چىقىپ قالار، بۇ ئۆيگە چىقىلماي تۇرۇڭلار، مەن دەرھال كۆچۈپ كېلىپ كۆچەت تىكىمەن، ئېغىل - ئامبارلارنى ياسىتىمەن، خاپا بولمىساڭلار، — دېدى.

— يېزا باشلىقى، خەلق قىيىنچىلىقتا قاپتۇ. سىزنىڭ يېزىدا ياخشى جايىڭىز بارغۇ، كۆزگۈچە تۇرۇپ تۇرسىڭىز، — بىر كىچىك ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا سۆزلەشكە باشلىۋېدى، مەنسۇر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئاڭلىدىڭمۇ، يېزا باشلىقىنىڭمۇ قىيىنچىلىقى بار ئىكەن، ئەزالارنىڭ ئۆيسىز قېلىشى چاغلىق گەپ، ئېغىل، كۆچەت كىچىك ئىشمۇ!

مەنسۇر بۇ گەپلەرنى غەزەپ بىلەن ئېيتتى. يېزا باشلىقى

تۇرسۇن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى - دە:

— ئۆي مېنىڭ خۇسۇسىي مۈلكۈم، بېرىمەنمۇ، بەرمەيمەنمۇ ئىختىيارىم بىلەن بولىدىغاندۇ؟ تەنە گەپ قىلغۇدەك ئىش قىلمىدىمغۇ دەيمەن؟

— پارتكوم يىغىنىدا ئەمگەكچىلەردىن بىر مىنۇتمۇ ئاجرىمايمەن دەپ ۋەدە بېرىپسەن، مانا ئەمدى خەلق ياردەمگە تازا مۇھتاج بولۇۋاتسا ھورەڭنى چىقىرىۋېلىۋاتىسەن، قاچانغىچە كۆز بويايسەن؟

ئەكبەر غەزەپكە كەلگەن مەنسۇرنى قولتۇقلىۋالدى ۋە دەرۋازا تەرەپكە باشلاپ كەتتى.

جىمجىت كېچە، ئەكبەر چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ لى زۇڭخۋا شۇجى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشمەكتە:

— سەل بالدۇر دەمسىز؟ ياق، بۇ يىل باھار بۇرۇن كېلىۋاتىدۇ. بىر گورۇپپىمىز تەكشۈرۈپ چىقتى. توڭ ئاساسەن تۈگىگەن. مەن بارىمەن دېدىڭىزما؟ قولتۇق تاياق بىلەنما؟ ياق، ئۇنداق قىلماڭ، ئاتلىق كېلىپ كۆرۈپ كەتسىڭىز مەيلى، بىز ناھايىتى خۇشال بولىمىز. ھازىرچە 970 ئەمگەك كۈچى ئىشقا چۈشىدۇ. راست شۇنداق، پۈتۈن بىر پولك بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بولدۇق... يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۆيىنى ۋاقىتلىق بېرىپ تۇرۇشقا ئۇنىمىدى، مەن ھېلىقى ھەربىيلەرگە ھازىر تېلېفون بەردىم. ئۇلار خېلى نۇرغۇن چېدىر ياردەم قىلىمىز دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۆيسىز ئادەم قالمايدۇ. ئەتىيازلىقتا ئەزالارنىڭ ئۆي - جاي قۇرۇلۇشىمۇ بىللە يولغا قويۇلسا دەپ ئەزالار تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، تېرىلغۇنى، قۇرۇلۇشنى ئاياللار ھۆددىگە ئالىدىغان بولدى.

بۇ چاغدا لى زۇڭخۋا بۆلۈم باشلىقى چىن بىلەن ئۈچىنچى، چوڭ ئەترەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرى توغرىسىدا

مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى. بۆلۇم باشلىقى چىن ئۆزىنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇرماقتا ئىدى. لى شۇجى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قوللىشى بىلەن مەنسۇرنى قايتىدىن ياچېيكا شۇجىلىقىغا بېكىتكەندىن كېيىن بۆلۇم باشلىقى چىننىڭ «سىنىپىي كۆرەش مۇرەككەپ، ئۆتكۈر، ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن گەۋدىسى» دېگەن نەزەرىيىسى رەت قىلىنغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ناھىيىلىك پارتكومدىن ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتتە قايتىدىن سىناق قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى.

— ئاڭلاپ قويۇڭ لاۋچىن، — دېدى لى زۇڭخۇا ئەكبەرنىڭ تېلېفوندا ئېيتقان سۆزلىرىنى بىر قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، — بۇ غەيرەت نەدىن كەلدى؟ «مەنسۇر گۇرۇھى»نى قازغانلىقتىنمۇ؟ ياق، سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى تېزدىن تۈزەتكۈنلىكىمىزدىن كەلدى. ئۇنتۇمايلى يېزا، چوڭ ئەترەت، كىچىك ئەترەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر كادىرلىرى بىزنىڭ ئېسىل بايلىقىمىز. بۇ بايلىقنى نابۇت قىلىدىكەنمىز، يېزىدا سوتسىيالىزمنى نابۇت قىلغان بولىمىز!

بۆلۇم باشلىقى چىن تەرىنى تۇردى:

— ئالدىمىزدا يەنە سىناق بار، شۇ چاغدا دېيىشەيلى.

— بولىدۇ، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس!

# يىگىرمە بەشىنچى باب

ئۈچ كۈنلۈك يامغۇردىن كېيىن ئېتىزلار، مەھەللىلەر يېشىللىققا چۆمدى. تىنىق، سۈزۈك ئاسماندا لەگلەكلەر غۇيۇلدىشاتتى. بالىلار ئۆگزىلەردە تۇرۇپ تانىلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ئۇچۇۋاتقان لەگلەكلىرىدىن زوقلىنىشاتتى. بىرسى «قارا، مېنىڭ لەگلىكىم قاۋانلىقىنىڭ تۇپىسىگە باردى» دېسە، يەنە بىرسى: «مېنىڭكىنى قارا، ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كەتتى» — دەيتتى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە كەلگىنىگە بىر سائەتتىن ئاشتى، لېكىن بىرمۇ كادىرنى، ئەزانى ئۇچرىتالمىدى. كوچىلار جىمجىت، تىمىغىتىپ يۈرگەن بۆدرۈق موزايلار، قاقاخلىشىپ يۈرگەن توخۇلار بۇ يەردە ئەزالارنىڭ بار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. يېزا باشلىقى ھازىر بېشىغا كەپكە، ئۇچىسىغا پاكىزە يۇيۇلغان كۆلرەك خاداتتىن چاپان ۋە پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، قىشتىكى ياسانچۇقلۇقى ئۆزگەرگەن، بىر ئاددىي كادىرغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ھازىر خادىكىنى تاشلىغان، بەزىدە پىيادە، بەزىدە ۋېلىسىپىت بىلەن يۈرەتتى، ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا نۇقتىلىق ھالدا بۆلۈم باشلىقى چىن تەنقىد قىلىنىدى. ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئاشكارىلىغان «تەكشۈرۈش دوكلاتى» ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار قاتتىق غەزەپلەندى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۆزىنى تەكشۈردى. ئۇ يەنە يېشىنى ئېقىتتى. سىياسىي ئاتالغۇ ۋە قالپاقلارنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنى ئەيىبلىدى. لېكىن كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن رازى بولمىدى. ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنى يەنە بىر مەزگىل خىزمەت جەريانىدا ياخشى ئويلىنىشقا قالدۇردى.

يېزىلىق پارتكوم ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ پىكرى بويىچە ئۇنى يەنە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى. تۇرسۇن ئۆزىنىڭ خىزمەتتىن قالدۇرۇلمىغىنىنى كۆرۈپ ئۆتكەلدىن ئۆتتۇم، دەپ ئويلىدى. ئۇ، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ قاۋانلىقىنى ئۆزگەرتىش پىلانى پۈتۈن ناھىيىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقىنى، بۆلۈم باشلىقى چىنىنىڭ «تەكشۈرۈش دوكلاتى» نىڭ مەقسىتىمۇ دەل مۇشۇ قاۋانلىقىنى ئېچىشقا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى مۇشۇ يىغىندا بىلدى. بۆلۈم باشلىقى چىن نېمىنى خالايدىكەن؟ تۇرسۇن تېخىلا قاۋانلىقنىڭ ئېچىلىشىغا ئىشەنمەيتتى. لېكىن ئۇ يەنە مۇنداق ئويلايتتى: تۇرسۇننى ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل قىلغانىكەن، دېمەك ئۇنى مۇشۇ ئىشتا سىنىماقچى. سىناقتىن ياخشى ئۆتۈش ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىشى لازىم. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ نەتىجىلىرى كۆرۈلگەندە ئۇنىڭ يېرىمىغا بولسىمۇ شېرىك بولۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاقمىدىغان بىر يولىيورۇقى بولۇشى، بۇ يوليورۇقى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلىشى لازىم.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ قاراپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ يىل قىلىدىغان ئىشلىرىنى مۆلچەرلىدى، بوغالتىر، كاتىپلارنى ئىشقا سېلىپ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ زەيكەش پىلانىنى ھېسابلىدى، قانچىلىك زەيكەش قۇرۇتۇلىدۇ، بىر كىشى قانچىلىك چاپالايدۇ، 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان بىر يېرىم ئايدا قانچە ئادەم ئىشقا چىقسا، پىلاندىكى سان تولىدۇ؟... بىر - بىرلەپ ھېسابلاپ كۆردى. سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتكە ئەزالار ئۈچۈن ئۆي سېلىش ۋەزىپىسى بار. ئۇنىڭغا كېتىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىچۇ! ھەممە ئەرلەر بىلەن بىر قىسىم ياش ئاياللار زەيكەشكە قويۇلسا ئېتىز ئىشلىرىغا ئەرلەر قالمايتتى. تام سوقۇشقىچۇ؟ يەنە يوق...

يېزا باشلىقى ئاخىرى ئەكبەرنى يېزىغا چاقىرتتى.

خېلى جىمجىتلىقتىن كېيىن يېزا باشلىقى تۇرسۇن تارتىمىدىن جەدۋەللەر سېزىلغان بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى:

— سىزنى ئىككى ئىش بىلەن چاقىرتتىم، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي، — خاپا بولما، باراي دېسەم ئالدىراش بولۇپ قالدىم. بۇ ئىشنىڭ بىرسى مۇنۇ سىلەرنىڭ يازلىق تېرىلغۇ پىلانىڭلار، بۇ يىل قىلىدىغان ئىشىڭلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۈچ مىڭ مو سازلىقتا زەيكەش چاپىسىلەر، قانچىلىك زەيكەشلىكنى قۇرۇتماقچى، بۇ ساڭا مەلۇم. بۇنىڭغا ناھايىتى جىق ئەمگەك كۈچى كېتىدۇ. مەن بۈگۈن ئىككى كۈندىن بېرى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن بىللە ھېسابلاپ كۆردۈم. 4 - ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ پۈتۈن چوڭ ئەترەتتىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 70 پىرسەنتىنى سەپەرۋەر قىلغاندىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆچىنىپ ئىشلىگەندىلا بىر گەپ بولىدىكەن. سەككىزىنچى كىچىك ئەترەت ئەزالىرىغا ئۆي سېلىش ئىشىمۇ بار. قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىن خېلى سەرمايە توپلىۋالدىڭلار. ناھىيە مانا شۇنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ. بۇ يىل ئىشلار ئېغىر، سىلەردە جەمئىي ئىككى مىڭ 595 ئەمگەك كۈچى بار ئىكەن. قۇرۇلۇشقا، يول ياساشقا، ئەڭ مۇھىمى زەيكەش چېپىشقا بۇ كۈچنىڭ 70 پىرسەنتى سەرىپ قىلىنمىسا بولمايدۇ، — يېزا باشلىقى تۇرسۇن چوتنىڭ يوغان ئۇرۇقىنى تاك - تاك قىلىپ بىر چەتكە ئايرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — خوش، سىلەرنىڭ چوڭ ئەترەت كۆزگى بۇغدايىنى ئەڭ جىق تېرىدى. مۇنۇ سانغا قارا، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ يەرگە چۈكۈرۈپ بولغان كۆزگىسى 19 مىڭ 600 مو. ناھايىتى جىق سان! بۇنى سۇغىرىپ، ئوغۇتلاپ، ئۇرۇپ - تېپىپ ئېلىشمۇ بىر گەپ. قوناق توققۇز مىڭ 700 مو، زىغىر يەتتە مىڭ 200 مو، شال ئىككى مىڭ 300 مو، قوغۇن - قاپاق، بېدە،

سۇلۇ، يۇرچاقلار قوشۇلغاندا 42 مىڭ 719 مو! بۇ ساننى ئېيتماق ئاسان ئۇكام، شۇنچە يەرگە ئەتىيازدا داننى چېچىۋېتىپ، كۈزگە بارغاندا پاخىلىنىمۇ قويماي ئۇمىلەپ يۇرۇپ يىغىدىغان ئىش. بۇنىڭغا كېتىدىغان ئەمگەك كۈچىنى ھېسابلاپ كۆردۈڭمۇ؟

يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئەكبەرگە كاللا قاتۇرۇپ، تەپسىلىي ھېسابلىغانلىقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەر خىل ئىشارەتلەرنى قىلاتتى. ئەكبەر ئۇنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى.

— خوش، شۇنداق قىلىپ، سىلەرنىڭ زەيكەش، قۇرۇلۇش مۇشۇ ئىككى ئاساسىي ۋەزىپەڭلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يازلىق تېرىلغۇ پىلانىڭلارنى بىر ھەسسە كېمەيتسەك قانداق دەيسەن؟ كۈزگىدىن باشقا تېرىلىدىغان ئاشلىقلار 12 مىڭ 400 مودىن ئاشمىسا!

ئەكبەر ئۇنىڭ نىيىتىنى دەرھال چۈشەندى: كۈزلۈككە بۇ چوڭ ئەترەت ئاشلىقتىن كەم مەھسۇلات ئالسا، ئۇ چاغدا تۇرسۇننىڭ ئەكبەرلەرنى يەرگە قارىتىشقا دەسمايە تېپىلىدۇ. خەلق ئىچىدىمۇ تەقسىمات تۆۋەن بولىدىغان بولدى، «قاۋانلىق»قا گۇڭ جىق كەتتى، ئەسلىدە يېزا باشلىقى تۇرسۇننىڭ توغرىكەن دېگۈچىلەر چىقىدۇ، دەپ ئويلايتتى يېزا باشلىقى. ئەزالارنىڭ كىرىمىنى كېمەيتىش بەدىلىگە يەر ئاچقاننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ئەكبەر بىلەتتى. ئۇنى دېمىسىمۇ 22 مىڭ نەچچە يۈز مو ئاشلىقنى 12 مىڭ 400 موغا چۈشۈرۈپ قويۇپ قاۋانلىقنى ئاچقاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرىنىڭ پايدىسىنى تۆۋەنلىتىش بەدىلىگە قاۋانلىقنى ئېچىش ئەكبەر ئۈچۈن ھاقارەت. ھەربىر كىچىك ئەترەت قانچىلىك تېرىيالايدۇ، نەگە تېرىيدۇ، نېمىنى

تېرىيدۇ، قاچان تېرىيدۇ، مانا بۇلارنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە ھېسابلىغان ۋە قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلغان. ئېتىز - ئېرىق ۋە ئۆي - جاي سېلىش ۋەزىپىلىرىنى ئاياللار ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ ئىشنى يېزا باشلىقى بىلەتتىغۇ!

— بىز پىلاندىكى كۆرسەتكۈچنى كېمەيتمەيمىز، — دېدى ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ، — قاۋانلىقنى ئېچىشىمىز كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەزالارنىڭ كىرىمىنى قەدەممۇ - قەدەم كۆپەيتىش، تۇرمۇشىنى قەدەممۇ - قەدەم ياخشىلاش ئۈچۈن. ياق، قاۋانلىقنى ئاچمىز دەپ ئومۇمىي كىرىمنى بولتۇرقىدىن كېمەيتىشكە بولمايدۇ. بىزنىڭ قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكىنىمىز ئومۇمىي كىرىمنى بۇلتۇرقىدىن 15 پىرسەنت ئاشۇرۇش. بۇ تۆۋەن مۆلچەرىمىز.

— ئەمەلىيەتكە قاراش لازىم - دە!

— بىز ھەممىنى مۆلچەرلىگەن. سىز ھامان ئاممىنىڭ كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەيدىكەنسىز، — دېدى ئەكبەر جىددىي قىلىپ. — سىزگە بىر مىسال ئېيتىپ بېرەي، بىز بۇ قېتىم مول ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا تېرىلغان بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 500 جىڭ، قوناقنىڭكىنى 600 جىڭ قىلىپ، تەجرىبە ئېتىزلىرىدا بۇغداينىڭكىنى 600 جىڭ، قوناقنىڭكىنى 800 جىڭ قىلىپ بەلگىلىگەن. ئاممىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سېلىنىۋىدۇق ئاما تەجرىبە ئېتىزىنىڭ بۇغدىيىدىن 800 جىڭ، قوناقتىن 1000 جىڭ، مول ھوسۇللۇق ئېتىزدىن بولسا بۇغدايدىن 600 جىڭ، قوناقتىن 800 جىڭدىن ھوسۇل ئېلىشنى بەلگىلىدى. مەن شۇنداق تونۇشقا كەلدىم: ئاممىنىڭ كۈچىگە ئىشەنمەسلىك ئىنتايىن خاتا ئىكەن...

ئەكبەر بىلەن يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تالاش - تارتىش شۇ گەپ بىلەن تۈگىگەن، لېكىن يېزا باشلىقى ئەكبەرنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ بۇگۈن ئۈچىنچى

چوڭ ئەترەتتىكىلەر قانداق قىلىشىۋاتىدىكەن، شۇنچە ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىۋاتىدىكىن؟ دېگەن ئويى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. مانا ئۇنىڭ ئالدىدا ئادەمسىز مەھەللە. ئۇ ۋەلىسىپىتىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ لەگلەك ئويناۋاتقان بالىلارغا ۋارقىرىدى:

— ھەي، ئەكبەر قەيەردە؟

ئاۋۇ لەگلىكىمنىڭ ئاستىدا! — دېدى بىر بالا قولى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن تامغا يامىشىپ چىقىپ بالا كۆرسەتكەن قاۋانلىق تەرەپكە قارىدى. ئۇ تەرەپتە بايراقلار جەۋلان قىلاتتى. سانسىزلىغان گۈرجەكلەر چاقناپ تۇرغان باھار قوياشىدا يالت - يۇلت قىلاتتى، ھەتتا قاۋانلىق تەرەپتىن كېلىۋاتقان قىقاس - چۇقان بىر ئاجايىپ خوردەك جاراڭلاپ مەھەللىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى، تۇرسۇن تامدىن چۈشتى: «قاۋانلىقتىكىلەر كىچىك - چوڭ ھەممىنى ھەيدەشكەنسەن، ئېتىز ئىشىنى، سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ئۆيىسىز قالغان ئادەملىرىنى قانداق قىلىشتىكىن» — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

— ھەي بالىلار، چوڭ ئەترەت ئىشخانىسى نەگە كۆچتى؟

— سورىدى. يېزا باشلىقى.

— قىشتا قومۇش ئورىغاندا ئاشخانا قىلغان جاڭزىچۇ، شۇ يەردە!

تۇرسۇن قوشۇمىسىنى تۈردى: مەھەللىنى تاشلاپتۇ - دە! ئەت ياتمايدىغان جاڭزىنى ئىشخانا قىلىۋالغىنىنى قارىمامدىغان؟ بۇ خەقنىڭ قىلمايدىغان ئىشى يوق -تە!

ئۇ ئەمدىلا ۋەلىسىپىتنى مىنىشكە تەمشىلىۋېدى، ئۇنىڭغا تور ياغلىقنى باستۇرۇپ تېڭىۋالغان شەرىخان موماي ئېگىلىپ سالاپ بەردى:

— ئەسسالام يېزا باشلىقى تۇرسۇن، بىر ئوبدان كېلىپ

قاپسىز. خادىكىڭىز قېنى؟ شەيتانچاق بىر تال ياراشماپتۇ، بالام، دىلەيسەم بالام مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولۇپلا پۈتۈن چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشىنى ئالقىنىــــغا ئالدى. پەخەس بولۇڭ. يېزا باشلىقلىقىڭىزنىمۇ ئېلىۋالمىــسۇن يەنە! يارقۇزچۇ تېخـــى، گۇپۇلدىتىپ زەيكەش چېپىۋاتىدۇ. ئەنە، قورۇقنىڭ تېشـــدا زىغىر ئاختامىسىغا بېرىڭ. دىلەيسەم شۇ يەردە ئوتتۇرا قولدەك ئۈچ ئاتنــى قوشۇپ سوقا ھەيدەۋاتـــدۇ. ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كېتىۋېدى، ئەكبەرجان بالام. ئەسكەرلەردىن بىــرزىت چېدىر ئېپكېلىپ تىكىپ بەردى، ماڭىمۇ بىرنى تىكــــپ بەردى. ئاڭلىدىڭىزمۇ يېزا باشلىقى، ھېلىقى بۆلۈم باشلىقى چىن دېگەن باشلىق مەنسىپىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇدەك ـ ھە؟ بىزنىڭ ئەكبەر بالامنىڭ دېگىنى راست بوپ چىققان ئوخشىمامدۇ. مەنسۇرنى پارتىيىدىن قوغلىغانمۇ ئەتىمالـــم. يالغان ـ ياۋاداقتـــن ئالكسەينىڭ تۇغقىنىمىش دېگەنمۇ ئىگەكىم، بىچارە مەنسۇرنى سولاپ قويماقچى بولۇپ ساقچىلارنى ئېپكەلگەنمۇ ئىگەكـــم، مەنسۇر بىچارىگە ئاۋال بولۇۋېدى. بالام ئەكبەر ھۆكۈمەتنىڭ چوڭلىرىغا دەپ يۈرۈپ. . .

ـ مۇشۇنداق گەپلەرنى يەنە ئۆيمۇ ـ ئۆي دەپ يۈرەمسىز!؟— يېزا باشلىقى غەزەپ بىلەن سورىدى.

ئاڭلىغاننى دېمەي قانداق قىلماق ئەمىسە، ئاڭلىسام. ھە بولدى. . . خاپا بولما بالام. . . ھى ـ ھى. . .

يېزا باشلىقى تۇرسۇن موماينى يە تىللاشنى، يە سىلكىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. موماي تېخىمۇ يېقىنلىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۆستەڭ ياقىسىدىكى قارىياغاچلىقتا ئۆيى ئۆرۈلگەنلەرگە ئۆي سېلىۋاتىدۇ، يۈرۈڭ يېزا باشا تى، مىنىڭ بىلەن بېرىپ كۆ، كېلىڭ، ھەممە خوتۇنلار تاۋاق قىلىپ ئاپىرىۋاتىدۇ، 10 جۈپ مايغا چىلاپ چىلىقىدە، مانا قالمىدىم. دىن .

تۇخۇم، پوشكىلى سالدىم. مېغىزدەك ساپ. سېرىق قىلىپ بىر كورا چاي ئەتتىم. يۇرۇڭ، ئېغىز تېگمام، ھى - ھى. . .

يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

- شەرىخان ئانا، بۇ مەھەللىدە ئادەم ۋۇجۇدى بارمۇ زادى؟

— بىزدەك مومايلار، ئاۋۇ ئۇگزىدىكى باللار. . .

— كادىرلاردىن بىرەرسىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— ھە، راست ھىكمەت كادىر ماگىزىنىدا، نېمە ئالاتتىڭىز، بالام. پەزىلەتخانىنىڭ نېمە كېيگۈسى كەپتو؟ بالىڭىز نەچچە بولدى بالام. . .

يېزا باشلىقى تۇرسۇن جاۋاب بەرمەيلا ۋەلىسىپىتىگە سەكرەپ مىندى. ئۇ ۋەلىسىپىتنى غىچىرلىتىپ قورۇقنىڭ دوخمۇشىدىن ئەگىۋېدى، ۋەلىسىپىت ئىككى سېۋەت ئارتىلغان ئېشەك بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ۋۇي يېزا باشلىقى، — خىيال بىلەن ئېشەكنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ھىكمەت شۇ چاغدىلا بېشىنى كۆتۈردى.

— ھىكمەتۋاي، بۇ نېمىڭىز؟ — يېزا باشلىقى ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى. ھىكمەت تۆت تەرەپكە يالت - يۇلت قىلىپ قارىۋالدى.

— تىرىكچىلىك! — دېدى ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — قاۋانلىققا مال ئېلىپ ماڭدىم. ھەي يېزا باشلىقى، بۇ دۇنيا ماڭا ئەجەب تارلىق قىلغىلى تۇردى. قارىمامسىز بۇ سورۇقچىلىقنى! خەۋىرىڭىز بار، ھىلىقى روزىمەت دېگەن ئىت قېچىپ كېتىپ، بالايى - ئاپەتتى ئەمدى ماڭا تېگىۋاتىدۇ. ماڭا بىر مىنۇتمۇ خاتىرجەملىك يوق. يە قولغا ئالسا تېززەك ئالمىدى، يە بىر تۇيۇقسىز ئەجەل كەلمىدى، ئۇلۇۋالاي دېسەم جان تاتلىق!

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى، يېزا باشلىقى تۇرسۇن ھىكمەتنىڭ چىرايىغا قارىدى. قورۇقلىرى كۆپەيگەن، ئۇزۇندىن بېرى چۈشۈرۈلمىگەن چا ساقىلى قوشقاچ چاڭگىسىدەك چىگىشلەنگەن. لەۋلىرى ئاقىرىپ يېرىلغان. بىر ئايغا يەتمىگەن

ۋاقىت بۇ ئادەمنى ئون نەچچە يىل دەرد تارتقان ئادەمدەك ھالدىن كەتكۈزگەنىدى. تۇرسۇننىڭ ئىچى ئاغرىدى.

— نېمانچە روھسىزلىنىسىز، — دېدى يېزا باشلىقى دوستىغا تەسەللىي بېرىپ، — بۆلۈم باشلىقى چىنمۇ ئازار يېدى، مەنمۇ شۇ. لېكىن ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتمەيدۇق، مەن بىلىمەن، سىزگە بەزىلەرنىڭ چوڭ گۇمانى بار. سىز ئۇنچىلىك يامان ئادەم ئەمەس.

— خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، مېنىڭ كۆڭلۈم يورۇق، لېكىن ئىش ھەغدادىغا يەتكۈچە جىلى بولۇپ تۈگەيدىغان ئوخشايمەن. نېمىشقا دېسىڭىز ئۆمرۈمگە كېلىپ يامانلىقنىڭ گىرۋىكىگە دەسسىمىگەنمەن. ھار ئالمىدىكەنمەن، يېزا باشلىقى...

يېزا باشلىقى تۇرسۇن موخوركا ئورىدى ۋە ھېكمەتكە ھېسداشلىق قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ ئەكبەر سىزنىڭمۇ ئاغامچىڭىزنى سۆرىتىپ قويۇپتۇ-دە! مەنمۇ شۇ. ئاتاققا يېزا باشلىقى. مۇئاۋىن شۇجىمەن. لېكىن سۆرىتىپ قويغان ئاغامچىسى بوينۇمدا تۇرۇپتۇ. بۇرۇنقىدەك چالۋاقىسام تارتىپ قويىدۇ. دېگىنىنى قىلماسقا ئامالىم يوق. بۆلۈم باشلىقى چىنىنىڭ ھالى تېخىمۇ يامان دەڭا! بىراق ئۇ ئادەم قورقمايدىكەن. ئۆز دېگىنىنى راستقا چىقارماي توختىمايدىغان ئوخشايدۇ. بىزنىڭ پەشۋا يېگىنىمىزنى ئۇ كەسكىن سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئالامىتى دېمەكتە، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرايلى، شىۋجېڭجۇيىلىق لۇشيەن بىلەن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلايلى دەپ بىزنى رىغبەتلەندۈرمەكتە. ھېكمەتۋاي بۇلارنىڭ قىلغان-ئەتكىنىنى ئاي، كۈنى بىلەن يېزىپ ماڭايلى، كۆرۈپ قالىسىز، بۇلاردىن تېخى ھېساب ئالىمىز، سىنىپىي كۈرەش چوڭقۇرلىشىدۇ. بىزنىڭ كاپىتالىزم كۈچلىرىگە قارشى كۈرەشىمىز جەزمەن غەلىبە قازىنىدۇ. باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيلى، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئەمەسمىزغۇ؟ ھېكمەتۋاي،

ئۆزىڭىزنى جۇندەك، روھسىزلانماڭ، ئۈمىدسىزلەنمەڭ، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈڭ، ھە، سىزنى خىزمەتتىن قوغلايدىغاندەك قىلىۋاتامدۇ؟

— قوغلىمىسىمۇ زادى بەزدىم. بىزگىمۇ ئاپتاپ چۈشىدىغان چاغ كېلەر، خەير يېزا باشلىقى، ئەنە كەينىمدىن ئىككى قىز كېلىۋاتىدۇ — بەلكىم پايلاقچىلار، سىزگە ئېيتىدىغان گەپلىرىم بار ئىدى.

قىزلار يېقىنلاشقاندا ھىكمەت ئېشەكنى تايىقى بىلەن نوقۇدى.

يېزا باشلىقى بىردەمدىن كېيىن ۋەلىسىپىتىنى يېتىلەپ زىغىر تېرىيدىغان يەرنى ھەيدەۋاتقان ئاياللارنىڭ يېنىغا باردى. ھەر بىر سوقىغا ئۈچتىن ئات قېتىلغانىدى. ئاتلار سوقىلارنى يېنىك سۆرەپ كېتىپ باراتتى. تۇرسۇن ھەيران قالدى، سوقا تۇتقانلار رەڭگا - رەڭ ياغلىقلىق قىزلار ۋە ئاياللار، ئۇلارنىڭ قامچىسىنى قارسىلدىتىپ شوخ ئاتلارنى پورۇزغا چۈشۈرۈشلىرىمۇ، تاپ بېشىدا ئەگىتىشلىرىمۇ، كەتمەن چېپىشلىرىمۇ، سىيالكا ھەيدىگۈچىنىڭ سورۇمىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ شوخلۇق بىلەن ناخشا ئېيتىشلىرىمۇ. . . يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئۈچۈن كۆتۈلمىگەن يېڭىلىقلار ئىدى.

— نېمانچە ھەيران قالىسىز، ئاياللارنى ئوچاق بېشىدىن كېتەلمەيدىغان خەق دېۋىدىڭىزمۇ؟

يېزا باشلىقى تۇرسۇن يېنىغا كېلىپ ئۆزىگە سوئال قويۇۋاتقان دىلەيساخاننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ دىلەيساخاندىن يەنە ئاچچىق زەھەرلىك گەپلەر چىقىشىنى پەملەپ تەرىنى تۈردى. لېكىن دىلەيساخان يۈزىگە چۈشكەن ئۇششاق چاچلىرىنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن كەينىگە قارىپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى ۋە:

— 22 مىڭ نەچچە يۈز مو ئاشلىقنى تېرىيالمايسىلەر، يىغالمايسىلەر دەپتىكەنسىز، قىلالمايدىكەنمىزمۇ؟ سوقا تۇتقانغا

ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ 22 ياغاچلىق تامدىن كۈنگە ئۈچنى سوقۇۋاتقان ئاياللىرىمىز بار، 100 ـ 120 مېتردىن قىر سوقۇۋاتقان قىزلىرىمىز بار. ئەنە، ئاۋۇ ھارۋىلارغا قاراڭ، ئوغۇت توشۇۋاتقان ھارۋىكەشلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاياللار، ئەرلەر ئالدىنقى سەپكە ماڭغاندا ئارقا سەپنىڭ ئىشىنى ئاياللار قىلىدۇ. ئەرلەر قانچىلىك يۈكنى ئۈستىگە ئالالىسا ئاياللىرىمۇ شۇ. ئاڭلىساق سىز تېخى پۈتۈن ئاياللارنى يېرىم ئەمگەك دەپسىزا! كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈڭ. بىز يېرىممۇ ـ پۈتۈن؟

يېزا باشلىقى نېمىمۇ دېيەلەيتتى، ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى مۇشۇ دىلەيساخان ئېچىپ تاشلىغاندا لام ـ جىم دېيەلمىگىنىدەك، بۈگۈنمۇ پاكىتلار بىلەن ئۆزىنىڭ يەنە بىر خاتاسىغا دەككە بېرىۋاتقان بۇ ئايالغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. تۇرسۇن زورىغا كۈلۈمسىرىدى:

— ھەممىلا كىچىك ئەترەتلەردە مۇشۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق! — دىلەيساخان كېسىپ ئېيتتى، — جىق ھەيدىگەن كىچىك ئەترەتلەر 400 مودىن ئاشۇرۇۋەتتى. چوڭ ئەترەت بويىچە نەمگە تېرىلىدىغان زىرائەتلەر تېرىلىپ بولدى. كۈزگە ئوسىغا تېرىلىدىغانلارنى تېرىۋاتىمىز، ھازىرغىچە ھەيدەلگەن زىغىر 3600 مو، سۇلۇ 1900 مو، يازغى بۇغداي 1300 مو. قوناق تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ 70 پىرسەنتىگە ئوغۇت چېچىلىپ بولدى. . ئېرىقلارنىڭ ھەممىسى چېپىلىپ بولدى بىز يەنە 15 كۈندە ئېتىز ئىشىنى تۈگىتىپ قاۋانلىققا يېپىلىمىز!

يېزا باشلىقى تۇرسۇن ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ بۇنچىلىك تېز كېتىپ بارغىنىغا ئىشەنمىدى. ئۇ ھەر يىلى مۇشۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرىدۇ. كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. لېكىن بۇنچىلىك تېز بولمايتتى. ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئاختامغا ئېگىشتى ۋە تىۋىلغا بىلەن ئاختامنى چالا قالدىمىكىن دەپ چوقچۇلاپ كۆردى. ياق، تىۋىلغا قارا چىلان توپىغا، ئۇنغا ماڭغاندەك سىلىق ماڭاتتى.

ئۇ ۋەلسىپىتنى يېتىلەپ ئېتىز ئارىلاپ ئۆستەڭ بويىغا ماڭدى. ئۇياقتا قويۇق قارىياغاچلارنىڭ ئارىسىدا پەنچىلەر ھەرە تارتىۋاتاتتى. ئاياللار چۇرۇقلۇشۇپ تام سوقۇۋاتاتتى. بىر ئەر بوم ئاۋاز بىلەن ئۇزۇپ - ئۇزۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى:

كۆك ئاسماندا بوز تورغاي،
نېمە ئانچە سايرايسەن؟
ئېتىزلارغا كۆيدۈڭمۇ،
باغرىڭ يېقىپ قانمايسەن!

ناخشىنىڭ قوشاقلىرىنى ئۇقۇۋاتقاندەك ئۆستەڭنىڭ نېرىسىدىكى بوزنىڭ ئۈستىدە بىر تورغاي چىۋ - چىۋ قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇنىڭ زىل ئاۋازى ناخشىچىنىڭ بوم ئاۋازىغا جور بولماقتا ئىدى. تۇرسۇن بىردە ئاسماننىڭ قەھرىگە ئۆرلەۋاتقان تورغايغا، بىردە ئېگىز تامنىڭ ئۈستىدىكى قىپ - قىزىل دۇخاۋا بۆكىنىڭ بىر چېتىنى قىرلاپ قويۇپ، نەم توپىنى پۇتى بىلەن چىڭداپ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئادەمگە قارايتتى. ئۆرلەۋاتقان تورغايدىمۇ، مۇنۇ ياشلاردەك ناخشا ئېيتىۋاتقان تورغاي لەقەملىك كېۋىردىمۇ بىر خىل خۇشاللىق، مەغرۇرلۇق ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىش تۇرسۇنغا ئېغىر تۇيۇلدى. «سەن كېۋىر تورغاي، بىزنىڭ ئادەملەر قانداقكەن دېگەننى قىلىپ، مېنى كۆرۈپ قەستەن بۆكۈڭنى قىرلاپ ناخشا ئېيتىۋاتىسەنغۇ! ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشلىرى مانا مۇشۇنداق، سەن تۇرسۇن بولمىساڭمۇ بىز ئىلگىرىلەۋېرىمىز، تېخىمۇ تېزراق ئىلگىرىلەيمىز، دەپ كوزا. كوزاڭ قىلغىنىڭغۇ - بۇ! تەقىق شۇنداق. شۇنى بىلىپ قوي — سەن تېخى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىنىڭ يوق. سەن ئەمدىلا تەمشىلىۋاتىسەن! تۇرسۇن مۇنداق قىزغىن تەمشىلىشلەرنى نۇرغۇن كۆرگەن، يوناق

كېلىدىغىنىمۇ، كەلمەيدىغىنىمۇ بولىدۇ. چۈجىنى كۈزدە سانا دېيىشكەن، بۇنى كۆرىدىغان چاغ ئالدىمىزدا. ئالدىرىما تورغاي!»

كېۋىر ناخشىسىنى ئۆزگەرتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ناخشىسىغا كۆپ - كۆپ ئۇرۇلغان تاش تەڭكەش بولۇۋاتاتتى:

تورغاي تولا سايرايدۇ،
سارۇچىنىڭ غولىدا.
بۇ دۇنيانىڭ تەقدىرى
ئەمگەكچىنىڭ قولىدا. . .

«مانا كىمايە. بۇ تورغاي مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپلەرگە تەگكۈزۈۋاتىدۇ. سەن كېۋىر مېنى نېمە چاغلاۋاتىسەن، مەن ئەمگەكچى بولماي نېمىكەنمەن. مەن قىلمىغان نېمە ئىش قالغان؟ ئەمگەكچى بولغانلىقىم ئۈچۈن سىلەرگە باشلىق بولغانمەن. ئەمدىلىكتە سىلەر ئەمگەكچى - يۇ، مەنزە تاپا - تەنىنىڭ نىشانىسى بولۇپ قاپتىمەن - دە! ياق، تۇرسۇن يەنە سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار، ئۇ سىلەرگە يول كۆرسىتىدۇ، بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىۋاتىدۇ. سەنزە مېنى مەسخىرە بولغىلى كەلدى دەپ ئويلاۋاتامسەن تېخى. . .»

— كېلىڭ، يېزا باشلىقى مۇنۇ ياسىلىۋاتقان مەھەللىگە قاراپ بىر زۇقلىنىۋېلىڭ!

بىلەكلىرى تۈرۈلگەن، بۆكى قىـــرلانغان كېۋىر تورغاي ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى قولاقلىرىغىچە تاراپ قويۇپ، تۇرسۇنغا قاراپ بېلىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئىشىڭلار ئىلگىرى! — دېدى تۇرسۇن تەستە چىراي ئېچىپ، — ھەي كېۋىركا، تورغاينى ماختايدىغان بۇ ناخشىلارنى نەدىن ئۆگىنىۋالدىڭ؟

— ھەي، ئۇكام تۇرسۇن، نەدىن بولاتتى، ياشلاردىن - دە! پاتىمەنىڭ چىقارغان ناخشىلىرىكەن، — دېدى كېۋىر ۋاقىراپ

تۇرۇپ، - ئەمما لېكىن بىزدە يېگىلىق كۆپ، قارالى يېزا باشلىقى، ئاۋۇ يولنىڭ تۈزلىكىنى، مۇنۇ ئېتىزلاردىكى خوتۇن - قىزلارنىڭ ناخشىلىرىنى! ئېگىزگە چىقىپ قارىسىڭىز مىڭ ياڭزا يېگىلىق كۆرىسىز، ھەي، بۇ ئۆمۈرنىڭ قانچىلىكى قالدىكىن! بۇ ئالەمنىڭ يېگىلىقى تولىكەن - دە: ساپان، ھىجىر، جوۋاز، كۆشۈك، ماتا - سەگەز، شادا پەنجىرە... ساناپ باقسام كونا دۇنيانىڭ خېلى جىق نەرسىلىرى مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپتۇ. يەنە خېلى - خېلىلىرىنى يەرلىكىدە قويىدىغان ئوخشايمىز، ئاۋۇ سوقىلار، ھارۋىلار، ئاۋۇ كۆن چۆشمەيدىغان ھويلىلارمۇ مەندىن بۇرۇن دۇنيادىن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. تاغنىڭ كەينىدە يەنە ئادەملەر بارىكەن دېسە، پاھ دەپ ياقا تۇتىدىغان گول خەق ئىدۇق، مانا ھازىر بۇ دۇنيانىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىۋالدۇق، قىلىۋاتقان ئىشنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلگەن دېھقان خۇشال بولماي نېمە قىلسۇن، يالغۇز مەنلا شۇنداقمىكىن دېسەم قارالى قىزلارمۇ شۇنداق ناخشىچى!

نېرىدىن قىزلارنىڭ جاراڭلىق ناخشىلىرى كېلەتتى:

قاشنىڭ سۈيى ئاقماقتا،
تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ.
بەرىكەت ئاقار ھەر ياندىن
يېزىمىزغا بۇرۇلۇپ.

بىر قىز ئاۋۋال يالغۇز ئېيتتى، ئاخىرقى ئىككى مىسرانى قىزلار خور قىلىپ توۋلاشتى:

يۇرتىمىزغا نۇر ياغدى،
خەلق يېزىسى قۇرۇلۇپ.

قىزنىڭ ئاۋازى تورغايىنىڭكىدىن زىل، تەمبۇر ئاۋازىدەك جاراڭلىق ئىدى:

بىزنىڭ يېزا ئاۋۇلنىڭ،
ئېتىكىگە جايلاشقان.
يېشىل باشلار - گۈلزارلار،
ئەجەب ئوبدان ياراشقان.

قىزلارغا قوشۇلۇپ كېۋىرمۇ بوم ئاۋاز بىلەن ئاخىرقى مىسرالارنى تەكرارلىدى. بۇ ناخشا بىلەن گويا ئاقباشلىق تىيانشان باش ئېگىشتىۋاتقاندەك، ئىلى دەرياسى قوشۇلۇپ شارقىراۋاتقاندەك، تاغ قاپتاللىرىدىكى قارىغايلار، دەريا ياقىسىدىكى توقايلىقلار قوشۇلۇپ چاۋاك چېلىۋاتقاندەك... ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتلا ئەمەس پۈتۈن ئىلى ۋادىسى بۇ ناخشىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىنى تەكرارلاۋاتقاندەك بىر خىل ھەيۋەتلىك مەنزىرە پەيدا بولغاندەك بىلىنەتتى. بۇ مەنزىرە تام توپىسىدىكى كېۋىرنىمۇ، ئاۋۇ تام سوقۇۋاتقان ئاياللارنىمۇ ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى.

تۇرسۇن نەم قىرغاقتا ئولتۇرۇپ تاماكا ئوراۋېتىپ يەرگە قارىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى يېتىم ھېس قىلماقتا ئىدى. خۇددى ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى بىلگەندەك كېۋىر تورغاي ئۇنىڭغا چاخچاق قىلدى:

— يېزا باشلىقى تۇرسۇن، قېنى تام توپىسىگە چىقمامسىز، غەم دېگەن يالغۇز قالغاننى بوزەك قىلىدىغان نەرسە، بىزنىڭ ئارىمىزغا كېلىڭ، خۇشاللىق بار يەردىن غەم قاچىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز قاراڭ، بىز بۇ يەردە ناخشا ئېيتىۋاتىمىز، ئاۋۇ سېۋەتباش خوتۇن قوراي تېرىۋېتىپمۇ يىغلاۋاتىدۇ!

يېزا باشلىقى تۇرسۇن، كېۋىر كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى.

ھېيتەك پومبىچىكىنىڭ خوتۇنى بىر قولتۇق قورايىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. تۇرسۇن بۇ ئايالنىڭ ئالجىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان لېكىن كۆرمىگەنىدى. ئايالنىڭ چاچلىرى تېخىمۇ پاخپايغان. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى يېزا باشلىقى تۇرسۇنغا قادىلىپ كېلىۋاتاتتى. تۇرسۇن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— پاھ، ئالجىپتۇ ـ دە!

— چىدىمىدى! — دەپ ۋارقىرىدى كېۋىر، — بىزنىڭ بوي بەرمىگىنىمىزگە چىدىمىدى. ئاسماندا كىچىككىنە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇۋېدى، ئاسماندىن يېغى ياغىدۇ دەپ چاۋاك چېلىشتى. بۇلۇت قۇياشنى يەڭگەنلىكىنى كىم كۆرگەن؟ ئۇلارنىڭ ئۈمىدى دەرياغا چۈشكەن كۆل مونىگىدەك تاپقىلى بولماس بولۇپ كەتتى. بۇ ئايال شۇنىڭغا چىدىماي ئېسىنى يوقاتتى. ھەي پاخما باش، ماڭ نېرى كەت، ئەسكى تاملىقى بار، كونا سامانلىقى بار، بۇ يەردە ساڭا ئارام يوق، يېڭى مەھەللىمىزنى كۆرۈپ تېرىكىپ تېلىقىپ قالىسەن بىكار!

سېۋەتباش خوتۇن ئۇتتۇر تۇرسۇنغا قاراپ كېلىۋەردى. ئۇ ئاۋۋال قاقاقلاپ كۈلدى، ئاندىن چاۋاك چېلىپ قوشاق ئېيتىشقا باشلىدى:

ياقىلار ئېتەك بولدى،
خورلانغان ھېيتەك بولدى،
پايتىما پېتەك بولدى. . . ھا ـ ھا ـ ھا.

سېۋەتباش خوتۇن تۇرسۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى:

— قېرىندىشىم، ئازلىغىم پەزىلەت بۇۋىنىڭ ئېرىسەن، گۈل تاجىمىزنى بەرگىنىمىز قېنى؟ بىزگە ھېچ پايداڭ تەگمەيۋاتىدۇ. . . ناخشا ئېيت دەمسىنا، مالايلار كۆزىنى ئالايتىۋاتىدۇ، ھا ـ ھا. . . ھو ـ ھو. . .

يېزا باشلىقى تۇرسۇن غەزەپلىنىپ ۋارقىرىدى:

— بول، ھەي كېۋىركا مۇنۇنى كۆزۈمدىن نېرى قىل!

كېۋىر تام تۈپىدە تۇرۇپ سوقما تاشنى سېۋەتباش خوتۇنغا تەڭلىدى ۋە قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شوئار ۋارقىرىماقچى بولۇپ ئۇنى قورقۇتتى. سېۋەتباش خوتۇن قولتۇقىدىكى قورايىنى تاشلاپ ئالدىراپ قاچتى.

— مانا قارا، — دېدى كېۋىر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، — مۇنۇ خوتۇن ئالجىپ قالغاچقا ئويلاشنىڭ ئورنىغا سوزلەۋاتىدۇ. خىيالى سۆز بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دەممۇ بىزنى قاغىماي تۇرالمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك كۈنلىرىنى بىردەممۇ ئويلىماي تۇرالمايدۇ. ئويلىغانسېرى سەپرايى ئۆرلەيدۇ، ئۇلارنى تىترەك باسىدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەن يېزا باشلىقى: بۇ دۇنيادا راھەت كۆزلىمەيدىغان ئادەم يوقكەن. دۇرۇس، بەزىلەر ئۆزىنىڭ راھىتىنى كۆزلىمەيدۇ. بىراق بەربىر باشقىلارغا راھەت كەلتۈرىمەن دەپ تىرىشىدۇ - دە! مەن بىرىنچى ئەترەتنىڭ ئەزاسى بولساممۇ مۇنۇ سەككىزىنچى ئەترەت ئەزالىرىغا سىلىنىۋاتقان جايىنى كۆرۈپ جانلىرىم سۆيۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. سىزمۇ خۇشال بولغانسىز - ھە؟

تۇرسۇننىڭ بېشى چۈشكەندى. ئۇ مۇنۇ كېۋىرنىڭ بايىقى ناخشىلىرىمۇ، مۇنۇ سۆزلىرىمۇ ئالدىن تەييارلانغان دەپ ئويلىدى. «مۇنۇ سېۋەتباش خوتۇننىڭ زەھەردەك گېپىچۇ؟ گۇل تاجىمىزنى بەرگىنىمىز قېنى، بىزگە ھېچ پايدا تەگمەيۋاتىدۇ، دېگىنىنى قارىمايدىغان! ساراڭغا بۇ گەپنى قىلماق بىسمىللىدىن ئاسان. ئۇنىڭ ئۇچۇن ماڭا قانچىلىك دەرد كېلىشىنى ئۇ بىلەتتىمۇ! پاھ، مۇنۇ تەتۇر پىشانىلىكىمنى - ھە؟ كېلىپ ساراڭنىڭ ناللىسىغا يولۇققىنىمنى! ئۇلار مېنىڭدىن پايدا كۈتكەن ئىكەنغۇ! مانا ئۇنىڭ لايىقىدا مۇنۇ كېۋىر تورغاي ماڭا دارىتمىلاپ: «بۇلارنى تىترەك باسىدۇ» دەۋاتىدۇ. بۇ ئۇچىنچى

چوڭ ئەترەتتە مېنىڭ زىتىمغا تەگمەيدىغان ئادەم قالمىغان ئوخشىمامدۇ» . . .

يېزا باشلىقى ئورنىدىن توردى . دە، ۋەلسىپىتىنى يېتىلەپ ماڭدى.

— هەي يېزا باشلىقى تۇرسۇن، جۇش بولۇپ قالدى. ئاياللار قازان نېنى، هولۇقنان، مانتىلار بىلەن ئەتكەن چاي ئېپكېلىۋاتىدۇ. توختاڭ، بىللە مېهمان بولىمىز! — كېۋۈر تورغاي بۇ قېتىم چاقچاق بىلەن ئەمەس راستىنلا تەكلىپ قىلدى.

يېزا باشلىقى ۋەلسىپىتنى يېڭى سوقۇلغان تامدىن قايرىۋېتىپ:

— خوش رەهمەت، مەن ئەكبەر بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، — دېدى.

— ئەكبەر قاۋانلىقتا، ئە. . . نە، ئاشۇ ياقتا! — كېۋۈر ئاۋازىنى سوزۇپ قولى بىلەن قاۋانلىق تەرەپنى كۆرسەتتى.

قېرى تېرەكلەرنىڭ سايىسىغا بورىلار سېلىنغان، ئاق ياغلىقلىق مومايلار كورا ۋە دەستىخان، تاۋاقلىرىنى يەرگە قويۇپ قويۇپ تام سوقۇۋاتقان ئاياللارنىڭ ئىشتىن جۇشۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. تۇرسۇن ئاياللار تەرەپكە قارىدى. ئۇ ئەسلىدە: ئەكبەر ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەرلەرنى زەيكەش چېپىشقا هەيدىسە، ئاياللارنى ئېتىز ئىشىغا هەيدەيدۇ. ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ ۋاقتى ئاياللارنى ئىشقا قوغلاش بىلەن ئۆتىدۇ. ئاياللار باللىرىنى، قازان بېشىنى، هويلا — ئارام ئىشىنى تاشلاپ ئوڭايلىقچە ئىشقا چىقمايدۇ. جەزمەن ئېتىز — ئېرىق ئىشى ئاقسايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن مۇنۇ ئاياللارنىڭ ئىشلەشلىرى ئۇنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئاياللارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «سىلەرنى ئىشقا مەجبۇرلاپ ئېپچىقتىڭغۇ . هە!» دەپ سورىماقچى بولدى . يۇ، بىراق يالتايدى. «ئەڭ ياخشىسى ئەكبەرنىڭ يېنىغا باراي، ئۇنى تېپىپ دەيدىغان گېپىمنى بىراقلا شۇنىڭغا ئېيتاي. . .» دەپ ئۆز يولىغا ماڭدى.

تۈغرىلانغان چوڭ يولنىڭ سەككىز مېتر كەڭلىكتىكى يۈزى يەردىن كۆتۈرۈلگەن. بەزەن يەرلەرگە شېغىل ياتقۇزۇلغان، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بىر يېرىم مېتر كەڭلىكتىكى كۆچەتزارلىقتا تۆت قۇردىن ئۈرىلار كۆلانغان. بىر مېتر 30 سانتىمېتر كەڭلىكتىكى ئېرىقلار ھەيۋەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن يېڭى يول بىلەن مېڭىپ سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتكە كەلدى. مەھەللىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا زىۋىرشانىڭ قورۇق تاملىرى يېنىدا يول ياسىغۇچى قىزلار بىلەن ئاياللار كۆچەت قويۇۋاتاتتى. يېزا باشلىقى ئۇلارنىڭ يېنىدا توختىماسلىق ئۈچۈن ۋەلسىپتنى ئېتتىك ماڭغۇزدى. لېكىن ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا ئۇ ئېتتىك ماڭالمىدى. باش - كۆزى چاڭغا مىلەنگەن قىزلار ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن قىزلار تەرەپكە قارىدى. بۇدرە چاچلىرى چاڭغا مىلەنگەن بىر قىز كىچىك بايراقنى. پۇلاڭلىتىپ يىراقتىكى قىزلارغا ئىشتىن چۈشۈشكە بەلگە بېرىۋاتاتتى. تۇرسۇن قىزنى تونۇدى. بۇ — مەنسۇرنىڭ قىزى ئاينۇر ئىدى، تۇرسۇن ئالدىراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن گۆكىرەپ زەنجىر تاپانلىق تراكتور كېلىۋاتاتتى. تۇرسۇن تراكتورغا يول بەردى. تراكتورنىڭ رولىدا قىپ - قىزىل ياغلىق تاڭغان، ئارزۇگۈل، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا يوغان گەۋدىلىك سونۇر ئولتۇراتتى. تۇرسۇننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى؛ ئۇ جازالىماقچى بولغانلار ئۇنىڭ ئالدىدىن يەر - زېمىننى تىترىتىپ ئۆتمەكتە، تۇرسۇن ئۇلارغا يول بەرمەكتە ئىدى.

«بىرلىرى خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتمىغان، بىرلىرى مۆكچىيىپ يەرگە كىرگۈدەك بولغان، يەنە بىرلىرى ئېسىنى يوقاتقان، . . . بۇ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ - ھە؟ ياق، بۇ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتە ماڭا كۆڭۈللۈك ئىش تېپىلمىغۇدەك. بۆلۈم باشلىقى چىن يەنە باش كۆتۈرەرمۇ؟ مېنىڭ قولتۇقۇمدىن

يۈلەپ تۇرغۇزغۇدەك كۈچكە ئىگە بولالارمۇ؟ . . . نەگە باراي، قاۋانلىققا بېرىپ ئەكبەر بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىپ خاتارىمنى خاتا دەيمۇ ياكى ناھىيىگە — بۆلۈم باشلىقى چىنىنىڭ يېنىغا ئەقىل سوراشقا بارايمۇ؟ . . . »

ئۇ ئارسالدى بولۇپ ئاچا يولدا ئۇزاق تۇردى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

باھار كۈنلىرى بۇ سازلىقتا مەنزىرە گۈزەل بولىدۇ. سەھەر تۇرۇپ قارىساڭ ئايىغىڭ ئاستىدىكى مامۇقتەك چىمەنلىكتە ياقۇتتەك شەبنەملەر يالتىرايدۇ. بېلىق ئالغۇچلار چىۋ - چىۋ قىلىشىپ تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن سەھەر تۇمانلىرى ئىچىدە ئېگىز - پەس ئۇچۇشىدۇ. مەرگۈچىنىڭ «مە... مە...» قىلىپ ئۆشكىدەك مەرىشى، ئۆدەك، غازلارنىڭ غاقىلدىشى، قىرغاۋۇل خورىزىنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چىللىشى پەقەت مۇشۇ قەدىمكى سازلىقتىلا كىشىگە ئاجايىپ تۇيۇلمايدۇ. زاۋۇتنىڭ گۈدۈگىدەك بوم ئاۋازى بىلەن ئارىلاپ - ئارىلاپ كۆل بۇقىسى ھۆكۈرەيدۇ. قاراسۇ بويلاپ كولانغان گەمىلەرنىڭ ئالدىدا ئوچاقلارنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن قويۇق ئىس چىقىپ تۇرىدۇ. سەھەرنىڭ ساپ ھاۋالىق ئاسمىنىدا بايراقلار قىپ - قىزىل نۇر چېچىپ، يالقۇنجاپ يەلپۈنىدۇ، گايى يەرلىرى ئورۇلغان، گايى يەرلىرى ئورۇلمىغان قومۇشلۇقنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە يانداش تەرىپىدە سەھەردىلا ھايات قايىنىغان. ئاياللار ئالدىرىشىپ چېلەكلىرىنى تىزلىرىغا قىسىپ كالا ساغماقتا. يىگىت - قىزلار قاقاقلىشىپ كۈلۈپ مۇزدەك بۇلاق سۇلىرىدا يۈزلىرىنى يۇيۇشماقتا. قېرىلار بولسا چىمدىن ياسالغان ئوچاقلارنىڭ ئالدىدا چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاقلىنىپ كۆڭۈللۈك سۆزلەشمەكتە.

— ئۇ چاغدا بىر چانا قومۇش ئەكىرسەك بىر بۇلۇڭ چاي كېلەتتى. مېنىڭ ئانام رەھمىتىنى چايچى خېنىم دەيتتى. يىلىغا 64 بۇلۇڭ چاي ئىچىدىكەن، دادام رەھمىتى ئانامنىڭ خۇمارىنى بېسىلدۇرۇش ئۈچۈن شەھەرگە يىلىغا 64 قېتىم قومۇش ئاپىرىپ ساتىدىكەن. چاي ئېلىشقا باشقا پۇل نەدە؟

بۇغدايغا ئالساڭ 64 خو بۇغداي كېتىدۇ. دادام رەھمىتىنىڭ دېيىشىچە بوۋىمىزمۇ مۇشۇ قاۋانلىقتىن قومۇش ئېچىقىپ بورا توقۇپ سېتىپ، چاي - تۇز قىلىدىكەن. ھېسابى مەن 76 گە كىرگەن بولسام، — دېدى ئۇزۇن ساقاللىرى قوناق پوپۇكىدەك تال - تال يالتىراپ تۇرىدىغان بوۋاي. ئۇ تىلىنىڭ ئاستىغا كاپ قىلىپ ناسۋال ئېتىۋېلىپ، بارماقلىرىنى پۆكۈپ ھېسابلاشقا كىرىشتى.

— ھەي نادىركا، ھېلىقى ئۇيغۇرلار ئىسلام ھاجىنىڭ بىر ئۇيۇر يىلقىسىنى مۇشۇ قاۋانلىقتا سىڭىرىپ كەتكەن يىل يەر يېرىلىشتىن بۇرۇنمىدى، كېيىنمۇ؟ — چارساقال. ئىككى قوۋزى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بوۋاي پۇدەۋېتىدىغاندەك قىلىپ ۋۇرغان لەۋلىرىنى يىمىرىپ سوئال سورىدى.

— ۋاي - ۋۇي، بۇ يەرلەر ئەلمىساقتىن تارتىپ قومۇشلۇق دېگىنە؟

— قارىماسەن، قومۇش يىلتىزلىرىنىڭ تومۇلقىنى. كەم بولسا ئىككى ئۈچ يۈز يىللىق يىلتىز بۇ!

— نى - نى ئادەملەر بۇ يەرلەرنى ئېچىشنى ئارمان قىلدىيۇ، بىراق كۆچى يەتمىدى، بۇ يەرلەرنىڭ نېمىنى يېيىش بىرىپ - بېرىپ بىزگە نېسىپ بولغىنىنى قارىمامدىغان، بۇمۇ بىر ئامەت!

— نادىركا، يەنە 20 يىل ئۆمۈر كۆرسەك يەنە نېمىلەرنى كۆرەرمىز - ھە؟ قاش دەرياسىغا توك زاۋۇتى قۇرغۇدەك، ئىلى دەرياسىنى ئېتىپ ئىككى قاسناقتىكى بوزلارغا ماڭغۇزغۇدەك، ئەمدى تاغ باغرىغا ئاۋۇ تالدىنىڭ غولىغا شەھەر قۇرغىدەك. ئازاد بولغۇچە مۇشۇ تۆت چامدام يەردىكى شەھەرنى ئارانلا بىر قېتىم كۆرگەنىدىم، مانا ئەمدى قارا، شەھەرلىرىڭ ئۆزى يېزىمىزغا كۆچۈپ چىقىدىغان بولۇۋېتىپتۇ! قارا ھوي، مەسىگە چوغ چۈشتى!

— كۆيسە يېغىسى بار، نېمە قورقاتتۇق، ئەمدى ئىلىكىمىز توق. پۇرۇم چورۇقلۇق شىرە ئۈچۈن باشقىلارغا سارغىيىدىغان چاغلار ئۆتكەن..

ئۇلارنىڭ يېنىغا رۇزاخۇن بوۋاي كەلدى. ئۇ بۇ گەپكە يارشا:

— شۇنداقتىمۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنۇتما، شىرە چورۇقۇڭنى قورۇتما دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. باياشات بولدى دەپلا بۇزدى - چاچتى قىلىشقا بولمايدۇ. بىز نېمىشقا قاۋانلىقنى ئېچىۋاتىمىز، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن. ئاتا - بوۋىلىرىمىز نامرات ئۆتكەن، كۆڭلەرنىڭ بىردە ئۇرۇق - پۇشتىدىن بىرەرسىنىڭ توققۇزى تەل بولۇپ قېلىشىغىمۇ كۆزى يەتمىگەن. لېكىن ئامەت قوشى بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىپ قوندى. باي - باياشات بولۇشقا يول ئېچىلدى. لېكىن بىز ھازىر ئاشۇ نامرات ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان ئات - كالا، كەتمەن - پالتا، ئارا - گۈرجەك، ھارۋا - ساپانلاردىن قول ئۈزەلمەيۋاتىمىز. دەۋرگە لايىق قوراللارغا ئىگە بولالمىدۇق تېخى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھازىرمۇ دېگەندەك باي ئەمەس. تراكتور، كومبايىن، ئېلېكتر. ماشىنا، زاۋۇتلار بولىدۇ. بۇرۇن شىخىغا تاغار ھوسۇل ئاپتۇ دېسە ئىشەنمەيتتۇق. ئەمدى شىخىغا قوش تاغاردىن ھوسۇل ئېلىشىمىز كېرەك...

شۇ چاغدا گەمىدىن ئەكبەر چىقتى.

بوۋايلار ئەكبەر تەرەپكە قارىدى.

— ئەختەم رەھمىتىنىڭ بۇ ئوغلى تولا جىگەرى بار يىگىت بولدى - دە! مېنىڭ ئامراقلىقىم كېلىدىغىنى شۇ، ئادەمگە تولا ئۈلپەت، ھالىڭغا يېتىدۇ. يەنە كېلىپ شۇنداق سىنچى، سۆزۈڭگە قاراپ خىيالىڭدىكىنى بىلىۋالىدۇ.

— چاي ئىچەيلى، شوجى ئىشقا ماڭدىغۇ، بىزمۇ قوزغىلايلى، بىر گۈرجەك بولسىمۇ جىقىراق چاپايلى، قېنى ئەمىسە!

بوۋايلار ئىشقا مېڭىشتى...

ئەكبەر ئاخشام چالا قالغان غول زەيكەشنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەنىدى. قىرغاقتىكى قارىمايدەك يالتىراق ۋە يېپىشقاق

لاي ئۇنىڭ تىزىغىچە چاپلاشتى. ئۇ ئىشتىنىنى يامپاشقىچە تۈرۈۋېتىپ، لايغا مىلەنگەن يالاڭ چاپىنىنىڭ سىرتىدىن تاسما پوتىسىنى چىڭ باغلىۋالدى. پاكىز چۈشۈرۈلگەن يالاڭباشتاق بېشىنى ئېگىپ ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى زەيكەشنىڭ ئىچىگە قارىدى. زەيكەشنىڭ تېگىدە زەرداپتەك سېرىق سۇ سىرغىپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇ پەلەمپەي بىلەن زەيكەشكە چۈشتى-دە، گۈرجەكنى تېخى ئۆلچەمگە يەتمىگەن قورۇتقۇلۇق يەرگە سانجىدى ۋە تاپىنى بىلەن دەسسەپ پاتتۇردى. سەھەرنىڭ سوغۇقى پۇتلىرىنى كۆيۈشتۈردى، قىيىندىلار تىلىۋەتكەن يەرلەر ئېچىشاتتى ۋە چىمىلداپ ئاغرىتتى. لېكىن ئەكبەر خۇشال ئىدى. بۈگۈن يەتتىنچى كۈن، يەنە مۇشۇنداق 53 كۈن چاپساق ئۈچ مىڭ مو يەرنىڭ زەيكىشى پۈتىدۇ، كۈزلۈككە يەنە بىر تۇتۇش قىلساق، ئۈچ يىل، بەش يىلدا قاۋانلىقتا شال، بۇغداي... بىزنىڭ چوڭ ئەترەتتىلا ئەمەس پۈتۈن يېزىمىزدا زەي تۈگەيدۇ. ئىلى ۋادىسىدا 50 مىڭ مو يەر يېڭىدىن ئېچىلغان بولىدۇ. بۇ مۇنبەت تۇپراقلىق يەردىن دۆلەتكە، خەلققە قانچىلىك تۆھپە ئارتۇق قوشۇلىدۇ. ھە! ھېيتەكلەر زەينىڭ كۆپەيگىنىنى كۆرۈپ قانچىلىك خۇشال بولۇشتى؟ ئۇلار خەلق نامراتلاشسا، ئەترەتلەر كاردىن چىقسا دەپ ئويلىشىدۇ. ياق، بىز سىلەرنىڭ شېرىن خىياللىرىڭلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمايمىز...

ئۇ گۈرجەكنى سىلكىپ، يېپىشقاق لاينى ئېگىز قىرغاققا ئاتتى. ئۇنىڭ ئاتقانسېرى بەدىنى قىزىپ، قولى ئىتتىكلەيتتى، يەتتە كۈندىن بېرى قىلىۋاتقان بۇ ئىشتىن ھارغىنلىق سەزمەيتتى.

قۇياش ئۇزىنىڭ ئالتۇن نۇرىنى چېچىپ، پايانسىز ئاسمانغا كوتۇرۇلگەندە بۇ سازلىقتا بايىقى يالتىراق شەبنەممۇ، داكىدەك يۇققا تۈتەكمۇ ۋە تورخۇنلاردىن چىقىۋاتقان قويۇق ئىس، ئۇتقا قاقلىنىپ ئولتۇرغان بوۋايلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. سازلىقتا ھايات باشقىچە تۇس ئالغان. ئىشتىھا بىلەن يۇمران چىمەننى يالماپ

يەۋاتقان ئات - كالىلاردىن سىرت يەر ئۈستىدە ئاندا - ساندا ئادەملەر كۆرۈنەتتى. يېڭى زەيكەش باشلىغانلارنىڭ كەتمەن - گۈرجەكلىرى كۈن نۇرىدا يالت - يۇلت قىلاتتى. سەرجان ۋە تانىلىرىنى كۆتۈرگەن تېخنىكلار يۈگۈرۈشەتتى. زەيكەش چېپىلىپ بولغان يەرلەرنىڭ قومۇشسىز تەرىپىدە سوقۇلار يەر ئاغدۇراتتى. قىر سوقۇۋاتقان ئاياللار چوقان - سۈرەن، ناخشا - كۈلكە بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. كەپە يېنىدا ماللىرىنى يېيىپ قويۇپ، ھىكمەت يېنىچە ياتاتتى.

ياۋداق ئاتتا يېنىچە ئولتۇرۇپ، داقاللىرى ئۆسكەن، ئەسكى جۇۋىسىنىڭ سىرتىدىن بېلىنى توشۇك بىلەن باغلىغان سۇلايمان گۇر — گۇر ھىكمەتكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

سۇلايمان توغرىسىدىكى ھېكايىنى يەتتە ياشتىن — يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى بىلىپ بولدى. بۇ ھېكايىنىڭ قىسقارتىلمىسى مۇنداق: گېپى چوڭ، قورقۇنچاق گۇر — گۇر ھىكمەتنىڭ جىيەنى روزىمەتنىڭ قورقىتىشى بىلەن سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ ماخوسىدىن ئىككى ئاتنى ئوغرىلاپ چېگرىغا قاراپ قاچتى. ئۇ ئۆز چۈشەنچىسىدە چېگرىدىن ئوڭايلا ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئىككى كۈن قاچقاندىن كېيىن روزىمەتتىن: «چېگرىدىن ئۆتتۇقمۇ» دەپ سورىسا روزىمەت: «چېگرىغا يەنە مۇشۇنداق مۆكۈنۈپ قاچساق، خەتەرسىز بولسا ئىككى كۈندە بارالايمىز» — دېدى. «خەتەرلىك بولسىچۇ؟»، «تۇتۇلىمىز!»، «ئانداق بولسا قايتىمەن!». سۇلايمان قايتتى. لېكىن روزىمەت ئات بىلەن ياندىشىپ كەلدى - دە: «ماڭ!» — دېدى. سۇلايمان: «قاچمايمەن، ئۆيۈمگە كېتىمەن، مەستلىكتە كېلىپ قاپتىمەن» دېيىشىگە بېشىغا ئېغىر بىر نەرسە تەگدى - دە، ئاتتىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. ھوشىغا كەلسە دوختۇرخانىدا يېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىر نەچچە مىڭ يۈەنلىك خىيانىتى پاش بولدى. چوڭ ئەترەتنىڭ بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى يۇقىرىغا يوللاندى. ئۇ

هازىر ئامبارچىلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، كېچىسى چوڭ ئەترەتنىڭ تېرىلغۇ ئات - ئۇلاغلىرىنى بېقىشقا بەلگىلەنگەنىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ساھىبخان، - دېدى سۇلايمان ئاغزىنى تامشىپ، ئالدىڭىزغا بۆرىدەك ئىشتىھاسى بار بىر مېھمان كەلدى ياخشى كۈتۈۋېلىڭ!

ھېكمەت زەھەرلىك كۈلدى:

— بىلىمەن، مىجەزىمۇ ئىشتىھاسىدەك يىرتقۇچ مېھمانغۇ - بۇ!

— سىز تېخىلا مېنىڭدىن رەنجىپ يۈرەمسىز؟ چوڭ بوتۇلكىدىن بىرنى چىقىرىڭ!

— ساڭا بېرىدىغان هاراق يوق، تولا مېڭەمنى قايدۇرماي كەت نېرى!

— تولا ھۆكۈرمە، سەن ماڭا ھېلىقى گەپنى ئېيتقانغۇ، ئايىغاننى بىل جۇمۇ! ھېلى مەلۇم قىلىۋېتىمەن!

ھېكمەت سۇلايمانغا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كەتتى.

— مە، ئال! ھەي سۇلايمان، بوينۇڭدىكى پۈتۈن قەرزنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە ۋەدە بېرەي، بۇ گەپنى ئېغىزىڭدىن چىقارما!

ھېكمەت قەغەز يەشىكتىن بىر بوتۇلكا ئاق هاراق چىقاردى. سۇلايمان ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئالدى پۇتىغا باغلاپ قويۇپ چىمەنگە يامپاشلىدى - دە، ھىجايدى ۋە ھېكمەتنى ئاستا نوقۇپ:

— مانا قارا، گۆشمۇ بار، كاۋاپ قىلاي، ئاز تولىدىن ئىستېمال قىلىمىزمۇ؟ — دېدى.

— ئۆزۈڭنى تۇت. ھازىر سېنىڭ بوينۇڭدىمۇ، مېنىڭ بوينۇمدىمۇ سىرتماق بار. ئاستا كېتىپ، نېرىدا ئىچ، ئاغزىڭغا ئىگە بول، بۇلارنىڭ قاۋانلىقتا زەيكەش چاپقىنىغا قاراپ ئەمدى ئىش تۈگىدى، دۇنيا مۇشۇلارنىڭ بولۇپ كەتتى. دەپ ئويلىمىسنا، كۆرىسەن، تېخى ھېكمەتنىڭ قانتى ئاستى ساڭا جەننەت بولۇپ كۆرۈنىدىغان چاغلار كېلىدۇ!

ھېكمەت چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. سۇلايمان بولسا

بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشى بىلەن ئاچتى - دە، گۇڭدا يېتىپ غۇرت - غۇرت قىلىپ ئىچىشكە باشلىدى.

ئاشپەزلىك قىلىۋاتقان ئەزىزخان ئەكبەرگە چاي ئاپىرىپ بېرىشكە چىقتى. سۇلايمان ئەزىزخاننى كۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ ھېكمەتكە پىچىرلىدى:

— ئاۋۇنىڭ ھېلىقى بىزگە بەخت ئېپكىلىدىغان گېنېرال ئاكىسى نېمەيوپ ئىدى؟

— ئىت يوپ! — ھېكمەت تىرىكىپ جاۋاب بەردى.

— ھە، چاڭگا ساقال، نېمىگە چېچىلىسەن؟ مەن ئېيتمىساممۇ سېنىڭ ئاشۇ ئىت يوپلارنىڭ كېلىپ قانات يېيىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقىنىڭنى ھەممە ئادەم بىلىپ بوپتۇ!

— نېمە؟ سەن گۆر - گۆر نېمە دەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ روزىمەتنىڭ گېپىنى ماڭا دۆڭگەپ!...

— روزىمەتنىڭ؟ روزىمەتكە ھەرقانداق ھۆكۈمەت پەرقسىز. قاراڭغۇ بازار بولسىلا بولدى. ساڭچۇ؟ سەن دۇكاندا مال ساتمايسەن، سىياسەت سودىسى قىلىسەن، روزىمەت، ئەزىزخان، سۇلايمان، يېزا باشلىقى تۇرسۇن، يەنە ئاللىكىملەر سېنىڭ سىياسەت سودىسى قىلىدىغان ماللىرىڭ! مېنى بىلمەيدۇ دېمە، سەن ھازىرمۇ ئاشۇ گېنېراللارنىڭ تېز كېلىشىگە ئىشىنىسەن، مۇنۇ قاۋانلىقنىڭ قورۇتۇلغىنىغا قاراپ ماڭا پىكىرداشلار ئازىيىدىغان بولدى دەپ ھەسرەت چېكىۋاتىسەن!...

— جۆيلىمە! — ھېكمەت ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى، — مەن ساڭا ئوخشاشلارغا ياخشىلىق قىلىمەن دەپ يۈرۈپ بالاغا قالغىلى تاس قالدىم. يوقال، ماڭا كۆزۈڭنىڭ سېرىقىنى كۆرگىلى قوي!

— بالاغا قالغىلى؟ سىرتماقتا ئېسىلسەن تېخى! مەن سېنى...

— خۇدا ھەققى ئالىدىغىنىڭنى ئال، قۇزلاق - مېڭەمنى يېمەي يوقال!

ھېكمەت ئەسەبىلىشىپ سۇلايماننىڭ ئالدىغا يەشكىلىرىنى ئىتتەردى.

كۈن ئاغامچا بويى ئۆرلىگەن، تىنىق ئاسماندا قاقىرلار قاتارلىشىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. نېرىقى قومۇلۇقتا پاق - پاق قوراي سېغىزى كولاپ يۈرگەن ئۆششاق باللار: «قاقىرا ئاغامچا - قاقىرا ئاغامچا» دەپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى.

ئەكبەر پۇت - قولىنى يۇيۇپ كېلىپ چىمەندە ئازادە ئولتۇرۇۋېتىپ:

— بۇندىن كېيىن مەن تاماققا ۋاقتىدا بېرىشقا ۋەدە بېرىمەن. سىز ماڭا تاماق ئېلىپ كەلمەڭ، — دېدى.

ئەزىزخان ھەيران بولدى:

— نېمىشقا، سىلەر ئالدىراش ئەمەسمۇ؟

— ھەرقانچە ئالدىراش بولساقمۇ ئۆزىمىز بارىمىز. سىز ئاۋارە بولماڭ!

ئەزىزخان ئەكبەرگە كەينى - كەينىدىن قارىدى. ئۇ بىر نېمىنى ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتقىنىنى ئەكبەر چۈشەندى - دە:

— خىجىل بولسىڭىز يېزىپ بېرىڭ، دېسەم — دېمىسەم ھىكمەت توغرىسىدا بىر نېمە دېمەكچىغۇسىز؟ — دېدى.

— مەن ئۇ ئادەمدىن قورقىمەن. خېيىم - خەتەرگە يولۇقتۇرارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ھەرقانچە خىرىس قىلغىنى بىلەنمۇ سىزگە ئېغىز سالالمايدۇ.

ئەزىزخان قايتىپ كەتتى.

ئەكبەر زەيكەشكە چۈشۈپ، قىرغاققا لاي ئېتىشنى داۋام قىلدى.

— بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت . . . ئوتتۇز . . . ئاتمىش . . . يۈز . . . — كۈندە قارايغان، يۇمىلاق يۈزلۈك بىر بالا چوڭقۇلداپ ساناۋاتاتتى.

— ھەي چوڭچوڭ، نېمىنى ساناۋاتىسەن؟ — ئاتلىق كەلگەن يېزا باشلىقى بالىدىن سورىدى.

— قارىمامسىز، ئەكبەركام توختىماي يۈز گورجەك ئاتتى.

يېزا باشلىقى شۇ. چاغدىلا پۈتۈن گەۋدىسى لايغا مىلەنگەن ئەكبەرنى تونىدى. ئۇ قىرغاقتىكى قويۇق لايىنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مۇشۇنىڭ ھەممىسىنى بۈگۈن چىقاردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەكبەردىن. يېزا باشلىقىغا بالا جاۋاب بەردى:

— ئا... ۋۇ تىكلەكلىك قورايىنى كۆردىڭىزمۇ، ھە شۇ يەردىن باشلىدى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن بالا كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى، ئاندىن ئوڭايسىزلىنىپ ھىجايدى:

— خىجىلمەن، گەپنىڭ بولار يېرىنى ئېيتسام، ساڭا ئوچۇق پىكىر بېرىشتىن ئەيمىنىمەن. خاتا كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن...

— بۇ گەپلىرىڭىز ئارتۇقچە، — دېدى ئەكبەر ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — خاتا دەپ قويۇشتىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى. قېنى، ئېيتىدىغان گەپ بولسا ئېيتىۋېرىڭ.

— گەپنى ئوچۇق قىلايمۇ؟ ئانداق بولسا يۇقىرىدىن مېنى يەنە مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەپ قويۇپتۇ. ئىشلەپچىقىرىشتىكى بەزى ئىشلارنى يەنە ئېيتىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. راست، ئۆتكەنكى گەپلىرىمدە خېلى خاتالىقلار بارئىكەن لېكىن، بىر رەھبەر بولغانلىقىم ئۈچۈن يەنە دېيىشكە توغرا كېلىدىكەن...

— قانداق گېپىڭىز بولسا ئوچۇق ئېيتىۋېرىڭ، — دېدى ئەكبەر تۇرسۇننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، — سىز ئارتۇقچە ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىپسىز. خاتانى كۆرسەك ئاياپ ئولتۇرمايمىز، لېكىن سىزنىڭ توغرا پىكىرلىرىڭىزنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللايمىز، ئىجرا قىلىمىز.

— ئەترەتلەرنى، ئىش ئورۇنلىرىنى ئارىلىدىم، بەزىلەر يۈزمۇ-يۈز، بەزىلەر دارىتمىلاپ مېنى تەنقىد قىلىۋاتىدۇ، ماڭا

زەربە بېرىۋاتىدۇ، بۇنداق بولسا مەن ئۈچىنچى ئەترەتنى قانداقمۇ تۇتالايمەن!

— مېنىڭچە ئاممىنىڭ يۈزمۇ - يۈز پىكىر بەرگەنلىكى، تەنقىد قىلغانلىقى ياخشى ئىش. بىز مۇشۇ ئاممىنىڭ ئىچىدىن چىققان، ئۇلارنىڭ تەنقىد بېرىش، نارازىەت قىلىش، خاتا قىلساق چەكلەش هوقۇقى بار. بىز ئۇلارنىڭ بۇ هوقۇقىنى ئىشلىتىشىگە يول قويماي، ئۇلاردىن قورقساق مانا بۇ ناهايىتى خەتەرلىك!

يېزا باشلىقى تۇرسۇن «كۆپچىلىك دېگەن هەر نېمە دەيدۇ. هەدەپ قويسىڭىزلا بولىدۇغۇ!» دېگەندەك سۆزلەرنى كۆتەتتى. ياق، ئەكبەر ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىدى. يەنىلا يېزا باشلىقىنىڭ ئېچىشقان يېرىگە توز سەپتى. يېزا باشلىقى تۇرسۇن گەپنى يوتكىدى:

— ئىشلار توغرىسىدا قاچان سۆزلىشىمىز؟

— بۈگۈن كەچ كادىرلار يىغىنى بولىدۇ. مېنىڭچە يىغىندا ئوتتۇرىغا قويسىڭىز قانداق؟

— مەن سېنىڭ بىلەن يالغۇز سۆزلىشەي دېۋىدىم.

— يالغۇز سۆزلەشسەك مەن بىر شەخسنىڭ پىكرىنى ئېيتىمەن، يىغىندا بولسا بىز قارار چىقىرالايمىز. مېنىڭچە كېيىنكىسى پايدىلىق.

— ياخشى، ئۇنداق بولسا مەن كەچتە يىغىنغا قاتنىشاي.

ئۇلارنىڭ يېنىغا پۇشقاقلىرى تۇرۇلگەن ئەخمەتجان كەلدى ۋە ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— يېزىدىن تېلېفون كەلدى، لى شۇجى پۈتۈن يېزا كادىرلىرىنى باشلاپ ياردەمگە كېلىۋېتىپتۇ.

— قولتۇق تاياقنى تېخى تۇنۇگۈنلا تاشلىغانغۇ! — دەپ يېزا باشلىقى تۇرسۇن هەيران بولۇپ سورىدى.

— ناهايىتى ياخشى، — دېدى ئەكبەر، — تۇرسۇنكا، مانا ئەمدى لى شۇجىنىڭ ئالدىدا بايىقى پىكىرلەرنى ئېيتىسىڭىز

بولىدۇ. بىز بىرلىكتە ئاڭلايلى.

تۇرسۇننىڭ چىرايى ئۆڭدى، ئۇ ئېتىنى ئاسىم تەرەپكە بۇرىدى. ئاسىم نېرىدا كىگىز ئۆيلەرگە جايلىشىۋاتقان چارۋىچىلارنىڭ يېنىدا ئىدى.

يېزا باشلىقى تۇرسۇن كەتكەندىن كېيىن ئەخمەتجان ئۇنىڭ كەينىدىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئاچچىقى بىلەن:

— كۆرۈۋاتامسەن، شاڭيۇلاردىن نېمە پەرقى بار؟ پۈتۈن خەلق لايغا مىلىنىپ ئىشلەۋاتسا، بۇ ئادەم ئات ئۈستىدە لاغايلاپ يۈرىدۇ. بۇنداق ئادەمدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولامدۇ؟ ياق، بۇ ئادەمنىڭ توۋە قىلغىنى يالغان. — دېدى.

ئەكبەر ئەخمەتجاننىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى. قىشتىن بېرى ئىپلىشىپ كەلگەن ئادەمنىڭ تېخىچە ئاتتىن چۈشمىگەنلىكىگە ئىچى پۇشاتتى.

—راست توۋا، يالغان توۋا ئاسانلا بايقىلىدۇ، — دېدى ئەكبەر دوستىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — ئۇنىڭغا قولىمىزدىن كەلگەن ياردەمنى ئايىمايلى، ۋەزىپىمىزنى ئەستايىدىل، ياخشى ئورۇنلايلى، ھەركىم ئۆز يولىنى ئۆزى تاللىۋالىدۇ. يېزا باشلىقى قارشىلىشىش يولىنى تاللىۋالسا ئۇنىڭ ئۆزى زىيان تارتىدۇ!

— ئۇنىڭ قىشچە قىلغانلىرى زادى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. مانا قارا، ئەمدى بىز ئىشلىرىمىزنى ياخشى يولغا قويغىلى تۇرۇۋېدۇق، ئۇ تېخى ئات ئۈستىدە يۈرۈپ يولىۋرۇق بەرگىلى كەپتۇ!

— يول ئۇزۇن، داۋان كوپ. بۇ يولدا ھەر خىل ھەمراھلار ئۇچرايدۇ. ئەمما مۇشكۇل سەپەر ھەممىنى سىنايدۇ. سەن بېرىپ ئاشخانىغا ئېيتىپ قوي، يېزا كادىرلىرىغا چاي تەييارلىسۇن. ئۇلارغا ياتاق تەييارلاشنىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي. مەن يەنە يېرىم سائەتتە مۇنۇ لاتقىنى توگىتىمەن.

دوستلار ئۆزلىرىنىڭ جىددىي ئىشلىرىغا يېڭىباشتىن تۇتۇش قىلىشتى.

«بىز تەرىمىز، يۈرەك قېنىمىز، پاراسەت ۋە جاسارىتىمىزنى مانا مۇشۇ ئىشقا تولۇق سەرپ قىلىپ ئىنسانلار ئۈچۈن گۈزەللىك يارىتىمىز. لېكىن بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا گۈزەللىكنى خالىمايدىغانلارمۇ بولىدۇ. ئۇلار گۈزەللىككە دۈشمەنلىك قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز نېمىگە ئىنتىلسەك دۈشمەنلەر شۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ. بىز نېمىنى قۇرساق ئۇلار شۇنى بۇزۇشنى قەستلەيدۇ. بىز نېمىنى پىلانلىساق، ئۇلار شۇنىڭدىن قورقىدۇ. بىزنىڭ ئۆز ھاياتىمىزدا قىلىدىغان ئىشىمىز شۇنچىلىك تولا، ھېلىقى ياۋۇز نىيەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈنمۇ تىنچ تۇرمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك قىلىپ كۆرسىتىدۇ، بەزىدە بولسا مىسكىن، بىچارە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مەيلى ئۇلار ئۆزلىرىنى قانداق قىلىپ كۆرسەتسىمۇ ئىچىدىكى دەردىنى، زەھىرىنى يوشۇرالمايدۇ. ھېيتەك نېمىشقا قولىغا تالتۇز ئېلىپ كېچىسى ئۇخلىماي ئۆزىگە گۆر كولايدۇ؟ ئۇنى ئىچ گۆردىن ھەيدەپ چىققان مىنبىڭلارغا: ئۆلسەم يەرلىكىمنى كولايدىغان ئادەم چىقمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۆزۈم كولىغاچ تۇراي دەپ ئويلاپتىمەن دەپتۇ. ئۇنىڭ غەرىزى نېمە؟ سېۋەتباش خوتۇنىنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى قانداق چۈشەنسە بولىدۇ؟ پۈتۈنلەي ئەقلىنى يوقاتقان بولسا ھېيتەككە: خوپ بولدى، بىر كىشىلىك گۆر كولىغىچە شام گۆر كولىساڭ بولمايتتىمۇ قاقباش، مانا ئەمدى تالتۇز يوق، تىرنىقىڭ بىلەن چاشقان ئۇگىسىنى كولا دېگىنى نېمىسى؟ مانا بۇلار ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھەرىكىتى بولماي نېمە؟»

ئەكبەر ئەڭ ئاخىرقى بىر گۈرجەك لايىنى ئېتىپ بولغۇچە چوڭ ئەترەتتە بولۇۋاتقان ئىشلارنى يەنە بىر قېتىم خىيالىدىن

ئۆتكۈزدى. ئۇ سوغۇق بۇلاق سۈيىگە كېلىپ يۇيۇنۇشقا باشلىدى.
بۇ چاغدا لى زۇڭخۇا يېزا كادىرلىرىنى باشلاپ ئېتىز ئارىلىقىدىكى چىغىر يوللاردا مېڭىپ قاۋانلىققا قاراپ كېلىۋاتاتتى. دۇمبىسىگە شىڭلى، ئۇزۇق تاڭغان ۋە گۈرجەك كۆتەرگەن كادىرلار خۇشال - خورام پاراڭلىشىپ، ياشارغان ئېتىزلار ۋە دالا چۆپلىرىنىڭ يېقىملىق ھىدىغا تولغان ئېرىق، قىرلارنى ئارىلاپ كېلىشەتتى.
— قاراڭ لى شۇجى، بۇلتۇر مەنسۇركام شال تېرىغان يەرلەر مۇشۇ. بۇ يىل زەي كۆتۈرۈلمەپتۇ، قاراڭ، بۇغدىيى نېمىدېگەن ياخشى!
— پاھ، بۇلار قىر - قىرلارغا قىغ دۆۋىلەپتىغۇ!
— ئاۋۇ ئالا - يېشىل كىيىنىۋالغان ئاياللارنى قاراڭلار، ئېرىق چېپىۋاتىدۇ!
— ئاۋۇ قىزنىڭ ئات چېپىشىنى قاراڭلار!
- ماۋۇ توپىنى پۇراپ باققىنا، شور پۇرىقى ناھايىتى ئاز.
— قاراڭلار، لى شۇجىنىڭ پۇتى سەللىمازا ساقايغاز ئوخشايدۇ، غول ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتەلىدى!
— يەنە ئۈچ - تۆت يىلدا بۇ يەرلىرىمىزدە زەي دېگەن نېمە قالمايدۇ.
ياماق لېكىن پاكىزە كىيىم ۋە پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن پارتكوم شۇجىسى ئەتراپىغا ھاياجان بىلەن قاراپ، سوئال بېرىۋاتقانلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپ ماڭاتتى. جەنۇب تەرەپتىكى تىيانشان تېغى ئۇچۇق ۋە تىنىق ھاۋادا ئۆزىنىڭ ئاپپاق چوققىلىرىنى، ياپېشىل قارىغايلىرى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى، پۈتۈن ئىلى ۋادىسى باھار شادلىقى بىلەن تولغان. چەكسىز كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلاردا، ياپ - يېشىل مەخمەلدەك قىرلاردا قىزىلبايراقلار جەۋلان قىلاتتى. سوقۇچلارنىڭ «پورۇز، كاھ، كاھ!» دېگەن ۋارقىراشلىرى، تىرنىچى باللارنىڭ چۇقۇرۇشۇپ ئېيتقان ناخشىلىرى، ئۆستەڭلەردىكى

قاش سۈيىنىڭ ھەيۋەتلىك شارقىرىشى. . . پارتكوم شۇجىسىنىڭ كۆز ئالدىدا گۈزەل، جەڭگىۋار ھايات مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۈرەتتى.

— قاۋانلىق! - دېدى لى شۇجى قولىنى جەنۇبقا سوزۇپ، - قاراڭلار، ئۇ يەردىكى بايراقلارنىڭ كۆپلىكىنى! يولداشلار، بۇنداق يەرلەرگە «قاۋانلىق» دېگەن ئىسىم ياراشمايدۇ. بۇ ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايلى. ھەممىمىز ئويلىنىپ، ئۇ يەرگە دەۋرىمىزگە لايىق بىر ياخشى ئىسىم تاپايلى.

كادىرلار تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراشتى:

— مەن تاپتىم، ئالتۇنلۇق بولسۇن!

— بوستانلىق!

ياشارغان دالا بولسۇن! . . .

لى شۇجى ھاياجان بىلەن قاقاقلاپ كۈلدى:

— ياخشى، يەنە قانداق ئىسىملار بار، بىز شۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللىۋالايلى، بۇ ئىسىم يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىمىزنىمۇ، گۈزەل كەلگۈسى ئىستىقبالىمىزنىمۇ ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولسۇن!

ئۇلار قوماندانلىق شتاب كەپىسىگە يېتىپ كەلگەندە ئەكبەر، ئاسىم، ئەخمەتجانلار كەپىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن. تىزلىنىپ كېلىۋاتقان كادىرلارنى كۆرۈپ يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ يېزا باشلىقى تۇرسۇنمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— شۇجى، بۇ ئىشنى قالتىس قىپسىز - دە!

ئەكبەرنىڭ قوللىرىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ سىقىۋاتقان لى زۇڭخۋا تۇرسۇنغا جاۋاب بارمىدى.

— ھە ئەكبەر، ھازىرمۇ كۆنىگە ئۆچ مېتىردىن غول زەيكەش چېپىۋاتامسەن؟

— پۈتىگىزنىڭ ئاغرىقى يەنە قوزغىلىپ قاللارمىكىن

لى شۇجى، ھازىر ھاۋا خېلىلا سوغۇق!
ئۇلار ئاشۇنداق ئاددىيلىكى گەپلەر بىلەن بىر بىرىدىن ھال سوراشتى.
چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن لى شۇجى چوڭ ئەترەت كادىرلىرى بىلەن بىللە بولدى. ئۇ سوراشقا باشلىدى.
— بۇ يىل نەچچىلىك يەر ئاچالايسىلەر؟
— مۆلچەرىمىزچە 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، زەيكەش ئېلىنىپ بولىدىغان يەر ئۈچ مىڭ مودىن ئاشىدۇ،ـ دېدى ئاسىم ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ.
— ھازىر يەتتە غول زەيكەشنىڭ تۆتى پۈتتى، — دېدى ئەخمەدتجان قوشۇمچە قىلىپ، — زەيكەشلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 53 كىلومېتىر كېلىدۇ.
— تارماقلار بىلەنغۇ ـ ھە؟ — بىر كادىر سورىدى.
— ھەئە، — دېدى ئەكبەر قاۋانلىقنى كۆرسىتىپ، — 187 مىڭ لىفاڭ توپا قازساق بۇ پىلان ئورۇنلىنىدۇ.
— ئېيتماقچى 187 مىڭ لىفاڭ توپا ھېچگەپ ئەمەس، — دېدى لى شۇجى ھېسابلاپ كۆرسىتىپ، — قاۋۇل ئەمگەك 10 لىفاڭدىن قازدىمۇ دەيلى، شۇ چاغدا بۇنى ئورۇنلاش ئۈچۈن 18 مىڭ 700 كۈن كېتىدۇ. بۇ كۈننى يىلغا چاقساق، 52 يىل بولىدۇ. دېمەك گۈرجەك تۇتقۇدەك بولغاندا بىر ئادەم بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلسا بىر ئۆمرى يە يېتىدۇ، يە يەتمەيدۇ. ئوتتۇراھال ئەمگەك كۈچى بەش لىفاڭدىن قازسىچۇ، ئۇ چاغدا توپ ـ توغرا 100 يىل، يەنە بىر ئەسىر كېتىدۇ. يولداشلار، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىكىلەرگە ھەيران قالساق بولىدىكەن، بىر ئوتتۇراھال ئەمگەك كۈچىنىڭ بىر ئەسىر قىلىدىغان ئېغىر ئەمگىكىنى بىر ئايدا ئورۇنلاپ بولىمىز دەۋاتىدۇ، ئەزالارنىڭ بۇ ئاكتىپچانلىقى نەدىن كەلگەن؟ 60 ماددىنى توغرا ئىجرا قىلغانلىقتىن، ئىشلىگەن چىشلەيدۇ دېگەن پرىنسىپ يولغا قويۇلغانلىقتىن،

بولۇپمۇ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت رەھبەرلىكى ئەترەتلەرنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر قاتار چىددىي تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن بارلىققا كەلگەن. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ قاۋانلىققا يۈرۈش قىلىش پىلانى ھازىر پۈتۈن يېزىنى، پۈتۈن ناھىيىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. ھازىر ھەممىلا يەردە ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى قوزغىلىۋاتىدۇ.

— بۇ پىلان ئورۇنلىنىدۇ، زەي نېپىزراق يەرلەردىن بۇ يىل مىڭ مو يەرگە كەنجى زىرائەت تېرىغىلى بولىدۇ. - دەپ قوشۇمچە قىلدى ئەكبەر.

لى شۇجى ئورنىدىن تۇرۇپ سازلىقنى كۆرسىتىپ:

— ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار تېرىلغۇ يەرلەرگە يېيىلىپ كېلىۋاتقان زەيلىكنى تۆت كىلومېتردەك نېرىگە چېكىندۈرگەن بولىمىزكەن. مانا مۇشۇنداق قىلىۋەرسەك بىرنەچچە يىلدا پۈتۈن سازلىق قالمايدۇ. يەرلىرىمىزنى زەي ئاپىتىدىن ساقلاپلا قالماي، تېرىلغۇ يەرلىرىمىزنى بىرنەچچە ئون مىڭ مو كېڭەيتەلەيمىز. — دېدى.

ئۇنىڭ يېنىغا مەنسۇر كەلدى. ئۇ لى شۇجى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ:

— لى شۇجى، بىرىنچى ئېلىشىش 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تۈگەيدۇ. ئىككىنچى ئېلىشىشنى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى باشلايمىز، — دېدى.

— پۈتۈن ئەر ئەمگەك كۈچلىرىنى زەيكەشكە سالسىلەر، دېھقانچىلىق بۆلتۈرقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن. قانداق، قىيىنچىلىق زور بولۇۋاتامدۇ؟ — دېدى لى شۇجى مەنسۇرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — كۈچۈڭلار يېتىشىۋاتامدۇ؟

— يېتىشىدۇ، بىز تېخى تۆتىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ئۆستەڭ چېپىشىغا 200 گۈڭ ياردەم قىلدۇق، ھازىر 60 پىرسەنت

كۆچىمىز زەيكەشتە. 5 - ئاينىڭ ئاخىرى يەنە كۆپەيتىمىز! — دېدى مەنسۇر قىزغىن سۆزلەپ.

— ياخشى، ياخشى. — دېدى لى شۈجى مەنسۇرنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ. — ئاڭلىدىڭىزمۇ يولداش تۇرسۇن، ئارزۇ قانچە چوڭ بولسا غەيرەتمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئەزالىرىمىزنىڭ كۆچىنى تۆۋەن ھېسابلىغانلىق، ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىزمنىڭ جەرمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىك بولىدۇ. دېھقانچىلىق سىلەرنىڭ ئۈيۈگلارچە بىر باراۋەر كېمەيتىلگەن بولسا ئەزالارنىڭ غەيرىتى مۇنچە زور بولمىغان بولاتتى. شۇنى ئۇنتۇمايلى، بىزنىڭ ئەلقىمىز جەمئىيەتنىڭ خوجىسى، جەمئىيەتكە خوجا بولغان خەلق چېكىنىشكە يول قويمايدۇ. ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت مانا بۇ ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

لى شۈجى ئۇچىنچى چوڭ ئەترەت كادىرلىرىدىن قانداق قىيىنچىلىقلار بارلىقىنى سورىۋىدى، ئەخمەتجان دەرھال:

— كۆچەت يېتىشمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئەتراپىنى كۆرسىتىپ. - قاراڭ، مۇنۇ يەتتە چوڭ زەيكەش، مانا بۇ تاشيول. ئۇلارنىڭ ئىككى قاسنىقىغا كۆچەت كېتىدۇ، چوڭ ئەترەتنىڭ يېزىغا بارىدىغان تاشيولغىمۇ كۆچەت تىكەيلى دەۋاتىمىز. بىزگە نۇرغۇن كۆچەت كېرەك.

— ھە، قانچىلىك كەم، — دېدى لى شۈجى كۈلۈمسىرەپ.

— بىزگە 376 مىڭ تالدىن جىقراق كۆچەت لازىم، — دېدى ئەكبەر، — ھازىر قولىمىزدا بارى 150 مىڭ تالدەك كۆچەت.

— بۇ يىل كۆچەتنى بىز يېزىدىن ھەل قىلىمىز، — دېدى لى شۈجى، — لېكىن كېلەر يىلدىن باشلاپ ھەر بىر كىچىك ئەترەتتە 40 - 50 مودىن ئورمان بىنا قىلىڭلار.

— كېلەر يىلى پۈتۈن يېزىغا كۆچەت ياردەم قىلالايمىز، — دېدى چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم.

لى شۇجى يېزىنىڭ مالىيە خادىمىگە قارىدى:

— سەن يېزىغا بۈگۈنلا قايت. ئورمان مەيدانىنىڭ سىتىلىدىغان كۆچىتى بار. ئۆگۈنلۈككىچە ئاق تېرەك، جىگدە، ئۆرۈك كۆچەتلىرىدىن بايىقى سان بويىچە يەتكۈزۈپ بېرىڭلار.

— لى شۇجى، مەن بانكا بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇلارنىڭ چىقىمى كۆپ. سەككىزىنچى چوڭ ئەترەت ئەزالىرىغا جاي سالىدۇ. بانكىدىن ئاشلىق ھېسابىغا ئالدىن پۇل بېرىدىغان بولدى، — دېدى تۇرسۇنمۇ گەپكە ئارىلىشىپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم قىزىقمىدى...

كۆپچىلىك جۇشقۇن روھ بىلەن زەيكەشلىككە قاراپ مېڭىشتى. لى شۇجى پۇشقىغىنى تۇرۇپ زەيكەشكە چۈشتى. ئۇ گۈرجىكىنى پاتقاققا سانجىپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— باياتىن تالغان پۇتۇم تازا ئارام تاپتى. قېنى يېزا باشلىقى تۇرسۇن تېز چۈشۈڭ، ھاردۇق چىقىدىكەن، — دېدى.

تۇرسۇن قىرغاقتا ئولتۇرۇپ ئۆتۈكىنى يېشىشكە باشلىدى.

تۇرسۇن يېنىدا پاتقاققا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقان مەنسۇرنى كۆردى، ئىككىسى ھېلىقى ئۆي توغرىسىدا قاتتىق دېيىشىپ قالغاندىن بېرى بۇنداق يەكمۇ - يەك ئۇچراشمىغانىدى. تۇرسۇن مەنسۇردىن ئاچچىق گەپ، ئاھانەت كۈتۈپ يەرگە قارىدى. يېشىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇلار قورداش. يېزا خىزمىتىكىمۇ بىللە قاتناشتى. تۇرسۇن ساۋاتلىق ئىدى. مەنسۇر بولسا يېڭىدىن ساۋات چىقاردى. ئۇلارنىڭ بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلغان چاغلىرىمۇ بولغان. يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىشتە مەنسۇر يېزا باشلىقى بولغاندا تۇرسۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى ئىدى، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن مەنسۇر ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا، كوپىراتىپقا جورېن بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا بولسا، تۇرسۇن رايوننىڭ كاتىپى بولۇپ ئايالىنى قويۇۋەتكەن يىللار ئىدى. تۇرسۇننىڭ ئايالى قاپ - قارا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان

بەش ياشلىق ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ مەنسۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىغلىغانىدى:

— قويۇۋەتكىنىڭگە ئېچىنمايمەن، بىر ۋىجدانسىزغا ئايال بولغىنىمغا خورلۇق ھېس قىلىمەن. مەندىن، مۇنۇ ئالتۇندەك ئوغلىدىن يۈز ئۆردى. ئېيتىڭا ئاكا، ھۆكۈمەت بۇنداق نائىنساپقا نېمىشقا جازا بەرمەيدۇ؟

— يىغلىما سىڭلىم، مۇنۇ بالىغا كۆز يېشىڭنى كۆرسەتمە! — دېگەنىدى مەنسۇر ئۇ چاغدا مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، — ساڭا، بالاڭغا پارتىيە ئىگە. . .

— غۇلاجىپ تاشلىمامسەن! — دېدى مەنسۇر تۇرسۇنغا قاراپ، — باشقىلار چىلىق - چىلىق تەرلەۋاتسا سەن نېمانچە يېتىرەيسەن!

- تاۋىم يوق، پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپلا تۇرىدۇ، — دېدى تۇرسۇن تەستە ھىجىيىپ.

— «قاۋانلىق» نىڭ ھاۋاسى ساڭا ياقماپتۇ - دە! بۇرۇندىنلا نازۇك مىجەز ئىدىڭ، قارىغىنا، سازلىقلار ئۆزگەردى، سېنىڭ مىجەزىڭ بولسا تېخىچىلا كونا پېتى!

«باشلىدى، — دەپ ئويلىدى تۇرسۇن، — ئەمدى زەھەردەك گەپلەر تۆكۈلىدۇ. . .»

— ياردەم قىل مەنسۇر، خاتالاشتىم، سېنى رەنجىتتىم، ئەپۇ سورىغىلى ئالدىڭغا باراي دېۋىدىم. . .

— مېنىڭ كارىم چاغلىق. سېنىڭ بىلەن شەخسىي ئاداۋىتىم يوق. ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىكار ئاۋارە بولۇپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن يالغان جىنايەت توقۇپ چىقتىڭ.

تۇرسۇن گۈرجىكىدىكى لايىنى پۈتى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ تېخىمۇ تىترىگەن ئاۋاز بىلەن:

— خەقنىڭ گېپىگە كىرىپتىمەن، راستىمنى ئېيتسام سېنىڭ بىلەن ئۆزۈڭدىن بۇيان نېرى - بېرى دېيىشىپ كەلدۇق. مەن شەخسىي ئاداۋەتنى قوغلىشىپ ئىشنىڭ ئاق - قارىسىنى ئانچە

سۈرۈشتۈرمەپتىمەن، — دېدى.
— ياق، ياق، گەپنى يۇپۇتما، ئەگەر مەن سېنىڭ نېمە
قىلىۋاتقىنىڭ بىلەن ھېسابلاشماي، سېنىڭ راست دەۋەرگەن
بولسام سەن ماڭا بۇنچىلىك ئۆچلۈك قىلمايتتىڭ. گەپنىڭ بولار
يېرىنى ئېيتسام سەن راست گەپ قىلغان ئادەمنى يامان
كۆرىسەن، خوشامەتچىلەر، يالغانچىلار، چېقىمچى-
قىساسخورلارنى قەدىرلەيسەن. سەن بىرسىدىن قىساس ئېلىش
نىيىتىگە كەلسەڭ تۆھمەت، ئىغۋا، سۇيىقەست قىلىشتىنمۇ قول
تارتمايسەن، سەن يالغان پارتىيە ئەزاسى، ھېچ بولمىسا ساغلام
پارتىيە ئەزاسى ئەمەسسەن!
تۇرسۇن تېخىمۇ قارىيىپ كەتتى. ئۇ ئاغزىنى مىدىراتتى
لېكىن گەپ قىلالمىدى. مەنسۇر ئۇنىڭ سۆزلىشىنى كۈتمەي
گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— ماڭغۇ مەيلى. ئەكبەرگە نېمە دەيسەن؟ ئۇ سېنىڭ
ھارۋىنى كاتاڭغا سورىشىڭگە كاشىلا بولۇۋېدى، سەن تۆت توك-
توك ئادەمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت پارتىيە
ياچېيكىسىنىڭ توغرا يولىنى بۇزۇشقا ئۇرۇندۇڭ، ھەر قېتىمدا
يولداشلار سېنىڭ نىيىتىڭنى سېزىپ تۇردى. ساڭا يول
قويمىدى. خەلق ساڭا ئەگەشمىدى، سەن ھېچ ئامال قىلالمىغاندا
ئەكبەرنىڭ ئۈستىدىن ماتېرىيال توپلىدىڭ. مەن سېنى ئۆزۈڭدىن
بېرى سىناپ كېلىۋاتىمەن، سېنىڭ بەدىنىڭدە ئەمگەكچىلەرنىڭ
ساپ قېنى ئازلىغان. بىلىپ قوي، ئەمدى ھىلە بىلەن كۈن
كۆرەلمەيسەن. ئەمگەكچى ئائىلىنى زار قاخشىتىپ، نارەسىدىنى
ۋەيران قىلىپ ساختىلىق يولىغا ماڭغان كۈنىڭدىن باشلاپ مەن
سېنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ كېلىۋاتىمەن. سەن تۈزەلمىگۈچە
تۇتۇشۇشنى توختاتمايمەن! — مەنسۇر گېپىنى تۈگىتىپ قولىنى
شىلتىدى ـ دە، نېرى كەتتى. تۇرسۇننىڭ پۇتلىرىدا جان
قالمىدى. كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۇ قېلىن جۇۋىسىغا ئورىنىپ

ئۆزى يالغۇز دۆڭدە تۇراتتى. ئەكبەر بىلەن لى شۇجى ئىش ئورنىنى ئارىلاپ يىراق كەپىلەرگە كەتكەنىدى. بەزى ئەزالار زەيكەشكە چۈشۈپ ئىشلەۋاتاتتى. سىم - سىم يامغۇر يېنە باشلانغانىدى. ئەنە، ئەكبەر بىر ياققا قاراپ ياۋداق ئات بىلەن ئالدىراپ ماڭدى. ئەنە ئۇ ئەزالارغا بىر نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ. ئەنە، ئۇ ئۆزى مىنگەن ئاتنى بىر بالىغا بەردى. . . . . .

يېزا باشلىقى قېلىن جۇۋىدىمۇ تىترەيتتى. ئۇ دۆڭدىن چۈشۈپ كېپىگە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنىلا ئەكبەرنىڭ جىددىي ھەرىكەتلىرى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ چۆچۈپ كەينىگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ قارىدى. ئەتراپتا تۇرسۇندىن باشقا بۇنداق غەم باسقان ئادەم كۆرۈنمەيتتى. يىراقلاردىن قىقاس - چۇقانلار كېلەتتى. يەنە نەلەردىندۇر كۆيۈۋاتقان چىغلارنىڭ يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن. زەيكەشلەردىن پاتقاقتا مىلەنگەن ئەزالار چىقىپ ناخشىلار بىلەن ئۆز ئاشخانىلىرىغا قاراپ كېتىۋاتتى. بىر توپ قىزلار بىر-بىرسىگە سۇ چېچىشىپ سۆگەت يېنىدىكى بۇلاقتا ئوينىشىۋاتاتتى. يۇمشاق، لېكىن نەم چىمەنلىكتە ئوغۇل بالىلار چېلىشىشقا چۈشكەنىدى. بىر ياش بالا مايكىچان ھالدا ئۆتلاۋاتقان شاش توپاققا سەكرەپ مىنىدى. توپاق قېيغىتىپ، چىچاڭلاپ يۈگۈرەيتتى، بالا بولسا مەھكەم چاپلىشىۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى، يەنە بىر چەتتە ئۈچ قىز بىر ۋەلسىپىتكە مىنىۋېلىپ سازلىقتا قىقاس سېلىشىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى، ئىككىلىك ھارۋا تېگىدە تۆت بوۋاي پاراڭغا چۈشكەن، ئۇلار ھىلىدىن - ھىلىغا قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، قورايلاردىن ياسالغان كەپىدە بىرنەچچە ياشلار دۇتتار، تەمبۇرگە داپنى تەڭكەش قىلىپ شوخ بىر پەدىگە چېلىۋاتاتتى، كىرىس بەلگىسى بار تېرە سومكىسىنى ئېسىۋالغان خوش خۇي ئايال ئاق خالتىسىنىڭ پېشىنى لەپەڭلىتىپ قاياققىدۇر ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. . .

تۆرسۆن قوماندانلىق شىتاب يىنىدىكى گەمىگە كەلگۆچە مۆشۆلارنى كۆزدىن كەچۆردى ۋە جان تىكىپ ئىشلەۋاتقان سانسىز ئادەملەرنى كۆردى. ئۆ ھەسەتخۆرلۆق بىلەن تىخىمۆ بەتتەر تىترىدى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

ئاپرېلنىڭ ئاخىرى، كۈن ئىسسىغان، يېزا باللىرى يالىڭاياغ بولۇۋېلىپ توپىلىق يەرلەردە، پىلىلدىشىپ يۈگۈرۈشۈپ ۋەللەي ئوينىماقتا. كىچىكىدىن يالىڭاياغ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن مەنسۇرنىڭ باللارنى كۆرۈپ يالىڭاياغ يۈگۈرگىسى كەلدى. ئۇ قەدىمكى ياڭزىدا تىكىلگەن قىڭغىر ياقىلىق خەسە كۆينىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈگمىسىنىمۇ ئېچىۋەتكەنىدى. كەڭ، مەزمۇت كۆكرىكى كۈندە قىزارغان بولۇپ، پاكىز، چۈشۈرۈلگەن بېشىدىكى قىزىل دوخاۋا بۆكىنى كەينىگە سۈرۈپ كىيىۋالغان. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن قىزغىنلىق، جۇشقۇنلۇق چاقناپ تۇراتتى.

ئۇ دوم يېتىپ ئېرىقتىكى سۇدىن ئىچتى ۋە سۇنى ئۇچۇملاپ ئېلىپ باش - كۆزىنى يۇدى، ئۆتۈكىنى سېلىۋېتىپ، كاسىلداپ تىترەپ كىيىم كىيىۋاتقان بالىغا ئۇزاتتى:

— ھەي مەردان، مە مۇنۇ ئۆتۈكنى بىزنىڭ ئۆيگە تاشلاپ قويغىنا! — دېدى.

تاڭ سەھەردىن باشلاپ مەنسۇر ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ يەرلىرىنى ئايلاندى، زەيكەشلەرنى، داڭزىلارنى كۆردى. ئالتە غول زەيكەش ۋە نەچچە ئونلىغان تارماق زەيكەشلەر پۈتكەن. شال تېرىلىدىغان يەرلەردە ئاياللار سوقۇلار بىلەن يەر ئاغدۇرماقتا ئىدى. ئۇ دەريا بويىدىكى مالچىلارنىڭ «قىشلاق» لىرىغا باردى. مالچىلار تاغقا كۆچۈشكە جىددىي تەييارلىنىۋاتاتتى. چوڭ ئەترەتنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان بېلىقچىلىق فېرمىسىغا بېرىپ ئۇ قولۋاق، تور، تەتۈر سېۋەت، چارۋاغلارنى، كۆللەرنى كۆزدىن كەچۈردى. تۈگمەننىڭ يېنىدىكى توخۇ - ئۆدەك، غاز فېرمىسىغا بېرىپ كاتەكلەرنى كۆردى. ئۇ ئېتىز ئارىلاپ ئەترەتلەرنىڭ

تېرىلغۇلىرىنى تەكشۈردى. كۈندە قارايغان بوغدايلار ئۇنىڭ زوقىنى قوزغىدى. قوناق تېرىلغۇسى ئاخىرلاشقان، ئەمدى پەقەت شال تېرىشلا قالغانىدى.

ئۇ ئۈستەڭ ياقىلاپ يوقىرىلاپ ماڭدى. نېرىدا — قويۇق قېرى سۆگەتلەرنىڭ ئارىسىدا بىرنەچچە ئادەم كۆۋرۈك ياساۋاتاتتى. ئۈستەڭ ئۈز قېنىدىن چىقىپ ۋاقىتلىق يانداش ئۈستەڭ بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ غەربكە قاراپ مەۋج ئۇرۇپ ئاقماقتا ئىدى.

پاكا، دوغلاق خەنزۇ ئىشچى توشۇگىنى قويۇپ بېرىپ پېشانىسىدىكى تەرنى كىچىك لۆڭگىسى بىلەن سۈرتتى - دە، لۆڭگىسىنى يەنە بوينىغا ئورىۋالدى. ئۇ كۈلۈپلا تۇراتتى. كۈلگەندە ئۇنىڭ ئاپپاق چىشلىرى ئۇنچىدەك يالتىرايتتى. بۇ ئادەم پېشقەدەم ئىشچى دۇڭ جىڭگاڭ ئىدى.

دۇڭ جىڭگاڭ ۋۇخەن پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى. ئوغلى شياۋدۇڭنى ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش كۈرىشىگە ئاتلاندۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئوغلى ئارقىلىق بۇ ئىلى ۋادىسىدىكى چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشلىرىنى يېپىدىن - يىڭىنىسىغىچە ئۇقۇپ تۇردى. بۇ يىل چوڭ ئەترەت چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلغاندىن كېيىن پېنسىيىگە چىققان بۇ ئىشچى ئالدىراپ ئوغلىنى يوقلاش سەپىرىگە تەييارلاندى.

دۇڭ جىڭگاڭ پويىزغا، ماشىنىغا، دىشلو هارۋىغا چۈشۈپ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتكە يېتىپ كەلدى. ئۇ مەھەللىگە كەلگەن كۈنىلا كىشىلەرنىڭ سېمونت كۆۋرۈككە تۇرۇۋا ياتقۇزۇش ئۈچۈن ئېغىرلىقى بىر توننا كېلىدىغان سېمونت تۇرۇبىلارنى مۈرىدەپ، پىشانىلار بىلەن ئىتتىرىپ، ئازگالغا چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئەمگەك سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن يېڭى چارە تېپىش ئويى ئۇنى شياۋدۇڭنىڭ ياتىقىغا تېزرەك بېرىپ لايىھىلەشكە ئالدىراتتى. كەلگەن كۈنىلا دۇڭ ئۈستامنى كېچىر ئۆيىگە چايغا چاقىردى.

دۆڭ ئۇستام ئاشۇ كىران توغرىلىق ئويلاپ ئولتۇردى. كەچتە مەنسۇرنىڭ ئۆيىدە بولغان كۆڭۈللۈك چاي ئۈستىدە بولسا، دۆڭ جىڭگاڭ ئۆزىنىڭ ئويلاپ پىشۇرۇپ بولغان پىكرىنى مەنسۇرغا ئېيتتى ۋە پۇختا ئاچا، توشۇك، غالتەك ۋە كىچىك چاقلارنى تەييارلاشنى تەلەپ قىلدى. مەنسۇر بولسا ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— بۈگۈن خاتىرجەم دەم ئېلىڭ. يىراقتىن كەلدىڭىز؛ ئەتە - ئۆگۈن ئىشقا ئۆتىمىز، — دېدى.

— ھەي مەنسۇر، — دېدى دۆڭ جىڭگاڭ، — ئەمگەك كۈچى ئىسراپ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قانداق خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ. ئەتىگەنلىكتە ئىشقا ئۈلگۈرتۈپ كىران ياساپ چىقايلى، بىر كۈن بۇرۇن پۈتسە يەتتە - سەككىز ئەمگەك كۈچىگە پايدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرئەت تېزلىشىدۇ!

مەنسۇر ئۇنىمىدى. دۆڭ جىڭگاڭنى دەم ئېلىشقا قاتتىق زورلىدى، لېكىن شۇ كۈنى كېچىسى شياۋدۆڭ، شياۋلىلار بىرنەچچە يېزا ياشلىرى بىلەن بىللە دۆڭ ئۇستام بۇيرۇغان قارىياغاچ ئاچىسى، توشۇك، غالتەك ۋە كىچىك چاقلارنى تەييارلىدى. ئۇلار پەنەر يورۇقىدا كېچىلەپ ئىشلەپ، ئەتىگەنلىك چايغىچە بوشلا ئىتتىرىپ قويسا ماڭىدىغان، تۇرۇبىنى توشۇكىدا باغلاپ قاغا تۇمشۇقىغا ئېلىپ بىرلا ئادەم توشۇكنى تارتىپ بەرسە بىر توننا ئېغىرلىقتىكى سېمونت تۇرۇبىنى ئاسانلا يۇقىرىغا كۆتۈرىدىغان كىراننى ياساپ چىقتى.

مانا بۈگۈن شۇ كىران بىلەن دۆڭ ئۇستام ئۆزى ئىشلىمەكتە ئىدى.

— لاۋدۆڭ، لاۋدۆڭ، سىز دەم ئېلىڭ، — دېدى مەنسۇر ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، — سىز نۇرغۇن ئىشلىدىڭىز، بىزگە ھەر كۈنىگە 11 دىن ئەمگەك كۈچى ئىقتىساد قىلىپ بەردىڭىز، مۇشۇ يېتەرلىك، دەم ئېلىڭ.

— سىز نېمىشقا ھەدىسىلا مېنى دەم ئېلىشقا زورلايسىز؟

— سىزنىڭ پۇتىڭىز يارىدار بولغان، مېنى بىلمەيدۇ

دېمەك!

— سىز بۇنى نەدىن بىلدىڭىز؟ ھا - ھا - ھا، سەن شىياۋدۇڭ ھېچنەرسەمنى قويماي تونۇشتۇرۇپسەن - دە! — دېدى لاۋدۇڭ ئوغلى شىياۋدۇڭغا قاراپ.

— ھەر ئىككىلا تەرەپنى تەپسىلىي تونۇشتۇردۇم، - دېدى بىر چەتتىن ئىشلەپ، بىر چەتتىن تەرجىمانلىق قىلىۋاتقان شىياۋدۇڭ.

— يولداش مەنسۇر، سىزنىمۇ بىلىمەن، — دېدى دۇڭ ئۇستاممۇ، — مەنمۇ سىزنىڭ ياردار بولغانلىقىڭىزنى بىلىمەن.

ئۇلار بىر پەس چاخچاقلاشتى، مەنسۇر دۇڭ ئۇستىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— بۈگۈن كەچتە بىزنىڭكىدە بىر دەم پاراڭلىشايلى! — دېدى.

— ئاۋارە بولماڭ! — دېدى دۇڭ ئۇستا كۈلۈپ.

— ئاۋارىسى نېمىسى، بۇ يېزا ئادىتىغۇ ئۇستام!

ئەترەت باشلىقى ئاسىم ئېتىدىن چۈشۈپ ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىۋېتىپ، مانا مۇشۇ سۆھبەتنى ئاڭلىدى.

ئاسىم ئېتىنى قويۇۋېتىپ لاۋدۇڭنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ كەلگەن مىنۇتتىن باشلاپلا «خالىس ئەمگەك»نى باشلىغان بۇ ئاجايىپ ئىشچىنىڭ قوللىرىنى ئىككى قوللاپ چىڭ سىقتى:

— رەھمەت سىزگە، ئىشچى يولداش، رەھمەت سىزگە! — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن.

— بۇ ئەترەت باشلىقى ئاسىم! — دېدى مەنسۇر دۇڭ ئۇستامغا ئاسىمنى تونۇشتۇرۇپ.

— ياخشى، ياخشى، - دېدى لاۋدۇڭ ئاسىمنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، — ئاڭلىغانمەن، ئالدىڭىزغا بارالمىدىم. ئېتىزدىلا يۈرىدۇ دەپ ئاڭلىدىم. سىز مانا ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان كوماندىر!

— ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار چىرمىۋالدى، — دېدى، ئاسىم خىجىل بولۇپ، — سىز بىلەن كېلىپ دىدارلىششىقىمۇ

قول بوشتالمىدىم.

— ئۈششاق - چۈششەك بولمىدۇ يولداش ئاسىم، بىرنىڭ بايلىقىمىز يېزا، كۆچىمىزمۇ يېزا، يېزىدىن بەرىكەت كۆچىسە قۇرىغىنىمىز شۇ!

ئاسىم ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا - ئاختاما، ئېرىق، پاتقاقلىقلاردا ئىلىپ بېرىۋاتقان ئىشلىرىغا «بايلىق»، «كۆچ» دەپ نام بەرگۈچىنى كۆرۈۋاتاتتى.

— ئىشچى ئاكا، سىز بىزگە راستلا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىۋاتىسىز، لېكىن بىز راستىنلا ئۈششاق - چۈششەك . . . نىم قىلىۋاتىمىز . . .

چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم گەپ بىلەن بولۇپ، ئۆزىمۇ سەزمەي ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. كۈۋرۈك ياساۋاتقانلار جىددىي ئىشلىمەكتە، بىرلىرى يەر كولايتتى، بىرلىرى سېمونت بىلەن تاش قوپۇراتتى، بىرلىرى تۇرۇبىلارغا مايلىق قەغەزلەرنى ئورايتتى، بىرلىرى بولسا چومۇچلەردە قارىماي ئېپكېلىپ زىغىر پاخىلىنى قارىمايغا مىلەپ، تۇرۇبىلارنى تۇتاشتۇرىدىغان يەرلەرنى كەپشەرلەيتتى. يەنە بىرلىرى بولسا « بىر - ئىككى - ئۈچ» دېيىشىپ، سېمونت تۇرۇبىلارنى كولانغان خەندەككە ئەپچىللىك بىلەن كىراندا قويۇۋاتاتتى. ئاسىم ئويلىدى: «مانا بۇ ئىشلارنى قايسىبىر باي، بەگ قىلىپ باققان - ھە؟ راست — بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان تۇنجى ئادەملەر بىز كەنمىز! »

كونا كۈۋرۈك بۇزۇلۇپ، يېڭى كۈۋرۈك ياسىلىۋاتقاچقا، بۇ كونا ئۆستەڭنىڭ ھازىر سۇيى لەپشىپ ئېقىۋاتقان كېچىكىدىن ھارۋىلار ۋە ئاتلىقلار ئۆتۈپ تۇراتتى، ئۆستەڭنىڭ كەڭ كېچىكى ئۈششاق بالىلارنىڭ چۈمۈلىدىغان، يېزىلىقلارنىڭ ئات - ئۇلاغ سۇغىرىدىغان ۋە سۇ ئالىدىغان جايى ئىدى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قويۇق سۆگەتلەر ھازىر چوكان - جالا چىقارغان، سۆگەتلەر ئاستىدىكى قارا چىلانلىقتا لويلا، سېمىز ئوت، يالپۇز

ۋە گۈناۋازلار پەلپۈنۈپ تۇراتتى. چىگقى چۈش مەزگىلى، چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم يۇمشاق چىمەنلىكتە مۈخوركا ئوراپ ئولتۇردى. بالىلار سۇغا چۆمۈلۈۋاتاتتى. بەزىلىرى بېلىق تۇتۇشۇۋاتاتتى. كىچىككە ۋەلسىپىت مىنگەن، كۆزەينەك تاقىغان سېمىز بىر ئادەم كېلىپ توختىدى. ئۇ ۋەلسىپىتتىن چۈشتى ۋە ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېشىدىكى بالىلاردىن:

— ھەي بالا، يېزا باشلىقى تۇرسۇننى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بايىلا ھارۋىغا كۆچەت بېسىپ ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى يالىڭاچ بىر بالا.

— بۇ يەردىن قانداق ئۆتكىلى بولىدۇ؟

— ئەنە، ئاۋۇ يۇقىرىدا پىيادىلەر ئۆتىدىغان كۆۋرۈك بار، — دەپ چۇرۇقلاشتى بالىلار ۋە سېمىز ئادەمنى شۇ ياققا باشلاپ كېتىشتى. يېزا باشلىقى ئاسىم بۆلۈم باشلىقى چىننى تونىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شۇ ياققا ئېتىنى تۇتقىلى ماڭدى. بۆلۈم باشلىقى چىن ۋەلسىپىتنى ئىتتىرىپ ئىككى تال لىم قويۇلغان تار كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەنىدى.

— بۆلۈم باشلىقى چىن، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — ئاسىم ئۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان بۆلۈم باشلىقىغا ۋارقىرىدى.

— ياخشى، — بۆلۈم باشلىقى چىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىشىغىلا ۋەلسىپىت «غىرىت» قىلىپ لىمدىن چىقىپ كەتتى ۋە بۆلۈم باشلىقى چىننى سۆرىگىنىچە سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

بۆلۈم باشلىقى چىن ھەش - پەش دېگۈچىلا ئىتتىك سۇدا كېچىككە ئېقىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىبېشى سۇ، ۋەلسىپىتى قولىدىن چىقىپ سۇغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. بۆلۈم باشلىقى ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ۋەلسىپىت، ۋەلسىپىت . . . ۋاي! . .

بالىلار چۆكۈپ كەتكەن ۋەلسىپىتنى ئىزلىشەتتى. بۆلۈم

باشلىقى چەن بولسا سۆگەتنىڭ شېخىغا ئېسىلىۋېلىپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىرايتتى. دەم ئېلىشقا ئولتۇرۇشقان قورۇلۇشچىلار يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. ئۇلار بۆلۈم باشلىقى چەننى سۇدىن تارتىپ چىقاردى. ئاسمىنى قىر ياقىلاپ بالىلار بىلەن ۋەلىسپىتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېتىكەندى. بۆلۈم باشلىقى چەن سۇدىن چىقىپلا ۋارقىراشقا باشلىدى:

— شۇنچە چوڭ ئۆستەڭگە ئادەم ماڭغۇدەك بىر نېمە ياساپ قويساڭلار بولمامدۇ؟

مەنسۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ بۆلۈم باشلىقى چەننى ئۆزىنى پارتىيىدىن چىقارغان يىغىندا كۆرگەندىن بېرى كۆرمىگەنىدى!

— چېچىلماڭ بۆلۈم باشلىقى، — دېدى مەنسۇر مەنىلىك قىلىپ، — بۇنداق ئىش تۇرمۇشتا بولۇپ تۇرىدۇ، يېزىنىڭ يولى مانا مۇشۇنداق، يىقىلىپ چۈشۈش بۇ يەردە بولۇپ تۇرىدۇ!

بۆلۈم باشلىقى چەن قىزاردى: مەنسۇرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا مۇنۇ ئالدىراپ ئېقىۋاتقان، تەنتەك قاش سۈيىدىنمۇ سوغۇق بىلىندى، لېكىن ئۇ زورغا كۈلۈمسىرەپ:

— ھە، ياخشىمۇ مەنسۇر، تېنىڭ تازىمۇ؟ سومكىدا مۇھىم ھۆججەتلەر بار ئىدى، — دېدى ـ دە، ھۆل كىيىملەر چىڭ يېپىشقان كېلەڭسىز گەۋدىسىنى تەستە يۆتكەپ، مەنسۇرغا سوغۇق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ تۆۋەنگە — ۋەلىسپىت ئىزلىگۈچىلەر تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

— بۇ كىم؟ — دۇڭ جۇگاڭ دىققەت بىلەن سورىدى.

— بۆلۈم باشلىقى چەن، — دېدى مەنسۇر.

— ئىسمى نېمە؟

— چەن شاۋتاڭ، — دېدى شياۋدۇڭ بۆلۈم باشلىقى چەننىڭ تولۇق ئىسمىنى ئېيتىپ.

دۇڭ جۇگاڭ ھەيران بولۇپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى،

ئۇنىڭ مەڭزىدىكى گۆشلىرى تىـــتىرەپ كەتتـــى. پېشقەدەم ئىشچىنىڭ چىرايىدىكى جىددىي ئۆزگىـــرىشكە ھەيران بولغان كۆپچىلىك تەڭلا ئۇنىڭدىن سوراشتى:

— دۇڭ ئۇستام نېمە بولدى؟

— تونۇش چىقىپ قالدىڭلارمۇ قانداق؟

— ھەممىڭلار بىر كۆلىلىق بولغاندىكى...

— شۇنداق! — دېدى دۇڭ جىڭگاڭ بۆلۇم باشلىقى چىن كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ مېڭىپ، — بۇ ئىسىم ماڭا ئەجەب تونۇشتۇ!...

سۆز تۆۋىنىدىن چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم بىلەن بۆلۈم باشلىقى چىن ۋەلىسىپىت يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى.

دۇڭ جىڭگاڭ بۆلۇم باشلىقى چىننىڭ مېڭىش - تۇرۇشىغا، كىچىككىنە كۆزلىرىگە، سىلىق تارالغان چاچلىرىغا سەپسالدى، ئۇ ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ باش لىڭشىتىشتىن نە بىر نەرسىگە جەزىم قىلغىنىنى، نە بىر خىيالدىن يالتايغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇ بۆلۇم باشلىقى چىننىڭ ئالدىغا كەلدى - دە:

— بۆلۇم باشلىقى چىن، خوبىي ئۆلكىسىدىنكەنسىز، ئۆزىڭىز بەيجاجۇاڭ يېزىسىدىنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۆلۇم باشلىقى چىن ئەندىككەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ دۇڭ جىڭگاڭغا قارىدى:

— ھە، ھە! مەن ئۇ يەردە بىر قېتىم بولغانمەن!

— بىر ئىشچىنى مىنىپ دەرياغا سەكرىگەنمىدىڭىز؟

— سىز، سىز... دۇڭ جىڭگاڭ!

ئۇ دۇڭ جىڭگاڭنىڭ يەلكىسىدىن يېنىك قۇچاقلىدى، ئۇلار تويۇقسىزلا قۇچاقلاشتى.

دۇڭ ئۇستام سۆگەت سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئاغزىغا تاماكا سالدى - دە، ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

1931 - يىلى خوبېي ئۆلكىسىنىڭ بېيجاجۇاڭ يېزىسىدا چوڭ سۇ ئاپىتى بولدى. پومېشچىك بەي گوجۇڭ دېھقانلارنى ئېزىپ، زۇلۇم سېلىشنى نەچچە ھەسسە كۈچەيتتى. دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتەردى. دېھقانلارغا يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ خادىمى چېن شياۋتاڭ دېگەن ياش يىگىت ۋۇخەن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەخپىي يولىيورۇقىنى ئېپكەلدى. لېكىن چېن شياۋتاڭ يولدا ئېغىر يارىلانغانىدى. بەي لاۋيې گومىنداڭ ساقچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، چېن شياۋتاڭنى يوشۇرغان ئائىلىنى تېپىش ئۈچۈن ئۆيمۇ - ئۆي ئاقتۇرۇپ، ئادەم ئۆلتۈردى. ئوت قويدى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. بىر قىسىم دېھقانلار تاغلارغا قېچىپ بېرىپ پارتىزانلارغا قوشۇلدى. بىر قىسىملار ساقچىلار بىلەن ئېلىشىپ قۇربان بولدى. چېن شياۋتاڭ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دۇڭ بوۋاينىڭ گەمىسىدە ئىككى كۈندىن بېرى بىھوش ياتاتتى. ئاقتۇرۇش، تېپىنتىش دۇڭ ئائىلىسىگە قاراپ يېقىنلاشتى، دۇڭ جىڭگاڭنىڭ دادىسى دۇڭ بوۋاي قىيشىق ئىشىكدە تۇرۇپ ئوغلى دۇڭ جىڭگاڭغا:

— شياۋچېننى ھاپاش قىل، جاڭگالغا قاچ، مەن ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىمەن، - دېدى.

- ياق، مەن ئۇلار بىلەن ئېلىشاي، - دېدى دۇڭ جىڭگاڭ.

— بۇ گەپ تالىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس، شياۋچېننى قوغداش ئالدىنقى ۋەزىپە! — دېدى دادىسى بۇيرۇق بېرىپ، - بول، تېز بول، قاراپ تۇرۇپلا ھەممىمىز قولغا چۈشمەيلى!

دۇڭ جىڭگاڭ بىھوش ياتقان يارىدارنى ھاپاش قىلىپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى ئورمانلىققا قاراپ يۈگۈردى. بۇلار تېخى ئورمانغا يېتىپ بارمايلا ھويلا تەرەپتىن مىلتىقلار ئېتىلدى، دۇڭ بوۋاينىڭ قول بومبىلىرى پارتلىدى. ئون مىنۇتچە ئېتىشىش بولدى - دە، ئۆي تەرەپ جىمىدى. دۇڭ جىڭگاڭ پۈتۈن كۈچى

بىلەن شياۋچىننى كۆتۈرۈپ ئۇرمانغا قاراپ يۈگۈرەيتتى. دۇڭ جىڭگاڭ دەريا بويىغا كەلگەندە كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ: «تىرىك تۇت، تىرىك تۇت!» دېيىشىپ ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. دۇڭ جىڭگاڭ ھاپاش بولۇۋاتقان يىگىتنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ كېتىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بېرىچە يۈگۈردى. لېكىن دەريا بويىدا ئۇنىڭ پۇتىغا ئوق تەگدى. دۇڭ جىڭگاڭ بىر مودىرەپ قوپتى - دە، چىن شياۋتاڭنى قۇچاقلىغىنىچە دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى. كۈچلۈك ئېقىن ئۇلارنى ئۆلۈمدىن — ئوقتىن ساقلاپ قالدى.

چىن شياۋتاڭ ساقىيىپ ئالدىنقى سەپكە كەتتى. دۇڭ جىڭگاڭ ئۆز يۇرتىدا پارتىزانلىق قىلدى. شۇ ئايرىلىشقىنىچە ئۇلار مانا بۈگۈن كۆرۈشۈپ تۇرماقتا. شۇڭا ھەر ئىككىلىسى ھاياجانلانغانىدى.

مەنسۇر ھېكايە تۈگەش بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بۆلۈم باشلىقى چىنغا بولغان بارلىق نارازىلىقىنى لاۋدۇڭنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈنلا قايرىپ قويدى. ئۇلارنى ئۆيىگە چۈشلۈك چايغا باشلاپ كەتتى.

چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىم سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ كۈزگە بۇغدىيىنىڭ غول ئېرىقىغا كەلدى. غول ئېرىقتا تاغ سۈيى ئىتتىك ئاقاتتى. ئاسىم بۇ سۇنىڭ كۈزگە بۇغدايىنىڭ ئاختامىسىغا باشلانغىنىنى كۆرۈپ ئەبلغازىدىن رازى بولدى. قارامتۇل بولۇپ تۈزلەۋاتقان كۈزگە بۇغداي بۇ يىل ناھايىتى تەكشى، بولۇق ئىدى. كۈزدە تۈزلىنىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن كونا تاملار ئورنىدىكى مول ھوسۇللۇق ئېتىزغا تاختاي بېكىتىلگەن، تاختايغا بۇغدايىنىڭ تېرىلغان ۋاقتى، مو بېشىغا پەرەز قىلىنغان مەھسۇلات يېزىلغان. توپىسىگە بولسا «مول ھوسۇللۇق ئېتىز» دېگەن خەتلەر قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغانىدى. ھەر ئېچىقىنىڭ بېشىغا كونا قوي قىغى

تۆكۈلگەن، سۇ قىغلارنى ئېۋىتىپ ئۆزى بىلەن ھەر بىر بۇغداينىڭ يىلتىزىغا ئېلىپ باراتتى. پوروزلارغا ئۇششاق قوزۇقلار قېقىلىپ سۇزگۈچلەر ياسالغانىدى. بۇ سۇزگۈچلەر ئوغۇتنى تۇتۇپ قالاتتى ۋە ئۇنىڭ تەمى سۇ بىلەن ئاختامىغا سىڭەتتى.

ئاسىم زوقلاندى. ئۇ بۇ يىل كۈزلۈككە مول ھوسۇل ئېلىنىشىغا كۆزى يېتىپ قىن - قىنىغا پاتماي خۇشال بولدى. بىردىنلا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ توختاپ قالدى. ئېرىقتا شىرغىپ لاي سۇ ئاقاتتى. ئاسىم ئېتىنى سۇ يۇقىرىسىغا قارىتىپ قامچىلىدى. ئات نەستە ئوكىرەڭ تاشلىدى. ئاسىم يېتىپ كەلگەندە غول ئېرىقنىڭ سۈيى ئەتە ھەيدىلىدىغان يەرگە كىرىپ كېتىپ باراتتى. ئاسىم ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. تەييار چىملارنى بېسىپ كۆردى، سۇ ئېچىققا قاراپ كۈچ بىلەن ئاققاچقا چىملار كار قىلمايتتى. ئاسىم دەرھال ئەتراپتىن قامقاق - چاۋالارنى قامداپ كېلىپ كەپلەپ كۆردى. ياق، يەنە كار قىلمىدى. ئۇ تىت - تىت بولدى. سۇچىلارنى چاقىرىپ كەلگۈچە ئېچىق كولىنىپ كېتەتتى. يەرنى ئەتە ھەيدەشكە مۇمكىن بولمايتتى. كۈندىن قالدىڭ، ئايدىن قالدىڭ دەيدىغان چاغلار تۇرسا، بىر كۈن كېيىن ئۇرۇق چوكىرىشنىڭ قانچىلىك زور زىيان ئىكەنلىكى چوڭ ئەترەت باشلىقىغا بەلگىلىك ئىدى. ئۇ چىم ۋە تۇرمەل ئۈچۈن شاخ — شۇمبا ئىزلەپ يۈرۈپ بىردىنلا ئىككى تال قوزۇققا ۋە بىر تاقاق ياغاچقا دۇچكەلدى. ئۇ ئىككى قوزۇقنى مىڭ تەسلىكتە قېقىپ تۇرغۇزدى - دە، تاقاق ياغاچنىڭ ئىككى بېشىنى يەرگە پۇختىلاپ چىم بىلەن كۆمۈپ بولۇپ، يورغا ئېتىنىڭ تىزگىن — چۇلۇۋۇرلىرىنى بېشىغا تۈگۈپ، بېشىنى بۇغدايلىققا توغرىلاپ، قامچا بىلەن راسا تۆتنى ئۇردى. ئىگىسىنىڭ قولىدىن بوشىغان ۋە مەنىلىك قامچا يېگەن تۇيغۇن ئات قۇيرۇقىنى تىك قىلىپ قىيغىتىپ چېپىپ كەتتى. ئاسىم قارا پوتىسىنى

ئۆتتۇرىدىن يېرتىپ ئۆلىدى ـ دە، ئەتراپتىكى شاخ ـ شۇمبىلاردىن خېلى يوغان تۇرمەل ياسىدى. تۇرمەلنى ئېچىقتا باستى، لېكىن قوزۇق ۋە تاقاقلار بوش ئىدى. كۈچلۈك سۇ ھازىر بۇ تۇرمەلنى لەپلا قىلىپ ئېلىپ كېتىشى ئېنىق ئىدى. ئاسىم كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ سۇ كوركىراپ چۈشۈۋاتقان ئېچىقتا سەكرەپ چۈشتى. تاقاق ياغاچنى جېنىنىڭ بېرىچە تۇۋەنگە بېسىپ ھېلىقى پوتىسى بىلەن باغلاپ ياسىغان تۇرمەلنى كۆكرىكىگە قويۇپ ئېچىقتا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. سۇ توختاپ، غول ئېرىق بىلەن يەنە شارقىراپ ئېقىشقا باشلىدى، ئېچىقتىن بولسا ئازراق سۇ سىرغىپ چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ سۇ ئەمدى چوڭ ئەترەت باشلىقى ئاسىمنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن ئارتىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى كۈيۈشتى، قوللىرى تالدى، سوغۇق ئۇنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان سۇ بېسىمىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرىشنى، سۆچىلار يېتىپ كەلگۈچە تۇرۇشنىلا ئويلايتتى. ئۇ چىشىنى ـ چىشىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ: «ماشىنىلىشىش، ئېلېكترلىشىش ، گۈيخۇالىشىش قاچان ئىشقا ئاشاركىن؟ كەتمەن بىلەن توغان سېلىشنىڭ ئورنىغا سېمونت قاپقىلارنى ئىشقا سالىدىغان چاغلار قاچان كېلەركىن؟ ھەي، ئۆمۈرنىڭ تولىسى كېتىپ ئازى قالغىنى ئېچىنىشلىق. ئاتا ـ بوۋىمىزمۇ كەتمەن بىلەن توغان سېلىپ ئىشلەپ دۇنيادىن ئۆتكەن، ئۇلار كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلىگەن. بىز ئۆز يېرىمىزگە ئىشلىدۇق. لېكىن قورال، ئامال ئوخشاشلا كونا. . . تېزراق نىم قىلساق بولاتتى. ھەي. . . » دەپ پىچىرلىدى.

سۆچىلار كېلىشتى. ئاسىم ئۇلارغا سۇ ئىچىدە يېتىپ بۇيرۇق بەردى:

— بولۇڭلار، چىم قومۇرۇڭلار، چىم ئېپكېلىڭلار! كەتمەنچىلەر بىر دەمدىلا چىم دېگەننى دۆۋىلىۋەتتى. ئاسىم

چىملارنى سۈرۈپ تۈرگەندىن ۋۆختىلاپ دەسسەپ تۈرۈپ تىزىپ چىقتى. ئۇ تۆرمەل باغلانغان پوتىسىنى يېشىۋاتقاندا ئۇنىڭ يورغىسىنى چاپتۇرۇپ، ئىشتان - پۇشقاقلىرى تۇرۇلگەن ئەبلغازى كەلدى.

ئەبلغازى ئاتتىن ئالدىرىماي چۈشۈپ ئاسىمغا سالام بېرىپ قول ئۇزاتتى، ئۇنىڭ ئېتەكلىرى ئۆرۈپ چاپلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئېتەكلىرى ئۇرۇپ چاپلىۋەتكەندەك بولۇپ قالغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەندى.

ئۇ قىشچە ناھەق زەربىنىڭ دەردىنى تارتتى، قايتا ئەترەت باشلىقى بولۇپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن بولسا پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكەن سەككىزىنچى ئەترەتنى قىيىنچىلىقلاردىن ئامالاپ ئۆتكۈزۈپ ئىشلارنى ئىزىغا سېلىۋېلىش ئۈچۈن ئېغىر خىزمەت ۋە ئەمگەكنىڭ ئۆپرىتىشىغا بەرداشلىق بېرىپ كەلمەكتە ئىدى. ئاسىم بۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ قارىدى - دە، ئۇنىڭ ئېتىكىنى مۇجۇپ تۇتۇپ سورىدى:

— چارۋا ئەترەتتىن ھېلىقى سىيىرنى ئېپكېلىۋالدىڭمۇ؟

— ھەئە.

— سۈتى قانداقكەن؟

— ياخشىكەن.

— بالىلىرىڭ قايماق - قېتىققا تويدىمۇ؟

ئەبلغازى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بۇغداي پىششىقا يەنە ئىككى ئاي بار. باشقا ئەترەتلەر ئاق ئاش يەۋاتىدۇ، يالغۇز سىلەرنىڭ ئەزالارلا قوناق نىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇۋال بولدى. بىز يېزا بىلەن سۆزلىشىپ سىلەرنىڭ ئەترەتكە ئۈچ تونىنا بۇغداي نىم قىلدۇق. ئەتىلا ئېپكېلىۋال، — دېدى ئاسىم يەرنى سىجاپ قويۇپ، — پۇلمۇ يوققۇ دەيمەن، بانكىدىن قەرز ئالامسىلەر؟

— ياق، بىزنىڭ ھېلىقى بېلىقچىلىق گۇرۇپپىمىز بىرەر مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدۇ. بۇ كىرىم بىلەن تۈگمەننى

ياسۇالىمىز. ئىككى تۈگمەن كۈنىگە ئىككى - ئۈچ يۈز يۈەن كىرىم قىلالايدۇ. قالتىس يەم بىسۇرىدىغان تۈگمەنلەر.
ئاسىم مېھمىنىغا تەييارلاندى. ئۇ ئىزەتگىسىنى ئۈزارتىۋېتىپ:
— نەدە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.
— نەدە بولاتتىم باياتىن ئىمىر بىلەن ئېيتىشتىم، - دېدى ئەبلغازى.
— نېمە دەپ ئېيتىشتىڭ؟
— ئىمىر زەيكەشتىن چىقىپتۇ. بارلىق تېرىلغۇ، قورۇلۇشتىكى ئادەملەرنى ئېپكىتىمەن دەپ چىقىپتۇ دېمەمسەن!
نېمە قىلىدىكەن ئۇ دايچى!
— «زەيكەشكە پۈتۈن كۈچنى يۆتكەيلى بول، ھەرقايسى ئەترەت ئۆزى چاپقان يەرلەرنى ئۆزى ئالغۇدەك، جىقراق چېپىپ، جىقراق يەر ئىگىلەيلى» — دەيدۇ تېخى!
— ئۇنىڭغا كىم شۇنداق دەپتۇ؟
زەيكەشتە ئاخشامدىن باشلاپ شۇ گەپ چىقىپ، بەزى ئەترەتلەر قورۇلۇشتىكى ئادەملەرنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ!
— ئىمىر نېمىشقا زەيكەشكە مەسئۇل بولغان ئەكبەرگە دېمەي ئۆزى يوگۇرۇپ كېلىدۇ؟
— مەنمۇ شۇنى دەپ قايتۇرۇۋەتتىم، — دېدى ئەبلغازى ئاسىمنىڭ ئېيتىنىڭ يايلىسىنى ئورۇۋېتىپ، — ئىمىرمۇ جۇدەپتۇ، بىزنىڭ ئەزالار ئىچىدە جۇدىمىگىنى يوق. ئاشلىق، پۇل، ئۆي قىسچىلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىپىسى ئېغىر!
— مەن بۈگۈن چارۋا ئەترەتكە بارىمەن. بوداق ئۆكۈزدىن بىرنى سىلەرگە سېتىپ بېرەيلى. كۈزلۈككە باي بولىسىلەر، ھېسابلىدىم - ئومۇمىي كىرىمىڭ بۇ يىل 100 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ، - ئاسىم ئېتىغا مىندى - دە، كەينىگە قايرىلىپ تۇرۇپ كۈلۈپ چاقچاق قىلدى:
— غەيرەت قىل ئەبلغازى، سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن، يەنە ئۈچ -

تۆت يىل غەيرەت قىلساڭ بوسۇغاڭ ئالتۇن، دەملەرىڭ كۆمۈشتىن بولىدۇ!

ئەبلغازى چوڭ ئەترەت باشلىقىنىڭ بۇ سۆزىنى ئىشلەتكىنىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئاسمىنىڭ چالا باغلانغان پوتىسى كەينىدە لەپەڭشىپ تۇراتتى. يوغان قورساق يورغا جىنىنىڭ بىرىچە يورغىلاپ باراتتى. ئەبلغازى ئىككى سۆچىگە قارىدى. سۆچىلەردىن بىرسى ئەبلغازىدىن سورىدى:

— ئاسمىكام بولتۇرقىغا قارىغاندا بۇ يىل نورغۇن ئۆزگىرىپتىمۇ - ھە؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئەبلغازى تەنتەنىلىك قىلىپ، — قىشىچە جۇدۇن - چاپقۇن ئاز بولدىمۇ؟ جۇدۇن - چاپقۇن ئادەملەرنى سىنايدىكەن، دۇنيادا بوران - چاپقۇن بولمىغان بولسا قەھرىمانلارمۇ بولمايتتى، گاڭ ئوتتا تاۋلىنىدۇ، ئادەم كۈرەشتە. سەن ئۇكام مانا شۇنى ياخشى بىلىۋال!...

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

سونۇر ئۆزگەردى. ئۇ هازىر بۇرۇنقى خىيالچان قوپال سونۇر ئەمەس. ئۇ هازىر خۇش چاخچاق، گەپچى، ناخشىچى، ئۇنىڭ ناخشىسى توختىمايدۇ، تراكتورنى گۈگىرىتىپ هەيدەپ كېتىپ بېرىپمۇ، مايغا مىلىنىپ تراكتورنىڭ ئاستىدا يېتىپمۇ ناخشا ئېيتىدۇ، باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە بۇرۇنقىدەك ئىككى گەپنىڭ بىرىسىدە قوپال - بىشەم سۆزلەرنى قوللانمايدۇ، بەزىدە بولسا «مەدەنى» ئاتالغۇلارنى ۋە كىتابلاردىن ئۆگىنىۋالغان چىرايلىق سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ كۆرستا كۆرگەن - بىلگەنلىرى هەققىدە دوستلىرىغا هېكايە قىلىدۇ. . . . . . ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشلىرىمۇ ئۆزگەرگەن. ئۇ هازىر بۇرۇنقىدەك سوكنۇ ياكى چىبەرقۇتتىن چاپانلارنى قات - قات كىيىپ، بىرمۇ تۇگمىسىنى ئەتمەيلا بولۇشىغا يۆگىنىپ يۇرۇۋەرمەيدۇ. مايلاشقان ئىش كىيىمى ئۇنىڭ يوغان قامىتىگە ياراشقان، ساقىلى پاكىز قىرىلغان، بۇرۇنقى يوغان قاسقانلىق شىلەپىسى ئورنىغا هازىر چاققان شەپكە كىيگەن.

كىشىلەر هەيران — سونۇر ئەجەب تېز ئۆزگەردىغۇ؟ سونۇر نىمانچە خۇشۋاخ؟

ئەلۋەتتە بۇ ئۆزگىرىشنىڭ، خۇشاللىقنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانىمۇ بار، سەۋەبى بىلەن جەريانىنى بىر دېسىمۇ بولىدۇ، ئىككى دېسىمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ سونۇر توغرىسىدا مەهەللىدە بۇرۇن گەپ - چۆچەك كۆپ ئىدى. لېكىن بۇ باردى - كەلدى گەپلەرنىڭ هەممىسىلا ئەزىزىخاننىڭ ئۆزگىرىشى، روزىمەتنىڭ قېچىشى بىلەن تۈگىگەنىدى. شۇندىن كېيىن قولۇم - قوشنىلىرى ئەمدى سونۇر بىلەن پاتىمەنىڭ ئىشى قانداق بولاركىن دەپ

سوزلىشىدىغان بولۇشقانىدى. لېكىن بۇ ئىش توغرىسىدا قولۇم - قوشنىلار تۇگۇل سونۇرنىڭ يېقىن دوستلىرى ئىمىر داپچى بىلەن شياۋدۇڭلارمۇ بىلمەيدۇ.

سونۇر ئىككى ئاي ئىلگىرى چوڭ ئەترەتتىكى ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ناھىيىگە ئىككى ئايلىق تراكتور كۇرسىغا ماڭدى، مېڭىش ئالدىدا ئۆي - ۋاقىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، كىمنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇش توغرىسىدا بىر ئاز ئويلاندى، ئاخىرى روزاخۇن بوۋاينىڭكىگە ماڭدى. پاتىمە شۇ كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئوچاققا ئوت يېقىپ، چاي قاينىغىچە كىتاب ئوقۇۋېلىشقا كىرىشكەنىدى. قىزنىڭ خىيالى كىتابتىكى چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن چىرمالغانىدى. بىردىن ئىشىك يوغان ئېچىلدى - دە، ساندۇق كۆتەرگەن قاۋۇل يىگىت كىرىپ كەلدى. پاتىمە ئورنىدىن تۇردى.

— پاتىمە سىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلدى، دېدى سونۇر. — پاتىمە ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— يۇقىرى ئۆتۈڭ . . . چاي ئىچىپ مېڭىڭ، — دېدى پاتىمە لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ، دېرىزىگە قاراپ، سىرتتا شوخ بىر بالا ياۋداق ئاتنى مىنىۋېلىپ ناخشا ئېيتقاچ كېلىۋاتاتتى:

تاغ بېشىدا قارىغاي
باغدا بۇلبۇل سايرىغاي.
يۇرىكى بىر دوستلارنى
دۈشمەن قانداق ئايرىغان. . .

بالا گويا ئۆي ئىچىدىكىلەرنى ئالدىنقاچان كۆرۈپ بولغاندەك ئەنە شۇنداق ناخشىنى ئېيتماقتا ئىدى.

— ئاۋۇ بالىنىڭ ناخشىسى نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى سونۇر، — ئۇ مېنىڭ ئۈچۈن سۆزلەۋاتىدۇ!

پاتمە پىسەنتتىكى كۆلۈمسىرەپ، كۆلۈۋەتتى. مۇشۇ كۆلكە بىلەن بارلىق ئارازلىق، بارلىق خىجىللىق ۋە بارلىق ئاداۋەتلەر تۈگىگەندەك سونۇر يېنىكلەشتى ۋە تېكىمەت كىگىز ئۈستىگە ساندۇقنى يۆتكىدى.

— بۇ نېمە ساندۇق؟

— تويلۇق، — دېدى سونۇر چاچچاق قىلىپ.

— سىز تېخىچىلا شۇ كويدىمۇ؟ — دېدى پاتمە يەرگە قاراپ.

— ئۆتكەن ئىشقا سالۋات، — دېدى سونۇر ھاياجان بىلەن ئۆزى كوپتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئۆيىنىڭ تۆرىگە چىقىپ چاپىنىنى سېلىپ تۇرۇپ، — ئەمدى گەپنى باشقىدىن باشلايلى: ئېيتىڭا پاتمە، سىز بىلەن بىز جۇدۇندا تېپىشقانلار تۇرۇپ ئىللىق باھاردا تەتۈر قارىشىمىزمۇ؟

پاتمە سونۇرغا ئىتتىك قارىدى. بۇ گەپلەر سونۇرنىڭ ئۆز گەپلىرى ئەمەس ئىدى.

— سىز بۇ گەپنى نەدىن ئويلاپ تاپتىڭىز؟

— ئويلاپ تاپمىدىم، ئۆگىنىۋالدىم، — دېدى سونۇر.

— كىمدىن؟

— كىتابلاردىن.

پاتمە كۆلۈمسىرىدى، «جۇدۇندا تېپىشقان» دەپ پىچىرلىدى قىز سونۇرنىڭ ھاياجان بىلەن ئېيتقان، ساددا ياشلىق لېرىكىسى ئارىلاشقان سۆزىنى تەكرارلاپ. پاتمە سونۇردىن مۇنداق سۆزنى ئاڭلىمىغانىدى. «ياخشى، سونۇر سەنلا ئۇنتۇمىغان بولساڭ پاتمە ئۇنتۇمايدۇ، پاتمە ئۆتكەن بالىلىق كۈنلىرىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك يادلاپ تۇرىدۇ...»

قىز يېنىك ھەرىكەت قىلىپ تاپىسىغا باردى ۋە بىلەكلىرىنى تۈرۈۋېتىپ چاي تەييارلاشقا كىرىشتى. قىز ھەم ھاياجانلانغان ھەم ھودۇققانىدى. سونۇر مۇخوركا ئورىدى. پاتمە ھاياجان

بىلەن ياشلىق، بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلەشكە ئۆتتى.

قىشنىڭ شۇۋرغانلىق بىر كېچىسى پەتتە - سەككىز ياشلاردىكى، گۆشسىز پاقالچەكلىرى ئۇتقا قاخلىنىپ قەلىقەدي بولۇپ كەتكەن، ئۇرۇق، جۇدەڭ، جۈل - جۈل كىيىملىك بىر قىز ئەسكى يوتقانغا پۈركىنىپ ياتقان ئانىسىنىڭ بېشىنى بېسىۋاتىدۇ. ئۆينىڭ كىچىككىنە، قەغەزلىرى يىرتىلىپ كەتكەن، تۆتلا بالدىقى بار پەنجىرىسىدىن شىۋىرغان ئۇرۇپ تۇرىدۇ. قىزنىڭ نازۇك ئالقانلىرى ئانىسىنىڭ ئاغرىغان بېشىغا شىپا بولالىسۇنمۇ؟ لېكىن ئانا يالغۇز قىزىنىڭ ئالقانلىرىدىن جېنىغا ئارام سېزىدۇ، ئانا ئاخىرقى نەپەسىدە قىزىنىڭ ئالقانلىرىنى ئۆز پېشانىسىدا سېزىشنى راھەت بىلىدۇ... «مەندىن يالغۇز قالغان قارا كۆزۈم، كۈنۈڭ نېمە بولار» دەپ ئاخىرقى بىر تامچە يېشىنى تېمىتقاندا ئىشىك جالاقلىدە ئېچىلدى، بۇزنىنى ياغلىق بىلەن ئەتكەن، پاخما باش سوقا يۈز چوكان بېشىنى تىقتى - دە، خىقىراپ تىللاشقا باشلىدى:

— ئەزەن ئىبىتقىلى نەكەم! پىتلىرىڭدىن مەرىڭنى ئۆزەلمەيۋاتامسەن هوي پاسكىنا! تۇر ئوچاقنىڭ كۈلى، ئۆيلەرنىڭ يۇندىسى، سېغىقسىز سىيىرلار...

ئانا يىكتەك ئىنچىكە بىلەكلىرىگە تايىنىپ قوزغالدى. ئۆمۈر بويى قىلىپ كەلگەن بۇ ئىشلار، ئاڭلاپ كۆرگەن ئاھانەت، تارتىپ كەلگەن خورلىقى دەستىدىن مىدىرلاشقا هالى قالمىغان ئانا بۇ خوتۇنىنىڭ دېگىنىنى ئۈنسىز ئورۇنلاشقا ئادەتلەنگەن: ئانا قوزغالدى - دە، قاتتىق يۆتەلدى. قىز ئانىسىنى يۆلىدى. باينىڭ خوتۇنى قىزنىڭ قويۇق ئىككى ئۆرۈم سارغۇچ چاچلىرىدىن تۇتاملاپ تۇتتى - دە، ئىشىككە سۆرەپ:

— ماڭ، ئاناڭنىڭ يۆتىلى ئەۋزەلمىدى؟ ئاناڭدەك مىڭ گادايىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئوچۇغۇمنىڭ كۈلى ئەلا! يۈر، كۈل ئال! — دەپ ۋارقىرىدى. ۋە قىزنى ئىپچىقىپ كەتتى...

. . . قىز ئىشتىن چارچىغان، دەرمانسىز ئاياغلىرىنى ئاننىسى ياتقان زەي ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا ئالدىراپ تاشلىدى:

— ئاپا!

ئانا ئالىقاچان جان ئۈزگەنىدى. دەھشەتلىك زۇلمەت كىچىككىنە ئارامنى — يەنى جان ئۈزۈش ئالدىدا يالغۇز بىچارە قىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈۋېلىشنىمۇ ئاندىن يۇلۇۋالغانىدى.

شۇ جۇدۇن كۈنى نالە قىلىپ يىغلىغان قىز مۇشۇ پاتىمە ئىدى. ئەنە شۇ كۈنى ئۇنىڭ يېنىدا ئانام دەپ بىللە ھازا ئاچقان بالا مۇشۇ سونۇر ئىدى. . . ئاننىسى غېرىپ يۇپىقىنىڭ ئىچىدە — تاۋۇتتا ياتىدۇ. ئاننىسىدىن يالداما بولۇپ قالغان نەچچە يېرى ياماق ئۆتۈكنى كىيىۋالغان كىچىككىنە قىز ئاننىسىدىن قالغان جۇل - جۇل پاختىلىق چاپانغا ئورۇنۇپ تاۋۇتقا يۆلىنىپ، بارلىق قايغۇسىنى ھازىغا ئايلاندۇرۇپ يىغلىماقتا:

— يېتىم قالدىم ئانام، نەلەردە تەمتىرەي، كىملەرگە ساغىراي ئانام. . . بەختى قارا قىلىپ تۇغقۇچە، يېتىم قوزا قىلىپ قويغۇچە، تۇغماي قويساڭ بولماسمىدى ئانام . . . يالغۇز تاشلاپ كەتكۈچە بىللە ئېلىپ كەتسەڭچۇ ئانام، جان ئانام. . . ئىگىسىز ئانام. . . كوچىدا قالدىغۇ بالاڭ! . . .

قىزنىڭ نالىسىغا چىدىمىغان نامراتلار ياش تۆكمەكتە، قىز تىزىغىچە قار كېچىپ، ئاننىسىنىڭ يەرلىكىگە ئۆزىنى ئېتىپ پەرياد ئۇرماقتا. يەتتە كەتمەن توپا تاشلانغاندىن كېيىن بولسا، يېتىم قىز ھوشىدىن كەتتى. . .

شۇ چاغدا بىرىنچى بولۇپ قىزنىڭ بېشىنى يۆلىگەن مۇشۇ سونۇر ئىدى. . .

. . . تاڭ سەھەر، ئەسكى كەشىنى شاقىلدىتىپ كىچىككىنە قىزچاق قازان بېشىدا قازان يۇيۇۋاتىدۇ. . .

— ھاي پاتىمە، يۇندا تۆك!

— ھاي پاتىمە، موزاينى تۇت!

— هاي پاتىمە، ئۆلدۈڭمۇ، بالا تېلىقىپ كەتتىغۇ!
— هاي يېتىم ئوغلاق، پۇتۇمنى تۇت!
بۇ بۇيرۇتمىلار بەزىدە ئىلگىر - كېيىن، بەزىدە بولسا بىرنەچچە خوتۇننىڭ ئاغزىدىن بىرلا ۋاقىتتا بېرىلىدۇ. بىچارە قىز قايسى بىرىنى قىلىپ ئۈلگۈرسۇن؟ ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارنىڭ بىرسى قىلىنسا قالغانلىرى قالىدۇ - دە، مۇنداق چاغلاردا خېنىملار قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ، قىزنىڭ چاچلىرىنى يۇلىدۇ، قولغا چىققان نەرسىلەر — سۇپۇرگە، نوغۇچ، كۆسەي، لاخشىگىر، كالاچلار بىلەن دۇمبالايدۇ، ئۇلار قىزنى قوللىرى تالغىچە ئۇرىدۇ. . . قىزچۇق قورۇ ئىچىدە دەلدەڭشىپ؛ پوسۇرلاپ ئىشلەپ يۈرىدۇ. ئاشۇ قىزنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىپ، كەچقۇرۇنلىرى ياش قويچى بالا يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ. مانا بۇ قويچى مۇشۇ سونۇرئىدى.
. . . ئەرۋاھ ئېشى دەمىسلەر، يەتتە ئۆيدىن يۇلۇن تىلەپ چاچراتقۇ سالدۇرۇش دەمىسلەر، ئىش قىلىپ ئاڭلىغان سەۋەبىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كۆرسىمۇ قاغىشى بېسىلمىغان بالا بۆشۈكتە تېلىقىپ يىغلىماقتا. ئاخشام ئىچكەن يېرىم ھېجىر سۈيۈقئاش شۇ ئاخشامقى ئېغىر ئىشلار بىلەن تۈگىگەن، كېچىچە ئۇيقۇسىز بۆشۈك تەۋرىتىش 12 ياشقا ئەمدىلا كىرگەن قىزچاقنى ھالىدىن كەتكۈزگەن. سىلىق تەۋرىتىلگەن بۆشۈك جىمىدى. بالا ئۇيقۇغا كەتتى. . . خورەك تارتىۋاتقان ئادەم ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تۆت پۇتلۇق بولۇپ مېڭىپ بۆشۈك تۈۋىدە توگۇلۇنۇپ يېتىپ ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن قىزنى مۇجۇپ تۇتتى، قىز چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ ئۆزىنى ئاياغ - ئاستى قىلىشقا تەمشىلىۋاتقان ئېغىر گەۋدىنى ماجاز قوللىرى بىلەن ئىتتەردى، ئۇردى ۋە ئاخىرىدا جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ ئۇنىڭ يۈزىنى مورلىدى. باي بالىسى قىزنىڭ ئاغزىغا قولىنى ئاپىرىپ ئەتتى. قىز بارغەزىپى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىشلىدى، چىرقىرىدى.

باي كىلىنى ئويغىنىپ ۋىجدانسىز ئېرىنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا بىگۇناھ قىزنى دەسسەپ . چەيلەپ ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇردى . مۇرادى ھاسىل بولمىغان ئېرىمۇ ئايالىغا بولۇشۇپ ، قىزنىڭ كۆكسىگە تەپتى ، قىز ھوشىدىن كەتتى . . .

تاڭ سەھەردە ئۆلۈك ھالىتىدىكى 12 ياشلاردىكى قىزنى مالايلار ھوجرىسىغا كۆتۈرۈپ كىرىشتى . ئەنە شۇ چاغدا بىرىنچى بولۇپ بايدىن ئىنتىقام ئېلىشقا مۇشت كۆتەرگەن ۋە قىزنىڭ ساپ يۈزىگە تۇنجى قېتىم ۋاپادارلىق يېشىنى تامچىلاتقان مانا مۇشۇ سونۇر ئىدى . . .

پاتىمە شۇ يىلى 12 يېشىدا كونىنىڭ تەپتىگە قاندى — ئازادلىققا ئېرىشتى . كونا جەمئىيەتتە پاناھسىز قالغان قىزچاق ئەلنىڭ ھىمايىسى ۋە پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن 13 يېشىدا 1 - سىنىپقا ئوقۇشقا كىردى . پاتىمە 23 يېشىدا سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ، ئۆزى ئۆتمۈشتە خورلانغان شۇ يۇرتتا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىنىغا مانا ھازىر ئىككى يىل بولدى . مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى يېزا ئوقۇتقۇچىسى ئۈچۈن ئەقىدە باغلاپ كېلىۋاتقانمۇ يەنە شۇ سونۇر ئىدى .

پاتىمەنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى سونۇرغا تونۇش . ئۇلار باينىڭ زۇلمى بىلەن تاتىرىپ ، كۆيۈك نان تاپسا بىللە غاجىشىپ ، بىللە مۇڭدىشىپ ، ياشلىرى ، قايغۇ - ئەلەملىرى ۋە يۈرەكلىرى بىر بىرىگە قوشۇلۇشقانلار . . .

پاتىمە خىيال بىلەن ئۈن - تىنسىز چاي تەييارلىدى . ئۇ قويۇق ئەتكەن چاينى سونۇرغا سۇندى . سونۇر قىزنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقان قوللىرىدىن چىنىنى ئاۋايلاپ ئالدى .

— پاتىمە ، سىز بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىرىنچى بولۇپ 10 - سىنىپنى تۈگەتتىڭىز ، مۇئەللىم بولدىڭىز . مانا ئەمدى قاراڭ ، مەن تۇنجى تراكتورچى بولىمەن ! — سونۇر ھاياجان بىلەن سۆزلىدى ، — پارتىيە كەلمىگەن بولسا ، ئويلاپ بېقىڭا بىز

پاناھسىز قالغانلار نېمە بولار ئەدۇق؟

— شۇنداق، — دېدى قىز مەنىلىك قىلىپ، — سىز بىلەن بىز ئەۋلاد — ئەۋلادىدىن تارتىپ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن كۈننى تۇنجى قېتىم كۆرگەنلەر! مەن سىزدىن ھىلىمۇ ئۈمىد قىلىمەن: بىز زامانغا لايىق ئادەم بولايلى. پۇل، مال - مۈلۈك بولسىلا زامانغا لايىق بولۇۋالغىلى بولمايدۇ. پۇل، مال - مۈلۈك بولغاندىن سىرت بىلىم، ئاڭ، ئەخلاق - پەزىلەت بولۇشى، يەنە كەلگۈسى ھايات توغرىسىدا گۈزەل ئارزۇ بولۇشى، شۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغان غەيرەت بولۇشى لازىم. قىسقىسى، بىزدە ھازىر جىق نەرسىلەر كەم. شۇلارنى تولدۇرۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى سونۇر كۆلۈمسىرەپ، — مەن سىلەرنى رەنجىتتىم. ئەمدى مەن سىلەرنى ۋە شۇ قاتاردا ئۆزۈمنىمۇ رازى قىلغۇدەك ئىش قىلىمەن.

مانا شۇ سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتى باشلاندى، ئۇلار يەنە كىچىك ۋاقىتلىرىدىكىدەك بىر - بىرىدىن قورۇنماي كۆرگەن - بىلگەن، ئويلىغانلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە باشلىدى.

سونۇر ئۇ كۈنى قىزغا ئۆزىنىڭ ئارزۇلىرىنى، يۈرەك سىرىنى تولۇق ئېيتتى...

سونۇر تراكتورچىلار كۇرسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پاتىمە بىلەن يەنە سۆزلەشتى. ئۇلار كۈزلۈككە توي قىلىشقا ۋەدىلەشتى.

ئەلۋەتتە غەلىبە قىلغان يىگىت خۇشال بولماي نېمە قىلسۇن؟ خۇشاللىقى قىن - قىنىغا پاتمايۋاتقان تراكتورچى قانداقمۇ ناخشا ئېيتماي تۇرالىسۇن؟

مانا سونۇر ھازىر تراكتورغا سۇ چاچماقتا. قولى ئىشتايۇ، ئاغزىدا ناخشا. باياتىن ئەينەكلىرىنى، قىزىل سىرلانغان كەپىنكىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى سۈرتۈپ پارقىراتتى، مانا ھازىر

بولسا تراكتورنىڭ ئالدى ۋە يېنىدىن سۇ چاچماقتا. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز ئىشىغا بولغان زوقمەنلىك، مۇھەببەت قايناپ تاشماقتا. ئۇ ئۆز ھاياجىنىنى پاتمە يازغان تراكتور توغرىسىدىكى قوشاققا سىڭدۈرۈپ بوم ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتماقتا:

تراكتورۇم قاناتىمسەن،
ئۇچقۇر دۇلدۇل ئاتىمسەن!

— سونۇركا، تراكتورنى ئازگالغا توغرىلاڭ، — بوم ئاۋاز ئۇنىڭ ناخشىسىنى بۆلدى. سونۇر يېنىغا كەلگەن، ئىشچى كىيىمى كىيگەن، چىرايىدىن قان تېمىپ تۇرغان ئارزۇگۈلگە قارىدى:

— ھېلىقى غارت - غۇرتنى تۈزەيمىسىزمۇ؟ — دېدى تراكتورنىڭ ئاستىنى شەرەت قىلىپ.

سىز قاچانغىچە قارا تىلدا سۆزلەيسىز؟ — دېدى ئارزۇگۇل كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئاستا - ئاستا ئۇنى دېيىشنىمۇ بىلىۋالىمەن، — دېدى سونۇر كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ تۆمۈر جانۋارنىڭ چۆلۈۋۈرنى ئەمدىلا تۇتتۇم. ئۇنىڭ ئۇچەي - قارنىنى ئەمدى سىزدىن سوراپ ئۆگىنىۋالىمسام. . .

— قېنى ئەمىسە، ئوت ئالدۇرۇڭ سونۇركا، مەن تراكتور توغرىسىدا يېزىلغان كىتاب ئېلىپ كەلدىم. ئوقۇڭ، پىششىق بىلىۋېلىڭ. سازلىقنى ئېچىشقا باشقا يەرلەردىن يەنە نۇرغۇن تراكتورلار ياردەمگە كەلگۈدەك، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ يۈرمەيلى يەنە!

— چانمايدۇ سىڭلىم، چانسىمۇ ھېچگەپ يوق، شۇ تراكتورچىلارمۇ دەسلىپىدە چاندۇرمىغان دەمسىز؟

سونۇر تراكتورنى بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە ماڭغۇزۇپ

ئورەكنىڭ ئىككى قىرغىقىغا توغرىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ماتورنى ئۆچۈرۈپ، يەر بېغىرلاپ تراكتورنىڭ ئاستىغا كىردى.
ئۇلارغا شىياۋدۈڭ بىلەن يارقوز كېلىپ ياردەملەشتى.

ئۇلار ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ يېنىغا كەلگەن پاتىمەگە سەپسالمىدى. پاتىمە ئۇلارغا زوقلىنىپ قاراپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ تېخى تۇنۇگۇنلا زەمبىلنىڭ بىر چېتىنى كۆتۈرۈپ ئوغۇت توشۇپ يۈرگەن دېھقان قىزنىڭ مانا بۈگۈن پۈتۈنسۈرۈك بىر تراكتورنى بۇزۇپ پارچىلاشقا بۇيرۇق بېرىپ، مايغا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقىنىغا ھەۋىسى ۋە مەيلىكى كەلمەكتە ئىدى. سونۇر بولسا ئۇڭدا يېتىپ ئېغىر زاپچاسنى كۈچ بىلەن مىدىرلىتىپ بوشاتماقتا ئىدى. پاتىمە سونۇرغا زوقلاندى. ئۇنىڭ «سىلەرنى رازى قىلىمەن. . .» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى. «بۇ سىلەر» دېگىنى كىم ئۇ؟ ئەلۋەتتە پاتىمەگىمۇ، سونۇرغىمۇ چۈشىنىشلىك: ئۇ خەلق ئىدى. بۇ ئاددىي سۆز قىزغا خەلق ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر يىگىتنىڭ پارتىيە، خەلق ئالدىدىكى ۋەدىسى بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— ھە، نېمىشقا بۇ يېپيېڭى تراكتورنى ئوپېراتسىيە قىلغىلى تۇردۇڭلار؟

— قاۋانلىققا ھۇجۇم قىلىدىغان تۇنجى تراكتور - دە بۇ!
— دېدى ئارزۇگۈل بوم ئاۋازى بىلەن، — ئىش ئۈستىدە ئاۋارىچىلىق بولمىسۇن دەپ تەكشۈرۈپ چىقىۋاتىمىز!

— بوشىدى، چىقتى. . . چىڭ تارت، ھوي شىياۋدۈڭ، تارت دەيمەن، مېنى مىجىپ قويىدىغان بولدى! - سونۇر ئۇڭدا يېتىپ، كۆكرىكىگە چۈشۈپ تۇرغان ئېغىر زاپچاسنى يۇقىرىغا ئىتتىرىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى. پاتىمە قاقاقلاپ كۈلدى. ئارزۇگۈل شوخلۇق قىلىشقاق باشلىدى:
— بىردەم تارتماي تۇرۇڭلار، پاتىمە ھەدەم سونۇركامنىڭ يىغىسىنى بىردەم ئاڭلىۋالسۇن!

— بۇ كۈنلەردە يىغلايدىغان سونۇر نەدىكەن، — دېدى سونۇر خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن، — سۆڭەكلىرىمنى يانچىسىڭىزمۇ يىغا چىقمايدۇ.

تراكتورچىلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، تراكتورنى ئوت ئالدۇردى ۋە سوقىلىرىنى چاتتى. بىر ئازدىن كېيىن قومۇشلۇققا ئاپىرىدىغان قەدىمىي يولدا تراكتورنىڭ تۈنجى ئىزى پەيدا بولدى. بۇ تراكتورنى تراكتورچىلار ئالاھىدە زىننەتلىگەن: كەپىنىكىگە قىزىلبايراق قادىغان، كەپىنىكىنىڭ سىرتى ۋە تراكتورنىڭ تۇمشۇقىغا ئېتىز گۈللىرىدىن چىرايلىق دەستىلەر قىستۇرۇلغان. سونۇرلار بۇ تراكتورنى تويغا ئېلىپ ماڭغان يىگىتتەك ياساندۇرۇپ، ئۆز ئېگىلىرىنىڭ — ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت خەلقىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىپ باراتتى. تراكتورنىڭ ئۈستىدە قىزىل بايراق قارس - قۇرس ئاۋاز چىقىرىپ جەۋلان قىلاتتى، سوقىچىلار رولىدا ئولتۇرۇۋاتقان يارقۇزمۇ بۆكىگە ئېتىز گۈللىرىدىن قىسىۋالغان، سوقىلار ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇۋالغان شىياۋدۇخمۇ كۆكرىكىگە ھەرخىل گۈللەرنى تاقىۋالغانىدى. تراكتورنىڭ رولىدا قىپ - قىزىل ياغلىقى چوغدەك يالقۇنجاپ تۇرغان قىز — ئارزۇگۈل ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بىر بىرىگە پات - پات قارىشىپ قويۇپ سونۇر ۋە پاتىمەلەر ئولتۇرۇشىدۇ. ئارزۇگۈل رىچاگنى تېز - تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ يىراققا — سازلىق تەرەپكە قاراپ بۈگۈن كېچە 150 — 200 مودەك يەر ھەيدەشنى ئويلاپ بارىدۇ. سونۇر بولسا شۇ كېچىلىك سىمبىنىدا مۇنۇ رىچاكلارنى قانچە ۋاقىت كىرىپىك قاقماي تۇتالايدىغانلىقىنى سىناش پەيتى كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ بارىدۇ. پاتىمە بولسا ھاياجانلانغان، ئۇنىڭ ئېڭىدا: دەۋر روھى بىلەن يۇكسىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانە ئوبرازلىرى گەۋدىلىنىپ، بۇ ئوبرازلارنى ئىپادىلىگۈچى مىسرالار پەيدا بولماقتا.

— تراكتور كەلدى!

— يۈگۈرۈڭلار، تراكتور كۆرىمىز!

— ئارزۇگۇلگە قاراڭلار!

— سونۇرنى دىمەمسىلەر!

ئادەملەر گۈرجەكلىرىنى، كەتمەنلىرىنى تاشلاپ تراكتورغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. تراكتور توختاش بىلەن بەزىلەر ئۇنىڭ زەنجىر چاقلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن سىپاپ كۆرۈشتى، بەزىلەر سوقىچىلار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېلىپ، كىچىك باللاردەك خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى، بەزىلەر بولسا سونۇردىن توغرىدىن - توغرىلا:

— قېنى، قايسىسىنى باسسا ماڭىدۇ، قايسىسىنى باسسا توختايدۇ، ئۆگەتسەڭچۇ! — دەپ سوراشتى. سونۇر بۇ زوقمەنلەرگە بىلگەنلىرىنى چۈشۈندۈردى ۋە:

— قارا سىنى، مەن ئۈچ ئايدا ئۆگەنگەننى بىر ئىش پىشىمدىلا ئۆگىنىۋالىمەن دەمسىنا! — دەپ قويدى.

تراكتورنى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان ئادەملەر ئورىۋېلىشتى. قەدىمدىن تارتىپ كالىنىڭ مۈرىشى، ئاتنىڭ كىشنىشى، قوينىڭ مەرەشلىرىنىلا ئاڭلاپ كۆنۈپ قالغان ساز قۇشلىرى ئۆز يېرىگە چېكىسىدىن تۈتۈن چىقىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ زور ئاۋازلىق قىزىل جانىۋارنىڭ كەلگەنلىكىگە قىزىققاندەك، ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن چۇرۇقلىشىپ ئۇچۇشتى. سازدا ئوتلاۋاتقان ماللار بولسا بۇ قىزىل جانىۋاردىن ئۈركۈشۈپ، يىراقلارغا بېرىۋېلىپ قۇلاقلىرىنى شىڭگايتىشىپ قارىشاتتى...

تراكتور ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەكبەر قوماندانلىق شتابىتىن لايغا مىلەنگەن كىيىملىرى بىلەنلا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ كەلگەن پېتى ئارزۇگۇلنىڭ قوللىرىنى قىستى، مۈرىلىرىگە ئۇردى، سونۇرنىڭ يوغان گەۋدىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى. شىياۋدۇڭنى كۆتۈرۈپ پىرقىراتتى. ئادەملەر ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىپ،

تراكتورنى ئورۇۋېلىشىپ سۆزلەشمەكتە:

— ئەمدى كۆرۈڭ، سازلىقنى پۈتۈنلەي دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىمىز!

— ھەي ئارزۇگۈل، ئېيتىڭا، كۈنىگە نەچچە مودىن ئاغدۇرىسىلەر؟

— كۆرمىدىڭمۇ ماۋۇ چىراغلىرىنى، كېچىنى كۈندۈز قىلىۋېتەر!

— پېتىپ قالسا چاتاقتە، 10 ئاتمۇ تارتىپ چىقىرالماس!

— يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتسىمۇ ئۆمۈلەپ چىقار بۇ، قارىماسەن تىماقلىرىنى!

— يۈرۈڭلار، تاماق تەييار، — دېدى ئەكبەر تراكتورچىلارنى ئاشخانىغا تارتىپ، — تاماق يەۋېلىپ ھۈنىرىڭلارنى بىر كۆرسىتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەزالار تراكتورنىڭ يەر ئاغدۇرغىنىنى كۆرۈشكە خۇمار!

ھەممەيلەن تاماققا ئولتۇردى. خۇشال - خورام تاماق يەۋاتقانلارنىڭ دىققىتىنى سونۇر بۆلدى:

— ئادەم خۇشال بولغاندا كىلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەيدىكەن، — دېدى سونۇر ئالدىراپ كەپىنىكىگە چىقىپ، — قېنى ئارزۇگۈل، پورۇزنى قانداق ئالىمىز ئەمىسە؟

ئارزۇگۈل كۈلدى ۋە كەپىنىكىگە سەكرەپ چىقتى:

— شياۋدۇڭ سوقىغا سەن ئولتۇرغىن، مەن پورۇز سىلىپ بېرەي، كېچىلىك ئىسمىنا سونۇركام بىلەن شياۋدۇڭنىڭ، مۇشۇ چىغىرتماقلىقنى ئاچايلىمۇ، ئەكبەركا؟ — دېدى قىز ۋارقىراپ.

— مۇشۇ چىغىرتماقلىق ئاۋۇ ئوت قويغان قومۇشلۇققىچە 1200 مو. دەرھال شال تېرىلىدىغان يەر، باشلاڭ ئارزۇگۈل، - دېدى ئەكبەر قولىنى كۆتۈرۈپ.

تراكتور گۈگىرەپ ماڭدى. سوقىلار ئەسىرلەپ تىغ كۆرمىگەن يەرنى ئاغدۇردى. قاپ - قارا تۇپراق قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا يالتىرايتتى.



ئەزالار قارا چىلان ئاختامىنى دەسسىشىپ قىقاس - چۇقان بىلەن تراكتورنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپ باراتتى. ھەش - پەش دېگۈچە تراكتور مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئارزۇگۈل تراكتورنى توختاتتى. قاۋاتلىقنىڭ باغرىدا ئۈزۈن قارا تاسمىدەك بەلباغ پەيدا بولغانىدى.

ئارزۇگۈل ئەكبەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ تىك تۇردى.

— ئىشنى باشلىدۇق، بىزگە يەنە بىرنەچچە سوقا تۇتقۇچى كېرەك، — دېدى.

ئون نەچچە يىگىت، قىزنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— بىز تەييار، تاللىۋېلىڭ!

ئارزۇگۈل قىزاردى، كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

كېۋىر توغاي قوشماق مۈڭگۈزلۈك تاغىل ئۆكۈزنى دىۋىتىپ تراكتورنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىگەردىن چۈشتى - دە، ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— قىزىم، ساپلا يىگىت - يىگىتلا دەيسەنغۇ، بوۋاي كېرەك بولسا، مانا دادالڭ تەييار! — دېدى.

پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. قىز دادىسىغا يۆلەندى. بالىلىق ئەكىلەش بىلەن دادىسىنىڭ مۈرىلىرىگە ئېسىلدى. كېۋىر قىزىنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى ۋە كۆپچىلىككە ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— توغايدىن بۆركۈت تۇغۇلدى دېگەن شۇ، ھەي يىگىتلەر، قېنى بىگىسىڭلار بولسا قىزىم بىلەن تەڭ ئۇچۇپ كۆرۈڭلارا! — دەپ چاقچاق قىلدى.

— ھاي كېۋىركا، قېرى قوشماقنى نېمىگە ئەكەلدىڭ، تراكتور بىلەن تەڭ ساپان سۆرەلەمدىكىن دەمسەن نېمە؟ — بىرسى كېۋىرگە چاقچاق قىلدى.

— تاغىل قوشماق، تراكتور دېگەن مانا شۇ، كۆرۈۋال، سېنى كۆرسۇن دەپ ئېلىپ كەلدىم. نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى يەرنى سەن جانىۋار بىلەن تىلغاپ كېلىۋېدۇق، ئەمدى سېنىڭ

گەجگىلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقتىن ھۆررەك بولمايدىغان بولدى. سىپىنى ئىبغىر ئىشتىن قۇتقۇزغان مۇنۇ تومۇر جانىۋارغا رەھمەت ئېيت! — دېدى كېۋىر توغاي. ئۇ ئۆكۈزنى تراكتورنىڭ يېنىغا تارتتى. ئۆكۈز پۇشۇلداپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتتى. ئادەملەر تراكتورنى چۆرىدىشىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشكەندى. بىر ـ بىرلىرىگە ئۆزخۇشاللىقلىرىنى ئىزھار قىلىشاتتى. ئەكبەر پاتىمەنىڭ تراكتوردا ئېلىپ كەلگەن كىتابلىرىنى قوماندانلىق شتاب جايلاشقان چېدىرغىچە كۆتۈرۈشۈپ باردى.

— ياشلارنىڭ تراكتورغا ھەۋىسى نىمانچە كۈچلۈك - ھە! — دېدى پاتىمە ئەكبەرگە قاراپ، — تېخنىكىغا دائىر كىتابلارنىمۇ ئېپكېلەيلى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئەكبەر، — ياشلىرىمىزنى پەن ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە تەشكىللىشىمىز، ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ چىقىش يولى — ماشىنىلاشتۇرۇشتا. پاتىمە، پەنگە يۈرۈش قىلىدىغان، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرىدىغان، ئېلېكترلەشتۈرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. ياشلىرىمىز پەنگە يۈرۈش قىلىشى لازىم. بىز بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن ياشلارنى بۇ ئىشقا جەلب قىلىمىز. بىزنىڭ سەنئەت ئەترىتىمىز ناھىيىدىكى كۆرەكتە ئەلا باھالىنىپتۇ. پاتىمە، سىز مۇشۇ ساھەدە نۇرغۇن خىزمەت قىلدىڭىز، بىزنىڭ ئەزالىرىمىز سىزدىن يەنە تېخىمۇ جىق تەلەپلەرنى كۈتمەكتە. كۇلۇبىمىز پۈتكۈچە بىزدە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى، تېخنىكا كۇرسى، ۋاللىبول ئەترىتى ۋە ساۋات چىقىرىش كۇرسى مۇقىملىشىشى لازىم. بىز يېقىندا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن يىغىن ئاچىمىز. پاتىمە ئويلاڭا، بىز كىچىك ۋاقىتتا ئايروپىلان دېگەننى تۈنجى قېتىم كۆرگەندە جەننەتخان موماينىڭ: «ۋايەي، بىزنىڭ ئۈجمىگە قونمىغاي، قويت دە بالام، شېخى ژىرىلىپ ئۈگىزىمىزنى بېسىۋالىدۇ» دەپ قىقاس سالغىنى

نىمىنى بىلدۈردۇ؟ بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىمىز ئارمان قىلىپمۇ بۇ پەن ـ مەدەنىيەتكە كۆز يەتكۈزەلمىگەن. بۈگۈن مانا ئەمگەكچىلەرنى بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش ئىشى بىزگە ۋەزىپە بولۇپ تاپشۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۇ قانچىلىك شەرەپلىك ـ ھە؟ ئىتتىپاق ياچېيكىسى بىر پىلان تۈزۈپ چىقىڭلار، بىز پارتىيە ياچېيكىسىدىن سىلەرگە قولىمىزدىن كېلىدىغان بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىمىز.

ئۇلار ئاشخانىغا ماڭغاندا تراكتور چىراغلىرى بىلەن ئەتراپنى يورۇتۇپ گۈگۈم يەر ھەيدىمەكتە ئىدى.

ئەكبەر پاتىمەگە تراكتور تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— قاراڭ، سونۇر بۈگۈن باشقىلا بىر ئادەم. ھازىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا خەلققە خىزمەت قىلىش ھەۋىسى يالقۇنجاۋاتىدۇ. سونۇرنىڭ ئۆزگىرىشىدە سىزنىڭ تۆھپىڭىز زور، — دېدى.

— سىزنىڭ تۆھپىڭىز، — دېدى پاتىمە، — يادىڭىزدىدۇر، ئۇ بۇندىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇنلا بۇرنىنىڭ ئاستىنى ئارانلا كۆرەلەيتتى. مانا ھازىر بېشىنى كۆتۈرۈپ خېلى يىراقنى قارىيالايدىغان بولۇپ قالدى. سىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىڭىز چوڭ بولدى.

— پارتىيە، ماۋجۇشىنىڭ تەربىيىسى، — دېدى ئەكبەر، — ئاندىن قالسا كۆپچىلىكنىڭ ياردىمى. قاراڭ، مانا ھازىر سونۇر يېڭى زامانىنىڭ قەھرىمانى بولۇشقا قەدەم قويۇۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىمىز ـ دە!

پاتىمە يەرگە قارىدى. ئۇ، تراكتور ئاغدۇرۇۋەتكەن نەم ئاختامىنى دەسسىدى، نەم ئاختاما ئۇنىڭغا ئۆتتەك قىزىق تۇيۇلدى. قىزنىڭ يۈرىكى ئوينىدى، ئۇ گۈگۈمدە ۋاتقان تراكتور تەرەپكە قارىۋىدى، ئەتراپمۇ تومۇزدەك ھوپپىدە تۇيۇلدى. . .

شۇ چاغدا ئەزىزخان پاتىمەنىڭ ئالدىغا خام قايماق بىلەن ئەتكەن بىر ئاپقۇر ئەتكەن چاي ئېپكەلدى:

— راستىنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى ئەزىزىخان بايىقى سۆزلەرگە ياندىشىپ، — مەن بۇرۇن يېزىنى كۆرمىگەن، يېزىلىقلارنى سەھرالىق، قوپال خەق دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ دادام سودىگەرچىلىك بىلەن بېيىغان، ئۇلارنى مەن ئەخلاقلىق، بىلىملىك، مەرتىۋىلىك ھېسابلايتتىم. ئۆزۈمنى بولسا ناھايىتى پاكىزە، چىرايلىق، چېچەن ھېس قىلاتتىم. بۇ يەرگە يېڭى چىققان چېغىمدا كۆزۈمدىن ياش قۇرىمىدى. ئۆزۈمنى ياۋايى ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك سېزىپ يۈردۈم... ئەمدىچۇ؟ ياق، خاتا ئويلاپتىكەنمەن، مانا ئەمدى ھەقىقىي ئەخلاق - پەزىلەت، مېھرىبانلىق، گۈزەللىكنى كۆردۈم. ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى يېزىدىن تاپتىم. ئەمگەكچى بولۇش قانداق ياخشى - ھە! ئەمگەكچى بولۇش ھاياتنىڭ پاكىزە يولىنى تاللىۋېلىش دېگەن سۆزكەن، پاتىمە سىزگە ھەۋەسىم كېلىدۇ!

پاتىمە ئەزىزىخاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ ئىشتىھا بىلەن چاي ئىچتى. گەرچە ئەزىزىخاننىڭ سۆزلىرىدە بەزەن ياسالمىلىق بولسىمۇ، نۇرغۇنلىرى ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىقىۋاتاتتى...

... كېچە. ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن تولغان. ماي ئايلىرىنىڭ ئايدىڭ ئاسمىنى ھەقىقەتەن گۈزەل، ئاستىڭ ياپيېشىل چىمەن، ئۈستۈڭ كۆپكۆك ئاسمان. كۆك ئاسماندا يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ. يېشىل يەر ئۈستىدە بولسا تراكتور چىراغلىرى پالىلدايدۇ. مۇنداق يېشىل، يۇمشاق يەرنى دەسسەپ مېڭىشمۇ، سانسىز يۇلتۇزلار بىلەن تولغان تېنىچ ئاسمانغا قاراشمۇ كۆڭۈللۈك...

پاتىمە بۈگۈن ناھايىتى كەچ ياتتى، ئۇنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولغانىدى. ئۇ باياتىن بېرى گەمىلەرگە، كەپىلەرگە بېرىپ ئەزالارغا گېزىت ئوقۇپ بەردى، ياشلارغا كىتاب تارقاتتى، ھەۋەسكارلار بىلەن ئويۇن تەييارلىدى، باشقىلار ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېساب تاپشۇرۇقلىرىنى

تەكشۈردى. ئەتە ئۆتىدىغان دەرسنى تەييارلىدى. شۇنىڭ بىلەن يېرىم كېچە بولدى. ئەتە يەرگە يورۇق چۈشۈش بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ مەھەللىگە بېرىپ، چۈشتىن ئاۋۋال تۆت سائەت دەرس ئۆتۈشى، چۈشتىن كېيىن يەنە مۇشۇ ئەمگەك ئورۇنلىرىغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىشى، ئەمگەك قىلىشى لازىم. . . پاتىمە ياتتى، لېكىن ئۇيقۇسى كەلمىدى. قىزلار بولسا ئاللىقاچانلا ئۇيقۇغا كەتكەن، پاتىمەنىڭ قولىقىغا تراكتورنىڭ بىر خىل ئاھاڭدا گۈكىرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىزنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغانسېرى بۇ ئاۋاز يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قىز ئاشۇ مۇزىكىنىڭ ئەللىسى بىلەن ئۇخلىغانمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئېڭىدا تراكتور توغرىسىدا جۇشقۇن مىسرالار تۈزۈلمەكتە. . . پاتىمە زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە، ھېلىلا ئۆچۈرۈۋەتكەن چىراغنى ياندۇردى. تەييار بولغان مىسرالارنى خاتىرىسىنىڭ ئاق بېتىگە شىرت - شىرت قىلىپ يېزىشقا باشلىدى:

يۈرەكنى تىترىتىپ يېقىملىق سازدەك،
تات - تاتلاپ كېلىدۇ يىراقتىن ئاۋاز،
بۈركۈتنى قۇشلارنىڭ شاھى دەيدىكەن،
ئېيتقىنا، كىمۇ - تۈن قىلارمۇ پەرۋاز؟

بەرىكەت ياغدۇرۇپ دېھقان يېرىگە،
گۈكىرە تراكتور، تىنما قىشۇ - ياز!
يېزىمىز باغرىدا ھەر بىر قەدىمىڭ
غەلىبىمىز يولىغا ئالتۇن پاياندار. . .

پاتىمە يېزىپ بولۇپ تالاغا چىقتى. تراكتور گۈكىرەيتتى. ئۇ تراكتور تەرەپكە قاراپ ماڭدى، قولىدا ياغلىقىغا تۈگۈۋالغان بىر توغاچ ۋە بىر ئاز گۆش بار ئىدى، بۇ

گۆشنى ئەزىزىخان بەرگەنىدى.

پاتىمە تراكتور ھەيدەۋاتقان قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. كەينىكىدە يالغۇز سونۇر ئولتۇراتتى. ئۇ رىچاكلارنى بىر خىل ھەرىكەت بىلەن تېز - تېز ھەرىكەتلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆزى يورۇتۇلغان يەردە، قوللىرى ھەرىكەتتە ئىدى. ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان قىزنى كۆرمىدى، ئۇ بورۇلۇپمۇ قويمىدى، تراكتور ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سوقىچى پاتىمەنى كۆردى.

— سىزمۇ زوقلىنىۋاتامسىز، مۇئەللىم، — دېدى ھېلىقى سوقىچى. پاتىمە تراكتورغا ياندىشىپ يۈگۈردى. سونۇر شۇ چاغدىلا پاتىمەنى كۆردى ۋە تراكتورنى توختاتتى، ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. قىز تراكتورغا يېقىنلاشتى - دە، قولىنى سونۇرغا سوزۇپ:

— مېنى تارتىڭ، تراكتور ھەيدىگىنىڭىزنى بىر دەم كۆرەي، - دېدى. سونۇر ھودۇقتى، قولىنى سوزۇپ قويۇپ يەنە يىغىۋالدى - دە، مەڭدەپ دېدى:

— سىز . . . پاتىمە . . . كېچىدە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

— ئاۋۋال چىقىۋالاي. — دېدى قىز تراكتورغا يامىشىپ.

سونۇر قىزنىڭ كىچىككىنە، نازۇك ئالقانلىرىنى، يوغان يىرىك قوللىرى بىلەن چىڭ سىقتى ۋە قىزنى يۇقىرىغا تارتتى. قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرى سونۇرنىڭ يۈزىگە تەگدى. سونۇر پۈتۈن ھارغىنلىقنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى جۇغۇلداپ، پىشانىسىدىن تەر چىقتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل لەززەتلىك تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇ رىچاكلىرىنى چىڭ تۇتۇپ پۈتىنى ماي تەپكىسىگە باستى. تراكتور گۈكىرەپ يۈرۈپ كەتتى.

— سىزگە تاماق ئېپكەلدىم، — دېدى پاتىمە ئۇنىڭغا نان بىلەن گۆشنى سۇنۇپ.

— يېمەيمەن، مۇشۇ پورۇز تۈگىمىگۈچە تاماق ئۆتمەيدۇ.

— يەۋېلىڭ!

— ياق، بىر ماڭدام بولسىمۇ ئاۋسۇن، تۈنجى كىچە ئەمەسمۇ!
— ئاخشامدىن بىرى ئالماشمىدىڭىزمۇ؟
— ئالمىشىدىغانلارغا بەرمىدىم.
— بۇ نىمە قىلغىنىڭىز؟
— ئۆز كۈچۈمنى ئەڭ زور مىقداردا خەلققە سەرپ قىلماقچىمەن، شۇڭا ئۆزۈمنى سىناپ بېقىۋاتىمەن!
بۇنىڭدىن تۆت - بەش ئاي بۇرۇنلا: «دۇنيانىڭ لەززىتى پۇل تېپىشتا» دەپ ھېيقىماي سۆزلەپ يۈرگەن بۇ يىگىتنىڭ جاراڭلىق جاۋابىنى ئاڭلاپ پاتىمە ھاياجانلاندى:
— ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىشلارغا ۋاقىت بەرمەمسىز؟ — دەپ سىناش بىلەن سورىدى.
— نېمىشقا بەرمەيدىكەنمەن! — دېدى سونۇر كۈلۈپ، — مەن چوڭ ئەترەتنىڭ ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ھۇجۇمچىسى بولۇپ قالدىم. ئەتە يېزا كوماندىسى بىلەن ئوينايمىز.
ئۇ ۋالىبول ۋە كىتابلار توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەپ كەتتى. پاتىمە زوقلىنىپ ئۇنىڭ مورىسىگە ئاستا بېشىنى قويۇپ خۇمالاشقان كۆزلىرىنى يۇمدى.
سونۇر كۈلۈمسىرىدى، ئۇ بىر قولىنى رىچاكتىن بوشىتىپ قىزنىڭ دولقۇنلۇق چاچلىرىنى سىلىدى...
تراكتور بىر خىل گۈكىرىمەكتە، تاڭ يورۇشقا يېقىنلاشقان، كېچىچە تراكتور ئاغدۇرغان قاپ - قارا تۇپراق تۈنجى قېتىم قۇياش نۇرىنى كۆرۈشكە ئالدىرىماقتا ئىدى...
پاتىمە كەينىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ دولقۇن ياساپ تۇرغان دېڭىزدەك كۆرۈنگەن ئاختامنى مۆلچەرلەپ پىچىرلىدى: «كەم بولسا 120 مو چىقىدۇ، ئون نەچچە سوقا ۋە 20 — 30 ئاتنىڭ ئىشىنى بىر كېچىدىلا بېجىرىپسىز، سىزگە ئاپىرىن!»
— مەن قايتاي، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يىغىلىدىغان ۋاقىت

بولۇپ قالدى.

تراكتور توختىدى. دەل شۇ چاغدا قىزىل ياغلىقلىق ئارزۇگۇل سونۇر بىلەن ئالماشتى. ئارزۇگۇل تراكتورغا چىقىپ سازلىقنىڭ يېڭى نەغمىسىنى يەنە ئۆز پەدىسىگە گۈكىرەيتتى. پاتىمە بىلەن سونۇر بولسا كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئارمانلار ھەققىدە سىردىشىپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ بىللە مېڭىشتى.

ئاجايىپ ئارمانلارنىڭ ئىگىسى بولغان بۇ ئادەملەرنىمۇ، بۇ ئادەملەر مۆجىزە يارىتىۋاتقان ئۇلۇغ تۇپراقنىمۇ نۇرغا چۆمۈلدۈرۈپ قۇياش كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

«قاۋانلىق» دېگەن ئىسىم لى زوڭخوا شوجىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن «يېڭى ئاۋات» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنىدى. ھازىر ئۇ يەردە شالچىلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ پەيدا بولدى. مانا بۈگۈن ئۇ يەر راستلا ئاۋات.

ياپيېشىل شال مايسىلىرىنى پېتىنغلاپ، لايقا سۈنى تىزىغىچە كېچىپ، غاز قانىتى بولۇپ سول ئېلىپ كېتىپ بارغان قىزلارنىڭ قولى ئىشتا ـ يۇ، چاخچاق، ناخشىلىرى ئەۋجىگە چىققانىدى. شاللىقنىڭ قىر بېشىغا «ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن نەق مەيدان يىغىنىنى كۈتۈۋالايلى» دېگەن پىلاكات قادالغان، ئاينۇر ھاياجان بىلەن پاتىمە تۈزگەن قوشاقنى ئىللى خەلق ناخشىسىنىڭ ئاھاڭىغا سېلىپ ئېيتىۋاتاتتى:

قاش سۈيىدەك دولقۇنلايدۇ،
قەلبىمىز ھاياجاندىن.
ئالتۇن يەرگە كەشتە تىكتۇق،
ياقۇت گۆھەر ـ مارجاندىن.

كەشتە يىپى يىپەك ئەمەس،
ئەشكەن تەر بىلەن قاندىن.
ئۇنىڭ گۈلى چوغلۇق ئەمەس،
قىممەتتۇر ئېزىز جاندىن. . .

چىۋ ـ چىۋ قىلىپ ئۆز مۇقامىغا توۋلاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان تورغاي ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق. لېكىن ئاينۇرنىڭ تەمبىرىنىڭ ئەۋجىدەك زىل ئاۋازى تۈنجى قېتىم

ئادەملەرنىڭ شاد كۈيىنى ئاڭلاۋاتقان بۇ يەر ئۈچۈن يېڭى نەغمە ـ يېڭى كۈي ئىدى. قەدىمدىن پەقەت ئۈچار قۇشلارلا بۇ يەردىن نەپ ئېلىپ كەلگەن ئەمەسمىدى! مانا بۈگۈن بولسا بۇ يەردىن خەلق يېزىسىنىڭ ئەزالىرى بەھرىمەن. ئۇزۇنغا سوزۇلغان داڭزىلار، شاخماد ئاختىسىدەك كەيزىلەر، ئالا ـ يېشىل، رەڭگا ـ رەڭ ياغلىقلارنى ئاڭغان ۋە دوپپا، شەپكە، مالىخايلارنى كىيىشكەن ئادەملەر بىلەن تولغان. قىزنىڭ جاراڭلىق ناخشىسىغا تۈشمۇ ـ تۈشتىن: «ھۆششەرە!»، «بار بولۇڭ!» لار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قىز ئېڭىشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقاچقا ئۆزىگە كىملەرنىڭ زوق بىلەن قاراپ تۇرغىنىنى، كىملەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قاراپ قالغىنىنى ۋە يەنە كىملەرنىڭ پەخىرلىك ھېسسىيات بىلەن ئاستا غىڭشىپ ئۆزىگە ئەگىشىپ ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. قىز ھاياجانلانغانىدى.

— قارا ئاينۇر، ئەكبەركام كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى قارا قۇمچاق قىز. ئاينۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ ياپيېشىل قىرغاقتا قارىدى. ئۆستەڭ ياقىلاپ ئەكبەر ئالدىراپ كەلمەكتە ئىدى. قىز ئەكبەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقىنىنى شۇ چاغدىلا بىلدى-دە، قىپقىزىل يىپەك ياغلىقىنىڭ تەپتىدىنمۇ ياكى «بارىكاللا»لارنىڭ تەسىرىدىنمۇ ۋە ياكى... ئۇ ئاناردەك قىزارغانىدى.

— قاراڭ ئاينۇر، كارامەت. ھەم ئىش مەيدانى، ھەم سەھنە! — دېدى ئەكبەر غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ، — پاتىمە بىزنىڭ ئىشىمىزغا قانداق ياخشى باھا بەرگەن ـ ھە! «ئۇنىڭ گۈلى چوغلۇق ئەمەس، قىممەتتۇر ئېزىز جاندىن!..» دېگەن سۆزلەر خەلقنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئاجايىپ ياخشى مەدھىيىلىگەن. چوغلۇق چىرايلىق بولغىنى بىلەن تۇزبىدۇ، قاراڭ، بىز تىككەن كەشتە، ئۆز قولىمىز بىلەن قۇرۇپ چىققان مۇنۇ مەنزىرە جاندىن ئېزىز!

مەنزىرە راستىنمۇ ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. ياپيېشىل قىرلار، بايىقى ئالا ـ يېشىل كىيىنگەن ئادەملەر ۋە يىراقلاردىن سارغۇچ ـ يېشىل، بەزى يەرلىرى كۆپكۆك ۋە سۈت رەڭ بولۇپ كۆرۈنىدىغان ئېتىزلار قوشۇلغاندا تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەللىك ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ۋاھالەنكى ئەكبەر شائىر ئەمەس، ئېزىز ئانا تۇپراقنىڭ بۇ كىچىككىنە بىر بۇرجىكىدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ياش يىگىت پۈتۈن ۋەتەننىڭ كۆلكىمىنى ئاڭلىغاندەك بولدى! لېكىن ئۇ ھاياجانلانغان بولسىمۇ، ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشنىڭ ئورنىغا مۇنۇ بولغۇسى ئۆمۈرلۈك سەپدىشىنى خۇشال قىلغۇسى كەلدى ـ دە!

— ئاينۇر. سىزنى ئوقۇشقا ئەۋەتىدىغان بولدۇق! — دېدى.

— قانداق ئوقۇشقا؟ — ئاينۇر بىلەن تەڭ بىر نەچچە كىشى بىراقلا سورىدى.

— ئاگرونومىيە.

— بۇ نېمە دېگىنى؟

دېھقانچىلىق ئىلمى!

ئاينۇرنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ، كۈلۈپ تۇرىدىغان لەۋلىرى تىترىدى، ئەزالار خۇددى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنگەندەك تۇشمۇ ـ تۇشتىن ئۇلارغا قول ئىشارىسى قىلىشاتتى، يېنىغا چاقىرىشاتتى، تەبەسسۇم بىلەن تەكلىپ قارىشاتتى. ئەكبەر كۆندە دىدارلىشىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەرگە ھەر قېتىم كۆرگىنىدە قەلبىدە بىر يېڭى مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقىنىنى سېزىپ كۈلۈمسىرىدى.

قىز بەختكە تولغان كۆزلىرىنى ئەكبەردىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى.

ئۇلار ئېتىز ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا ئۇزاق ماڭدى. ئۆسكىلەڭ ئوتلار گويا ئۇلارغا سالام بېرىشەتتى، رەڭگا ـ رەڭ ئېتىز گۈللىرى گويا ئەڭ كۆركەم كۈلكىلىرى بىلەن ئىززەت

بىلدۈرەتتى. شوخ سۆزلار گويا شادلىقتىن قىقاس سالاتتى. . .

ئۆزۈندىن بىرى بىر بىرىگە تەلپۈنۈپ كەلگەن ۋە قەلبىدىكى سۆزلەرنى ئېيتىشنى خالىغان يۈرەكلەر بۈنداق ئازادە، كۆركەم يەرلەردە يەنە نېمىشقا قىسىنىدۇ . ھە؟ ئاجايىپ ھاياجانغا چۆمگەن بۇ قىز بۈگۈن ئەكبەردىن ئۆز ھاياتى ئۈچۈن يېڭى بىر مەنا بېرىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاشنى خالايتتى. ئۇ ئەكبەرنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاللا نېمىلەرنى ئىزلەيتتى. قىز ئاخىر بۇ ئالامەتلەرنى بايقىدى - يۇ، لېكىن يىگىت: «توختاڭ، ئۇنى بىلىشكە ئالدىرىماڭ، تېخى ۋاقتى بار» دەپ قەستەن قىزنى تەقەززا قىلىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. . .

قىز ئاخىر پۈتۈن غەيرىتىنى توپلاپ يەردىن چىرايلىق گۈللەرنى ئۈزگەچ گەپ باشلىدى:

— پاتىمە ھەدەم بىلەن سونۇركامنىڭ تويىدىن كېيىن رىزىۋانگۈللەرمۇ توي قىلغۇدەك. . .

— يەنچۇ؟ — ئەكبەر قىزغا قارىدى. ئاينۇر قىزىرىپ كەتتى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئەكبەرنىڭ قولىدىكى ئېتىز گۈللىرىنى ئېلىپ قولىدىكى گۈللەرگە قوشتى.

— يەنچۇ؟ — ئەكبەر ئۇنىڭغا ياندىشىپ مىڭىپ يەنە تەكرارلىدى.

— ئامىنە، مەريەم. . .

— بۇ گۈل دەستىنى قايسى تويغا ساقلايسىز؟

— پاتىمە ھەدەملەرنىڭ تويىغا ساقلاپ قويىمەن.

ئەكبەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە غەيرەت قىلدى - دە، يىغىدىن ئۈزۈۋالغان گۈللەرنى قىزغا سۇنۇپ:

— ئىككىمىزنىڭ نامىدا تەقدىم قىلىڭ، سوۋغا تەقدىم قىلغۇچىلار ئۆز جۈپلىرى بىلەن تەقدىم قىلىشقىدەك دەپ ئاڭلىدىمغۇ! . . .

ئەكبەر قىزغا قارىدى. قىز ئۇنىڭ قوللىرىدىكى ئېتىز

گۈللىرىنى ئالدى. ئەكبەر قىزدىكى تۇنجى نازۇك ئەكمىلەشنى كۆرۈپ زوقلاندى. قىز گويا بۇ گۈللەرگە قوشۇش ئۈچۈن تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ رەڭدار گۈللەرنى ئىزلەۋاتقاندەك يەرگە قارىۋالغانىدى. قوللىرى بولسا تال يوپۇرماقلىرىدەك نازۇك تىترەيتتى...

ئۇلار خېلىغىچە ئۈن-تىنسىز مېڭىشتى... بۇ ئەپسىز ھالەتنى ئۆزگەرتىش ۋە قىزنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەكبەر گەپنى مەنسۇرگە يۆتكىدى:

— ئاكام يېزا باشلىقى بولدى. ناھىيىدىن تەستىقلاپتۇ. مەن چوڭ ئەترەتنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ سايلاندىم. ھەممىمىزلا شۇجى بولۇپ كەتتۇق ئاينۇر. ئادەم خىجىل بولىدىكەن. سىزنىڭ بىر يىللىق ئوقۇشقا بارىدىغىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى.

قىز ئەكبەرگە يالت قىلىپ قارىدى-دە، يەرگە قارىۋالدى. ئەكبەر قىزنىڭ بىر نېمە دېگىسى كەلگەنلىكىنى، لېكىن ئۇيالغىنىنى بىلىپ:

— تويىنى سىز ماڭغىچە قىلىۋېتەرمىزمىكىن! — دېدى ۋە قىزنىڭ قولىنى تۇتتى. قىز لەۋلىرىنى چىشلەپ چەتكە قارىدى، لېكىن قوللىرىنى قاچۇرمىدى...

— ئۇرۇق-پۈشتىمىز ئاۋۇالنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىگەن، ئەۋلاد-ئەۋلادىمىز قېنىپقىنا كۆلمىگەن ئادەملەر ئىدۇق، — دېدى ئەكبەر ئېگىز تاغلارنىڭ كۈمۈش باشلىق چوققىلىرىغا قاراپ مېڭىپ. — مانا بۈگۈن بىزدىن ئاجايىپ ئادەملەر چىقىۋاتىدۇ. مەن ئەمدى «سەن» دەپ سۆزلەيمەن. ئېيتقىنا ئاينۇر، مەن ئۇنتۇمىغۇدەك بىرلا سۆز بىلەن ئېيتقىنا، بىزنى قانداق ئەۋلاد دېسە بولىدۇ؟ — قىز مۇرىلىرى بىلەن يىگىتكە يۆلەندى-دە، يەرگە قاراپ پىچىرلىدى:

كۈرەشچان ئەۋلاد!

ئەكبەر بېشىنى لىڭشىتتى. قىزنىڭ ئاددىي جاۋابى ئۇنى قانائەتلەندۈرگەندى. كۆرەشچان ئەۋلادلار دېگەن سۆز ئاددىي، لېكىن مۇشۇ بىر سۆز ئۇلارنىڭ هازىرغىچە قىلغان ۋە بۇندىن كېيىن پۈتۈن ئۆمۈر بويى قىلىدىغان جاپالىق، شەرەپلىك، ئۇلۇغ مەنىلىك ئىشلىرىنىڭ خوجايىنلىرىغا بېرىلگەن مۇناسىپ سۈپەت ئىدى. ئەكبەر مانا مۇشۇ مەنىنى تولۇق چۈشىنىپ بېشىنى لىڭشىتقانىدى. ئەكبەر ئەتراپقا قارىدى. هېچكىم يوق، ئېگىز قوناقلار ئۇلارغا دالدا ئىدى. ئۇ هاياتىدا قىلىپ باقمىغان ئىشقا بارلىق غەيرىتى بىلەن جۈرئەت قىلدى. قىزنىڭ ئىنچىكە بېلىگە كۈچلۈك بىلەكلىرىنى يۆگىدى، قىز قاپقانغا چۈشكەن جانىۋاردەك تىپىرلىدى. لېكىن قاۋۇل يىگىتنىڭ يەنە بىر قولى ئۇنىڭ تۆۋەن ئېڭىكىدىن ئامبۇردەك تۇتۇۋالغان، بىر ئىسسىق، لېكىن يىرىك لەۋ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە، كۆزلىرىگە تامغىدەك بېسىلماقتا ئىدى...

«دۇڭفاڭخۇڭ 28» ماركىلىق تراكتور ئېتىز يولىدا توپا توزۇتۇپ كېتىپ بارماقتا. تراكتورنىڭ كوزۇپىغا چىقىۋالغان باللار چۇقان سېلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ كەلمەكتە.

— هەيدە سونۇركا، ئۇچۇرۇۋەت!

— ئۆستەڭلەردىنمۇ سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن جومۇ!

— پاھ قويۇن چىقىرىۋەتتىغۇ!

مانا بۇ يېزا باللىرىنىڭ تراكتورغا هەۋەسلىنىپ ئېيتىشقان ماختاشلىرى.

— ئاستا سونۇر، هوي! — دەپ پۈشقاقلىرى تۇرۇلگەن سۇچىلار قويۇق ئوتلار ئارىسىدىن چىقىشىپ ۋارقىرىشاتتى.

كەچقۇرۇن باھالاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەكبەر سونۇرنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ مەھەللىگە قايتتى.

— قېنى بىزنى ئورىمامسەن، — دېدى سونۇر ئەكبەرگە قاراپ.

ئەكبەر ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇتاشتۇرۇلغان مۇخۇركىنى چىشلەيتتى.
سونۇر ئىككى - ئۇچلا شوراپ بىر بۇرام تاماكىنى تۈگەتتى.

— نىمانچە شورايسەن؟ — دېدى ئەكبەر ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ.

— يېرىم كۈنلۈك خۇمارنى بىرلا شوراپ چىقىرىمەن، — دېدى سونۇر كۈلۈپ، ئۇنىڭ بۇرنى ۋە ئېغىزىدىن ئاچچىق ئىس پۇرقىراپ چىقىپ تۇراتتى، — قىلىدىغان ئىش چاچتىن تولا، مانا قىرقىم ۋاقتى بولدى، يۇڭ توشۇيمەن، ئاڭغۇچە خامان چىڭداشقا، تېپىنغا كىرىشىپ كەتسەك، ھەش - پەش دېگۈچە قىزىل چەش تەييار بولىدۇ. بۇ يىل غەللە - پاراقنى مۇشۇنىڭ بىلەن تۈنجى قېتىم ئۆزۈم ئاپىرىمەن، بايراقنى نەق مۇشۇ سەن ئولتۇرغان يەرگە قادايمىز... — سونۇر ئۆز دوستىغا ئەنە شۇنداق ئاددىي تىل بىلەن چوڭ ئىشلارنى ۋە ئىرادىسىنى بايان قىلاتتى.

ئەكبەر ئەتىيازدىن بېرى بىرەر كۈنمۇ دەم ئالماي تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان دېھقان يىگىتنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى، ئۇنىڭ يېقىندا ئىمىر داپچىغا: «قول بوشىغان بىر كۈنى توي قىلىشۋالساق، تەشكىل نېمە دەركىن» دېگەن بىر ئېغىز سۆزىمۇ ئەكبەرنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدە ئىدى.

— ئۆيلىك پۇتتى، — دېدى ئەكبەر، — ھويلىسىغا گۈللەرمۇ تىكىلىپتۇ، ۋاقىت چىقىرىپ كۆچۈۋال.

— قىشلىققا، قول بوشىغاندا بىراقلا كۆچىمەن، — دېدى سونۇر كۈلۈمسىرەپ، — ھازىر باش تاتلاشقا چولا يوق.

مەھەللىدە يېقىندىن بېرى بۇ يىل «تەقسىمات ياخشى بولىدىغان ئوخشايدۇ، تويلارنى چوڭ - چوڭ قىلىشۋالىدىغان بولدۇق - تە» دەپ تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئادەملەر بار ئىدى، ئۇلارغا ئەكبەر نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنمۇ بولدى، لېكىن ئۇ بىرەر «ئۈلگە» كۆرسىتىشنى ئويلاپ ئەخمەتجانغا بۇ پىكىرنى ئېيتتى. ئۇلار نەق مەيدان يىغىنىدىن بۇرۇن سونۇر بىلەن

پاتىمەنىڭ تويىنى قىلىشنى، چوڭ ئەترەت مەجلىسخانىسىنى تەييارلاپ شۇ يەردە يېڭىچە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، كونا ئادەتلەرنىڭ ئالدىنى توساش ئۈچۈن «ئۈلگە» قىلىشنى مەسلىھەتلەشكەن ۋە بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنىمۇ پۈتتۈرۈپ بولغانىدى.

— سونۇر، مۇشۇ يىغىندىن بۇرۇن ئەتە كەچقۇرۇن تويۇڭلارنى قىلدىغان بولدۇق، — دېدى ئەكبەر سونۇرنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ، — سېنىڭ پىكرىڭ قانداق؟

سونۇر ئاۋۋال قىزاردى، كېيىن بىردىنلا ئەكبەر چىشلەپ تۇرغان تاماكىنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ شورىدى - دە:

پاتىمە نېمە دەركىن؟ — دېدى.

— نېمە دەيتتى، ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى.

سونۇر تراكتورنىڭ تېزلىكىنى ئاشۇردى، تراكتور چاڭ - توزان ئىچىدە مەھەللىگە قاراپ ئۇچۇپ باراتتى.

— سېنىڭچە، تويىنى قانداق ئۆتكۈزسەك بولار؟

— ئاددىيلا بولسۇن، - دېدى سونۇر، — ئۇنىمۇ - بۇنىمۇ قوي پاتىمەنىڭ دېگىنىگە مەن رازى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئىشەش قىلغىنىم.

— ياخشى، — دېدى ئەكبەر دوستىدىن رازى بولۇپ، — پاتىمە ھازىر ئاددىي يېزا ئوقۇتقۇچىسىلا ئەمەس، كوممۇنىزىم ئۈچۈن كۈرەشكۈچى جەڭچى — پارتىيە ئەزاسى. ئۇ ھەممىگە ئەنە شۇنداق يۈكسەك جەڭچىنىڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ. تۇرمۇشقىمۇ شۇنداق. بىز سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى پۈتۈن چوڭ ئەترەتكە ئۈلگە بولغۇدەك قىلىپ ئۆتكۈزمەكچىمىز.

يېڭىلا قولدىن چىققان، يەپيېڭى ئۆينىڭ ئالدىدا تراكتور توختىدى. كېۋەر توغاي بۇ ئۆينى ئەكبەرگە ئاتاپ ياسىغانىدى ئۆي كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكەن، پېشايۋان ئاستىدىكى ئېرىق بويىدا رەڭگا - رەڭ ئېچىلغان قاچا گۈللەر تىزىقلىق تۇراتتى. تالگۈل، پېنىنكىس

گۈللىرىمۇ قېنىق يېشىل ياپراقلىرىنى كەچكى تاغ شامىلىدا شىلدىرلىتىپ تۇراتتى. كېۋىر ئۆزى يالغۇز قېلىپ قورۇنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى تەكشۈرمەكتە ئىدى. ئۇ بايىلا كەتكەن قەرىخان بىلەن ئانارخاننىڭ توزغاق ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن سۇۋاپ چىققان يازلىق ئوچاقلىرىنىمۇ، قىرلىرىنى دەزمال سالغاندەك سىپ - سىلىق قىلىپ سۇۋاپ چىققان سۇپىلىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئەمدى هويلىنىڭ نەرىگە ئالما، نەرىگە شاپتۇل ۋە نەرىگە ئۈزۈم بارىگى قويۇشنى پىلانلاپ ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— مانا سونۇر ئۆيۈڭ، — دېدى ئەكبەر تراكتوردىن سەكرەپ چۈشۈپ. سونۇر خىجىل بولۇپ ئېگىكىنى سىلىدى.

كېۋىر توغاي قولىقىغا ئىشەنمەي دەرهال سورىدى:

— نېمە دېدىڭ؟

— مۇشۇ ئۆيىنى سونۇرغا بەردۇق، — دېدى ئەكبەر هېچنەرسە سەزمىگەندەك قىيايەتتە، — قانداق تاغا، راسا ئىگىسىنى تېپىپتىمىزمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى كېۋىر پەس ئاۋاز بىلەن، لېكىن ئۇنىڭ دەرهال ناسۇال قاپىقىغا يۇگۇرگەن قوللىرى ئاستا تىترەيتتى.

ئەكبەر گەپدان تاغىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكىنىگە هەيران بولمىدى: ئەكبەرگە ئاتاپ ياسىغان ئۆينىڭ مانا ئەمدى سونۇرنىڭ بولۇپ قالغانلىقى كېۋىرنىڭ ئەقلىگە سىغمايۋاتاتتى. بۇنى ئەكبەر دەرهال چۈشەندى، ئەكبەرلا ئەمەس، ئېگىكىنى سىلاپ خىجىل بولۇپ تۇرغان سونۇرمۇ بۇنى چۈشەندى. سونۇر ئاستا كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئەكبەر تاغىسىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى:

— سونۇر ئۈچۈن ئىشلەپ قويغىنىڭىزغا رازىلىقىڭ يوقمۇ تاغا؟ — دېدى ئۇ تاغىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىك قاراپ، — سونۇر بىلەن مېنىڭ نېمە پەرقىم بار، بىرسى ئۆز، بىرسى يات

دېگۈچىلىكىمىز بارمۇ؟ كىچىكىمىزدىن بىر ناننى تەڭ تالىشىپ يەپ چوڭ بولدۇق، ھازىر ھەممىمىز خەلق يېزىسىنىڭ ئەزاسى، چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

كېۋىر ئەكبەرگە يالت قىلىپ قارىدى. تىترەپ تۇرغان ئاۋاز بىلەن ئۆز خاھىشىنى ئوچۇق قىلىپ ئېيتتى:

— ئوتمۇشتە تارتقۇلۇقنى تارتتۇق، ئالقانچىلىك ماكانىمىز بولارمىدى - ھە، دەپ ئارمان قىلدۇق. سوتسىيالىزم بىزگە قىلغان ئارمىنىمىزدىن ئارتۇقراق ياخشىلىق بەردى، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆيى بار، يالغۇز سېنىڭلا يوق. ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق دېگەن سۆزغۇ ئاقمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشۇڭ لازىم ئەكبەر. بىز روزاخۇنكام بىلەن باياتىن سۆزلەشتۇق. بېشىڭنى ئوڭشاپ قويۇشنىڭ كويىغا چۈشتۇق، لايىقىمىزمۇ ئۆز ئىچىمىزدىن بولۇپ قالدى. ئەمدى بويۇن تولغىما، تاغاڭنى خاپا قىلماي دېسەڭ سۆزۈمنى ئىنىك ئال — مۇشۇ ئۆي سېنىڭ بولسۇن!

— ياق، تاغا بۇ دورەم يەنە گېپىڭنى يېرىشقا توغرا كېلىپ قالدى.

— مەن خاپا بولمەن.

— خاپا بولىدىغان ئىشقا دۈچكەلمىدىڭ تاغا، خۇشال بولىدىغان ئىش!

— بۇنىسى قانداق گەپ؟

— بىز سونۇرنىڭ تويىنى قىلىمىز، سونۇر بىلەن پاتىمە، بىلسەڭ ئۆز قېرىنداشلىڭ، ئويلىغىنا، ۋۇجۇدىنى كۆپچىلىككە بېغىشلىغانلارنىڭ غېمىنى يېگىنىڭ خۇشاللىق ئەمەسمۇ؟

كېۋىر ئويلىدى: كېۋىر قىلغان ئارمانىنى سونۇر قىلمىغانمىدى؟ كېۋىرگە خۇشاللىق بىلىنگەن ئىشقا سونۇرنىڭ تەرى سىڭمىگەنمۇ؟ كېچە - يۇ كۈندۈز تراكتور ھەيدەيدۇ، بۇ كىم ئۈچۈن؟ ئەلۋەتتە كېۋىردەكلەر ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

كېۋىر زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە تىرنىقى بىلەن يەرنى

سىجاشقا باشلىدى. بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ئەكبەر ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— ئۇنداقتا سېنىڭ بېشىڭنى قاچان ئوڭشايمىز؟

— بۇ يىل ئومىدىن كېيىن، — دېدى ئەكبەر دەرھال جاۋاب بېرىپ.

— خەير، بۇ دورەم يەنە سېنىڭ دېگىنىڭ بولسۇن، مەن تېخى دەرۋازا ئالدىغا بىر جۈپ قارىغاي تىكمەكچى ئىدىم. مەنغۇ رازى، لېكىن ئاۋۇ ئاياللار ئاڭلىسا، مۇنۇ قاچا گۈللىرىنى ئېلىپ كېتەرمىكىن، — دېدى كېۋىر كۈلۈمسىرەپ.

ئەكبەر تاغىسىنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى.

— بىر جۈپ قارىغاينىمۇ تىكىمىز. كىچىك ئانام بىلەن ئانارخان ھەدىنىڭ يەنە كېلىپ بۇ ئۆينى جابدۇپ چىقىشىغىمۇ سەن ئىگە بولغىن.

— سونۇرنىڭ تويىدا ئاتا بولۇپ تۇردىكەنمەن - دە، ھا - ھا - ھا...

— شۇنداق، — دېدى ئەكبەر كۈلۈمسىرەپ، — بىز يېتىملار پادا بېقىپ يۈرگەندە بېشىمىزغا كۈن چۈشسىلا، مەنسۇركام بىلەن سېنى تاپاتتۇق. بىزنىڭ قاياشىمىز ئىدىڭلار. سونۇر بۈگۈن بىر خۇشاللىق ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ، ئاتىدارچىلىقىڭنى ئايىمايسەن - دە؟...

— ئايامدىغان، ئايلانسۇن، تاغاڭ ئايلانسۇن! سېنىڭ ئىشىڭ كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ - دە!

بۇ چاغدا ئەكبەر ھويلىدىن چىقىپ ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. كېۋىر ئۇنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇردى.

ئەكبەر يېڭى پەيدا بولغان مەھەللىنىڭ بىرىنچى كوچىسىدا كېتىپ باراتتى. ھاكلانغان، كۈنگەيگە قارىغان پېشايۋانلىرىنىڭ ئالدى خىش بىلەن نەقىشلەنگەن، قۇرۇلۇشىمۇ، ئېغىل، يازلىق چايخانىلىرىمۇ بىر بىرىگە ئوخشاش بولغان يېڭى ئۆيلەردىن سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ ئاياللىرى، بالىلىرى چىقىپ

ئەكبەرنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشاتتى، ئەكبەر ھوزۇرخالىق ئېيتىپ ئەڭ چەتتىكى ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ باراتتى. ئۇ روزاخۇن بوۋاينىڭ يېڭى ئۆيى. ئۇ ئۆيدە پاتىمە بىلەن سونۇر بار ئىدى. بىردەمدىن كېيىن سونۇر بىلەن ئەكبەر چىقىپ تراكتوردا يەنە ئولتۇرۇشتى. پاتىمە ئۇلارنى ياش كۆچەتلەر قاتارىدا تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويدى. تراكتور يېڭى كوچا بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

— نەگە؟

دەريا بويىغا!

تراكتور مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى ھېكمەتنىڭ قوروسى ئالدىدىن ئۆتتى. دەرۋازا يېنىدىكى سۇپىدا مۈكچىيىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ھېكمەت تراكتورنى كۆرۈپ قوللىرىنى كۆتەردى. ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۇسكەن، ئۆزى تاتىرىپ كەتكەنىدى. سونۇر ئەكبەرگە قارىدى. ئەكبەر ئۇنىڭ ئۇنسىز سوئالىغا شەرەت بىلەن جاۋاب بەردى. سونۇر تراكتورنى توختاتتى.

— سىزنىڭ يولىڭىزغا قاراپ ئولتۇراتتىم، - دېدى ھېكمەت ئەكبەرنىڭ رېزىنكە ئايىغىنىڭ يېپىنى يېشىپ - چېگىپ، - سىزگە ئازىراق گېپىم بار ئىدى. بەلكى ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىماسىم بولۇپ قالار، بەش مىنۇتلۇق ۋاقتىڭىزنى بەرسىڭىز كەن.

ئەكبەر كونگە قارىدى. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى.

— سەن ساقلاپ تۇرغىن، - دېدى ئەكبەر سونۇرغا قاراپ، — ھايال قىلماي يولغا چىقىمىز! - ھېكمەت ئەكبەرنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئەكبەر سۇپىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە، ھېكمەتكە قاراپ:

— مۇشۇ يەردىلا سۆزلىشەيلى، مەن شەخس پىكىرىمنىلا بىرەلەيمەن، شۇنداق بولسىمۇ ئاڭلاي، — دېدى.

ھېكمەتنىڭ ساقاللىرى تىترىدى، ئاغزى ئۆمچەيدى. موخوركا ئوراۋاتقان قولى تازا ئەپلەشمەيتتى. ئۇ ئاغرىنى

ئۆمەللەپ قويۇپ، يېڭى بىلەن يوغان كۆزلىرىنى سۈرتتى - دە:

مېنى ماگىزىندىن قوغلىغىنىڭلارغا قوشۇلىمەن، روزىمەتنىڭ ھايانكەشلىك قىلىپ تاپقان پۇلىنى سىڭدۈرۈپ بەرگەن دەپ مىنىڭ يەنە تۆلىتىپ ئالغىنىڭلارغىمۇ پىكرىم يوق. سىزنىڭ، مەنسۇرنىڭ ئۈستىدىن ئىبغۇا توقۇغىنىم، بۆلۈم باشلىقى چىن، تۇرسۇنلارغا ئەرزە يازغىنىم، زىيۇرشا، ھەيدەرلەرنى قۇتراتقىنىم، ئەزىزخاننى ئازدۇرۇپ سىزنىڭ ئابرۇيىڭىزنى تۆكمەكچى بولغىنىم... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى راست. لېكىن... ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەن، مەن ئۆز رايىم بىلەن ئەمەس، تۇرسۇننىڭ رايى بىلەن ئىش قىلدىم.. غالچىلىق بىلەن تاپقان تاج مامكاپ تۇزغىنىدەك توزۇپ كېتىدىكەن ئۇكام... تۇرسۇنغا كۆتەمچىلىك قىلسام يىلتىزىم چوڭقۇرلامدىكىن دەپتىكەنمەن...

ئۇ بۇرنىنى، كۆزلىرىنى ئېرتتى، ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى، ئەكبەر ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇنىڭ گەۋدىسى سىلكىنگەندە ئاقارغان گەدەن تۈكلىرى كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىغا يولۇققان قامغاق تىكىنىدەك تىترەيتتى. ئەكبەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. قىشتىن بېرى ئەسكىلىك قىلىپ، باھار ئايلىرىدا بىر نەچچە قېتىملاپ يۇرت ئالدىدا يەرگە قارىغان ۋە ھازىرقىدەك كۆزىگە ياش ئالغان بۇ ئادەمگە ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل ھېسداشلىق پەيدا بولدى.

— ھىكمەتكا، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، خاتالىقىڭىزنى تونۇغانلىقىڭىز ئۈچۈن بىز خۇشال، سىزمۇ خۇشال بولۇڭ، ماڭا قىلغان زىيانكەشلىكىڭىزنى كۆڭۈلدىن چىقىرىۋەتتىم، لېكىن پارتىيە، خەلققە كەلتۈرگەن زىيانلىرىڭىز ئۈچۈن خەلق سىزنى جازالاشقا ھوقۇقلۇق!

— مەن بۇنى چۈشىنىمەن، — دېدى ھىكمەت يەرگە قاراپ، — كۆڭۈل ئەلا، كۆڭۈل نازۇك ئۇكام، كۆڭۈلنى ئالتۇن بىلەن

سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. مەنسۇرنىڭ دىلىنى رەنجىتتىم.
ئالېكسىي نامەردىن كەلگەن خەت ماڭا ئارتىلىۋاتىدۇ، مېنىڭ چەت
ئەل بىلەن ئالاقەم بارلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.
لېكىن ئۇكام بەزىدە ئىتتىقمۇ ئىشىنىشكە توغرا كېلىدۇغۇ، ماڭا
بىر قېتىم بولسىمۇ ئىشىنىڭلارا، مەن نېمىلا بولمىسۇن ئادەم.
ئادەم بولغانىكەنمەن ئاز - تولا ۋىجدانىم بار دېگەن سۆز، مەن
تۈگمەنچى ئالېكسىينى راستلا تونۇمايمەن!
ئەكبەر جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بومبا
ساقاللىق، دائىم مەست يۈرىدىغان، تۈگمەنچى ئالېكسېي كەلدى.
ئۇ مەنسۇرغا ئۆچ، ھەتتا مەنسۇرنىڭ يېقىنلىرىغىمۇ غەزەپ بىلەن
قاراپ، كۆرگەن يەردە چۈشىنىكسىز تىللار بىلەن تىللاپ
تۇرىدىغان. ئالېكسېي بىلەن ھىكمەتنىڭ بىر تونۇشلۇقى
بارمىدۇ؟ ياكى تۇرسۇننىڭ ئالاقىسى بارمىدۇ؟ بۇ مەسىلە
ھازىرچە قاراڭغۇ. . .
— سىز مۇشۇ بىر مەسىلىنى يوققا چىقىرىۋەتسەڭلار
دېمەكچىمۇسىز؟ — دېدى ئەكبەر ھىكمەتنىڭ كۆزىگە قاراپ، —
پىكرىڭىزنىڭ نېگىزى مۇشۇمۇ؟
— شۇنداق، مەن ئەزا بولۇپ ئۆتسەم، مۇشۇ ئىشنى ماڭا
چاتمىساڭلاركەن، راست گەپنى ئېيتسام مېنىڭ چەت ئەلدە
ھېچنىمەم يوق، مېنى مۇشۇ بىر قاپقاندىن قۇتقۇزۇپ
قويساڭلاركەن، بۇنى سىز قىلالايسىز، يىرتىپ تاشلىۋەتسىڭىزلا
تۈگەيدۇ، مەن سىزدىن ئىككى دۇنيا رازى بولۇپ قالاتتىم. . .
ھىكمەت ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئەكبەرگە مولىلدەپ قاراپ
تۇراتتى. ئەكبەر بىردىنلا ئېھتىيات قىلىپ قالدى:
— مەن بۇنى قىلالمايمەن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، -
سىزنىڭ ماتېرىيالىڭىزنى مەن رەتلىمىدىم. پارتىيە ياچېيكىسى
رەتلىدى. كۆپچىلىككە ئوقۇپمۇ بەردى. مەن بۇنى قىلالمايمەن.
— مەن سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ دەپ ئىشىنىمەن، — دېدى

ھىكمەتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەكبەرنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ، — مەن سىزگە يالۋۇراي ئۇكام!

— بايا ئاز - تولا ۋىجدانىم بار دېۋىدىڭىزغۇ، ئەگەر بۇ گېپىڭىز راست بولسا يالۋۇرماڭ! — دېدى ئەكبەر گەپ تۈگىدى، دەپ تراكتورغا قاراپ مېڭىپ.

تراكتور يۈرۈپ كەتتى. ھىكمەت غوتۇلدىدى: «ناھىيىگە بارىمەن، ساڭا ئەخلەت بىلىنگەن بولسام باشقا بىرسىگە ئالتۇن - تىللا بولۇپ كۆرۈنىمەن تېخى، ۋىجدان! ۋىجدان دېگەنمۇ مال، سېتىشقا ۋە مۆرتى كەلگەندە قايتۇرۇۋېلىشقا بولىدىغان خۇسۇسىي مال! سەن ئەكبەرمۇ، ئاۋۇ ھۆكۈرگەن مەنسۇرمۇ مۆرتى كەلسە بۇمالنى ئەرزان - قىممىتىنى سورۇشتۇرمەي ساتىدۇ...»

ئۇ ئەكبەرنى تىللىغىنىچە ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا دەريا تەرەپكە ئۇچقاندەك كېتىپ بارغان تراكتور ئۈستىدە ئەكبەر بىلەن سونۇر پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتى:

- ئۇنى نېمىشقا تۇرمىگە ئالمايدۇ؟ - دېدى سونۇر ھىكمەت قالغان كەينى تەرەپنى شەرەت قىلىپ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— يەنە نېمە قىلسا بولاتتى؟ ئۇ غالجىر ئىتتىنىڭ چىشلىمىگەن ئادىمى قالمىدىغۇ!

— بىزدە ئېغۋاگەر بىلەن تۆھمەتخورنى جازالاش توغرىسىدا قانۇن تۈزۈلمىگەنىكەن، — دېدى ئەكبەر سونۇرنىڭ مۈرىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ، — ئەمما ئۇنداقلارنىڭ بازىرى تېخى بارىكەن، ۋىجدانىنى سېتىپ بىردەمدە پەرىشتە، بىردەمدە ئالۋاستى بولۇۋالىدىغانلارمۇ بەزىدە ئەتىۋارلىق بولۇپ قالىدىكەن!

— پارتىيە بۇنداق ناھەقچىلىككە نېمىشقا يول قويىدۇ؟

— ھازىرچە شۇنداق، لېكىن بۇ يول قويۇشنىڭ چېكى بولىدۇ!

— قاچانغىچە يول قويۇلىدۇ؟

— ھەيدە، تېز ھەيدە، — دېدى ئەكبەر ئولتۇرۇۋاتقان قوياشقا قاراپ ئۇنى ئالدىرىتىپ، — قاچانغىچە يول قويۇلىدىغانلىقىنى كېيىن بىلىمىز!...

ئەتكەن چايدەك قويۇق چېچەك سۈيى سۈزۈلۈپ، باغلاردىن مەست بۇلبۇللار، كاككۇكلار، سوپسوپياڭ، پاختەكلەرنىڭ ئاۋازلىرى كېلىدىغان ياز ئايلىرىمۇ كىردى. ھاۋا ئۇچۇق ۋە ئىسسىق. يېزا يولىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئاستا - ئىرىنچەكلىك بىلەن ئۇچۇپ ياپيېشىل يوپۇرماقلارنىڭ، مايلىق يوپۇرماقلار ئارىسىدا مارىشىپ تۇرغان ئۆرۈك، ئالمىلارنىڭ چىرايلىق يۈزىگە بېرىپ قونىدۇ. باغلاردىن بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن چۈجە خورازلارنىڭ قىسقا ۋە يېقىملىق ئاۋازلىرى كېلىدۇ...

ئۇچىنچى چوڭ ئەترەتكە ياز ئايلىرى گۈزەللىك بىلەن بىللە جىددىيلىك، قاتلاڭچىلىق ئېلىپ كەلدى. ھەممىلا ئادەم ئېتىز سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ يېڭى مەھەللىسى جىمجىت. مەھەللىنى ئاۋات قىلىدىغان توخۇلىرىمۇ كونا - مەھەللىسىگە كېتىشكەن...

سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ كونا مەھەللىسى ئەسكى تاملىقتا ئايلانغان، سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتكە كېلىدىغان بىر ئېرىق سۇمۇ بۇ يىل يىللاردىكىدىن ئازلىغان. ئۆتكەن يىل كۈز ۋە بۇيىل ئەتىيازقى خاتىرجەمسىزلىك دەستىدىن باغلار تېرىقسىز قالغان. چونەك - چاقماق بولسا يېڭى ئۆيلەرنىڭ باغلىرىغا قىلىنغان. ئىلگىرى كۆچۈپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ باغ - ھويلىلىرىنى قوراي بېسىپ كەتكەن. مەھەللىنىڭ بۇ چېتىدە ھەيدەر خەسىس، تۆت كوچا ئېغىزىدا زۇھرىشانىڭ، چەتتە ھىكمەتنىڭ ئۆيىلا قالغان.

ھەيدەر خەسىسنىڭ بوغدىيى ئالتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا

پىشتى. ئۇ كېچىلەپ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ بولۇق بوغدىيىنى ئورۇۋالدى - دە، باغ پېتى ھويلىسىغا تۇشۇۋالدى. ئۇسا قىلىپ كۆزگە ئېگىزىغا تېرىق نېرىۋېلىش ئۈچۈن ئەتىسى چۈشكە يېقىن باغ ئارىلاپ سۇ ياقىلىدى.

«96 تۇتۇندىن ھېلىمۇ ياخشى ئۈچ تۇتۇن قالغىنىمىز، توققۇز تۇتۇن قالغان بولساق بىر بىرىمىزنى ئېچىققا كۆمۈشەتتۇقكەن!» دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ زېۋىرشانىڭ سۆڭگۆچىگە ئۆمۈلەپ.

— قېرىشقاندەك سۆڭگۆچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى تال قوزۇق قېقىلغانىدى.

— ئېرىقتا سۇزۇۋالغۇدەك ئالتۇن ئاقاتتىمۇ ئۆزى، قوزىقى نېمىسى! — دەپ غۇدۇڭشىدى ھەيدەر خەسىس سۇغا چىلىشىپ تۇرغان ئۇزۇن كۆينىكىنىڭ پېشىنى ئىشتان قىرغىقىغا قىستۇرۇۋېتىپ.

ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قورۇق تامغا قارىدى. تام ئېگىز، يىگىرمە ئىككى ياغاچلىق سوقما تامنىڭ ئۈستىگە ئۈچ قۇر قومۇلاچ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازغان، چىغان تۇتۇلغانىدى.

— قارا بۇ زېۋىرشانىڭ پۇختىلىقىنى، سېپىل قىلىۋېتىپتۇ، كۆچۈش خىيالىغىمۇ كىرمىگەن ئوخشايدۇ، بىزمۇ جاھاندارچىلىق قىلدۇق دەپ يۈرۈپتىمىز، بۇ تاملاردىن ئادەم تۈگۈل ئۇچار قاناتلارمۇ. . . ھەي. . . ئۆزى!

ئۇ ئۆزىچە كوتۇلدىدى - دە، كەتمەنىنىڭ جۇلدىسى بىلەن سۆڭگۆچكە قېقىلغان قوزۇقنى ئۇرۇپ بوشاتتى ۋە سوغۇرۇۋالدى. ئۇ يېنىچە يېتىپ سۆڭگۆچتىن كىردى. ئەمدىلا ئېرىقتىن چىقىۋېدى گۇناۋاز ئارىسىدا ھاسىراپ ياتقان ئىت ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

— چاغ، چاغ. . . ھاي! — ھەيدەر خەسىس قېرى سۆگەتكە يۆلىنىۋېلىپ ۋارقىرىدى. بېغىدا ياش قارىياغاچلارنى چاتاۋاتقان زېۋىرشا پالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىرىماي كەلدى. ئىتنىڭ ئىككى

ئالدى پۇتى ھەيدەرنىڭ مۈرىسىدە، ھەيدەرنىڭ ئىككى قولى ئىتنىڭ ئىككى قولىقىدا، ئىت بىلەن ھەيدەر ئۆرە دەسسەپ تۇراتتى. زىۋىرشا قاقاقلاپ كۈلۈپ ئىتنىڭ بوينىنى قۇچاقلىدى-دە، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ھەيدەرگە قاراپ:

— كىم سېنى باغقا ئوغرىلىققا چۈشسۇن دەپتۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى سېرىق ئىت باغلاقتا، بولمىسا... ھا-ھا-ھا!...- دېدى.

— ۋارقىرىدىم، مونۇ سېپىللەرنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئۆتكۈزمەيدىكەن ئۆزى، — دېدى ھەيدەر خەسىس قومۇلۇق قىرغاققا ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئۇھ، ۋايىـيـەي! سۇ ياقىلاپ كىرىپ قالمايمەنما، قارىساڭا ئۆزى...

— يول بىلەن ماڭماي نېمە دەپ سۇڭگۈچتىن شۇڭغۇپ يۈرەتتىڭ؟

— ئېرىق كوچا بىلەن ئۆتمىگەندىكىن... ئاتام زاماندىن بېرى شۇ ئۆزى، باغ ئارىلاپ...

— كىرىپ قاپسەن ئېغىز تەگ! — زىۋىرشا بىر نەچچە تال شاپتۇلنى شېخىدىن ئۈزۈپ ھەيدەرگە سۇندى. ھەيدەر شاپتۇلنى ئېتەككە كاپلىۋېتىپ كاراسلىتىپ يېدى:

— ۋاقتى باركەن تېخى، ھە، باغقا ئىشلەۋېتىپسەن-دە؟ زەڭ سېلىپ يۈرۈۋاتىمەن زىۋىرشا، ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى دىگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ، كوچىدىنمۇ خېلى جىق يەرنى چىتلاپ تاماكا تېرىۋاپسەن، مەزىنىنىڭ ئېغىللىرىغىمۇ تاماكا تېرىغان ئوخشايسەنغۇ؟ ئابدۇل گاسنىڭ ئۆجمىسىنى كېسىۋالاي دەپ يۈرسەم ئۇنىمۇ يەرلىكىگە قويغان ئوخشايسەن ئۆزى...

— سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي دەۋاتىسەن-ھە، قېرى؟ ھەركۈنى سەھەر تۇرۇۋېلىپ پۈتۈن ئەسكى تاملىقلار، قورايلىقلار، باغلارنى ئالا قويماي تاسقاپ چىقىسەن. ھەر كۈنى كەم بولغاندا 200 تۇخۇم يىغىۋالىسەنغۇ دەيمەن؟

زىۋىرشا ھەيدەرنىڭ چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان يىرتىق

مالخىينى ئىتتىرىپ قويدى. ھەيدەر دەرھال مالخىينى ئىككى قوللاپ تۇتتى - دە، بېشىنى ئېغىتىپ كۈلدى:

— ھى - ھى - ھى . . . 200 دەمسىنا؟ جىق بولۇپ كەتتى، ئىگىلىرى تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ، بولمىسا ئۈچ - تۆت يۈز دېسەڭمۇ كەملىك قىلاتتى. ئاتا - بوۋىمىز ئالتۇنىنىڭ ئۈستىگىلا ماكان تۇتۇپ ئولتۇرۇشقان ئىكەن - دە، ئۆزى. ۋاي چىگە، قوناق نېمىدېگەن ئايىنغان! زىۋەرشا ئۆكام، كۆچۈپ كەتكەنلەر ئەمدى بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ساناپ باقسام لىم بولغۇدەك تېرەك، قارىياغاچ، سۆگەتتىن 812 تۈپ باركەن. ياغاچ بولىدىغان نوتىلاردىن 9317 تۈپ، ئوتۇنغا يارايدىغان ياغاچ بەش - ئالتى مىڭ تۈپ. . . پۈتۈن بىر جاڭگالنىڭ ئورمىنى ئىككىمىزگە قالدى ئۆزى، ئەمما سەن ئىنساپ قىل - ھە!

زىۋەرشا ئۇنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن يەنە ئېغىزىنى تاتلىدى:

— بالىلارنىڭ دېيىشىچە سېنىڭ توخۇلىرىڭ ياۋىلاپ كەتكەن ئوخشايدىغۇ؟

— ھېسابلىسام كۈزگە بوغدايغا سالىدىغان زىيىنى توخۇمنىڭ پايدىسىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن، ئۇرۇپ - قوغلاپ تەزدۇرۇۋەتتىم. ئۇلار ئەسكى تاملارنىڭ ئارىلىرىدا ئۆزى تۇغۇپ، ئۆزى چۈجە چىقىرىپ يۈرىدۇ، ھازىر قارا ئۆزى، چۈجە ئەگەشتۇرۇپ يۈرگەن توخۇلارلا يىگىرمىدىن ئاشىدۇ ئۆزى، مېنىڭ بارى - يوقى ئون ئىككى مېكىيىنىم بار. كۈزلۈككە كۆرسەن ئۈچ - تۆت يۈز توخۇ مېنىڭ بېغىمغا كېلىدۇ، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن تېرىق تېرىماقچى بولىۋاتىمەن ئۆزى. . .

زىۋەرشانىڭ بۇ بايلىققا راستىنلا تارلىقى كەلدى، ئۇ ھەيدەرگە يالت قىلىپ قارىدى - دە، ئاغزىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان مايلىق گۆشتىن تويۇقسىز مەھرۇم قالغان ئادەمدەك خاپىلىقى بىلەن:

— تېخى ماڭا ئىنساپ قىل دەيسىنا؟ ياۋىلىغان توخۇلارنىڭ ھەممىسىلا سېنىڭمىدى؟ - دېدى.

ئۇلار قىزىرىشىپ قالغان بولار ئىدى، باغقا ۋارقىرىغىنىچە ئىمىر داپچى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىڭغىر ياقىلىق كۆك كۆينىكىنىڭ دولىسىدىن شور چىقىپ كەتكەن، پۇشقىغىنى تىزىدىن يوقىرى تۇرۇۋالغانىدى:

— ئاكا، توغرا كېسەر ھەرەڭنى بېرىپ تۇرغىنا! — دېدى ئۇ سالامىمۇ قىلماستىن.

— ئۆتمەيدۇ! — دېدى زىۋەرشا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن، — تۈنۈگۈنلا ئىكەدەۋاتاتتىڭغۇ؟

— ئۆتمەيدۇ دېدىمغۇ؟

— ئۆتمىسىمۇ بەرگىن! — زىۋەرشا ئىنىسىغا ئالىيىپ قويدى.

— بىر نەرسە كېسەمسەن ئىمىر ئۇكام ئۆزى؟

ھەيدەر ئەندىشە بىلەن سورىدى.

— سەن ھەيدەركا، ياغاچ كېسىدىغانلارنىڭ تىزىمىدا بار جۇمۇ؟

— قايسى ياغاچنى كېسىمىز ئۇكامۇي؟

— كىچىك ئەترەت تەۋەسىدىكى پۈتۈن ياغاچ كېسىلىدۇ!

ھەيدەر چۆچۈپ كەتتى - دە، ئالدىراپ سورىدى.

— بۇ كونا باغلارنىڭ ئىگىلىرى بارغۇ ئۆزى؟

— بىلمىمىز. شەخسلەرنىڭ ياغاچلىرىغا ئۆزى ئىگە، كېسىۋالسىمۇ، كۆچۈرۈپ كەتسىمۇ مەيلى. كونا مەھەللىگە يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن تراكتور كېلىدۇ، ئەتىدىن باشلاپ ياغاچلار كېسىلىدۇ.

زىۋەرشانىڭمۇ كۆزلىرى چەكچەيدى:

— بىزنىڭ ئانچە - مۇنچە تېرىقچىلىقىمىز بار تېخى، — دېدى ئۇ تاتىرىپ، — ئۈچ كۈنگىچە قانداق يىغىۋالىمىز؟

— سېنى كىم باشقىلارنىڭ باغلىرىنى تېرىۋالسۇن دەپتۇ؟

— بىكار ياتقاندىكىن!...

— پۈتۈن بىر ياز ئىشلىگەن نومۇرۇڭ 200 گە يەتمەيدۇ، — دېدى

ئىمىر ئاكىسىغا تىكىلىپ، — تاماكا، كاۋا، چىگە، قوناق تېرىمىغان ھويلا قالماپتۇ. ئاتىنىڭ ئۆلىمى ئىستقا توي دېگەن شۇكەندە! سەن ھەيدەركا بەش كۈنگىچە يېڭى ئۆيگە كۆچىسەن!

— تۆلىگىدەك نەق پۇل يوق... — دېدى ھەيدەر يەرنى تاتىلاپ، — قېرى ئادەمەن، جاڭزا بولسىمۇ مۇشۇ ئۆيۈمدە...

— يېڭى ئۆيلەر پۈتۈۋاتىدۇ. ياغاچ - تېشىغا كونا جايىڭىنىڭكىنى ھېسابلاپ ئۆتكۈزىسەن، ياساش ھەققى ھېساب بويىچە كۈزلۈك تەقسىماتتىن تۇتۇلىدۇ. سېنى كىم نەق پۇل تۆلىگىن دەپتۇ؟

— دېھقاننىڭ نەق پۇلى شۇ كۈزلۈك تەقسىماتقۇ ئۆزى!...

— راستتە! — زىئۇرشامۇ ئۇنى قوللىدى. ئىمىر تېرىكتى:

— توققۇز پۇڭ يېرىڭ ئۆزۈڭگە قالىدۇ، قالغان كونا مەھەللە باغلار تۈزلىنىدۇ. بۇ يىل بۇ يەرگە كۈزگى بۇغداي ھەيدەيمىز. مول ھوسۇللۇق ئېتىز مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئورنى بولىدۇ. ئەتىرەت بۇنى بەلگىلەپ بولدى. ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوخچىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ زىيان سالساڭلار سىلىق سۆز يوق ئاكىلار!

ئىمىر شۇ گەپنى ئېيتتى - دە، باغ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— مانا ئۈچ - تۆت يۈز توخۇ، مانا ئىنساپ! — دېدى زىئۇرشا ئەلەم بىلەن ھەيدەرگە قاراپ، — ھەيدەركا، ئۇلار قىلىمىز دېگىنىنى قىلىدۇ، بىز قىلالمايمىز!

— بۇ گېپىڭ دۇرۇس ئۆزى، ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ ئۆزى...

ئۇلار ئېرىق بويىدا ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. ھارغان كاككۇك ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىپ سۆگەت شېخىغا قوندى - دە، «كا - كا... كاككۇك!» — دەپ قويدى، تېرەك بېشىدا جاغالمان قارغىلار بىلەن ئۇۋا تالىشىپ جاك - جاك، جىك - جىك قىلىپ ۋارقىرىدى.

— ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى بىلەنمۇ باي بولغىلى بولامدۇ زىئۇرشا؟ — دەپ سورىدى ھەيدەر ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن.

— بولىدۇ، — دېدى زىۋەرشا بىر ئۇھ تارتىپ، — مىسالى بىزنىڭ ئەترەتنى ئالساق بۇ يىل بۇغداي، زىغىر، شال، قوناقلىرى بۇلتۇرقىدىن ياخشى. پەرىزىمدە بىر گۈنگە ئىككى يۈەندىن جىقراق پۇل تەقسىم قىلىنىدۇ. قارىماسىدىن، مەھەللىگە يېپىلىپ كەلگەن زەيىنى ھەيدىۋەتتى، يەرلەر جۆندەلدى، ئۇنى ئاز دەپ قاۋانلىقتىن ئۇچ مىڭ مو يەر قوشۇۋالدى. يېڭى ئېچىلغان يەرلەردە شال ئوخشاپتۇ، مەن كۆرۈپ كەلدىم. بۇ يىل تراكتور سېتىۋالدى. يەنە ئاللىنېمىلەرنى سېتىۋالىدۇ. ھۆكۈمەت ئۇلارنى يۆلەيدۇ. ئۇلار ماشىنىلار بىلەن باي بولىدۇ. بىز توخۇلارنى ياۋېلىتىش، قاقتى - سوقتى قىلىش بىلەن باي بولىمىز دەيمىز، لېكىن بۇ بىر ساقالدىكى ئاش...

— ئۇھ! — دەپ ئورنىدىن قوپتى ھەيدەر.

— ھە، سۇ ياقىلاپ بولدۇڭمۇ؟

— ئېچىق بېشىدا كىشى باردەك قىلىدۇ ئۆزى...

ئۇلارنىڭ كەيپى ئۇچقانىدى. ئۇلار قوزغىلىشىغا باغ ئىشىكى غىچىرلىدى - دە، ھىكمەت كىرىپ كەلدى. ئۇ بېشىدىكى كۇلرەڭ شلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ سالام بەردى.

— بۇ قانداق سالام، — دېدى زىۋەرشا كۈلۈپ، — يېرىمى بىزچە، يېرىمى ئورۇسچە...

— جاڭگال سالىمى، — دېدى ھىكمەت چاقچاق قىلىپ، — پۈتۈنسۈرۈك بىر مەھەللىدە ئۇچ ئۆيلۈكلا قاپتىمىز! ئۆتكەنمە، غەلۋىر، شالاڭ ئەلگىكىدىن ئۆتۈپ قېلىپ ئەلگەكتىن ئۆتەلمىگەنلەر - دە بىز. قانداق دەيسىز ھەيدەركا؟

ھەيدەر ھىكمەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. بۈگۈن بۇ چىتلانغان باغدا ئۇچراشقاندا قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ بىر نەچچە ئايدىن بېرى كۆرمىگەن بۇ ئادەمگە چۆچۈپ قارىدى. ھىكمەتنىڭ ساقىلى پاكىز قىرىلغان، بۇرۇتى كاپكازچە ياسالغان،

ئۆزى ئورۇقلىغان، لېكىن قارىيىپ - قىزىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئاق يىپەك كۆينىكىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈۋېتىپ ئېرىق بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ھەيدەر ئۇنىڭغا قايىل بولغان ۋە زوقلانغان قىياپەتتە ھىجايدى:

— ئەجەب ھارسىز ھە سىز؟ ئالەمنى سۇ باسسا ئۆدەكنىڭ قاپتىلىغا كەلمەپتۇ دېگەن شۇدە ئۆزى. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام ئەزبىرايى قورقۇنچلۇقتا ئۆلۈۋالاتتىم ئۆزى. قانچىلارنى كاللا سوقۇش سالدۇرۇۋەتتىڭىز، مەن - مەن دېگەنلەرنى سىرغىنىغا تايدۇردىڭىز؛ ھېچ بولمىغاندا سىزنى قولغا ئېلىپ قامايدۇ دەپ ئويلىۋىدىم، بۇرنىڭىز تەۋرىمەپتۇ قاراڭ ئۆزى...

— قويۇڭ! — دەپ قولىنى سىلكىدى ھېكمەت مولۇن كۆزلىرىن يالت - يۇلت قىلىپ، — ئۇ يېزا باشلىقى قوناق شېخىچىلىك دال بولغان بولسا كاشكى، بىرلا پۈرۈگدەپ كېلىۋىدى ھەممىنى بىزدەكلەرگە دۆڭگەپ قويۇپ دولىسىنى چىقىرىۋالدى. ھازىرچۇ؟ ئۆتكەلدىن ئۆتىۋېلىپلا يەنە دوپپىسىنى قىرلىغىلى تۇردى. تونۇگۇن كۆردۈم: زىۋەرشا، ھەيدەركاملارغا ئېيت، كۆزلۈككە يەنە كادىر بولۇپ چۈشىمىز. بۇ قىش يۇڭۇزلىنىدىغانلارنىڭ قاتارىدا ئۇلار يوق دەيدۇ تېخى!

زىۋەرشا ھېكمەتكە چاقچاق قىلدى:

— بۇ قېتىمغۇ ئوغلىڭىز بىلەن ماگىزىنىنى تاشلاپ بېرىپ جان ساقلاپ قالدىڭىز، ئەمما كېلەر قېتىم پىچاق سۆڭەككە تاقىلىدۇ جۇمۇڭ!

ھېكمەت مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى - دە، مەغرۇرھالدا:

— بۇيىل قىش مەن بو قورايلىقتا دورلىقىمۇ تېپىلمايمەن! — دېدى.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى زىۋەرشا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — ھە، لازىم بولۇپ قالسىڭىز نەلەردىن ئىزلىسەك بولىدۇ؟

— بۇ چوڭ ئەترەتنىڭ ماگىزىنچىلىقىدىن ھەيدەلگەندىن

كېيىن، — دەپ گەپ باشلىدى ھېكمەت، — بىر ئاي ھېسابات ئالدى. يېنىمدىن بىر مىڭ ئۈچ يۈز يۈەن تۆلىدىم. قىشچە قىلىنغان ئىشلارنىڭ چوڭ جاۋابكارلىقىنى بۆلۈم باشلىقى چىن ئۈستىگە ئالدى. بىزگە نېمە گەپ كېلەتتى؟ روزىمەتنىڭ قاچقۇنلۇقى ئۆزى بىلەن تۈگىدى، مەنسۇر بىلەن ئەكبەرنىڭ ئالدىدا راستىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىۋېدىم كەچۈرۈۋەتتى. بىزدەكلەرگە سوت يوق ھەيدەرىكا! ھەرىكەت بولىدىكەن راست بىلەن يالغان ئايرىلىشىۋالىدۇ. توقسەن بەشى يالغان بولۇپ بەشى راست بولسىلا سىزگە يەنە مۇكاپات كېلىدۇ. بىر باشلىق يەنە بىر باشلىقنى يىقىتىش ئۈچۈن بەل باغلىدى، ئۇ سىزدىن ياردەم سورايدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇدەك كۈچ سىزدە يوق. قانداق قىلىسىز؟ باشلىقنى رازى قىلىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيمىز، باشلىقنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بەزىدە خېلى چوڭ گەپلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىمىز. مانا بۇ تەرىپى چۈشىنىشلىك. بىزدە يالغانچىلىققا قانۇندا جازا يوق. ناھەق كۆيدۈرگۈلۈك قىلىسىڭىزمۇ ئۇ بىر جىنايەت ھېسابلانمايدۇ. مەن مانا مۇشۇنى بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قورقمايمەن. ئەمدى زېۋىرشا سىزگە ئېيتسام مېنىڭ يالغانچىلىقىم كۆپچىلىكنى سەسكەندۈرگىنى بىلەن بەزىلەرگە ناھايىتى يېقىپتۇ. ئاڭلىغانسىز، بۆلۈم باشلىقى چىن ھازىر ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئۆستى. شۇ كىشىگە مەن يېقىپ قاپتىمەن، ئەكبەردىن دىلىم رەنجىپ ناھىيىگە باردىم. شۇ كىشىنىڭ يادىمى بىلەن ناھىيىلىك يېمەك — ئىچمەك شىركىتىگە ئىسكىلاتچى بولۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. ئايلىق ئىش ھەققىم بۇ يەردىكىدىن يۇقىرى. سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن تېخى ناھىيىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن بۇ چوڭ ئەتىرەتكە كېلىپ سىنىپىي كۈرەش ئۈچىقىغا يەنە ئوت قالايمىز. بىزنى خاتالاشتى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ سىنىپىي كۈرەش مۇرەككەپ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك

بولىدۇ. كىم يېڭىش — كىم يېڭىلىش مەسىلىسى تېخى ھەقىقى ھەل بولمىدى!

ئۇ سۆزلىگەنسېرى مەغرورلانماقتا، ئاۋازى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ھەيدەر خەسىس ئورنىدىن تۇردى:

— ئۆيگە كىرەيلى مېھمان ئىكەنسىز ... ھى — ھى ...

شۇ چاغدا ھويلىدا ئات دۈپۈرلىدى. ئەبلغازىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي زىۋىرشا!

زىۋىرشا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ بولتۇرقى ئۆچمەنلىكى قىشنىڭ قارى بىلەن ئېرىپ تۈگىگەندەك، گويا ئۇ ئەبلغازى بىلەن زادىلا نېرى — بېرى دېيىشىپ باقمىغادەك ئوچۇق چىراي سالام بەردى:

— چۈش ئەبلغازى، چاي ئىچىپ كەت، ھېچ بولمىسا بىر پىيالە دوغاپ ...

— ئالدىراش! — دېدى ئەبلغازى توقۇم بىلەنلا مىنىۋالغان ئات ئۈستىدە سىڭايان ئولتۇرۇپ، — سەن بۈگۈنلا قاۋانلىققا ماڭ، تۆت چوڭ زەيكەش ئېرىقنىڭ چۆرىسىگە تىكىلگەن تېرەك، جىگدىلەرنى ئاسراش سېنىڭ ۋەزىپەڭ. كۆچەتلەرگە جىغان تۇتۇپ چىق. ئۈچ كۈنگىچە تۈگەتمىسەڭ بولمايدۇ!..

— نېمىگە شۇنچە ئالدىراشكەن؟

— كۆزلۈككە بىزنىڭ چوڭ ئەترەتتە ناھىيە بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىدۇ. سەن تېخىلا خەۋەرسىزما؟

— خەۋەرسىز كەنمەن.. بولىدۇ، باراي. نومۇرنى دېيىشكەنمىدىڭلار؟

— ئىش تۈرى مۇزاكىرە قىلىنغاندا بار بولغىدىڭ؟

— ئۇنىڭدا كۆچەت چاتسا دېيىلگەن..

— سەككىزدىن نومۇر ئالىسەن. ماڭ، ھازىرلا ماڭ!

— ئەبلغازى، ماڭا تۈگمەننى بەرسەڭلاركەن. بۇ يىل چىقىمىم تولا، گەپنىڭ راستىنى دېسەم سەككىز نومۇرۇڭ

كۆزلۈككە ئىككى يوْغا يېتەر — يەتمەسلا پۇل بولىدىكەن، تۈگمەندە سوتكىسىغا ئۈچ تۇننا ھەيدەشكە ھۆددە قىلالايمەن. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇڭ نەق پۇل كۆرىدۇ — دە! ئىسلام ساختا تۈگمەن تۇتۇپ بىر يىلىدىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدىغۇ، غاز — ئۆدەك ماموْقىدىنلا بىر يىلدا بەش يۈز يوْنلىك سېتىپتۇ! . . .

— سەنلا باي بولامسەن، باشقىلارمۇ باي بولسۇن، — دېدى ئەبلغازى كۈلۈپ قويۇپ، — بۇگۈنلا ماڭ، بىخەستەلىك قىلما — ھە!

ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرۇۋېدى، زىۋەرشا ئاتنىڭ يايلىسىغا چاپلىشىۋېلىپ يەنە يېلىندى:

— ھەي، سېنىڭ بىلەن بىز يەرلىك. ئىسلام ساختىچۇ؟ ئۇ باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئادەم!

— ئىسلام ئاخۇنمۇ ئۇششاق بالىلىق، ئەزالار يىغىندا ئۇنى بېكىتكەن. نەدىن كەلگەن بولسۇن بىزنىڭ ئەزا. قىتغىرلىق قىلما!

ئۇ گەپ تۈگىدى دېگەندەك قىلىپ ئېتىنى دېۋىتتى.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زىۋەرشا غۇدۇڭشىدى:

«ۋۇي ناكەس قازاق، نەدىكى نومۇرى ئاۋۇمايدىغان ئىشلارغا مېنى ئەۋەتىپ ئۆپكەمنى ئىچىمدىن قېقىۋاتىسەنغۇ!»

1963 — يىلىنىڭ كۈز پەسلى ياخشى باشلاندى. بۇغدىيى يىغىۋېلىنغان ئېڭىزلار ئالتۇن سۈيى چېچىلغاندەك يالتىرايدۇ. خامانلاردىن كۆتۈرۈلگەن توپان ئۇچۇپ چىققان قىرغاۋۇلدەك تىك كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، سۈزۈك بوشلۇقتا پارتلايدۇ - دە، كۈنپېتىشقا لەرزان ساقىپ كىچىك — كىچىك «سامان يوللىرى» پەيدا قىلىدۇ، تىنىق، «سەمرىگەن» سۈلار قىرغاقلىرىدىكى كەنجى ئوتلارنىڭ يۇمران ياپراقلىرىنى سۆيۈپ، شارقىراپ ئالدىراپ ئاقىدۇ. . .

مەنسۇر بىلەن لىزۇڭخۇا ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ خامانلىرىنى، كۈزگى بۇغداي ھەيدىلىۋاتقان مەيدانلىرىنى،

جاڭزا، قوغۇنلۇق — باراڭلىرىنى ئارىلاپ بىرنەچچە سائەت پىيادە يول ماڭدى. توشۇلۇۋاتقان بۇغداي، چېپىلىۋاتقان زىغىر، ئېتىز يوللىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يەڭدەك — يەڭدەك باش ئېلىپ يەرگە ئېگىلگەن، تېخى ئۈزۈلمىگەن قوناق، تراكتور ۋە سوقىلار بىلەن تېرىلىۋاتقان كۈزگى بۇغداي . . . ئومۇمەن ئېتىز ئىشى ئۇلارنى خۇشال قىلغانىدى. لى زۇڭخۇا مەنسۇردىن سورىدى:

— سىزچە بۇلار دۆلەت بايرىمىدىن بۇرۇن ئېتىز ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولارمۇ؟

— بولالايدۇ، — دېدى مەنسۇر دەرھال جاۋاب بېرىپ، — 11
- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تەقسىماتنى ئىشلەپ تۈگەتمەكچى.

— سىزچە ئەكبەرنىڭ قەدىمى خېلى سالماقلىق بولۇپ قالدىمۇ؟ — لى زۇڭخۇا كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى. مەنسۇر لى شۇجىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى چۈشەندى . دە:

— ئۇ ئەمدى چۈشەندى، يېزىدا ئىلگىرىلىمەك ئېغىزنىڭ يېلى بىلەن ئەمەس، ساپ تەر بىلەن بولىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەندى، سالماقلىق، پۇختا قەدەم تاشلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ خىزمىتى ئەمدى ئاقسىمايدۇ، ئەكبەر ئىچ ئات بولۇپ شوتا تارتىشقا ئەمدى يارايدۇ، ئاسىم بىلەن ئەخمەتجان قاۋۇل يانداق بولالايدۇ. لېكىن مېنىڭ غېمىم ئەمدى يېزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ قالدى.

لى زۇڭخۇا بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇمۇ مەنسۇرنىڭ ئويلىغىنىنى ئويلىغانىدى.

بۇ يىل ياز يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى لى زۇڭخۇا ناھىيىگە مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ يۆتكەلدى. ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئادىلجان بىرىنچى شۇجىلىققا كۆتۈرۈلگەن، بۇرۇنقى گاۋشۇجى ئوبلاستقا يۆتكەلگەنىدى. بۆلۈم باشلىقى چىنمۇ ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ بېكىتىلگەن، يېزا باشلىقى تۇرسۇن يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى، مەنسۇر مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ

كۆتۈرۈلگەن. تۇرسۇن يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى بولۇپ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن يوشۇرۇن ھالدا مەنسۇر بىلەن پۈت تېپىشمەكتە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش يەنىلا كەسكىن داۋاملاماقتا ئىدى.

لى شۇجى مانا مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ بېشىنى لىڭشىتقانىدى.

— بۆلۈم باشلىقى چىنلىمۇ ئاستىرتتىن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، — دېدى لى زۇڭخۇا كۈلۈپ، — نۇرغۇن سىناقلار تۇرۇپتۇ، يولداش مەنسۇر. تېخى ئېلىشىدىغان ئوخشايمىز.

ئۇلار ئېتىز ئارىلىرىدىكى چىغىر يوللار بىلەن قاۋانلىققا قاراپ مېڭىشتى ۋە بىر ئازدىن كېيىن چېدىرلار تىكىلگەن ياپيېشىل مەيدانغا چىقتى. بۇ ناھىيە بويىچە ئېچىلىدىغان نەق مەيدان يىغىنىغا تەييارلانغان چېدىرلار ئىدى. لى شۇجى بىلەن يېزا باشلىقى مەنسۇر يېزىدىن پىيادە يولغا چىقىپ مانا مۇشۇ يىغىن مەيدانىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

— مانا يىغىن مەيدانى! — دېدى ئەكبەر ئالدىدىكى كەڭرى مەيداننى كۆرسىتىپ، — قاراڭ، تەييارلىقى كاتتىكەن جۇمۇ؟ تازا ياخشى جاينى تاللاپتۇ!

لى شۇجى قارىدى. سول تەرەپ سارغىيىشقا باشلىغان كەيزە-كەيزە شاللىق، ئۇنىڭ نېرىسىدا سارغايغان ئېتىزلار ۋە كۆپكۆك يېپىلىپ ياتقان ئىلى دەرياسى، ئوڭ تەرەپ تېخى ئېچىلمىغان قاۋانلىق، قويۇق قومۇشلۇق ئارىسىدىن ساز قۇشلىرى ۋە ياۋايىلارنىڭ ئاۋازلىرى كېلىپ تۇراتتى.

— ئىككى دۇنيا! — دېدى لى شۇجى غۇلچىنى ئېچىپ، — بىرسى ئىنسانلارنىڭ قولى بىلەن ھاياتلىق تاپقان يېڭى دۇنيا، يەنە بىرسى بولسا بىزنىڭ شەپقىتىمىزنى كۈتۈپ، تەقەززا بولۇپ تۇرغان تەبىئەت ئاسارىتىدىكى كونا دۇنيا. نەق مەيدان يىغىنىدىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە خەلقى بۇ قاراڭغۇلۇققا ھۇجۇم قىلىدۇ، يەنە

ئۈچ يىلدىن كېيىن بۇ يەرلەردە زەي قالمايدۇ! . . .

ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاسىم يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئاشخانا جايلاشقان چوڭ چېدىرنى كۆرسىتىپ:

— قېنى ئاشخانىغىلا، قېنى، قېنى! — دېدى.

قازانلاردا شورپا قايناۋاتاتتى، كانارلاردا قوي، كېيىك، ئۆدەك، غاز، قىرغاۋۇل گۆشلىرى، مەخسۇس كۆللەردە بېلىقلار، بورا كەپىلەر ئاستىدا قوغۇن، تاۋۇز، ئالما، ئۈزۈملەر ھەرخىل كۆكتاتلار، تونۇردىن يېڭىلا سويۇلغان نان، جاۋۇر - جاۋۇرلاردا سۈت — قايماق، سېرىق ياغلار تۇراتتى.

لى شۈجى ئاسىمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ 15 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى، 13 قورا قويى، 500 نەچچە تۇياق ئىر — قارىسى، 16 تۈگمەن، ئۈچ ماي زاۋۇتى، توخۇ — ئۆردەك، سۈت، بېلىق فېرمىلىرى، ئۈچىلىق گۇرۇپپىلىرى، بىر مىڭ ئالتە يۈز مو يەردە مېۋىلىك باغ، ئورمانلىقلىرى بار. نېمىلا قىلساڭلار قامىلىشىدۇ، بۇ قېتىمقى نەق مەيدان يىغىنىنىڭ مەقسىتى ئىككى بىرسى، سىلەرنىڭ قاۋانلىققا يۈرۈش قىلىش تەجرىبەڭلارنى پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيتىش، يەنە بىرسى، سىلەرنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكىڭلارنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىش!

ئۇلار قىزغىن پاراڭ بىلەن ئاشخانىغا كەلدى.

ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە پۈتۈن ناھىيىدىن توپلىنىدىغان ۋەكىللەر قاۋانلىقنى، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ باشقا ئىشلىرىنى ئايلىق ئېكىسكۇرسىيە قىلىشىدۇ. كۆز بىلەن كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ۋەكىللەر مۇشۇ يەرگە توپلىنىدۇ - دە، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ تەبىئەتكە قارشى كورەش قىلىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇپ كىرىمنى كۆپەيتىپ باي بولۇش، مۇشۇ يول بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈستىدە ھاسىل

قىلغان تەجرىبىلىرىنى، ناھىيىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىن ئۆگىنىپ پۈتۈن ناھىيە كۆلىمىدە، تەبىئەتكە قارشى كۈرەشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلايدۇ.

— يەرلىك مەھسۇلاتلارغا تولۇق ئېغىز تەگكۈزۈڭلار، — دېدى لى‌شۇجى ئاشخانا تەرەپنى شەرەت قىلىپ، — ۋەكىللەر سىلەرنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىن بەھرىمەن ئىكەنلىكىڭلارنى كۆرۈپ قايىل بولسۇن.

— خۇمداننىڭ خىشىدىن باشقىسى كەلتۈرۈلدى، — دېدى ئاسىم كۈلۈپ قويۇپ، — قولىمىزدىن كېلىشىچە ئىش قىلدۇق!

— تېخى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت ھەۋەسكارلىرى ئويۇنمۇ قويۇپ بېرىدۇ، — دېدى يېڭىلا قولۋاق بىلەن ئۆتكەن ئەخمەتجان.

— تازا چېلىش قىلىدىغان يۇمشاق سەيناكەن! — دېدى مەنسۇر بىلەكلىرىنى تۈرۈپ.

كۆپچىلىك بىر پەس كۈلكە قىلىشتى.

— ئەكبەر نېمىشقا تېخى يوق؟ — دەپ سورىدى لى‌شۇجى.

مول ھوسۇللۇق مەيدانلارنى كىچىك ئەترەتمۇ — كىچىك ئەترەت بىر كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئەترەت باشلىقلىرىنى باشلاپ سېلىشتۇرۇپ يۈرىدۇ، — دېدى ئاسىم.

— بۇ يىل پەرىزىڭلار قانداق؟

— ئومۇمىي مەھسۇلات بۇلتۇرقىدىن يىگىرمە پىرسەنت ئاشىدۇ. كىرىم قىرىق پىرسەنت ئاشارمىكىن دەۋاتىمىز، — دېدى ئەخمەتجان قولىدىكى گىراپىغا قاراپ.

مەنسۇر ئۇنىڭ قولىدىكى گىراپىنى ئالدى - دە، سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ يوغان ئالقانلىرىنى ئېچىپ سانلىق رەقەملەرنى كۆرسىتىپ:

— مۇنۇ سانلىق رەقەملەرنى يەنە بىر قېتىم سېلىشتۇرايلى. بىر تالمۇ يالغان گەپ كىرىپ قالمىسۇن. يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر 3300 مو دەپسىلەر، بۇنىڭ ئىچىدە كونا

شاللىقلارمۇ بارغۇ دەيمەن؟

— 10 داڭزا شاللىقنى قوشۇپ ئاغدۇرۇۋەتكەنىكەن، مولاشتا قېتىلىپ قاپتۇ.

— چىقىرىۋەت، 10 داڭزا شاللىقنى ئۆلچەپ چىقىپ مۇنۇ ساندىن چىقىرىۋەت.

— بولىدۇ. مەن ھازىرلا باراي.

— يەنە قارا، مۇنۇ كۆچەتلەرنىڭ سانىمۇ كۆپ. بۇلتۇرقى كۆچەتلەرنى بەزى كىچىك ئەترەتلەر يېڭى سانغا قوشۇۋالغان. 487 مىڭ 900 تال بولۇشى ناتايىن. يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تومتاقلا 39 كىلومېتىر دەپسەن. رېمونت قىلىنغان يوللارمۇ يېڭى يوللار سانىغا كىرىۋالغاندەك تۇرىدۇ. ھەم، يەنە قارا، سەككىزىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ ھازىرغىچە ئۆيلەرگە جايلاشتۇرۇلغانلىرى قانچە؟ جەمئىي قانچە ئۆي ئۆرۈلگەن، قانچە جان تالادا قالغان، ئۈچ ئاي ئىچىدە قانچىسى يېڭى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى. ھازىرمۇ چېدىر، گەمىلەردە تۇرۇۋاتقانلار قانچە؟ بۇلارنى ئېنىق ياز.

— ئۆيلەرنىڭ باغلىرى بىلەن ئىگىلىگەن يېرى قانچىلىك، بىز شۇنىلا يازغان.

— قاۋانلىقنىڭ زىيانلىرىنى سانلار بىلەن كۆرسىتەيلى، — دېدى مەنسۇر قوشۇمچە قىلىپ، — 83 تۇتۇنگە يېڭى جاي سالدۇق دېگەن سۆزنى ئېيتماق ئاسان. لېكىن قانچىلىك ئەمگەك كېتىدىغانلىقىنى باشقىلار ھېس قىلالايدىغان بولسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن كەتكەن گۇلك، ياغاچ، كېسەك، بورا، سامانلىرىنى ھەتتا ئېغىل - باغلىرىغىچە كۆرسىتىپ ياز. بىزدە جاراھەت قانچىلىك بولغان، ھازىر قانچىلىك يېڭىلاندى، بۇنى سانلار چۈشەندۈرۈپ بەرسۇن.

لىزوڭخوا بېشىنى ئېغىتىپ قوللىدى ۋە قوشۇمچىلاپ:

— قارىماققا سان، ئۇقۇپلا ئوتۇپ كېتىدىغان ئىش؛

ھېچكىم بۇنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ كەتمەيدۇ. ساناپمۇ ئولتۇرمايدۇ. لېكىن سانلارنىڭ راست — يالغان بولۇشى بىزنىڭ ئۇسۇل ۋە ئىستىلىمىزنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يېزا باشلىقى مەنسۇرنىڭ مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ياش كادىرلار ياخشى ئۆزلەشتۈرۈۋالايلى.

ئۇلار قىزغىن پاراڭ بىلەن چىمەن ئۈستىگە سېلىنغان دەستىخان ئەتراپىغا يىغىنلاشتى. زىرە، لازا بىلەن پىشۋاتقان بەررى كاۋاپنىڭ پۇرىقى بۇرۇنلارغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

كۈنچىقىشتىن ئۇرۇلۇۋاتقان سەلكىن شامال خۇشبۇي دالا گۈللىرىنى، تەملىك ئېتىز ئاشلىقلىرىنى، شىرنىلىق باغ مېۋىلىرىنى سۆيۈپ، سىيپاپ ئۆتۈپ دەريا بويىدىكى بۇ گۈزەل چىمەنلىكنى سەير قىلماقتا. شاماللار مۇنۇ گۈزەللىكنى، قىزغىن سۆھبەتنى، قايناق مۇھەببەتنى ئۆز ئىلكىگە قوبۇل قىلىۋېلىپ يىراقلارغا، ئۇزاقلارغا ئېلىپ كەتسۇن. كىشىلەر بىلىپ قالسۇن بۇ پۇراقلىق شاماللار ئىلى ۋادىسىنىڭ شاماللىرى. كۈنچىقىش تەرەپتىكى قامەتلىك ئەزىم تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئاۋرال شاماللىرى...

1973 — يىل 10 — ئاي غۇلجا — بوستان
1979 — يىل 12 — ئاي ئۈرۈمچى.